# كاۋاپچىنىڭ چىرايلىق خوتۇنى

ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد




ئالدىنقى مەزگىللەردە ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد ئەپەندى ئۆزىنىڭ جاپالىق تىرىشىشى ئارقىلىق داڭلىق تور ئەسىرى «زىنا ئالدىدا ئولتۇرغان قىز» ناملىق زور ھەجىملىك ئەسىرىنى ھۇزۇرىڭىزغا سۇنغان ئىدى، بۇ قېتىم يەنە بىر نادىر ئەسىرى بولغان مەزكۇر ئەسەر «كاۋاپچىنىڭ چىرايلىق خوتۇنى»نى تاماملاپ بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزغا سۇندى. بۇ قېتىمقى قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن مەزكۇر ئەسەرنى ئېلكىتاب قىلىپ ئىشلەپ تورداشلارغا تەمىنلىدۇق.

تورداشلارنىڭ بەھۇزۇر ھۇزۇرلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز ھەمدە ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد ئەپەندىنىڭ مۇشۇنداق نادىر ئەسەرلەرنى بىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگىنىگە كۆپتىن كۆپ تەشەككۈر ئېيتىمىز ھەم يازغۇچىمىزنىڭ تېنىنىڭ سالامەت، تۇرمۇشىنىڭ كۆڭۈللۈك، خىزمىتىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىغا تىلەكداشمىز.

ماتېرىيال مەنبەسى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد ئەپەندىنىڭ بلوگى «ئەرتۇرك ئەسەرلىرى بلوگى»دىن رەتلەندى.

ماتېرىيال رەتلىگۈچى: ئىلقۇت بلوگىدىن پەنگيار

ئېلكىتاب قىلىپ ئىشلىگۈچى: ئىلقۇت بلوگىدىن پەنگيار

ئېلكىتاب تارقاتقۇچى: ئىلقۇت بلوگى

## 1

ئاشخانا ئېچىپ قويغان بىلەن ئۇنىڭ دەردى بەش پاتمان، يەرلىك سودا-سانائەت كادىرلىرى، باجگىرلار، ساقچىلار پات-پات كىرىدۇ، بىكارلىق تاماق يەپ، پىۋا ئىچىپ، رەسمىيەتلەرنى قائىدە بويىچە بېجىرىپ، ئالىدىغىنىنى ئېلىپ، يەيدىغىنىنى يەپ كېتىدۇ. تاماق جوزىسىدا مەينەت-قاچا-قۇچا، سەي، هاراق، كاۋاب زىخلىرى قالىدۇ. ئۇلار هارامنى يېسىمۇ يېسە ياسىننى مۇشۇ شەھەردىن قوغلىۋەتمىسە، بولسا قوغداپ قالسا بولاتتى.

ئىلگىرى ئۇ بېيجىڭدا كاۋابچىلىق قىلغاندا گەرچە كۆپ پۇل تاپالمىسىمۇ چوڭ شەھەردە ياشىيالىغانلىقىدىن مەمنۇن ئىدى، چىرايلىق خوتۇنى بىلەن ئوغلىمۇ ئۇبدان ياشايتتى، ئۇ كۆپ پۇل تېپىپ، ئوغلىنى ياخشى يەسلىگە بېرىپ، ئۆرلەپ ئوقۇتۇشنى ئۈمىد قىلاتتى؛ ئەتىگەندىن كەچكىچە كاۋابقا زىخ ئۆتكۈزۈپ، ئاخشىمى يەنە ھېرىپ قالغىنىغا قارىماي ئۆزىنى رازى قىلىدىغان خوتۇنىغا قىممەت باھالىق ئۈزۈك ئېلىپ بېرىشنى ئويلايتتى.

ئۇنىڭ بىلەن باردى-كەلدى قىلىشىدىغان كاۋابچىلار، بازار ئوينايدىغانلار ئىچىدە توختىماي ئىش چىقىپلار تۇراتتى، بىرلىرى ئاجرىشىپ، باشقا بىرى بىلەن تېپىشاتتى؛ بىرلىرى ساقچىغا تۇتۇلۇپ ئۇن-تىنسىز يوقاپ كېتەتتى. بىرلىرى ئېتىلىپ، بىرلىرى پىچاق يەپ، يەنە بىرلىرى ئۆيىدە كۆمۈرگازىدا زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ كېتەتتى. ۋاقىتلىق ئەر-خوتۇن بولۇشقاننىڭ تويىغا ياكى بالىسىنىڭ سۈننەت تويىغا بېرىپ كەلگەن ياسىن بىرەر ئايدىن كېيىن ئۇلارنىڭ

ۋەيران بولغانلىقىنى، بالىسىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلايتتى. بۇ ئىشلار قولى چاققان يانچۇقچىنىڭ ھەرىكىتىدەك شۇنچىلىك تېز يۈز بېرەتتىكى، بىر ئىشقا ھەيران قېلىپ بولغىچە ئۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىق يەنە بىر ئىش يۈز بېرەتتى.

كۆلگە چىققاننىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆپكىسى يوق دەپ ئويلايتتى ياسىن، يۈرتىدىكى ناھەقچىلىك ۋە نامراتلىقتا چىدىماي، ئائىلە شەرىكىنى دەپ ئىچكىرىگە ماڭىدۇ؛ بارار جايىنى تاپقاندىن كېيىن پۇل تېپىشقا ئالدىرايدۇ، ئالدىرىمىسا جان باقالمايدۇ، بۆرىدەك بۆسكەك بولمىسا ئىتتەك خارلىنىدۇ. ئەتىگەندە بىرسىمۇ تۈزۈك ناشتا قىلماي، چۈشلۈك تاماق، كەچلىك ھاراق ئۈچۈن باغرى تاش شەھەرنىڭ قوينىغا شۇڭغۇيدۇ، نېسىۋىسىنى ھالالدىنمۇ، ھارامدىنمۇ تاپىدۇ. ئازراق پۇل تاپقانلار كەيپ-ساپاغا ئالدىرايدۇ، خوتۇن تېپىشقا، بۇرۇن قاندۇرالمىغان نەپسىنى قاندۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ، پۇلنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈپ ئۆگىنىپ قالغانچە جاپالىق ئىشلەش خوشياقمايدۇ، ھالال ئىش-ھۈنەرنى تاشلاپ ھارام سودىغا كىرىشىپ قالىدۇ. ياسىن ئويلاپ باقتى: ئاخىرىدا تۈزۈپ كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى جاپالىق ئىشلەشكە تاقىتى يوق شاتراق گۆيلار، نەپسىنى يۆگەنلەشنى بىلمەي قالغان ئېشەك گۆيلار ئىكەن! ھەممىسى ھارامغا دۇم چۈشۈپ، پالاكەت بېسىپ تۈگەشتى... ھايۋانمۇ ئۆزىگە خىل كەلمەيدىغان نەرسىنى جىق يەۋالسا قارنى كۆپۈپ ئۆلىدۇ، ئادەممۇ شۇ... ھايۋان ئۆزىنىڭ نەپسىنى مەيلىگە قويۇۋېتىدۇ، ئەمما ئادەمچۇ؟...

ياسىن ئۆز تۇرمۇشىدىن رازى ئىدى، ئەمما خاتىرجەم بولالمايتتى؛ مەھەللىسىدىكى دېھقانلارغا سېلىشتۇرغاندا ئۇ ئەركىن ئىدى، پۇلىمۇ بولدى، ئەمما پەقەت خاتىرجەم ئەمەس ئىدى، خاتىرجەملىكتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئويلىسا يۈرىكى سىقىلاتتى. ئۆزىدىن كۆرە خوتۇنى ۋە بالىسىدىن بەكرەك ئەنسىرەيتتى، بىر قېتىم ئۆزى يېقىن بىلگەن بىر ئاغىنىسى خوتۇنىغا چاقچاق قىلىپ، ئىشتىن چاتاق چىقارغىلى تاس قالدى، ياسىن ۋاقتىدا ئۆلگۈرۈپ كىرىپ قالمىغان بولسا قانلىق ۋەقە چىقىشى مۇمكىن ئىدى؛ بىر قېتىم بالىسى يېرىم كۈن يوقاپ كېتىپ، قوشنا خەنزۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن تېپىۋېلىندى. ئۇنىڭ ئۇستىگە قارا كاۋاپچىلىقنىڭ كاشىلىسى جىق ئىدى، شەھەر باشقۇرۇش خادىملىرى نەچچە قېتىم كاۋابدانلىرىنى ماشىنىغا بېسىپ ئېلىپ كەتتى؛ قانۇنلۇق كاۋاب ساتاي دېسە، رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بەرمەيتتى؛ ساقچىلارمۇ پات-پات تىمىسقىلاپ كىرىپ، نوپۇس تەكشۈرۈپ ئاۋارە قىلاتتى، ۋاقىتلىق تۇرۇش كېنىشكىسى بېجىرمىسەڭ بولمايدۇ دەيتتى، ئەمما بارسا بېجىرىپ بەرمەي ئاۋارە قىلاتتى. ئۇ بۇ شەھەردە قانۇنلۇق ۋە خاتىرجەم ياشاشقا شۇنچىلىك ئىنتىلىسىمۇ، كاشال، دوقاللارغا تولا ئۇسۇپ ئاخىرى رايى يېنىپ كەتتى، بۇ قىسمەتنىڭ ئۆز

پېشانىسىگە پۈتۈلۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. دېمىسىمۇ، ئۆز يۇرتىغا سىغمىغان ئادەم خەقنىڭ شەھىرىگە سىغامتى؟ ئۇنى ئاز كەلدى دەپ يۇرتتىۋازلىقتىن شەكىللىنىپ قالغان كىچىك-كىچىك قارا گۇرۇھلار ئۇنىڭغا تەھدىت پەيدا قىلاتتى، ئۇ ھېچقايسىسىغا قېتىلماي مۇستەقىل ياشايمەن دېيەلمەيتتى، چوقۇم ئۇلار بىلەن ئارىلىشىشى، بىرەرخوجا ئاكىسىنىڭ پېشىنى تۇتۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ بۇنى قەتئىي خالىمىغاچقا ئۇيغۇرلار كۆپ بارمايدىغان بىر رايونغا غىپپىدە كېلىپ، كاۋاپچىلىقنى قىلىۋەردى، ئەمما كۆڭلى يەنىلا دەككە-دۈككىدە ئىدى. ئۇ بېيجىڭغا دەسسىگەندىن باشلاپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى، قانداق ئادەملىكىنى، خوتۇن-بالىسى بار-يوقلۇقىنى باشقىلار بىر-بىرىگە يەتكۈزۈپ بولاتتى؛ شۇندىن تارتىپ ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقى، قانچىلىك بىر ئىشلارنى قىلىپ كەتكەنلىكى ۋە قانچىلىك پۇل تاپقانلىقى ھەممىگە تەخمىنەن مەلۇم بولۇپ تۇراتتى؛ ئۇ ياشىسا ئۇنى ھەممىسى بار، پالانى يەردە كۆرگەن دەيتتى؛ ئۆلسە شۇ ھامان خەۋىرى ھەممىگە يەتكۈزۈلۈپ، نامىزى چۈشۈرۈلەتتى.

ياسىن جۈمە كۈنى دەم ئالاتتى، مەسچىتكە بېرىپ يۇيۇنۇۋالسا، جۈمە نامىزى ئوقۇۋالسا جېنى يايراپ كېتەتتى. بۇ كۈندە ياسىندەك ھالال ياشايدىغانلارمۇ، ھارامنى قىلىۋېرىپ جەھەننەمگە كېتىشكە ئاز قالغانلارمۇ بارلىق جىددىي ئىشلىرىنى قايرىپ قويۇپ، جۈمەگە كېلەتتى، نامازدىن تارىغاندا بىر-بىرىگە دىدار غەنىمەتتەك قارايتتى، ئاي-يىللاپ بىر-بىرى بىلەن كۆرۈشەلمىگەنلەر كۆرۈشۈۋالاتتى. نامازدىن چىقىپ ھەر قايسىسى ئۆز يولىغا ماڭاتتى، قىلىدىغىنى قىلىۋېرەتتى، سەل ئىمان-ئىنساپى بارلىرى قولىنى يىغىۋالسىمۇ، كۆپ قىسمى "تىرىكچىلىك"نى قىلىۋېرەتتى. بۇ يەردە بىر كۈن ئۆتسە شۇ ھېساب ئىدى، ھېچكىم قېرىغىچە بەختلىك ياشاشقا كېپىللىك قىلالمايتتى، ئاق چېكىپ ئۆلگەنلەر يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن ئۆلگەندەكلا ئۆلەتتى، ھېچكىم ھەيران قالمايتتى. بۇزۇق قىزلار يانچۇقچى، ئاقچىلارنىڭ خوتۇنىغا ئايلىناتتى، بۇنىڭغىمۇ ھېچكىم ئەجەبلەنمەيتتى، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئۇلار ئايرىلىپ كەتسە جاھاندا بۇنىڭدەك تەبىئىي ئىش بولمايتتى، ئەگەر ئىناق ئۆي تۇتۇپ كەتسە بۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئىدى.

كۈنلەر ئۆتۈپ، بېيجىڭدا ئولىمپىك يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈش ئالدىدا بارلىق كاۋاپچىلار، ماتاڭچىلار، تېلېفونچىلار، دوللارچىلار، يانچۇقچىلار، پاھىشىلەر، تار كوچىغا كىچىككىنە ئاشخانا ئېچىۋالغان خوجايىنلار قاتتىق تەكشۈرۈلدى، كۆپ قىسمى سالاھىيىتى ئېنىق ئەمەس، قانۇنسىز تىجارەت قىلغان، رەسمىيىتى تولۇق ئەمەس دېگەن سەۋەب بىلەن پايتەختتىن، مەركەزدىن ھەيدەلدى. شۇ قاتاردا ياسىنمۇ كۆدە-كۆرپىسىنى يۆدۈپ،ھ تاپقان-تەرگىنىنى بانكا كارتىغا

ئۆتكۈزۈپ، خېپىينىڭ بېيجىڭغا يېقىن بىر ناھىيىسىگە كەلدى، بۇ ناھىيە بازىرىدا ئاشخانا ئاچقان بۇرادىرى ئۇنىڭغا ئاشخانىسىنى ساتماقچى بولۇپ تېلېفون قىلغانىدى، كېلىپ كۆرۈپ باق دېگەنىدى. ياسىن كېلىپ كۆردى، ئورنى خېلى ئاۋات يەردە ئىدى، ئالدىدا قاتار كەتكەن ساتراچخانىلارنىڭ پىقىرىغۇچلىرى ئايلىنىپ تۇراتتى، ئىشىك ئالدىدا يوتىلىرى ئوچۇق تەتەي قىزلار كۆز قىسىپ قاراپ تۇراتتى. ياسىن باھادا كېلىشۋالغاندىن كېيىن ئاشخانىنى تەۋەككۇل دەپ ئالدى، ئاشپەزلەر بۇرۇنقىدەك ئىشلەۋېرىدىغان بولدى. بۇرادىرى شىنجاڭغا مېڭىپ بولغىچە ئۇ ئاشخانىنىڭ رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ، ئىچىنى ئازراقلا بېزەپ، شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارغا ئازراق نەزىر بېرىپ، ئاشخانىسىنى ئېچىۋالدى، ئەر-خوتۇن سەھەر تۇرۇپ كەچ يېتىپ ئىشلەپ، بىر ئايدىن كېيىن ئاشخانىسىنى ئوبدانلا ماڭدۇرۇۋالدى.

ياسىن ھەر كۈنى كەچتە خوتۇنى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ كۈندىلىك ھېساباتىنى قىلىپ، تاپقان پايدىسىدىن رازى بولۇپ خۇداغا شۈكرى قىلاتتى، ھاردۇقى چىقىپ قالغاندەك بولاتتى. ئۇلار ئوغلىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، بىر-بىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشقاندىن كېيىن ئەتىدىكى ئىشلار ھەققىدە پاراڭلىشىپ ئۇخلاپ قالاتتى. بىر كۈنلۈك جاپادىن كېيىن كېلىدىغان كېچىلىك راھەت ئۇلارنى بەخت تۇيغۇسىغا چۆمدۈرەتتى. ياسىن خوتۇنى ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ياشلىق باھارى جىلۋىلىنىپ تۇرغان چىرايىغا، پەستىكى گىلەمدە ئۇخلاۋاتقان ئوماق ئوغلىغا قاراپ، " بۇ جىگەر پارىلىرىمگە كۆز تەگمىگەي" دەپ خۇدادىن تىلەيتتى؛ ئوغلى تېپىپ ئېچىۋەتكەن يوتقانىنى ئۇستىگە يېپىپ قوياتتى، خوتۇنىنىڭ يېنىغا كىرىپ ياتقاندىن كېيىن ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ، ھىدىنى پۇراپ ئىختىيارسىز سۆيۈپ كېتەتتى.

بىر كۈنى كەچتە ئۇلار بالىسىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئىناق سۆھبەتلىرىنى باشلىدى.

ـــ بۇ گۆي ئەجەپ تېز يوغىناپ كەتتى، يەسلىگە بېرىدىغان ئىش ئىدى،ـ دېدى ياسىن پەستە ياتقان ئوغلىغا زوقلىنىپ قاراپ قويۇپ.

ـــ يەسلىگە ئالارمۇ؟ نوپۇسى يوق دەپ تۇرۇۋالامىكىن دەيمەن.

ـــ جاجىسى پۇل، بۇ گۆيلار پۇلنىلا تونۇيدۇ.

ـــ جىقراق پۇل كەتسىمۇ مەيلى ئىدى، ئوقۇۋالسا...

ــــ ئەسلىدە بېيجىڭدا ئوقۇتالىغان بولساق ئوبدان بولاتتى، بۇ يەردە نېمە ئوقار دەيمەن...ــ دېدى ياسىن كۆڭۈلسىز ھالدا.

ــــ ئوخشاش ئوقۇيدىغاندۇ، خەت تونۇۋالسا بولدى.

ــــ خەتنىغۇ تونۇيدۇ، مەن ئۇنى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئوقۇتاي دېگەن.

ــــ بېيجىڭدا تۇرالمىدۇق، بولمىسا...

ــــ بۇ يەردە بىر نەچچە يىل ئوقەت قىلىپ پۇل تېپىۋالغاندىن كېيىن بېيجىڭغا ھامان بارىمىز، بالىنى ئوقۇتىمىز.

ــــ بولارمۇ سىزنىڭچە، چوڭ شەھەردە ياشىساققۇ ياخشى، لېكىن ئادەم پەقەت خاتىرجەم بولالمايدىكەن.

ــــ بۇ يەرنى تىنچ دەمسەن، نەگىلا بارساق بىزگە خاتىرجەملىك يوق. بىرلا ئامال پۇل تېپىش، پۇللا تاپساق خاتىرجەم بولىمىز، بالىنى ئوقۇتالايمىز،ــــ دېدى ياسىن ئاندىن ياستۇققا يۆلىنىپ تاماكىسىنى ئىزدەشكە باشلىدى.

ــــ بىرەر قېتىم بولسىمۇ چەكمەي ئۇخلىمايسىز ــــ دېدى خوتۇنى ئۇھ تارتىپ،ــــ ماڭىغۇ مەيلى، بالىغا زىيان قىلامدىكىن دەيمەن..

ــــ مۇشۇ بىرنىلا چېكىپ چەكمەي...

ــــ ئۇ شۇنچە خۇمارى كۈچلۈك نەرسىمىدۇ دەيمەن، بەزىدە ئويلاپ قالىمەن، مېنىمۇ شۇ تاماكىدەك دائىم سېغىنىپ تۇرسىڭىز... مېنىڭ خۇمارىم ئۇنىڭغا يەتمەمدۇ يا!

ياسىن خوتۇنىنىڭ چىرايلىق دومسىيىشلىرىغا قاراپ كۈلۈپ كەتتى:

ــــ ئىككىسى ئوخشىمايدۇ، ئاچچىقسۇ بىلەن لازا ئوخشامدۇ؟

ــــ مۇشۇ تاماكا ئاخىرى بىرىپ ئاق تاماكىغا ئايلىنىپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن...

ــــ نەچچە دېدىم ساڭا، مېنى ئۇنداق نىجىسقا يېقىن كېلىدۇ دەپ ئويلىما، پىنىمدا خوتۇن-بالاملا بولسا ماڭا جاھاندا ئۇنىڭدىن ئارتۇق نەرسە يوق.

ــــ ئەمدى دەيمەن، شۇ نەرسىگە ئۆگىنىپ قالغان ئادەم ھەممىدىن كېچىپ كېتىمىش، ھەتتا ئۆزىنىڭ جېنىدىن...

ــــ خۇدا ساقلىسۇن، مۇشۇ كەمگىچە پاكىز ياشاپ كەلدۇق. مەن ئىش كۆرمىگەن ئادەم ئەمەس، ئاشۇ

گۆيلارنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى جىق كۆرۈپ كەتتىم، ئۆيلىسام قورقىمەن.

ــــ ئاشۇنداق قورقۇپ تۇرۇڭ، بولمىسا قىزىقىپ كېتىسىز...ــــ دېدى خوتۇنى ئۇنىڭغا چىرمىشىپ ــــ سىزدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن بەك قورقىمەن...

ياسىن خوتۇنىنى باغرىغا بېسىپ:

ــــ ئەنسىرىمە، جاھاندا سەندىنمۇ ئېسىل نەرسە بار دېسە مەن ھەرگىز ئىشەنمەيمەن، سەندىن ئايرىلغان كۈنى مەنمۇ بۇ دۇنيادا يوق...-دېدى.

خوتۇنى كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ياسىننىڭ تۆكلۈك مەيدىسىگە بېشىنى قويدى، ئەتە نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىر كۈن بولسىمۇ ئېرىنىڭ قوينىدا ياتسا بەخت دېگەن شۇ ئەمەسمۇ.

ياسىن بىر مۇنچە پۇل خەجلەپ بالىسىنى بىر شەخسىي يەسلىگە بەردى، كۈندە سائەت 8 گە ئۈلگۈرۈپ بالىسىنى توكلۇق موتوغا مىندۈرۈپ يەسلىگە ئاپىراتتى، ئاندىن تونۇش خۇيزۇ قاسساپتىن گۆش ئېلىپ قايتاتتى، كىيىنچە تىجارەت ياخشىلانغانچە گۆشلەر يېتىشمەي قالدى؛ خۇيزۇ قاسساپمۇ بېيىغاندىن كېيىن ماشىنا ئېلىپ، بىر نەچچە قوينىڭ گۆشىنى ئۆزى ئەكىلىپ بېرىدىغان بولدى.

ياسىننىڭ بۇ كىچىككىنە ئاشخانىسىنىڭ سودىسى ئاساسەن كاۋاب بىلەن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ياز كىرىشى بىلەن بۇ يەردىكى خەقلەر قىززىق كاۋاب يەپ، مۇزدەك پىۋا ئىچەتتى؛ بۆرەك كاۋابنىڭ باھاسىنى ياسىن بىر نەچچە كوي ئۆستۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، ھېچكىم غىڭ قىلماي تىلىنى تامشىتىپ يەۋەردى.

بۇ ئاشخانىنىڭ ئالدىدىكى ساتراشخانىلارنىڭ بىرىدە ئىشلەيدىغان بىر سەتەڭ كۈندە كەچتە دېگۈدەك بۆرەك كاۋاب يەپ پىۋا ئىچەتتى، يالغۇز كېلىپ يالغۇز كېتەتتى؛ ئۇ ئىچىپ تەڭشىلىپ قالغاندا بىر نەچچە قېتىم ياسىنغا سۈركىلىپ "بۆرىكىڭنى ئۆستۈرۈۋاپسەن، مېنى يېمسۇن دەمسەن، باھاسىنى ماڭىلا چۈشۈرۈپ بەر" دەپ غىلجىڭلاپ تۇرۇۋالدى. ياسىن ئۇنى ئۇدۇل قوشنا ھېسابلاپ ماقۇل دېدى. سەتەڭ ناھايىتى خوش بولۇپ: " لاۋ داگې، نى تەي شۈەي لا" (ئاكا، سەن قالتىس جۇمۇ) دەپ ئەركىلەپ قويدى.

ياسىن پۇل تاپقانچە ئۆزىنى راستىنلا لاۋبەن بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلدى، ئۆيدە خوتۇنى، ئاشخاندا بولسا ئىشلەمچىلەر ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى، خوجايىنلىق ھۇزۇرىنى قايسى ئەر ياخشى كۆرمىسۇن؟! ئەمما غوجامنىڭ

غوجاكىسى بار دېگەندەك، بىر كۈنى ناھايىتى بەستلىك، ئۈچىسىغا ئاق رەڭلىك كاستۇم بۇرۇلكا، كۆزىگە قارا جەمئىيەتنىڭ كاتتۇۋېشىدەك كۆزەينەك تاقىغان بىرسى ئاق چېكىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان ئىككى ئەرۋاھنى باشلاپ ئۇنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. ياسىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشتى. "قارا كۆزەينەك" ئاشخانىنىڭ تۆت تېمىغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن دېرىزە تەرەپتىكى بىر جوزىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئاندىن كۆزەينىكىنى ئېلىۋېتىپ ياسىنغا قارىدى. ياسىن ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەكمۇ قىلمايتتى. بۇ چەت يەردە بۇنداق ئۇيغۇرنى ئۇچرىتىپ قالارمەن دەپ ئەسلا ئويلىمىغانىدى. ئۇنىڭ نېمە غەرەزدە كەلگەنلىكىنى بىلەلمەي، ئاللىقانداق خىياللارنى سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى.

__ بۇ ئاشخانىنى ئوبدان ئېچىۋاپسەن، مۇبارەك بولسۇن...__ دېدى "قارا كۆزەينەك" غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋازدا،__ نەزىرگە بىزنى چاقىرماپسەن، بولمىسا بۇ يەردىن ئانچە يىراق ئەمەستۇق.

__ ھە ئۇقماي قاپتۇق،__ دېدى ياسىن ئۇنىڭ ئالدىغا چاي قۇيغاچ،__ نەزىر دېگۈدەك چوڭ نەزىرمۇ قىلمىغان، ئەتراپتىكى ئۇيغۇرلارلا كەلگەن... ئۇ چاغدا يېڭى كەلگەنلىكىن جىق ئادەمنى بىلمەيتتۇق، ئۇققان بولساق ئەلۋەتتە چاقىراتتۇق.

__ چاقىرمىساڭمۇ ئۆزىمىز كەلدۇق، چۈپەيلىك قىلماي ياخشى كۈت، سەن بىزنى توخۇ ئۆلتۈرۈپ مېھمان قىلساڭ، بىز سېنى قوي سويۇپ مېھمان قىلىمىز.

__ ئەلۋەتتە، سىلەردەك مېھمانلارنىڭ خىزمىتىدە بولمىساق بولماس.

"قارا كۆزەينەك" يېنىدىكى ئاۋاققا بۇيرۇق قىلدى:

__ مېنى بۇ ئىنىمىزگە تونۇشتۇرۇپ قوي!

__ ھە بۇ ئاكىمىز غېنى شاڭجاڭ بولىدۇ، مۇشۇ يەرنىڭ لاۋداسى...

ياسىن "لاۋدا" دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئەرۋاھى ئۇچتى، غېنى شاڭجاڭغا قايتىدىن نەزەر سالدى، بىر قارىسا ئۇ راستىنلا شۇنداق كۆرۈنەتتى، بىر قارىسا شۇنداق بولۇۋالغان پور كۆتەكتەك قىلاتتى. ياسىن ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىغان بىلەن لاۋدالىقىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى ھەم بۇ يەردە ئۇنداق بىر ئادەم بولىدۇ دەپ ئويلاپ باقمىغانىدى.

ياسىن ھەر قانچە قىلسىمۇ چىرايىغا خۇشامەت كۈلكىسى يۈگۈرتەلمەي:

ــــ غېنىكامنى نەچچە ۋاقىتتىن ئۇقماي يۈرۈپتۇق-دە! ــــ دەپ قويدى.

ــــ بۇ يەردە "ئەي شائجاڭ" دېسە بىلمەيدىغان ئادەم يوق، ساقچىلارمۇ ياخشى تونۇيدۇ...ــــ دېدى يەنە بىر ئاۋاق،ــــ سېنىڭ بىلمىگىنىڭ قىززىق!

ــــ ئۆزىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن گەپ، توغرا چۈشىنىمىز،ــــ دېدى غېنى شائجاڭ،ــــ ئاڭلاپ تۇردۇق، سوداڭ ياخشىكەن ، بالاڭنى يەسلىگە بېرىپسەن، بۇ يەردە ھېچكىم تېخى ئۇنداق قىلىپ باقمىغان.

ــــ شۇ بالىنى بىر ئوقۇتۇپ قويىلى دەپ قالدۇق، ئۆيدە قويساق بوسۇقتا چىچىپ ئولتۇرىدىكەن، بىر ئادەم مەخسۇس قارىمىسا بولمايدىكەن...

بۇ گەپلەر قۇلىقىغا كىرمىگەن ياسىن شائجاڭ:

ــــ ئاشخاناڭدا چىرايلىق تومۇچۇقلار يوقمۇ؟ مۇنەك تازلارنىڭ ھەممىسىنى ھوشۇقتەك يىغىۋالدىڭمۇ نېمە؟ــــ دېدى خىرىلداپ كۈلۈپ، ئىككى ئاۋاق ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قەستەن كۈلۈشتى.

ــــ بۇ يەر پۈت يۈيىدىغان ساتىراشخانا بولمىغاندىكىن ئەكىرمىدۇق.

ــــ بۇ گېپىڭ بولمىدى، سەن سودا قىلىشنى بىلمەيدىكەنسەن ــ دېدى ياسىن شائجاڭ قولىنى سىلكىپ،ــــ بۇ يەرگە تاماق يېگىلى كىرگەنلەر قارنى ئاچ قېلىپلا كىرمەيدۇ، شىنجاڭلىق قىزلارنى كۆرگىلى كىرىدۇ، كۈتكۈچىلىرىڭ چىرايلىق بولسا خېرىدارىڭمۇ كۆپ بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇ سەت تازلىرىڭنى كۆندىپايدەك قارىتىپ قويساڭ، ئەتە-ئۆگۈن ئاشخاناڭغا ھېچكىم كىرمەيدۇ، كىرگەن خەقمۇ يېگەن تامقىنى ياندۇرۇۋېتىپ چىقىپ كېتىدۇ...

يەنە سەت كۈلۈشمەك بولدى، ياسىننىڭ ئاچچىقى كەلدى، ئەمما چاندۇرمىدى. ئالدىراپ كەتسە بولمايتتى، كۈلگىنا چىققان ھولۇلۇپلار ئۆيكىسى يوقلۇقىدىن زىيان تارتىپلا كېلىۋاتاتتى، ھەممىگە سەۋر-تاقەت، چىدام-غەيرەت كېرەك ئىدى.

شۇ ئەسنادا ياسىننىڭ خوتۇنى ئاشخانىغا كىرىپ يېڭىدىن بىكار بولغان جوزىلاردىكى قاچا-قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە ماڭدى.

كۆلكىسى بېسىقمىغان غېنى شائجاڭ ئۇنىڭغا قاراپ قېتىپ قالدى.

ــــ پەرىزاتتەك بىرسى بار ئىكەنغۇ ئەنە...

ـــ كىمنى دەيسىز ئاكا؟ـــ دېدى باشقا ياققا قاراپ خىيالىي ئولتۇرغان ئاۋاق.

ـــ بايا كىرىپ كەتكەن قىزچۇ؟ ـــ دېدى ياسىن شاڭجاڭ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ـــ خوتۇنۇڭ ئەمەستۇ-ھە!

ـــ ئون يىللىق خوتۇنۇم،ـــ دېدى ياسىن قاپىقىنى تۈرۈپ.

غېنى شاڭجاڭ جىمىپ قالدى، گۆشنى كۆرگەن تەمەخور مۈشۈكتەك يالتىراپ كەتكەن كۆزلىرى خىرەلەشتى.

ـــ ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، ئون يىللىق چوكىنىڭ 20 ياشلىق قىزدەكلا تۇرىدىغۇ؟! يەسلىدىكى بالاڭنى مۈشۈ قىز تۇغقانما؟

ياسىن ئۆزىنى تەستە تۇتۇپ ئولتۇردى، جوزىدىكى پىۋا بوتۇلكىسىغا قاراپ-قاراپ قويدى.

غېنى شاڭجاڭ ئۇنىڭ كەيپىياتىنى پەملەپ بولدى، تۇخۇمنى چېكىپ باقمەن دەپ چېقىپ قويسا بولمايتتى.

ـــ ئارتۇق ئويلاپ كەتمە ئۇكا،ـــ دېدى ئۇ ئاۋازىغا سالماق تۈس بېرىپ،ـــ چاقچاقمۇ قىلىشتۇق. سېنى كۆرمەستىلا خوتۇنۇڭنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغان، ھەقىقەتەن چىرايلىقكەن. چىرايلىق بولۇش ئەيىب ئەمەسقۇ-ھە؟ پەخىرلىنىش كېرەك. مەن سەندىن پەخىرلىنىمەن ئۇكا. بىزنى دېسەڭ، خوتۇن-قىزلارغا كۆز-قارىنىمىز توق، ھازىرمۇ ئۈچ خوتۇنۇم بار، بىر-بىرىدىن چىرايلىق، بىرى قانۇنلۇق، ئىككىسى مەخپىي. ئاشخانامدىمۇ چىرايلىق قىزلار ئىشلەيدۇ، ھەممىسىنى مىللىيچە ياساندۇرۇپ قويدۇق، خېرىدارلار ئارىسىدا كېپىنەكتەك ئۇچۇپ يۈرۈيدۇ كاساپەتلەر، سوداممۇ شۇنىڭدىن بېرى ياخشى بولۇپ كەتتى. ياخشى كۆڭلۈم بىلەن دەۋاتىمەن، ئەگەر سەندە قىزلار كەم بولسا، مەن بېرىپ تۇراي. مېنى ئاكا دەمسەن، لاۋدا دەمسەن، چاتىقىم يوق، ئەمما ئارىلىشىپ ئۆتەيلى، قانداق دېدىم؟

ياسىن بۇ گەپلەردىن ئويلىنىپ قالدى، ئاچچىقىدىن ياندى. ئەر خەقنىڭ يات خوتۇنلارغا قىزىقىشى تەبىئىي ئىش؛ ئۇ نېمىدىن ئەنسىرەيتتى؟ پۈتۈن سۇرۇك بىر ئەر تۇرۇپ خوتۇنىنى قوغدىيالامتى؟ ئەڭ يامىنى، ئىچىدىكى دېمەيدىغان، ئىچ سىرىنى ئۇققىلى بولمايدىغان ناچار ئوغرىلار . غېنى شاڭجاڭ نەپسى يامان كۆرۈنگەن بىلەن، ئىچىدە نېمە بولسا شۇنى دەيدىكەن؛ ھەددىدىن بەك ئېشىپمۇ كەتمىدى، ئاقسالىق ياكى زوتالىق قىلمىدى. ئارىلىشىپ ئۆتىلى دېگەنىنىڭ يامىنى يوق. ئۆزىنى چىڭ تۇتسا ئوغرىمۇ ھېچنېمە قىلالمايدۇ، قورغاننى چىڭ ساقلىسا دۈشمەن بۆسۈپ كىرەلمەيدۇ.

ـــ بولىدۇ، ئارىلىشىپ ئۆتەيلى، كۆلچىلىقتا يالغۇز ئۆتكىلى بولمايدۇ ـــ دېدى ياسىن.

ــــ ما گېپىڭ جايىدا، بىزمۇ ئادەملەرنىڭ ئادىمىنى تېپىپ ئارىلىشمىز ئۇكا، كەلسە-كەلمەس گۆيلارنى يېقىن يولاتمايمىز.

جوزىغا ئارقا-ئارقىدىن سەيلەر چىقىشقا باشلىدى، هاراقلار قۇيۇلدى، ياسىن ئاق هاراق ئىچمەي، ئازراق پىۋا ئىچىپ ئولتۇرۇشۇپ بەردى.

ئۇلار تاغدىن – باغدىن پاراڭ سېلىشىپ بىر نەچچە سائەتنى ئۆتكۈزدى، غېنى شاڭجاڭ پات-پات جىمىپ قالاتتى، ئاخىردا ئۇ ئۇزاق ئولتۇرۇشقا تاقەت قىلالماي گەپنى ئۇزدى:

ــــ گەپنى ئەمدى توختىتايلى، ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بېرىپتۇ، بۇ ئىنىمىزنى هېلىمۇ كۆپ ئاۋارە قىلىپ كەتتۇق، ئەمدى ماڭايلى...

ــــ بىر دەم ئولتۇرۇپ ماڭساڭلارمۇ بولاتتى،ــــ دېدى ياسىن بىردىنلا يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ.

ــــ يەنە كېلەرمىز، ئۇنداق قىلماي ئايالىڭنى ئېلىپ بىز تەرەپكىمۇ ئۆت، ئۆيدە مېهمان قىلمەن؛ ئۇنتۇپ قالما، بىرەر ئىش بولسا تېلېفون قىل، قىزلارنىڭ ئىشىنى ئوبدان ئويلىنىپ باق. سېنىڭ ئىشىم مېنىڭ ئىشىم، ئاكاڭدەك كۆرسەڭ بولىدۇ بىزنى...

ياسىن ماقۇللۇق بىلدۇرۇپ، ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى.

2

يەپ-ئىچىش، كەيپ-ساپا، جىنسىي مۇناسىۋەت... مانا بۇلار كۈلچىلارنىڭ غايىسى. ئۇلار ئارىسىدا يەيدىغان، ئىچىدىغان، چېكىدىغان نەرسىلەر، ئېقىپ كېلىپ قالغان قىز-چوكانلار كەم بولمايدۇ. خارلىنىپ يۈرگەن بىر تاز بىر كېچىدە قىمار ئويناپ ئۇتۇۋالسا ئەتىسى لاۋبەن بولۇپ كېرىلىپ يۈرۈيدۇ، كۆزى چۈشكەن خوتۇننى يۇلۇپ ئالالايدۇ. ئەمما بۇ كۈنلىرى ئۇزاققا بارمايدۇ. ئاسان قولغا كەلگەن نەرسە ئاسان قولدىن كېتىدۇ؛ ئۇنىڭغا جاپا چېكىپ ئېرىشمىگەنلىكىن هېچكىم ئاھ ئۇرۇپ يۈرمەيدۇ. ياسىن بۇنداقلارنى جىق كۆرگەن، چۈمۈلىدەك ياشمايدىغانلار پارازىتتەك ياشايتتى، بىر يىل جاپا چېكىپ ياشغاندىن، بىر كۈن ئۆلگۈدەك راهەت سۈرۈپ ئۆلۈشنى ئەۋزەل

كۆرىدىغان ھارامتاماقلار، جېنىنى كۆيدۈرۈپ كۆل قىلىدىغان خىروئىنكەشلەر، توم-توم ھەميانلارنى ئوغرىلاپ بولغىچە قولغا كويزا چۈشۈپ نەچچە يىل تۈرمىدە ياتىدىغان زىيانكەشلەر بۇ يەردىمۇ باردەك قىلاتتى.

تونۇشۇپ بىر ھەپتە ئۆتمەيلا غېنى شاكىجاڭ ياسىنغا تېلېفون قىلدى:

ـــ ئالدىراشمۇ ئۇكا، ھېچ كېلەيمۇ دېمەيسەن؟

ـــ ئىش تۈگمەيدىكەن ئاكا، ئوقەت دېگەننى ئۆزىڭىز بىلىسىز.

ـــ گەپنى سوزماي، بۈگۈن چوڭ خوتۇننىڭ تۇغۇلغان كۈنى، قاتنىشىپ بېرەلەمسەن؟ خوتۇنۇڭمۇ كەلسۇن، ئاشخانىدىن چىقارمايلا قېرىتىۋەتمە ئۇنى!

ياسىن تۇرۇپ قالدى، بىللە بارسا تېخى، خوتۇننى يالغۇز تاشلاپ قويسا تېخى... ئاشخانىنى ئوكچە تاشلاپ قويۇپ كەتكىلى تېخى بولمايدۇ.

ـــ قانداق بولار ئاكا، خوتۇن بالىغا قارىمىسا بولمايدۇ.

ـــ ئۇنداقتا ئۆزەڭلا كەل، سېنى ساقلايمىز. كەچ سائەت ئالتىدە.

ـــ ئورنىنى تازا بىلمەيتتىم.

ـــ ئالدىڭغا ماشىنا ئەۋەتىمەن.

ياسىن بىر چاغدا ئۆزىنى غېنى شاكىجاڭنىڭ كاتتا رېستۇرانىدا كۆردى، بازارنىڭ نەق ئاۋات يېرىدە ئېچىلغان بۇ رېستۇران ياسىننىڭ ئاشخانىسىدەك ئون ھەسسە چىقاتتى، ئىچى كۆركەم بېزەلگەنىدى. بوي بەستى تەكشى "كېپىنەك قىزلار" ھەققەتەن ياسىن شاكىجاڭ ماختاپ بەرگەندەك چىرايلىق بولۇپ، رېستۇرانغا باشقىچە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى.

ـــ سەل تۇرۇپ سودىنى توختىتىپ، ئولتۇرۇشىمىزنى باشلايمىز، ئاكىغىچە بىر دەم پارىڭىمىزنى قىلىشۋالىلى... ـــ دېدى غېنى شاكىجاڭ ياسىننى جوزىغا باشلاپ،ـــ بىرەر تەخسە لەغمەن يەۋالامسەن يا باشقا بىر نېمىنى كۆڭلۈڭ تارتامدۇ؟

ـــ ياق، قورساق توق...

ـــ ئاشخانا ئاچقان ئادەم دائىم ئاچ قالىدۇ، تارتىنما...

ـــ چارەك لەغمەن بولسا بىرنى يەپ قوياي.

ــــ شۇنى دەيمەن، بىزنىڭ لەغمەننىمۇ تېتىپ باق، ئىچىشنى ھازىر باشلامدۇق يا ھېلى ...

ــــ ھازىرچە چاي ئىچكەچ تۇرامادۇق.

ــــ بۇ گېپىڭ بولمىدى، بىر قۇتا پىۋا ئىچىپ قويىلى.

غىنى شاڭجاڭ ياسىنغا ناھايىتى قىزغىن ئىدى، ئۆزىنىڭ لاۋدالىقىنى بىر دەمدە ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

ئىككەيلەن پىۋا ئىچىشكەچ تاماكا چېكىپ، ئەتراپنى ئىسلاشقا باشلىدى. كۆتكۆچى قىزلار ئىككى خوجايىننىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ خىزمەت قىلاتتى.

ــــ رېستۇرانىڭىزنى كاتتا قىلىپ ئېچىۋاپسىز، ئۆزۈن بولدىمۇ؟

ــــ مېنى تېخىچە يات كۆرۈۋاتامسەن؟ "سەن"لا دېگىنە بولدى، خېنىم مىجەزلىك بىلەن خوشۇم يوق.

ــــ لاۋدانى ھۆرمەتلىمىسەك بولماس،ــ دېدى ياسىن كۈلۈپ.

ــــ ھۆرمەتنى ھۆرمەت جايىدا قىلسەن، ئەمما بۇ يەردە كۆڭۈل دېگەن نەرسە بار-دە، كۆڭۈل دېگەن نەرسە ئۇستۇن-تۆۋەنلىكنى كۆتۈرمەيدۇ. سەن مېنىڭ كۆڭلۈمگە يېقىپ قالدىڭ، شۇڭا سېنى بۇنىڭدىن كېيىن ئىنىم ۋە ئاغىنەمدەك كۆرىمەن.

ــــ شۇ ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت ئاكا، مەنمۇ بۇ مۇساپىرچىلىقتا سىزنىڭدەك ئادەم بىلەن تونۇشۇۋالغىنىمغا خوش.

ــــ بىز بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدۇق؟ قانداق تونۇشۇپ قالدۇق؟ قانداق بولۇپ بىر يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇپ قالدۇق؟ ئويلىساڭ بىر تۈرلۈك ئەجەبلىنىسەن، خەق بىزنى ئەسكىلىكىدىن يۇرتىغا پاتماي چىقىپ كەتكەنلەر دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە بىز ئۇنداق ئەمەس. بىز يۇرتقا ئەمەس، ئىچىمىزگە پاتماي چىققانلار. توغرا، بىز ئىچىمىزگە سىغمىدۇق. نى نى ئارمانلىرىمىز، پىلانلىرىمىز ئىشقا ئاشمىدى. مەن بىر دادۇيجاڭ ئىدىم، شاڭجاڭ بولغۇم بار ئىدى، بولالمىدىم، ئەرزىمەس بىر ئىش ئۈچۈن دادۇيجاڭلىقتىن قالدۇرۇلدۇم. خەقلەر مېنى كۆزىگە ئىلمىدى. ئاددىي دېھقان بولۇپ ئۆتتۈپرىشكە چىدىمىدىم. كاللىنى توخۇنىڭ كاتىكىگە سولاپ قويغىلى بولامدۇ دەيسەن؟ شۇنىڭ بىلەن تەۋەككۇل دەپ كۆلىغا چىقتىم، سۆزلىسەم گەپ تولا، بېيجىڭ، شاڭخەيلەردە نەچچە يىل ئىتتىنىڭ كۈننى كۆردۇم، ئەمما نىيىتىمدىن يانمىدىم. پۇل ئۈچۈن قىلمىغان ئىشىم قالمىدى. بېيجىڭدا بىر مەزگىل تاشچىلىق قىلدىم، تاشنىڭ

سودىسى ياخشى كېتىپ باراتتى، پوقىا چىۋىن ئولاشقانىدەك ھەممىسى ئولاشتى، راست-يالغان ئارىلىشىپ كەتتى. ئىشتىن چاتاق چىققىلى قوپتى. كاللامنى ئىشلىتىپ، ئىسسىقدا بۇ يەرگە كېلىۋالدىم. بۇرۇن بۇ يەرگە بىر ئىش بىلەن بىر قېتىم كەلگەن، ئۆزەمگىمۇ يېقىپ قالغانىدى، دېگەنىدەك، كېلىپلا ئۈزۈن ئۆتمەي ئايىغىم يارىشىپ قالدى. پەملەپ باقسام، ئادەم دېگەن ئەخمەق بولىدىكەن، چوڭ شەھەرگە ئىنتىلىدىكەن، بېرىۋالسا كادالڭ خوتۇنغا چاپلاشقانىدەك مەھكەم چاپلىشىپ ئۆلە-تىرىلىشكە قارىماي ئىشلەيدىكەن، نەدە تۇرۇپ، نەدە يېتىشى بىلەن كارى يوق، قارنى ئاچ قالمىسىلا ياشاۋېرىدىكەن، تېخى پالانى شەھەردىمەن دەپ ئۆز كۆڭلىنى خوش قىلىدىكەن. ئەمەلىيەتتە چوڭ شەھەردە قىلالمىغان ئىشنى مۇشۇنداق كىچىك شەھەردە مىليونېردەك قىلغىلى بولىدۇ. كىچىك شەھەرنىڭ ئادەملىرىمۇ يۇۋاش، ساددا؛ باجگىر دەمسەن، ساقچى دەمسەن، ئارتۇق گېپى يوق، ئازراقلا مېھمان قىلىپ قويساڭ رازى بولۇپ كېتىدۇ. ھەممە نېمىسى ئەرزان، ئەڭ ئاددىيسى، بېيجىڭدا بېشىڭنى يۇيۇپ گەدەن پاتىڭنى تۇتۇپ قويسا 40 كوي، بۇ يەردە 40 كوي بەرسەڭ خالىغىنىڭنى قىلالايسەن. بېيجىڭغا بەك بارغىڭ كېلىپ كەتسە ناھايىتى بىر كۈنلۈك يول. بېيجىڭدا قاتناش توسۇلۇپ قالسا بىر يەرگە بېرىش ئۈچۈنمۇ بىر كۈن كېتىدۇ، ئويلاپ باق، قايسىسى ياخشى... مەن شاڭجاڭ بولالمىساممۇ ھازىرقى كۈنۈم شۇ يەردىكى شاڭجاڭ، ھاكىملارنىڭكىدىن ياخشى، يەيدىغىنىم، ئىچىدىغىنىم، ئوينايدىغىنىم تۇرۇپتۇ، ھۇزۇر-ھالاۋەتنىڭ كۆپلۈكىدىن شۇنىڭغا بەزىدە يېتىشىپ بولغىلىمۇ بولمايدۇ تېخى...

__ كاللاڭ راستىنلا ئىشلەيدىكەن ئاكا، شاڭجاڭ دېگەن لەقىمىڭنى شۇڭا قويىۋاپتىكەنسەن دېگىنە...

__ ھەي... ئارقامدا يۇرۇيدىغان مۇشۇ خوشامەتچى گۇيلار بولمامدۇ. بۇرۇنقى ئىشلىرىمنى دەپ بەرسەم شۇ لەقەمنى قويىۋېلىشتى. مەنمۇ بوپتۇ دېدىم، شاڭجاڭ دېسە خەنزۇلارمۇ ئېسىدە ئاسان تۇتۇۋالىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ لەقەم ئاقچى، كۆكچى، شاپاقچى دېگەن لەقەملەردىن ياخشى، ئۆزەمگىمۇ يارىشىدۇ، شاڭجاڭلارغا ئوخشىمامدىمەن يا؟

__ ئوخشايسەن ئاكا، مەنمۇ دەسلەپتە كۆرگەنىدە بۇ ئادەم ھەرگىز تاڭجاڭ ئەمەس، شاڭجاڭ دەپ ئويلىغان.

غېنى شاڭجاڭ قاقاخلاپ كۈلۈپ كەتتى:

__ كەلدى ما گەپ ھە...

__ ئاكا، بىر گەپنى دېسەم كۆڭلۈڭگە كېلەرمۇ؟

ـــ نېمە گەپ؟

ـــ ھېلىقى كۈنى ساڭا ئەگىشىپ كەلگەن ئاقسالار خىرئىن چېكەمدۇ؟

ـــ قاراپلا بىلمىدىڭمۇ؟

ـــ بىلدىم، شۇنداقتىمۇ سوراپ باقتىم.

ـــ ئەمدى سەن نېمە دېمەكچى؟ مېنى ھاكچىلىق قىلدۇ دەپ ئويلاپ قالدىڭما؟

ـــ ياق، ئۇنداق دېگىنىم ئەمەس...

ئارىنى بىر خىل ئوڭايسىزلىق قاپلىدى.

ـــ ئىچىڭدىكى يوشۇرماي دەۋەر ئۇكا، ئارىمىزدا يوشۇرغىدەك ھېچ گەپ يوق.

ـــ شۇ بىر ئاز ئەنسىرەپ قالغانتىم.

ـــ شۇڭا مەندىن ئۆزەڭنى تارتىۋالغان يېرىڭمۇ ئۇ؟

ـــ بۇرۇن شۇنداقلار بىلەن ئارىلىشىپ جاق تويۇپ كەتكەنمەن دېگىنە ئاكا، كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام، سېنىڭمۇ ئۇ قاتاردىن بولۇپ قېلىشىڭنى خالىمايمەن.

ـــ سېنىڭچە مەن شۇنچىلىك دۆتمۇ؟ شۇنچە چىرايلىق خوتۇنلىرىمنى، ئاشخانامنى تاشلاپ قويۇپ، ئۆلۈم جازاسىغا ئۆزەمنى تۇتۇپ بېرەرمەنمۇ؟

ياسىن بۇنىڭغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي خىجىل بولۇپ كەتتى، غېنى شاڭجاڭ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

ـــ جاھاندا ئەڭ دۆت، ياشاشنى ئۇقمايدىغان نېمىلەر شۇ ئىشنى قىلىدۇ. چەككەنگە مەن قارشى ئەمەس، مەن قارشى تۇرغانلىغا ئۇ تۇگەپ كەتمەيدۇ. چېكىپ ئۆلۈپ كەتسە تۈكۈرۈپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىۋېرىمەن، نامىزىغىمۇ بارمايمەن. جانىنىڭ راھىتىنى كۆرەي دېسەڭ، نى پەيزى ئىشلار تۇرسا، شۇنى بىلمىگەن ئادەمدىنمۇ دۆت ئادەم بولامدۇ جاھاندا؟ ئۇلارنىڭ ئېشەكچىلىكمۇ ئەقلى يوق. ئېشەكلەر جېنىدا ئۆزىگە زىيان قىلىدىغان نەرسىنى پۇراپ بېقىپ يېمەيدۇ. ئەقلى بولسا پۇل تاپسۇن، پويىزدا ماڭماي ئايروپىلاندا ماڭسۇن، پۇلنى تۆكۈپ قويۇپ تالادا ياتماي بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىدا ياتسۇن، خوتۇننىڭ چىرايلىقىنى ئالسۇن، تاماقنىڭ ياخشىسىنى يەپ، كىيىمنىڭ نوچىسىنى كەيسۇن...

ــــ راست دەيسەن ئاكا، پۇل تاپقان بىلەن خەجلەشنى بىلمىسە بىكار-دە!

بىر دەمدىن كېيىن غېنى شاڭجاڭ رېستۇرانىنى دۇم تاقاپ، خوتۇنىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئولتۇرۇشنى باشلىۋەتتى. ئاشپەز باللار ۋە "كېپىنەك قىزلار" بىر دەمدە جوزىلارنى راستلاپ، يەيدىغان، ئىچىدىغاننىڭ ھەممىنى توشۇپ "ئاغچا خېنىم"نى چۆرىدەپ قاتار ئولتۇرۇشتى، ئەمدى ئوينايدىغان ئىشلا قالغانىدى. شوخ-ناخشا مۇزىكىلار قويۇلدى، قىزلار بەس-بەستە ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، خېنىم ئاچىسىنى ئوتتۇرىغا تارتىپ چۈشۈپ، بىقىشىپ ئويناشتى، ئاشپەز باللارمۇ ئولتۇرالماي قالدى، ھازىر ئويىنىۋالمىسا قاچان ئويىنىۋالىدۇ، كىم ئۇلارنى ئاشخانىدا ئىس ۋە ماي پۇراپ يۈرۈشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ دەيدۇ؟! ئەمما ئۇلار قىزلار بىلەن بىقىشىپ ئۇسسۇل ئوينىغان بىلەن غېنى شاڭجاڭنىڭ رۇخسىتسىز خالىغانچە تانسا-پانسا ئوينىيالمايتتى. ئۇسسۇللار پەسكويغا چۈشكەندىن كېيىن غېنى شاڭجاڭ خوتۇنىنى تانسىغا تارتتى، ئىشنىڭ مۇقەددىمىسى مۇشۇنداق باشلىناتتى. ئاندىن غېنى شاڭجاڭ خوتۇنىنى باشقا خوتۇنلار بىلەن پاراڭغا سېلىپ قويۇپ، بېلى نازۇك كۈتكۈچى قىزلارنى بىر-بىرلەپ تارتىپ ئويناشقا باشلىدى، قىزلار ئەتلەس كۆينىكىنى سىلىقۋەتكەن بولۇپ، ھەر خىل مودا كىيىملەرنى ئۆزلىرىگە ياراشتۇرۇپ كىيىۋالغانىدى. غېنى شاڭجاڭ ئۆزىنى قىزلاردىن يىراقراق تارتىپ ئويناۋاتقان بولسىمۇ قورسىقى قىزلارنىڭ كىندىكىگە تېگىپ تۇراتتى، ياي شەكلىدە جىپسىلىشىپ كەتكەن بۇ ھالەت بىر قارىسا كىشىگە تولىمۇ ھەجۋى تۇيۇلاتتى. ياسىن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ ئولتۇردى، غېنى شاڭجاڭ قىزلار بىلەن ئۆزى بىر قاتاردىن ئويناپ چىققاندىن كېيىن باشقا باللارنى ئۆز ئارا تانسا ئويناشقا رۇخسەت قىلدى.

ــــ قىزلىرىمىز بولامدىكەن؟ــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ خۇش كەيىپ ھالدا كۆزلىرىنى قىسىپ،ــــ مەن ئاشخانامغا مودېل بولغۇدەك قىزلارنى تاللاپ ئەكەلگەن... كاساپەتلەرگە بەك ئىچىم كۆيىدۇ..

ــــ خام يېگۈدەك قىزلاركەن...ــــ دەپ قويدى ياسىنمۇ قىزىقچىلىق قىلىپ.

ــــ كاۋاپچىدەك گەپ قىلدىڭ... ئەمەلىيەتتە ئادەم دېگەن گۆشخور ھايۋان، بەزىلەر ئاچ، بەزىلەر تويۇپ كېكىرىپ كېتىدۇ.

ــــ شۇڭا ئاچمۇ قالماي، كېكىرىپمۇ كەتمەي ياشىغان ياخشى.

ــــ بۇ ئۆزەڭنىڭ گېپى،ــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ قايىل بولماي،ــــ ھاجىتىڭدىن ئېشىپ-تېشىپ تۇرسا زىيان

قىلمايدۇ، بولۇپمۇ قىز-چوكان دېگەننىڭ خۇمارى يامان، بۇ باشقا خۇمارغا ئوخشىمايدۇ. باشقا خۇمارلار سېنى ھالاك قىلىدۇ، قىمار ئوينىساڭ ھەممە نېمەڭنى ئۇتتۇرۇۋېتىسەن؛ خىروئىن چەكسەڭ ئۆلىسەن يا ئېتىلىسەن. ئەمما قىز-چوكان خۇمارى سېنى ئادەم قىلىدۇ، ھەتتا ئەقىللىق قىلىدۇ، بۇ خۇمارغا قانچە قانساڭ شۇنچە ياشىرىسەن...

— لېكىن ئاكا، بۇ گېپىڭنى پاھىشىۋازلار ئاڭلاپ قالسا سېنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئاتىدۇ جۇمۇ...— دېدى ياسىن پەسرەك ئاۋازدا.

— ئەمەلىيەتنى سۆزلەۋاتىمىز، مېنىڭ دېگىنىم بۇزۇقچىلىق ئەمەس، پاسكىنا گۆيلار پەملەپ ئوينىماي ئۆزىگە ئەيدىز يۇقتۇرۇۋالىدۇ. تاپقاندىكىن پاكىزراقىنى تېپىپ ئوينىسا شۇ ئىشمۇ چىقمايدۇ. مەن ئەزەلدىن پاھىشە مەينەتلەرگە يېقىن يولاپ باقمىدىم، ئويلاپ باق، ئاپتوبۇس ياخشىمۇ ياكى مەخسۇس ماشىناڭ ياخشىمۇ؟ پاھىشە دېگىنىڭ دەل ئاشۇ كوچا ئاپتوبۇسىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا ھەممە ئادەم چىقىدۇ، مەرەزنىڭ ھەممىسى يۇقىدۇ... بىڭسىڭ بولسا پاكىز، چىرايلىقنى تاپ، بولمىسا كۆتۈڭنى قىس دەيمەن-دە...

— شۇ خۇمارغا يامان ئۆگىنىۋاپسەن ئاكا، پاكىز خۇمار دېگىنە، ئۆزەڭنى يامان بەلەن ئاقلايدىكەنسەن. يەڭگىمىزمۇ ساڭا يېتىپ ئاشاتتى ئەسلىدە...

— يەڭگەم دەپ خوتۇنۇمنى قېرى كۆرسەتمە، سەندىن كىچىك ئۇ! ئۇرۇمچىدىن چېكىپ تاللاپ ئالغانمەن، تېخى داشۆسىڭ دېگىنە.

ياسىن بۇنىڭغا ئانچە ھەيران قالمىدى، ئادەم پاخاللىشىپ، پۇل ئەتىۋارلىشىپ كەتكەن بۇ زاماندا بۇرۇن چوڭ بىلىنگەن ھەممە نەرسە ئەرزانلىشىپ كەتتى. غېنى شاڭجاڭ بۇ پۇرسەتلەردىن ياخشى پايدىلىنىۋاتقان گەپ.

غېنى شاڭجاڭنى بىر ئاشپەز بالا چاقىرىپ قالدى.

— تارتىنماي ئويناپ ئولتۇر ئۇكا، مەن ھازىر كېلىمەن.

غېنى شاڭجاڭ مېڭىشىغا ياسىن ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى، سېمىزلىكىدىن بولسا كېرەك، ئۇ سەل ئالچاڭلاپ ماڭاتتى، "ئىشتىنىغا پاتماي قالغان ئوغرى" دەپ ئويلىدى ياسىن، " مۇشۇ سېمىزلىكى بىلەن خۇمارىنى ھېلىمۇ قاندۇرۇپ يۈرۈيدىكەن، كىم بىلىدۇ، "يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ" دېگەندەك، شۇ ئىشنى قىلالمىغانسېرى تېخىمۇ ئويلايدىغان، ۋاز كەچمەيدىغان بولۇپ كەتتىمۇ تېخى..."

ياسىن ئۈنىڭ ئۇرۇمچىلىك، داشۆسىك خوتۇنغا قايتىدىن نەزەر تاشلىدى. ئۇ ييشى كىچىك ھەم چىرايلىق بولغان بىلەن چوڭ چىراي كۆرۈنىدىغان چوكانقىز ئىدى، بەلكىم خوجايىنلىق سۈپىتى ئۇنى شۇنداق چوڭ كۆرسىتىۋەتكەندۇ... ئۇمۇ ياسىنغا نەچچە قېتىم قاراپ قويدى، كۈلۈمسىرىدى، ئەمما يېنىغا كېلىپ ۋاي دەپ كەتمىدى، "ئويىنغاچ ئولتۇرۇڭ" دېگەن گەپنىمۇ قىلمىدى.

بىر دەمدىن كېيىن غېنى شاڭجاڭ قايتىپ كېلىپ، جايىدا مىدىرلىماي ئولتۇرغان ياسىنغا كايىپ كەتتى:

ــــ تېخىچە ئولتۇرغان گەپما، نېمەڭگە نېمەڭ يېتىشمەي قالدى ئەمدى؟

ــــ ئاۋۋال بىر ئولتۇرە ئاكا، ئۆپكەڭنى بېسىپ ما ھارىقىڭنى ئىچىۋەت...ــــ دېدى ياسىن شىر كەيىپ ھالدا،ــــ مۇشۇ تانسا دېگەن نېمە بىلەن ئېقىم كېلىشمەيدۇ. مەستلىكتە قالايمىقان دەسسەپ سالىمەن.

غېنى شاڭجاڭ قىزلاردىن بىرىنى چاقىرىپ:

ــــ ما ئاكىڭىز سىلەرنى تانسىغا تارتىشتىن خىجىل بولىدىكەن، ئاق تانسا ئويناپمەن دەيدۇ، ئۆگىتىپ قويۇڭ.

قىز ياسىننىڭ ئالدىغا كېلىپ، تارتىنىپ كۈلۈپ تۇرۇپ تانسىغا تارتتى.

ــــ قىزلىرىمدىن ئەڭ چىرايلىقى ساڭا قاراپ تۇرۇپتۇ، ئەمدىغۇ قوپارسەن...ــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ ھاراقنى قولىغا ئېلىپ.

ياسىن ئىلاجىسىز ئورنىدىن قوپۇپ تانسىغا چۈشتى، تانسا ئوينىمىدى، بەلكى بۇ چىرايلىق قىزغا ئېسىلىپ ئۇياق-بۇياققا ماڭدى، نەچچە قېتىم قىزنىڭ پۇتىنى دەسسىۋالدى. بەدەنلەر ئاندا-ساندا تېگىشتى، نەپەسلەر ئۆتۈشتى. كەيپچىلىكمۇ ياكى قىزنىڭ بەدىنىدىن كېلىۋاتقان ھارارەتمۇ، ئەيتاۋۇر ياسىننىڭ ئىچى قىززىپ، يوشۇرۇن ئىستەكلىرى لاۋۇلداپ يېنىشقا باشلىدى، بۇ ئوت ئۆيدە قالغان خوتۇنىغا كېتىپ بارامدۇ ياكى ئالدىدىكى بۇ قىزغا كېتىپ بارامدۇ، ئاڭقىرالماي قالدى.

تانسا تۈگەي دېگەندە ياسىننىڭ تېلېفونى جىرىڭلاپ كەتتى.

ــــ تېلېفونىڭىز بەك توۋلاپ كەتتى،ــــ دېدى قىز.

ــــ ھە... ئويناپ نەگە كەلدۇق...

ــــ ئويناپ توختىغان يەرگە،ــــ دېدى قىز ياسىننىڭ كەيپلىكتە خۇمارلىشىپ كەتكەن كۆزىگە قاراپ كۈلۈپ.

بۇ ئۇماق كۈلكە ۋە چىرايلىق جاۋاب ياسىننىڭ ئېسىدە قالدى. ئۇ تېلېفونغا قاراپ خوتۇنىدىن كەلگەنلىكىنى بىلىپ، قايتۇرۇپ ئۇردى.

___ بىر ئىش چىقمىغاندۇ خوتۇن؟

___ ئىلشات قىزىپ قالدى، دوختۇرخانىغا ئاپارمىساق بولمىغۇدەك...

___ ھوي قاچان، بايىلا ساپ-ساق تۇراتتىغۇ؟

___ سىز كېتىپلا ئۆزگىرىپ قالدىغۇ تاڭ... ئەنسىرەپ قالدىم.

___ ماقۇل، مەن ھازىر باراي.

ياسىن غېنى شاڭجاڭغا ئەھۋالنى ئېيتتى.

___ سورۇن ئەمدى قىزىۋاتقاندا بالاڭنىڭ قىزىپ كەتكىنى چاتاق بوپتۇ...

___ مېنىڭغۇ ئولتۇرغۇم بار ئىدى، كىم ئويلىغان دەيسەن ئاكا بۇ ئىشنىڭ چىقىشىنى...

___ تۈزۈك ئويىنيالماي كېتىپ قالىدىغان بولدۇڭ-دە، بوپتۇ، كېيىن يەنە پۇرسەتلەر چىققۇ، ھە راست، مەن دېگەن ئىشنى ئويلىشىپ باققىن، ئاشخاناڭغا زادى بىر قىز لازىم.

___ ھە.. مەن ئويلىشىپ ئاندىن ساڭا تېلېفون قىلاي.

ياسىن تاكسىدىن بىرنى توسۇپ ماڭدى، ئېغىرلىشىپ كەتكەن بېشىنى يۆلەنچۈككە تاشلاپ كۆزىنى يۇمدى، خوتۇن-بالىسىنى ئويلىسا كاللىسى شۇنچىلىك ئېغىر، بايىقى قىزنى ئويلىسا شۇنچىلىك يەڭگىل. ئۇ ئاشخانىسىغا بارغىچە مۈگدەپ قالغانىدى، تاكسى توختىغاندا ئىختىيارسىز چۆچۈپ ئويغاندى. پۇلنى بېرىپ تاكسىدىن چۈشۈپ ئۆيىگە كىردى، ئوغلى بىر تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى، خوتۇنى يوتقاندا ئۇنى ساقلاپ ياتقانىدى.

___ بالىنى ئاغرىپ قالدى دەۋاتاتتىڭ، كىيىمىڭنى كىيمەي يوتقانغا كىرىۋاپسەنغۇ...

___ دورا ئىچۈرۈپ قويغانىدىم، ياخشى بولۇپ قالدى...___ دېدى خوتۇنى ناز بىلەن كۈلۈپ.

___ ھەي سېنى، مەندىن ئەنسىرەپ تاپقان ئويۇنىڭمۇ بۇ؟!

___ شۇ... سىز بولمىسىڭىز پەقەت ئۇخلىيالمايدىكەنمەن. مېنى ئۇخلىتىپ قويامدىكىن دەپ چاقىردىم، بولماپتىما؟

ياسىن گەپ قىلماي يېشىنىپ كىرىپ ياتتى، ئاندىن خوتۇنىنىڭ تاقەتسىز شەھلا كۆزلىرىگە تىكىلىپ:

ــــ سەن تۇرساڭ ماڭا ئۇنداق يەردە نېمە بار-ھە... ــــ دېدى ۋە ھاياجاندا تىپىرلىدى، تانسا ئوينىغاندا ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان ئوت ئاستا-ئاستا ئۇلغايدى، كۆيۈپ-كۆيۈپ ئۆچتى؛ ئەمما نېمىشقىكىن بۇ قېتىمقى ھېسسىيات بۇرۇنقىغا ئانچە ئوخشىماي قالدى، ئايالىنىڭ ۋۇجۇدىغا بايىقى قىزنىڭ ۋۇجۇدى ئارىلىشىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى، بۇ نېمە ئىش؟ ئۇ خوتۇنىنىڭ چىرايىغا نەچچە قېتىم ئەندىكىپ-ئەندىكىپ قاراپ كەتتى، بىراق خوتۇنى كۆزىنى يۇمۇۋالغان بولغاچقا بۇنى بايقىيالماي قالدى.

3

ياسىن كۈنلىرى ئاشخانىسىنى ماڭدۇرۇش بىلەن ئالدىراش ئۆتەتتى، ئۇ ھەممە ئىشقا چېپىلىۋالمىغان بىلەن دائىم ھەممە ئىشنىڭ بېشىدا تۇراتتى، يوقنى تېپىپ، ماڭمىدىغان يولنى مېڭىپ تۇراتتى. ئاشپەزلەرنىڭ دەردىنى تىڭشىمىسا بولمايتتى. بىر يىل ئىشلەپ بەرگەن سوگوزىچى يۇرتقا كېتىۋىدى، ئاشخانا چۆلدەرەپ قالدى. بۇ كىچىك شەھەردە دەرھال ئاشپەز تاپقىلى بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ غېنى شاڭجاڭغا تېلېفون قىلدى.

ــــ كاۋاپچى دېسەڭ تولا گەپ، ھەتتا خەنزۇلارمۇ قىلالايدىغان بولۇپ كەتتى ئۇ ئىشنى. ئەمما ئاشپەز تاپماق تەس.

ــــ ئەجەپ ئەتىۋار بولۇپ كەتتى بۇ گۆيلار، ــــ دېدى ياسىن جىلە بولۇپ،ــــ ئاشپەز بولمىسا ئىش توختاپلا قالىدىكەن، يا خوتۇنىنى سەي قورۇغىلا دېگىلى بولمىغان.

ــــ ياق-ياق، خوتۇنۇڭنى جىم قوي، بىر چىرايلىق خوتۇنۇڭنى جاپاغا سېلىپ، قېرىتىپ قانداق قىلسەن، مەن بىر ئامالىنى قىلىپ ساڭا تېلېفون بېرەي.

ــــ ئاۋارە قىلدىم ئاكا، ئەمسە چوقۇم تېلېفون قىل.

ياسىن غېنى شاڭجاڭغا دېمەيدىغان گەپلەرنى دەپ سالغاندەك بىئارام بولدى، ئەمما بېشىغا ئىش كەلگەندە نوچىلىق قىلىپ يۈرۈۋەرگىلى بولمايدۇ، ئاشخانىسىنى ماڭدۇرۇشى، پۇل تېپىشى كېرەك. ئالدىغا ماڭمىسا كەينىگە چېكىنىدىغان گەپ.

ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن غېنى شاڭجاڭ ياسىنغا تېلېفون قىلىپ ئۇنىڭ قېشىغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ھايال ئۆتمەيلا دىققاق بىر بالىنى باشلاپ ياسىننىڭ ئاشخانىسىغا كەلدى. ياسىن ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، ئۇلارنى جوزىغا باشلىدى. ياسىن بىر قاراپلا ئۇ بالىنىڭ چەكمەيدىغانلىقىنى، ساغلام ھەم تېتىكلىكىنى، بويسۇندۇرۇپ كېتەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ــــ نەچچە كۈندىن بېرى مەنمۇ ساڭا ئوخشاش جىددىيلىشىپ قالدىم،ــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ،ــــ ئاخىرى مۇشۇ بالىنى مىڭ تەستە ئۇرۇمچىدىن چاقىرىپ كەلدىم، ئۇ يەردىكى ئىش ھەققى تۆۋەن ئىكەن، سەن جىقراق بېرەرسەن...

ــــ ئۇنىڭدا چاتاق يوق، بىز ئۇنچىلىك چۇپېي ئادەم ئەمەس،ــــ دېدى ياسىن ئۇ بالىغا بىر قاراپ قويۇپ،ــــ قارىسام بولىدىغاندەك قىلىدۇ.

ــــ ھازىر ماختىسام بولمايدۇ، كېيىن بىلىپ قالىسەن، ئاشخاناڭنى ئەمدى ئادەم باسىدۇ.

ــــ دېگىنىڭ كەلسۇن ئاكا، بۇ بالىنى تونۇشتۇرۇپ قويمىدىڭ.

ــــ ھاشىم دوغلاق،ــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ چاقچاق قىلىشۋاتقاندەك،ــــ شۇنداق دېسەك بولار ھاشىمجان؟

ھاشىم دوغلاق كۈلۈپ قويۇپ گەپ قىلمىدى.

ــــ بۇ بالا يېڭى كەلگەچكە تارتىنىپ گەپ قىلمايۋاتىدۇ.

ئەمما ياسىن ئۇنىڭ بۇ تەرىپىنى ياقتۇرماي قالدى، " بۇ ئاداش مۆڭمۇ نېمە، يا گەپ قىلىشنى بىلمەمدۇ" دەپ ئويلىدى.

ــــ بايا قارىسام خېلى ئوچۇق كۆرۈنۈۋاتاتتى، ئادەمنى تېشىدىن بىلمەك تەسكەن جۇمۇ، ــــ دېدى ئۇ ھاشىمغا قاراپ چاندۇرماي كۈلۈپ.

ــــ بەك شوخلىشىپ كەتسە باشقۇرالماي قالىسەن ئۇكا، يۇۋاشراق بولغىنى ياخشى.

ــــ باشقىسى مەيلى، ھۈنىرى جايىدا بولسىلا بولدى.

ــــ ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمە، ئۆزەمگە ئېلىپ قالماي ساڭا ئەكەلدىم بۇنى...

غېنى شاڭجاڭ ئاشخانىنىڭ ئىچكىرىسىگە پات-پات قارايتتى، چىرايلىق جۇۋان ھېچ چىقاي دېمەيتتى،

ياسىندىن«خوتۇنۇڭ كۆرۈنمەيدىغۇ؟» دەپ سورىيالماي، گەپنى باشقا ياققا يۆتكىدى:

ـــ ھە راست، پەقەت سورىماپتىمەن، ھېلىقى كۆنى بالاڭ قانداق بولدى؟

ـــ ھە، چوڭ ئىش يوقكەن، ساقىيىپ قالدى.

ـــ تۆرۆك ئولتۇرالماي كەتتىڭ، قانداقراق بولدى سىنىڭچە ئۇ ئولتۇرۇش؟

ـــ پەيزى بولىدىغۇ، مۇساپىرچىلىقتا ئۆز يۇرتىمىزدا توي ئويىنىغاندەك بولدۇق.

ـــ ئەمدى ئالدىمىزدا ئاشقلار بايرىمى كېلىمىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاياللار بايرىمى، ياشلار بايرىمى، ئانىلار بايرىمى.... مېنىڭ بۇ خوتۇنۇم قالتىس دەيمەن، ھېچقانداق بايرامنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ئالاھىدە كۈنلەردە ئالاھىدە سوۋغات ئالمىساڭ كېچىپ كېتىمەنلا دەيدۇ، ئادەتتىكى كۈنلەردە گۈل سوۋغا قىلىپ تۇرمىساڭ قاپىقى ئېچىلمايدۇ...

ـــ ساڭمۇ تەسكەن دېگىنە ئاكا، مېنىڭ خوتۇنۇمنىڭ ئۇنداق بايرام بىلەن قەتئىي چاتىقى يوق.

ـــ ئوبدان خوتۇنكەن، خۇدايىم بېرىپتىكەن سەن گۇيغا، مېنىڭمۇ مۇشۇنداق خوتۇنۇم بولىدىغان بولسا، ئۈچ خوتۇن ئەمەس، بىرەر يۈز خوتۇندىن كېچىپ كېتەتتىم جۇمۇ...

غېنى شاڭجاڭ ياسىننىڭ قاپىقىنىڭ تۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ گەپنى يىغىشتۇرۇۋالدى:

ـــ باشقىچە چۈشەنمەۋا گۇي، خوتۇنۇڭنى ماختاپ قويغانغا كۈنلەۋاتامسەن، كۈنلەمچىنىڭ كۆزى يامان دەپ، ئادەمگە سەت قارىما. ئەر كىشىنىڭ چىرايلىق خوتۇندىن زوقلىنىشى تەبىئىي ئىش، ھەتتا ئاپاڭ بولسىمۇ زوقلىنىسەن، قانداق دېدىم؟ چۈنكى ھەممىمىز ئايال كىشىنىڭ شۇ يېرىدىن چۈشكەن، مەمىقىنى شوراپ ئەمگەن، يالغانمۇ يا؟ ئەر كىشى دېگەن خوتۇن خەق ئالدىدا مەڭگۈ بالا، كېچىدە بېشىڭنى خوتۇنىڭنىڭ مەيدىسىگە چاپلاپ ياتمىساڭ ئۇيقۇڭ كەلمەيدىغاندۇ؟

ياسىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى، دوغلاق ھاشىم ئاغزىنى ئېچىپلا قالغانىدى.

ـــ خوتۇننى كۈنلىمگەن ئەر ئەر ئەمەس، مەنمۇ گەپنى ئوچۇق قىلاي،ـــ دېدى ياسىن.

ـــ مانا ئوغۇل بالا، يىگىتتەك گەپ قىلدىڭ.

ـــ لېكىن ئاكا، سەنمۇ بەزى گەپنى بەك ئاشۇرۇۋېتىدىكەنسەن.

ـــ مېنىڭ ئېغىزىم شۇنداق، ئىچىمدە گەپ ياتمايدۇ، بەزى ئىشنى ئاشكارا دېيىش كېرەك، يوشۇرۇپ نېمە

قىلالىتتۇق؟

ــــ مەنمۇ مۇشۇ پىرىگىنى دەيمەن-دە، لېكىن بەزىدە ئېغىزىڭدىن كېتىپ قالىسەن.

ــــ دەيدىغاننى دەۋالىسام قىينىلىپ كېتىدىكەنمەن،ــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ چايدىن بىر ئوتلاپ،ــــ ئەلۋەتتە گەپنى چاغلاپ قىلىش كېرەك.

ياسىن دوغىلاق ھاشىمنىڭ جىمغۇرلۇقنى ياراتمىغاچقا، غېنى شاڭجاڭنىڭ ئوچۇقلۇقنى كۆڭلىدە ماختىدى، دوغىلاق ھاشىم بۇ گەپلەر ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك خىيالىي ئولتۇراتتى.

ــــ بۇ بالا پەقەتلا گەپ قىلمامدۇ نېمە؟ــــ دېدى ياسىن ئۇنىڭغا قاراپ ئىچى سىقىلىپ.

ــــ جوڭلارنىڭ گېپىگە قوشۇق سالماي دېگەندۇ، گەپ قىلسا ئېشىپ كەتتى دەيسەن، گەپ قىلمىسا مۆرىمىدى دەيسەن، ساڭا قانداق ئادەم بولسا بولاتتى؟

ــــ ئادەم دېگەننىڭ بىر قېلىپتىن چىقمايدۇ...ــــ دېدى ياسىن غودۇڭشىپ.

ــــ شۇ ئەمەسمۇ، ئارتۇق گەپنى قويۇپ بۇ بالىنى قولۇڭغا ئال، ئاشخانىڭنى ماڭدۇرۇۋال.

غېنى شاڭجاڭ ئۆزاپ ماڭدى، ياسىن ئۇنىڭ كەينىدىن چىقىپ، بالىنىڭ كىراسىنى بېرىدىغانلىقنى ئېيتتى.

ــــ ئا... مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن ئۇكا، بەك بەرگىڭ كېلىپ كەتسە، شۇ بالىنىڭ ئىش ھەققىگە قېتىپ بەر، تونۇشۇمنىڭ ئوغلى دېگىنە، قاراپ قويارسەن.

ياسىن ئارتۇق تارتىشمىدى، خوتۇننى كۆرەلمەي ئارماندا كەتكەن غېنى شاڭجاڭنى ئۆزىتىپ قويۇپ، ئاشخانىغا كىردى. ھاشىم دوغىلاق ئاشخانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ساتىراچخانىدا يوتىلىرىنى چىقىرىپ ئولتۇرغان تەتەي قىزلارغا قاراپ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئولتۇراتتى.

ــــ كۆزۈڭ تېشىلىپ كەتمىسۇن ئۇكا، بوشراق قارا، كۆزىنى قىسقاننىڭ ھەممىسىگە قاراۋەرمە..

ــــ ياقەي... نېمانداق كۆپ ساتىراچخانا بۇ دەپ ھەيران قېلىۋاتىمەن.

ياسىن ئۇنىڭ دەرھال زۇۋان سۈرگىنىدىن خۇرسەن بولدى، دۇتارنىڭ زىل تارىسىدەك چىقىۋاتقان ئاۋازىغا قاراپ، ناخشىچى بولسا بولىدىغان گۈيكەن بۇ دەپ ئويلىدى.

ــــ ئۈرۈمچىدە كۆرمىگەنمۇ بۇنداق يەرلەرنى؟

ـــــ كۆرگەن، لېكىن بۇنداق قاتار كەتكەن ساتىراچخانىلارنى كۆرمىگەن.

ـــــ يەنە نېمىنى كۆرمىگەن، ئاق يوتىلىق، سېرىق چاچلىقلارنى كۆرمىگەنمۇ؟

ـــــ كۆرگەن، لېكىن بۇلار بەك ئاشكارە...

ـــــ توي قىلغانمۇ؟

ـــــ ياق، تېخى ئەمدى 20 گە كىردىم.

ـــــ ئىش كۆرۈپ باققانمۇ؟

ھاشىم دوغىلاق جاۋاب بەرمىدى.

ـــــ ئۇرۇمچىلىكتەكمۇ قىلمايسەن، بىكار ئولتۇرۇپ قالساڭ چاتاقمۇ نېمە؟ كاللاڭنى يىغىپ، ما ئاشخانىنىڭ ئىشىغا كەل، ھازىرلا كىرىپ چۈشاڭنى بىر تازىلىۋەت، ئەتە سەي چىقىرىپ سودىنى باشلىمىساق بولمايدۇ.

ھاشىم دوغىلاق ئىتائەتكارلىق بىلەن ئورنىدىن قوپتى. ئۇ بىر مۇنچە سەتەڭلەر جايلاشقان، ئورنى ياخشى مۇشۇنداق بىر ئاشخانىغا كەلگىنىدىن خۇشالدەك كۆرۈنەتتى.

بىر مۇنچە سېرىق سەتەڭلەر كۆندۈزى ھاشىم دوغىلاقنىڭ كۆز ئالدىدا، كېچىسى تەسەۋۋۇرىدا ئايان بولاتتى، ئارام بەرمەيتتى. ئارقا ھويلىدىكى ئاشپەزلەر ياتىقىدا 17 سۇڭلۇق كونا تېلېۋىزوردىن بۆلەك ئۇنى جەلپ قىلغۇدەك ھېچ نېمە يوق ئىدى، ئۇ نەچچە قېتىم بۇ ياتاقنى ئۆزگەرتىپ بېقىشنى، تامغا يالىڭاچ قىزلارنىڭ رەسىملىرىنى چاپلاشنى، ئۆز ئالدىغا ۋىدىيو ئاپپاراتى ئېلىپ سېرىق فىلىملەرنى كۆرۈشنى ئويلىدى، ئەمما مىيەنجاڭ بالىنىڭ ئۇنداق ئىشلار بىلەن خوشى بولمىغاچقا، ئويلىغىنىنى قىلالمىدى. تاماكا خۇمارى ئۇنىڭ ئۇچۇن پەقەت بولمىغاندا سىغىنىدىغان، ئىچ پۇشۇغىنى چىقىرىدىغان ئەڭ رەزگى خۇمار ئىدى، قازان بېشىدا ئىشلەپ چارچىغاندا ياكى خېرىدار ئۈزۈلگەندە ئۇ جوزىلارنى رەتلەپ بولۇپ، دېرىزە يېنىغا كېلىپ تاماكا چەككەچ ساتىراچخانا قىزلىرىغا قارايتتى.

بىر كۈنى ئۇ شۇنداق قاراپ ئولتۇرغاندا ياسىنىڭ شۇ ساتىراچخانىلاردىن بىرىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى، تاماكىسىنى يەرگە تاشلىۋەتتى؛ ئاندىن ئۇنى دەسسەپ ئېزىۋەتكەندىن كېيىن ئاشخانىنى تازىلاشقا چۈشتى. خوجائاكىسى ئۇ يەردە نېمە ئىشلارنى قىلىپ چىققاندۇ؟ چېچىنى ياساتقانمىدۇ؟ بەدىنىنى تۇتقۇزغانمىدۇ؟ پۇتىنى يۇغۇزغانمىدۇ؟ ياكى باشقا ئىشلارنىمۇ قىلدىمۇ؟...

ھاشىم دوغىلاق كۆڭلىدە خۇشال بولدى، ياسىننى ئەزەلدىن ئۇ يەرگە كىرمەيدۇ دەپ ئويلىغانىدى ھەم ئۇنىڭ ئۇ يەرگە كىرگەنلىكىنىمۇ كۆرمىگەنىدى. ئەر كىشى ئەمەسمۇ، خوتۇنى چىرايلىق بولغان بىلەن باشقىسىنىمۇ تېتىپ باققۇسى كېلىدىغاندۇ...

ياسىن ئاشخانىغا كىرگەندە ئۇ تېخى يەرلەرنى سۈرتۈپ بولالمىغانىدى، بېشىنى كۆتۈرۈپ خوجايىنىغا قارىدى، چېچىنى ياساتقاندەك قىلاتتى.

ــــ جاپا چېكىۋاتىسەن ئۇكا، چىداپ ئىشلەپ تۇرغىن،ــــ دېدى ياسىن ئىچكىرىكى ئۆيگە ماڭغاچ،ــــ يېقىندا ھاماچامنىڭ ئوغلى كېلىدۇ، سەن ئەمدى قازان بېشىغىلا مەسئۇل بولىسەن.

ھاشىم دوغىلاق بۇ خەۋەردىن خۇش بولمىدى، قازان بېشىدىلا يۈرسە تالانى كۆرەلمەيدۇ، ھاماچىسىنىڭ ئوغلى كەلسە ياتاقنى تېخىمۇ تارلاشتۇرىدۇ، ئىككى ئادەم ئارىسىدا ھاشىم تېخىمۇ قىسىلىدۇ، شېرىن خىيال سۈرەلمەيدۇ، مىجەزى كېلىشەلمىسە ھەتتا ئۇرۇش-جېدەل چىقىدۇ، لاۋبەن ئاكىسى ئۇنىڭغا يان باسىدۇ. بۇ چاغدا بۇ يەردىن كەتمەي ئىلاج يوق، سىرىق سەتەڭلەرنى كۆرەلمەيدۇ، خىيالىغا يېتەلمەي ئارماندا كېتىپ قالىدۇ...

ئۇ بېلىنى رۇسلاپ ئۆرە بولدى، توختاپ دېمىنى ئېلىپ تالاغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن قالغان يەرلەرنى چالا-پۇچۇق سۈرتۈپ ياتىقىغا كىرىپ كەتتى.

كەچتە ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىتلاردا خېرىدار كېلەتتى، شۇڭغىچە ئۇ تاماكا چەككەچ كەيپ سۈرۈپ، ئىس-تۈتەكتەك يەڭگىللەپ، بىر-ئىككى سائەت ئارام ئېلىۋالالايتتى.

بۈگۈن ياسىن ئۇنى بالدۇرراق تۇۋلاپ قالدى، ئۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، خېمىردەك ئېزىلىپ ياتقان مېيەنجاڭ بالىنى نوقۇشلاپ ئويغىتىپ قويۇپ، ھارغىن قەدەملىرىنى سۆرەپ ئاشخانىغا ماڭدى.

يېڭى كەلگەن خېرىدار ۋاقىت قارىشى يوق بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇق ئىدى، بىر-بىرىگە قارىشىپ يۇقىرى ئاۋازدا پاراڭ سېلىپ كۈلۈشۈپلا ئولتۇراتتى. ياسىننىڭ خوتۇنى ئۇلارغا چاي قۇيۇپ تاماق تىزىملىكىنى بەردى. ئىككىسى تەڭلا بۇ چىرايلىق جۇۋانغا قاراپ كەپتىن توختاپ قېلىشتى؛ قىز بالدۇرراق ئېسىگە كېلىپ، ئوغۇل دوستىغا مەسلىھەتمۇ سالماستىن تاماق بۇيرۇتتى.

ھاشىم خان ئاچىسىنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلىدى، بۇ سادا ھەر كۈنى تەكرارلىناتتى:

ـــ بىر داپەنجى، لازا چاۋرۇدىن بىر، گۆشباۋ جىددىڭدىن بىر...

هاشىم دوغلاق خان ئاچىسىنى ھەر بىر كۆرسە خوجايىنىغا بىر قېتىم ھەۋەسلىنەتتى. بۇنداق گۆزەل ئايال بەربىر ئۆزىگە تەۋە بولمىغاچقا ئۇنىڭدىن تېزلا ۋاز كېچىپ، ھامان بىر كۈنى پۇل بىلەن بولسىمۇ ئېرىشىشى مۇمكىن بولغان سېرىق چاچ قىزلارنى خىيال قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇراتتى.

ئۇ بۇ كەچتە 11 گىچە ئىشلەپ قالدى؛ چارچاپ ھالىدىن كېتەي دېگەندە ياتىقىغا كىرىپ، قەدىناس كارىۋىتىغا يانپاشلاپ، مايلىشاڭغۇ كىيىملىرىنى سىلىپ تاشلاپ، شىرىن خىيال سۈرۈپ ياتتى. چۈشىدە سېرىق سەتەڭلەرنى كۆرۈپ ئەتىسى بىر ھازا چۈشىنى ئەسلىدى.

بۇ ئەتىسى ياسىن خوتۇنىنىڭ قۇچىقىدا ئويغىنىپ، ئويلىمىغان سوئال-سوراققا دۇچ كەلدى:

ـــ چېچىڭىزنى ياستىپسىزمۇ دەيمەن، نەدە ياساتتىڭىز؟

ـــ ساتىراچخانىدا بولمامدۇ... ـــ دېدى ياسىن ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئاچالماي.

ـــ قايسى ساتىراچخانىدا؟

ـــ ئالدىمىزدىكىسىدە بولمامدۇ... يەنە نەگە بېرىپ يۈرەتتىم.

ـــ ئۆيدە بىر قات كىرنى يۇيۇپ بولغىچە كۆزۈمدىن قېچىپسىز-دە!

ـــ ھەممە ئىشنى ساڭا دەپ قويۇپ قىلامتىم؟

ـــ ئەركىشىگە ياساتتىڭىزمۇ يا شۇ مايماقلارغا ياساتتىڭىزمۇ؟

ـــ بۇ يەردە ئەر ساتىراچ نېمە ئىش قىلىدۇ دەيسەن، ھەممىسى خوتۇن خەقنىڭ پۇتىنى يۇيۇش بىلەن ئالدىراش تۇرسا...

ـــ شۇڭا مەن سوراۋاتىمەن، پەقەت ياستىپلا قويدىڭىزمۇ ياكى باشقا ئىشنىمۇ قىلغۇزدىڭىزمۇ؟

ـــ چاچنى يۇيدى، كەينىدىن ياساتتىم، نېمە بولدى ئەمدى سوراپ كەتكۈدەك؟

ـــ بېشىڭىزنى يۇغاندا ئەنمو قىلىپ قويغاندۇ تايىنلىق... دائىم بۆرەك يەيدىغان ھېلىقى بىر نېمىنىڭ ئالدىغا كىردىڭىزغۇ دەيمەن.

ياسىن خوتۇنىنىڭ بۇ ئىشقا بولغان سەزگۈرلۈكى ۋە نارازىلىقىنى ھېس قىلىپ بىئارام بولدى. دەرۋەقە ئۇ ئاشۇ

سەتەڭنىڭ ئالدىغا كىرىپ چاچلىرىنى يۇيغۇزۇپ، بېشنى تۇتقۇزغان ھەمدە ئالىلقاندىلاق غىدىقلىنىش ئىچىدە غېنى شاڭجاڭنىڭ " بېيجىڭدا بېشىڭدا تۇتقۇزساڭ 40 كوي، بۇ يەردە خالىغىنىڭنى قىلالايسەن" دېگەن گەپلىرىنى ئويلاپ قالغانىدى. سەتەڭ ئۇنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، قولاق تۈۋىگە يېقىن كېلىپ شۇ ئىشنىڭ شەپىسىنى پۇراتقان چاغدا چۆچۈپ، تېزلا رەت قىلىۋەتكەنىدى. بۇنى خوتۇنىنى دەپ شۇنداق قىلغانىدى، بىر ھېسابتا نەپسىنى يەڭگەنىدى. بۇمۇ ياسىن ئۈچۈن ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. ئەمما خوتۇنى قويۇپ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيۋاتقاندەك گەپ قىلىۋاتاتتى.

ــــ ئەتىگەندە ساڭا نېمە بولدى؟ــــ دېدى ياسىن ئۇۋاللىقتا ئۆچرىغان ئادەمدەك زارلىنىپ، ــــ مېنى شۇنداق پەس چاغلاپ قالدىڭما؟

ــــ بېشىڭىزنى تۇتقۇزغىنىڭىز راستمۇ؟

ياسىن گەپ قىلماي تۇرۇپ قالدى، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى.

ــــ گەپ قىلمىغىنىڭىزغا قارىغاندا تۇتقۇزۇپسىز-دە!

ــــ تۇتقۇزغانغا نېمە بولاتتى؟ــــ دېدى ياسىن جىلە بولۇپ،ــــ ئىشلەپ چارچىغاندا چاچ ياستىپ، باشنى تۇتقۇزۇپ قويسا كاللا ئارام تېپىپ قالىدىكەن. بۇنىڭ نېمىسى يامان؟

ــــ كەچتە مەن تۇتۇپ قويسام بولمامدۇ؟ چوقۇم شۇ يەرگە بېرىش كېتەمدۇ؟

ــــ بۇندىن كېيىن تۇتۇپ قويارسەن، بولدىمۇ ئەمدى...

ــــ كۆڭلۈمنى ئەجەپ يېرىم قىلدىڭىز...ــــ دېدى خوتۇنى چىرايلىق كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

ــــ ھوي نېمە بولدۇڭ بىر دەمدە، مانى قارا، توۋا...ــــ دېدى ياسىن خوتۇنىغا قاراپ ئەجەبلىنىپ،ــــ نېمىگە يىغلايسەن، مەن ھېچ چۈشەنمىدىمغۇ؟

ــــ سىز چۈشەنمەيسىز... كۆڭلۈمنى قاچان چۈشىنىپ باققان سىز...ــــ دېدى خوتۇنى كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ،ــــ بېشىڭىزنى تۇتقۇزۇشىڭىز سىز ئۈچۈن چوڭ ئىش ئەمەس، ئەمما مەن ئۈچۈن چوڭ ئىش. باش دېگەن مۇھىم نەرسە، بۇگۈنسى بېشىڭىزنى تۇتقۇزسىڭىز ئەتىسى قويۇپ باشقا بىر نېمىڭىزنى تۇتقۇزغىڭىز كېلىدۇ. ئاخىرى كېلىپ ئىشتىن چاتاق چىقىدۇ، مەن شۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەن...

ــــ مەن سەندەك بەك ئويلاپ كەتمەيتمەن...

___ سىز ئويلىمىغاننى مەن ئويلايمەن، خوتۇن خەق دېگەن نازۇك كېلىدۇ، بۇنى بىلمەمتىڭىز؟ ئېرىمنىڭ بېشىنى باشقا مەينەت قوللار تۇتۇپ يۇرسە كۆڭلۈم ئېلىشمامدۇ، سىز بىلەن بىر ياستۇقتا قانداق باش قويىمەن؟!

___ توغرا دەيسەن، بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلاي.

ياسىن بىر دەم خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلدى. ئەمما ئۆز خىيالىغا قايتقاندا بولسا خوتۇنىنىڭ بەك چەكلەپ قويغىنىدىن ئىچى سىقىلغاندەك بولدى. ئۇ كۆندۈزى ئاشخانىسىنى چۆرىلىپ، كېچىسى خوتۇنىغا ھەمراھ بولۇپ ياشاۋاتقان بىلەن ئاشۇ كۆنى غېنى شاگىجاڭنىڭ رېستۇرانىدا ئوينىغان تانسىنى، قىزنىڭ نازۇك بېلىنى، ئوماق كۈلكىسىنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. خوتۇنىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ساتىراچخانىدىكى قىلمىشىدىن سەسكىنگەندەك قىلغان بىلەن، ئاشۇ سەتەڭنىڭ بېشىدىن قاس چىقىرىۋەتكەن راھەتلىك قوللىرىنى، قۇلاق تۈۋىگە كېلىپ شەيتاندەك شىۋىرلاشلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىۋەتكىنى يوق... خوتۇنىغا ۋاپادار، ئالىيجاناپ كۆرۈنگەن بىلەن، بۇنىڭغا ماس كەلمەيدىغان گۇناھلىق ئىشلارنى سېغىنىپ يۈرگىنىدىن ئەنسىرىگىنى يوق... ئۇنچىلىك ئىشلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا خوتۇنىغا خيانەت ھېسابلانمايدۇ، ئوقەتچىلەر ئىچىدە ئۇنىڭدەك پاكىز، ياخشى ئەر نەدە؟! مەست بولغۇدەك ئىچمەيدۇ، ئۆلگۈدەك چەكمەيدۇ، قىمار ئوينىمايدۇ، پاھىشۋازلىق قىلمايدۇ، ئەخمەت شاگىجاڭنىڭ ئۈچ خوتۇنى بار، تېخى خوتۇننى قارىتىپ قويۇپ بارلىق كېپىنەك قىزلىرى بىلەن تانسا ئوينىيالايدۇ. خوتۇنى ئەمدى يەنە نېمىدىن رازى بولمايدۇ؟... بۇلارنى ئويلاپ ئۇنىڭ قارنى سەل كۆپتى. ئەمما ئارزۇلاپ ئالغان خوتۇنىنىڭ گۈزەللىكى ۋە جان كۆيەرلىكى ئالدىدا ئۇنى ئەيىبلەشكە ھېچ باھانە تاپالماي قالدى. پەستە ياتقان ئوغلىغا قاراپ يۈرىكى ئاغدى، بالىسىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى پاكلىق، سەبىيلىك ئۇنىڭ كاللىسىغا شۇئان تەسىر قىلدى.

ئەتىگەندە ئۇ خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويسا بىر كۈن كەچكىچە كۆڭۈلسىز ئۆتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئېزىلىپ ئولتۇرماي خوتۇنىغا ناشتىلىق تەييارلىشىپ بەردى، چاقچاق قىلىپ كۆڭلىنى ئالدى، بىر ئوبدان ناشتا قىلغاندىن كېيىن، ئوغلىنى موتوغا مىندۈرۈپ، يەسلىگە ئېلىپ كەتتى.

4

ياسىننىڭ روھى دۇنياسىغا بىر نەرسىلەر قوشۇلۇپ قالدى. چىرايلىق خوتۇنىغا نېمىشقىدۇر بۇرۇنقىدەك ساپ

دىللىق بىلەن بېرىلمەيدىغان، مەھلىيا بولمايدىغان بولۇپ قالدى. بىراۋلار قارىسا كۆزلىرى چەكچىيىپ، شۆلگەيلىرى ئېقىپ كېتىدىغان شۇ گۈزەل رۇخسار ياسىنغا كۈندە كۆرۈپ تۇرىدىغان، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن گۈزەللىكى بىلىنمەيدىغان ئەتىر گۈلگە ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. رەيھان بىكار بولسىلا ئۆي ئىشىنى قىلىپ، بالىغا قاراپ، زىخقا كاۋاب ئۆتكۈزۈپ، جوزا سۈرتۈپ، تاماق تىزىملاپ، چاي تۇشۇپ، كېچىدە يەنە ئېرىنى كۈتۈپ ھارمايتتى.

رەيھان بېيىجىڭدا ياشىغاندا بىر كۆمۈرخانا، بىر ئەدىيال ئىچىدىمۇ ئېرى بىلەن بەختلىك بولالىغان؛ نامرات، ۋەھىملىك كۈنلەردە بىر-بىرىگە ئادەتتىن تاشقىرى كۆيۈنۈپ، مۇشەققەتنى بىرلىكتە يەڭگەن. جاھاندا بۇنداق ئېسىل خوتۇننىڭ يوقلۇقىنى ياسىن ياخشى بىلەتتى، رەيھاننى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايتتى، ئۇنى ئۆزىگە نېسىپ بولغان، كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان بەخت دەپ ھېسابلايتتى، كۆڭلىدە پەقەت مۇشۇ سۆيۈملۈك خوتۇنىلا بار ئىدى؛ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئوقتى خېلى گۈللەندى، پۇل تاپتى، ئۆي سەرەمجانلىرى كۆپەيدى. ئەمما پۇل تاپقاندا ئەرلەرنىڭ ئاسان بۇزۇلىدىغانلىقىنى بىلىدىغان، ئۇنىڭدىن ئەنسىرەيدىغان رەيھان نەق شۇ ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، دەرۋەقە ئويلىمىغان ئىشلار چىقىشقا باشلىۋىدى، ئېرىگە ئادەتتىن تاشقىرى كۆز-قۇلاق بولۇشقا باشلىدى.

خوتۇنى ئۇنداق كۆيۈنۈپ ئىشلەۋاتقاندا ياسىن لاۋبەن بولدۇم دەپ لاغايلاپ يۈرەلمەيتتى، خوتۇنى گۆش بىلەن مايىنى ئارىلاشتۇرۇپ مارجاندەك تىزىپ ئۆتكۈزگەن كاۋابنى بارلىق ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ تەملىك پىشۇرۇپ، خېرىدارنى رازى قىلمىسا ۋە ئۇلارنى ئاشخانىغا كۆپلەپ جەلپ قىلمىسا بولمايتتى. ئەمما ئۇنىڭمۇ پۇل تاپقانچە كاۋابچىلىقتىن قۇتۇلۇپ چوڭ لاۋبەن بولغۇسى، غېنى شاڭجاڭدەك ئىشتاننى قىرلاپ يۈرگۈسى بار ئىدى؛ قاچانغىچە كاۋابدان ئالدىدا ئىس-تۈتەكتىن بوغۇلۇپ، ساقال-بۇرۇتلىرىنى كۆيگە ملەپ يۈرۈيدۇ؟ شۇنچە يىل جاپا تارتقاندىن كېيىن ئەمدى ئۇنىڭ راھەتنى كۆرمەمدۇ؟ ھازىر مانا كىچىك بولسىمۇ نەچچە ئادەمنى باشقۇرۇپ يۈرۈيدىغان لاۋبەن. لاۋبەننىڭ قارا ئىش قىلغىنىنى كىم كۆرگەن؟ ئۇنىڭ ئىس-تۈتەك ئىچىدە چوغلارنى يەلپۈپ يۈرگىنىنى غېنى شاڭجاڭ كۆرۈپ قالىدىغان بولسا نېمە دەپ كېتەر؟!

قېرىشقاندەك، بىر كۈنى نەق شۇ پەيتتە غېنى شاڭجاڭ ئۇنى كۆرۈپ قالدى. ياسىن يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان خەقلەرنىڭ ئىشتىھاسىنى غىدىقلاۋاتقان خۇشپۇراق ئىس-تۈتەك ئارىسىدا باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتقاچقا غېنى

شاڭجاڭنى كۆرمىدى.

ــــ پاھ، قالتىسقۇ ئۇكا، كاۋابلىرىڭنىڭ پۇرىقىدىن ئۆزەڭ مەست بولۇپ كەتتىڭمۇ نېمە؟

ياسىن غېنى شاڭجاڭنى كۆرۈپ سەل جىددىيلىشىپ قالدىيۇ ، ئۆزىنى دەرھال ئوڭشاپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالاملىشىپ كۆرۈشتى.

ــــ مۇشەققەتچىلىك ئاكا، سىزنى كېلىدۇ دەپ بىكار قاراپ ئولتۇرالمايمەن-دە!

ــــ ئالدىراش ۋاقتىڭىزدا كېلىپ قاپتىمەن-دە!

ــــ ياقەي، كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇر، قولۇمنى بىكار قىلىپ ھازىرلا كىرىمەن.

غېنى شاڭجاڭ ئالتە جوزىلىق كىچىك ئاشخانىغا كىرىپ، تامدىكى ھەرەمنىڭ رەسىملىرىگە غەلەتىلىك كۆزلىرىدە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن دېرىزىنىڭ يېنىدىكى جوزىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئىچكىرىگە قارىدى، قاراپ تۇرۇشقا ياسىننىڭ خوتۇنى چەينەك كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى ۋە گويا بۇلۇت ئارىسىنى يېرىپ چىققان ئايدەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىنى يورۇتىۋەتتى. غېنى شاڭجاڭنىڭ پارقىراپ كەتكەن كۆزلىرى سەكراتتا ياتقان ئادەمنىڭ ھاياتقا تويماي قاراۋاتقان كۆزلىرىگە تولىمۇ ئوخشايتتى. رەيھان بۇ ئادەمنى كۆرگەن بولسىمۇ ئۇدۇل تىكىلىپ قاراپ باقمىغانىدى، ھازىر ئۇنى تۇيۇقسىز بۇ ھالدا كۆرۈپ تەمتىرەپ كەتتى، قاراپ سالغاندىكىن قېتىپ تۇرالمىدى، سۇس كۈلۈمسىرەپ ئالدىغا كەلدى.

ــــ قەدەملىرى يېتىپ قاپتۇ، چاي بولسىمۇ ئىچكەچ تۇرسىلا.

ــــ ھە... ماقۇل .. سىڭلىم..

رەيھان چاينى قۇيۇپ بولۇپ، ئارتۇق گەپ قىلماي كەينىگە ئۆرۈلۈپ ماڭدى. غېنى شاڭجاڭ ئۇنىڭ غۇنچە بويىغا، يۇمىلاق ساغرىسىغا قاراپ قالدى، ئېغىزىغا يىغىلغان سېرىق سۇلارنى يۇتقاچ چاي ئىچتى. ئۇ شۇنچە چىرايلىق قىز-چوكانلارنى كۆرگەن، كوچىدىمۇ، ئۆيىدىمۇ، كىيىم بىلەنمۇ، يالىڭاچمۇ.. ھەممىنى كۆرۈپ باققان. شۇنداقتىمۇ يەنە رەيھانغا كۆزى تويمىدى. نېمىشقا ئەمدى؟ ئۇنىڭ نەرى ئوخشمايدۇ؟ "بۇ بىر سەۋدالىق، بۇ بىر خۇمار... - دەپ ئويلىدى ئۇ، - ئىككى كويلۇق تاماكا چەككەن ئادەمنىڭ يۈز نەچچە كويلۇق تاماكا چەككۈسى كېلىدۇ، ئېرگوتو ئىچكەن ئادەمنىڭ ماۋتەي ئىچكۈسى كېلىدۇ. ھەممىسى ئوخشاش تاماكا، ئوخشاش ھاراق. ئەمما

ئادەم دېگەن تويمايدۇ..."

بىر دەمدىن كېيىن ياسىن مېھەنجاڭ بالىنى ۋاقتىنچە كاۋابدانغا قارىتىپ قويۇپ، غېنى شاڭجاڭنىڭ يېنىغا كەلدى. ياسىن بىر نەچچە خىل سەيلەرنى ئەكەلدۈرۈپ، جوزىغا هاراق تىكلىدى.

___كېلىپ قاپسەن ئاكا، لايىقىدا بولمىسىمۇ ئەمدى...

___ نەدىكى گەپنى قىلىدىغانسەن،___ دېدى غېنى شاڭجاڭ تاماكىسىنى كۈلدانغا قېقىپ،___ كايىپ كېتىۋاتىسەن، مەن مۇنداقلا بىر كۆرۈشۈپ ئۆتەي دەپ كەلگەن.

___ ئەمدى كەلسەڭ مۇنداقلا كەلمەي، راۋرۇس ئولتۇرغۇدەك بولۇپ كەل.

___ هە، ئىش ئوقىتىڭ قانداقراق؟

___ يامان ئەمەس، سەندەك باي بولالمىدۇق، كوچىدىمۇ قالمىدۇق.

___ هاشىم دوغلاق قانداقراق ئىشلەۋاتىدۇ؟

___ ئوبدان ئىشلەيدىكەن، بىراق تەتەي قىزلارغا بەكرەك قاراپ سالىدىكەن.

___ قارىسا مەيلى، لېكىن ئۆزىگە كېسەل تېپىۋالمىسۇن.

___ خۇدايىم ساقلىسۇن دېگىنە ئاكا، مەنمۇ كۆز-قۇلاق بولۇپ تۇرۇۋاتىمەن.

ئۇلار ئىچىشىپ تۇرغاندا رەيھان ئۇلارغا پات-پات قاراپ قوياتتى، چاي تۆگەپ قالسا چاي ئەكىلىپ بەرگەچ، ياسىنغا جىددىي نەزەردە قاراپ قويۇپ، بۇ ئادەمنى پاتراق يولغا سېلىۋېتىشكە شەرەت قىلاتتى. ئەمما ياسىن "خوتۇن خەق ئەرلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماسلىقى كېرەك" پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرۈپ، خوتۇنىنىڭ تەلەپ-ئىلتىجالىرىنى نەزەرگە ئالمىدى.

___ ئەجەپ تىنچ يەر-هە... بۇ ___ دېدى خېلى تەڭشىلىپ قالغان غېنى شاڭجاڭ تالاغا قاراپ قويۇپ،___ بېيجىڭدەك غەلۋە-غوغا يوق. ئەمما... ئادەمنىڭ يەنە شۇ چوڭ يەردە ياشىغۇسى كېلىدىكەن.

___ بۇ يەرنى ئوبدان دەۋاتاتتىڭغۇ.

___ ئوبدانلىقى ئوبدان، لېكىن تۇرۇۋەرسەڭ... ئىچىڭ پۇشۇپ قالىدىكەن. ئويلاپ باقسام، مەن يەنىلا چوڭ شەهەرگە... چەت ئەلگە ئىنتىلىدىكەنمەن ، ئوتتۇرا ئاسىياغا بولسىمۇ چىقىپ كىرگۈم بار ئىدى. پاسپورتۇم يوق، ئۇنى

بېجىرىش تەس بولۇپ قاپتۇ، ئېچكىرىدە ئاسانمىش، ئەمما بۇ يەردە نوپۇسىمىز يوق-تە! ھەممە ئىش مۇشۇلارغا ئاسانكەن، گاھىدا ئىسمىمنى تايىنلىق ئەي شاكچاڭ قىلىپ... مىللىتىمنى خەنزۇغا ئۆزگەرتىپ،... جىڭ كۆلچى بولغۇم كېلىدۇ.

___ ما گەپنى قارا،___ دېدى ياسىن تاماكىدىن بىر تال تۇتاشتۇرۇپ،___ تۈزۈك گەپ قىلاۋە ئاكا، مەسلىكتە جۆيلۈۋاتامسەن نېمە ؟

___ شۇنداق ئويلاپ قالدىم... دېمەكچىمەن، نېمىشقا دەمسەن؟ بىز ھازىر ھەممە ئىشتا مۇشۇلارغا تايىنىۋاتىمىز. بۇ يەر مۇشۇلارنىڭ، فاكۇلتېتى ئۆيىدە ئولتۇرۇۋاتىمىز، دۇكىنىنى ئېچىپ پۇل تېپىۋاتىمىز؛ يەۋاتقىنىمىز، ئىچىۋاتقىنىمىز، كىيىۋاتقىنىمىزمۇ مۇشۇلارنىڭ... بىز مۇشۇ خەققە تايىنىپ پۇل تېپىۋاتىمىز، شۇنداققۇ؟... تىلىمىز خەنزۇچىغا كېتىپ بارىدۇ. ئۆزىمىزنى مۇسۇلمان دەيمىز، ئەمما مۇشۇلاردەك ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىۋاتىمىز، مۇشۇلارنىڭ تاماكىسىنى چېكىۋاتىمىز. قېنى دەپ باقە، قايسى بىر نەرسەڭ بۇلارنىڭ ئەمەس؟

___ قىززىق گەپ قىلدىڭ-دە!___ دېدى ياسىن كۈلۈپ قويۇپ،___ بۇلارمۇ بىزنىڭ كاۋاب بىلەن لەغمەن-پولونى يەۋاتامدۇ؟

___ ئۇنىمۇ مۇشۇلارنىڭ تەمىدە ئاچچىق قىلمىساڭ يېمەيدۇ. بىز شۇنداق قىلدۇق، رېستورانىدىكى ناخشا-ئۇسسۇلنىمۇ مۇشۇلارغا ياقىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتتۇق.

___ يەكچەشمىنىڭ شەھرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىسىۋال دېگەن شۇ...

___ ئەمما بىز شۇنداق قىلىۋېرىپ يەكچەشمىنىڭ ئۆزىگە ئايلاندۇق. بىز كىم؟ بىز نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟ بۇلاردىن پەرقىمىز نېمە؟ ھەر قانچە چوڭ لاۋبەن بولۇپ كەتسەڭمۇ سەن شىنجاڭلىق كاۋاپچى... ۋاقتى كەلسە دۇكاننى تارتىۋېلىپ كوتۇڭگە تېپىپ قوغلايدۇ. شۇڭا نوپۇسقا ئۆتۈۋالاي دېگەن... تەتەي ئېلىپ نەچچە بالاڭىزلىق بولغانلارنى ئاڭلاۋاتىمىز، يوشۇرمايمەن، مېنىڭمۇ شۇنداق قىلغۇم بار.

___ سېنىڭ ئويلىمايدىغان ئىشىڭمۇ بارمۇ ئاكا؟! ___ دېدى ياسىن چاقچاق يوسۇنىدا سۆزلەپ،___ كەيپىڭنى بۇزماي، ھە قېنى سۆزلەۋەر....

___ ئويلاپ باق، قايسى ئىشنى بىز مۇشۇلاردىن ئۆگەنمىدۇق، ئەمەلدارغا يېلىنمىساڭ، پارا بەرمىسەڭ ئىش

ئاقمايدۇ، هاراق ئىچمىسەڭ مۇناسىۋەت ئورنىتالمايسەن. ئاشنا تۇتمىساڭ ئەركەك بولالمايسەن، ماشىناڭ ئىسىل بولمىسا ئىشلەمچىدەك كۆرۈنىسەن. يېڭى يىل دېسە يېڭى يىل دېدۇق، چاغان دېسە چاغان ئۆتكۈزدۇق، تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزسە بىزمۇ ئۆتكۈزدۇق. شۇڭا دەيمەن، ئۆزىمىزنى قىينىغىچە تايىنلىقلا مۇشۇ خەق بولۇپ كەتسەك بولمامدۇ؟...

__ نېمىشقا ئۇنداق قىلمىدىڭ؟__ دېدى ياسىن ئۇنى گەپكە سېلىپ.

__ ئاسان ئەمەس...

__ شۇ، ئاسان ئەمەس.

__ ياق، ياق، __ دېدى غېنى شاڭجاڭ قولىنى سىلكىپ،__ بىز ئۇنى قىلمىز دېسەك بىر دەمدە قىلىۋاتىمىز، قىلمايۋاتىمىز-دە! بۇلار جەمئىيەتنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ، بىز كەينىدىن ماڭىمىز، بىز دورايدىغان ئىش يەنە چىقىدۇ. تۇغۇلغان كۈنى چىقتى، ساڭا دېدىمغۇ، ئالدىمىزدا ئاشقلار بايرىمى كېلىدۇ دەپ. بۇنىمۇ مۇشۇلاردىن ئۆگەندۇق. بۇلاردا توي قىلمىغانلار بىر ئۆيگە كىرىۋالسا بىزمۇ دوراپ كىرىۋالدۇق. ساڭا دېدىمغۇ، مېنىڭ ئۈچ خوتۇنۇم بار، ئىككىسى مەخپىي دەپ، چوڭ خوتۇنغا ئۇقتۇرماي بىللە تۇرۇۋاتىمەن، بىر ھېسابتا ئاشنا دېگەن گەپ. مېنىڭ بىر خەنزۇ تونۇشۇم بار، پۇلى جىق، كاللىسى ئوچۇق نېمە. شۇنىڭ ئاغزىدىن ھەر خىل گەپلەرنى ئاڭلايمەن. ئۇلارمۇ يېڭى ئىشلارنى چەت ئەللىكتىن ئۆگىنىدىكەن. چەت ئەلدە خوتۇن ئالماشتۇرۇش مودا بوپتىكەن، ئەمدى بۇلارمۇ ئۇنى ئۆگىنىشكە باشلاپتۇ... قاراپ تۇر، ئەتە-ئۆگۈن بىز خەقتىمۇ بۇ ئىش پەيدا بولىدۇ...

__ بۇ رەسۋاچىلىقنى بۇ گۇيلار نەدىن ئويلاپ تاپىدىغاندۇ،__ دېدى ياسىن ھاراقتىن سەسكىنگەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

__ شەيتان ئۆگەتمەمدۇ!__ دېدى غېنى شاڭجاڭ مەغرۇر كېرىلىپ،__ بۇرۇن يوق نەرسلەر ئەمدى پەيدا بولدى، بىز دورىمىغان نېمە قالدى؟ بىر دەمدىلا دەۋېتىمەن، مانا قارا، تانسا-پانسا، ئۇسسۇل-دېسكو ، ھاراق-شاراپ، سېرىق دەي ، پاھىشە-بۇزۇق، كۆت-ھەزلەك...

__ بولدى ئاكا، سۆزلىمە، قىززىپ قاپسەن... __ دېدى ياسىن ئەتراپىغا قاراپ.

__ سەن ئۇقمايسەن دەيمەن... مەن گاھىدا ئۆزەمنىڭ كىملىكىنى ئويلىسام ئاچچىقىم كېلىدۇ... قانداق خەق

دەيمەن بىز؟ پۇل تاپتۇق دېگەن بىلەن... كېرىلىپ يۈرەلەمسەن؟ كۆڭلۈڭ ئازادە ئەمەس، نەگە بارساق پۈتلىشىمىز، ئوغرىدەك قارايدۇ ئەمەسمۇ ساڭا...

___ ئۆزەڭنى چۈشۈرمەۋا ئاكا، سەن كاتتا لاۋبەن تۇرۇپ بۇنداق دەۋاتساڭ بىز قانداق قىلىمىز؟

___ كۆتە... ئۇنداق لاۋبەنلىكىڭنى...ئىچىمدە كۈلىمەن... مەن ئەسلىدە شاڭجاڭ بولىدىغان ئادەم ئىدىم.

___ شاڭجاڭدىن ياخشى ياشاۋاتىمەن دېگەنتىڭغۇ؟

___ ياشاشتا گەپ يوق... لېكىن ئۇ بىر ئارزۇيۇم-دە!

___ شاڭجاڭ بولغان بولساڭ قانچىلىك دۆلەت كۆرۈپ كېتەتتىڭ؟

___ دۆلەت دېسەڭ ھازىرمۇ بار، مەن شاڭجاڭلىقنىڭ مائاشىنى دېمەيمەن، ماشىنا دېمەيمەن، ھاراق-شاراپ، سورۇن دېمەيمەن، مەكتەپنىڭ خانىم قىزلىرىنى دېمەيمەن. ماڭا كېرىكى ئابرۇي-ئىناۋەت... ئۇقتۇڭمۇ؟ مەجلىسلەردە بىرەر يۈز خەقنى قارىتىپ قويۇپ سۆزلىسەم... دادۇيگە چىقسام دادۇيجاڭلار چاپان كۆتۈرۈپ خىزمىتىمنى قىلسا... خەقلەر يولدا ھۆرمەت بىلەن سالام قىلسا... خوتۇنلار ئەيمىنىپ قارىسا... مېنىڭ كۆزلەيدىغىنىم مۇشۇ ئىدى، مەن مۇشۇنى ئارزۇ قىلاتتىم.

___ يا ھەزرەت، ما ئادەمنى، ئەمما مەن كۆڭلۈڭنى چۈشەندىم. قېنى ماۋۇ ھاراقنى كۆتۈرۈۋەت.

___ ھاراقلا ئىچۈۋېرەمدۇق... قېنى چاي، خوتۇنۇڭ چاي ئەكەلمەيدىغۇ؟

___ خوتۇن بالىنى ئۇخلاتمىسا بولمايدۇ، مەن ئەكىلەي.

غېنى شاڭجاڭ گۈزەل جۇۋاننى ئەمدى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى بىلدى، بۇ يەردە ئولتۇرۇۋېرىشقىمۇ رايى تارتمىدى.

___ ئۆز يۇرتۇڭدا، ئۆز ئادەملىرىڭگە باشلىق بولساڭ... ئالامەت دەيمەن ئۇكا، مانا مەن دادۇيجاڭ بولۇپ باققان، تۆت شودۇينىڭ ئادەملىرىنى باشقۇرغان. لېكىن يىگى كەلگەن شاڭجاڭغا ياقماي قالدىم، شۇنىڭ بىلەن مېنى قالدۇرۇۋەتتى... ئويلىسام ھازىر ئاشۇ ئوغرىنى كۆتلىۋەتكۈم كېلىدۇ.

___ يەنە سەت گەپكە چۈشتۈڭغۇ ئاكاۋا، قارىسام شۇ چاغدىمۇ ئېغىزىڭدىن كېتىپ قالغاندەك قىلىسەن،___ دېدى ياسىن چاي قۇيغاچ.

___ مەن ئۇ ئوغرىنى تىللىمىغان...

ــــ ئەمسە خوشامەتنى تازا قاملاشتۇرالماي قاپسەن دېگىنە...

ــــ نەق تاپتىڭ، مەن ئەزەلدىن خەققە باش ئېگىپ باقمىغان.

ــــ ئەمما خەقنى باش ئەگدۈرمەن دەيدىكەنسەن ئەمەسمۇ؟!

ــــ ئەركىشى دېگەن شۇنداق بولۇشى كېرەك...

ــــ مۇشۇ كەمگىچە كىمنى باش ئەگدۈرۈپ باقتىڭ؟

ــــ ئاكاڭنى ساز قىلما ئۇكا... مەن ماڭاي.

ــــ بىر دەم ئولتۇرمامسەن...

ــــ بېرىپ خوتۇننى بولسىمۇ باش ئەگدۈرەي.

ياسىن كۈلۈۋەتتى، غېنى شاڭجاڭنى تاكسىغا سېلىپ قويۇپ ئۆيىگە كىردى. خوتۇنى تېخى ئۇخلىمىغانىدى، كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ ئەمەس، تاڭ سەھەردىكى جەددىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

ــــ ئەجەپ گېپىڭلار تۈگىمەي كەتتى...

ــــ ھېلىمۇ بۇرۇن ماڭدى...

ــــ بولمىسا كېچىچە ئولتۇراتتىڭلار؟

ــــ بۇ ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلىساڭ زېرىكمەيسەن، ئەمما بەزىدە ئېغىزىنى بۇزۇپ قويىدىغان ئىشى چاتاق.

ــــ ئادەمگە ئوغرىدەك قارايدىغان ئادەمكەن، ئۇنىڭ بىلەن ئازراق ئارىلاشسىڭىز بولاتتى، سىزدەك كۆڭۈلچەكنى تېپىۋالسا قويۇپ بەرمەيدۇ، قىلغىلى ئىشى يوق، كەچكىچە ئاشۇنداق قۇرۇق گەپ ساتىدۇ. سىز ما يەردە خوتۇن-بالا بار دېگەننىمۇ ئويلاپ قويۇڭ،

ــــ مېنى ئەجەپ باشقۇرىدىغان بولۇپ كەتتىڭا مۇشۇ كۈنلەردە،ــــ دېدى ياسىن سەل نارازى بولۇپ.

ــــ ئەر-خوتۇن بىر-بىرىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمىسا بولامدۇ؟ سىزگە كۆز-قولاق بولۇپ تۇرمىسام بولمايدۇ، سىز دېگەن بۇ ئۆينىڭ تۈۋرۈكى، سىز ئۆرۈلۈپ چۈشسىڭىز ھەممىمىز ۋەيران بولىمىز.

ــــ ئارتۇق ئويلاپ كېتىدىكەنسەن، خوتۇن خەقنىڭ كاللىسىغا كەلمەيدىغان خىيال يوق-تە...

ــــ مەن سىزدىن ئەنسىرەپ ئۇيقۇم كەلمەي ئولتۇرسام، سىز بولسىڭىز خاتىرجەم گەپ تىڭشاپ، شۇ ئادەم

كەتمىگىچە يېنىمغا كىرمىسىڭىز... كۆڭلۈم يېرىم بولمامدۇ مېنىڭ؟!

___ مەندىن نېمانداق تولا ئەنسىرەيسەن-ھە___ دېدى ياسىن تۇرۇۋېلا جىلە بولۇپ،___ مەن سېنىڭ بالاڭمىدىم؟

ئەر كىشى دېگەننىڭ تونۇشلىرى، ئاغىنە-بۇرادەرلىرى كېلىدۇ. بىر دەم-يېرىم دەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانغا نېمە بولىدۇ؟

بۇ مۇساپىرچىلىقتا بىزگە بۇنىڭدىن باشقا نېمە خۇشاللىق بار؟

___ سىزگە بۇنىڭدىن باشقا خۇشاللىق يوقما؟ ئاشۇ ئۆزىڭىزدىن چوڭ قېرى ئاغىنىڭىز سىزگە شۇنچە ئەتىۋارما؟

ياسىن گەپتە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى سېزىپ بىئارام بولدى. چىن كۆڭلىدىن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس ئىدى،

ئەنسىرەپ تۇرغان خوتۇنى بۇ گەپنى تۇتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئىسپات كۆرسىتىۋاتاتتى. ئەمما ياسىن

خوتۇنىنى بۇنچىلىك جاھىللىق قىلىدۇ دەپ ئويلاپ باقمىغانىدى، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى قورساق كۆپۈكى بىراقلا

چىقتى:

___ نېمانچە گۇمانخور، ئەنسىز بولۇپ كەتتىڭ ھوي، بۇرۇن ئۇنچە ئەمەستىڭغۇ؟

___ سىز مۇشۇنداق قىلىۋەتتىڭىز...

___ مەن نېمە قىلدىم؟ مۇشتلاشتىممۇ؟ ئۆلگۈدەك ئىچىپ چېكىپ ساراڭ بولدۇممۇ؟ يا قېشىڭغا كىرمەي،

ئۇدۇللىدىكى ساتراچخانىغا كىرىپ كەتتىممۇ؟ زادى نېمە قىلدىم؟ دەپ باقە!

ياسىننىڭ بۇنداق يامان ئەلپازىنى كۆرۈپ باقمىغان رەيھان چۆچۈپ تۆگۈلۈپلا قالدى، يۈزى ئەلەمدىن چوغدەك

قىززىپ، كۆزلىرىگە ياش كەلدى.

___ ماڭمۇ بىر ئارامچىلىق بەر، ھېچنەدە خوتۇن كىشى ئېرىنى باشقۇرسۇن دېمىگەن، مەن كىچىك بالا

بولمىغاندىكىن، ئېرىك ياسىن بىلەن ئوغلۇڭ ئىلشاتنى ئېنىق ئايرىۋال.

رەيھان ئۈنسىز ياش تۆكۈپ تەتۈر قاراپ ياتتى، نازۇك بەدىنى سۈس تىترەيتتى. ياسىننىڭ ئىچ-قارنى ھاراقتىن،

ئاچچىقتىن، ئۆكۈنۈشتىن زەرداپ بولۇپ قايىنغىلى تۇردى. خوتۇنىنىڭ كەينىدىن قۇچاقلاپ ئەپۇ سوراشنى ئويلىدى،

ئەمما ئەرلىك نوچىلىقى يول قويمىدى، "ئەر كىشى دېگەن بويسۇندۇرۇشى كېرەك" دېگەنىدى غېنى شاڭجاڭ. خوتۇن

خەق دېگەن ئاچچىقلاپمۇ، يىغلاپمۇ، كۈلۈپمۇ، سۈركىلىپمۇ ئېرىنى بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇنىڭغا ئالدانماسلىق

كېرەك، خوتۇندىن ئاسان تەسىرلىنىپ كېتىدىغان ئەرنىڭ بېلى بوش، يۇمشاقباش كېلىدۇ...

ياسىن كىيىمنى يېرىم سېلىپ يوتقانغا كىرىپ، خوتۇنىغا كەينىنى قىلىپ ياتتى. قولنى باشقۇرمىسا خوتۇنى تەرەپكە كېتىپ قالىدىغاندەك ھېس قىلىپ، ئۆزىنى قۇچاقلاپ ياتتى. تويى قىلىپ بۇنداق يېتىپ باققاندەك قىلمىغان، بىر جۈپ تىرىك جان گويا ئوق تېگىپ ياتقان جەسەتلەردەك ياتاتتى، بىر-بىرىگە تارتىشىپ تۇرىدىغان بىر جۈپ يۈرەك ئەمدى بىر-بىرى بىلەن تېپىشىدىغان ماگنىت تاشلارغا ئايلىنىپ قالغانىدى... بۇ ھالەتتە يېتىش نېمىدېگەن ئازاب! ياسىن ھارغىنلىقتىن ھەم مەستلىكتىن بولسا كېرەك، بىر دەم زىددىيەتلىك خىيال سۈرۈپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى، خوتۇنى شۇنچە تەلپۈنگەن بولسىمۇ باغرىنى ئۇنىڭغا ئاچمىدى. رەيھان، ھېرىپ چارچاپ كەتكەن رەيھان ئۇيقۇدىن بىدار ھالدا ئۇزۇندىن ئۇزۇن خىيال سۈرۈپ، ئاخىرى چىدىماي ئۇخلاپ قالغان ئېرىنىڭ كەينىدىن قۇچاقلاپ، ملىڭ تەستە كۆزىنى يۇمدى.

سەھەر ئويغىنىپ كەتكەن رەيھان خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان ئېرىگە قاراپ، ئاخشامقى گەپلەرنى ئويلاپ كۆڭلى يېرىم بولدى، ئادەم ئۆتمۈشنىڭ داۋامى، ھېچكىم ئورنىدىن قوپقاندا بۈگۈن مېنىڭ يېڭى ھاياتىم دېيەلمەيدۇ. رەيھان ئېرىنىڭ ئاخشامقى قوپاللىقىنى ئويلىغانچە شۇنچە بىئارام بولدى، مەستلىكتە خۇدىنى بىلمەي شۇنداق قىلدى دەپ كۆڭلىنى ياساپ باقتى، بولمىدى. ياسىن مەيلى ساق ياكى شىرشىم بولسۇن، خوتۇنىغا ئوچۇق مۇئامىلە قىلاتتى، خۇشخۇي يۈرەتتى، چاقچاق قىلىپ تۇراتتى. "سەن مېنىڭ بارلىقىم" دەپ بىر دەم كۆكسىنى، بىر دەم ساغرىسىنى تۇتۇپ، گاھىدا كەينىدىن تۇيۇقسىز كېلىپ بويىنىغا سۆيۈپ، خوتۇنىنى ئەندىكىش ئىچىدە خۇشاللىققا چۆمدۈرەتتى. تۈزۈك تەربىيە كۆرمىگەن بىر قارا كاۋاپچى، ئەخلاق ياكى مۇھەببەت ھەققىدە ھېچ قانداق كىتاب كۆرۈپ باقمىغان بىر ساياق ئۆزىنىڭ تەبىئىتىدىكى ئېسىللىكى بىلەن خوتۇنىنى مۇھەببەت پەيزىگە چۆمدۈرۈپ، كۆڭۈل رىشتىنى مەھكەم باغلاپ، ھاياتنى گۈلدەك ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتاتتى. "خۇدايىم، كۆز تەگمىگەي بۇنىڭغا... دەپ ئويلىدى رەيھان،- ماڭا بېرىپ كەلگەن كۆڭلىنى ھېچكىمگە بەرمىگەي، ماڭا تەئەللۇق جىسمىنى مەندىن باشقا مەينەتلەرگە تۇتقۇزمىغاي، ماڭىلا تەئەللۇق خۇشخۇيلۇقى، ئېسىللىكى، نوچىلىقىنى باشقا نېمىلەرگە كۆرسەتمىگەي. كۆرسەتسىمۇ ھېچكىم ئۇنى مەندەك چۈشەنمەيدۇ، مەندەك قەدىرلىمەيدۇ. بۇنى بۇ دۆت بىلەمدۇ؟ يېتىشىنى سەت خورەك تارتىپ... "

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ بامدات نامىزى ئوقۇدى، ئادەتتىمۇ ياغلىق چىگىپ يۈرەتتى؛ بۈرۈن بەش ۋاق ئوقۇيتتى، ئىچكىرىگە كېلىپ تاشلىۋەتتى، كېيىن ئاران بىر ۋاق نامىزىنى تېپىۋالدى. مۇشۇ بىر ۋاق نامىز كاپىر

بىلەن مۇسۇلمانىنىڭ پەرقى دەپ ئانىسى شۇنداق دېگەنىدى؛ كېچىسى يامان چۈش كۆرۈپ قالغاندا، ئانىسىنى ياد ئەتكەنىدە، كۆڭلىدىكى ئىستەكلىرىنى تىلەپ دۇئا قىلغۇسى كەلگەنىدە شۇ بىر ۋاق نامىزىغا كۆڭۈل بۆلەتتى. ئوقۇپ بولۇپ كۆڭلى ئارامىغا چۈشەتتى، خۇدانىڭ رەھمىتى بىلەن بىر كۈنلۈك ھاياتى تىنچ-ئامان ئۆتىدىغانىدەك، ئىشلىرى بەرىكەت تاپىدىغانىدەك ھېس قىلاتتى.

رەيھان نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ ئېرىگە قارىدى. ئۇنىڭ ئاخشامقى مەستلىكى پەسلەپ، گۇناھ بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنىدەك تۇيۇلدى. مەست بولمىسا بىر دەمدە ئۇنداق ئەسكىلىشىپ كېتەلمەيتتى، مەست بولمىسا ئىسسىقدا كىرىپ ئۇخلاپ، ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ خۇداغا سەجدە قىلاتتى. ئۇ بىيىجىڭدىكى ۋاقتىدا خوتۇنى بىلەن تەڭ نامازغا تۇراتتى، جۇنۇپ بولسا خوتۇنى سۇ ئىسسىتىپ بېرەتتى، جۈمە كۈنى چوڭ مەسچىتلەرگە بېرىپ مۇنچىغا چۈشۈپ، نامىزىنى ئوقۇپ يېنىپ كېلەتتى. بۇ يەرگە كەلگەنىدىن كېيىن ئىمانى سۇسلىشىپ قالدى، ھەتتا رەيھانغىمۇ سەھەردە تۇرۇش ئانچە خوشياقمايدىغان بولۇپ قالدى. ياسىنغۇ بىر ۋاق ناماز تۇرسۇن، جۈمەگىمۇ بارمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئىككىسىنىڭ نامرات ۋاقتىدىكى تەقۋالىقلىرى پەقەت خۇدادىن بەرىكەت تىلەش ئۈچۈنلا بولغىيمىدى؟ خۇدا بەرىكەت ئاتا قىلىۋىدى، شۇ رىزىقلارنى بەرگۈچىنى ئۇنتۇپ قالدى. رەيھان بىر نەچچە قېتىم ئاپئاق رومال ئارتقان ئانىسىنى چۈشەپ قالدى، ئانىسى چۈشىدە بۇ يەرگە كېلىپ، كاۋابدانىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، يالىلداپ تۇرغان چوغلارغا قاراپ: مۇشۇ چوغدا كاۋاب قانچىلىك ۋاقىتتا پىشىپ بولىدۇ؟" دەپ سورىدى. رەيھان: " بەش مىنۇتتىلا پىشىپ بولىدۇ" دېدى. ئانىسى: "مۇشۇنچىلىك ئوتتا گۆش بەش مىنۇتتا پىشىپ بولسا، دوزاخ ئوتى قانچە كۈچلۈكتۇ؟" دېدى. رەيھان بۇ چۈشنى پەقەت ئۇنتۇيالمىدى، نامىزىنى باشلىۋالدى، ئەمما ئېرى غەپلەتكە چۆككەنچە چۆكۈپ كېتىۋەردى.

رەيھان نامىزىنىڭ ئاخىرىدا ئېرى بىلەن بالىسىنىڭ بەختى ئۈچۈن دۇئا قىلدى، جايىنامازنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ بالىسىغا قاراپ مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى، ئېرىگە قاراپ بىر مىنۇت قېتىپ ئولتۇردى. " كۈن قىزارغاندىمۇ چوشقىدەك خورەك تارتىپ يېتىۋاتىدۇ، قاچان ئادەم بولار؟" دەپ ئويلىدى؛ كۆڭلىدە پەرىشانلىق، غەم-قايغۇ، ئۈمىد-ئىستەك ئارىلىشىپ كەتتى؛ بايا قىلغان دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، ئېرىنىڭ كۆڭلىگە خۇدايىم ئىنساپ بەرسە جاھاندا بۇنىڭدىن ياخشى ئىش بولمايتتى. ئەڭ مۇھىمى، خۇدانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىشكە بولمايتتى.

ئۇ ناشتىلىق تەييارلاپ بولۇپ ئېرىنى ئويغاتتى:

ـــ قوپۇڭ، بالىنى يەسلىگە ئاپىرىدىغان ۋاق بولدى!

ياسىن تەستە كۆزىنى ئېچىپ، ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن قوپتى. رەيھانغا ئۇنىڭ بۇ ھالىتىمۇ غەلىتە كۆرۈندى، ئادەتتە چەبدەس ھەرىكەت قىلىدىغان ئادەم كەيپىچىلىكتىن بىر ئاخشامدىلا يېلى چىققان توپتەك سولىشىپ كەتكەنىدى.

ياسىن ناشتىلىق قىلىۋېتىپمۇ تۇزۇك گەپ قىلمىدى، ئاخشامقى ئىشنى ئەسلەپ پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى.

ـــ نېمە بولدى؟ مىجەزىڭىز يوقما؟

ـــ كاللام قاپاقتەكلا تۇرىدىغۇ تاڭ، بولمىسا جىق ئىچمىگەن.

ـــ يەنە قانچىلىك ئىچسىڭىز بولاتتى؟

ـــ ئەتىگەندە دوق قىلما، شۇ تۇزۇك ئىچمىگەننىڭ ئىشى، ئىچمىسە ئىچمەسلىك كېرەككەن، ئىچسە چىلاشقۇدەك ئىچىش كېرەككەن. چالا مەست بولغاندىكىنلا باش ئاغرىپ قوپىدىغان گەپ...

ـــ ئىچمىگەندە شۇنداق ئوبدانتىڭىز، نامازغا تۇراتتىڭىز، جۈمەگە باراتتىڭىز، ئەمدى بىرسىمۇ يوق. ناماز ئوقۇمىسىڭىزمۇ، مۇشۇ ھاراق دېگەن نەرسىدىن يانسىڭىز بولاتتى.

ـــ ناماز ئوقۇسام بولىدۇ، تايىنلىق ئىچمىسەم بولىدۇ؛ ئوقۇمىغاندىكىن ئىچىدىغان گەپ. جۈمەگە باراي دېسەم بۇ يەردە تۇزۇك مەسچىت يوق.

ـــ كۆڭلىنىڭ ھەممە يېرىدە سىزگە ئېسىل مەسچىت سېلىپ قويمايدۇ غوجام، مۇنچىسى يوق دەپ ياراتماي بارمىدىڭىزغۇ شۇ...

ـــ مەسچىت بولغان بىلەن ئاخۇنلىرى ئوڭلاپ قىرائەت قىلالمايدىكەن. ئادەم ناماز ئوقۇغاندەك بولمايدىكەن. شۇڭا بارمىدىم.

ـــ بوپتۇ ئەمسە، لېكىن ھاراق ئىچمەڭ.

ـــ سەن ماڭا بۇيرۇق قىلما، ئۇنداق دېگىچە مېنىڭ ئىنساۋىمنى تىلەپ يۈر، بىر كۈنلەردە ئىچمەيدىغان بولىمەن.

ـــ هاراق ئىچسىڭىز ماڭا قارىمايدىكەنسىز، ئاخشامقىدەك قوپال تېگىدىكەنسىز، كېچىچە يىغلاپ چىقتىم، بىلەمسىز شۇنى...

ـــ يالغان گەپ قىلما، چىرايىڭغا قارىسام ھېچ يىغلىغاندەك ئەمەس. ئاخشام نېمە دېگەنلىكىم ئېسىمدە يوق. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئېسىدە بار ئىدى، ئۆزىنى يەنىلا ھەقلىق ھېسابلىغاچقا، خوتۇنىغا ئۆزۈرخاھلىق ئېيتىشقا ھارىسىندى. رەيھان ئۇنىڭ يالغاندىن بولسىمۇ ئەپۇ سورىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى، ئۈمۈ يوققا چىقتى.

ياسىن ناشتىلىقنىمۇ تۈزۈك قىلماي بالىسىنى يەسلىگە ئېلىپ كەتتى، شۇ كۈنى چۈشكىچە ئۇنىڭ كەيپىياتى تۆۋەن بولدى، خوتۇنىغا ئېچىلىپ گەپ قىلمىدى، ئىشلەۋاتقان بالىلارغا بۇرۇنقىدەك ئاكىلارچە ئەمەس، خوجايىنلارچە بۇيرۇق سوقتى؛ ئۆزىنىڭ ئىشنى خوشياقماسلىق بىلەن قىلدى؛ كاۋابداندىن چىقىۋاتقان ئىس-تۈتەك ئارىسىدا تۇمانلىق خىياللارغا پېتىپ، ساتراچ سەتەڭلەرگە قارىدى. رەيھان بۇلارنىڭ ھەممىسنى كۆرۈپ تۇردى؛ ئۇ ياخشى كۆزەتكۈچى ئىدى، ياسىن بۇنىڭدىن بىئارام بولدى، خوتۇنىنىڭ قېشىدا ئەركىنلىك بولمايدىغاندەك ھېس قىلىپ كۆڭۈلسىزلەندى. شۇنچە ئامراق خوتۇنىدىن ئەزەلدىن بۇنداق بىزار بولۇپ باقمىغانىدى، كۆڭلى غەلىتە بولۇپ قالدى.

رەيھان يەنىلا ئۈمىدلىك ئىدى، ئېرىدىكى كەيپىيات ئۆزگىرىشىنى ۋاقىتلىق دەپ قارىدى، "بۇنىڭدىن كېيىن كۆزىگە بەك كىرىۋالماي، ئۆزىنى بىلەر..." دەپ ئويلىدى. ئەمما ياسىن ئەرلىك غۇرۇر بىلەن ئەركىنلىكنى قايتىدىن تېپىۋېلىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ، كۆڭلىدە دېگىنىنى قىلالايدىغان، تۇتقىنىنى يۇلۇپ ئالالايدىغان ئادەم بولۇش خىيالىنى سۈرۈۋاتاتتى.

چۈشتىن كېيىن رەيھاننىڭ قارىم ئاكىسى تېلېفون قىلىپ، ئانىسىنىڭ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغانلىقىنى، ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئېيتتى. "كېلەلىسەڭ كېلىپ ئانامنى بىر نەچچە كۈن بېقىۋالغىن" دېدى. رەيھان تىترەپ كەتتى، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى. ئەتىگەندە تېخى كۆڭلى بىر ئىشنى تۇيغاندەك ئۇزاق دۇئا قىلىپ كەتكەن؛ ئانىسىغا ئەمەس، ئېرىگە، بالىسىغا بەكرەك دۇئا قىلغان. شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئېرىنىلا ئويلاپ، ئېرىنىڭلا غېمىنى قىلىپ كەپتۇ، ئەمما ئېرى ئۇنى بىلمەكتە يوق، نوچىلىق قىلىپ، قاپىقىنى تۈرۈپ يۈرۈۋاتىدۇ. خوتۇن كىشىنىڭ ئەقلى قىسقا دېگىنى شۇمىكىن، ئېرىنىڭ قوينىغا بىر كىرىپ كەتسە چىقالماي، بالام دەپ تەلمۈرۈپ يۈرگەن مېھرىبان ئانىسىنى ئويلىماي يۈرۈيدىكەن؛ ئېرى ئۆچۈپ سەكپارە بولۇپ، جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىسىمۇ ۋاقتى كەلگەندە ئېرىنىڭ

سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرايدىكەن. شۇنداق تۇرۇپ، ئېرىنى دەپ ئانىسىنى كۆرگىلى بارمىسا بولامدۇ؟ ئانىسى ئۇ ئالەمگە كېتىش ئالدىدا بىر نەچچە كۈن بېشىدا تۇرۇپ دىدارىغا قانمىسا بولامدۇ؟ چۈشىدە كۆرگەن ئانىسىنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى ئاڭلىمىسا بولامدۇ؟

رەيھان تېلېفونغا قاراپ ئېغىر خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى، ياسىن ئىس-تۈتەك ئارىسىدا تالاغا قاراپ، خوش ياقماسلىق بىلەن كاۋاب پىشۇرۇۋاتاتتى. رەيھان چۈشلۈك سودا تۈگەپ بولغىچە، ئىچىدە يىغلاپ تاماق، چاي توشىدى. ھاشىم دوغلاق خان ئاچىسىنىڭ چىرايىدىكى قايغۇ ۋە خاپىلىقنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ قالدى.

چۈشتىن كېيىن سودا بېسىققاندا رەيھان ئۆيىگە كىرىپ يىغلىۋالدى، ھېچ ئىش قىلماي كۆزلىرى ياش يۈقى ھالدا ئېرىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. ياسىن كاۋابنىڭ ئىسىدىن زېرىككەندە تاماكا ئىسى بىلەن ئىچ پۇشۇغىنى چىقىرىپ، ئۆيىگە كىرمەي ئاشخانىدىلا ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىۋاتاتتى. رەيھان ئولتۇرۇپ چىداپ بولالماي ئاشخانىغا چىقتى، ياسىن ئۇنىڭغا خۇشخۇيلۇق بىلەن ئەمەس، پەرۋاسىزلىق بىلەن قاراپ قويدىيۇ، چىرايىدىكى ئېغىر كەيپىياتنى كۆرۈپ مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى.

ــــ مېنى بۈگۈن كەچتە يا ئەتىگەندە شىنجاڭغا يولغا سېلىپ قويۇڭ! يۇرتقا بېرىپ ئانامنى كۆرۈپ كېلىمەن،ــــ دېدى رەيھان قەتئىي تۈستە.

ــــ نېمە... تۇساتتىن بۇ گەپ چىقىپ قالدى؟

ــــ ئانامنىڭ كېسىلى ئېغىر ئىكەن، بېرىپ كۆرۈشۈۋالغىلىمۇ قويمامسىز؟ــــ دېدى رەيھان يىغلىغۇدەك ھالدا تىترەپ تۇرۇپ.

ــــ ئۆيدىن خەۋەر كەلدىما؟ راست گەپمۇ يا ماڭا قېيداپ ماڭاي دەۋاتامسەن؟

ــــ كىم سىزگە قېيداپتۇ؟ــــ دېدى رەيھان تاراملاپ تۆكۈلۈپ،ــــ ئانام ئېغىر ئەھۋالدا ياتسا بىرەر ئېغىز ياخشى گېپىڭىز يوق، مەن بىلەن قېرىشىۋاتىسىزغۇ؟ مەن ماڭاي دەيمەن، ئېشىكىم ياتاي دەيدۇ دەپ... دەۋاتقان گېپىڭىزنى قاراڭ؟ جاھاندا سىزلا مۇھىممۇ؟ مەن سىزگە سېتىلىپ كەتكەن قۇل ئەمەس، مېنىڭمۇ ئەركىنلىكىم بار، ئانامنى كۆرگىلى بارىمەن، مېنى يولغا سېلىپ قويۇڭ!

رەيھاننىڭ بۇنداق ئاچچىقنى كۆرۈپ باقمىغان ياسىن خوتۇنىنىڭ تۇنۇگۈنكى خاپىلىق بىلەن بۈگۈنكى

قايغۇ-ئەلەمنى بىراقلا چىقىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

ــــ بوپتۇ ماڭساڭ ماڭ، ئانا دېگەن مۇھىم، ئەتە يولغا سېلىپ قوياي...

ــــ پويىزدا ئەمەس، ئايروپىلاندا ماڭىمەن، بالىنىمۇ ئېلىپ كېتىمەن!

ــــ مەن سېنى پويىزدا ماڭ دېدىممۇ؟ بىراق بالىنى ئەكەتسەڭ يەسلىدىن قالىدۇ.

ــــ قالسا قالار، يەسلى-يەسلى دەپ ھېلىمۇ جىق قىينىلىۋەتتۇق بىچارە بالىنى، ئانام بىر كۆرۈۋالسۇن خارلىشىپ كەتكەن نەۋرىسىنى!

ــــ ئۇمۇ مەيلى، قاچان يېنىپ كېلىسەن؟

ــــ ئۇقمايمەن، بارغاندا بىر گەپ بولار.

ياسىن شۇنچە مۇلايىم خوتۇنىنىڭ بۇنچە قاتتىقلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ئەمما چۈشەندى، ئۆز خوتۇنىغا نوچىلىق قىلىپ كىبىر كۆرسىتىپ يۈرسە مۇشۇنداق بولىدىغان گەپ. ئېرى نېمە قىلسا لەببەي غوجام دەپ ھجىيىپ يۈرۈيدىغان خوتۇنمۇ ئەرنىڭ كۆزىگە ساراڭقىتىش كۆرۈنىدۇ. رەيھان ئېرىنى ھەر قانچە ياخشى كۆرسىمۇ، ئەگەر ئېرىدىكى مۇھەببەت سۇسلىشىپ قالىدىكەن، ئۆزىنى مۇھەببەتكە زورلىيالمايدۇ. ئەگەر ئېرى ۋاپاسىزلىق قىلىدىكەن، مۇھەببەتنى نەپرەتكە ئايلىنىپ ئېرىگە تىغدەك قادىلىدۇ.

مۇھەببەت باھاردەك تەبىئىي باشلىنىپ، زېمىستاندەك تەبىئىي ئاياغلىشىدىغان نەرسىمۇ؟ باھار پەسلىدە كېتىۋاتقان مېھىر-مۇھەببەتكە زېمىستان مۆلدۈرى ياغدۇرۇۋېتىدىغان نائەھلىدە مۇھەببەت دېگەن نەرسە بولامدۇ؟

ياسىن ھەر قانچە بولسىمۇ خوتۇنىغا نامەرتلىك قىلىشقا يۈزى چىدىمىدى، قېينانىسى ياخشى ئايال ئىدى، ئەسلىدە ھەققىي ئەرلىك بۇرچىنى ئادا قىلاي دېسە ئاشخانىسىنى تاقاپ، خوتۇن-بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ بىللە بارسا بولاتتى. ئەمما ئەنسىزلىك ۋە تىرىكچىلىك غېمى تۈپەيلىدىن ئاشخانىسىنى بىقىپ يېتىشقا مەجبۇر بولدى، رەيھانمۇ بۇنى توغرا چۈشەندى.

مېڭىش ئالدىدا رەيھان ئۇنىڭغا قاراپ بىر دەم تۇرۇپ كېتىپ:

ــــ مەن كەتكەندە ئەركىنلىككە چىقتىم دەپ قالايمىقان ئىش قىلىپ سالماسسىز-ھە! ــــ دېدى .

ــــ نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، سەن ئاناڭنىڭ بېشىدا يىغلاپ يۈرسەڭ مەن بۇ يەردە ساڭا يۈز كېلەلمەيدىغان

ئىش قىلىپ يۈرەمدىمەن؟! بەك ئەنسىرەپ كەتسەڭ كۆندە تېلېفونلىشىپ تۇرساق بولىدىغۇ؟

ــــ مۇشۇ يېقىندىن ئۆزگىرىپ قالدىڭىز، مەن دېمىسەممۇ بىلىسىز، ھېلىقى قېرى ئاغىنىڭىز بىلەن بوشراق باردى-كەلدى قىلىڭ، ھاراقنى ئاز ئىچىڭ. ئىچىپ مەست بولۇپ ئۇدۇلدىكى مەينەتلەرنىڭ قېشىغا كىرىپ كېتىپ قالماڭ.. مەن شۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەن.

بۇ گەپلەر ياسىنغا خوشياقمىسىمۇ، لېكىن ھازىرقىدەك ئەھۋالدا زېرىكمەي، تېرىكمەي ئاڭلاشقا مەجبۇر ئىدى.

ــــ خاتىرجەم بولۇپ مېڭىۋەرگىن، مەندىن ئەنسىرىمەي بېرىپ ئانامنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالغىن... بېرىپلا تېلېفون قىلىۋەت، كۆندە تېلېفون قىلىپ تۇر، مەنمۇ ئۇرۇپ تۇرىمەن.

رەيھان بالىسىنى يېتىلەپ، ئېرىگە قاراپ-قاراپ قويۇپ ئايروپىلان كۇتۇش زالىغا كىرىپ كەتتى. ياسىن تالاغا چىقىپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چەكتى، ئۆزىنى خۇددى ئېغىز-بۇرنىدىن چىقىۋاتقان ئىسلاردەك يەڭگىل ھېس قىلدى.

5

ھاشىم دوغلاق تۆكۈرۈكلىرىنى يۇتقىنىچە ساتىراچخانىغا ئەيمىنىپ كىرىپ كەلدى، سوپۇن، ئەتىر، ماي پۇراقلىرى بۇرنىغا گۈپپىدە ئۇرۇلدى، سەتەڭلەرنىڭ پۇرىقى مۇشۇنداق بولسا كېرەك، ئۇزۇندىن بۇيان تەلپۈنۈپ كېلىۋاتقان بىر نەرسىگە يېقىنلىشىۋاتقاندەك ھاياجانلاندى، مەستخۇش بولدى. ئۇنىڭ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن قىرقىم چاچ، پىستان كۆز، تەخەي پاچاقلار يەم كۆرگەن توخۇلاردەك پاتپاراق بولۇشۇپ كەتتى.

ــــ نېمە قىلدۇرىسەن؟ ــ دېدى بىرسى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

ــــ چاچ ياسىتىمەن ــــ دېدى ھاشىم دوغلاق ئۆزىنىڭ دۇرۇسلۇقىنى ساقلاپ.

ــــ ئاۋۋال چېچىڭنى يۇي.

بىر سەتەڭ ساغرىسىنى تولغاپ ئۇنى باشلاپ ماڭدى، يۇمشاق ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى، دىقماق بوينى گىرۋەككە ئارانلا پاتقان ھاشىم بېشىنى ساڭگىلاتسىلا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلىپ قاتتىق تۇرۇپ قالدى، بوينى ئاغرىشقا باشلىدى.

ـــ بېشىڭنى قويۇۋەت، جىددىيلەشمە،ـــ دېدى سەتەڭ.

هاشىم بېشىنى سەتەڭنىڭ قولىغا تاشلاپ بەردى، بېشىغا ئىسسىق سۇ چۆشكەن هامان كۆزلىرىنى يۇمدى. سەتەڭنىڭ تولا چاچ يۇيۇپ كۆنۈپ كەتكەن قوللىرى گەرچە پاسكىنا بولسىمۇ، ناهايىتى چىۋەر ئىدى، هاشىم چېچىنى يۇيدۇرغىنىدىن ئەمەس، تۇتقۇزغىنىدىن هوزۇرلىنىۋاتاتتى. گاهىدا سەتەڭنىڭ مەيدىسىگە ئوغرىلىقچە كۆز تىكەتتى.

چاچنى بىر دەمدە ياساپ بولدى، كەينىدىن ئۇ سەتەڭ ئۇنىڭ چېچىنى يەنە يۇيۇپ قويدى. هاشىمنىڭ چاچ ياستىپلا چىقىپ كەتكۈسى يوق ئىدى، سەتەڭمۇ دەل ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى تاپقاندەك، ئۇنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ بېشىنى تۇتۇشقا باشلىدى، گەدەن پاتاڭلىرىغا مەيدىسىنى ياققاچ، بارلىق هۈنىرىنى چىقىرىپ ئۇنى غىدىقلاشقا باشلىدى. ئۇ بۇ كارامەتلەردىن هوزۇرلىنىپ، كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇرغاندا سەتەڭ ئۇنىڭغا پۈتۈن بەدىنىنى تۇتقۇزسا ئەزان ئىكەنلىكىنى، ئازراقلا پۇل قوشسا چاچ ياساشنىڭ پۇلىنى ئالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ـــ قانچە پۇل؟ـــ دېدى هاشىم قىزىقىپ.

ـــ سائىتىگە 40 كوي، بەك ئەزان. ئۇنى قىلغۇزمىساڭ چاچ ياسىغان، چاچ يۇغانغىلا 25 كوي تۆلەيسەن. ئۇنىڭدىن كۆرە 15 كوي قوشساڭلا پۈتۈن بەدىنىڭنى ئەنمو قىلدۇرالايسەن ئەمەسمۇ، بۇنداق باها هېچنەدە يوق...

هاشىم بۇنىڭغا قىزىقىپ قالدى، ئەسلىدىمۇ ئۇ مۇشۇنداق هوزۇرنى دەپ كىرگەن، ياسىن لاۋبەنمۇ چوقۇم مۇشۇنداق قىلغۇزغان گەپ. بىرەر قېتىم بولسىمۇ لاۋبەننىڭ هوزۇرىنى سۈرۈپ باقسا يامىنى يوق. بۇنىمۇ كۆرۈپ بېقىش كېرەك...

هاشىم تېخىمۇ چوڭ هوزۇرغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئورنىدىن قوپتى، سەتەڭ ئۇنى باشقا بىر سېرىق چاچ سەتەڭگە تۇتقۇزدى، ئۇ هاشىمنى ئىچكىرىگە باشلاپ، بىر كارىۋاتلىق تار ئۆيگە ئېلىپ كىردى. كۆزى شەهۋەتتىن تورلىشىپ كەتكەن هاشىم بۇ كارىۋاتتىكى كىرلىكلەرنىڭ مەينەتلىكىنى كۆرمىدى، ئايىغىنى سېلىپ تاشلاپ، هاياجىنىنى بېسىپ ئوڭدا ياتتى، كۆزىنى يۇمدى، چۈش كۆرۈۋاتامدۇ ياكى چۈش سەيلىسى قىلىۋاتامدۇ، ئەيتاۋۇر نەچچە ۋاقىتتىن بېرى خىيال قىلىپ كەلگەن شىرىن تەسەۋۋۇرى بىلەن رېئاللىق ئارىسىدا ئۆزىنى تاپتى؛ ئويلىغىنىغا يەتكەندەك، ئەمما مۇرادىغا تېخى يېتەلمىگەندەك هېس قىلدى. " بۇنداق چاغدا باشقا ئىشنى ئويلىماسلىق كېرەك،ـــ دەپ ئويلىدى ئۇ،ـــ بىزمۇ ئادەم، بىزمۇ ئوغۇل بالا، لاۋبەندە بار هەۋەس بىزدىمۇ بار، لاۋبەن چىرايلىق خوتۇنىغا قانماي، يەنە

مۇشۇ سەتەڭلەرنى ئۆيىنسا گەپ يوق، قاغجىراپ كەتكەن بىز بىچارىلەر ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قاندۇرۇپلا يۈرەمدۇق؟..."

كىنىدىكى ئوچۇق سېرىق چاچ بىر ياقتىن تاماكا چەككەچ ، بىر ياقتىن ھاشىمنىڭ دىقماق پۇتىنى تۇتۇشقا باشلىدى، ھاشىم ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا ھەر قانچە تىرىشسىمۇ، ئۆلگۈر ھەۋىسى تۇغانغا پاتمىغان سۇدەك تېشىپ چىقىشقا باشلىدى، قولى ئىختىيارسىز ھەرىكەتكە كېلىپ، سېرىق چاچنىڭ يوتىسىنى سىلاشقا باشلىدى.

___ بۇنىڭغىمۇ ھەق تۆلەيسەن،___ دېدى سېرىق چاچ، ___ بىكارغا سىلايدىغان ئىش يوق.

ھاشىمنىڭ كەيپى ئۇچتى، مانچە پۇل خەجلەپ بۇ بۇزۇقنىڭ ئىت يېمەيدىغان يوتىسىنىمۇ سىلىيالمىسا...

سېرىق چاچ ئۇنى دۈم ياتقۇزۇپ دولىسىنى تۇتۇشقا باشلىدى، ئاندىن شاپىلاقلاپ ئۇرۇشقا باشلىدى. بۇ ئىش ھاشىمغا ھار كەلدى، پۇل خەجلەپ ئۆزىنى ئۇرغۇزىدىغان ساراڭمۇ بىر كىشى!

___ بۇشاڭ، بۇشاڭ... ___ دېدى ئۇ ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ.

سېرىق چاچ ئۇنىڭ تېرىكىپ كەتكىنىنى چۈشەنمەي چۆچۈپ تۇرۇپ قالدى. ھاشىم ئۇنىڭ قورقۇپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، بىر نېمىلەرنى قىلغۇتكۇسى كەلدى. ئويمانچاقلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆكسىگە تىكىلىپ، ئۆزىنى تۇتالماي قالدى-دە، بېلىدىن قامالاپ ئاستىغا بېسىۋالدى.

___ بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ،___ دېدى سېرىق چاچ ئۇنىڭ قولىنى تۇتىۋېلىپ،___ بۇنىڭغا پۇل قوشسەن!

___ قانچە پۇل؟

___ 300 كوي.

___ ئون كويلا قوشاي، 50 كوي.

سېرىق چاچ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، شۇ ھامان رەت قىلغۇدەتتى.

___ ماڭە مەينەت، تېخى ھالنى كۆرۈڭ،___ دېدى ھاشىم ئۆز زۇۋانىدا غۇدۇرلاپ،___ 100 كوي دېسەڭمۇ تېخى نېمە دەيمەنكىن...

ئەمما ئويلىمىغان يەردىن سېرىق چاچ يۈز كويغا چۈشۈپ بەردى. ھاشىم " 50 كوي خەجلىسەممۇ خەجلەيدىكەنمەن، تايىنلىق قىلىدىغاننى قىلىپ، مەقسىتىمگە يېتەي" دەپ ئويلىدى.

سېرىق چاچ بىر دەمدە يالىڭاچلىنىپ تەييار بولدى، ئەمما ھاشىم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

ـــ چاققان بول،ـــ دېدى سىرىق چاچ ئۇنى ئالدىرىتىپ،ـــ ھېلى ۋاقىت توشىدۇ.

ـــ سەندە كېسەل يوقتۇ؟ـــ دېدى ھاشىم ئۇنىڭ بەدىنىگە قاراپ تىكەنلىشىپ.

ـــ نېمە؟ـــ دەپ تېرىكىپ كەتتى سىرىق چاچ،ـــ مەن تېخى سەندىن ئەنسىرەۋاتىمەن. گاندون ئىشلەتمىسەم بولمىسا...

ھاشىم ئۇنىڭ ئاچچىقلاپ كەتكىنىگە قاراپ، كېسەل يوق دەپ ئويلىدى ۋە گاندون ئىشلەتمىسەم رەت قىلىپ، كۆڭ-كۆڭلەپ ئارام بەرمىگەن شۇ ئۆلگۈر نەپسىنى قاندۇردى.

سىرىق چاچ ئۇنىڭدىن 100 كوينى سۇغۇرۇپ ئالدى، نەپسى قانغاندا پۇلغا قارنى ئاغرىپ كەتكەن ھاشىم ساتراچخانىدىن چىقىپ، ئەتراپقا ئالاڭ-بۇلاڭ قارىۋەتكەندىن كېيىن ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ياسىن لاۋبەن خوتۇنىنى ئۇزاتقىلى كېتىپ تېخى كەلمىگەنىدى. ئۇ دېرىزىدە يېنىدىكى جوزىغا كېلىپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چەككەچ ساتراچخانىلارغا يەنە قارىدى، ئەمدى قارىغاندا ئۇ سىرىق سەتەڭلەر بۇرۇنقىدەك سىرلىق، سېھىرلىك تۇيۇلمايتتى. ھاشىم تېخى بۇ ساتراچخانىلارنىڭ ئاران بىرسىگە كىرىپ كۆرۈپ باقتى، قالغانلىرى قانداقتۇ؟ قايسىلىرىنىڭ سەتەڭلىرى پەيزىدۇ؟ قايسىلىرىنىڭ تېخىمۇ ئەرزاندۇ؟ تۆنجى قېتىم بولغاچقا 100كوي قىممەت كەتتى، ئەمدى ئۇنداق قويۇلمايدۇ، 50 كويغىلا ماقۇل كەلتۈرىدۇ. بىرسىدە ئۈچتىن بەشكىچە سەتەڭ بار دېگەندىمۇ سەككىز ساتراچخانىدا قىرىق-ئەللىك سەتەڭ بار دېگەن گەپ. ھەر بىرىگە 50 كويدىن 100 كويغىچە خەجلىگىلى تۇرسا، ئىش ھەققى ھەرگىز يەتمەيدۇ...

ھاشىم بۇ خىياللىرىغا مەستانە بولۇپ، ئارقىدىن ئېسىگە كەلدى: ئۇنىڭغا نەدە ۋاقىت، نەدە پۇل؟ پاھىشۋازلىققا بىر كىرىشىپ قېلىپ چىقالمىسا، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى كېسەل يۇقتۇرىۋېلىپ يىغلاپ يۈرۈيدىغان گەپ... بايىلا تېخى يۇقتۇرۇپ بولدىمۇ، كىم بىلىدۇ، جىمى پاھىشۋازغا يالغان سۆزلەيدىغان بىر بۇزۇقنىڭ گېپىگىمۇ شۇنداق ئاسان ئىشەنگەن بارمۇ؟... ئەيدىز دېگەن ئەجەللىك مەرەزنى يۇقتۇرۇۋالسا ئىش چاتاق!

ھاشىم تۇرۇپلا چۆچۈپ، قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى. " ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭ تېرىكىپ كېتىشى بىكار ئەمەس...ئۇ ئەيدىز ئەمەس..." دەپ ئويلاپ كۆڭلىگە تەسەللىي بەردى، يەنە تۇرۇپلا " ئەمسە نېمىشقا گاندون ئىشلەتمىسەممۇ ماقۇل دەيدۇ، نېمىشقا ئەنسىرىمەيدۇ؟ نېمىشقا نامى ئەسكى مەندەك شىنجاڭلىققا ئاشىنىسىغا

ئىشەنگەندەك ئىشىنىپ كېتىدۇ؟ ئۇنىڭ قەستەن تېرىكىپ كېتىشلىرى چوقۇم بىر قىلتاق..." دەپ ئويلاپ، قايتا ئەنسىرەشكە باشلىدى. قورققانچە پۇت-قوللىرىدا جان قالمىغلى تۇردى. 100 كوي خەجلەپ ئەيدىز يۇقتۇرسا، جاھاندا بۇنداقمۇ دۆت ئادەم بولامدۇ؟ بۇ ئىپلاس يەرگە نېمىدەپ كەلدى؟...

هاشىمنىڭ ئويلىمىغان خىياللىرى قالمىدى، نەچچە تال تاماكىنى ئۇلاپ-ئۇلاپ چېكىۋەتتى، بايا چىققان ساتىراچخانىغا ئەلەم بىلەن قارىدى، سېرىق چاچ ئالۋاستىلار ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى، ئىچى ئاچچىققا تولدى. "ياسىن لاۋبەنمۇ پات-پات كىرىپ ئوينىغان، ئەيدىز بولسا شۇمۇ ئەيدىز بولسا بولاتتى...___ دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆزىگە تەسەللىي، ئۈمىد ئىزدەپ، ___ ئەگەر ئۇ ئەيدىز بولىدىغان بولسا چىرايلىق خوتۇنىمۇ ئەيدىز دېگەن گەپ". " لېكىن..._ دەپ ئويلايتتى ئارقىدىن ___ ياسىن لاۋبەن ئۇنداق مەينەتلەرگە پەقەت چېپچىنلا ياساتقان بولىسچۇ؟ شۇنداق چىرايلىق خوتۇنى تۇرغان يەردە نەچچە يۈز ئەرنىڭ ئاستىدىن چىققان مەينەتلەرنى نېمە قىلىدۇ؟ هاشىمدەك مۇشۇنداق مانتا كۆرمىگەن قەلەندەرلا ئاشۇنداق ئىپلاس قاسقانغا دۈم چۈشىدۇ... بارلىق پالاكەت، شور پېشانىلىك مۇشۇنداق تەلەيسىزلەرنى ماراپ تۇرىدۇ..."

مۇشۇنداق ئويلىغانچە هاشىم ئەلەمدىن تولغىناتتى، يۈرەكلىرى ئەندىشىدىن دۈپۈلدەپ سوقاتتى، توساتتىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ، ياتقىنىنىڭ يېنىدىكى خالاغا كىرىپ غاقىرىتىپ قۇستى، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى، ئىچىدىكى بارلىق قورقۇنچ ۋە غەم-ئەندىشە مۇشۇ قۇسۇقتەكلا چىقىپ كەتكەن بولسا قانداق ياخشى بولاتتى...ئەمما قورقۇنچ، غەم-قايغۇ ئاشقازاندىكى نەرسە ئەمەس، يۈرەكتىكى نەرسە، يۈرەك قاچان سوقۇشتىن توختىغاندا شۇ چاغدا توختايدۇ. ئەمما ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلسە يۈرىكى يەنە شۇ گۇناھتىن تىترەيدۇ، قورقۇنچلۇق پۇلاڭلايدۇ. دېمەك، هاشىم بۇ گۇناھىنىڭ ئازابىدىن ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا قۇتۇلالمايدۇ...

ئۇ ئاغزىنى چايقاپ، هالسىز قەدەملىرىنى سۆرەپ، ياتىقىغا كىردى، ميەنجاڭ بالا بىخارامان ئۇيقىغا كەتكەندى، هاشىم ئۇنىڭغا قاراپ هەۋەسلەندى، نېمىدېگەن خاتىرجەم ئۇيقۇ بۇ! يامان ئىش قىلمىسا مۇشۇنداق خاتىرجەم ئۇخلىغىلى بولىدىكەن. ميەنجاڭ بالا ئۆزىنىڭ هەۋەسىنى شەيتان ئاتلىغان چۈشىدىمۇ قاندۇرالايدۇ، شۇنچە بىخەتەر، شۇنچە شىرىن، تېخى هەقسىز. هاشىم بايان باشتىن كەچۈرگەن ئىشمۇ چۈش كۆرگەندەكلا يۈز بەردى، شىرىن

دەپ سۇرگەن چۈشى ئارقىدىن قاباھەتلىك چۈشكە ئايلاندى. زىيان تارتقۇچى، ئۇنداق-مۇنداق زىيان ئەمەس، ئەجەللىك زىيان تارتقۇچى ئادەم ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزى بولدى.

ھاشىم كارىۋاتقان ئۆزىنى تاشلاپ دەھشەتلىك خىياللارنى سۈرۈپ ئۆلگۈدەك بىئارام بولدى، كۆزىنى يۇمسىلا بايىقى سېرىق چاچ ئالۋاستى... چېكىت-چېكىت داغ باسقان بەدرەڭ بەدەن... ئۇ بۇلارنى ئويلىماسلىققا ھەر قانچە تىرىشسىمۇ، شۇ مەنزىرە، شۇ ھالەت كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى؛ سېرىق چاچنىڭ كارىۋىتىغا چىقىپ ياتقاندىن باشلاپ ئۇ ئۆز ئۆلۈمىنى تىلەيدىغان كېسەلگە ئايلىنىپ قالغان گەپ. ئىپلاس مۇناسىۋەت ئۇنى ئۆتمۈشىدىن كەسكىن ئايرىپ، پىچاق بىلەن كېسىپ ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن قوغۇندەك قىلىپ قويدى. ئالدىنقىسى ساپساق، كېيىنكىسى زېدە، بۇ زېدە ھامان سېسىيدۇ.

ئۇ كەلگۈسنى يامان تەسەۋۋۇر قىلدى، ساتراچخانىغا قەدەم باسماستىكى ساغلام ھالىنى سېغىنىش بىلەن ياد ئەتتى.

ئۇ توساتتىن نېمانچە قورقۇپ كەتتى؟ خەقلەر ئەيدىز-ئەيدىز دەۋېرىپ ئۇنى شۇنداق قورقۇنچاق قىلىۋەتتىمۇ يا؟ خىيالى ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىۋەردى. ئۆزى پەيدا قىلغان بۇ خەۋپ ۋە غەم-ئەندىشە ئۇنى خېلى ئۇزاققىچە بوش قويمايدىغاندەك قىلاتتى.

ئۇ ئۆزىنى ئۇيقىغا زورلاپ باقتى، ئۇخلىيالمىدى، مۇشۇنداق يېتىۋەرسە ئۆزىنى ھېلىلا كېسەل كارىۋىتىدىن چۈشەلمەي ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالىدىغان بىماردەك ھېس قىلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. مېڭىپ يۈرۈشلا تىرىكلىك، ساغلاملىقنىڭ نىشانى ئىدى. ئۇ ئاشخانىغا كىرىپ ساتراچخانىلارغا يەنە قارىدى. ئىشىك ئالدىدىكى رەڭگارەڭ پىقىرىغۇچلار ئايلىنىپ، باشنى قايدۇرۇپ تۇراتتى. كۆندۈزى خېرىدارلار (يەمچۈكلەر) ئانچە يوق ئىدى، قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا ئوغرى مۈشۈكلەر قىلتاققا چۈشەتتى. ھاشىم ھەۋەس تۇرۇپ كەتكەندە كاللىنىڭ ھەقىقەتەن ئىشلىمەي قالىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. جوزىدا ئولتۇرۇپ تاماكىنى چېكىۋېرىپ، ئاچچىق خىيالىنى سۈرىۋېرىپ، ئىستىن ياكى پۇشايماندىن زەھەرلىنىپ قالغاندەك بىئارام بولۇپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى. "مەن ئۆزەمگە دۈشمەن بولدۇم، ئادەم دائىم ئۆزىنىڭ دۈشمىنى!... بۈگۈن زادى ئىچمەن" دەپ ئويلىدى، قازان بېشىغا چىقىپ بىر تەخسە سەي قورىدى، قانداق قورىدى، بىلمەيلا قورىدى، قولىغا قىززىق ماي چاچراپ كەتسىمۇ سەزمىدى، ئۆز-ئۆزىگە كايىدى: بۇ

يەردىكى گۈيلار باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ دەپ ئەركەك قوينىڭ پوردىقىنى بۆيرۈتسا قورۇپ بەردىك، ئۆزەڭمۇ قانداق بولىدىكىن دەپ تېتىپ باقتىڭ، ھەتتا ئاچكۆزلۈك قىلىپ يېدىڭ، ھەر قېتىمدا شۇ گۈيلارنىڭ رىسقىنى بىرەر تالدىن سوقتۇڭ. ئۆزەڭنى كۆچلىنىپ كەتكەندەك ھېس قىلدىڭ، جاھاندا شۇ ئىشتىن باشقا پەيزى ئىش يوقتەك توختىماي شۇنى ئويلىدىڭ، ئۇدۇلدىكى مەينەتلەرگە شۆلگىيىڭنى ئېقىتتىڭ، ئارقىدىن شەھۋەت سويۇقلۇقنى ئېقىتتىڭ، بۇلغاندىڭ، كېسەل يۇقتۇردۇڭ... ھۈنەر قىلغانغا تويە، ئاچكۆزلۈك قىلغانغا تويە..

قازان بېشىدىن باشلانغان ئاچكۆزلۈك شەھۋەت ئاچكۆزلۈكىگە، بۇ ئاچكۆزلۈك يامان ئاقىۋەتكە سەۋەب بولدىمۇ ئەمدى؟! ھاشىم ئۇنداق ئەمەس دەپ ئۆزىنى ئىشەندۈرەلمىدى، بۇ نەس باسقان جايغا كەلگىنىگە، كۆتىنى قىسىپ ئۈيقۇسنى ئۇخلاپ، چۈشىدە ئۆزىنى قاندۇرۇپ يۈرمىگىنىگە ئۆكۈندى. يەنە تۇرۇپ: " ئوغۇل بالا دېگەن قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلماسلىقى كېرەك، مەن ئۆزۈمنى بەك قورقىتىۋېتىپ بارىمەن" دەپ ئويلىدى.

ئۇ ئوخشىمىغان سەينى ئالدىغا قويۇپ، بىر بوتۇلكا ئاق ھاراقنى تىكلەپ سالامەتلىكنى تىلەپ ئىچىشكە باشلىدى، توختىماي ئىچىپ بىر دەمدە تەڭشىلىپ قالدى، كەيپىياتى ئۆرلەپ، يەڭگىللەپ، ئۆزىنى مۇئەللەقتە لەيلەۋاتقاندەك سەزدى. ئۇ غەرق بولۇپ كېتىشنى ئويلىغانىدى، ئەمما مۇشۇ يەردىلا ئوڭدا چۈشۈپ، ياسىن لاۋبەن ئالدىدا سەتلەشكۈسى كەلمىدى.

ئۇ ياتىقىغا مۇشۇنداقلا كىرىپ يېتىپ قېلىشنى خالىمىدى، ساتراچخانىلارغا شىرشىم، ئەلەس كۆزلىرىدە ئەلەم بىلەن قارىدى، "100 كويغا پاكىز بىر بۇزۇق يېتىپ بېرەمدۇ؟ ئەگەر مەن راستىنلا شۇنداق كېسەل چىقىدىغان بولسام، بۇ بۇزۇقلارنىڭ ھەممىسنى بىر باشتىن ئويناپ چىقىمەن، ئاۋۋال پۇل بېرىپ، كېيىن ھەقسىز، كېيىن ئۆزلىرى تەلەپ قىلىدىغان قىلىۋېتىمەن. قازان بېشىدا توپلىغان كۈچۈمنى كۆرسىتىپ، ئۆلگىچە لەززەت سۈرىمەن..." دەپ ئەسەبىيلەرچە خىيال سۈردى.

ئۇ شۇنداق ئولتۇرغاندا دائىم بۇ يەردىن بۆرەك كاۋاپ يەيدىغان لاۋبەن سەتەڭ ئاشخانا ئالدىغا كېلىپ قاراپ باقتى. ھاشىم ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— بۈگۈن ئاشخاناڭلارنى ئاچمىدىڭلاما؟

— ئوچۇققۇ... — دېدى ھاشىم ئۇنىڭغا مەستانىلەرچە تەلمۈرۈپ.

___ ئەمىسە ئادەم يوقمۇ؟

___ مەن ... ئادەم ئەمەسما

___ لاۋبەن كۆرۈنمەيدىغۇ، بۇگۈن كاۋاپ ساتمىدىما؟

___ خوتۇنى ماگدى، ئۆزاتقىلى كەتتى...

___ نېمىشقا ماگدى؟

___ ئۇقمايمەن...

لاۋبەن سەتەڭ ئادەتتە ئانچە دىققەت قىلمىغان بۇ دىقماقنىڭ كۆزلىرىدىكى ئېچىرقاشتىن ئەجەبلەندى.

___ مەن بۆرەك يەي دېگەن، بۇگۈن بولمىسا ئەتە كېلەي.

___ بۆرەك يېسەڭ... مەندىمۇ بار، _دېدى ھاشىم بېزەڭلىك بىلەن ھجىيىپ.

___ سەن كاۋاپ ساتمايسەنغۇ؟

___ مەن سوگوزىچى، كاۋاپ دېسەڭ.. كاۋاپ، قورۇپ بەر دېسەڭ... بۆرەك دېگەننى... بىردەمدە قورۇپېتىمەن.

سەتەڭنىڭ بۇگۈن راستىنلا بۆرەك يېگۈسى كېلىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئاشخانىغا كىردى.

___ پىۋىدىن بىر قۇتا كەلتۈر!

ھاشىم دوغىلاق پۇشۇلداپ بېرىپ، توڭلاتقۇدىن بىر قۇتا پىۋىنى ئېلىپ سەتەڭنىڭ ئالدىغا قويدى.

___ ئېچىپ بەرمەمسەن؟

ھاشىم شۇ ھامان سەتەڭگە كۆرستىپ تۇرۇپ، قۇتىنىڭ ئېغىزىنى چىشلەپ ئاچتى.

ئۇ توڭلاتقۇدىن بۆرەك ئىزدەشكە چۈشتى، تەلىيىگە بىر نەچچە تال بۆرەك چىقتى. سەتەڭنى كۆرسە كۆزلىرى ئويناپ، يۈرەكلىرى يايراپ كېتىدىغان بۇ بايقۇشنى ھازىر كىممۇ مەست دەيدۇ، ئۇ شۇنچىلىك سەگەكلىشىپ كەتكەن ئىدىكى، قازاندىكى ماي قىززىغان ھامان بۆرەكنى پاراسلىتىپ تاشلاپ، تۆز تەمنى تەڭشەپ بىر دەمدىلا بىر تەخسە سەي قورۇپ چىقتى. سەتەڭگە بۇ بۆرەكمۇ تېتىپ كەتتى بولغاي، ئاغزىنى چاكىلدىتىپ يەپ كەتتى، پىۋىنى سۈدەك سۈمۈردى. ھاشىم بىر ياقتا ئۇنىڭ يېگەن-ئىچكەنلىرىگە قاراپ ئولتۇراتتى، كۆزلىرىنى ئۇنىڭ يوتىسى بىلەن كۆكسىدىن ئالالمايتتى، شۆلگەيلىرىنى يۇتاتتى: " ئىچە ئىچ، ئىچىپ مەست بولۇپ كەت، ئاندىن مەن ساڭا

بىڭىسىنى كۆرسىتىپ قويىمەن، كېسەل بولساڭ مەنمۇ كېسەل، كېسەل بولمىساڭ ئۆزەڭنىڭ شورى... ھامان ئۆلىدىغان گەپ، ئۆلگەندىكىن پۇخادىن چىققىچە ياشاپ ئۆل...".

لاۋبەن سەتەڭ بىر قۇتىنى ئۆرۈپ بولۇپ، ئورنىدىن قوپتى، بېشى سەل قايغان بولسا كېرەك، بىر دەم تۇرۇۋالدى. ھاشىم چېپىپ قوپۇپ ئۇنىڭ بىلىكىنى تۇتتى.

ــــ توختا... پۇلۇڭنى بېرىمەن...ــــ دېدى سەتەڭ سومكىسىنى ئاختۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئانچە قولاشمايتتى، تۇتۇپ تۇرمىسا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەكمۇ قىلاتتى.

ــــ پۇل بەرمە... ئويناپ قويايلى...ــــ دېدى ھاشىم ئۇنىڭغا ئېسىلىپ.

ــــ ئىشىڭنى قىل !ــــ دېدى لاۋبەن سەتەڭ ئۇنىڭ قولىنى سىلكىپ،ــــ مېنى... نېمە كۆرۈۋاتىسەن؟

ــــ سەن... قىلمامسەن؟

ــــ قىلمەن... مىڭ كويىنى ھازىر سانا... چىدامسەن؟

ھاشىم تۇرۇپلا قالدى، مىڭ كوي دېگەنگە ئۇنى كەلمەمدۇ؟ بۇ بۇزۇقنىڭ ھالى يامانكەن، ئۆزىنى لاۋبەن دەپ قالتىس چاغلاپ كەتكەن گەپ. بولمىسا قالغان سېرىق چاچتىن نېمە پەرقى؟ چىرايى بولغانىنىڭ نېمە پايدىسى؟

ــــ ئەزان چۈشۈرۈپ بەرمەمسەن؟...ــــ دېدى ھاشىم بىر دەم بولسىمۇ ئۇنى كولدۇرلىتىش ئۈچۈن.

ــــ شىنجاڭلىق قوشنا دەپ ...ھېلىمۇ ئەزان قىلىپ بەردىم.

ــــ شىنجاڭلىق يامان... كۆرۈپ باقساڭ بىلىسەن... تېتىپ باقساڭ بىلىسەن... بۆرەك يېگۈڭ كەلگەندەك.. كۆڭلۈڭ كېلىۋالامسەن تېخى...ــــ دېدى ھاشىم پىخىلداپ كۈلۈپ. كەيپىلىكتىنمۇ، ياكى دەل مۇشۇنداق سېرىق پاراڭدىنمۇ ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ كاللىسى ئاپتوماتتەك ئىشلەپ، ئېغىزى سازلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

ــــ ئۆزەڭنى داڭلاپ كەتتىڭ... كىم ئۆزىنى بەك داڭلىسا... شۇ ئەڭ يارىماس.

ھاشىم مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى، شۇ ھامان كاللىسىغا ياسىن لاۋبەن كەلدى، ئەگەر بۇ سەتەڭ ياسىن لاۋبەن بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، شىنجاڭلىقنىڭ يامانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمما ياسىن لاۋبەن ئۇ ئىشتا شىنجاڭلىقنىڭ ۋەكىلى بولالامتى؟ ئۇنداقتا ھاشىمچۇ؟

ــــ سەن شىنجاڭلىق بىلەن... قىلىپ باققانما؟

ــــ بۇنى سوراپ... نېمە قىلىسەن؟ ـ دېدى سەتەڭ ئۈنىگغا بىزارلىق بىلەن قاراپ قويۇپ،ــــ شەخسىي ئىشىمغا ئارىلاشما، ئاله ما پۇلۇڭنى.. مەن ماڭدىم.

ــــ پۇلنى كەم بەردىڭ...

ــــ پارچە پۇل مۇشۇ... قالغىنىنى لاۋېنىڭ كەلسە ئەتە بېرىمەن... قاچان كېلىدۇ ئۇ؟

ــــ سوراپلا كەتتىڭ؟ بىر نېمىسىنى سېغىنىپ قالدىڭما؟

ــــ سېغىنسام قانداق قىلاتتىڭ؟ سەن بۇ ئىشقا تولا ئارىلاشما، لاۋېەن دېگەن لاۋېەن بىلەن ئارىلىشىدۇ.

ــــسەن مېنى... پۇلى يوق دەمسەن، بىرەر قېتىم بولسىمۇ ماقۇل دە...

ــــ سەن لاۋبەنمىتىڭ؟ بۇ گەپنى لاۋېنىڭ دېسۇن.

ــــ لاۋبەن بولسا ھەقسىز بېرىسەن، مەن دېسەم ئۇنىمايسەن...

ــــ مەن خالىمىغان ئادەم مەن دېگەن پۇلدىن تۆۋەن بەرسە ئۇنىمايمەن...

ــــ مېنى كۆزۈڭگە ئىلمىدىڭ-ھە... قاراپ تۇر...ــــدېدى ھاشىم زەردە بولۇپ.

ــــ بەك چىدىماي كەتكەن بولساڭ... دۇكىنىمغا كىر. باشقا قىزلاردىن خالىغىنىڭنى ئويىنساڭ بولىدۇ. لېكىن بىكارلىق ئىش يوق، تۆۋىنى يۈز كوي، قانداق بارامسەن؟

ــــ بارمايمەن... بىكارلىق دېسەڭمۇ بارمايمەن... ھەممىسى ئەيدىز... ھەممىسى مەينەت...

ــــ بارمىساڭ ئەمسە ماڭا ئېسىلما...

لاۋبەن سەتەڭ شۇنداق دەپلا ئاشخانىدىن تايتاڭلاپ چىقىپ كەتتى، ھاشىم ئۇنىڭ ئاغزىدىن " بىزنىڭ ئويۇنچى قىزلىرىمىزدا كېسەل يوق" دېگەن گەپنى ئاڭلىيالماي، تېخىمۇ تەشۋىشكە چۈشۈپ تۇرۇپ قالدى ۋە سەتەڭنىڭ قانداق چىقىپ كەتكىنىنىمۇ بىلمەي قالدى.

6

ھاشىم دوغلاق ئەنسىزلىك ئىچىدە ئىشىنىمۇ تۈزۈك قىلالماي، خېرىدارلارنى نەچچە قېتىم قاچۇرۇپ بولدى.

ــــ نېمە بولدۇڭ سەن زادى؟!ــــ دېدى بىر كۈنى ياسىن ئۇنىڭ قاپىقىدىن، قاشاڭلىقىدىن بىزار بولۇپ،ــــ بىرەر

دەردىڭ بارمۇ؟ ئىشلىگۈڭ كەلمەي قالدىمۇ؟ ئىشلىسەڭ تۈزۈك ئىشلە، بولمىسا گېپىڭنى ئوچۇق قىل ئاداش!

هاشىم گەپ قىلماي، تاماكىسنى شوراپ تۇرىۋەردى.

___ كاللاڭدا نېمە ئوي بار، بىر دېگىنە ماڭا!

هاشىم سالپىيىپلا قاراپ تۇراتتى، هەر كۈنى خەق بۇيرۇتقان سەينى قورۇپ، بۇيرۇققا بىنائەن ئىش قىلىدىغان تۇرسا، ئۇنىڭ كاللىسىدا نېمە پىلان بولسۇن؟ ئۇنىڭ بۇ يەردە ئىشلىگۈسىمۇ، كەتكۈسىمۇ يوق ئىدى، كەتسە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ كېسەل يۇقتۇرغان ياكى يۇقتۇرمىغانلىقى نائېنىق بولغاندەك، كەلگۈسىدىكى ئىشلارنىڭ هەممىسى نائېنىق تۇرسا، نېمىنى ئويلاپ، نېمىنى دەيدۇ؟ شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ۋە كەلگۈسىنى ئالللقانداق ۋەهىمە، قورقۇنچ بېسىپ كەتتى. بۇنى ياسىن لاۋبەنگە قانداق چۈشەندۈرىدۇ؟ " بىر بۇزۇق مېنى مۇشۇنداق تۈگەشتۈرۈۋەتتى" دەپ دەردىنى تۆكەمدۇ؟ بالاتەگكۈر ئىشنى قىلغاندا نومۇس قىلمىغان ئادەم ياسىن لاۋبەنگە بۇنى دېيىشتىن نومۇس قىلغىنى قىززىق...

___ مۇشۇنداق مۆرىمەس ئادەمدىن قورقسا بولىدۇ...___ دېدى ياسىن غۇدۇرلاپ،___ ئىچىدىكىنى يا دېمىگەن، ئىشنى يا تۈزۈك قىلمىغان. ئوغۇل بالا دېگەن جان چىقىپ كەتسىمۇ جاڭ-جاڭ سۆزلەپ، ئەتىسى بىر پاي ئوقتا ئۆلسىمۇ تىك تۇرامدۇ دەيمەن! قويە سەندەك گۈيىنى...

___ مۇشۇ يېقىندىن تولا چارچايدىغان بولۇپ قالدىم... مىجەزىم يوق،___ دېدى هاشىم مىڭ تەستە ئېغىز ئېچىپ.

___ كېچىسى نېمە ئىش قىلىسەن ئۇخلىماي!؟

___ شۇ كېچىسى ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم، ئۇخلىسام تولا يامان چۈش كۆرىمەن...

___ قانداق چۈش كۆرىسەن؟

هاشىم بۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي تۇرغاندا، بىر ياندا قاراپ تۇرغان بازمەنچى بالا گەپ قىستۇردى:

___ بۇنىڭ دېگىنى راست ياسىنكا، نەچچە كۈن بولدى ئۇيقۇسى ياخشى ئەمەس. بەزىدە چۆچۈپ ئويغىنىپ "سېرىق چاچ ئالۋاستى...!" دەپ ۋاقىراپ كېتىدۇ.

___ ماڭەۋە...___ دېدى هاشىم ئۇنىڭغا گۈلىيىپ،___ ئۆزەڭ ۋاقىرىدىڭغۇ!

ياسىن ئۇ ئىككىسىگە قاراپ، ساۋۇتنىڭ گېپىگە ئىشەندى.

ــــ سىرىق چاچقا تولا قارىغاندىكىن چۈشۈڭدە كۆرسەڭمۇ كۆرگەنسەن!ــــ دېدى ياسىن ئۇنى نەق كەلتۈرۈپ،ــــ ئادەم نېمىنى تولا ئويلىسا شۇنى بەك چۈشەيدۇ.

ھاشىم ئۆزىنىڭ سىرى ئاشكارىلىنىپ قالىدىغاندەك تەمتىرەپ كەتتى، ئەمما ياسىن لاۋبەننىمۇ شۇنداق قىلدۇ دەپ ئويلىغاچقا ئۆزىنى دەررۇ ئوڭشىۋالدى، "سەنمۇ ئويلايسەن، سەنمۇ ئوينايسەن، ئۆزەڭمۇ قىلىپ تۇرۇپ مېنى نېمە ئەيىبلەيسەن " دېدى ئىچىدە. ئاندىن بۇنى چىرايىدىكى مەغرۇرلۇق، پەرۋاسىزلىق بىلەن ئىپادىلىدى.

ــــ سىرىق چاچلىقلار بىلەن بىرەر ئىشىڭ يوقتۇ؟ــــ دېدى ياسىن لاۋبەن بولدى قىلماي.

ــــ نېمە ئىش بولسۇن...ــــ دېدى ھاشىم جىلە بولۇپ ،ــــ قازان بېشىدىن بىردەم ئايرىلغىلى بولمىسا...

ــــ دېمەك، بىكار بولساڭ ئويناپ قوييدىكەنسەن-دە؟

ــــ ئوينىساق ئوينارمىز، خوتۇن بولمىغاندىكىن...

ــــ مۇنداق گەپ قىلىپ تۇرە-ھە، لېكىن ئوينايمەن دەپ ئۆزەڭگە ئىش تېپىۋالما!

ھاشىم بۇ گەپتىن ئۈجۈقۇپ، ئۆزىگە ئاللىبۇرۇن ئىش تېپىۋالغاندەك قورقۇپ تىترەپ كەتتى، گەپمۇ قىلالمىدى.

چۈشتىن كېيىنكى ئارام ئىلىشتا ھاشىمنىڭ كەيپى تېخىمۇ ئوساللاشتى، توختىماي ئۇھ تارتىپ، ئۈزمەي تاماكا چەكتى.

ــــ ئۆزەڭنى دەپ مېنىمۇ ئۇخلاتمايۋاتىسەن ئاداش... ــــ دېدى ساۋۇت بىزار بولۇپ،ــــ دەردىم بار دەپ چېكىشۈپرىدىغان نەرسە ئەمەس تاماكا دېگەن.

ــــ قانداق قىلمەن ئەمسە... ئىچىم غەزەپ سىقىلىپ تۇرىدۇ، چەكمىسەم ئوڭشالمايمەن.

ــــ ياسىنكامغا دېمىگەن گېپىڭنى ماڭا دېسەڭ بولمامدۇ؟

ــــ نېمىنى دەيمەن، دېگۈدەك گەپ يوق.

ــــ سېنىڭ بۇ نەچچە كۈندىكى ھالىڭ ماڭىمۇ تەسىر قىلغان چېغى، مەنمۇ يامان چۈش كۆرۈپ قاپتىمەن قارا.

ــــ نېمە چۈش كۆرۈپسەن؟

ــــ دېسەم كۆڭلۈڭگە كېلەرمۇ؟

ــــ ۋاي دەۋەرگىن، چۈش دېگەنگىمۇ ئىشىنىپ ئولتۇرامدىمەن؟

ــــ راست، بۇ دېگەن چۈشقۇ، ئەمىسە دەۋەردىم، چۈشۈمدە سىنى مۇشۇ كارىۋىتىڭدا كۆرۈپتىمەن، قارىسام ئورۇقلاپ ئىسكىلىت شاھ بولۇپ قاپسەن. بۇ ئاداشقا نىمە كىسەل تەگكەندۇ دەيمىشمەن... قېشىڭغا كەپتىمەن، كۆزلىرىڭ قارىداپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكۈدەك، ماڭا بىر قارىغاندەك، قورقۇپ كەتتىم. مەندىن تاماكا سورىدىڭ، تالادىن ئېلىپ كىرەي دەپ مېڭىپتىمەن، يولغا چىقسام ساتراچخانىنىڭ مايماقلىرى تالاغا چىقىۋاپتۇ، يۈز-كۆزلىرىنى مايمۇندەك بويىۋاپتۇ، ھەممە يېرى يالىڭاچ، پەقەت شۇ يېرىگە بىر لاتىنى تارتىۋاپتۇ، مەن چىقىشىم بىلەنلا ئۇلار مېنى قوغلىدى، قېچىۋاتىمەن، قوغلاۋاتىدۇ، قېچىۋاتىمەن، كەينىمگە قارىسام يەنە قوغلاۋاتىدۇ... قانداق بولدى، بىر چاغدا قورقۇپ ئويغىنىپ كەتتىم.

ھاشىم ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قاراپ قالدى، كۆيۈپ بولالمىغان تاماكىسى قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئەيدىز كېسىلى بولغانلارنىڭ ئاخىرىدا ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى، ئىسكىلىت شاھ دېگىنى شۇ ئەمەسمۇ؟ ساۋۇت دېگەن بۇ قوڭالتاق ھېچ نېمىنى ئۇقمايدىغان تۇرسا، نېمەدەپ بۇنداق چۈشنى كۆرىدۇ؟ بۇ بىر يامان بېشارەتنىڭ ئالامىتى ئەمەسمۇ؟!

ــــ نېمە بولدى؟ ــــ دېدى ساۋۇت ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران بولۇپ،ــــ چۈش دېگەن يالغان نېمىغۇ ، قورققىدەك بىر ئىش بولدىما؟

ــــ ھېچقىزدەك چۈش كۆرۈپسەن،ــــ دېدى ھاشىم توساتتىن ئاچچىقلاپ،ــــ مېنى ئۇنداق چۈشەپ يۈرگىچە، ئۆزەڭنى چۈشسەڭ بولمامدۇ؟

ــــ كىم ھېچقىزكەن!ــــ دېدى ساۋۇت تېرىكىپ،ــــ ئۆزى دېگەن گەپكە ئۆزى ئىگە بولالمايدىغان سەندەك گۆي ھېچقىز بولىدۇ .

سەپرايى ئۆرلەپ، بوغۇلۇپ ئاران تۇرغان ھاشىم بۇ گەپنى ئاڭلاش بىلەنلا ساۋۇتنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى:

ــــ ئەجەپ نوچىغۇ سەن...

ــــ قولۇڭنى شىلتىمەي گەپ قىل، ھېلى بىكا

ــــ بولمىسا قانداق قىلاتتىڭ؟

ــــ رەسمى ساراڭ بوپتۇ ما گۇي...ــــ دېدى ساۋۇت كۆزىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ.

ــــ نېمە دېدىڭ؟ يەنە بىر دېگىنە!

ــــ ۋاي يوقالغىنە جۇگۇ كۆزۈمدىن...

ــــ ئاناڭنىڭ قېشىغا يوقىلمەنمۇ؟

ــــ ئاچاڭنىڭ قېشىغا يوقالساڭمۇ يوقال.

نەچچە كۈندىن بېرى ئۆزىگە قوقاق سىلىپ، دەردى ئىچىگە سىغماي يۈرگەن هاشىم غالجىر كېسىلى بولۇپ قالغان كالىدەك پۇشۇلداپ، ساۋۇتنىڭ كانىيىغا ئېسىلدى. ئىككەيلەن بىر دەمدىلا گۈلدۈر-غالاپ قىلىپ مۇشتلىشىپ كەتتى. ساۋۇت يەنىلا يامان چىقتى، بازمەن سوزۇپ كۈچلىنىپ كەتكەن قوللىرى بىلەن هاشىمنىڭ گېلىنى سىقىپ تامغا نىقتاپ قويدى. بىچارە بايقۇش ئۆزىنى سىرىق چاچنىڭ ئۈستىدە ئېيىقتەك كۈچلۈك هېس قىلغانىدى، مانا ئەمدى ساۋۇتنىڭ قولىدا مۈشۈكتەك ئېسىلىپ قالدى.

ــــ سىقە، سىقىپ ئۆلتۈرۈۋەت!ــــ دېدى ئۇ خۇددى راست دەۋاتقاندەك چىڭقىلىپ.

ــــ ماڭەۋە ساراڭ گۇي،ــــ دېدى ساۋۇت ئۇنى قويۇۋېتىپ،ــــ بەك ئۆلگۈڭ كەلسە خىروئىن چەك، بولمىسا ساتراشخانىغا كىرىپ ئوپناپ چىق...

هاشىم تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى، ئاندىن كارىۋىتىغا چىقىپ ياتتى، يەنە شۇ گەپ، يەنە شۇ قورقۇنچلۇق خىيال، قاباهەتلىك چۈش...

جېدەل تۈگىگەندە ياسىن كىرىپ كەلدى:

ــــ نېمە تاراق-تۇرۇق؟ سوقۇشتۇڭلارما؟

ــــ ياق،ــــ دېدى ساۋۇت هېچ ئىش بولمىغاندەك،ــــ يالغاندىن ئېتىشىپ باقتۇق.

ــــ كۆتۈڭلارنى قىسىڭلار، جېدەلدىن ياخشىلىق چىقمايدۇ. بۇگۈن بىر-بىرىڭلارغا مۇشت كۆتۈرسەڭلار، ئەتە قولۇڭلارغا پالتا-پىچاق چىقىپ قالىدۇ.

ياسىن بېشىنى كۆتۈرمەي ياتقان هاشىمغا قاراپ ئەنسىرىدى:

ــــ نېمە بولدۇڭ دۇگىلەك، بىرەر يېرىڭ ئاغرىمدۇ؟

ــــ ياق...ــــ دېدى هاشىم هالسىز، پەرۋاسىز.

ــــ دوختۇر تېپىپ بېرەمدۇق يا خوتۇن تېپىپ بېرەمدۇق ...

ياسىنغا قاراپ ساۋۇتنىڭ چىرايىغىمۇ كۈلكە ياماشتى:

ــــ دوختۇر خوتۇندىن بىرنى تاپسىلا ئىش پۈتىدىغۇ...

ــــ كۆڭلۈڭدىكىنى دەۋاتسەن-هە، سەن گۆيىمۇ بوش ئەمەس.

ياسىن ئۇلارنى قالدۇرۇپ قويۇپ ئاشخانىغا چىقتى، كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئويلاپ ئىچى پۇشتى. خوتۇنى كەتكەندىن بېرى ئاشخانىنىڭ ئىشى تازا يۈرۈشمەيۋاتاتتى؛ هاشىمنىڭ هۇنەردە ناچارلىشىپ كېتىشى سودىنى چېكىندۈرۈۋەتتى، جوزا-ئورۇندۇقلار كونىراپ ئاجرىغىلى تۇردى... كۆتكۈچىلىك قىلىدىغان ئادەم يوق، ياسىن كۆتكۈچىلىك قىلسا كاۋابدانغا قارايدىغان ئادەم يوق.

ياسىن ئولتۇرۇپ-ئولتۇرۇپ يالغۇزلۇقتىن ئىچى سىقىلىپ كەتتى، غېنى شاڭجاڭغا تېلېفون قىلدى:

ــــ بارمۇسەن ئاكا، بۈگۈن بىكارمۇ؟

ــــ بىزنىڭ نېمە ئىشىمىز بولسۇن ئۇكا، قانداق، بىرەر ئىش بارما؟

ــــ ئىش بولمىسا تېلېفون قىلمايدىغان گەپما؟

ــــ شۇ ئەمەسمۇ، ئىش بولمىسا تېلېفون قىلمايتتىڭ، ئادەمگە ئانچە يېپىشمايتتىڭ...

ــــ يوق گەپ قىلما ئاكاۋا، كۆرۈشمىگەن بىلەن ئويلاپ تۇرىمىز، بۇ يەردە سەندىن باشقا مەن ئارىلىشىدىغان كىم بار؟

ــــ بۇنى بىلمەن، هە يېقىنقىياقى قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن؟ ئاشخاناڭنىڭ ئىشلىرى قانداق كېتىۋاتىدۇ؟

ــــ شۇ ئاشخانىنىڭ ئىشلىرى بولمامدۇ، تۈزۈك سودا يوق دېگىنە هازىر، خوتۇن يۈرتقا كەتكەن، ما هاشىم دېگەن گۆيىغا نېمە بولدىكىن، تۈزۈك ئىشلىمەيۋاتىدۇ...

ــــ ئۇنداقتا كېلە، تۈزۈك پاراڭلىشايلى.

ياسىنمۇ دەل شۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغانىدى، تاكسى توسۇپ غېنى شاڭجاڭنىڭ يېنىغا ماڭدى، كەيپى چاغ ئىدى، كېتىپ بېرىپ ئۆتكەنكى كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشنى ئەسلىدى، جانغا ئارام گۈزەللىك، شادلىق ئۇ يەردە ئىدى،

ئارامبەخش رېستۇران، چىرايلىق كۆتكۈچى قىزلار ئادەمنى زوقلاندۇراتتى. ياسىن تاكسىدىن چۈشۈپ بىر تال تاماكا تۈتاشتۇرۇپ، ئىچكىگە تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى. رېستۇرانغا كىرمەي تۇرۇپ بۇ يەرنى تاماشا قىلدى؛ ھاياتلىق، گۈزەللىك، ئاۋاتلىق بۇ يەردە ئىدى، قويۇلۇۋاتقان شوخ، يېقىملىق مۇزىكىلار سىرتقا ئاڭلىنىپ تۇراتتى، رېستۇراننىڭ ئىچى ياكى سىرتىدا بولسۇن قاچانلا قارىسا ئادەم ئۈزۈلمەيتتى.

ــــ رېستۇرانغا كىرمەي بۇ يەردە تۇرۇپسەنغۇ؟ــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ،ــــ ئالدىمغا چىقسۇن دەپسەن-دە!

ــــ چىقساڭ بولىۋېرىدۇ ئاكا، بىزمۇ زۆڭتوڭدىن قېلىشمايمىز،ــــ دېدى ياسىن كۈلۈپ.

ــــ جۆرە، ئىچكىگە كىرىپ ئولتۇرايلى.

غېنى شاڭجاڭ ياسىننى رېستۇرانغا باشلاپ كىردى، بۇ بىر ھۆرمەت ئىدى، ياسىن كۆڭلى سۆيۈنگەن ھالدا رېستۇراننىڭ ھەممە يېرىگە قاراپ ماڭدى، كېيىنەك قىزلارمۇ تاتلىق كۈلۈمسىرەپ ئۇنى قارشى ئالدى.

ــــ بۈگۈن ئادەم جىق،ــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ ئۇنى كىچىكرەك بىر ئايرىمخانىغا باشلاپ،ــــ ئازادە ئولتۇرايلى.

غېنى شاڭجاڭنىڭ سەي بىلەن ھاراقتا سىڭىپ كەتكەن كۆڭلى ياسىننى تەسىرلەندۈرۈشكە باشلىدى.

ــــ ھەر كەلسەم مېنى چاندۇرۇپلا تۇرىسەن-دە ئاكا!

ــــ ئۆزەڭ چانساڭمۇ ماڭا دەمسەن؟ــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ قىزىقچىلىق قىلىپ،ــــ مەندىن چوڭراق لاۋبەن بولغاندا چانمايدىغان بولسەن...

ــــ دېگىنىڭ كەلسۇن ئاكا، لېكىن ھازىر بۇ لاۋبەنلىكتىنمۇ چاتاق چىقىۋاتىدۇ.

ــــ ئۇنداق ئويلىما، ئاشخانا دېگەن ئاسانلىقچە زىيىنغا ماڭمايدۇ.

ــــ لېكىن بۇنداق كېتىۋەرسەك، زىيان چىقمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

ــــ خوتۇنۇڭ نېمىشقا كەتتى؟

ــــ ئانىسى ئېغىر يېتىپ قاپتۇ.

ــــ قاچان كېلىدۇ؟

ــــ ھازىرچە ئىنىق ئەمەس.

ــــ خوتۇنۇڭنىڭ ئورنىدا كىم ئىشلەۋاتىدۇ؟

ــــ كىم بىكار بولسا شۇ، ھازىر خېرىدار كۆپ ئەمەس، ئىشمۇ جىق ئەمەس. تۇزلۇك سودا يوق. گەپ ئاساسلىقى ھاشىمدا، سەينى تۇزلۇك قورىماي خېرىدارنى قاچۇرىۋاتىدۇ.

ــــ نېمە بوپتۇ ئۇ گۆيغا؟

ــــ نېمە بولىدىكىن بىلمىدىم، قاچانلا قارىسا خام ياغ ئىچىۋالغاندەك چىرايىنى قورۇپ يۈرۈيدۇ، بۇرۇنقىدەك چاققان ئەمەس، قورىغان سەيلىرىنىڭ بىرسىمۇ تەملىك ئەمەس؛ قولىغا پاقا سىيىۋەتتىمىكىن دېسە، كۆلدا پاقا يوق.

ــــ ئۆزىدىن گەپ سوراپ باقمىدىڭما؟

ــــ گەپ قىلدىم، ئۇيقۇم ياخشى ئەمەس دەيدۇ. كېچىسى قارا بېسىپ ئۇخلىيالمايدىكەن. ساۋۇتنىڭ دېيىشىچە، چۈشىدە ساتراشخانىدىكى سىرىق چاچلارنى كۆرىدىكەن...

ــــ ما ئىشنى كۆرۈڭ، بۇنىڭدا بىر گەپ بار جۇمۇ،ــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ،ــــ سەن كۆرمەستە ئۇ يەرنى ماراپ يۈرمىگەندۇ-ھە؟

ــــ مەنمۇ شۇنى ئويلاپ قالدىم، لېكىن ئۇنىڭ ئۇنداق قىلغىنىنى ھېچكىم كۆرمىگەن، ئاڭلاپمۇ باقمىغان.

ــــ بۇنداق ئىشنى ئۇ كۆرسىتىپ قىلمايدۇ-دە، قىلاي دېسە پۇرسەت دېگەن چىقىدۇ. چۆنتىكىدە ئازراق بولسىمۇ پۇلى بار. لېكىن شۇنداق قىلدى دېگەندىمۇ، مۇشۇنىڭ بىلەنلا ئۇ ئۆزگىرىپ كەتسە قانداق بولىدۇ؟

ــــ مەنمۇ شۇنى دەۋاتىمەن، ئۇ ئىچىدىكىنى پەقەت دېمەيۋاتىدۇ.

ــــ مېنىڭچە بىر بولسا، ھاشىم شۇ سىرىق چاچلارنىڭ تەمىنى تېتىپ باقتى، ئاندىن ئۇنى ئۇنتۇيالمىدى، ئويناي دېسە پۇلغا چىدىمايدۇ، ئوينىماي دېسە ئەسلى چىدىمايدۇ. بىر بولسا، ھاشىم شۇ سىرىق چاچنى چۈشىدە كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپ، ھوش-كاللىسىنى سەل يوقىتىپ قويدى. قاراپ باقارسەن، ئوڭشىلىپ قالار، ئوڭشالمىسا كوچىدىكى پالچىغا كۆرسىتىپ باقارسەن.

ــــ شۇنداق قىلسام بولغۇدەك، ئۇنىڭغا قاراپ ئەنسىرەپ قالدىم...ــــ دېدى ياسىن ئېغىر ئويغا چۆكۈپ،ــــ باياتىن ئىككىسى مەن خالادىن كىرىپ بولغىچە سوقۇشۇپتۇ. ساۋۇت ھاشىمغا باققاندا ئېغىر-بېسىق، كىشى بىلەن

ئاسان ئۆرۈشمايدۇ، ئۆرۈشۈپ قالسا بوش قويمايدۇ. هاشمنى ئازراق تېپىلدۇرغان چېغىۋا، كىرسەم ئۇ بىچارە كېسەل تەككەن چۆجىدەك ياتىدۇ. بىر ئىش بوپتۇ بۈگۈنكىدەك بۇنىڭغا دەپ ئويلىدىم.

ـــ ئۈنىڭغا بىر مەزگىل ۋاقىت بېرىپ، ئىپادىسىگە قاراپ باق. مېنىڭچە ئوڭشىلىپ كېتىدۇ. مېنىڭ رېستۇرانىمدا ئىشلىگەن بولسا كۆندە مۇشۇ قىزلارغا قاراپ، كۈلكە- پاراڭ قىلىشىپ تۇزىلىپ قالاتتى. ئوغۇل بالا ئەمەسمۇ، ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، قىزلارنى كۆرگىسى كېلىدۇ. قىزلارنى كۆرەلمىسە ساتىراچخانىنىڭ بۇزۇقلىرىغا كۆز تىكىدۇ؛ كۇنبويى ئاشخانادىن چىقماي ئىشلەۋەرسە ئىتتەك زېرىكىپ، بىر-بىرى بىلەن مۇشتلىشىپ ئوينايدۇ! ئۆتكەندە دېگەنتىم، بىر قىز بېرەي، ئاپىرىپ ئىشلەت دەپ. نېمە دەپ چۈشەندىڭ، ئۇقمىدىم، ياخشى كۆڭلۈمنى رەت قىلدىڭ.

ـــ ئۇنداق ئەمەستى، خوتۇن بولغاندىكىن، يېتىشىپ كېتەر دېگەن.

ـــ خوتۇنۇڭنى ئۆيۈڭدىمۇ، ئاشخاناڭدىمۇ ئىشلىتىپ قېرىتىپ قانداق قىلىسەن؟ ئۆيدە ئولتۇرۇپ بالىغا قارىسا بولمامدۇ؟

ـــ ئۇنىمايدۇ، بىر دەم بىكار ئولتۇرۇپ قالسا چىدىمايدۇ.

ـــ ھەي... نېمە قىلىدۇ دەيمەن ئۇنچە قىينىلىپ!___ دېدى غېنى شاڭجاڭ ئېچىنغاندەك،___ خوتۇن كىشى دېگەن ئۆيدە ئېرىنى كۈتۈپ، بالىسىنى باقسىلا بولدى. ئېرى تۆۋەن دېگەن يەردە تۇرۇشى كېرەك. گېپىڭگە ئۇنىمىسا، دېمەك ئۇنى سەن تېخى باشقۇرۇپ بولالماپسەن.

ـــ خوتۇننى باش ئەگدۈرىمىز دەپ بولغىچە قېرىپ كېتىمىز ئاكا، شۇڭا ئۆزەمنى زورلىمىدىم.

ـــ زورلىمايسەن، قايىل قىلىسەن، خوتۇنۇڭ ئەقىللىقكەن، بىر ياقتىن ئىشلىگەچ ، بىر ياقتىن سېنى كۆزىتىپ تۇرىدىكەن.

ـــ گەپىڭىڭ راستىنى دېسەم بارغۇ ئاكا، مەنمۇ مۇشۇ ئىشتىن بىزار بولۇپ كەتتىم.

ـــ ئەمسە مەن دېگەندەك قىلساڭ بولمامدۇ؟ بۇنىمۇ يا خوتۇنۇڭنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈشۈڭ كېرەكمۇ؟

ـــ سەنزە مېنى خوتۇنىدىن قورقىدۇ دەپ ئويلايدىكەنسەن-دە، ئۇنداق ئەمەس، مەن ئۇ خوتۇننى مىڭ تەستە كۆيۈپ پىششىپ ئالغان، مۇشۇ ۋاقىتچە كۆڭلىنى رەنجىتمەي كەلدىم، كۆڭلىنى رەنجىتمەي دېسەڭ شۇ كۆزىگە قاراپ قالىدىكەنسەن. لېكىن بۇنى خوتۇندىن قورقۇش دەپ چۈشەنسەڭ بولمايدۇ.

ـــــ بۇنى بىلمەن، لېكىن خوتۇن خەقنىڭ كۆزىگە بەك قاراپ كەتسەڭ ئۆزەڭ ھېچ ئىش قىلالمايسەن. بەزى خوتۇنلارغۇ ئېرىنىڭ بويىنغا مىنمەنلا دەپ تۇرىدۇ.

ـــــ خوتۇنۇم ئۇنداق ئەمەس، مېنىڭ ئاغزىمغا بەكرەك قارايدۇ، بەزىدە مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قويىمەن. بىر يېرى، كۆڭلى بەك نازۇك، مېنى ئۆزىنىڭلا قىلىۋالغۇسى بار، بۇنىمۇ مېنىڭچە يامان ئىش دېگىلى بولمايدۇ، خوتۇن كىشى ئەمەسمۇ، ئانچە-مۇنچە خۇيلىنىپ تۇرمىسا مېنىڭمۇ ئىچىم پۇشۇپ قالىدۇ.

ـــــ ئۇنداقتا خوتۇنۇڭ ساڭا بەكلا ئامراقكەن، لېكىن بۇ ئامراقلىق بەك ئېشىپ كەتسە كۈنلەمچى بولۇپ قالىدۇ. خوتۇن كىشىدىن كۈنلىسىغۇ مەيلى، قارىسام مەندىنمۇ كۈنلەۋاتقاندەك قىلىدۇ... بۇنداق دېسەم كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن، ئۆتكەندە قېشىڭغا بارغاندا ماڭا باشقىچىلا قاراپ قالدى، مېنى ياقتۇرمىدى. سېنى مەندىن قىزغىنىپ قالدى بولغاي، قاپىقى زادى ئېچىلمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن نەچچە قېتىم يېنىڭغا باراي دېدىم، لېكىن شۇنى ئويلاپ بارغۇم كەلمىدى...

ـــــ بۇ نېمە گەپ ئەمدى، خوتۇنۇمدىن ئۆتە نازۇك بولۇپ كەتتىڭمۇ نېمە ئاكاۋا...

ـــــ ساڭا دەپ قوياي دېدىم، خوتۇن كىشى دېگەن ئېرىنى ياخشى كۆرسە، ئېرىنىڭ دوستلىرىنى ئۇنداق قارشى ئالمايدۇ.

ـــــ مەن پەقەت دىققەت قىلماپتىمەن، ـــــ دېدى ياسىن كۆڭۈلسىزلىنىپ،ـــــ بېيجىڭدىكى چاغدا كەلسە-كەلمەس ئاغىنىلەر تولا بىزار قىلىۋەتكەچكە، خوتۇنۇم شۇنىڭ كاشىلىدىن قۇتۇلالمىغان گەپ.

ـــــ بىز كەلسە-كەلمەس ئاغىنىلەر ئەمەس ئۇكا، بۇ يەردە ئىككىمىزدىن باشقا ۋاي دېگۈدەك كىم بار؟

ـــــ راست دەيسەن ئاكا، خوتۇن خەق بەزىدە ھەممە ئىشنى بىر قىلىپ ئويلىۋالىدۇ. ماڭا دەپ قويغىنىڭ ياخشى بولدى، كېيىن بۇ ئىشنى ئۆزەم ئوڭشىۋالىمەن.

ـــــ ئوڭشىۋالىمەن دەپ بۇزۇپ قويما، مېنى دېدى دېمەي، ئۆزەڭ چىرايلىق گەپ قىلىپ تەربىيە قىل.

ـــــ ئۇنچىلىك ئىشنى بىزمۇ بىلمىز ئاۋاي، ئەجەپ زىغىرلاپ كەتتىڭ. خوتۇنۇمدىن مەن ئەمەس، سەن قورقۇپ كېتىپ بارامسەن نېمە؟

ـــــ ياق ئەمدى دەيمنا، خوتۇنۇڭغا ئامراق بولغانىدىكىن، ھەممە گەپنى دەۋېتىپ قالسەن.

**ياسىننىڭ خوتۇنىنىڭ گېپى چىققاندىن باشلاپ غېنى شاڭجاڭنىڭ چىرايىدا جىددىيلىك، ئەنسىزلىك پەيدا بولۇپ، بايىقى قىزغىنلىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. بۇنىڭدىن ياسىننىڭ ئىچى سىقىلىپ، گەپنى بالدۇرراق يىغىشتۇرۇشقا ئالدىرىدى:**

**ـــ ھەممىنى دېسەممۇ سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى چىقارمايمەن، بۇ گەپ ئەمدى تۈگىسۇن، ھارىقىمىزنى ئىچەيلى...**

**ـــ ئەمدى رەسمى گەپكە كېلەيلى ،ـــ دېدى غېنى شاڭجاڭ تاماكىدىن بىر تال سۇغۇرۇپ،ـــ مېنى ئاشخانىڭىزنىڭ ئىشىغا مەسلىھەت بېرەلەيدىكەن دەپ كەلدىڭىز، شۇنداقمۇ؟**

**ـــ راست دەيسەن، سەن كۆپنى كۆرگەن، تەجرىبەڭ بار، ياخشى مەسلىھەتلىرىڭ بولسا بەرگىن.**

**ـــ مەن ساڭا مەسلىھەت بېرىپ كېلىۋاتىمەنغۇ، دېگەنلىرىمنى خوتۇنىڭدىن قورقۇپ قىلمىساڭ، مەن قانداق قىلىمەن؟**

**ـــ جېدەللىك خوتۇنۇمدا قالدىغۇ ئاكاۋا، مېنى شۇنچە سايىماخۇن كۆرۈپ قالدىڭما؟**

**ـــ ئەمىسە گېپىمنى ئاڭلا، بىر قىزنى بېرەي، كۆتكۈچىلىككە سال، خوتۇنۇڭنى ئازاد قىل، ئىشلەمچى تازلارنىڭ كۆزىنىڭ پىتىنى ئۆلتۈر، ئاشخاناڭ گەپ يوق مېڭىپ كېتىدۇ.**

**ياسىن بىر پەس ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.**

**ـــ مەن دېمىدىممۇ، سىنىڭ زادى پىيىزىڭ گىچ-گىچ، بۇنداق ئولتۇرساڭ ئوقەتتىن زىيان تارتىسەن، ئەركىشى دېگەن بولىدىغان-بولمايدىغان ئىشلارنى ئۆزى قارار قىلىپ، ئىشنى غاچ-غاچ قىلمامدۇ؟ مەن ساڭا يامان مەسلىھەت بەردىممۇ يا؟**

**ـــ ياقەي، مەنمۇ شۇنداقراق ئويلىغان.**

**ـــ ئەمىسە شۇنداق قىلمامسەن؟! ئوقەت دېگەن ئادەم بىلەن بولىدۇ. ئاشخاناڭغا يوغان ۋېۋىسكىنى قاتۇرۇپ ئېسىپ قويغان بىلەن ئىچىنى بېزىمىسەڭ، تاماقنى ياخشى ئەتمىسەڭ، كۈتكۈچىلىكنى ياخشى قىلمىساڭ، سوداڭ ئۆلىدۇ شۇ...**

**ـــ توغرا دەيسەن، ئاشخانىنىڭ ئىچىمۇ ھازىر سەتلىشىپ كەتتى، ئورۇندۇقلىرىمۇ ئاجرىغلى تۇردى، بۇنىڭغۇ**

ئالماشتۇرارمەن، لېكىن بېزەيدىغان ئىشنى پۇل تاپقاندا قىلمىسام، ھازىرچە قىينىلىپ قالىمەن.

ـــ شۇڭا دەۋاتىمەنغۇ، ئاۋۋال قىلالايدىغىنىڭنى قىلىپ پۇل تاپ، ئاندىن قالغىنىنى ئويلىشامىسەن؟

ـــ شۇنداق قىلمىسام بولمىغۇدەك.

ـــ ئاشخاناڭغا بىر قىزنى ئەكىرسەڭ، ئا ئىككى تازمۇ ساتراشخانىغا قارىماي، ئاشخانىغا قارايدىغان بولىدۇ؛ قىزنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى كېلىپ، بىر-بىرى بىلەن بەسلىشىپ ئوبدان ئىشلەيدىغان بولىدۇ.

ـــ ئىشتىن چاتاق چىقىرىپ قويماس ئۇ گۆيلار...

ـــ سەن باشلاپ بەرمىسەڭ، چاتاق چىقارمايدۇ،ـــ غېنى شاڭجاڭ چاقچاق قىلىپ.

ـــ سەنمۇ ئۆزىنى چىگراق تۇتىدىغان قىزنى تونۇشتۇرارسەن!ـــ دېدى ياسىن قىزغىنلىق بىلەن كۈلۈپ، ـــ خوتۇنۇم كەلسە ئىككى كۈندىلا ھەيدەپ چىقارمىسۇن.

ـــ شۇ خوتۇنىڭدىن ئەجەپ قورقىسەن-ھە... يولدىن چىقما، خاندىن قورقما، نېمىدىن ئەنسىرەيسەن؟ بىزنىڭ قىزلاردا چاتاق يوق ، تولىسى ئوقۇغان، تەربىيە كۆرگەن قىزلار. مەن ساڭا ئەڭ ياخشىسىنى تونۇشتۇرىمەن.

ـــ كىمنى بېرىسەن ئاكا، ماڭا نايناقلاپ يۈرىدىغان ئەمەس، تۈزۈك ئىشلەيدىغان قىز كېرەك.

ـــ دەپ قويسام ئېشىۋالدىڭغۇ ئەمدى، رېستورانىمنى قىز تاللايدىغان تاللا بازىرى دەپ قالدىڭمۇ؟ قارا بۇنى، خۇددى ماڭا قىز تېپىشىپ بەرگەندەك گەپ قىلىۋاتقىنىنى، مەن بۇ قىزلارنى تەستە ئەكەلگەن جۇمۇ!

ـــ بۇنى بىلمەن، ئىش-ئوقىتىم ئېقىپ قالسا سېنى رازى قىلىمەن.

ـــ مېنى ئەمەس، شۇ قىزنى رازى قىلساڭلا بولدى، ئىش ھەققىنى ئازراق يۇقىرى بەرمىسەڭ بولمايدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاشخاناڭغا بېرىشنى كىم خالايدۇ، بۇنى تېخى بىلمەيمەن.

ـــ لاۋبەن سەن، سېنىڭ دېگىنىڭ ھېساب، بولمىسا مەن ھېچكىمنى زورلىيالمايمەن.

ـــ مەن دېسەمغۇ ھېچكىم ياق دېيەلمەيدۇ، لېكىن شۇ كۆڭلىنى ئاياپ قالدىكەنمىز، كىچىك قىزلار ئەمەسمۇ...

ـــ ياخشىراق دېمەمسەن، بىزنىڭ ئاشخانا قورقىدەك يەرمىدى يا؟

ـــ ئۇنداق دېگىنىم ئەمەس، قىزلار يالغۇز ئىشلەشتىن قورقىدۇ.

ـــ ئىككىنى بىرەي دېمەيدىغانسەن؟ ئاشۇ بىرسىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ، خوتۇنۇم كەلسە قورقمايدىغان بولىدۇ،ـــ دېدى ياسىن بۇ گەپكە ئۆزىنىڭ ئانچە ئىشەنچى يوقتەك.

ـــ ئۇنى بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ، گاھىدا خوتۇن خەق خوتۇن خەقتىن بەك قورقىدۇ.

ـــ شۇڭا مەن باش ئاغرىقى تېپىۋالماي دېگەن، ئۇ قىز بارسا نەدە تۇرىدۇ؟ ياتىدىغان يەرنىڭمۇ تايىنى يوق دېگىنە ئاكا...

ـــ مەشەدىكى قىزلار بىلەن تۇرسا بولىۋېرىدۇ، ئاپتوبۇستا بېرىپ كەلسۇن. كەچتە بۇرۇنراق ئىشتىن چۈشسە بولىدۇ.

ـــ ئۇنىڭ پۇلىنىمۇ مەن چىقىرامدىمەن؟

ـــ مەن چىقىراي،ـــ دېدى غېنى شاڭجاڭ تەنە قىلىۋاتقاندەك،ـــ شۇنىڭغىمۇ چۆپەيلىك قىلىپ يۈرسەڭ، ھېلىمۇ لاۋبەن بولۇپ قالغىنىڭ. قارىغاندا خوتۇنۇڭ ھېساباتىڭنىمۇ چىڭ تۇتىدىكەن-دە!

ياسىن ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى، غېنى شاڭجاڭ نەق ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋېلىپ گەپتە سوقۇۋاتاتتى.

ـــــ ئاغزىڭ يەنە ئېچىلدى-دە، بوپتۇ مەن چۆپەي بولغاچ تۇراي، ئەمما خوتۇنىدىن قورقىدۇ دېگەن گەپنى ئىككىنچى قىلما ئاكا، مەنمۇ ئۆزەمگە چۈشلۇق ئادەم.

ـــــ خاپا بولما ئۇكا، چېقىشىپ دەپ قويدۇم، مەن ساڭا ئىشىنىپ ئەركەكتەك دوست تۇتتۇم دېمىسەم، نېمە قىلىمەن بۇ يەردە سەن بىلەن ئېچىشىپ.

ياسىننىڭ كۆڭلى سەل ئېچىلىپ، ئالدىدىكى ھاراقنى گۈپپىدە ئېچىۋەتتى.

ـــــ گېپىمىزنىڭ داۋامىغا كېلەيلى،ـــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ ياسىننىڭ ئەكسىگە يانغان چىرايىغا زەن سالغاچ،ـــ بىزنىڭ قىزلارنىمۇ بىرەر قۇر كۆردۈڭ، كۆڭلۈڭگە ياققىنى بارمۇ؟

كىيىنەك قىزلار شۇ ھامان ياسىننىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆچۈپ ئۆتتى، خىيالدا ھەممىسنى بىرمۇ بىر باھالاپ چىقتى. ئېسىدە قالغىنى يەنىلا شۇ قىز، تانسا ئوينىغاندا ئۇنىڭ يۇمشاق پۇتىغا نەچچە قېتىم دەسسىۋالغانىدى.

ـــــ مەن قىزلىرىڭغا كۆز سېلىپ باھالاپ يۈرمىدىم ئاكا، ئۆزەڭ بىلىپلا بىرنى تونۇشتۇرمامسەن؟

ياسىن بۇنداق دېگەن بىلەن، كۆڭلى ئاشۇ قىزغا تارتىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇ قىز باشقا قىزلارغا باققاندا چىرايلىق

ئىدى، بىرىنچىقا ئۇنامدۇ، بۇنىڭغا بىر نېمە دېگىلى بولمايتتى. كۈتۈلمىگەندە غېنى شاڭجاڭ نەق ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى تاپتى:

ــــ ھېلىقى ئولتۇرۇشتا سەن بىلەن تانسا ئوينىغان قىز بولامدۇ؟

ياسىننىڭ ئىچى ھاراقتىنمۇ، يا بۇ گەپتىنمۇ ئەيتاۋۇر قىززىپ كەتتى.

ــــ ئاشۇ قىزنى دەمسەن ئاكا، سەن بولىدۇ دېسەڭ بولىدۇ. مەنچىمۇ بولىدىغان قىزدەك كۆرۈنگەن.

غېنى شاڭجاڭ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى سۆيۈنۈش ھاياجان ۋە مەستانىلىقنى بايقاپ ئۈلگۈردى.

ــــ ئەمىسە، شۇ قىز بولسۇن، مەن ئەتىلا ئىشنى توغرىلاپ، ئۇنى قېشىڭغا ئېلىپ باراي.

ــــ بۇنىڭغىمۇ سىنى ئاۋارە قىلارمەنمۇ ئاكا، ئاۋۋال ئۇ قىزنى قايىل قىلمىساڭ بولماس.

ــــ قايىل قىلىمەن، لاۋبەنىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسا كىمنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ،ــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ ئەسنەپ،ــــ كېتىمەن، ئىشلىمەيمەن دېسە چىرايلىق يولغا سېلىپ قويىمەن.

ــــ سەن دېسەڭ، ئۇ قىزنىڭ كاللىسىدىن ئۆتسە ئاندىن مەن كېلىپ ئەكەتسەم بولاتتى.

ــــ ئۇنداق قىلساقمۇ مەيلى، ئەمما بەك كېچىكىپ كەتمىسۇن. ئاشخاناڭدا بىر كۈن سودا بولسا، بىر كۈن پايدا دېگەن گەپ.

ئىككەيلەن ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ، بىردەم سوقا-سۆھبەت قىلىپلا بىر قىزنىڭ ئەتە-ئۆگۈن ماڭىدىغان يولىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. غېنى شاڭجاڭمۇ، ياسىنمۇ ئېسىل بىر ئىشنى ھەل قىلىۋەتكەندەك خۇشال ئىدى. ياسىن ئوبدانلا تەڭشىلىپ قالغان بولۇپ، غېنى شاڭجاڭنىڭ ھەمراھلىقىدا خوشلىشىپ ماڭدى، رېستورانىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ بايا گېپىنى قىلىشقان قىزنى كۆرۈپ قالارمەن دەپ ئۇياق-بۇياققا قارىدى، كۆرەلمىدى.

7

ئاشخانىغا چىرايلىق، شوخ بىر قىزنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ھاشىم دوغىلاقنىڭ چۇمۇچلىرى ئويناپ، ساۋۇت بازمەننىڭ قوللىرى تېخىمۇ كۆچلىنىپ كەتتى، گۈلشەن بۇ يەرگە كەلگىنىدىن قاقشىمىدى، ئىشچانلىقى، چېۋەر-چاققانلىقى بىلەن ئىشنى گۈل-گۈلگە كەلتۈرۈۋەتتى، بۇرۇنقىدەكلا كۆڭۈل قويۇپ ياسىنىدىغان ۋە پاكىزلىقنى

سۆيدىغان ئادىتىنى تاشلىمدى، تار نىيۇزەي شىم، قىسقا كوپتا كىيىپ، نازۇك بەدىنىنى تولۇق چىقىرىپ، كۆرگەنلا ئەرنىڭ ئىشتىھاسىنى غىدىقلىدى. خېرىدارلار خېلىلا ئاۋۇپ قالدى.

گۈلشەن كەلگەن كۈندىن باشلاپ، ياسىن لاۋبەن ۋەسۋەسە ئىچىدە قالدى، بۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بۇرۇنلا ئىدىيە تەييارلىقى بولغاچقا كۆڭلىنى توختىتىۋالدى، خوتۇنى بىلەن بۇ قىزنى سېلىشتۇرغاندا خوتۇنى يەنىلا چىرايلىق ئىدى، ئەمما پۇرىغان گۈلدىن پۇرىمىغان گۈل ئۈز كۆرۈنگەندەك، گۈلشەننىڭ ئۆزىگە خاس جىلۋىسى ئۇنى باشقىچە جەلپ قىلىپ تۇراتتى.

ھاشىم دوغىلاق بۇ پاكىز، چىرايلىق قىز بىلەن "كېسەل" بولۇشتىن ئىلگىرى تونۇشقان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى-ھە! ھازىر ئۇ بۇلغانغان، روھى سۇنغان بالاڭزا، ئەتە-ئۆگۈن يۇزىگە ئۇششاق قىزىل بىر نېمىلەر چىقىپ كەتسە كۆرۈڭ، قىزغا تىكىلىپمۇ قارىيالمايدۇ. ئەمما كۈنلەر ئۆتكەنچە ئىش ياخشى تەرەپكە يۈزلەندى، گۈلشەننىڭ بۇ يەردىكى چىرايلىقلىقى ئۇنىڭغا ساتىراشخانا مايماقلىرىنى سەت كۆرسىتىۋەتتى. قىزنىڭ ھاياتبەخش ھارارىتى، گۈزەللىكى، ھەرىكەتچانلىقى ئۇنىڭغا شۇنچىلىك تەسىر قىلدىكى، كۆڭلىدىكى ۋەھىمىلەرمۇ خېلى تۈگىدى، ئارقىدىنلا جىنسىي ئارزۇ- ئارمانى، تەشنالىقى كۈچىيىپ قالدى؛ مۇشۇنىڭغا قاراپ ھەتتا ئۆزىنى ساغلام ھېس قىلدى، كىچىك تەرەت قىلغاندا سۈيدۈكلىرىگە سىنچىلاپ قاراپ "مەن ئەيدىز ئەمەس، مانا ساپساقلا تۇرۇپتىمەن" دەپ، كۆڭلىگە تەسەللىي بەردى.

گۈلشەن كېلىپ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئاشخانا سودىسى جانلىنىپ كەتتى، غەللىسىدىكى پۇلنىڭ كۆپىيىۋاتقىنىدىن سۆيۈنگەن ياسىن غېنى شاگىجاڭغا نەچچە قېتىم تېلېفون ئۇرۇپ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى. ئەمما ئايالىغا بۇ ئىشنى دېيىش-دېمەسلىك ئوتتۇرىسىدا تولا ئىككىلەندى. دېمىسە، كەلگەندە بەرىبىر بىلەتتى، بەلكى " نېمىشقا ماڭا بۇرۇنراق دېمەيسىز" دەپ ئورۇنسىزلا گۇمانلىنىشى مۇمكىن ئىدى. ئەگەر دېسە، بىر ئىشلاردىن گۇمانلىنىپ، ئارتۇق خىيالنى جىق قىلىپ، تولا تېلېفون ئۇرۇپ ياسىننى تىنجىتماسلىقى مۇمكىن ئىدى. ئەمما نېمىلا بولسۇن، خوتۇنىغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشى كېرەك، ئاشخانىنىڭ ئەھۋالىنى دېيىشى كېرەك، ياسىن ئۇ قىزنى باشقا مەقسەتتە ئېلىپ كىرگىنى يوق، ئىش-ئوقەتنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن قىلىۋاتىدۇ. خوتۇنى شۇنچە يىل كۈلدا تۇرۇپ، شۇنچىلىك ئىشىنمۇ چۈشەنمىسە، قانداق بولىدۇ؟...

ئۇ خوتۇنىغا تېلېفون قىلىپ ئەھۋالنى ئېيتتى.

___بۇنىڭغا باشقا پىكرىم يوق،___ دېدى رەيھان ئېغىر تىنىپ،___ قانداقراق قىزكەن؟ ئىشقا يارامدىكەن؟

___ ئايىغى چاققان قىزكەن، ئىشنى سەندەكلا پاكىز قىلىدىكەن.

ياسىن يەنە " ئالامەت قىزكەن، ئۇ كېلىپلا سودىمىز شۇنداق ياخشى بولۇپ كەتتى" دېمەكچى بولدىيۇ، ئېغىزنى يىغىۋالدى.

___ ئۇ قىز بۇرۇن قانداق ئىشلەپتىكەن، باشقا نېرى-بېرى ئىشلىرى يوقتۇ؟

___ نېمە ئىشى بولاتتى؟ بىر توپ قىز بىللە ئىشلىگەن تۇرسا...

___ شۇڭا دەيمەن، قىزلار بىر-بىرىنى ئاسان بۇزىۋېتىدۇ.

___ نېمە دەيدىغانسەن ئەمدى، غېنى شاڭجاڭ بىر ئوبدان باشقۇرغان قىزلار تۇرسا ئۇ؟!

___ ئاشۇ ئادەمگە ئەۋلىيادەك ئىشىنىسىز-دە ، بوپتۇ، مەندىن مەسلىھەت سورىمايلا بىر قىزنى ئەكىرىۋاپسىز، ئۆزىڭىز بەگ، ئۆزىڭىز خان بولۇپ راھەتكە چىقىپ قالغانسىز، بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلىۋېرىڭ.

___ مەن زادى سېنىڭ مۇشۇنداق گەپ قىلىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم،___ دېدى ياسىن جىلە بولۇپ،___ ئادەمدىن ئەنسىرەپلا تۇرىسەن-دە، مەن كىچىك بالا ئەمەس، سەنمۇ مېنىڭ ئانام ئەمەس، شۇڭا گەپنى چىرايلىق دېيىشسەك بولمامدۇ؟ مەن ساڭا بۇ گەپلەرنى ئىشىنىپ تۇرۇپ دەۋاتىمەن، چۈشەندۈرۈۋاتىمەن، يەنە نېمىدىن ئاغرىنىسەن؟

___ مەن سىزنى بىلمىسەمكەن كاشكى...___ دېدى رەيھان يەنە بايىقى تەلەپپۇزىدا،___ يېقىندىن بېرى تېلېفونىڭىز ئازلاپ قالدى، تېلېفون قىلسىڭىز گېپىڭىز ئازلاپ قالدى، ئەمدى تۆيۈقسىز بۇ گەپنى چىقاردىڭىز، سىز ئەزەلدىن ماڭا مەسلىھەت سالماي بىر ئىش قىلمايتتىڭىز، شۇڭا ھەيران قېلىۋاتىمەن.

___ بىر ئىشنى ئەجەپ زىغىرلاپ ئويلاپ كېتىسەن-دە! خوتۇن كىشى نازۇك بولار، لېكىن سەندەك بولماس. ماڭىمۇ ئازراق ئارامچىلىق بەر، ئېچىمنى تولا سىقما، مەنمۇ بىر ئەر كىشىغۇ، بىرەر قېتىم ئۆزەم بىلىپ بىر ئىش قىلسام بۇنىڭ نېمىسى يامان؟

___ بۇنداق قايناپ كەتمەڭ ياسىن،___ دېدى رەيھان ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك تىترەپ،___ سىزنى جاھاندىكى خوتۇن خەقنىڭ ھەممىسىدىن كۆڭلى يېرىمىسىز بىلىمسىزغۇ؟ مەن بۇ يەردە

ئانامنىڭ كېسىلى بىلەن ئاۋارە، ئانامنىڭ تۆت-بەش كۈنلۈكىلا قالدى، ئانامنىڭ بېشىدا قاراپ تۇرسامۇ خىيالىم سىزدە، بىلەمسىز شۇنى؟!

ــــ ماڭا يىغلاپ بەرمە جېنىم خوتۇن، سېنىڭ شۇ يىغاڭنى ئاڭلىسام لۈكچەكلەردىن ئۆلگۈدەك تاياق يېگەندىنمۇ بەك قىينىلىپ كېتىمەن. يىغلايدىغان ئىشقا يىغلا، ماڭا ئىشەن، بۇ يەردە سەندىن يوشۇرىدىغان ھېچقانداق ئىش يوق، كەلسەڭ كۆرىسەن، سىڭلىمدەك كىچىكلا قىز، جەمئىيەتتە ئىش كۆرۈپ قالغان قىزلارغا قەتئىي ئوخشىمايدۇ، قارىسام ئاشخانىنىڭ ئىشلىرىغا خېلى پىششىقكەن.

ــــ چىرايى قانداقكەن؟ چىرايلىقمۇ؟ــــ دېدى رەيھان توساتتىن.

ياسىن تۇرۇپلا قالدى، ئاندىن كۆڭلىدە راست يالغان ئارىلىشىپ كەتكەن گەپتىن بىرنى قىلدى:

ــــ سەندەك چىرايلىق ئەمەس.

ــــ مىجەزى قانداق؟ شوخمۇ يا يۇۋاشمۇ؟

ــــ شوخراق قىزكەن، لېكىن يامان شوخلاردىن ئەمەس. يۈرۈش-تۇرۇشى جايىدا، ئەخلاقىدىمۇ مەسىلە يوق.

ــــ سىزگە يارىغان بولسا بوپتۇ، لېكىن بەك ياراپ كەتمىسۇن، خوتۇنۇم قېشىمدا يوق دەپ ئۇنى ئۆيگە ئەكىرىۋالماڭ.

ــــ توۋا دېگىن، بۇنداق دېگىنىڭ ماڭا ئىشەنمىگىنىڭ، مېنى ئېشەك، ھايۋان ئورنىدا كۆرگىنىڭ ئەمەسمۇ؟ مەن سېنىڭ كۆنلەمچىلىكىڭنى بىلگەچكە، بۇ گېپىڭگىمۇ مەيلى دەپ تۇرۇۋاتىمەن.

ــــ خۇدايىم كۆڭلىڭىزگە ئىنساپ بەرسۇن، مەن پەقەت شۇنىلا تىلەيمەن.

ــــ مەندىن ئەنسىرىمەي، ئانامغا ياخشى قارىغىن.

ــــ ئانام بىر خىللا ياتىدۇ، قالغان ئىشلار ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ئامانەت.

گەپ شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى، ياسىن يەلكىسىدىن ئېغىر بىر يۈك غۇلاپ چۈشكەندەك يەڭگىللەپ، تېلېفوننى ئەتتى. ئاشخانىغا قايتىپ كىرىپ، ئۇ ياقتىن بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئىشلەۋاتقان گۈلشەنگە قاراپ مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

چۈشتىن كېيىن ئادەم سىلىككەندە لاۋبەن سەتەڭ تاماق يېگىلى كىردى. گۈلشەننىڭ باش-ئايىغىغا ئوبدان قارىدى، ھەۋەس بىلەن ھەسەد ئارىلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىدە ئىسلىزادىلەرچە مەغرۇرلۇق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

___ نېمە يەيسەن؟___ دېدى گۈلشەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

___ لاۋبىنىڭ بۆرەك كاۋاپ قىلىپ بەرسۇن.

___ لاۋبەن بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەن، كەچتە كېلىدۇ.

___ ئەمىسە بىر تەخسە بۆرەك قورۇپ بەرسۇن.

___ بۇنداق سەي يوق.

___ نېمىشقا يوق؟___ دېدى لاۋبەن سەتەڭ تاماق تىزىملىكىنى جوزىغا تاشلاپ،___ ئۆتكەندە ئاشپەز بالا قورۇپ بەردىغۇ؟

گۈلشەن ئۇنىڭ جېدەلىنى بىسەتتۇرۇش ئۈچۈن ھاشىم دوغلاقنى ياتىقىدىن چاقىرىپ كەلدى. لاۋبەن سەتەڭ ھاشىمنى كۆرۈپ چىرايى ئېچىلدى.

ھاشىم ئۆتكەنكىدەك قىلىپ، بىر تەخسە بۆرەك كاۋاب قورۇپ بەردى، پۇلىنى ئاغزىدا ئەمەس، چوكىدا قىسىپ ئاچتى.

___ بىرەر ئىستاكان ئىچىپ قويامسەن؟ ___ دېدى سەتەڭ ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق نەزەرىدە تىكىلىپ.

___ ئىچمەيمەن، ھازىر ئىچسەم بولمايدۇ.

___ ئەمىسە ماڭا پاراڭ قىلىپ بەر، ئۆتكەندە بىر ئوبدان پاراڭ قىلىۋاتاتتىڭ.

___ ئۇ چاغدا مەست بولۇپ قاپتىكەنمەن، نېمە دېگەنلىكىم ئېسىمدە يوق.

___ قۇرۇق گەپ! مەنمۇ مەستتۇ، ئەجەپ مېنىڭ ئېسىمدە قاپتىغۇ دېگەن گەپلىرىڭ.

___ راست دەيمەن، پەقەت ئېسىمدە يوق.

___ مەن بىلەن ئوينايمەن دېدىڭ، مەن مىڭ كوي بېرىسەن دېدىم، قانداق، ئەمدى ئېسىڭگە كەلدىمۇ؟

ھاشىم ئەتراپىغا بىر قارىۋەتتى، گۈلشەن تالاغا چىقىپ كېتىپ كىرمىگەنىدى.

___ ھە... ئېسىمگە كەلدى، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى..

ـــ 500 كويغا چۈشۈرۈپ بەرسەم ئوينامسەن؟

هاشىم دوغىلاق شۇ هامان قىززىپ، ئارقىدىن يەنە سوۋۇپ كەتتى.

ـــ جىم تۇرسەڭغۇ؟ هالىڭ شۇنچىلىكمىدى!

ـــ ئۇنداق ئىشنى قىلمايتتىم، ئۇ كۆڭلى مەسىلىكتە دەپ ساپتىمەن.

ـــ قويغىنا سىنى، قارىغاندا مەستلا پۇرسەڭ بولغىدەك. ئويناپمەن دېسەڭ مەن تەييار، لېكىن 500 كويدىن تۆۋەن بەرسەڭ بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولۇپ قالسا بىكارغا يېتىپ بەرگەن بولىمەن.

هاشىمنىڭ قىزىقىشى سۇسلاپ، بۇ گەپلەرنى پەقەت ئاڭلىغۇسى كەلمىدى، گۇلشەن كىرىپ قالارمۇ دەپ ئىشىككە پات-پات قارايتتى.

ـــ يېڭى كەلگەن كۆتكۆچى ياسىنىڭ نېمىسى؟ ئاشنىسىما؟ـــ دېدى سەتەڭ بىر ئىستاكان پىۋىنى قورۇقدىۋەتكەندىن كېيىن ئاغزىنى سۈرۈپ.

هاشىم ئورنىدىن قوپۇپ كەتتى، بۇ سەتەڭ ياسىن لاۋبەنىنىڭ بىر نېمىسى بولمىسا نېمدەپ بۇ گەپنى چىقىرىدۇ؟

ـــ ياق، سىڭلىسى،ـــ دېدى ئۇ قاتتىق تەلەپپۇزدا.

ـــ "بياۋ مېي" دېگىن،ـــ دېدى سەتەڭ مەسخىرىلىك كۈلۈپ،ـــ ئۇنىڭ قانداقلىقىنى كىم بىلمەيدۇ؟

ـــ ئىشقىلىپ، ئۇنداق ئىش يوق!

ـــ بولسا نېمە بوپتۇ، مېنىڭ نېمە كارىم،ـــ دېدى ساتەڭ ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك غۇدۇرلاپ،ـــ ئەمما چىرايلىق نېمىكەن، شىنجاڭلىق دېگەنغۇ شۇنداق كېلىدۇ. بۇ ياسىن دېگەنمۇ چىرايلىققا تويمايدىغان نېمىكەن، خوتۇنى كېتىپلا بۇ قىزنى تېپىۋاپتۇ...

لاۋبەن سەتەڭ، بىر تەخسە بۆرەكنى يەپ، بىر قۇتا پىۋىنى قۇرۇقداپ بولغاندىن كېيىن ئورنىدىن قوپتى. شۇ ئەسنادا گۇلشەن سىرتتىن كىردى. سەتەڭ دەرھال سومكىسىدىن بىر تال كارتوچكا ئېلىپ ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى:

ـــ سىڭلىم، باياتىن سەل قوپاللىق قىلىپ قويۇپتىمەن، كۆڭلۈڭگە ئالما. بۇ بىزنىڭ باش شىركەتتىن تارقاتقان ئېتىۋار باھالىق كارتا، ئۇدۇلدىكى تارماق دۇكان بىزنىڭ، قارا، ۋېيۋىسكىسنى ئوبدان كۆرۈۋال. قاچان ۋاقتىڭ يەتسە كەل، ئەرزان قىلىپ بېرىمىز. ئەگەر سۈرەتلىك ئېلانغا چىقىپ بەرسەڭ تېخىمۇ ياخشى، ھەققىڭنى ئوبدان بېرىمىز.

گۈلشەن كارتىنى قولىغا ئېلىپ، "رەھمەت" دەپ قويدى. لاۋبەن سەتەڭ كۈلۈپ قويۇپ، ئاۋايلاپ دەسسەپ دۇكىنىغا ماڭدى.

هاشىم دوغىلاق گۈلشەنگە قاراپ قويۇپ، ياتىقىغا ماڭدى، قىز بىلەن پاراڭلاشقۇسى بار ئىدى، ئەمما نېمىلەرنى دېيىشىدۇ؟ قىز ئۆزىنىڭ ئەپتىگە يارىشا سەل مەغرۇر ئىدى، ياسىن لاۋبەننى كۆرسە كۈلۈمسىرەپ، گەپ قىلىپ تۇرغان بىلەن، هاشىم دوغىلاققا ئادەتتىكىدەك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ناچارراق مۇئامىلە قىلاتتى. هاشىم بۇ يەردە قولاشمىغان پاراڭ سېلىپ تۇرغاندىن كۆرە ياتىقىغا كىرىپ، بىر تال چېكىۋېلىپ، گۈلشەننىڭ بەدىنىنى خىيال قىلغاچ ئۇخلاشنى ئەۋزەل كۆردى.

گۈلشەن دېرىزە يېنىدىكى جوزىغا كېلىپ، سىرتتىكى ساتراچخانىلارغا، بايىقى لاۋبەن سەتەڭ كۆرسەتكەن دۇكانغا قارىغاچ خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى، ئۇيقۇسى كەلدى، ئارام ئالىدىغان جايى بولمىغاچقا جوزىغىلا بېشىنى قويۇپ بىر دەم يېتىۋالدى. ئۇزاق ئۆتمەي ياسىن ئاشخانىغا كېلىپ، گۈلشەننىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى؛ شەپە چىقارماي بېرىپ توڭلاتقۇدىن بىر قۇتا مىنېرال سۇ ئېلىپ ئىچتى، قىززىپ كەتكەن ئىچى بىر ئاز ئارام تاپتى. گۈلشەن دەرسخانىدا ئۇخلاۋاتقان ئوقۇغۇچى قىزدەك پاكىز، ئوماق، يېقىملىق ئىدى، ئويغاقلىقتا بىلىنمىگەن گۈزەللىك ئۇيقۇلۇقتا تېخىمۇ روشەن، تېخىمۇ سېھىرلىك كۆرۈنەتتى. ياسىن ئۇنىڭغا مەستانىلارچە قاراپ قالدى، قىزنىڭ نازۇك بويۇنلىرىغا يۆگىشىپ چۇشكەن چاچلىرىنى تۈزەپ قويغۇسى كەلدى. ئاندىن ئۇنىڭ قولتۇقى ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان، قاچانلا قارىسا ئىشتىھا قوزغايدىغان ئالمىدەك كۆكسىگە تىكىلىپ قالدى. ئادەتتە كۆڭۈلنىڭ بىر يېرىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرىدىغان، پەيتى كەلگەندە تۇيۇقسىز ئاشكارىلىنىدىغان ۋەسۋەسىدىن ئېسەنكىرەپ، ئورنىدىن قوپۇپ كەتتى، ئۆيىگە كىرىپ ياتتى، قوش كىشىلىك كارىۋاتتا بىر ياستۇق بىكار تۇرۇۋېتىۋ، بۇنى ئېلىپ چىقىپ گۈلشەننىڭ بېشىغا قويۇپ بەرسۇنمۇ؟ ياكى ئۇنى مەشەگلا چاقىرسۇنمۇ؟ ياسىن بۇ خىيالدىن چۆچۈپ، خوتۇنىنى ئەسلىدى. رەيھان ئۇنىڭغا جىددىي تىكىلىپ تۇراتتى: مېنىڭ ياستۇقۇمدا ئۇ پاسكىنىنىڭ نېمە ھەققى بار؟ ئەگەر ئۇنىڭ بىر تال چېچىنى كۆرۈپ قالىدىكەنمەن، شۇ چاچتا گېلىڭىزنى بوغىمەن....

ئەمما ياسىن خىيالنى باشقۇرالمىدى، ۋەسۋەسىلىرىنى تۈگىتەلمىدى، گۈلشەننىڭ جەلپكار بەدىنىنى، بۇنىڭغا باغلىنىپ كەتكەن شېرىن ئىشلارنى ئويلاشقا باشلىدى؛ ئۇخلىيالماي، ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چەكتى. بۇ

ئىچ پۇشۇغى بۇگۈنلا باشلانغان ئەمەس، ئەمما بۈگۈنكىسى يامانراق بولدى، خوتۇنىنىڭ يوقلۇقى شۇنچە بىلىنىپ كەتتى، ئەمما گۈلشەن پەيدا بولغاندىن بېرى خوتۇنىنىڭ بالدۇرراق كېلىشىگە ئانچە تەشنا بولمايدىغان بولۇپ قالدى. خوتۇنى كەلسە نەپسى قاندۇ، ئەمما باش ئاغرىقى چىقىدۇ. ياسىنى ھەر كۈنى شۇ قىزدىن كۆنلەپ ئارام بەرمەيدۇ، كۆندۈزى ئىككەيلەن بەلكىم سەتلىشىپ قالىدۇ، كېچىسى بىر-بىرىگە تەتۈر قاراپ ياتىدۇ. خوتۇنىنىڭ مۇشۇ كۆندەشلىكى، گۇمانخورلۇقى بولمىغان بولسا ئاجايىپ گۈزەل خوتۇن بولاتتى-دە، ئۇنىڭ مۇشۇ يەردە كاللىسى ئىشلىمەيدۇ، بۇنى تېخى ئېرىنى ياخشى كۆرۈش دەپ تۇرۇۋالىدۇ، ياسىنى تەسرلەندۈرمەكچى بولىدۇ، ئەمما ياسىن بۇنىڭدىن تەسىرلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بارغانسېرى بىزار بولۇشى مۇمكىن... شۇنىڭ بىلەن ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش، جېدەل-ماجرا چىقىشى مۇمكىن...

ياسىن بۇلارنى ئويلاپ غەمگە چۆكتى، ئىككى چىرايلىقنىڭ ئارىسىدا ھامان قىسىلىدىغانلىقىنى، كۆڭۈلسىزلىكتىن ئىچى سىقىلىدىغانلىقىنى پەملەپ، بۇنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى ئويلىدى. بىردىنبىر ئامال، گۈلشەننى كەتكۈزىۋېتىش ئىدى، ئەمما ياسىن نېمىشقا ئۇنداق قىلىدۇ؟ خوتۇنىدىن قورقۇپلا شۇنداق قىلامدۇ؟ ئائىلىدە راۋرۇس ئەر، ئاشخانىدا خوجايىن تۇرۇپ، خوتۇنىنىڭ سىزىقىدىن چىقالمايدىغان لامزەللە ئەر بولۇپ قالامدۇ؟ غېنى شاڭجاڭنىڭ، ھەتتا گۈلشەننىڭ ئالدىدىمۇ يۈزى تۆكۈلسە بولامدۇ؟

لېكىن گۈلشەن داۋاملىق ئىشلەۋەرسىچۇ؟ خوتۇنىنىڭ ئۇششاق گېپى تۈگىمەيدۇ، كەيپىيات ياخشى بولمايدۇ، ئاچچىقتىن كۆتۈلمىگەن ئىشلار، زىيان-زەخمەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. ئىش-ئوقەت ئىلگىرى باسمايدۇ...

ياسىن بۇ غەملەردىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى تېپىپ بولالماي، « مەيلى نېمىلا بولسا باشقا كەلگەننى كۆرەي» دەپ ئويلىدى.

ھاشىمۇ خۇددى ياسىن لاۋبەندەكلا شىرىن خىيال سۈرۈپ، ئارقىدىن كېسىلىدىن غەم قىلىپ، بىچارىلىك ۋە غېرىبلىقنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ئۇخلاپ قالغانىدى.

گۈلشەن بىر چاغدا چالا ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، ئەتراپقا زېرىكىشلىك نەزەردە قاراپ قويدى. ئۇنىڭ كۆڭلىرى ئەمدى مۇشۇنداقلا ئۆتەرمۇ؟ ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىسا، ھېچكىم ئۇنى قەدىرلىمىسە بۇ قانداق تۇرمۇش؟ كۆندە چۈشتىن بۇرۇن كېلىۋاتقان، چۈشتىن كېيىن جوزىنى ياستۇق قىلىپ ئۇخلاۋاتقان، كېچىدە ھارغىن

قايتتۇۋاتقان، سەل كەچ قالسا قورقۇپ ياتىقىغا ئاران بېرىۋاتقان... ئۇ بۇ يەرنىڭ نېمىسىنى ئارزۇلايدۇ، ئىش ھەققىنىمۇ؟ ئىشقا ئېپى يوق، ئاغزىدا گېپى يوق گومۇش تازلارنىمۇ؟ شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ يەردە ياسىن لاۋبەندەك قاملاشقان، يۈرۈشى بار، ئۆزىنى تۇتتۇۋالغان بىرسى بولمىغان بولسا، گۈلشەن بىر كۈنمۇ تۇرمىغان بولاتتى. ئۇ ياسىن لاۋبەن بىلەن تانىسا ئويىنىغاندىلا ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. نېمىشقا ياقتۇرۇپ قالغىنىنىڭ سەۋەبىنى قاتارغا تىزىپ باقتى: بويى ئېگىز، غېنى شاڭجاڭدەك تاز ئەمەس، مەستلىكتىمۇ نۇرى ئۆچمەيدىغان بىر جۈپ قارا كۆزى بار، ئىچىدىن پاكىز كۆرۈنىدۇ، گەپلىرى تېتىملىق، قوشۇمىسى تۈرۈلسىمۇ يېقىملىق...

گۈلشەن بۇ ئەسنادىمۇ ياسىننىڭ تۇرقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، مەستانىلەرچە خىيال سۈردى. شۇنچىلىك شەخسىيەتچىلىك بىلەن خىيال سۈردىكى، ياسىن لاۋبەنىنىڭ خوتۇن-بالىسىنىمۇ كاللىسىدىن ھەيدەپ چىقاردى. ياخشى كۆرۈش دېگەن شۇنداق غەلىتە بولامدىكىن، گۈلشەن ياسىن لاۋبەننى ئۆزىنىڭ تاتلىق ھېسلىرىغا دائىم قېتىۋالاتتى. ياسىنغا ئالدىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئۆزىنى باردەك سېزەتتى، كەينىدىن قارىغاندا ئۇنى كەينىدىن قۇچاقلاپ تۇرغاندەك ھېس قىلاتتى، ھامان بىر كۈنى شۇنداق بولىدۇ دەپ ئويلايتتى. ياسىننىڭ چىرايىغا يوشۇرۇن كۆز تىكەتتى، ھېچ ئىش يوقتەك كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بىلەن بۇنىڭ قېتىدا چوڭقۇر ھېسسىيات جۇش ئۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قىزلىق غۇرۇرى ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىپ تۇراتتى، ئۆزىنى تۇتالماي بەك ئەركىلەپ كەتسە ياسىنغىلا ئەمەس، قازان بېشىدىكى گومۇشلارغا شاللاق كۆرۈنۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇپ، پەيتى كەلگەندە ئاشكارىلاشقا تەييار تۇراتتى.

گۈلشەن شۇنداق ئۆيقۇچان ئولتۇرغاندا، ھۇجرىسىنى ئىسلاپ بولۇپ چىققان ياسىن ئۇنىڭ ئويغانلىقىنى كۆرۈپ يېنىغا باردى.

ــــ بايا قارىسام ئۇخلاپ قاپتىكەنسىز، كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى، سىزنى جاپادا قويغىنىمدىن خىجىلمەن...

ــــ ھېچقىسى يوق،ــــ دېدى گۈلشەن ياسىنغا يېقىملىق باققاچ چېچىنى تۈزەشتۈرۈپ،ــــ بۇنچىلىك جاپالارغا كۆنۈپ كېتىمىز.

ــــ سىزگە ياتاققۇ ھەل قىلىپ بېرەلمىدىم، ۋاقىتلىق ئارام ئالىدىغان بىر يەر بولسىمۇ تېپىپ بەرسەم بولاتتى...

___ شۇ تېپىپ بەرسىڭىز بولاتتى، ___ دېدى گۈلشەن ئاكىسىغا غەلىۋە قىلىۋاتقاندەك ئەركە سىڭىلچاقتەك.

بۇ گەپتىن ياسىننىڭ كاللىسى ئىختىيارسىز قىزىزىپ كەتتى:

___ يا بولمىسا بىزنىڭ دالان ئۆيدە سافا بار، دەنشى كۆرگەچ شۇ يەردە ئارام ئالسىڭىزمۇ بولاتتى...

___ مەيلى...___ دېدى گۈلشەن خۇشاللىق بىلەن،___ بىر چوڭ قىينچىلىقمنى هەل قىلدىڭىز -دە.

گۈلشەننىڭ بۇنداق ئاسان قوشۇلۇشى ۋە خوش بولۇپ كېتىشىنى ياسىن ئويلاپ باقمىغانىدى، دېگەن گېپىدىن يېنىۋالالمىدى.

___ بۇنداق قىينىلىپ يۈرسىڭىز ئادەم بىر خىل بولۇپ قالىدىكەن...___ دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قارارىنى ئاقلاپ.

___ ماڭا كۆيۈنگىنىڭىزگە رەھمەت.

___ ئۇنداق دېمەڭ، سىزمۇ ياخشى ئىشلەۋاتىسىز.

___ مېنى مۇشۇنداق ياخشى ئىشلەيدۇ دەپ ئېلىپ كەلگەنسىز؟___ دېدى گۈلشەن ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ،___ مېنى غېنىكام تونۇشتۇردىمۇ يا ئۆزىڭىز تەلەپ قىلدىڭىزمۇ؟

قىزنىڭ كۆزلىرى «ئوتتۇرىمىزدا بۇرۇنلا بىر ھېسسىيات پەيدا بولغانمۇ قانداق؟» دەۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ياسىن ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى دەرھال دەۋېتىشنى خالىمىدى، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ غېنى شاڭجاڭدىن بۇنى دەسلەپتە يوشۇرغانىدى، غېنى شاڭجاڭ گۈلشەننى دېگەندە ئاندىن بۇ ھېسسىياتىنى ئېتىراپ قىلغان، خۇشال بولغانىدى.

___ غېنى شاڭجاڭ تونۇشتۇرغان،___ دېدى ئۇ قىزنى ئۇمىدسىزلەندۈرمەسلىككە تىرىشىپ،___ مەنمۇ دەرھال قوشۇلغان.

___ دېمەك، مېنى ئانچە يامان كۆرمەيدىكەنسىز-دە!

ياسىن كۈلۈپ تۇرغان قىزنىڭ شوخلۇقى، گەپتىكى چاققانلىقىغا مەستلىكى كەلدى.

___ سىز بىلەن تانسا ئوينىغاندا ئېسىمدە بەك قاپتىكەنسىز،___ دېدى ياسىن خوتۇننى بىر دەم ئۇنتۇپ، ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ،___ كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالغانتىڭىز. شۇڭا غېنى شاڭجاڭ سىزنى دېگەندىلا مەن ماقۇل دېگەن.

گۈلشەن بۇ گەپتىن قانائەتلەندى، چىرايى شادلىقتىن تېخىمۇ روشەن، تېخىمۇ گۈزەل جىلۋىلەندى.

8

هاشىم دوغىلاقنىڭ ئەيىدىن ۋەھىمىسى پەسىيىپ قالدى، بۇنىڭغا ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى، ئەركەك قوينىڭ تاشقىنى بۇرۇنقىدەك كۆپ يەۋالمىسىمۇ، ئاندا-ساندا يەپ قويىدىغان بولدى، قارىسا سايمۇ ساق، تېتىك يۈرۈۋاتقان، شېرىن خىياللارنى بولدى دېگۈچە سۈرۈۋاتقان... ئۇنىڭ گۈلشەنگە غايىۋى رەھمىتى بار ئىدى، چۈنكى بۇ قىز ئۇنىڭغا تەسىر قىلىپ، جۇشقۇن ھەۋەس شەكىللەندۈرگەن، بۇ ھەۋەستە ھاياتىي كۈچ ۋە ئۈمىد بار ئىدى. ئۇ گۈلشەننى ھەر كۆرگەندە بىر رەت كۆز زىناسى قىلاتتى، جىنسىي تەسەۋۋۇرلىرى قايتىلىنىپ، يېڭىلىنىپ، ئۆزگىرىپ تۇراتتى، ھېسسىياتى دېڭىز دولقۇنىدەك مەۋج ئۇراتتى، ھەۋەسكە تولغان ۋۇجۇدى شېرىن تۈيغۇلاردا ئۇيۇشۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ بۇ تەشنالىقى، سەزگۈرلۈكى، ھەتتا سەۋدالىقى ئۆزى بىلەنلا قالدى، بۇ ئازاب دېسە ئازاب ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان ئىزتىراپ ئىدى، گۈلشەن " قانداق قارىساڭ قارا، ماڭا ئېرىشەلمەيسەن" دېگەندەك پەرۋاسىز يۈرىۋېرەتتى، گەپ قىلسىمۇ ئىش ئۈستىدىكى گەپتىن باشقا ھېچنېمە دېمەيتتى.

___ بۇ گۈلشەن دېگەن نېمىنى سەل ھاكاۋۇر كۆردۈمەن،___ دېدى ھاشىم بىر كۈنى ياتاقتا ساۋۇتقا دەرت تۆكۈپ،___ سەنچە قانداق؟

___ چىرايلىقنىڭ ھەممىسى ھاكاۋۇر، بۇنى بىلمەمتىڭ؟

___ لېكىن بۇ يەر كۆلى تۇرسا... مۇشۇنچىلىكلا ئادەمغۇ بىز؟

___ كۆلى بولسىمۇ ئوخشاش، ئۈرۈمچى بولسىمۇ ئوخشاش، چىرايلىق قىز نەگىلا بارسا قاش-كۆزىنى بوياپ، بويىنىنى تولغاپ يۈرۈيدۇ.

___ قوڭنىمۇ تولغايدۇ دېگىنە...___ دېدى ھاشىم ھىجىيىپ،___ مەن بۇ كاساپەتكە كۆيۈپ قالدىممىكىن دەيمەن، كۆرمىسەم كۆرگۈم كېلىدۇ، كۆرسەم زۇۋانىم تۇتۇلۇپ قالىدۇ، ئاندىن ئۆزەمگە ئاچچىقىم كېلىدۇ، نېمانچىۋالا قىلىپ كېتىمەن دەيمەن...

___ شۇ ئەمەسمۇ!___ دېدى ساۋۇت ئۇنى ساز قىلىۋاتقاندەك،___ نېمانچە قىلىپ كېتىسەن ئۇنىڭغا!

___ سەنچۇ؟ سەن ئۇنى ئويلىمامسەن؟

___ مەن تېخى ئويلىمىدىم، ئويلىسام ئۇنى قىلماي قويمايمەن،___ دېدى ساۋۇت تۈرگۈن قىياپەتتە،___ سەن

ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلمايۋاتىسەن، گۈلشەنگە گېپىڭ بولسا ئوچۇق دە، ئۇنىمسا كاچاتتىن ئىككىنى قوي. بىلىپ قوي، خوتۇن خەق دېگەن تاياقتا ئۈچ ئەمەس، غىلجىڭلىقتا ئۈچ. سەندە ئازراق خېنىم مىجەزلىك بار، بۇنى تۈزەتمىسەڭ ئىشىڭ ئاقمايدۇ.

ــــ بىرسىنى بەك ئويلاپ كەتسەڭ سەنمۇ شۇنداق بولۇپ قالىسەن،ــــ دېدى ھاشىم سەل تېرىكىپ،ــــ سەندىغۇ ھېسسىيات دېگەن نەرسە يوق...

ــــ ھېسسىياتنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتمە بالاڭزا، كىرسەڭ چىقالماي قالىسەن...

ــــ سەن كۆڭۈل دېگەننى چۈشنەمسەن؟

ــــ سەندە كۆڭۈل دېگەن نەرسىمۇ بارمۇ؟ــــ دېدى ساۋۇت مەسخىرىلىك كۈلۈپ،ــــ ھەۋىسىڭ تۇتقاندا كۆڭۈل دەيسەن، نەپسىڭ قانغاندا ھەممىسى يوقايدۇ. بۇگۈن گۈلشەنگە كۆڭۈل بەرسەڭ، ئەتىسى ئۇدۇلدىكى مايماقلارغا كۆڭۈل بېرىدىغان نېمسەن!

ھاشىم تۇرۇپلا قالدى، ساۋۇت ئادەتتە جىممىدە يۈرگەن بىلەن، پەيتى كەلگەندە ھەممە گەپنى ئالدىن ئويلاپ قويغاندەك سۆزلەيتتى، مانا ئۇ نەق جاۋاب بېرىپ ھاشىمنى ئوسال قىلدى.

ــــ راست دەيسەن،ــــ دېدى ھاشىم ئۆزىنى ئوڭشاپ،ــــ كۆڭۈل دېگەن شۇ ھەۋەس دېگەن گەپ، ھەۋەسىڭ ئۆلسە ھېسسىياتمۇ بولمايدۇ.

ــــ مەنمۇ شۇنى دەپ قوياي، ھەۋەسنى قاندۇرۇۋالساڭلا ھېسسىياتمۇ تۈگەيدۇ، شۇڭا بۇ ھېسسىياتىڭغا ئىشەنمە. كۆڭۈل دەپ ئۆزەڭنى ئالدىماي، ئويناپ-يەنىلا دېگىن. كۆيۈپ قاپتىمەن دېمەي، ھەۋەسنى باسالمايۋاتىمەنلا دېگىن.

ــــ سەن گۈيغا گەپ قىلمىدىم،ــــ دېدى ھاشىم كارىۋىتىغا يانپاشلاپ،ــــ مىڭ دېسىمۇ چۈشەنمەيدىكەنسەن...

ــــ سەن ئۇنىڭ نېمىسىگە كۆيۈپ قالدىڭ؟ قىزلىقى بارمىكەن؟ــــ دېدى ساۋۇت ئۇنى قەستەن جىلە قىلىۋاتقاندەك.

ــــ سەنچە بارمىدۇ؟

___ مەن سەندىن سوراۋاتىمەن.

___ مەن نەدىن بىلەي، سىناپ باققاندا بىلگىلى بولىدۇ.

___ ما گۈينى، سىناپ باقىدىغانغا سېنىڭ ئېلىپ قويغان خوتۇنۇڭمىدى؟

___ تېگەي دېسە ئالاتتىم.

___ قىزلىقى بولمىسىمۇ ئالامسەن؟

___ ئالىمەن،___ دېدى ھاشىم قەتئىي ھالدا،___ ماقۇل دېسىلا ئالىمەن.

___ ئۆتۈپ كەتكەن ماز نېمىكەنسەن،___ دېدى ساۋۇت كۆزىنى چەكچەيتىپ،___ سەندەك ماز نېمىلەرنىڭ دەستىدىن ساق بىلەن بۇزۇقنىڭ پەرقى قالمىدى ھازىرا!

ھاشىم تۇرۇپلا قالدى، ساۋۇتتىن بىر قېتىم دەككىسىنى يېگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا قۇيرۇق تۇتقۇزىدىغان بولۇپ قالغانىدى. دېمىسىمۇ، ئۇ نېمىشقا بۇنداق ماز گەپ قىلىدۇ؟ ساتراشخانىدا ئەجەللىك مەرەزنى يۇقتۇرۇپ چىقتىم دەپ ئۆزىنى پەس كۆرۈۋېرىپ، ئاشۇنداق پەسلىشىپ كەتتىمۇ يا!

بۇ چاغدا گۈلشەن ئىچى پۇشقان ھالدا ياسىننىڭ دالان ئۆيدە تېلۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ياسىن ئۇنى ئۆيگە باشلاپ قويۇپ، سىرتقا چىقىپ كەتكەنچە كىرمىدى. گۈلشەن يالغۇز ئولتۇرىۋېرىپ زېرىكتى، تېلۋىزورنى ئۆچۈرىۋېتىپ بىر دەم ياتتى، ئەمما ئۇخلىيالمىدى، يۈرىكى رېتىمسىز سوقۇپلا تۇراتتى، بىكار ئولتۇرغىچە بۇ ئۆينى رەتلەپ، تازىلاپ قوياي دەپ ئويلىدى، شۇنداق قىلسا دىققىتىنى يىغالايتتى، ئۆزىمۇ ئارام تېپىپ قالاتتى. ئۇ ياسىننىڭ خوتۇنى كېتىپ، سەل قالايمىقانلىشىپ، ئەخلەتلىشىپ قالغان ئۆينى بىر دەمدە تازىلاپ چىرايلىق قىلىۋەتتى. ئاندىن ئىچكىرىكى ئۆيگە___ ياسىننىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ باققۇسى كەلدى، گۈلشەن بۇ ھۇجرىنىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن تازىلىۋەتسە ياسىن باشقىچە چۈشىنىپمۇ ئولتۇرمايتتى، تازىلىقچى ياللاپ ئىشلەتسىمۇ ئىشلىتىدۇ، گۈلشەن تازىلاپ بەرسە تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟ گۈلشەن بۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئىتتىرىپ باقتى، تاقاق ئىدى. دېمەك، ياسىن گۈلشەنگە تېخى باغرىنى تولۇق ئاچمىغانىدى، خوتۇنىدىن قورققانىدى، يا بولمىسا ئۆينىڭ ئىچىدىكى مال-دۇنياسىدىن ئەنسىرىگەنىدى. گۈلشەن بۇنى توغرا چۈشەندى، ئەمما نېمىشقىدۇر بۇ ھۇجرىنى راستىنلا كۆرگۈسى كېلىپ كەتتى. ئادەتتىمۇ كۆڭۈللۈك بىر ئىشنى قىلاي دېگەندە قىلالماي قالسا ئۇنىڭ ئىچى تىتىلداپ، بىئارام بولۇپ كېتەتتى. ئۇ

ئۆزىنى ئامالسىز بېسىۋېلىپ، سافاغا كېلىپ ئولتۇرغاندا ياسىن ئۆيگە كىردى.

ـــ دەنشى كۆرمىدىڭىزما؟

ـــ قىزىق ئەمەسكەن،ـــ دېدى گۈلشەن ياسىننى كۆرۈپلا ئىچ پۇشۇغىنى ئۇنتۇپ.

ـــ يا ئۇخلىماپسىز، بۇ يەردىغۇ ئانچە ياخشى ئۇخلىغلى بولمايدۇ.

ـــ ئۇيقۇم كەلمىدى،ـــ دېدى گۈلشەن تېلىۋىزورنى قايتا ئېچىپ.

ياسىن يۈرەك سوقۇشلىرىنىڭ تېزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى، گۈلشەنىنىڭ ئورنىدا خوتۇنى رەيھان بولغان بولسا سافادىن كۆتۈرۈپلا ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرگەن بولاتتى، شەھۋەت قانلىرى ئويناقلاپ ئاققىنىچە ھاياجاندا بىرلىشىپ، ئەسەبىي ھېسسىياتلار ئەۋجىگە چىقاتتى.

ـــ سىزدىن سورىمايلا ئۆيىڭىزنى تازىلاپ قويدۇم،ـــ دېدى گۈلشەن ياسىننىڭ قېتىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئوماققىنە كۈلۈپ قويۇپ،ـــ يەنگەم بولمىغانلىقتىن ئۆيىڭىزنى پاكىز تۇتۇپ بولالمايسىز، بۇنداق ئىشقا مېنى چاقىرسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ياسىن ئۆينىڭ ئىچىگە دىققەت بىلەن نەزەر تاشلاپ، ئارقىدىنلا گۈلشەنىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سۆيۈنۈپ كەتتى. ئىچ-تېشىدىن پاكىزلىق، گۈزەللىك، ئىشچانلىق تۆكۈلۈپ تۇرغان بۇنداق قىز نەدە بار؟

ـــ ئالامەت قىلىۋېتىپسىزغۇ بۇ ئۆينى! ـــ دېدى ئۇ ھاياجىنىنى سەل بېسىۋېلىپ،ـــ ئارام ئېلىڭ دېسەم يەنە بىكار تۇرماپسىز-دە!

ـــ بىكار ئولتۇرغىچە بىكار ئىشلە دەپتىكەن، يۇيىدىغان كىرلىرىڭىز بارمۇ؟ يۇيۇپ بېرەي.

ـــ ياق، ياق، بۇ ئىشقىمۇ سىزنى ئاۋارە قىلمەنمۇ؟ـــ دېدى ياسىن سەل ھودۇقۇپ، ئاندىن تۇرۇپلا " بۇ قىز خوتۇنۇمنىڭ ئورنىنى باسمەن دەمدۇ نېمە؟" دەپ ئويلاپ قالدى.

ـــ باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭ،ـــ دېدى گۈلشەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تۇيغاندەك، ـــ يەڭگەم كەلگىچە ئۆي خىزمەتچىسىنىڭ ئورنىدا ئىشلەپ تۇراي دېدىم، ئەگەر مېنى يات كۆرۈپ قالسىڭىز بۇنىڭغا ئامالىم يوق.

ـــ ياق، ياق، سىزنى ھەرگىز يات كۆرگىنىم ئەمەس،ـــ دېدى ياسىن گۈلشەنىنىڭ ئەستايىدىل قىياپىتىدىن خىجىل بولۇپ،ـــ سىزنى بۇنداق ئىشقا سالسام بولماس دەيمەن...

ــــ مانا مۇشۇ مېنى يات كۆرگىنىڭىز ئەمەسمۇ،ــــ دېدى گۈلشەن ئۇنىڭغا مۇلايىم نەزەردە تىكىلىپ،ــــ بىز بۇ يەردە قانچىلىك ئادەم؟ بىر-بىرىمىزنىڭ ھالىغا يەتمىسەك كىم يېتىدۇ؟ ئەگەر ياخشى كۆڭلۈمگە ئىشەنمىسىڭىز، جاھاندا بىكارلىق ئىش بولمايدۇ دەپ ئويلىسىڭىز، ئىش ھەققىمگە ئازراق قېتىپ بېرىڭ، بولامدۇ؟

ياسىن گۈلشەنىنىڭ گېپىدىن ئويلىنىپ قالدى، دېمىسىمۇ توغرا، ئىككى تۆت تال ئۇيغۇر بىر-بىرىگە كۆيۈنمىسە، كىم كۆيۈنىدۇ؟ تالاغا چىقسا خەقلەر ئوغرىدەك قارىسا، ئۆز ئىچىدە بولسا بىر-بىرىدىن گۇمانلىنىپ، خۇدۇكسىرەپ يۈرسە، جاھاندا بۇنداقمۇ بىچارىلىك، ھاماقەتلىك بولامدۇ؟

ــــ تازا ئوبدان گەپ قىلدىڭىز،ــــ دېدى ياسىن بىر مۇھىم ئىشنى چۈشەنگەندەك روھلىنىپ،ــــ ئۆينىڭ تازىلىق ئىشلىرى ئەمىسە سىزگە قالدى، ما ئۆينىمۇ ئېچىپ بېرەي، ۋاقتىڭىز چىققاندا تازىلاپ قويۇڭ. كىرنى خوتۇن كەلگەندە ئۆزى يۇيسۇن. ئۆي تازىلىغان ئىش ھەققىڭىزنى چوقۇم بېرىمەن.

گۈلشەن رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

شۇنداق قىلىپ، ياسىن ئايرىم ھۇجرىسىنى ئۆزىنىڭ ئىچ-باغرىنى ئاچقاندەك ئاچىدىغان، ئۆزلىرىگىلا تەۋە دۇنيانىڭ ھاۋاسىدىن بۇ قىزنى نەپەسلەندۈرىدىغان بولدى.

ياسىننىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن گۈلشەن ئۇنىڭ باۋمۇسىدەك (ئۆي خىزمەتكارىدەك) سالاھىيەتتە ئىچكىرى-تاشقىرى ئۆيلەرگە كىرىپ-چىقىپ يۈردى، بىكار بولسا ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆينى رەتلەپ، تازىلاپ، ياسىنغا پاكىزلىق، گۈزەللىك بەخش ئەتتى. ئۇ ياسىن بولمىغان چاغدا ئىچكىرىكى ھۇجرىغا كىرىپ، ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە سىنچىلاپ قارايتتى، ئەڭ ئاۋۋال قوش كىشىلىك كارىۋاتنىڭ ئورۇن-كۆرپە، پەردە ياپقۇچلىرىنى تۈزەشتۈرەتتى، ئەر-خوتۇننىڭ شىرىن كېچىلىرىگە گۇۋاھ بۇ ئىللىق يەرگە ھەر بىر قارىغىنىدا ۋۇجۇدى سەۋدالارچە تىترەپ كېتەتتى.

بىر كۈنى ئۇ كارىۋاتتا بىر دەم ئولتۇرۇپ پەر ياستۇقلارغا قارىدى، ئاندىن ئۇنىڭغا بېشىنى قويۇپ ياتتى، "توۋا، ساراڭ بولدۇممۇ نېمە" دەپ ئويلىدى، خىيالىنى يىغىشتۇرۇۋالالمىدى. ئۇنى بۇ ھالدا كۆرسە ياسىننىڭ ئۆزىگە يولۋاستەك ئېتىلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، قورقۇپ ھەم ھاياجانلىنىپ قوپۇپ كەتتى. ئاندىن ياسىننىڭ خوتۇنى بىلەن چۈشكەن، رامكىغا ئېلىپ قويۇلغان رەسىملىرىگە قايتا قارىدى، نېمانچە چىرايلىق چوكان، نېمانچە بەختىيار،

ئوغلى نېمانچە ئوماق!... ئاندىن ئۇ كىيىم ئىشكاپىنى ئېچىپ رەيھانىنىڭ كىيىملىرىگە قاراپ باقتى، قارىغاندا رەيھان كىيىمنىڭ غەلۋىسىنى جىق قىلمايدىغان، ياسانچۇقلۇقنى ياقتۇرمايدىغان چوكان بولسا كېرەك، كىيىملىرىمۇ ئانچە ئېسىل ئەمەس ئىدى. بۇنداق چوكان ھەر قانچە چىرايلىق بولسىمۇ خۇلقى نازى بىلەن ئېرىنى مايىل قىلالامدۇ؟ ھەر كۈنى ئۇنىڭغا يېڭى-يېڭى تۇيغۇلارنى ئاتا قىلالامدۇ؟ گۈلشەن رەيھان ھەدىسىنىڭ كىيىمى، يۈزىگە سۈۋايدىغان مايلىرىغا قاراپلا ئۇنىڭغا باھا بېرىپ بولدى، ئۇ بەك پەرداز قىلىپ كەتمىسىمۇ ھەقىقەتەن چىرايلىق جۇۋان ئىدى، ئەمما يەنىلا جۇۋان-دە، گۈلشەنىنىڭ قىزلىق جەزبىسىگە، ئەڭ مۇھىمى يېقىملىق خۇلق-نازىغا ئۇ قانداق يېتەلىسۇن، ئىككىسى ياسىنىنىڭ ئالدىدا قاراپ تۇرسا، ياسىن چوقۇم گۈلشەننى تاللايدۇ...

گۈلشەن ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا غىڭشىپ ناخشا توۋلىغىنىچە ھۇجرىنى بىر دەمدە تۈزەشتۈرۈپ، تازىلاپ بولدى.

ھاشىم دوغلاق گۈلشەنىنىڭ ياسىن لاۋبەنىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ-چىقىپ يۈرگەنلىكىنى بايقاپ، نەچچە كېچە چايان چېقىۋالغاندەك تولغىنىپ ياتتى. تەپسە تەۋرىمەس ساۋۇت ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋېلىپ، يەنە چېقىشتى :

—— نېمانداق تۈگۈلۈۋالىسەن دۈگىلەك، يەنە شۇ گۈلشەنىنىڭ دەردىمۇ؟

—— ئويلاپ باق، خوتۇنى كېتىپ 15 كۈن بولمايلا سىڭلىسىدەك بىر قىزنى ئەكىرىۋالدى، ئۇدۇلدىكى سەتەڭمۇ ئۇنى كۈنلەپ يۈرۈيدۇ... چىرايلىقنىڭ ھەممىسلا ئۇنىڭ بولامدۇ دەيمەن؟ —— دېدى ھاشىم ئەلەمدىن بوغۇلۇپ.

ساۋۇت ئۇنىڭ بۇ ھالىغا كۈلدى:

—— لاۋبەن بولغاندىكىن ئوينايدۇ، ئۇنىڭ پۇلى بار، سېنىڭ نېمەڭ بار؟ ئۇ نېمەڭنى مۈشۈككە بەرسىمۇ يېمەيدۇ...

—— لاۋبەن دەپ كەتكىننى، قانچىلىك لاۋبەن ئۇ!!—— دېدى ھاشىم ئاچچىق بىلەن،—— ئىككى تۆت تال پۇل تاپسا ئۆزىنى بىلمەي قالىدىغان ئۇنداق نېمىنى!

—— ساڭا ئىش بەرگەندىكىن لاۋبەن دېگەن شۇ، مىك قاقشىساڭ، تىللىساڭ بىكار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، گۈلشەن مەشەگە كەلگەندىن بېرى ياسىنكىسىغا ئۆزىنى سۈۋاپ يۈرگەن، ئۇ سېنى، مېنى دەپ ئەمەس، شۇنى دەپ تۇرۇۋاتىدۇ بۇ يەردە. چىرايلىق نېمىلەر يامان ئىش قىلسىمۇ ئۆزى خالاپ قىلىدۇ، ياخشى كۆرسە ئوغرى-قاراقچىنىڭ كەينىدىنمۇ

كېتىۋېرىدۇ. پۇلى بارغا خوتۇن بولغۇسى كېلىدۇ، شۇڭا نېمە ئىش بولسا كۆرمەسكە سېلىپ، قۇلىقىنى يوپۇرۇپ يۈرىۋەر.

ــــ سەن شۇنداق قىل، ئاسمان بېسىۋالسىمۇ تېگىدە مانتا يەيدىغان ئاداش سەن!

ــــ گېپىڭنى جايلاپ قىل دۈگىلەك، مەن سەندەك يوقلاڭ ئىشقا چېپىلىپ يۈرۈيدىغان ساراڭ ئەمەس،ــــ دېدى ساۋۇت ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىپ،ــــ ياسىن لاۋبەن گۈلشەننى ئۆيىدە بىر نېمە قىپتىمۇ؟ كۆزۈڭ كۆردىمۇ؟

ــــ ئويلاپ باقمامسەن، بىر قىزنى ئەكىرىۋالسا نېمە بولماقچى؟

ــــ نېمە بولماقچى؟ نېمىگە نېمە بوپتۇ؟

ــــ ياسىن لاۋبەن خوتۇنسىراپ كەتمەسما؟ ئاشۇ ئىشنى قىلماسما؟

ــــ قىلسا-قىلمىسا نېمە بوپتۇ؟ گۈلشەننى قىزمىدۇ، قىز ئەمەسمىدۇ دەپ يۈرەتتىڭ، بىرىپ لاۋبەندىن سورىمامسەن ئەمىسە؟!

ھاشىم يەنە ئوسال بولۇپ جىمىپ قالدى.

ــــ مەن دەيمەن ساڭا، كۆزۈڭ كۆرمىگەن ئىشقا خەقتىن ئالدىراپ گۇمانلانما، ئۇنى قىلسۇن يا قىلمىسۇن، سەن بىلەن بىزنىڭ نېمە ئىشىمىز دەيمەن؟ خۇدايىم ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، كىم گۇناھ قىلسا شۇنى جازالاپ تۇرىدۇ، ئەگەر ھازىر جازالىمىسا ئۆلگەندىن كېيىن جازالايدۇ،ــــ دېدى ساۋۇت ئۇنىڭ بىچارىلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىپ.

ــــ بىر چىرايلىق خوتۇنى تۇرسا...ــــ دېدى ھاشىم ئىچ-ئىچىدىن ئاچچىق ئاھ ئۇرۇپ،ــــ يەنە نېمىگە تويمايدۇ دەيمەن...

ــــ قارا بۇنىڭ گېپىنى، ئەگەر سەن لاۋبەن بولۇپ قالساڭ، ياسىن لاۋبەندىن ئاشۇرۇپ قىلىسەن.

ــــ قۇلىقىمنى كېسىپ بېرەي ساۋۇت، ئەگەر مېنىڭ شۇنداق چىرايلىق خوتۇنۇم بولىدىغان بولسا، ھېچقانداق قىزغا قارىمايمەن، چىرايلىق، پاكىز ئۆي تۇتىمەن.

ــــ ھەي تاڭ جۇمۇ، ئولتۇرساڭ قوپساڭ شۇ ئىشنىلا ئويلايدىغان تۇرساڭ، بىر خوتۇنغا قاراپ ئولتۇرارسەنمۇ؟ بەزىدە سېنى جۇۋاجىغا ئوخشىتىپ قالىمەن.

ــــ ئوخشاتمىغان شۇ نېمەڭ قالدىمۇ؟ــــ دېدى ھاشىم بىردىنلا سەكرەپ،ــــ مەن چوشقا بولسام سەن نېمە؟

مۆشتۈمۈم يوغان دەپ ئادەمنى بوزەك قىلمەن دېمە!

ـــ نېمانداق چىچاڭلايسەن؟ چاقچاق دەپ قويدۇم،ـــ دېدى ساۋۇت كۈلۈپ،ـــ جۇباجى ئەسلىدە مىراخور، قىلىقسىزلىق قىلمىغان بولسا چوشقىغا ئايلىنىپ كەتمەيتتى. مەن دېمەكچى، ئادەمدىن چوشقىغا ئايلىنىش بىر دەملىك. سەن ھازىر ئادەم، لېكىن نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتسەڭ بىر دەمدە چوشقىغا ئايلىنىپ قالىسەن، سېنى شۇنداق قىلمىسكەن دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىۋاتىمەن...

ـــ بۇ گېپىڭنى ماڭا ئەمەس، ياسىنكاڭغا دەپ بەر. ئۇ ھازىر نەق شۇنىڭغا ئايلىنىپ قالدى.

ـــ لاۋبەننى چايناپ پۇركۇۋەتكۈڭ كەپتۇ-دە، ۋاي... ئەمدى قانداقمۇ قىلارمىز؟

ـــ رەيھان ھەدەم كەلسە ھەممىنى دەيمەن، مەن ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، بۇنداق مۆرىمەس، دۆت كالىدەك ئىشلەۋەرمەيمەن...ـــ دېدى ھاشىم كەسكىن ھالدا.

ـــ جۇباجىغا ئوخشىتىپ قويسام، مېنى ئەمدى دۆت كالىغا ئوخشاتتىڭمۇ؟ مەيلى، كالا دېگەن ھېچ بولمىسا ھالال نەرسە... لېكىن ساڭا دەپ قوياي ، ئوتتۇرىدا گەپ توشۇش ئوغۇل بالىنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس.

ـــ ئەھۋالنى دەپ قويۇش كېرەك، بولمىسا ياسىن لاۋبەن ئۆزىنى بىلەلمەي قالىدۇ.

ـــ سەن دېمىسەڭمۇ، بولىدىغان ئىش ھامان بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۇلار ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلسۇن، بىز ئارىلىشىپ قالمايلى. ئاقىۋەت ئۆزەڭگە ياخشى ئەمەس، چوقۇم بىرسىگە يامان كۆرۈنۈپ قالىسەن، شۇنىڭ بىلەن ئىشتىن ھەيدىلىسەن.

ـــ ھەيدەلسەم مەيلى، تاپاي دېسەڭ ئىش دېگەن جىق.

ـــ كۆرەڭلىمە، ياسىن لاۋبەندەك مەرت ئادەمنى ئاسان تاپالمايسەن. سەن ئۇنى خوتۇنىغا چېقىشتۇرۇپ نېمە پايدا ئالماقچى مەسىلەن؟ رەيھان ھەدەڭ ساڭا پۇل بېرەرمۇ؟ مەندىن بەك ئەتىۋارلاپ ئىشلىتەرمۇ؟ كاللاڭنى ئىشلەت، ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشما، بەك چىدىماي كەتسەڭ، ئۇدۇلدىكى سەتەڭدىن بىرەرنى تېپىپ، ئاچچىقىڭنى چىقارمامسەن؟

ھاشىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۈكلا بولۇپ كەتتى، ساۋۇت ئۇنىڭ ئىشلىرىنى بىلىپ قالغانمىدۇ؟ بۇ گۇي كۆڭلىدە ياتاقتىن چىقماي ياتقان بىلەن يەر ئاستىدا يىلاننىڭ كۆشكىنىنىمۇ تۇيۇپ ياتىدىكەن-دە.

ـــ ماڭاۋە، ماڭا ئۇنداق ئىش ئۆگەتمە،ـــ دېدى ئۇ ساۋۇتتىن كۆزىنى قاچۇرۇپ،ـــ سەن شۇنداق قىلامتىڭ

يا؟

ــــ مەن موللىنىڭ بالىسى، ئۇنداق ئىشنى ئويلاپ بولغىچە قورقىمەن،ــــ دېدى ساۋۇت تەمكىنلىك بىلەن.

ــــ شۇڭا ھەممە ئىشتا موللام مۇشۇك بولۇپ تۇرۇۋالىدىكەنسەن-دە!...

ــــ ھەر قانچە جۇباجى بولۇپ كەتسەڭمۇ، موللىنى كەمسىتمە، ــــ دېدى ساۋۇت ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ،ــــ باشقا گېپىڭ بولسا قىل.

ــــ ئادەمنىڭ غۇرۇرىغا تەگسە قانداق بولىدىكەن؟ــــ دېدى ھاشىم بوي بەرمەي،ــــ سەن مېنى چوشقىغا ئوخشاتتىڭغۇ؟

ــــ ئۇ بىر چاقچاق، سېنى شۇنداق بولۇپ قالمىسىكەن دەيمەن بالاڭزا، چۈنكى سەن ماڭا ئوخشىمايسەن، مەن سېنىڭ مىجەزىڭنى، ئىش-مەيلىڭنى ئوبدان بىلىمەن.

ــــ دېمىسەڭمۇ ئىككىمىز ئوخشىمايمىز. لېكىن سەن مېنى باشقۇرىمەن دېمە، كۆلى دېگەن ئەركىن دۇنيا، قانداق قىلغۇڭ كەلسە شۇنداق قىلىدىغان يەر بۇ!

ــــ سېنى داداڭمۇ باشقۇرالمىغان يەردە، مەن قانداق باشقۇرىمەن؟ سەندىن ناھايىتى ئازراقلا چوڭ ئىكەنمەن، شۇڭا تەربىيە بېرىپ قويىدۇم، ئاڭلىمساڭ نېمە قىلساڭ قىل، زىيان تارتساڭ ئۆزەڭگە...

بۇ پاراڭلارمۇ بېسقتى، ھاشىم ئۇخلىماي ئويلاندى، ئۇ ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلىدىغانلاردىن ئەمەس، ئەمما بىر قېتىم شۇ چاتاق ئىشنى قىلىپ سالدى. كېيىن ئۆزىنى يوشۇرغان بىلەن ھامان بىر كۈنى ئاشكارىلىنىدۇ. گۈلشەن ئۇنىڭدىن ۋابادىن قاچقاندەك قېچىپ، ياسىن لاۋبەننىڭ قويىنىغا كىرىپ كەتتى؛ پاكىزلىق پاكىزلىققا، ئىپسىللىك ئىپسىللىككە قوشۇلدى. بۇ روشەن سېلىشتۇرما ھاشىمنىڭ ئۇنتۇلۇپ قالاي دېگەن كونا ۋەھىمىسىنى يەنە پەيدا قىلدى. ياسىن لاۋبەن ھەر كۈنى ئىپسىلزادىلەرچە راھەتتە، ھۇزۇر ئىچىدە، ئىشرەت قويىنىدا ؛ ھاشىم بولسا ئەبگالارچە سىقىلىش، مۇشەققەت، قورقۇنچ ۋە ئازابتا... بۇنداقمۇ دەھشەت تەڭسىزلىك بولارمۇ جاھاندا!...

ھاشىم پەقەت ئۇخلىيالماي تالاغا چىقتى، ئارقا ھويلىدىن چىقىپ، تاقاقلىق ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. يولدا ئادەم يوق دىيەرلىك بولسىمۇ ساتراشخانىلار ئوچۇق بولۇپ، رەڭدار ۋىۋىسكىلىرىدىكى چىراغلار يالغۇز ھاشىمنىلا چاقىرىۋاتقاندەك كۆز قىسىپ چاقنايتتى.

ئۇ شۇنداق قاراپ تۇراتتى، دەرت-ئەلەم ۋە ئىچ پۇشۇقىنىڭ مەنبەسى قانمايۋاتقان جىنسىي ھەۋەسى بولغاچقا، بۇ ھەۋەسنى قانداقلا قىلىپ بولسىمۇ بېسىقتۇرسا بارچە ئازابتىن قۇتۇلىدىغاندەك ئويلايتتى، ئاچچىق، سەپرا خىلىتلىرىنى چىقىرىۋەتمىسە كېچىچە ئۇخلىيالمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئىككىلىنىپ قالدى، ساتىراچخانىلارنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە يول چىڭداپ مېڭىۋەردى، چېكىپ بولغان تاماكىسىنى پىقىرىتىپ تاشلاپ، كوچىلىگە بەكرەك ياققان دۇكانغا ئۇسۇپلا كىرىپ، سېرىق چاچتىن بىرنى ھەۋەس ئوتىغا تۇترۇۋق قىلىشنى ئويلىدى، بۇنداق جۇرئەتلەنگەندە"بىر قېتىم مەرەزگە يولۇقتۇڭ، ئەمدى قورقماي ئويناۋەر" دەيتتى ئۆزىگە. ئەنسىرىگەندە بولسا" ئەگەر سەن كېسەل يۇقتۇرمىغان بولساڭ بۇ قېتىم يۇقتۇرۇشۇڭ مۇمكىن، كوتۇڭنى قىس، كىرىپ كەت، ئۇخلا، قولۇڭدا ئوينا" دەيتتى.

ئۇ مۇشۇنداق ئىككى خىيالدا ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ تۇرغاندا يېنىغا بىر تاكسى كېلىپ توختىدى، ئىچىدىن لاۋبەن سەتەڭ چىقىپ دۇكىنىغا ئۇدۇللا ماڭدى، سېرىق چاچلارغا بىر نېمىلەرنى دەپ قايىنغاندەك قىلدى، ئارقىدىن يەنە يېنىپ چىقىپ ئىشىك ئالدىغا كەلدى، بىر نەرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى، ھاشىمنى كۆرۈپ ئۇنى چاقىردى. ھاشىم ئەمدى بىر ئېنىق نىشاننى تاپقاندەك، قىلغىلى ئىش چىققاندەك روھلىنىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. ئەمما سەتەڭ بىر ئىشلاردىن خاپا بولغاندەك، كۆڭلى ناھايىتى يېرىمدەك قىلاتتى، كۆزلىرىدىن ياش ئەگىپتتى. ھاشىم بۇنى كۆرۈپ "ياسىن لاۋبەنىنىڭ دەردىدە شۇنداق بولۇپ كەتتىمۇ نېمە؟ مەندىن نېمە گەپ سورىماقچىدۇ؟ سورىسا ھەممىنى دەيمەن" دەپ ئويلاپ قالدى.

ـــ مى مى يوقاپ كەتتى، سەن كۆردۈڭمۇ؟ـــ دېدى سەتەڭ ياش يۇقى كۆزىدە ئۇنىڭغا ئىلتىجالىق تىكىلىپ.

ھاشىم ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي دۇدۇقلاپ كەتتى:

ـــ نېمە ..مى مى

ـــ مېنىڭ ئامرىقىم مى مىچۇ؟ سەن ئۇنى كۆرمىگەنما؟

ـــ ياق، كۆرمىگەن...ـــ دېدى ھاشىم يەنىلا ھېچنېمىنى چۈشەنمەي.

ـــ مېنىڭ ھېلىقى ئامراق پىستەم مى مىچۇ، تۈكلىرى ئاپپاق...

ھاشىم شۇ چاغدىلا بۇ سەتەڭنىڭ ئاق پىستىسىنى ئىزلىگەنلىكىنى بىلدى، سەتەڭ ئۇنى دۇكىنىنىڭ ئالدىدا ئەركىلىتىپ ئويناتاتتى، شالاپلىتىپ سۆيەتتى، بەزىدە ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ بۆرەك يېگىلى ياسىننىڭ ئالدىغا كېلەتتى.

ــــ ھە.. ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، ھېلىقى كىچىك ئىت...

ــــ شۇ، بوۋاي چۈشتىن كېيىن تۆيۈقسىز يوقاپ كەتتى، ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى، بۇ ئاشخانىغا كىرىپ قالمىغاندۇ؟

ــــ ياق، كىرمىدى، كۆرگەن بولسام دەيتتىم.

ــــ سەن چۈشتىن چىقمىساڭ نېمىنى كۆرىسەن؟ــــ دېدى سەتەڭ ئۆزىنىڭ مەنىستىمىگەندەك قاراپ، ــــ بۇ كېچىدە چىقىۋاپسەن، ماڭا تېخى بىرەر خۇشخەۋەر يەتكۈزىدىغان ئوخشايدۇ دېسەم، تىلىڭنى چاينىماپ تۇرىسەن...

ئۆزىنىڭ دەردى يېتىپ ئاشقىچە تۇرغان ھاشىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر ياقتىن جىلە بولسا، بىر ياقتىن "تىلىڭنى كۆيگىنى، قوپال تەگكىنى مېنى يېقىن كۆرگىنى" دەپ ئويلاپ، تاماكىسىنى چېكىپ ئۆزىنىڭ تەلمۈرۈپ ھېجىيىپ تۇراتتى.

ــــ نېمىگە كالچىيىپ كەتتىڭ، سەن چوقۇم بىلىسەن، مەندىن يوشۇرۇۋاتىسەن!

ــــ مەن كۆرمىدىم، كۆرسەم ساڭا دەيتتىم.

ــــ قايسى ئوغرى ئېلىپ قاچقاندۇ دەيمەن، تېپىۋالسام ساقچىغا مەلۇم قىلىپ سولىتىۋېتىمەن.

ــــ ئېزىپ قېلىپ بىر ياققا كېتىپ قالغاندۇ؟

ــــ ئۇ ئېزىپ قالمايدۇ. ئېزىپ قالسىمۇ قايتىپ كېلەلەيتتى. ئۇنى چوقۇم بىر كىم ئوغرىلىغان گەپ! مەشەدە بىر نەچچە شىنجاڭلىق ئوغرىنى كۆرگەن مەن...

ھاشىمنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە شۇ ھامان ئۆچتى، لاۋبەن سەتەڭ قەستەن بۇ گەپنى چىقىرىپ، سۆزنى لېپىتىپ بىلىق تۇتماقچىدەك قىلاتتى.

ــــ بۇ يەردە نەدە شىنجاڭلىق ئوغرى بار! بىزدىن باشقا كىم بار؟ سەن بۇنداق گەپ قىلما،ــــ دېدى ھاشىم رەسمىي خاپا بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ،ــــ شىنجاڭلىقنىڭ ھەممىسىلا ئوغرىما؟ بۇ كىچىككىنە يېرىڭدە كىم ئوغرىلىق قىلىدۇ؟ شىنجاڭلىق ئوغرىلار پۇلۇڭنى ئوغرىلىسا ئوغرىلايدىغاندۇ، لېكىن بۇنداق ئىت دېگەن نېمىگە قاراپمۇ قويمايدۇ، مەنمۇ ئۆچ ئۇنداق بىر نېمىگە!

ھاشىمنىڭ چالا-پۇچۇق گېپىدىكى ئاچچىقنى چۈشەنگەن سەتەڭ قارىسىغا سۆزلەپ قويغىنىدىن سەل خىجىل

بولدى، ئەمما مۇشۇنداق دېمىسە ھاشىمدىن گەپ چىقمايتتى دەپ ئويلىدى، يەنە ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلىتىۋەردى:

___ ئىتنى نېمە قىلىدۇ دەمسەن؟ ئەچىقىپ ساتامدۇ؟ مېنىڭ ئۇ ئون مىڭ كويلۇق ئىتىمنى يېرىم باھادا ساتسىمۇ ساتىدۇ ئۇ ئوغرىلار!

___ ئەمسە ساقچىغا مەلۇم قىل، ئوغرىنى تاپسۇن.

___ سەن زادى كۆرمىدىڭ، بىرەرسىنىڭ ئېلىپ قاچقىنىنىمۇ كۆرمىدىڭ، شۇنداقمۇ؟

___ كۆرمىدىم، كۆرسەم ساڭا دېمەي قانداق قىلىمەن؟!

___ بۇ كېچىدە ئەمسە نېمىشقا چىقىۋالدىڭ؟

___ ئۇيقۇم كەلمىدى، ئىچىم پۇشۇپ چىقتىم.

___ سەتەڭلىرىمنى سېغىنغانسەن تايىنلىق! كىرسەڭ كىرىپ ئويناپ چىق، نەچچىسىنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ مۈگدەپ ئولتۇرىدۇ خېرىدار كەلمەي، سەن كىرىپ ئۇيقۇسىنى ئېچىپ قوي، لېكىن پۇلنى ساناپ قويۇپ ئوينا، بىكارلىق بېرىدۇ دەپ قالما...

___ نېمىشقا خېرىدار كەلمەيدۇ؟___ دېدى ھاشىم ئۇزاقتىن بۇيانقى دەرد-ئەلەمنى تۆكىۋاتقانىدەك،___ كېسەل يۇقىدۇ، ئەيدىز يۇقىدۇ دەپ كەلمەيدۇ. مەنمۇ كىرمەيمەن بۇنداق يەرگە.

___ ساڭا دەپ قوياي، كىرمىسەڭمۇ كىرمە، دۇكىنىمغا ھاقارەت قىلما،___ دېدى سەتەڭ ئاچچىقلىنىپ،___ كىرىدىغانلار قورقماي كىرىۋېرىدۇ، جىڭ ئەرلەر كىرىدۇ بۇنداق يەرگە! پۇلى يوقلار، پىخسىقلار، قورقۇنچاقلارلار كىرەلمەيدۇ، سەن نەق شۇلارنىڭ بىرى!

___ ئوينىسام ئويناۋېرىمەن، لېكىن كېسەلدىن قورقىمەن،___ دېدى ھاشىم راست سۆزلەپ.

___ گاندون دېگەن تولا بىزدە.

___ مەن ئۇنداق بىر نېمىگە ئۆچ.

___ بىزنىڭ قىزلاردىن ئەنسىرىمىسەڭمۇ بولىدۇ.

___ ئۇلار ساقمۇ ساق ئەمەسمۇ، كىم بىلىدۇ؟ بولمىسا نېمىشقا گاندون ئىشلىتىسىلەر؟

___ ئەمسە قانداق قىلىسەن؟ نېمانداق جېدەللىك تولا نېمە سەن؟ يۈز كويۇڭغا قانداق قىلىپ بەرسە بولاتتى.

500 كويىنى چىقار، مانا مەن قان تەكشۈرتكەن، ساپمۇ ساق، قانداق، ئويىنامسەن؟

لاۋبەن سەتەڭنىڭ بۇ گېپىدىن ھاشىم يان دۇكاندىكى يۈز سوملۇق سېرىق سەتەڭنىڭ ھەقىقەتەن كېسەل ئىكەنلىكىنى، ھاشىمنى ئالداش ئۈچۈن يالغان سۆزلىگەنلىكىنى ئويلاپ، تېنى شۈركىنىپ كەتتى.

ــــ جىمىپ كەتتىڭغۇ، ھالىڭ شۇنچىلىك!ــــ دېدى سەتەڭ ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، ــــ ئىشىڭ بولمىسا كىرىپ ئۇخلا.

ھاشىم ئۆزىنى راستىنلا كېسەللەردەك ھېس قىلىپ، ئۇلغىيىۋاتقان ۋەھىمىلىرىنىڭ دەھشەتلىك ئاسارىتىدە قالدى. سەتەڭ ئۇنىڭ جىملا تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئويلىنىۋاتىدۇ، ھامان ئوينايدۇ دەپ ئويلىدى ۋە ئاخىرىدا قوشۇپ قويدى:

ــــ پىستەمنى تېپىپ بەرگەن بولساڭ بەش يۈز كويىنمۇ ئالمايتتىم.

بۇ گەپتىن ھاشىم دەرھال ئېسىگە كەلدى، قىزىقتى، قىززىپ قالدى. لېكىن بۇ كېچىدە ئۇ ئىتنى نەدىن تاپىدۇ، كۇندۇزى تېپىپ بەرسىچۇ؟ كۇندۇزى قازان بېشىدا تۇرسا ئىت ئىزدەيدىغانغا نەدە ۋاقىت! تېپىپ بەرگەن بىلەنمۇ بۇ سەتەڭ گېپىدىن يېنىۋالسىچۇ؟

ئەمما ھاشىم يەنىلا ھاياجانلاندى، سەتەڭنى ئاخىر ئىندەككە كەلتۈرىدىغاندەك ھېس قىلدى، "كېسەل، كېسەل" دەپ ئۆزىنى قورقۇتۇپ يۈرگەندىن كۆرە، بىر دەم بولسىمۇ بۇ سەتەڭنى ئەخمەق قىلىپ ئويناتقۇسى كەلدى، ئەگەر ئىش ئەپلىشىپ قالسا بارلىق ئازاب، سەپرا، سەۋدالىقلىرىدىن بىر يولى قوتۇلاتتى.

ــــ ئەگەر تېپىپ بەرسەمچۇ؟ــــ دېدى ئۇ شۇنىڭغا راستىنلا ئىشەنچى باردەك.

ــــ دېدىمغۇ، سەندە زادى بىر گەپ بار، تېپىپ بەرسەڭ سېنى رازى قىلىمەن.

ــــ ئەمىسە بۇگۈن، ھازىرنىڭ ئۆزىدە رازى قىلامسەن؟ــــ ھاشىم ئۆزىنى تۇتالماي قىلىۋاتاتتى.

ــــ ئاۋۋال ئىتىمنى تاپ.

ــــ تاپىمەن، ئاشخانىغا كىرىپ قالغان بولسا ئىزدەپ نەدىن بولسىمۇ تاپىمەن، بۇ يەردىن چىقمىسا باشقا يەردە ئىزدەيمەن. ئىشقىلىپ، تېپىپ بەرسەمغۇ بولار؟

ــــ تاپقاندا بىر گەپ بولسۇن.

ــــ مەن ئوينىۋېلىپ بىر يەرگە قېچىپ كەتمەيمەن،ــــ دېدى ھاشىم ئۇ سەتەڭنىڭ ھەممە يېرىگە ئاچكۆزلۈك

بىلەن تىكىلىپ،___ تاپالمىسام ئاندىن نېمە دېسەڭ- دە!

___ تاپالمىساڭ بەش يۈز كوي تاپشۇرىسەن شۇ.

___ مەيلى، مەن رازى،___ دېدى ھاشىم "نېمە كۆرسەم كۆرەي" دەپ ئويلاپ.

سەتەڭ ئۆينىڭ چىرايىغا بىر قارىۋېتىپ«گېپىڭ گەپ ھە» دەپ دۇكىنىغا باشلاپ كىردى، ھاشىم كۈتۈلمىگەن ئامەتكە ئېرىشكەندەك ھاياجانلىنىپ، قىن-قىنىغا سىغماي كەتتى، دېدەكلەردەك كۆرۈنۈپ كەتكەن باشقا "ساتراچ قىزلار" ئالدىدىن گويا چوڭ خېنىم بىلەن بىللە بولىدىغان بەگدەك مەغرۇر ھالدا يەڭگىل قەدەم تاشلاپ ئۆتتى، سەتەڭنىڭ كەينىدىن كۆز ئۈزمەي قارايتتى، ساغرىسى گۈلشەننىڭكىدىنمۇ بەك چىقىپ تۇرىدىكەن كاساپەتنىڭ دەپ ئويلايتتى ھەم ياسىن لاۋبەننىڭ بىر ئولجىسنى قولغا چۈشۈرگەندەك غالىبىيەت تۇيغۇسدا كۆرەڭلەيتتى.

سەتەڭ ئۆينى ئايرىم، پاكىز بىر ياتاققا باشلىغاندا ھاشىم " بۇ يەرگە ياسىن لاۋبەنمۇ كىرگەن بولغىيمىدى؟ " دەپ ئويلىدى، بۇ قىزنىقشىغا بەس كېلەلمەي ئۆينى سورىدى.

___ بۇنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟ خەقنىڭ شەخسىي ئىشىغا ئارىلاشما!___ دېدى سەتەڭ كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ.

___ ياسىن لاۋبەن ھازىر ئاشخانىدىكى قىزنى ئۆيىگە كىرىۋالدى،___ دېدى ھاشىم ئۆينىڭغا مۇھىم خەۋەر يەتكۈزۈپ.

___ بۇنى دېمىسەڭمۇ بىلىمەن، ئەر كىشى دېگەن شۇنداق بولىدۇ. بۇ گەپنى قويۇپ ئۆزەڭنىڭ ئىشنى قىل. ئەتە پىستەمنى تاپ، تېپىپ بەرمەيدىغان بولساڭ، بەش يۈز كوينى تەييارلاپ قوي.

___ بولىدۇ...___ دېدى ھاشىم ئىشتىنىنى يېشىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ كېسلىنى بۇ سەتەڭگە يۇقتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىنلىكىنى، پىستىنىڭ بۇ سەتەڭ ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىملىقىنى، بەش يۈز سومنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ھەرگىز ئاز پۇل ئەمەسلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنىدى.

ئۇ مەقسىتىگە يېتىپ، دۇكاندىن چىققاندا جاھاندا ئۆزىدەك لەززەت سۈرگەن ئادەم يوقتەك ھېس قىلىپ، ھۇزۇرلىنىپ كېرىلدى. ئەمما ئەتىدىن باشلاپ ئىت ئىزدەيدىغانلىقىنى، بولمىسا بەش يۈز كوي تۆلەيدىغانلىقىنى ئويلاپ غەمگە چۆكتى، بۇقىدەك كۈچىنى سەرپ قىلىپ بۇ سەتەڭنىڭ يېرىم بولغان كۆڭلىنى ئالغانىنىڭ ئۈستىگە ئەتىدىن باشلاپ ئۆينىڭ ئىتىنى ئىزدەيدۇ، مۇشۇككە ئوخشايدىغان ئۇ ئۆلگۈر پىستىنى تاپالمىسا بەش يۈز كوي

تۆلەيدۇ. زىيانىنىڭ ئۇستىگە زىيان-دە! كېسىلنى سەتەڭگە يۆتكۈردىمۇ ياكى سەتەڭ ئۇنىڭغا يۆتكۈردىمۇ، بىلمەيدۇ. بۇ ئىش بۇنداق يوشۇرۇن قېلىۋەرمەيدۇ، كېسەللىك ھامان بىر كۈنى بىر يەردىن يالماۋۇزدەك تىشىپ چىقىدۇ...

هاشىم ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرەپ ياتىقىغا كىردى، ساۋۇت خاتىرجەم ھالدا ئۇيقىغا كەتكەنىدى، ھاشىم ئۇنىڭغا يا ھەۋەسلىنىشنى، يا ئىچ ئاغرىتىشنى بىلمىدى: "موللا مۇشۇك گۆي، غەزەبلەنسە يولۋاسقا ئايلىنىدۇ، يا ھۆرۈرلانمايدۇ، يا ئازابلانمايدۇ، شۇنداق بىر خىل، تېپتىنچ ياشايدۇ..."

هاشىم چارچاپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇخلىيالمىدى، ئەتە نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر؟ ئەتنى تاپالماسلىقى ئېنىق، ئۇنداقتا بەش يۈز كوينى___ بىر ئايلىق ئىش ھەققىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى غىڭ قىلماي سانايدۇ. نامەرتلىك قىلسا سەتەڭ ئۇنى ئاشخانىغا ئىزدەپ كىرىپ رەسۋا قىلىدۇ. ئۇ دەرت-ئەلەمدىن قۇتۇلمەن دەپ تېخىمۇ چوڭ ئىشنى، زىياننى ئۆز ئۇستىگە يۈكلىۋالدى. ياسىن لاۋبەن ئېرىشكەن ھۆزۈرغا مەنمۇ ئېرىشىمەن دەپ، بۇنىڭ بەدىلىنى ئېغىر تۆلەپ كېتىدىغان بولدى... ئۇنداق ئادەم باياتىن تالاغا چىقماي، جىممىدە ئۇخلاپ قالسا بولماسمىدى؟ تالادا نېمە بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ چىققانىدىكىن خوپ بولدى، ئەتە ئەمدى گاراڭ ھالەتتە قوپىدۇ، سەتەڭ ئۇنىڭغا جىندەك چاپلىشىدۇ...

9

غېنى شاڭجاڭ ياسىننى يوقلاپ كەلدى، گۈلشەننى بۇ ئاشخانىغا يولغا سېلىۋەتكەنىدىن تارتىپ ئۇ ياسىندىن گۈلشەننىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇرغانىدى، ياسىنمۇ ئۆزى نەچچە قېتىم تېلېفون قىلىپ گۈلشەننى ماختاپ بەرگەچ "قاچان كېلىسەن ئاكا، سېنى ئوبدان بىر مېھمان قىلىۋالسام بولاتتى" دەپ يۈرەتتى. غېنى شاڭجاڭ تاز بېشىنى پارقىرىتىپ، سۆلىتىنى نامايىش قىلىپ بۇ كىچىك ئاشخانىغا قايتا قەدەم تەشرىپ قىلغاندا ياسىن ئۇنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەك ئىززەتلەپ قىزغىن كۈتۈۋالدى، گۈلشەن تاغدەك يۆلەنچۈك ئاكىسىنى كۆرگەنىدەك ئېچىلىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا باشلىدى.

___ ئەجەپ تەستە كەلدىڭىزغۇ ئاكا، ئالدىڭىزغا نەچچە باردىم، ئۆزەڭنى بىلىپ كېلىشىڭ مۇشۇ...____ ياسىن بىر دەمدە جوزىنى توشقۇزۇپ، ھاراقنى تىكلىدى.

___ ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق، يېقىندا بېيجىڭغا بىر كىرىپ چىقتىم.

__ قانداقراقكەن ئەھۋال؟ بىرەر ئىش-ئوقەت قىلغىلى بولامدىكەن؟

__ قانداق بولماقچىدى، يەنە شۇ بۇرۇنقىدەك،__ دېدى غېنى شاڭجاڭ كۆڭۈلسىز قىياپەتتە،__ قوڭغۇزدەك قىم-قىم ماشىنا، مىغىلداپ يۈرگەن ئادەم... بېجىرگەن ئىشنىڭ تايىنى يوق يوللا مېڭىپ يۈردۈق... بولدى قوي، يەنىلا بىزنىڭ مۇشۇ يەر ياخشىكەن، نېمە قىلاي دېسەڭ قىلالايسەن، ھەممە نېمىسى ئەرزان. شەھەر دېگەن ئۇنداق كېلەڭسىز بولۇپ كەتسە بولمايدىكەن، نېمە تولا ئاۋارىچىلىق دەيمەن، چوڭ شەھەر دېسە خەقنىڭ ھەممىسى شاپاقتا ئولاشقان چىۋىندەك بېرىۋالىدىكەن، بىر-بىرىنىڭ يۈزىگە قونۇپ بىئارام قىلىدىكەن. ئادەم دېگەن بارغۇ، ئابرۇيپەرەس بولمىسىلا ياخشى ياشايدىكەن...

__ راست دەيسەن، مەنمۇ بۇ يەرنى ياقتۇرۇپ قالدىم. خەقلىرى يۇۋاش، ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشمايدۇ. بىزمۇ مۇشۇلاردەك ئاددىي ياشىساق دەيمەن.

__ دېگەنلىرىڭ كەلسۇن، مەن مۇنداق كۆرۈنۈشتە تەكەببۇردەك قىلغان بىلەن كۆڭلۈمدە ئۇنداق ئەمەس. ئابرۇيپەرەسلىك بىلەن جاھاندا خوشۇم يوق. پۇل تاپقانلار داچا دەيدىكەن، ماشىنا دەيدىكەن، مانا شۇنىڭ ھەممىسى ئارتۇق ئىسراپچىلىق-دە! شۇڭا مۇشۇ كەمگىچە ماشىنا ئالمىدىم، تاكسىغا كۆنۈپ قاپتىمەن، قاچان دېسەڭ ئالدىڭدا تەييار، غىدىك-پىدىك يوق ماڭىسەن، بارىمەن دېگەن يېرىڭگە بارىسەن. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئارتۇق ئىشلارغا پۇل بۇزمايمەن، ئالدىراپ ماشىنا ئالمايمەن.

—— لېكىن خوتۇن بولسا ئالىمەن دېگىنە!

—— ئەمدى ئۇنى ئېلىپ قويىمىز-دە ئۇكا،— دېدى غېنى شاڭجاڭ ھىڭىڭدە كۈلۈپ، — خوتۇنغا تويمايلا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايمىز. خوتۇن دېگەن ياخشى دېگىنە، تويلۇق ھەققىنى بېرىپ رازى قىلسەن، بىر ئۆمۈر خىزمىتىڭنى قىلىدۇ، ئاخشىمى بىر چىرايلىق ھەمراھ بولىدۇ، ھېرىپ قالساڭ پۇت-قوللىرىڭنى تۇتۇپ قويىدۇ، خۇيى تۇتسا ئاچچىقلاپ، خوشلۇقى كەلسە ئەركىلەپ سېنى زېرىكتۈرمەيدۇ، كۆڭلۈڭنى ئېلىپ ئىچى پۇشۇغۇڭنى باسىدۇ، قېرىپ كەتسەڭ ياشارتىدۇ. شۇڭا خوتۇنغا خەجلىگەن پۇل جاھاندا ئەڭ ئەرزىيدىغان پۇل، خوتۇنۇڭغا نېمىلا قىلساڭ ئەرزىيدۇ جۇمۇ، ئەگەر سەن خوتۇنۇڭنى رازى قىلساڭ، ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ تۇرساڭ، سەن سىرتتا ھەر قانچە ئويناپ كەتسەڭمۇ، ئاشناڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ سېنى كەچۈرىۋېتىدۇ...

ـــ بۇ گېپىڭ ئېشىپ كەتتى ،ـــ دېدى ياسىن قايىل بولماي،ـــ خوتۇن خەقنىڭ ئىچى تار كېلىدۇ، كۈنلىمىگەن خوتۇننى خوتۇن دېگىلى بولامدۇ؟

ـــ سەن يەنە چۈشەنمىدىڭ، ماڭا قارا، سەن باشقا بىرى بىلەن كۆڭۈل ئاچقاندا شۇنچىغىلا بىرىلىپ كېتىپ، خوتۇنۇڭنى ئۇنتۇپ قالساڭ، ئەلۋەتتە سېنى كۈنلەيدۇ. بۇنچىغىمۇ كاللا ئىشلەتسەڭ، خوتۇنىڭنى ھەر ۋاقىت مۇھىم ئورۇنغا قويسەڭ، ئۇنىڭ ھالىغا يېتسەڭ، دېگىنىنى قىلىپ بېرسەڭ. ئىشلىرىڭ ئاشكارىلىنىپ قالسىمۇ چاندۇرماي « جېنىم خوتۇن، سېنىڭ ئالدىڭدا ئۇ نېمىتى؟ سېنىڭ ئورنىڭنى ھېچكىم باسالمايدۇ. مەن پەقەت شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئۇنىمۇ كۆرۈپ باققۇم كەلدى، ئەر كىشى دېگەن شۇنداق بولىدىكەن، باشقا شاخنىڭ ئالمىسىنى تېتىپ باققۇسى كېلىدىكەن... مېنى چۈشەنگىن» دەيسەن. خوتۇن خەقنىڭ ھەممىسى ئەر دېگەننىڭ شۇنداقلىقىنى بىلىدۇ، شۇڭا توغرا چۈشىنىپ كېتىدۇ...

ـــ ئالامەتلا دەۋەتتىڭغۇ، تەجرىبەڭ بار-دە! لېكىن ھەممە خوتۇننى بىر تاياقتا ھەيدىگىلى بولمايدۇ. بەزى خوتۇنلار بار، ئېرى باشقا خوتۇنغا بەكرەك قاراپ قالسىمۇ كۈنلەيدۇ، ياقىسىغا ئېسىلىپ گۇلەڭگۈچ ئوينايدۇ.

غېنى شاڭجاڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ قويدى، ئۆز خوتۇنىدىن باشقا خوتۇنغا قاراپ باقمىغان ياسىن «بەزى خوتۇنلار»نى قانچىلىك چۈشىنىدۇ؟

ـــ ئېرىنى بەك كۈنلەيدىغان خوتۇنلار ئۆزىگە ئىشەنمەيدۇ، ئېرىنى كىچىك بالىسىدەك باشقۇرۇپ تۇرۇۋالىدۇ. بۇنداق خوتۇنلار ئەمەلىيەتتە ئەر دېگەننى ئانچە چۈشەنمەيدۇـــ دېدى غېنى شاڭجاڭ بۇ گەپلەرنى خۇددى ياسىننىڭ خوتۇنىغا قارىتىپ دەۋاتقاندەك،ـــ ئۇنداق خوتۇن ئېرىنىڭ كۆڭلى بۆلۈنگەندە سەۋەبىنى چۈشەنمەي ئۇنى ئەيىبلەۋېرىدۇ، تەھدىت سالىدۇ، يىغلاپ-قاقشايدۇ، ئۆزىنى تېخىمۇ بىچارە، سەت كۆرسىتىپ، ئېرىنىڭ كۆڭلىنى يوق قىلىدۇ. ئويلاپ باق، بۇنداق خوتۇننىڭ نەرى چىرايلىق! خوتۇن خەق ھەر قانچە چىرايلىق بولۇپ كەتسىمۇ كاللىسى ئىشلىمىسە بىكار، بەرىبىر سەت كۆرۈنىدۇ. بۇنداق خوتۇن ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە قارىتالمايدۇ، ئىشنى بۇزۇپلا تۇرىدۇ، ئوڭشىيالمايدۇ. بەزى خوتۇنلار بار، كۈلۈپ تۇرۇپ جېنىڭنى ئالىدۇ، سېنى قايىل قىلىدۇ، ئۇنىڭ نەرى ئەڭ ئوبدان دېسەڭ، كەڭ قورساقلىقى، خۇلقى نازى...

ياسىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، خوتۇننى باشقىدىن چۈشەنگەندەك بولدى، چىرايلىق خوتۇنغا

نېمىشقىدۇر بۇرۇنقىدەك ئامراق بولالمايۋاتقىنىنىڭ سەۋەبىنى بىلدى. غېنى شاڭجاڭغا دەردىنى تۆكۈپ، بەزى گەپلىرىنى دەۋالغۇسى كەلدى. ئەمما نېمىشقا دەيدۇ؟ خوتۇنىنىڭ غەيۋىتىنى نېمىشقا قىلىدۇ؟ غېنى شاڭجاڭ نېمە قىلىپ بېرەلەيتتى؟

ـــــ گۈلشەن خېلى كۆڭۈلۈپ قالغاندەك قىلىدۇ،ـــ دېدى غېنى شاڭجاڭ توختىماي خېرىدار كۈتۈپ، چاي تۇشۇپ يۈرگەن گۈلشەنگە قاراپ قويۇپ،ـــ ئەقىللىق، ئىشچان قىز.

ـــــ راست دەيسەن ئاكا، ساڭا قانچىلىك رەھمەت ئېيتسام ئەرزىيدۇ جۇمۇ، زور بىر ئىشمنى ھەل قىلدىڭ.

غېنى شاڭجاڭ بۇ گەپنى باشقا مەنىدىمۇ چۈشەندى، كۈلۈپ قويۇپ گەپ قىلمىدى.

ـــــ ھاشىم دوغلاقچۇ؟ ئۇبدان ئىشلەۋاتقاندۇ؟

ـــــ بىر مەزگىل تۈزۈك ئىشلىمىگەن، گۈلشەن كەلگەندىن بېرى ئوڭشىلىپ قالدى.

ـــــ ئەمما ما سەيلەرنى تازا ياخشى قورىماپتۇ، بۇنىڭغا دىققەت قىل، تاماق ئېگىز-پەس چىقىپ قالسا، خېرىدار قاچىدۇ.

ياسىن خىجىل بولۇپ قالدى، ھاشىمدىن ئاغرىندى، ھاشىمنىڭ بۈگۈن كاللىسىنىڭ جايىدا ئەمەسلىكىنى، كېچىدىن بېرى تۈزۈك ئۇخلىيالمىغانلىقىنى، ئەتىگەن قوپۇپ ئىشقا چىققىچە ئىت ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى، لاۋبەن سەتەڭنى قاچان كىرىپ قالدىكىن دەپ دەككە-دۈككىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كىم بىلسۇن؟

غېنى شاڭجاڭ خالاغا ماڭغاندا، ياسىن قازان بېشىغا كىرىپ ھاشىمغا خاپا بولدى:

ـــــ بۈگۈن نېمە قورىدىڭ سەن؟

ھاشىم ئەسلىدە باشقا ئىشتىن ئەنسىرىگەنىدى، بۇنى ئاڭلاپ كۆڭلى جايىغا چۈشتى، نېمە گەپ ئاڭلىسا رازى ئىدى.

ـــــ غېنىكاڭ بولغاندىكىن، ئوبدانراق قورۇپ بەرسەڭ بولمامدۇ؟ نېمە ئۇ قورۇغان نېمىلىرىڭ، مەنمۇ يەپ بېقىپ قۇسۇۋەتكىلى تاس قالدىم.

ـــــ ئوبدان قورىغاندەك قىلغان...

ـــــ كاللاڭدىن كېتىپ قالمىغانسەن؟ـــ دېدى ياسىن ئۇنىڭ گومۇشلارچە سالپىيىپ تۇرغىنىدىن بىزار بولۇپ،

ـــ پات-پات مۇشۇنداق بوزۇلىدىغان بولۇۋالدىڭ، نېمە دەردىڭ باركىن، ھېچ ئۇقمىدىم.

ياسىن بۇ يەردە ئۇنىڭ ھۇنىرىگە قارىتىپ دەۋاتقان بولسىمۇ، ھاشىم ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىغا باغلاپ چۈشىنىپ، خۇدۇكسىرەپ كەتتى. دېمىسىمۇ، كېچىدىن ئىشتاننى سالغاندا ئويلىمىغان زىيان تاڭ ئاتقاندا ئۇنى بىئارام قىلىپ ھالنى قويمىدى؛ قولى ساپلىقتا بولغان بىلەن كاللىسى ئاشۇ نىجىس پىستە بىلەن بەش يۈز كوي پۇلدا ئىدى، پۇلنى بېرىپلا قۇتۇلاي دېسە زىيانغا چىدىمايتتى.

ياسىن شۇنداق كايىپ تۇرغاندا يانفونى جىرىڭلاپ كەتتى، خوتۇنىدىن كەلگەن تېلېفون ئىدى، ئۇ بۇ نومۇرغا تەشنالىق بىلەن ئەمەس، خوشياقماسلىق بىلەن قاراپ قويدى.

ـــ قانداق ئەھۋالىڭىز؟

ـــ ياخشى، ئۆزەڭچۇ؟

ـــ بۈگۈن نېمە ئىش قىلدىڭىز؟ سودا قانداقراق؟

ياسىن خوتۇنىنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرسىمۇ قەلبىدە ھاياجان، خۇشاللىقتىن ئەسەر يوق ئىدى، پەقەت بۇ تېلېفوننى ئېلىشقا مەجبۇر بولغىنىدىن، گەپلىرىنى ئاڭلاپ بەرمىسە، سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمىسە ئۇنىڭ گۇمانلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىن تېلېفوننى تۇتۇپ تۇراتتى، خوشياقماس گەپلەرنى قىلاتتى.

ـــ سودا يامان ئەمەس، ئانام قانداقراق؟

ـــ يەنە شۇ بىر خىللا ياتىدۇ.

ياسىن بۇ خۇشخەۋەرنى ئاڭلاپ، قېيىنانىسىغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىدى.

ـــ ئىلشات قانداقراق؟

ـــ ۋاي ئۇنى سورىماڭ، بۇ يەرگە كېلىپلا ئاداشلىرىنى تېپىۋالدى، كۈندە ئويناپلا يۈرىدۇ، بېيجىڭغا ئەمدى بارمايمەن دەيدۇ. قارىغاندا ئۇ يەردىن بەك زېرىكىپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

ـــ ئەلۋەتتە زېرىكىدۇ-دە، يەسلىدە ئۇنى ئوغرى دەپ ھېچكىم ئارىغا ئالمىسا...

ـــ ئۆزىڭىز قانداق تۇرۇۋاتىسىز؟

ـــ ياخشىغۇ، شۇ كۈندە ئاشخانىنىڭ ئىشلىرى بىلەن...

ـــــ ھېلىقى قىز يەنە ئىشلەۋاتامدۇ؟

ـــــ ئىشلەۋاتىدۇ، قانداق ئۇنى يەنە سوراپ قالدىڭىغۇ، يەنە مەندىن گۇمانلىنىپ يۈرەمسەن؟

ـــــ ياقەي، سوراپ قويىدۇم. تېلېفون ئۈزماس بولۇپ كەتتىڭىز، ئادەم ئەنسىرەپ قالىدىكەن...

ـــــ سېنىڭ مۇشۇ ئەنسىرەشلىرىڭ قاچانمۇ تۈگەر!ـــــ دېدى ياسىن بىزار بولۇپ،ـــــ ساڭا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش بولمايدۇ، خاتىرجەم بول.

ـــــ قالغىنى خۇداغا ئامانەت، خۇدايىم كۆڭلىڭىزنى ماڭىلا بەرگەي!

ـــــ ھەممەيلەنگە سالام ئېيت.

ـــــ ماقۇل، سىزمۇ ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، پات-پات تېلېفون قىلىپ تۇرۇڭ.

ياسىن تېلېفوننى ئېتىپ، جوزىلارنى سۈرتكەچ گەپ تىڭشاۋاتقان گۈلشەنگە قاراپ قويدى. گۈلشەن ئۇ پاراڭ بىلەن ئۆزىنىڭ قىلچە ئالاقىسى يوقتەك، ياكى ياسىننى ھامان ئۆزىگە قارىتالايدىغاندەك ئىشەنچ بىلەن كۈلۈمسىرەيتتى، تەمكىنلىك بىلەن باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيتتى.

غېنى شاڭجاڭ جوزىغا قايتىپ كېلىپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

ـــــ يەنە بىر دەم ئولتۇرمامدۇق؟ ھاراق تېخى تۈگىمىدى...ـــــ ئىچى قىزىپ تۇرغان ياسىننىڭ يەنە ئىچكۈسى بار ئىدى.

ـــــ بولدى ئۇكا، يەنە كېلىپ تۇرىمىز.

ـــــ بۇ قېتىمقىسى ھېساب ئەمەس، ھاشىم دېگەن گۈي ھەممىنى لاۋزا قىلىۋەتتى. كېلەر قېتىم چوقۇم ياخشى ئولتۇرىمىز، چوقۇم كەل ئاكا، كەلمىسەڭ خاپا بولىمەن...

ـــــ بولىدۇ، مەن يەنە كېلىمەن،ـــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ ئىشىككە مېڭىپ، ئاندىن ئۆزىنى بىللە ئۇزىتىپ چىقىۋاتقان گۈلشەنگە دېدى،ـــــ ئالغاچ كېتەيمۇ قىزىم...

ـــــ مەن جوزىلارنى سۈرتىۋېتىپ قايتسام بولامدىكىن...

ـــــ بولمىسا بىللە قايتىڭ، قالغىنىنى ئەتە تازىلىۋەتسىڭىزمۇ بولىدۇ،ـــــ دېدى ياسىن.

ـــــ گۈلشەننىڭ دېگىنى توغرا،ـــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ سىرتقا چىقىپ،ـــــ ئىشنى تۈگىتىپ قايتسۇن، قارا،

نېمىدېگەن مەسئۇلىيەتچان قىز بۇ... ساڭا مەن ئۇنداق-مۇنداق قىزنى تونۇشتۇرمىغان ئۇكا...

ياسىن غېنى شاڭجاڭنى تاكسىغا سېلىپ قويۇپ، ئاشخانىغا كىرىپ كېتىۋاتقان گۈلشەنگە قايىللىق، ئىنتىزارلىق بىلەن قاراپ قالدى.

گۈلشەن بايان غېنى شاڭجاڭ بىلەن ياسىن ئولتۇرغان جوزىنى يىغىشتۇرۇپ، ئوخشىمىغان سەيلەرنى تۆكۈپ، قاچا-قۇچىلارنى يۇيۇپ بىر دەمدە بىكار بولدى. ياسىن ئاشخانىدىكى ۋىدىيولۇق تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇرغان بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆزى گۈلشەندە ئىدى. گۈلشەن جوزىلارنىڭ ھەممىنى سۈرتۈپ، پولنى تازىلاشقا باشلىغاندا ياسىن توسۇپ قويدى:

—— بولدى، قالغىنىنى ئەتە قىلىڭ.

—— ئەتە ماڭا خوشياقمايدۇ، ئىشنى چالا قىلغۇم يوق.

ياسىن بۇنىڭغا ھېچنېمە دېيەلمىدى، ئىشنى تېز قىلىدىغان بۇ قىز ئاشخانىنى بىر دەمدە سۈپۈرۈپ، پولنى سۈرتۈشكە باشلىدى، ھەر بىر ئېڭىشكەندە چېچىنى كەينىگە تاشلاپ قوياتتى، ھاراق تەسىر قىلىۋاتامدۇ، يا ئەسلىدىن شۇنداق قاراپ كۆنۈپ كەتتىمۇ ئەيتاۋۇر ياسىن ئۇنىڭ ساغرىسىغا، قىسقا كوپتىسى بىلەن ئىشتىنىنىڭ ئارىسىدىكى ئېچىلىپ قالغان بېلىگە ئوغرىلىقچە قاراپ قوياتتى. گۈلشەن ئاخىر ئىشنى تۈگەتتى، بېلىنى ئۇستۇن قىلىپ كوپتىسىنى تۈزەشتۈردى، ياسىننىڭ كىرىپ كەتمەي ئولتۇرغانلىقىنى، كۆزىنىڭ بۆلەكچە خۇمارلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئويلىمىغان بىر كۆڭۈللۈك مەنزىرىنى كۆرگەندەك زوقلاندى.

—— بەك كەچ قالدىڭىز، ئاپتوبۇس توختاپ كەتتىمىكىن بۇ چاغقا... —— دېدى ياسىن گۈلشەننىڭ مېڭىشقا تەمشەلگەنلىكىنى كۆرۈپ،—— تاكسىدا ئاپىرىپ قوياي بولمىسا، يالغۇز قورقىسىز، مەنمۇ ئەنسىرەپ قالىمەن.

گۈلشەن دەل مۇشۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغاندەك شادلاندى، ناز قىلدى:

—— سىزنى بۇ كېچىدە ئاۋارە قىلارمەنمۇ...

—— نېمە دەيدىغانسىز، سىزمۇ بىز ئۇچۇن جاپا چېكىۋاتىسىز ئەمەسمۇ...

—— مەيلى ئەمسە.

ياسىن گۈلشەننى ئەگەشتۈرۈپ يولغا چىقتى، تاكسىدىن بىرنى توسۇپ ماڭدى، ياسىن ئالدىدا ئولتۇرۇپ بېشىنى

يۆلەنچۈككە تاشلىدى، كەيپلىكتىن بوشاپ كېتىۋاتاتتى، ئەمما كەينىدە گۈلشەن بولغاچقا كاللىسى شۇنچىلىك سەگەك ئىدى. بىر چاغدا گۈلشەن «كەلدۇق» دېدى. ياسىن ماشىنىدىن چۈشمىسىمۇ بولاتتى، چۈشتى. گۈلشەن ئۆزى كىرىپ كېتىۋەرسىمۇ بولاتتى، ئۇنداق قىلمىدى. شوپۇر كەتتى، ئىككىسى بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قالدى.

ـــ ياتقىڭىز نەدە؟

ـــ رېستۇراننىڭ يېنىدىكى تار كوچىدىن ئازراق ماڭساقلا بارىمىز.

ـــ جۇرۇڭ، ئاپىرىپ قوياي...

ـــ بولدى، سىزنى ئاۋارە قىلماي...

ـــ ھېچقىسى يوق، مەن مۇشۇنداق يول مېڭىشقا ئامراق.

گۈلشەن ئۇنى بىر تار كوچىغا باشلاپ ماڭدى.

ـــ نېمانچە قاراڭغۇ بۇ يەر!ـــ دېدى ياسىن گۈلشەنگە يېقىن مېڭىپ،ـــ مۇشۇنداق يەردە ھېلىمۇ قورقماي ماڭىدىكەنسىز...

ـــ تاڭەي، مەن بۇ يەردىن قورقمايدىكەنمەن.

گۈلشەن شۇنداق دەۋاتقاندا ئالدىغا شىپىرلاپ بىر نەرسە كەلدى-دە، قورقۇپ ياسىنغا ئېسىلدى:

ـــ ئاپەي، نېمە ئۇ!

ياسىن شۇنى زارىقىپ كۈتۈپ تۇرغاندەك گۈلشەننى قوينىغا تارتتى:

ـــ ھازىر قورقمايمەن دەۋاتاتتىڭىزغۇ...

گۈلشەن بىر دەمدە ياسىننىڭ قۇچىقىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىختىيارسىز ياكى قەستەن شۇنداق قىلغانلىقىنى بىلمەي قالدى. ياسىن ئۇنى قويۇپ بەرمەي چىڭ قۇچاقلىۋالدى:

ـــ يەنە كېلىۋاتىدۇ ئۇ نېمە... قارىماڭ.

ـــ نېمىكەن، كۆردىڭىزمۇ؟

ـــ خەق تاشلىۋەتكەن پىستە كۈچۈكتەك قىلىدۇ.

ـــ كەتتىمۇ؟

—— ياق، كۆزنى پارقىرىتىپ تۇرىدۇ...

گۈلشەن قورقاندەك بولۇپ، ياسىنغا تېخىمۇ چىڭ ئېسىلدى.

ياسىننىڭ ۋۇجۇدىغا ھەۋەس ئوتى تۇتۇشۇپ كەتتى.

گۈلشەن ئەندىكىش ۋە ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى، ياسىننىڭ ساقال باسقان يۈزىگە تىكىلىپ قارىدى: خوتۇننى ئۆنتۈپ كەتكەن ئەر، ئاغزىدىن ھاراق، تاماكىنىڭ پۇرىقى گۈپۈلدەپ كېلىۋاتقان ئەر ئۆزىنىڭغا ئاچكۆزلۈك بىلەن تەلمۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ ياسىنغا قىزىقىپ قالغاندىن بېرى مۇشۇنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن، بۇ ئەرنىڭ قانچىلىك كارامىتى بارلىقنى كۆرۈپ باققۇسى كەلگەن، ئاشۇ چىرايلىق خوتۇننى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆزىنىڭدىنمۇ جەلپكار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغۇسى كەلگەن. مانا بۇنىڭ ھەممىسى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە رېئاللىققا ئايلاندى. ياسىن ئۇنى قامالالاپ سۆيدى، ئەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇنى چىن كۆڭلىدىن ئېتىراپ قىلىدۇ: پۇرسەت دېگەن چىرايلىق قىزغا ئوخشايدۇ، ئۇنى ۋاقتىدا قولغا كەلتۈرمىسەڭ، ئاسان قولدىن بېرىپ قويىسەن.

ئەمما ياسىننىڭ سۆيۈشلىرى غەلىتە ئىدى، قولى جىم تۇرمايتتى. ئاغزىدىن كېلىۋاتقان ھاراق، تاماكىنىڭ پۇرىقى ئاندىن سېسىق ئىدى. گۈلشەن تولىمۇ بىئارام بولدى، « ياسىن لاۋبەن ھازىر ساق ئەمەس، كەيپىلىكتە ھەر قانداق ئەرنىڭ قىز-چوكانلارغا ئېسىلغۇسى كېلىدۇ، بۇنىڭ تەسىرلىنىپ كەتكۈدەك نېمىسى بار؟ بۇنداقمۇ سۆيۈش بولامدۇ؟ بۇ سۆيۈشمۇ ياكى ئەخمەق ئېتىشمۇ؟» دەپ ئويلاپ يۈزىنى ئەپقاچتى، ئاندىن ياسىننىڭ قوينىدىن توشقاندەك سوغۇرۇلۇپ چىقتى.

قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك ئىش بولدى، ياسىن بۇنىڭدىن ھوشنى تاپالماي، جۆيلۈپ سالدى:

—— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ...

—— خاپا بولماڭ ياسىنكا، مەن كىرىپ كېتەي.

—— مېنى ئوتقا تاشلاپ قويۇپ كېتەمسىز؟...

—— كۆڭلۈڭىزنى چۈشىنىمەن، لېكىن سىز ھازىر قىزىپ قالدىڭىز.

—— مېنى مەست دەپ قالماڭ، كاللام شۇنداق ئوچۇق...

ـــــ ئەمىسە دەپ بېقىڭا، مېنى نېمىشقا سۆيىسىز؟

ياسىن نېمە دېيىشنى دەرھال بىلەلمىدى، «سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېسە خوتۇننى قانداق قىلىدۇ؟ ياخشى كۆرۈشنىڭ ھەممىسنى خوتۇنىغا بېغىشلىۋەتكەن تۇرسا بۇ گەپ ئېغىزىدىن شۇنداق ئاسان چىقامدۇ؟ ئەمما ھازىر ئۇ بۇنىڭغا بىر نېمە دېمىسە بايا سۆيگەنلىرىنىڭ ھېسابىنى بېرەلمەي قالىدۇ، بەلكىم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ گۈلشەننى خالىغانچە سۆيەلمەيدۇ، ئۇنىڭ قەلبى ۋە جەزبدار تېنىگە ئىچكىرىلەپ كىرەلمەيدۇ.

ـــــ سىزگە... كۆڭلۈم چۈشۈپ قاپتۇ.

- مۇشۇنداقمۇ گەپ بولامدۇ ياسىنكا، باشقىسىغا ۋاكالىتەن گەپ قىلىۋاتامسىز نېمە؟

ـــــ مەن بۇنداق گەپكە ئانچە ئۇستا ئەمەس...

ـــــ ئوغۇل بالىدەك گەنجىك گەپ قىلالامسىز؟

ياسىن بۇ گەپتىن شاشلىشىپ، قەتئىي ئىپادە بىلدۈردى:

ـــــ سىزگە رەسمى كۆڭلۈم بار.

ـــــ مەستىنىڭ گېپى گەپ ئەمەس، ئەتە يەنە بىر قېتىم دەيسىز.

ـــــ دېسەم دېدىم، نېمە قورقۇش...

ـــــ ئايالىڭىزدىن قورقمامسىز؟

ياسىن ئېسەنكىرەپ تۇرۇپ قالدى، رەيھان، ئاشۇ چىرايلىق رەيھان، ئانىسىنى بېقىۋاتقان ۋاپادار رەيھان، بالىسنى بېقىۋاتقان مېھرىبان رەيھان، ئەتە-ئۆگۈن مۇسىبەتلىك بولۇپ زار-زار يىغلايدىغان رەيھان... كۆز ئالدىغا كەلدى. ئەمما ئەرلىك غۇرۇرى، خوتۇنىدىن قورقمايدىغانلىق ئىشەنچى قىستاپ كەلدى، ھېچ بولمىسا ھازىر، مۇشۇ پەيتتە بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالمىسا بولمايتتى.

ـــــ خوتۇندىن قورقمايمەن، ئەمما ئۇنى ھۆرمەتلەيمەن،ـــــ دېدى ئۇ چوڭقۇر تىنىپ، ـــــ نېمىلا دېگەن بىلەن بالامنىڭ ئانىسى...

ـــــ راست گەپ قىلدىڭىز، ئانىلارنى ھۆرمەتلەش كېرەك.

ـــــ سىز چېقىشىۋاتامسىز يا راست دەۋاتامسىز...

ـــــ راست دەۋاتىمەن، چۈنكى مەنمۇ خوتۇن كىشى.

ـــــ ئەجەپ ئوماق گەپ قىلىدىكەنسىز...ــــ دېدى ياسىن كۈلۈپ.

ـــــ ئوماقلىقىمنى بىلمىگەنمىدىڭىز؟

ـــــ بىلگەن، بىلمەي قالامدىم، شۇنىڭغا ئىچىم كۆيىدۇ ئەمەسمۇ...ــــ دېدى ياسىن ئۇنى يەنە قۇچاقلاپ. گۈلشەن بۇ گەپكە ئىشەندى، قاچىمىدى، ياسىننىڭ يۈرىكىنىڭ چىن ئىشقى-مۇھەببەت ياكى يالغان ھېسسىياتتا سوقۇۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك، ئۇنىڭ مەيدىسىگە يۈزىنى ياقتى.

ـــــ ماڭا قاچاندىن بېرى كۆڭلۈڭىز چۈشۈپ قالغان؟ــــ دېدى گۈلشەن بېشىنى كۆتۈرۈپ ياسىنغا قاراپ.

ـــــ سىز بۇ ئاشخانىغا كەلگەندىن بېرى...

ـــــ راست گەپ قىلىڭە، تانسا ئويىنىغاندىلا ماڭا باشقىچە قاراپ كەتكەنتىڭىز...

ـــــ بىلىپ قاپسىز-دە، يامان قىز جۇمۇ سىز.

ـــــ راست دەپتىمەنمۇ، مەن بىر كىمنىڭ كۆزىگە قاراپلا نېمە ئويلايدىغانلىقىنى ئاسان بىلىۋالىمەن.

ـــــ سىزنى كىچىك زېرەك دېسەم بولغۇدەك ئەمەسە...

گۈلشەن كۈلۈپ كەتتى:

ـــــ گېپىڭىز ئەجەپ قاملاشتى، مەنمۇ سىزنى دىلبەر ئاچامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە بىر قاراپلا ياخشى كۆرۈپ قالغان. مېنى تانسىغا تارتىسكەن دەپ قاراپ ئولتۇرسام تارتمىدىڭىز، بىر تۇرۇپ سىزنى ھاكاۋۇرمىكىن دېدىم، بىر تۇرۇپ گومۇشمىكىن دېدىم. لېكىن سىز بىلەن تانسا ئويىنىغاندا ئۇنداق ئەمەسلىكىڭىزنى بىلدىم.

ـــــ كېيىن مېنى نېمە دەپ قالدىڭىز؟

ـــــ ئەركەكلىكى باركەن، شوخكەن، مىجەزى ئېسىلكەن دېدىم شۇ...

ياسىن بۇ ماختاشلاردىن يايراپ، گۈلشەننى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدى، سۆيۈشكە ئىنتىلدى.

ـــــ خوش بولاي ياسىنكا، ھازىرچە سۆيمەڭ،ــــ دېدى گۈلشەن ناز بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ.

ـــــ نېمە بولدى؟... مېنى سۆيۈشنى ئۇقمايدىغان توم تۇۋاق كۆرۈۋاتامسىز يا؟

ـــــ ياق، ئۇنداق ئەمەس، سۆيسىڭىز ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماي قالىدىكەنمەن.

ياسىننىڭ ھەۋەس ئوتى تېخىمۇ ئۇلغايدى، يوشۇرۇن ئېڭىدىكى ھاياسىزلىق ئىستەكلىرى جۇش ئۇرۇپ قايندى، مەن بىر ئەركەك، مۇشۇنداق قىلىشىم كېرەك دەپ ئويلىدى، ھەرگىز ئۆزىنى توختىتىپ «ھەزەر ئەيلە ياسىن، خوتۇنىڭغا خىيانەت قىلما، ھاۋايى ھەۋەس ئوتى سېنى دوزاخ ئوتىغا باشلاپ بارىدۇ... دوزاختا ئىشەنمىسەڭ كاپىر بولىسەن» دەپ ئويلىمىدى. ھاراق بارچە ھاياسىزلىق، ساراڭلىقنىڭ باشلىنىشى دېگەنىدىمۇ، ئۇ ئىشتانغا چىقىرىۋەتسە تۈيمىغۇدەك مەست ئەمەس ئىدى، ھاراقتىن ئۆتە گۈلشەن مەست قىلدى، شەھۋەت مەست قىلدى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۆرۈنمەس بىر يەردە، تىرناق ئاستىدا، مەينەت چاچ ۋە ئەۋرەت تۈكلىرى ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن شەيتاندەك قىتىغۇر جىنسي ھەۋەس مەست قىلدى؛ شۇ ھەۋەس، شۇ نەپسانىيەت ئۇنىڭ تايىنى يوق ئىماننى بىر دەمدە يوقىتىپ، قەلبىنى بىر پارچە سېسىق گۆشكە ئايلاندۇرۇۋەتتى. ھاياسىزدا ئىمان بولامدۇ؟

ـــــ ئەمسە... بىزنىڭ ئۆيگە كېتىلى،ـــ دېدى ياسىن ئۇنى قويۇپ بەرمەي.

ـــــ ۋۆي ياسىنكا... بۇ قانداق بولىدۇ؟ـــ ـــ دېدى گۈلشەن تىترەپ.

ـــــ ھېچقانداق بولمايدۇ.

ـــــ ئايالىڭىز نېمە دەپ قالىدۇ؟

ـــــ نېمە دېسە دېمەمدۇ...

ـــــ لېكىن مەن نېمىشقا سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە بارىمەن، مەن سىزنىڭ نېمىڭىز؟

ـــــ مېنىڭ كۆيگىنىم، سۆيگىنىم...

ـــــ لېكىن مەن قورقۇۋاتىمەن...

ـــــ نېمىدىن قورقىسىز، ئۆزىڭىزنى ئەركىن قويۇۋېتىڭ.

ـــــ ئايالىڭىز ئىشىمىزنى ھامان ئۇقۇپ قالىدۇ.

ـــــ ۋاي، ئۇ چوڭ مەسىلە ئەمەس، خاتىرجەم بولۇڭ.

ـــــ لېكىن مەن سىزدىن ئەنسىرەيمەن...

ـــــ نېمىدىن ئەنسىرەيسىز، مېنى خوتۇنىدىن قورقىدۇ دەمسىز؟

ـــــ خوتۇنىڭىز كەلسە ماڭا قارىماي قويىسىڭىزچۇ؟

ـــــ ئۇنداق بولمايدۇ، سىزگە خوتۇنۇمدىنمۇ ئامراق ئىكەنلىكىمنى كۆرستىپ قويىمەن.

ـــــ مۇشۇ گېپىڭىزگە ئىشەنسەم بولامدۇ؟

ـــــ مېنى مەست دەپ قالماڭ، مەن راست دەۋاتىمەن.

ـــــ لېكىن ياسىنكا، مەن ئەرلەرنىڭ ۋاپاسىزلىقى ھەققىدە بەك جىق ئاڭلاپ كەتتىم دەڭا، باشتا ۋاي كۆيدۈم پىشتىم دەپ كەلتۈرۈۋالىدىكەن، ئېرىشىۋالغاندىن كېيىن قارىمايدىكەن. مۇشۇنداقلارنىڭ يۈزى ئېشەكتىنمۇ قېلىن بولامدىكىن دەيمەن. سىزنى ئۇنداق قىلىدۇ دېمەكچى ئەمەسمەن، لېكىن راستىنى دېسەم، سىزنى تېخى ئانچە چۈشەنمەيمەن...

گۆلشەن « ئەر خەق ئاسان ئېرىشكەن نەرسىنىڭ قەدرىنى قىلمايدۇ» دەپ ئويلىغاچقا، گەپنى ئەپقېچىپ تۇتۇق بەرمەيۋاتاتتى. خوتۇنى رەيھانغا تەستە ئېرىشكەن ياسىن بولسا بۇرۇنقى مۇشەققەتلىرىنى ئۇنتۇپ، گۆلشەنگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىت، ئېشەك بولۇشتىنمۇ يانمايۋاتاتتى.

ـــــ ماڭا ئىشىنىڭ، مەن سىزگە ئۇنداق خۇمسىلىق قىلمايمەن...ـــــ دەيتتى ئۇ گۆلشەننىڭ بىلىنى چىڭ قوروۋپ.

گۆلشەن ئارتۇق ئويلىمىدى، بەلكى «ئەر خەق دېگەن پىڭسىغا ئامراق ، مەن ئۇنىڭ خوتۇنىدىن ياش، چىرايلىق، ئوماق...» دەپ ئۆزىگە ئىشەندى. ياسىننىڭ قۇچىقىدا تۈرۈپۈرپ بەدىنى شامەدەك ئېرىشكە باشلىدى، بۇگۈن بولسۇن، ئەتە بولسۇن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشنىڭ ئەمدى مۇقەررەرلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ھاياجانغا چۆمدى.

ـــــ ماقۇل دەڭ، مەن بىلەن كېتىڭ...ـــــ دېدى ياسىن ئۇنىڭ كۆزىگە تەشنالىق بىلەن تىكىلىپ.

گۆلشەننىڭ ئالدىدىكى بۇ ئادەم ياسىن ئاكىسىمۇ ئەمەس، لاۋبەنمۇ ئەمەس، بەلكى «ئىشق-مۇھەببەت»كە تولغان چەبدەس، قاۋۇل يىگىت ئىدى.

ـــــ مەيلى...ـــــ دېدى گۆلشەن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ.

ياسىن ئۇنى مىجىۋەتكۈدەك چىڭ قۇچاقلىدى، يۈرىكى ھاياجاندىن ئاغرىدى. تۈنۈگۈن ئاخشام ھاشىم دوغىلاقمۇ لاۋبەن سەتەڭنى ماقۇل كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭغاندا مۇشۇنداق ھاياجانلىنىپ، خۇدىنى يوقاتقانىدى. ئۇزاقتىن بۇيان قىيناپ كەلگەن پەس ئارزۇ-ھەۋەسلىرى ئاجايىپ بىر پۇرسەتتە قېنىش ئىمكانىيىتىگە

ئېرىشكەندە ئادەمزاتى مۇشۇنداق پەسلىشىپ، رەزىللىشىپ كېتەمدىغاندۇ؟ بۇ دېگەن ئىنسان تەبىئىتى دەپ ئۆزىنى ئاقلايدىغانلار ھايۋان بىلەن ئىنساننىڭ پەرقى نېمە دېگەن سوئالغا قانداق جاۋاب بېرىدىغاندۇ؟

ياسىن گۈلشەننى ھۇجرىسىغا ـــــ ئايالى بىلەن تالاي شېرىن كېچىلەرنى ئۆتكۈزگەن قەدىناس ئارامگاھىغا ئېلىپ كىردى. ياسىن كىرىپلا ئوغلى ياتقان گىلەمگە دەسسەپ بېرىپ، كارىۋات بېشىدىكى رامكىلىق سۈرەتنى تارتىۋەتتى. ئائىلە بويىچە چۈشكەن، بەختلىك مىنۇتلارنىڭ شاھىدى بولغان ئەتىۋارلىق سۈرەت قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدى. ئامېرىكىنىڭ كىنولىرىدا چىقىدىغۇ، سۆيۈشۈپ، يالىشىپ بولالماي كەتكەن بىر جۈپ ئەر، ئايال بىر ئۆيگە كىرىپلا كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، كارىۋاتتا يومىلاقلىشىپ كېتىدۇ. ياسىن چەت ئەللىك بولمىسىمۇ، بەربىر شۇلاردەك قېنى قىززىق ئەر ئىدى؛ گۈلشەن ھەۋەسى كۆچلۈك پەرەڭ قىزلاردىن بولمىسىمۇ ئەمما كىنولاردا تولا كۆرگەن شۇ سەتەڭلەرگە ھەۋەس قىلاتتى، شۇلاردەك رومانتىك، ھەتتا ۋەھشى بولغۇسى كېلەتتى. بۇ ئەسنادا ياسىن بارلىق سالاھىيىتىنى ئۇنتۇپ قىپيالىڭاچ ئادەملىكى، ھايۋان تەبىئىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى، گۈلشەنمۇ گويا نەچچە ۋاقتتىن بېرى زارىقىپ كۈتكەن، كۆڭلىدە ئويلىسىمۇ ئېغىزىدىن چىقىرالمىغان شۇ مىنۇتلارغا يەتكەندەك ئۆزىنى بىردىنلا قويۇۋەتتى. ياسىن ئاكىسىنىڭ ھۇجرىسىنى ھەر قېتىم تازىلىغاندا ئۇ مۇشۇ ھالەتنى نەچچە رەت تەسەۋۋۇر قىلغانىدى، دەل شۇنىڭدەك بولدى. ئويلاۋېرىپ، ئويلاۋېرىپ ئاخىر كۈتۈلمىگەندە راستىنلا شۇنداق بولغاندا ئۆزىنى يوقاتتى.

قىتىغۇرلىشىپ، ئەسەبىيلىشىپ، ھەممە نېمىسى يالىڭاچلىنىپ پەقەت جىنسىي ئىستىكىلا قالغان ئىككى تەن ھەۋەس قاينىمىدا قوشۇلۇپ كەتتى...

شۇ چاغدا ياسىنغا تېلېفون كەلدى، بىمەھەل ۋاقىتتا كەلگەن بۇ تېلېفون ئۇنىڭ ئەرۋاھىنى ئۈچۈردى، قولىنى سوزۇپلا تېلېفوننى ئېلىپ نومۇرغا قاراپ غاچچىدە بېسىۋەتتى.

ـــــ كىمدىن كەپتۇ؟ ـــــ دېدى گۈلشەن جىم ياتماي.

ـــــ بولدى سورىماڭ.

ـــــ دەپ بېرىڭە ئۇنداق قىلماي...

گۈلشەننىڭ نازىدىن، شوخلۇقىدىن ئېرىپ كەتكەن ياسىن ئۇنى دەۋەتتى:

ـــــ خوتۇن ئۇرۇپتۇ...

ـــــ نېمشقا بېسۋېتىسىز.

ـــــ ئېتىۋەتمىسەم يەنە ئۇرىدۇ.

ـــــ خوتۇنىڭىزدىن شۇنداق قورقامسىز؟

ـــــ يەنە شۇ گەپما، ئۇنىڭدىن قورقسام سىزنى بۇ يەرگە ئەكىرىپ ياتامدىمەن...

ـــــ خوتۇنىڭىزنىڭ كۆڭلى تۇيغان گەپ، بولمىسا بۇنداق چاغدا تېلېفون ئۇرمايتتى..

ـــــ شۇنى دەڭە، ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇپ.

ـــــ تېلېفوننى ئېلىۋەرسىڭىز بولمامدۇ...

ـــــ بۇنداق چاغدا قانداق گەپ قىلغىلى بولىدۇ؟ـــــ دېدى ياسىن سۇسلاپ كېتىۋاتقان ھېسسىياتىدىن ئەنسىرەپ، ئۇ بۇ گەپنىڭ تېزرەك تۈگىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

ـــــ مېنىڭ بەك ئاڭلىغۇم بار ئىدى..

ـــــ مۇشۇنداق چاغدىما؟ نېمىنى ئاڭلايتتىڭىز ـــــ دېدى ياسىن جىلە بولۇپ،ـــــ بولدى قىلىڭ، بۇ گەپنى باشقا چاغدا قىلىشايلى...

گۈلشەن جىم بولۇپ، ئۆزىنى ياسىننىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى، كىچىچە ئۇنىڭ ھەۋەس ئوتىنى ياندۇرۇپ چىقتى.

## 10

ياسىن ئەتىگەندە ئويغىنىپ قۇچىقىدا بىخارامان ئۇخلاۋاتقان گۈلشەنگە قاراپ كېچىدىكى ئىشلىرىنى ئويلىدى، يۈز بەرگەن گۇناھلارنى ھاراقىلا ئارتىپ قويالمايتتى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ قىلدى. ئۆلگۈدەك ئىنتىلگەن بۇ قىزغىمۇ ئېرىشتى، قىز چىقتىمۇ؟ كۆلىغا ساق قىز چىقاتتىمۇ؟ قانچىلىك لەززەت سۈردى؟ خوتۇنىدىن ئالالمىغان لەززەتنى ئالالىدىمۇ؟ بىلمەيتتى، بۇ قىزدىن ئالغان ھۇزۇرنى ئەسلەپ تىلنى تامشىپ بولغىچە بېشىغا كېلىدىغان دىشۋارچىلىقلار، كۆڭۈلسىزلىكلەر يادىغا يەتتى، ئەقلىگە ئەمدى كەلدى، پۇشايمان قىلدى، مەقسەتكە يېتىۋالغىنىدىن، نەپسىنى قاندۇرۇۋالغىنىدىن كۆرەڭلىسە بولاتتى، لېكىن ئىچى سىقىلدى. كۆڭلىنى خوش قىلىش ئۈچۈن يوتقاننى ئېچىۋېتىپ گۈلشەننىڭ يالىڭاچ بەدىنىنى بىر دەم تاماشا قىلدى، ئوخشىمىغان بەدەن بولغاچقىمۇ كۆزىگە باشقىچە

جەزىبىلىك كۆرۈندى، ئەمما بۇمۇ ۋاقىتلىق ئىدى، بۇ ئېزىتقۇ بەدەندىكى ھەممە گۈزەللىك ئەتە-ئۆگۈن مودىدىن قالىدىغان كىيىمدەك كونىرايتتى.

ياسىن كارىۋات بېشىدىكى رەسىمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئاخشام ئۇنى تىقىۋەتكەنلىكىنى يادىغا ئالدى، بۇ رەسىم بولمىسا ئۆيدە بىر نەرسە كەمدەكلا كۆرۈنەتتى. بۇ ئۆي ئەسلىدە خوتۇنىنىڭ خۇش تەبەسسۇمى، ئوغلىنىڭ ئوماق كۈلكىسى بىلەن گۈزەل ئىدى. ھازىر بولسا بۇلۇڭ-پۇشقاقنىڭ ھەممىسىنى خۇنۇك مەنزىرە، دىمىق كەيپىيات بېسىپ كەتكەنىدى. ياسىن ياستۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشكە باشلىدى، ئىسنى ئاچچىق-ئاچچىق شورايتتى، ھالقىسمان ئىسلار گۈلشەننىڭ بۇرنىدىن كىرىپ قۇلىقىدىن چىقىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئۇ ئېزىلىپ، ھېچنېمىنى تۇيماي ياتاتتى. ياسىن ئەمدى ئوتى تۆگەن بۇ «قىز»نىڭ ئىشقىدا داۋاملىق كۆيۈشكە مەجبۇر؛ ئىشق، شەھۋەت ئوچىقىغا داۋاملىق ئوت قالاپ، ئۆچۈپ قالاي دېسە ئۇلغايتىپ، كۆزىگە ئىس كىرىپ كەتسىمۇ چىداپ پۈۋدەپ تۇرمىسا بولمايدۇ. خوتۇنى «نېمە بولدىڭىز، كۆزىڭىز ياش يۇقىغۇ؟» دېسە، « سىزگە قىلغان ۋاپاسىزلىقىم ئۈچۈن ياش تۆكتۈم» دېيىشى مۇمكىن. ھەي خام قاپاق بەڭگى، سېنىڭ قىسمىتىڭ بۇنداق بىچارە بولماسلىقى كېرەك ئىدىغۇ...

ھەۋەسنى قاندۇرۇپ، ئويۇننى ئويناپ بولغان ياسىن ئېسىگە كەلگەندە ئۆزىنى تونۇيالماي قالدى، ئۇ ھازىر خۇددى مەكتەپتىن كەچ قېلىپ ئانىسىنىڭ « ھۇي ئويۇنقېپى تاز» دەپ تىللىشىدىن قورققان بالىدەك ئەندىشە ئىچىدە ئىدى.

خوتۇنى ئۇنىڭ ئانىسىمىدى؟ ياق، ئەمما ئانىسىدەك قەدىرلىك ئىدى.

«خوتۇن، ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن...» دەيتتى، ئۇنى يادىغا ئالسا كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يادىغا كەلتۈرمەي قۇتۇلالمايتتى:

رەيھان، سەھەردە تاپتازا گۈلدەك ئېچىلىپ، جايىنامازدا تاڭ نۇرى بىلەن تەڭ ئاقىرىپ، دىلى قارىداپ كەتكەن ئېرى ئۈچۈن ئىنساپ تىلەيدىغان، ھەممە نېمىسىنى قۇربان قىلىدىغان سۆيۈملۈك رەيھان. نىكاھ بىلەن تەڭ ئېرىگە تۈزدەك تەم كىرگۈزگەن، ئېرىنىڭ ئىشتىھاسىغا ئوخشىغان تائامدەك سىڭىپ كەتكەن قەدىرلىك رەيھان. مانا شۇ تاپتا ئېرى ئۈچۈن سەكپارە بولۇپ كېچىدىن ئۇخلىيالماي چىققان دەردمەن رەيھان...

كېچىدىن ئۇ نېمە دەپ تېلېفون قىلغان بولغىيدى؟ ئانىسى تۆگەپ كەتكەنمىدۇ؟

ياسىن بۇ ئەنسىز خىيالدىن ئۈجۈقۈپلا كەتتى، تېلېفوننى ئېلىپ رەيھانغا تېلېفون قىلاي دېدى، ئەمما گۈلشەننىڭ يېنىدا گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، بۇ شەپشەك قىز « ئەتىگەندە خوتۇنىڭىزدىن قورقۇپ ئاخشامقى ئىشىڭىزنى دوكلات قىلاي دەمسىز نېمە» دەپ قالسا، غۇرۇرى تۆكۈلەتتى.

ياسىن ئۈنى ئويغاتتى:

ــــ قوپۇڭ، ۋاق بولۇپ كەتتى...

گۈلشەن ئىڭرىغىنىچە ئەركىلەپ ياسىننىڭ بوينىغا ئېسىلدى:

ــــ بىر دەم ياتقىلى قويۇڭچۇ قويىنىڭىزدا...

ــــ بىز كېچىدىن نېمە ئىش قىلدۇقوي؟ مەن سىزگە نېمە قىلىپ قويدۇم؟ــــ دېدى ياسىن چۆچىگەن هالدا.

ــــ نېمە دەۋاتىسىز؟ كېچىدىن نېمە ئىش قىلغىنىڭىز ئېسىڭىزدە يوقما؟ــ دېدى گۈلشەن جىددىيلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ.

ــــ ياق، ــــ دېدى ياسىن ئەستايىدىل قىياپەتتە،ــــ مەستلىكتە سىزگە ئېسىلىپ چاتاق ساپتىمەن-دە... ئەستا ما ئىشنى، خوتۇن كەلسە نېمىمۇ دەرمەن؟

گۈلشەننىڭ چىرايى بىر دەمدە ئۆڭۈپ، ياسىنغا ئەلەم بىلەن تىكىلدى:

ــــ ئاخشام قىلغان گەپلىرىڭىز پۈتۈنلەي يالغانما؟

ــــ مەن نېمە دېدىم؟

ــــ ماڭا ئېسىلىپ سۆيىمەن، كۆيىمەن...جېنىم دەپ كەتمىدىڭىزمۇ؟

ــــ مەن شۇنداق دېدىمما؟

ــــ مەن مەست دەپ تېنىۋالماقچىمىدىڭىز؟ سىز ئاخشام مەست ئەمەس، ماڭا تولا يالغان سۆزلىمەڭ.

ــــ هە، ئەمدىغۇ ئۇيقۇڭىز ئېچىلغاندۇ...ــــ دېدى ياسىن ئۈنى ئاستىغا بېسىپ.

گۈلشەن بىر دەمدىلا ئەكسىگە يېنىپ ۋىلىلدە ئېچىلدى:

ــــ ۋۇي ئەسكى، ئادەمگە شۇنداقمۇ سەت چاقچاق قىلامسىز؟ قورقۇپ جېنىم چىققىلى تاس قالدى.

ــــ مېنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەمسەن؟

—— سەنلەپ كەتكىنىنى كۆرەي... مەيلى، سەن دەڭ، سىز دېسىڭىز مىجەزىڭىزگە ياراشمايدىكەن.

—— لېكىن مېنى چوقۇم سىز دېيىشىڭ كېرەك، مەن سەندىن ئاكاڭدەك چوڭ.

—— مەيلى، نېمە دېسىڭىز ماقۇل دەيمەن.

—— نېمە قىل دېسەم قىلامسەن؟

—— قىلىمەن، —— دېدى گۈلشەن ئۈنىگغا تېخمۇ چاپلىشىپ.

—— كەل دېسەم كېلىپ، كەت دېسەم كېتەمسەن؟

—— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، مېنى ئىتقا ئوخشاتتىڭىزغۇ ئەتىگەندە...

—— ھەي، سەن ئۆزەڭنى نېمانداق ئەسكى نېمىگە ئوخشىتىسەن؟ ئەقىللىق قىز دېگەن ئۈنداق بولمايدۇ.

—— ماقۇل، سىزلا خوش بولسىڭىز ھەممىنى قىلىشقا رازىمەن.

—— قانداق يات دېسەم شۇنداق يېتىپ بېرەمسەن؟

—— ئەسكى...—— دېدى گۈلشەن ئۈنىڭ دۈمبىسىنى مۇشلاپ.

كۆڭۈل دېگەن سوپۇندەك غىلتاڭ، مازغاپ كۆپۈكلىرىدەك رەڭدار، ئەمما بىر دەمدە يوقايدىغان نېممىدۇ؟ ياسن ئەسەبىيلىككە تۇتۇلۇپ، گۈلشەنگە كىرىشىپ قالغانچە يىراقتىكى خوتۇنىنى يەنە ئۇنتۇپ كەتتى.

—— ئاخشام ياتاقتا قايتمىدىڭ، باشقا قىزلار بىر نېمە دەپ يۈرمەس؟

—— نېمە دەيتتى، ئاپىلىرىم بولمىسا ئۇلار. بۇ يەردە كىم بىلەن كىمنىڭ كارى. ئۇلارمۇ كېچىدە يوقاپ كېتىپ ئەتىسى پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بەزىلىرى ۋاڭبادا تۈنەيدۇ.

—— سەنمۇ ۋاڭباغا كىرەمسەن؟

—— بەزىدە كىرىپ قويىمەن، كېچىلەپ ئولتۇرۇپ قالىمەن.

—— كىرىپ نېمە ئىش قىلىسەن؟

—— ئويۇن ئوينايمەن، پاراڭلىشىمەن، كىنو كۆرىمەن.

—— سېرىق كىنو كۆرمەيدىغانسەن-ھە...

—— ۋاي توۋا دەڭا، ۋاڭبادا قانداق كۆرگىلى بولىدۇ؟

—— ئايرىم بولساڭ كۆرەمتىڭ؟

—— راستىنى دېسەم كۆرۈپ باققۇم بار.

—— قانچىگىچە ئوقۇغان سەن؟

—— تولۇقسىزنى تۈگەتكەن.

—— تولۇقسىزنى تۈگىتىپلا كۈلىغا قېچىپ كەلگەنما؟

—— قېچىپ كەلگىلى بېشىم ئونمىدى، ئىچكىرىگە بېرىپ ئىشلەيسلەر دەپ ئەكەلدى، بىر يىل قاتتىق ئىشلەپ كۆرمىگەن كۈننى كۆردۇق، لېكىن خەنزۇچە ئۆگىنىۋالدۇق، يۇرتقا بېرىپ تۇرغۇم كەلمىدى، ئۈرۈمچىگە كەلدىم، قارىسام قىز بالا دېگەن مغلداپ كېتىپتۇ. ئاڭلىسام، ئىچكىرىگە قىزلىرىنى ئەۋەتىشنى خالىمىغانلارنىڭ ھەممىسى قىزلىرىنى ئۈرۈمچىگە يولغا سېپتۇ. بۇ يەردىمۇ تۇرغۇم كەلمىدى، ئارىلىقتا تونۇشمىزنىڭ تونۇشى، دوستىمىزنىڭ ئاغىنىلىرى چىقىپ، شۇ ئاكىلىرىمىزنىڭ چىرايلىق ۋەدىلىرى بىلەن ئاخىر مەشەگە كېلىپ ئىشلەپ قالدىم...

—— مۇنداق دېگىن، كىچىك تۇرۇپ جىق ئىش كۆرگەن دېگىنە...

—— ئەمدى ئاكا، بۇ گېپىڭىزنى قانداق چۈشەنسەم بولىدۇ؟ قىز بالىنىڭ كۈنى دەھشەت تەسلىشىپ كەتتى ھازىر، پىگورىمىزنى چىقىرىپ، كىندىكىمىزنى ئوچۇق قويۇپ مەغرۇر يۈرگەن بىلەن يۈرىكىمىز قان يىغلايدۇ...مېنى ئۇنداق قىزلارغا ئوخشىتىپ قالماڭ، كۈلىغا چىققانلارنىڭ ھەممىسى شۇنداقمىكەن؟ دەردىمىزنى ئۆزىمىز بىلىمىز، بىزمۇ مۇھەببەتكە، كۆيۈنۈشكە مۇھتاج...—— دېدى گۈلشەن كۆزىگە ياش ئېلىپ.

—— مەن سېنى بىر نېمە دېدىممۇ؟ نېمىگە يىغلايسەن —— دېدى ياسىن گۈلشەننى قۇچاقلاپ، بېشىنى سىلاپ،—— بىز كۈلىدا تۇرغان ئادەم بۇنچىلىك ئىشلارنى چۈشىنىمىز..

گۈلشەن ياسىننىڭ تۆكلۈك مەيدىسىگە يۈزىنى يېقىپ يەنە يىغلىدى، كۆڭلى بۇزۇلۇپمۇ يىغلىدى، خۇشال بولۇپمۇ يىغلىدى.

—— كىچىك بالىدەك يىغلاۋەرمەي ماڭا قارا، —— دېدى ياسىن ئۇنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ،—— مەيدەمدىن ھېچنېمە چىقمايدۇ، ئەمچەك سالاي دېسەم خوتۇن كىشى ئەمەسكەنمەن...

گۈلشەن بۇ گەپتىن تېلىقىپ كۈلدى، ياسىننىڭ مەيدىسىگە بوشقىنە مۇشتلاپ يەنە يۈزىنى ياقتى.

—— سىزنى قۇچاقلاپ مۇشۇنداق يېتىۋالسام ئەجەپ راھەت... مەن ھازىر ئۆزەمنى شۇنچىلىك بەختلىك ھېس قىلىۋاتىمەن... لەيلەۋاتىمەن، ئۇچۇۋاتىمەن، بىلەمسىز..

—— مەيدەمنى ئەمدى قونداق قىلىۋالماي، ئورنۇڭدىن قوپ. گەپكە ئۇنىمىغان خوتۇنغا مەن ئۆچ...

—— نېمە دېدىڭىز؟—— دېدى گۈلشەن بېشىنى كۆتۈرۈپ،—— مېنى خوتۇن دەۋاتامسىز؟

—— سەن خوتۇن خەق بولماي ئەر كىشىمىدىڭ؟

—— مۇشۇ گەپنى بىر سوراي دېگەن، مەن بۇنىڭدىن كېيىن سىزنىڭ نېمىڭىز؟

—— بۇنى ئېنىقلاپ قانداق قىلىسەن؟

—— ئوبدان ئاڭلاڭ، بۇ ئويىنىشىدىغان گەپ ئەمەس. مۇھەببىتىم دېسىڭىز، سىز توي قىلىپ بولغان، ئايالىڭىز بار. تېخى بالىڭىز بار. ئاشنام دېسىڭىز ماڭا بۇ بەك سەت ئاڭلىنىدۇ، مەن بۇنداق ھاقارەتنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيمەن.

—— ئەمدى سەن نېمە دېمەكچى؟ مېنى قانداق قىل دېمەكچى؟—— دېدى ياسىن چىرايىنى ئۆزگەرتمەي، مۇلايىم تەلەپپۇزدا.

—— سىز مېنى كىچىك خوتۇن قىلىڭ.

ياسىن چۆچۈپ كەتتى:

—— بۇ قانداق گەپ؟

—— ئۇقماس بولۇۋالماڭ، ھازىرقى لاۋبەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كىچىك خوتۇنى بارغۇ؟

—— مېنى غېنى شاڭجاڭدەك بولسۇن دېمەكچىما؟

—— بولسىڭىز نېمە بوپتۇ، غېنىكامدىن ياشقۇ سىز تېخى! غېنىكام ئۈچ خوتۇننى خوتۇن قىلغان يەردە، سىز قىلالمامتىڭىز؟

—— غېنىكامنىڭ خوتۇنى بىلەمدۇ؟

—— قايسى خوتۇنى، دىلبەر ئاچامما؟ بىلىدۇ، بىلمەي قالامدۇ، ئۆزى رازى بولغان تۇرسا.

—— قىززىق گەپ بولدى-دە بۇ...—— دېدى ياسىن غۇدۇڭشىپ.

ـــــ نېمىسى بولمايدۇ، دەپ بېقىڭە، مەن سىزگە ئۆزەم رازى بولۇپ دەۋاتىمەن. مەن سىزنى ئاياللىڭىزدىن ئاجرىشىپ كېتىڭ دېمىدىم، ھەم بۇنداق دېيەلمەيمەن. چۈنكى مەن بىر ئاجىز قىز، ئالدىڭىزدىكى خىزمەتكار. سىز دېگەن لاۋبەن، نەچچە خوتۇننى بېقىپ كەتكۈچىلىكىڭىز بار.

ـــــ سېنى خېلى ئەقىللىق دېسەم، يەنىلا ساددىلىقىڭ بار ئىكەن،ـــــ دېدى ياسىن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقاندەك قاراپ،ـــــ بۇ ئىشلار سەن دېگەندەك ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. مېنىڭمۇ سېنى كىچىك خوتۇن قىلىپ تازا ياشىغۇم بار. لېكىن خوتۇنۇم بۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ، سەن بۇنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟

ـــــ سىز ئەر كىشى بولغاندىكىن خوتۇنىڭىز گېپىڭىزنى ئاڭلىشى كېرەك. پۇل تاپقانلارنىڭ ھەممىسى كۆپ خوتۇن ئېلىۋاتامدۇ، غېنى شاڭجاڭمۇ چاندۇرماي نوچى ياشاۋاتامدۇ؟ سىزنىڭ ئۇنىڭدىن نەرىڭىز كەم؟

ـــــ مېنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرما،ـــــ دېدى ياسىن بۇ گەپلەردىن بېشى ئاغرىپ،ـــــ ھازىرچە مۇشۇنداق ياشىغاچ تۇرايلى، كېيىن بىر گەپ بولسۇن.

ـــــ جاھاندا قىلاي دېسە، قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق، پەقەت شۇنىڭغا يۈرەك بولسىلا...ـــــ دېدى گۈلشەن بىگىز قولىنى ياسىننىڭ كۆكرىكىگە بوش سانچىپ.

ـــــ مېنى يۈرىكى يوق دەمسەن، لېكىن يۈرىكىم بار دەپ ئەسكى ئىشنىڭ ھەممىسنى قىلغىلى بولامدۇ؟ سەن يەنىلا كىچىك-دە!

ـــــ سىز بۇنى ئەسكى ئىش دەپ قارامسىز؟ ئەمىسە ئاخشامدىن بېرى قىلغان ئىشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ئەسكى ئىش ئىكەن-دە!

ـــــ سېنىڭچە ياخشى ئىشمىدى؟ سەن توي قىلمىغاندىكىن چۈشەنمەيسەن، مەن ئاخشام خوتۇنۇمغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلدىم.

ـــــ پۇشايمان قىلىۋاتامسىز؟ ئەمىسە ماڭا كۆيۈپ قېلىشىڭىزمۇ خاتا ئىشما؟ـــــ دېدى گۈلشەن ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىۋېلىپ.

ـــــ مەن پۇشايمان قىلمەن دېدىممۇ ساڭا، لېكىن ئويلاپ باق، خوتۇنۇمغا بۇ ئىشنى قانداق چۈشەندۈرىمەن؟ قانداق خوتۇن ئېرىنى كۈنلىمەيدۇ، ئېرى نېمە ئىش قىلسا كەچۈردىغان خوتۇن نەدە بار؟ دەپ باقە، سەن مېنىڭ

خوتۇنۇم بولۇپ قالغان بولساڭ، مەن باشقا بىرسى بىلەن بىللە ياتسام، سەن توغرا چۈشىنەمسەن؟ مېنى كەچۈرەمسەن؟

ـــــ ئەگەر ياخشى كۆرگىنىڭىز بىلەن بىللە بولسىڭىز مەن نېمە دېيەلەيتتىم، ھەرگىز توسمايتتىم، سىزنى چەكلىۋالمايتتىم، پەقەت مېنى ياخشى كۆرسىڭىزلا، مېنى تاشلىۋەتمىسىڭىزلا نېمە ئىش قىلسىڭىز مەيلى دەيتتىم...

ـــــ بۇ گېپىڭگە مەن قانداق ئىشىنىمەن؟ ئۇنداق خوتۇن بار دېسە مەن ھەرگىز ئىشەنمەيمەن، سەن تويى قىلماي تۇرۇپ بۇ ئىشلارنى چۈشەنمەيسەن.

ـــــ ماڭا قاراڭ، مەن باشقا خانىم قىزلارغا ئوخشمايمەن، ئۆزەم ياخشى كۆرگەن ئادەمنى ئەركىن قويۇپ بېرىمەن، تويدىن ئاۋۋال قانداق بولسام تويدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىمەن، توي دېگەن بىر رەسمىيەت، كۆڭۈل بىرىنچى. ماڭا كۆڭلىڭىز بولسا مەن قېچىپ كەتسەممۇ قوغلاپ تۇتۇۋېلىپ مېنى خوتۇن قىلىسىز، ئەگەر ماڭا كۆڭلىڭىز بولمىسا، مەن سىزنى ھەرگىز زورلىمايمەن. مېنىڭ ئۇنداق قىلغۇم يوق، زورلىغان ئىشتا پايدا يوق. ماڭا راستىنلا كۆيۈپ قالغان بولسىڭىز مېنى خوتۇن قىلىڭ، ئاشكارا خوتۇن قىلامسىز، مەخپىي خوتۇن قىلامسىز ئىختىيارىڭىز، نىكاھ قىلىڭمۇ دېمەيمەن، ئۆي ئېلىپ بېرىڭمۇ دېمەيمەن، پەقەت مەن بىلەن كۆرۈشكەندە، مەن بىلەن بىللە بولغاندا مېنى «خوتۇنۇم، ئامرىقىم» دەپ چاقىرىپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ. مېنىڭ تەلىۋىم مۇشۇنچىلىك ئاددىي، چۈنكى مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، نېمە قىلىۋەتسىڭىز رازىمەن...

گۈلشەن ياسىنغا چىڭ چىرمىشىپ، ئۇنىڭ بويۇنلىرىغا سۆيەتتى، كۆزىگە ئىلتىجا، مەستانىلىق بىلەن تىكىلىپ قارايتتى. ياسىن بوششىپ كەتتى، چىرايلىق بىر قىز نېمىلا قىلىۋەتسىڭىز رازىمەن دەپ قاراپ تۇرسا، نىيىتى يامان ئەر كىشى ئۇچۇن بۇنىڭدىنمۇ زور ئامەت، خۇشاللىق بولامدۇ؟ شۇنداقتىمۇ ئۇ گۈلشەننى مۇنداق گەپ قىلىدۇ، تەلىۋى بۇنچىلىك ئاددىي دەپ ئەسلا ئويلىمىغانىدى. بۇ قىزلار نېمە بولۇپ كېتىۋاتقاندۇ؟ كاللىسىدا نېمە ئويلايدىغاندۇ؟ كۆلىدا تۇرىۋېرىپ ئۆزىنى شۇنچىلىك قەدىرسىز ھېس قىلىپ كەتكەنمىدۇ؟ تۇرمۇشنى شۇنچىلىك ئاددىي چاغلامدىغاندۇ؟ ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتنى كۆڭۈل سورۇنىدىكى ئويۇن دەپ بىلەمدىغاندۇ؟ «ئويۇننى باشلاپ بەرگەن ئۆزەڭ، ئەمدى ئۆزەڭ يىغىشتۇر» دەيتتى قىز، ياسىن ئەمدى ئۇنىڭغا ئوينىشىپ بەرمىسە ئۇ خاپا بولۇپ قالىدۇ، «كۆڭلىڭىز بولمىسا سىزنى زورلىمايمەن» دېگەنبىلەن، كۆڭلى بەرىبىر ئازار يەپ قالىدۇ. بولغۇلۇق بەرىبىر بولدى، ياسىنغا نېمە زىيان، نېمە قورقۇش؟ ئارتۇق دەردى يوق بۇنداق قىز ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييار ئولجا، كۆڭۈللۈك

ئويۇنچۇق. خالىغاندا كىرىپ ئويناپ كۆڭۈل ئاچىدۇ. ئويناۋاتقان بالا ئەڭ بەختىيار، ياسىنمۇ ھازىر شۇ بەختىيارلىققا ئېرىشمەكتە. بىر بالا يېڭى ئويۇنچۇقنى كۆرگەندە كۆزلىرى پارقىراپ، تۇتۇپ باققۇسى ئويناپ باققۇسى كېلىدۇ، ئالدىغا ئېلىپ تىزىپ قويۇپ تاماشا قىلىدۇ، چۇۋۇپ باقىدۇ، قوراشتۇرۇپ باقىدۇ، تاكى ئويناپ زېرىككىچە شۇنداق قىلىدۇ. ئەمما گۈلشەن ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتلىق خۇسۇسىيىتى، جەزبىسى، خۇلقى، مۇھەببىتى، ئەسەبىيلىكى بىلەن كونىرىمايدىغان ئويۇنچۇق، ياسىنغا ھەر قېتىم ئوخشىمىغان خۇلق-ناز ۋە پەيزىنى كۆرستىشى مۇمكىن؛ خوتۇنى بولمىغاندا خوتۇن، خوتۇنىدىن زېرىكىپ قالغاندا ئاشنا بولىدۇ، بۇنداق قىزنى ئاغزىدا «خوتۇن» دەپ كىچىك خوتۇن قىلىپ يۈرگۈزەمدۇ؟

ـــــ كۆڭلۈڭنى چۈشەندىم، بوپتۇ، خوتۇنۇم بولساڭمۇ بولغىن...ـــــ دېدى ياسىن ئۇنىڭ بەدىنىنى سىلاپ.

گۈلشەن مۇرادىغا يەتكەندەك ھاياجانغا چۆمۈپ، ياسىننىڭ بوينىغا چىڭ گىرە سالدى:

ـــــ ئەمدى ئېرىم دېسەم بولار...

ـــــ بولىدۇ، لېكىن خوتۇنۇم بار يەردە ئېغىزىڭدىن چىقىرىپ سالما.

ـــــ بىلمەن، ئۇنچىلىك دۆت چاغلىماڭ مېنى...

ئۇلار بىر دەم ياتقاندىن كېيىن كىيىملىرىنى كىيىپ ئاشخانىغا چىقتى. گۈلشەن ئاۋۋالقىدەك ئىشقا كىرىشىپ كەتتى، چېھرىدىن تەمكىنلىك، خۇشاللىق ئۇرغۇلمەيتتى.

ياسىن ئۇيقۇسىز، ھارغىن، خىيالچان ئىدى. تونۇگۈن ئاخشامقى تېلېفون ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدىن كەتمەيتتى، كۆڭلىدىن خىلمۇ خىل ئويلار كېچەتتى. ئۇ ئاخىر ئاشخانىدىن چىقىپ خوتۇنىغا تېلېفون ئالدى.

ـــــ قانداقراق ئەھۋالىڭ؟

ـــــ تونۇگۈن گەپ قىلسام بوگۈن ھە دەمسىز؟ ـــــ رەيھاننىڭ ئاۋازى خېلى قاتتىق ئىدى، ـــــ تېلېفوننى نېمىشقا بېسىۋېتىسىز؟

ـــــ تونۇگۈن تېلېفونۇمنىڭ توكى قالماپتىكەن... ئاخشام چېتىپ قويۇپ بوگۈن ئۇردۇم.

ـــــ يالغان گەپنى ئاز قىلىڭ، ئاللاھ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

ـــــ راست دەۋاتىمەن...

ـــــ بولدى قىلىڭ، مېنىڭ ھازىر سىزگە گەپ قىلغۇدەك ھالىم يوق، قالغىنىنى بارغاندا دېيىشەيلى...

ياسىن ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى سېزىپ، گەپنى يۆتكىدى:

ـــــ قانداق، بىرەر ئىش بولدىما؟

ـــــ ئىش بولمىسا تېلېفون قىلسام بولمامدىكەن؟

ـــــ ئانام قانداقراق؟

ـــــ ئانىڭىز ناھايىتى خاتىرجەم.

ـــــ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ راست گەپ قىلە ماڭا؟

رەيھان بىر دەم تۇرۇپ كېتىپ، ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى:

ـــــ ئانام ئاخشام قازا قىلدى.

ياسىن داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى، ئاغزى تەستە زۇۋانغا كەلدى:

ـــــ ...كۆڭلۈڭنى بۇزما... بۇ ئىشقا سەۋر قىلمىساق بولمايدۇ. ئاللاھ ياتقان يېرىنى جەننەت قىلغاي.

رەيھان ئۇنىڭ گېپى تۈگىشىگە تېلېفوننى بېسىۋەتتى، ياسىن قايتۇرۇپ ئۇرغاندا ئېتىك چىقتى. قوشلاپ كەلگەن دەرت-ئەلەمدىن يۈرىكى خۇن بولۇپ كەتكەن بۇ خوتۇننى ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ياسىن تېلېفوننى ئېتىشنىمۇ ئۇنتۇپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى، يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ، كۆزى ھەسرەتتىن، پۇشايماندىن قېتىپ قالدى. ئەتىگەندىن بېرى كۆڭلى خاتىرجەم ئەمەس ئىدى، گۈلشەننى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ بەدىنىدىن شەھۋەت لەززىتى سۈرۈۋاتقان چاغدىمۇ كاللىسىغا خوتۇنى ۋە سەكراتتا ياتقان قېيىنانىسى كېلىۋالغانىدى، قۇلاق تۈۋىدە ئاخشامقى تېلېفوننىڭ جاننى سىقىرىتىدىغان ئاۋازى جىرىڭلايتتى.

ئۇ ئاچچىق تاماكىنى تازا شوراپ، ئاشخانىغا كىرىپ ئاخشام غېنى شاڭجاڭدىن ئېشىپ قالغان ھاراقنى كۆتۈرۈۋېلا ئىچىۋەتتى. ئۇندىن ھۇجرىسىغا كىرىپ كارىۋاتتىن چۈشمەي ئېزىلىپ ياتتى، كاللىسىدىن خوتۇنى نېرى بولمىدى. ئىچى سىقىلىپ چىدىمىغاندا: ئادەمنى نېماندىلاق قىينايدىغاندۇ بۇ خوتۇن، خوتۇن دېگەن جانغا ئارام بېرىشى كېرەكقۇ؟.. دەپ ئويلىدى. ھەتتا شۇنداق بولىدىكى، خوتۇنىدىن ئەيمىنگەنچە، ئەنسىرىگەنچە، ھەتتا قورققانچە ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇشقا باشلىدى. «كىچىك خوتۇنى» نى سېغىندى، گۈلشەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى تاپقاندەكلا،

ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ ئەھۋال سورىدى، «ئەتىگەندىلا قونداقتا چىقىۋاپسىزغۇ» دەپ پېشانىسىنى سىلىدى. ئۇ گۈلشەننى تارتىپ يېنىدا ياتقۇزدى، ياللىۋاچلىدى، رەسۋالىق يەنە باشلاندى.

ئۇ ھېچقاچان بۇنداق ئەتىگەندىلا ئىچىۋېلىپ كەيپ سۈرمەيتتى، ئەتىگەندىلا يېتىۋالمايتتى، ھەم ئۇنداق ئىشنىمۇ قىلمايتتى. ھازىر نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدىغان بولدى، ئەسەبىيلەشتى، تونۇۋگۈندىن بېرى ئۆزىگە ئوخشىماي قالغانچە، تاپتىن چىقىپ كەتكەنچە ئۆزىگە ھاماقەتلەرچە ھەيران قالدى، ھەتتا شادلاندى. بۇنداقمۇ ياشاپ باقسام بولىدىكەنغۇ دەپ ئويلىۋالدى، بۇزۇلدى، بۇزۇلغانچە ئۆزىنى ئوخشىۋېلىش قىيىنلاشتى، مانا ئەمدى لەززەتكە، راھەتكە ئۆلگۈدەك تەشنا پارازىتقا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئەسلى تەبىئىتى زادى شۇنداقمىكىن، شۇنچىلىك تېز ئۆزگەردىكى، بۇرۇنقى ئەخلاق-پەزىلىتىنى روھىنىڭ خاتىرە سارىيىدىكى جانسىز بۇيۇمغا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

—— نېمە بولدىڭىز؟—— دېدى گۈلشەن ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ،—— ئەتىگەندىلا ھاراق ئىچىپسىزغۇ؟

—— ئىچىم زەرداپ بولۇپ كەتتى، ماڭا گەپ قىلما...

—— ئىچىڭىزدىكى ماڭا دېسىڭىز، كۆڭلىڭىز ئارام تېپىپ قالىدۇ.

—— گەپ قىلماي جىم يات دېگەندىكىن جىم يات.

—— ماقۇل...

ياسىن توختىماي ئاھ چېكەتتى، گۈلشەننىڭ چىرايىغا پات-پات قارايتتى، ئەمەس گەپلەرنى قىلىپ تىلىنى چاينايتتى:

—— سېنىڭ بەدىنىڭ نېمانداق يۇمشاق...

—— مەن تېخى كىچىك تۇرسام.

—— مەن قانداقكەنمەن، ھوزۇرلاندىڭمۇ؟

—— بۇنىمۇ دېيىش كېتەمدۇ، سىز دېگەن قالتىس يىگىت.

—— بۇندىن كېيىن قاچان دېسەم شۇ چاغدا مېنى بېسىقتۇرىسەن.

—— مەن دېدىمغۇ، سىز نېمە دېسىڭىز شۇ.

—— لېكىن خوتۇنۇم كەلسە چاندۇرۇپ قويمايسەن.

ـــــ ئۇقتۇم، نەچچە دەپ بولىدىكىز بۇ گەپنى.

ـــــ مېنىڭ خوتۇنۇم ئۇنداق-مۇنداق خوتۇن ئەمەس، سەللا چاندۇرۇپ قويساڭ ئىككىلىمىز تۈگىشىمىز.

ـــــ خوتۇنىڭىز شۇنداق قورقۇنچلۇقما؟

ـــــ كەلگەندە بىلىپ قالىسەن.

ـــــ مەن بۇنىڭغا ئالىلقاچان تەييارلىق كۆرۈپ قويدۇم، قورقمايمەن، سىز تۈرسىڭىز نېمىدىن قورقاتتىم.

ـــــ ئەگەر خوتۇنۇم كېلىپلا سېنى قوغلىۋەتسە مەيلىمۇ؟

ـــــ ھەر قانچە بولسىمۇ ئۇنداق قىلماس، سىز ئۇنى توسالمامسىز؟

ـــــ خوتۇننىڭ ئاچچىقى كەلسە چىشى يولۋاسقا ئايلىنىدۇ. مەن بۇ خوتۇنۇمدىنلا ئەمەس، ئاچچىقى يامان ھەر قانداق خوتۇندىن قورقىمەن.

ـــــ دېمىسىمۇ بەزى خوتۇنلار يامانلىقتا ئەر خەقتىن ئېشىپ چۈشىدۇ.

ـــــ شۇڭا مەن ھازىر ئۆزەمدىن ئەمەس، سەندىن ئەنسىرەپ قالدىم،ـــــ ياسىن گەپ قىلغاچ توختىماي گۈلشەننىڭ بېشىنى سىلايتتى.

ـــــ بەك بولمىسا غېنىكامنىڭ رېستۇرانىغا كېتەرمەن، لېكىن سىزنى كۆرمەي قانداق چىدايمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيپچە قىزلار بىلەن تۇرغۇم يوق، ماڭا ئازراق پۇل بەرسىڭىز، ئۆزەم پۇل قىتىپ بولسىمۇ سىرتتىن ئۆي ئىجارىگە ئالسام ئەپلىك بولاتتى، خالىغان چاغدا بارسىڭىز، بۇرۇنقىدەك پەيزى ياشاۋېرەتتۇق.

ـــــ ئۆزەڭ كىچىك بولغان بىلەن كاللاڭ ئىشلەپ قويىدىكەن،ـــــ دېدى ياسىن بۇ پىكىرنى توغرا تاپقاندەك،ـــــ لېكىن يالغۇز تۇرساڭ قورقمامسەن؟

ـــــ نېمىدىن قورقاتتىم، كۆلىغا چىققان ئادەم قورقسا جان باقالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىيالىمدا سىز ماڭا دائىم ھەمراھ..

ياسىننىڭ كاللىسى ئېچىلىپ كەتتى، بۇمۇ بولىدىغان چارە، كۆڭۈلگە مەنسۇپ نازۇك ئىشلارنى بەزىدە پۇل بىلەن جۆندىۋەتكىلى بولىدۇ. گۈلشەن «مەن سىزگە كىچىك خوتۇن بولاي» دەپ ئاغزىنى تاتلىق قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ياسىننىڭ ئاشنىسى بولۇپ قالىۋېرىدۇ. ياسىن ئۇنى قولدىن بەرمەيدۇ، خوتۇنى كەلسىمۇ چاندۇرمايدۇ،

ئۇنداق-مۇنداق قىلىپ كۆڭلىنى ئېلىۋالىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقىدەك ئۆي تۇتۇپ، بالىسىنى يەسلىگە ئاپىرىپ، ئادەتتىكىدەك ياشاۋېرىدۇ. بالىسىنى يەسلىگە ئاپىرىپ قايتاشىدا تېخى ئىشقا چىقماي ياتقان گۈلشەنىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كۆڭۈل ئاچىدۇ...

ياسىن بۇ خىيالىدىن خېلى ئارام تاپتى، تۇرمۇشىغا يېڭى مەزمۇن، يېڭى لەززەت قوشۇلىدىغانلىقىدىن شادلاندى. بۇ ھالەت قاچانغىچە داۋاملىشار، رەيھان ھامان بىلىپ قالماسمۇ؟... دېگەنلەرنى ئويلىسىمۇ، تەۋەككۇل دەرياسىغا بىر كىرىپ كەتكەنچە چىققۇسى كەلمىگەن سەيياھتەك «نېمە بولسا شۇ چاغدا كۆرەي» دەپ ئويلىدى. تۇرمۇش ئەسلىدە شۇنچىلىك ئاددىي ئىدى، بىر ئۆمۈر قەدىرلىسە ئەرزىيدىغان ئەخلاقلىق، چىرايلىق خوتۇنى بىلەن بۇرۇنقى پەيتىدە ياشاۋەرسىمۇ بولاتتى، شۇ بىر خوتۇن بىلەن قانائەتلىنىپ ئۆتسىمۇ بولاتتى. ئىلگىرىمۇ شۇنداق ياشىغان، شۇ تۇرمۇشنى خاتىرجەم، بەختلىك ھېس قىلغان، ئەمما ھازىر گۈلشەن بولمىسا تۇرمۇشى مەنىسىز بولۇپ قالىدىغاندەك ھېس قىلدى، «ھەممە ئەركەكنىڭ ئاشنا تۇتقۇسى بار، ئۆزىنىڭ خوتۇنىدىن باشقا خوتۇنلارنى تېتىپ باققۇسى بار، بەزىسى ئويلىغىنىنى قىلالايدۇ، بەزىسى قىلالمايدۇ، ئەمما ھەممىسىنىڭ شۇنداق قىلغۇسى بار، مەنمۇ شۇلارنىڭ بىرى. خوتۇنۇمدىن چانمىدىم، ئەمما نىيىتىمدىنمۇ يانمىدىم» دەپ ئويلىدى، گۈلشەننى تۇتۇپ باقمىغان بىر ئېسىل نەرسىنى تۇتقاندەك تۇتۇپ سىلىدى، پۇراپ باقمىغان بىر گۈلنى پۇرىغاندەك پۇرىدى، يېمىگەن بىر مېۋىنى يېگەندەك، قايتا-قايتا يېدى. كۆڭلى ئاينىمىدى. دېمەك، ئۇ نىيىتىنى بۇزغاندىن باشلاپ، ھەممە ھۆججەيرىسى بۇزۇلۇشقا باشلىغانىدى.

**11**

ياسىن بىلەن گۈلشەن كۆپكۆندۈزدە كارىۋاتتا ئەيش-ئىشرەت، توقۇناق پاراڭلار بىلەن ياتقاندا ھاشىم دوغىلاق بىلەن ساۋۇت ئىشقا چىقتى. ھاشىم يەنىلا ئۇيقۇسىز، ھارغىن كۆرۈنەتتى. تۈنۈگۈن ئاخشام، يەنى ياسىن بىلەن گۈلشەن تار كوچىدا سۆيۈشۈپ، يالىشىپ تۇرغان ۋاقىتتا ئۇ كوچىغا ئىت ئىزدەپ چىققان بولسىمۇ، تاپالماي يېنىپ كىرگەنىدى، ئۇزۇن تۈكلىرىنىڭ دەستىدىن يۈز-كۆزىنى كۆرگىلى بولمايدىغان ئۇ قوتۇر پىستىنى ھاشىم تونۇسا كاشكى؟ شۇڭا ئاۋارە بولماي، بەش يۈز سومغا چىداپ، بىراقلا ئارام تاپقىنى ياخشى. لاۋبەن سەتەڭ ئازراق مۆھلەت بېرەي

دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، ئاخشام كىرمىدى، ئەمما بۈگۈن بولمىسا، ئەتە چوقۇم ھېساب ئېلىش ئۈچۈن كىرەتتى. ناشتىلىقتىن باشلاپ غەم يېگىلى تۇرغان ھاشىم تاكى زاۋال چۈشكىچە غەمدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى پەملىدى، سەتەڭ كىرسىلا ئۇنى ئايرىم يەرگە تارتىپ قولىغا پۇلنى بېرىپ يولغا سېلىشنى ئويلىدى، ئەمما ئۇ كىرمەيۋاتاتتى.

كەچمۇ بولدى، خېرىدارلارنىڭ كېلىدىغىنى كېلىپ ۋاراڭ-چۇرۇڭ، تاراق-تۇرۇقلار بېسىققاندا ھاشىم ئاشخانىغا چىقىپ، ساتراشخانىغا قارىدى، لاۋبەن سەتەڭ كۆرۈنمىدى، پىستىسى قايتىپ كەلگەنمىدۇ يا باشقا بىر ئىشى چىقىپ بىر يەرلەرگە كېتىپ قالدىمۇ، ئۇققىلى بولمايتتى.

ئاشخانىنى تاقايدىغانغا ئاز قالغاندا ھاشىم بەش يۈز كويىنى مەيدە يانچۇقىغا ئاۋايلاپ سېلىپ، ئىت ئىزدەش ئۈچۈن تالاغا چىقتى، بىكار ئولتۇرغىچە ئىزدەپ باقاي دېدى، زىيانىنىڭ ئالدىنى ئالمىسا بولمايتتى. يىراققا بېرىشتىن ئاۋۋال ساتراشخانىغا قاراپ باقتى.

ـــــ لاۋبەن بارمۇ؟ـــــ دېدى ئۇ ئىشىكنىڭ ئىچىدىلا يوتىسىنى چىقىرىپ ئولتۇرغان سەتەڭگە قاراپ.

ـــــ بايا چىقىپ كەتكەن، نېمە ئىشىڭ بار؟ـــــ سەتەڭ پارسىلدىتىپ سېغىز چايناپ، ئۇنىڭغا مەنستىمەسلىك بىلەن قارايتتى. ھاشىمنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى، مۇشۇنداق ھاكاۋۇر مايماقلارنىڭ ۋەتۇەرىكىنى چىقىرىتىۋەتسەم... دەپ ئويلىدى. ھېلىمۇ ئويىندى، بۇرنى-قۇلىقى تويغىچە ئويىندى، ھېلىمۇ شۇ ئويىنىغاننىڭ كاشىلىسى... ئىتنى تاپمىسا بولمايدۇ.

ـــــ لاۋبەننىڭ ئىتى قايتىپ كەلدىمۇ؟

ـــــ نېمە؟

سەتەڭ ھېچنېمىنى چۈشەنمەي، چىرايىنى يەنە سەت قىلدى. ھاشىم ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىگە بىر نەچچىنى سېلىۋەتكىسى كەلدى، ئۆزىنى تۇتتۇۋالدى.

ـــــ ھېلىقى مى..مى نى دەيمەن، قايتىپ كەلدىمۇ؟

ـــــ مەن ئۇقمايمەن.

ھاشىم ئۇنى ئىچىدە تىللاپ، يولغا راۋان بولدى، ئىچى بارغانچە سىقىلىپ، ئاچچىق بولۇپ كېتىۋاتاتتى. قانچىلىك ئۇزۇن ماڭدى، بىلمىدى، يولدا ئادەم ناھايىتى ئاز ئىدى، كوچا چىراغلىرى غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. كۈندۈزى

ئىت يېتىلەپ كوچا، مەيدان ۋە باغچىلارنى ئايلىنىدىغان زەيپانە ئەر، ئەركەكزەدەك خېنىملار كۆپ بولغان بىلەن، ئاخشىمى ئۇچراتقىلى بولمايتتى، ھەممە ئىتلارنىڭ بوينى باغلاقلىق بولغاچقا، قاچالمايتتى، ياۋا ئىتلاردەك ئەركىن يۈرەلمەيتتى، بەلكى ئۇلار باغلاقتا باغلىنىپ، خوجايىنىنىڭ ھىمايىسى ۋە غەمخورلۇقىدا ياشاشقا كۆنۈپ كەتكەنىدى. ھاشىم ئۇممىدىنى ئۈزۈپ يېنىپ كېلىۋاتقاندا بىر يەردىن قانجۇقنىڭ غىڭشىغىنىدەك ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى، بېرىپ قارىدى، بىر نەرسە ئەخلەتخانىدا پوق تېرىپ يەۋاتقاندەك قىلاتتى، ھاشىم قاراڭغۇدا ئۇنىڭ مۇشۇك ياكى كۈچۈك ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىدى، نېمىلا بولسۇن بىر ئۇممىدنى كۆرگەندەك بولۇپ، ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدى، قارىسا ھەقىقەتەن مۇشۇكتەك كېلىدىغان پىستە، ھاشىم ئولجىنى كۆرگەن ئوۋچىدەك يايراپ كەتتى، پىستە ھاشىمنى كۆرۈپ غىڭشىپ قاچتى، ئەمما ئىنجىمارۇقلۇقىدىن بولسا كېرەك، تېز يۈگۈرەلمەيتتى، ھاشىم ئۇنى قوغلاپ يۈرۈپ، يولغا چىقىپ بولغىچە تۇتتۇۋالدى. پىستە ئۇنىڭ قولىنى چىشلىگىلى قەستلىدى، ھاشىم ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا ئۇرۇپ ئەيۋەشكە كەلتۈردى، پىستە ئاخىر ھاشىمغا بويسۇندى، خوجايىنلىقىنى ئېتىراپ قىلدى، ئىلگىرى خەقلەرگە قانداق ئەرمەك بولۇپ، قۇچىقىغا چىقىپ كۆنۈپ كەتكەن بولسا، ھاشىمنىڭ قۇچىقىدا تۇرۇپىمۇ بىر دەمدىلا ئۇنىڭغا ئىچەكىپ كەتتى. ھاشىم پوق-سۈيدۈك پۇراپ تۇرغان بۇ مەينەت كۈچۈكتىن يىرگىنىپ تۇرسىمۇ، چىشنى چىشلەپ ياتىقىغا ئېلىپ كەلدى. ئەمما بۇ پىستىنىڭ نەق شۇ لاۋبەن سەتەڭنىڭ ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلالمىغاچقا ئاۋۋال بۇنى يۇيۇپ تاراپ، چىرايلىق قىلىپ ئاندىن بېرىشنى ئويلىدى. شۇنداق قىلسا، گەرچە ئۇنىڭ ئەمەس بولسىمۇ، ھەممىسى ئوخشاش پىستە بولغاچقا، بۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ پىستىنى خالاغا ئېلىپ كىرىپ، داسقا چىلاپ سوغۇق سۇدا يۇيۇشقا باشلىدى، ئەمما سۇ بەك سوغۇق بولغاچقا پىستە لاغىلداپ تىترەپ كەتتى، غىڭشىپ قويىدى، كېيىن بۇ ئاۋازىمۇ چىقمايلا قويىدى، بەش داس سۇ قاپقارا بولۇپ كەتتى، پىستىنىڭ تۈكلىرى سەل ئاقارغاندەك قىلدى، قانچە ئاقارغانچە لاۋبەن سەتەڭنىڭ پىستىسىگە شۇنچە ئوخشاپ كېتىۋاتاتتى. ھاشىم خۇرسەن بولۇپ، ئۇنى بىر قەغەز يەشىككە سېلىپ، ئاغزىنى ئېتىپ قويىدى.

ئىت قوغلاپ ھېرىپ كەتكەن ھاشىم ئەتىسى سائەت ئونغىچە قوپماي ياتتى، كېيىن ئىشقا چىقتى، چۈشتە ئاشخانىنىڭ سودىسى بىر دەم قىززىدى، چۈشتىن كېيىن ئادەم ئۈزۈلگەندە ھاشىم بىلىنى رۇسلاپ ئاشخانىغا چىقىپ، لاۋبەن سەتەڭنىڭ دۇكىنىغا خاتىرجەملىك بىلەن نەزەر سالدى، ئاندىن سەتەڭنىڭ ئۆزىنى كۆردى، ئۇ تويپتوغرا

ئاشخانا تەرەپكە كېلىۋاتاتتى، ھاشىم دەرھال ئاشخانىدىن چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى:

—— ئىتنى تاپتىم.

—— نەدىن تاپتىڭ؟—— دېدى سەتەڭ ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەندەك قاراپ.

—— ئۇنى سورىما.

—— سەن ئۇنى تاپالمايسەن، ئۇنى چوقۇم بىر زىۋازى ئوغرىلاپ كەتتى.

—— ھازىر ئەچىقىپ كۆرسىتىمەن، سەن دۇكىنىڭغا كىرگەچ تۇرغىن...—— ھاشىم بىر ياقتىن سۆزلىگەچ ئاشخانىغا كىرىپ كېتىپ، بىر دەمدە قەغەز يەشىكنى كۆتۈرۈپ چىقتى. دۇكىنىنىڭ ئىچىدە قاراپ ئولتۇرغان سەتەڭ قاپنى كۆرۈپ، دۇكىنىدىن ئالدىراپ چىقتى.

ھاشىم قاپنى ئاچتى، پىستە تۆگۈلۈپ جىممىدە ياتاتتى. لاۋبەن سەتەڭ قاپنىڭ ئىچىگە قاراپلا «ئەمەس» دېدى ۋە سىنچىلاپ قارىماقچى بولۇپ، پىستىنى قولىغا ئېلىپ يەنە قاپقا تاشلىۋەتتى:

—— ۋاي ئانامەي، ئۆلۈككەنغۇ بۇ! كۆزۈمدىن يوقات، ماڭ، نېرى ئاپار، ۋۇي ئالدامچى گۇي... ئادەمنى مۇشۇنداقمۇ ئەخمەق قىلامسەن؟

ھاشىمنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، كېچىدىن بېرى تارتقان جاپالىرى نەدە قالدى؟ شۇ ئەخلەتخانىدىلا ئۆلسە بولماسمىدى بۇ نىجىس، بۇ سەتەڭ ئەمدى شۇ پىستىسىنى تاپمىغىچە بولدى قىلمايدۇ، بەش يۈز كويىنىڭ كۆزى ئوچۇق كېتىدىغان بولدى-دە!...

ئۆلۈك پىستىگە قاراپ ئۇنىڭ ئىچى ئاچچىققا تولدى، ئۇ ئىت بىقىشنى نەدىن بىلسۇن؟ جېنى ئاران قالغان بىر پىستىنى يۇيىمەن دەپ توڭلىتىپ قويغان گەپ، قارنىغا بىر نېمە بەرمىگەن گەپ، ئۇنى ئازكەلدى دەپ قاپقا سولاپ تۇنجۇقتۇرۇپ قويغان گەپ. ئەمما بۇ ئىت بەرىبىر لاۋبەن سەتەڭنىڭ ئىتى ئەمەس ئىدى، شۇڭا قىلچە ئېچىنمىدى، پەقەت كېچىدە تارتقان جاپالىرىغا ئىچى ئاغرىدى. ئويلا-ئويلا زەردە بولۇپ، قاپنى كۆتۈرگىنىچە يول بويىدىكى ئەخلەت ساندۇقىغا ئاپىرىپ تاشلىۋەتتى.

—— سەن ئۆلۈك ئىتنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، مېنى ئالدىماقچىمىدىڭ؟—— دېدى لاۋبەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ.

—— تۈنۈگۈن ساق ئىدى، كېچىدىن ئۆلۈپتۇ...—— دېدى ھاشىم سالپىيىپ.

ـــــ سەن بەك قىززىق نېمىكەنسەن...ـــــ دېدى سەتەڭ ئۇنىڭ ئەپتىگە قاراپ قاقاخلاپ كۈلۈپ،ــــ لېكىن بەك جاپا چېكىپسەن، مەن بۇ ساداقىتىڭدىن تەسىرلەندىم.

هاشىم ئۇنىڭ مۇشۇ گەپ بىلەن پۇلدىن كېچىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى، ئەمما سەتەڭ يەنىلا ئۇنى قويۇپ بەرمىدى:

ـــــ پۇل تۆلىمەك تەس كېلىپ شۇنداق قىلدىڭغۇ دەيمەن، ساڭا ئۇ پۇل ئېغىر كېلىدۇ، بۇنى بىلىمەن. لېكىن ئۇ پۇلنى ئالمىسام بولمايدۇ.

ـــــ ئالساڭمۇ ئالغىنە، سەندىن بىر قۇتۇلاي ـــــ دېدى ياسىن يانچۇقىغا قول ئۇزىتىپ.

ـــــ توختا، ساڭا دەيدىغان گەپ بار، دۇكانغا كىرىلى،ــــ دېدى سەتەڭ.

هاشىم هەيران قېلىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىردى، لاۋبەن سەتەڭنىڭ بىر ئىشى باردەكلا قىلاتتى. سەتەڭ ئۇنى ئۇدۇللا ھېلىقى كۈنى بىللە بولغان ياتاققا باشلاپ ماڭغاندا ھاشىمنىڭ پۇت-قوللىرى كالۋالىشىپ كەتتى. سەتەڭ ياتاققا كىرىپلا ئىشىكنى تاقاپ كىيىملىرىنى سېلىشقا باشلىدى. ھاشىم چۆچۈپ كۆرۈۋاتقاندەك ھاڭۋېقىپ تۇراتتى. سەتەڭ ھەش-پەش دېگۈچە تولۇق يېشىنىپ، كارىۋاتقا چىقتى.

ـــــ مەن پۇلۇڭنى ئالمايمەن، لېكىن مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلسەن،ــــ دېدى ئۇ سىرلىق كۈلۈپ.

هاشىم ئۇنىڭ مەقسىتىنى بىلەلمىدى، بۇ ئىش بەك تۇيۇقسىز بولغاچقا گاڭگىراپ، ھەۋەسى تورمۇزلىنىپ قالدى؛ سەتەڭنىڭ يالىڭاچ بەدىنىمۇ شام ھەيكەلدەك جانسىز، سوغۇق كۆرۈنۈپ كەتتى.

ـــــ ماڭا قارا،ــــ دېدى سەتەڭ يانچە بولۇپ، ياستۇققا يۆلىنىپ،ــــ ئامرىقىم مى مى يوقاپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنى بەك سېغىندىم. ئۇ مېنىڭ قۇچىقىمدىن چۈشمەيتتى، يۈز-كۆزۈمگە سۆيۈپ خوش قىلاتتى. مەن نەچچە كۈندىن بېرى ئۇنى تولا ئويلاپ، سېغىنىپ ساراڭ بولۇپ كەتتىم. سەن مى مى نى تېپىپ بېرەلمىدىڭ، سەندىن پۇل ئالاي دېسەم ئۆزەڭ ئىشلەمچى، ساڭا ئېغىر كېلىدۇ. شۇڭا سەن بۈگۈندىن كېيىن مېنى خوش قىلسەن، يۈز-كۆزلىرىمگە، بويۇنلىرىمغا سۆيۈپ ھۇزۇرلاندۇرسەن، ئاندىن پۇتۇن بەدىنىمنى، ھەممە يېرىمنى سۆيسەن، يالساڭ تېخىمۇ خوش بولىمەن، گەپ قىلغاندا قارىسام تىلىڭ خېلى ئۇچلۇقكەن... ئەگەر مېنى رازى قىلساڭ، سەندىن پۇل ئالمايمەن، دۇكانغا خالىغان چاغدا كىرىپ ئويناپ چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ...

هاشىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھاڭقىتىپ قالدى. كاللىسى ھەرە كىرىۋالغان قاپاقتەك غوڭۇلداپ كەتتى.

ـــــ نېمانداق قېتىپ تۇرىسەن؟ پۇل تۆلەمسەن يا مەن دېگەندەك قىلامسەن؟

هاشىم تېخىچە ئېسىگە كېلەلمەيۋاتاتتى، ئەمما پۇل بەرمەي ئوينا دەۋاتسا، نېمىگە ئىككىلىنىپ تۇرىدۇ؟ ئەمما سەتەڭ ئۇ خالىمىغان ئىشقا زورلىسىچۇ؟ پۇتۇمغا سۆي دېسىچۇ؟ يەنە باشقا يېرىگە بېشىنى ئاپىرىشقا مەجبۇرلىسىچۇ؟ هاشىم بۇرۇن سىرىق دەيلەردە كۆرگەن، ئۆزى ئانچە ياقتۇرمايدىغان، بەلكى يىرگىنىدىغان شۇ كۆرۈنۈشلەرنى يادىغا ئېلىپ شۈركىنىپ كەتتى. مانا ئەمدى ئېشىپ-تېشىپ سەتەڭنى خوش قىلىدىغان پەستە كۈچۈككە ئايلىنىپ، تىللىرىنى چىقىرىپ پەسلىشىپ يۈرەمدۇ؟ گەپ ئېنىق بولدىغۇ، « ئەمدى مى مى يوق، سەن مى مى بول» دەپ ئاشكارە دەۋاتامدۇ، بۇنداق خورلۇقنى تارتقىچە، نەپسىدىن كېچىپ پۇلنى بېرىپلا قۇتۇلسا بولمىدىمۇ؟

ئەمما هاشىم يەنىلا نەپسىدىن كېچەلمىدى، زىيانغا چىدىمىدى. سەتەڭنىڭ يېنىغا كېلىپ ھاياجاندا تىترەپ تۇرۇپ قالدى. شۇ ھامان كاللىسىدا «ھەممە ئىش ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولامدۇ، سۆيىدىغان يېرىگە سۆيۈپلا ئىشنى باشلاپ كەتسەم، بىر دەمدە ھەممىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ» دەپ ئويلىدى، ئەمما شۇنداق قىلاي دېگەندە سەتەڭ يول قويمىدى، ئۇنىڭ شەھۋەتكە بوينىغىچە پاتقان كاللىسىنى مەھكەم قامالاپ، ئۆزىنىڭ دېگەن يېرىگە ئاپاردى. هاشىم بۇ خورلۇققا پەقەت چىدىمىدى، پۇلنى بېرىپلا قۇتۇلاي دېدى، لېكىن ئىش بۇ يەرگە كەلگەندە ئارقىسىغا يانالمىدى. ئۆزىمۇ ئاللىقاچان ئەقلىنى يوقاتقان ھايۋانغاـــــ ئەرمەك كۈچۈككە ئايلىنىپ، سەتەڭنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلدى.

ئۇ ساتىراشخانىدىن چىقىۋاتقاندا ئىشىك تۈۋىدىكى سەتەڭ ئۇنىڭغا يەنە مەنسىتمەسلىك بىلەن قارىدى، شۇ چېغىدا هاشىمنى «سەن بىر ئىت، لاۋبەنىنىڭ ئەرمەك ئىتى، ئادىمي ھايۋان...» دەۋاتقاندەك قىلاتتى. هاشىمۇ ئۇنىڭغا قاپىقىنى تۈرۈپ ئالىيىپ قويدى، ھۇزۇرى تۈگىگەندە پەيدا بولغان مەنىسىزلىك، يىرگىنىش، كەمسىنىش ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ، تالاغا چىقىپ يەرگە توختىماي تۈكۈرۈپ ماڭدى. ئاشخانىغا كىرىپ ئالاڭ-بۇلۇڭ قارىدى، ساۋۇت قازان بېشىدا بىر نېمىلەرنى تاراقشىتىپ تۇراتتى، بۇنداق ۋاقىتتا ۋىدىيولۇق تېلىۋىزورغا قاراپ ئولتۇرىدىغان گۈلشەن كۆرۈنمەيتتى. قاچانلار قارىسا ئاشخانىدىن كەم بولمايدىغان ياسىن لاۋبەنمۇ ئاشخانىسىنى ئۇڭچە تاشلاپ، ھۇجرىسىدا پەيزى سۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى. هاشىم ساۋۇتنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالسا چېنىپ قالىدىغاندەك ئەنسىرەپ، ياتىقىغا كىرىپ كەتتى. كارىۋاتقا چىقىپ قىلمىشلىرىنى خىيال قىلدى، كاللىسىدا ئىتتىن باشقا نەرسە يوق ئىدى؛

كېچىدىن قوغلاپ يۈرگەن پىستە، بوْگوْنىسى ئۆلگەن رەزگى پىستە، لاۋبەن سەتەڭنىڭ ئۇنى مەسخىرە قىلىشى، ئاندىن سەن مى مى بول دەپ ئۇنى ئىتقا ئوخشىتىپ ئۆزىگە چاپلىشىۋېلىشى...خىيالىغا كىرىۋېلىپ، ئىچىنى سىقىۋەتتى. ھەۋىسى قوْتىرىغاندا ھايۋانغا، ھەۋىسى بېسىققاندا ئادەمگە ئايلىنىش ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچە ئاسان بولۇپ كەتتىمۇ؟ قاراپ تۇرۇپ ئىت بولدى، كۈچۈك بولدى، پىستە بولدى، ئەمدى بىر دوملاپلا ئادەم بولدى، كارىۋاتتا يېتىپ ئادەمدەك خىيال سۈردى، ئانىسىنىڭ ئاق سۈتىنى ئېمىپ چوڭ بولغانلىقىنى ئەسلىدى. لېكىن ئۇ بايا شۇ ئاغزىدا نېمىلەرنى قىلدى، تىلىنى نېمىشقا ئىتتەك چىقاردى؟ مى مى شۇنداق قىلسا، ئۇ دېگەن ئىت، خۇدا ئۇنى شۇنداق تەبىئىتى بىلەن ياراتقان، ھاشىمنى بولسا ئادەم دەپ ياراتقان، ياكى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئىتنىڭ مىجەزىنى قوشۇۋەتكەن بولغىيمىدى؟ ئاشكارا مەسخىرە قىلىپ ئىت بول دېسە ئىتقا ئايلىنىپ، كۈچۈكلىنىپ، قىلمىغان رەزگىللىك، رەسۋالىقنىڭ ھەممىنى قىلدى. بۇ ئىش مۇشۇنداقلا تۈگىمەيدۇ تېخى، سۆيۈشلىرى، يالاشلىرى لاۋبەنگە يېقىپ قالسا ئۇنىڭ ئالدىغا يەنە بارىدۇ، ئىت بولۇشتىن قۇتۇلالمايدۇ. ئەيدىز ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلالمىغانىنى ئاز دەپ ئەمدى ئاغزىغا چاقا، تىلىغا كۆيدۈرگە چىقىپ كەتسە كۆرۈڭ!...

هاشىم ھەر قېتىملىق يىرگىنىشتىن كېيىن ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇپ تۇراتتى، ئەمما ئۆلگۈر ھەۋىسى قېرىشقاندەك ئۇنىڭغا ئۈمىد بېغىشلايتتى، ۋەسۋەسە پەيدا قىلاتتى، ئىنتىلدۈرەتتى، ئادەم بولۇش ئىرادىسىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ھايۋانلىق قەدىمىگە يول ئاچاتتى. ئۇنىڭ مىجەزىدىكى يەڭگىلتەكلىك، قىتىغۇرلۇق جىنسىي ھەۋەس بىلەن شۇنداق ماسلىشىپ كەتكەن ئىدىكى، ھەر دائىم ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايتتى، ھەتتا ئۆزىنى جاھانغا شۇ ئىش ئۈچۈنلا تۇغۇلغاندەك ئويلايتتى، كۆڭلىدە باشقا ئالاھىدە ئارزۇلىرى يوق ئىدى. گېلىغا ئامراق ئىدى، قازان بېشىدا تۇرۇپ ياخشى پىشقان گۆشلەرنى، ئەيتاۋۇر ئەڭ لەززەتلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى يەۋالاتتى، بۇنىمۇ قورساق تويغۇزۇشتىن كۆرە، ئۆزىنىڭ جىنسىي ئىقتىدارىنى، شەھۋانىي لەززىتىنى دەپ قىلاتتى. تەپتەكشى سەمرىگەن بەدىنى قارىماققا قۇۋۋەتلىك پاتماي قالغاندەك كۆرۈنەتتى، ئۆزىمۇ شۇنىڭغا ئىشىنەتتى، ئۆزىنى پىلدەك مەزمۇت، قاپلاندەك كۈچلۈك ھېس قىلاتتى، ئىشەنگەنچە سەتەڭلەرگە كارامىتىنى كۆرسىتىپ قويغۇسى كېلەتتى، شۇلارنىڭ چىرايىغا قارىسام، زوۋۋانىنى ئاڭلىسام يايراپ كېتىمەن دەپ ئويلايتتى. شۇنداق بولدى، ئۇنىمۇ كۆردى، يايرىدى، ئىش تۈگىگەندە كېسەلدىن ئەنسىرىدى، «ئەيدىز چىقىپ قالسام تۈگىشىمەن، ياش ھەم كۈچلۈك تۇرۇپ، خوتۇن لەززىتى سۈرمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىمەنمۇ؟...»

دەپ قاتتىق قورقتى. بۇ ۋەھىممۇ ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۇزاقراق ياشاپ، شەھۋەت پەيزىنى قېرىغىچە سۈرىۋېلىش ئىستىكىدىن پەيدا بولغانىدى.

ھاياتلىقتا ئۆلگۈدەك تەشنا ئادەم ئۆلۈمدىنمۇ ئۆلگۈدەك قورقىدۇ، يورۇق دۇنيادىن، ھاياتلىقتىكى نۇرغۇن ھۇزۇر-ھالاۋەتلەردىن كېچەلمەيدۇ؛ ھاشىمنىڭ كاللىسىدا يورۇق دۇنيامۇ، ئالدىقاندىكى ھۇزۇر-ھالاۋەتلەرمۇ غۇۋا، نائېنىق؛ پەقەت شۇ شەھۋانىي لەززەتلا ئەڭ ئېنىق، ئەڭ تارتىملىق ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايتتى، ئۇ يۈز كويلۇق شۇ مەينەتنى تېخىچە ئۇنتۇپ قالمىدى، ئۇنى ھەر قېتىم ئويلىسا بەدىنى بىر قېتىم تىكەنلىشىدۇ، يۈرىكى ئېغىر-ئېغىر سوقۇپ كېتىدۇ، شۇ مەينەتنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ كېتىپ، كېسەل يۇقتۇرۇپ، بىر دەملىك ھۇزۇرنى دەپ كېيىنكى نۇرغۇن لەززەتلەردىن مەھرۇم قالسا، جاھاندا بۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك، ئېچىنىشلىق ئىش بولامدۇ؟ ئەيدىز بولدى دېگەن گەپ، ئۇزاققا قالماي خارلىنىپ ئۆلىدۇ دېگەن گەپ. ھاشىمنىڭ يۈرەك قېتىدا مۇشۇ ۋەھىمە پات-پات پەيدا بولۇپ، ئۇنى ئازابلاپ تۇراتتى. ئەمدى بۇ لاۋبەن سەتەڭنىڭ ئەرمەك ئىتىغا ئايلىنىپ قالدى، ئۇزىنى ئەيدىز دەپ گۇمان قىلمىغان بولسا غۇرۇرىدىن شۇنداق ئاسان ۋاز كېچىپ، ئىتقا ئايلىنىپ كېتەرمىدى؟ ئۆزىگە ئۆزى ئىش تاپتى، ئۆزىنى ئۆزى كەمسىتتى، ئەمدى داۋاملىق ئىت بولۇپ ياشاۋەرسۇنمۇ ياكى ئۆزىنى ساغلام دەپ ئويلاپ، ئادەملىكنى تېپىۋالسۇنمۇ؟ ...

ئۇ ئويلاندى، ئۆزىنىڭ كاللىسىغا چۈشلۇق تەپەككۇر قىلدى، ئىمانىم بىلەن ياشاي دېسە ئىمانى بار بىلەن يوقنىڭ ئارىسىدا ئىدى، يوق دېسىمۇ بولاتتى؛ غۇرۇرۇم بىلەن ياشاي دېسە، غۇرۇرنى ئۆزىنىڭ ئىچىدىكى ئاچچىق، نەپرەت دەپلا چۈشىنەتتى؛ ۋىجدانىم بىلەن ياشاي دېسە، ۋىجدانىنى پەقەت «ئۆزەڭ نېمە قىلساڭ قىل، ئەمما خەققە زىيانكەشلىك قىلما» دېگەن مەنتىقە بويىچە ئويلايتتى. كۆپ ھاللاردا ئۇ بۇنداق چوڭقۇر مەسىلىلەرنى ئويلاشتىن قاچاتتى، يەڭگىل نەرسىلەرنى ئويلايتتى، خام خىيالغا، تەسەۋۋۇرغا ئامراق ئىدى، بۇنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا جىنسىيەتكە تەئەللۇق ئىدى.

ئۇنىڭ كاللىسى يەنە ساتراشخانىغا كەتتى، خىيالى سەتەڭلەر ئۇستىدە لەيلەپ يۈرەتتى، «جاھاندا بەدەلسىز ئىش بولمايدۇ، ئىت بولسامۇ، ئېشەك بولسامۇ مەقسىتىمگە يەتتىم، بەش يۈز كوينى ساقلاپ قالدىم...» دەپ ئويلاپ كۆڭلىنى خوش قىلدى. ئەمما تۇرۇپلا بۇ خىيالىدىن ياندى: « لېكىن بەدەل تۆلىدىم دەپ ئۆزەم خالىمىغان ئىشنى

قىلدىم، پۇل ئۈچۈن بۇزۇقلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ، مېنىڭ ئۇلار بىلەن نېمە پەرقىم، بەش يۈز كويىنى مەندىن ئالمىغىنى ئەمەلىيەتتە ماڭا بەرگىنى، مەن پۇل ئۈچۈن نومۇسۇمنى ساتقاندەك بولدۇمغۇ...»

ئۇ ئۆزىنى ئاقلىيالمىدى، ئۆزىگە تەسەللىي بېرەلمىدى، نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇنىڭدا ئازراق بولسىمۇ ئۆزىنى قەدىرلەش ئېڭى ۋە غۇرۇرى بار ئىدى. بۇنى مىللىي غۇرۇر دەپ ئاتاپ قويسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئۇ شۇنداق زىددىيەت، ئىزتىراپ ئىچىدە پارچىلىنىپ ياتقاندا ساۋۇت كىرىپ كەلدى، ساۋۇتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئىمان، ئىنساپ، ۋىجدان، پاكلىق تۇيغۇلىرى پەيدا قىلاتتى. بۇ ۋاز كېچەلمەس تۇيغۇلار ئىدى. بۇلارنى ئۇ ساۋۇتنىڭ ۋۇجۇدىدىن كۆرۈشنى، ھەتتا ئويلاشنىمۇ خالىمايتتى، شۇڭا يانغا ئۆرۈلۈپلا ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالدى.

ــــ بىرسى سېنى قىچقىرىدۇ،ــــ دېدى ساۋۇت كىرىپلا.

ھاشىم ئۇنىدەرەپ ئورنىدىن قوپۇپ كەتتى:

ــــ كىمكەن؟

ــــ كىم بولاتتى، سىرىق چاچتىن بىرسى، ئۆزەڭ چىقىپ قاراپ باق.

ــــ نېمە ئىشى باركەن، خېرىدار ئەمەستۇ؟

ــــ قايسى خېرىدارىڭكىن؟ ئۆزەڭ چىقىپ تونۇۋال.

ھاشىم لاۋبەن سەتەڭنى ئېسىگە ئېلىپ، خوشياقماسلىق بىلەن ئورنىدىن قوپۇپ ئاشخانىغا چىقتى، ئىشىك تۈۋىدىكى جوزىدا پۇتىنى ئالماپ ئولتۇرۇپ، بىر كىملەرگە تېلېفون ئۇرۇۋاتقان سەتەڭنى كۆرۈپ ئىچى سىقىلدى . سەتەڭ ئۇنى كۆرۈپ گېپىنى تۈگىتىپلا بۇيرۇق سوقتى:

ــــ ماڭا ئوخشىتىپ بىر تەخسە گۆش قورۇپ بەر.

ھاشىم گەپ قىلماي بېرىپ، بىر تەخسە گۆش قورۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.

ــــ بۈگۈن پىۋا ئىچمەيمەن، ئاق ھاراقتىن كىچىكى بولسا ئەكەل.

ھاشىم ئۇنىمۇ ئېلىپ كەلدى. سەتەڭ ئۇنىڭغا باشقىچە يېقىملىق نەزەردە قارايتتى.

ــــ مەن بىلەن ئولتۇرۇپ ئىچىشىپ بەرمەمسەن؟

ھاشىم ئۇنى رەت قىلدى، كۆڭلى تولىمۇ پاراكەندە ئىدى، بۇ چاغدا گۈلشەن تۇساتتىن ئاشخانىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنى قورۇۋندۇرۇپ قويدى. ئەمما ئۇ كۆڭلىدە «سەن ياسىن لاۋبەن بىلەن كىچە-كۈندۈز ئۈينىساڭ گەپ يوق، مەن ئۈينىسام نېمە بوپتۇ» دەپ ئويلاپ، تاماكىسىنى مەغرۇر چېكىپ ئولتۇرىۋەردى. گۈلشەن قاراپ بېقىپ، يەنە كىرىپ كەتتى.

—— ياسىن لاۋبەن بۈنى خوتۇن قىلىۋاپتۇ-ھە...—— دېدى سەتەڭ گۈش چايىنغاچ،—— بۇرۇنقى لاۋبەنىياڭ بۇنىڭدىن چىرايلىق ئىدى، نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟

—— كېلىدىغانغا ئاز قالدى...—— دېدى ھاشىم باشقا ياققا قاراپ.

—— قورۇغان گۆشۈڭ ئوخشاپتۇ، بىڭسىڭ بار جۇمۇ... بۇنىڭدىن كېيىن نېمە يېگۈم كەلسە سېنى ئىزدەيمەن...—— دەيتتى سەتەڭ توختىماي ماكاشلاپ،—— بۈگۈن سەندىن بەكلا رازى بولدۇم.

ھاشىم ئۇنىڭ گۆش يېيىشلىرىگە قاراپ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ «ئاچ پاقا»نى قاندۇرىمەن دەپلا تۈگىشىپ كېتەرمەنمۇ دەپ ئەنسىرەپ قالدى، بايا گۆش قورىغاندا تۈكۈرۈپ، مىشقىرىپ قويمىغىنىغا ئەپسۇسلاندى.

—— مى مى نى تېپىپ بېرەلمىگەن بولساڭمۇ، لېكىن كۆڭلۈمنى بەك خوش قىلدىڭ...—— دەيتتى سەتەڭ بىر ياقتىن گۆشنى يالماپ يۇتۇپ، بىر ياقتىن ئىچىپ،—— ئىت دېگەن بەربىر ئىت، ھايۋان دېگىنە، يەنىلا ئادەم بىلەن ھۇزۇرلانغانغا يەتمەيدىكەن، لېكىن تازا ئۆزەڭنى قويۇپ بېرەلمىدىڭ. تۈنجى قېتىم شۇنداق قىلىشىڭمۇ؟

ھاشىم جىلە بولغىنىدىن گەپ قىلىشنىمۇ خالىمىدى، ئىچىدىكى ئاچچىقنى بېسىقتۇرماقچى بولغاندەك تاماكىسىنى قاتتىق-قاتتىق شورايتتى، سەتەڭنىڭ ئۇنى ئادەم دەپ ئېتىراپ قىلىشىغا خوش بولسۇنمۇ ئەمدى؟

—— ئاززاق ئىچىۋالغان بولساڭ پەيزى بولاتتى، بۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق قىل، ھەر ئىككىمىز ئۆزىمىزنى قويۇۋەتسەك يەڭگىللەپ قالىمىز. ما ياسىن دېگەن لاۋبىنىڭ تازىمۇ قاملاشمىغان بىر نېمىكەن، نەچچە قېتىم پۇراتسام ماڭا يېقىن كەلمىگەن. تېخى خوتۇنىغا بەك سادىق ئوخشايدۇ دەپتىكەنمەن، ئەسلىدە پاھىشۋاز نېمىكەن ئەمەسمۇ؟ بۇنداق ساختا ئالىيجاناپلاردىن نەپرەتلىنىمەن، ئۇنىڭغا قارىغاندا سەن ياخشىكەنسەن، مەن ھازىر ساڭا ئامراق بولۇپ قالدىم، مى مى ئاجايىپ ئوماق ئىدى، لېكىن سەن ئۇنىڭدىنمۇ ئوماق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتىسەن...ھى ھى..

سەتەڭ كەيپچىلىكتە بۇرۇن دېگىلى ئۇنىمىغان مەخپىيەتلىكنى دەپ تاشلىدى، ھاشىم ئاجايىپ چوڭ خەۋەرگە

ئېرىشكەندەك ھەيران قالدى. بۇ مۇمكىنمۇ؟ ياسىن لاۋبەن قانداق بولۇپ بۇنداق پاك چىقىپ قالدى؟ مەرەزنىڭ ھەممىسى ھاشىمغىلا چېپىلامدۇ؟ بۇ ھالدا ئۇ «ياسىن لاۋبەن ئويىنىيالمىغان سەتەڭنى مەن ئوينىدىم، ئۇ تېتىمىغان لەززەتنى مەن تېتىدىم» دەپ كۆرەڭلىيەلەمدۇ؟

سەتەڭ ئاشۇ ئىتنى ئۆنتۈيالمىغانلىقىدىن ھاشىمغا ئامراق بولۇپ كېتىۋاتقان گەپ، ھاشىم بۇنىڭدىن خوش بولسا ئۆزىنى ئىت بىلەن باراۋەر كۆرگەندەك بولىدۇ. شۇ يېرى ئاجايىپكى، ئۇ ئۆزىنى ئىتقا ئوخشىتىپ ھەر قانچە كەمسىتسىمۇ، ئىتتەك خارلىنىۋاتىمەن دەپ ئويلىسىمۇ، ئۆزىگە چىن دىلىدىن نەپرەتلىنەمەيتتى، قىلمىشلىرىدىن پۇشايمان قىلمايتتى، ئۆلۈمدىن قورقۇپ تۇرسىمۇ تۆۋە قىلمايتتى. شۇڭا ئۆزىنى يەنىلا ئۆزىدەك كۆرۈپ، مەن دېگەن مۇشۇنداق، باشقىچە بولۇشۇم مۇمكىن ئەمەس دەپ ئويلاپ يۈرۈۋېرەتتى، پىشكەللىكلەر يادىغا يەتسە قورقۇپ، ھاماقەتلىكى، ئەسەبىيلىكى تۇتقاندا ئۆزى ئۆتۈپ، قايتا ئىنتىلىش، قاندۇرۇش، ئەنسىرەش، يەنە ئۆتۈش، قاندۇرۇش، قورقۇش بىلەن ئۆتىۋېرەتتى.

سەتەڭ گۆشنى پاك-پاكىز يەپ، ھاراقنى بىر تىمىم قالدۇرماي ئىچىۋەتكەندىن كېيىن دەلدەڭشىپ ئورنىدىن قوپتى:

—— مېنى يۆلە... دۇكىنىمغا ئەكىرىپ قوي...

ھاشىم ئۇنى يۆلەپ ئاشخانىدىن چىققاچ دېدى:

—— سەي بىلەن ھاراقنىڭ پۇلىنى بەرمىدىڭ..

—— مەن ... سەندىن بەش يۈز كوينى ئالمىسام... يەنە نىمە پۇل...

ھاشىمنىڭ بېشىغا بىردىنلا غەم چۈشتى، بۇ «ئاچ پاقا» ئەمدى كۆندىلا كىرىۋېلىپ، بىكارلىق يەپ-ئىچەرمۇ؟ بۇنداق قىلىۋەرسە ھاشىمنى رەسۋا قىلمامدۇ؟

—— پۇلنى بېرىۋەت، بۇ ئاشخانا مېنىڭ ئەمەس.

—— بەرمەيمەن... قانداق قىلىسەن...—— دېدى سەتەڭ ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ ئەركىلەپ.

ھاشىم ئەتراپىغا چەكچىيىپ قاراپ كەتتى. سەتەڭنىڭ بىلىدىن مەھكەم قاماللاپ، تارتىپ سۆرەپ دېگۈدەك دۇكىنىغا ئېلىپ كىردى.

ـــــ مەن... ياتقان ئۆيگە ئەكىرىپ قوي...ـــــ دېدى سەتەڭ ئۆزىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان باشقا قىزلىرىنى يېقىن كەلتۈرمەي، ھاشىمغا مەھكەم ئېسىلىپ،ـــــ ئۇسساپ كەتتىم... ماڭا سۇ بېرىڭلار.

ھاشىم ئۇنى ھېلىقى ئۆيگە ئەكىرىپ كارىۋاتقىلا تاشلىدى، سەتەڭ قولىنى كېرىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ياتاتتى، كالپۇكىنى كۆچۈكتەك يالايتتى. ھاشىم ئۇنىڭغا قاراپ بىر دەم تۇرۇپ كېتىپ، ساتراشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

12

ياسىن گۈلشەننى چۈشتىمۇ، كەچتىمۇ قوينىغا سولاپ ياتقان بىلەن خوتۇننى بىر دەممۇ ئېسىدىن چىقىرالمايتتى، ھەتتا ئۇنىمۇ سېغىناتتى، خوتۇنىنىڭ مېھرى ۋە پەيزىمۇ باشقىچە دەپ ئويلايتتى، ئەمما ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن ئەركىنلىكىنىڭ بوغۇلىدىغانلىقىنى ئويلىسا ئىچى سىقىلاتتى. گۈلشەن بىلەن بىللە بولۇش ئالدىدا ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئىنتىلىپ، ھاياجانلىنىپ قىلمىغانلىرى قالمايتتى، ئەمما ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ھېسسىياتى پەسكويغا چۈشۈپ، كاللىسى قوپقۇرۇق بولۇپ قالاتتى، خوتۇنىغا قىلىۋاتقان خىيانىتىگە ئۆكۈنۈپمۇ قالاتتى. زەھەرگە خۇمار بولغان ئادەم ئۆزىنى ھالاكەتكە ئىتتىرىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئەجەللىك خۇماردىن قۇتۇلالمىغاندەك، ياسىنمۇ بۇنداق كېتىۋەرسە كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇرمۇشىنىڭ ۋەيران بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، گۈلشەندىن ۋاز كېچەلمەيدىغاندەكلا قىلاتتى؛ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا خۇمار بولۇپ كىرىشىپ قالغانىدى، شەھۋەتلىرى بېسىققاندا بىر دەم ئىچى پۇشۇپ، مەنىسىزلىككە، پۇشايمانغا پاتقاندەك قىلغان بىلەن بىر دەمدىن كېيىن ھېسسىياتى ئۆرلىگەندە يەنە قىلىقىنى داۋاملاشتۇراتتى. گۈلشەنمۇ ئۇنىڭ كەيپىياتىغا سەزگۈر بولۇپ، نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى پەملەپ تۇراتتى. ئۇ قاپىقىنى سەل-پەل تۈرۈپ، خوتۇننى ئويلاپ ئېغىر خىياللارغا چۆكۈپ بولغىچە ئۇنى بۇنىڭدىن تارتىپ چىقىرىپ، ناز-خۇلقى، تەننازلىقى بىلەن بىر دەمدە كۆڭلىنى ئېچىپ، ئەسەبىيلىكىنى قوزغاپ بولاتتى.

گۈلشەننىڭ پۈتۈن خوشلۇقى ياسىننى ئۆز مەيلىگە قارىتىشلا بولۇپ، نېملا قىلسا رايىشلىق بىلەن بويسۇنۇپ، بەزىدە ناز بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ قويۇپ ئۇنى ئۆزىگە ئەل قىلاتتى، ئۇنىڭ بىلەن توختىماي ئوينىشاتتى، شوخلۇق قىلىپ ئەركىلەيتتى.

ياسىن بىر نەچچە كۈندىلا گۈلشەنگە شۇنچىلىك كۆنۈپ كەتتىكى، يېنىدا بىر دەم بولمىسا تاماكا خۇمارى

تۈنۈگۈنكىدەك تىنىقلىقىنى، قولى ئىشقا بارمايتتى، ئارام ئالىدىغان سائەتلەرنىڭ تېزرەك كېلىشىنى كۈتەتتى. خوتۇنىنىڭ يەنە بىر مەزگىل كەلمەيلا تۇرۇشىنى تىلەيتتى. ئەمما خوتۇنى ماڭىدىغان بولۇپ تېلېفون قىلدى، گەپلىرى ياسىننى چۆچۈتكىلى تۇردى:

____ ئەتە ماڭىمەن، مەن بارغىچە ئا قىزنى كۆزدىن يوقىتىڭ.

____ نېمىشقا ؟____ دېدى ياسىن بىرسى كۆتىگە تەپكەندەك كەينىگە قاراپ قويۇپ،____ ھازىر بازار يامان ئىتتىك، تاماق توشۇيدىغان، چاي ئەكىلىدىغان، قاچا يۇيىدىغان ئىشلارغا بىر ئادەم يېتىشىپ بولالمايدۇ، تاڭجاڭدىن ئىككىسى بولىسمۇ ئازلىق قىلىدۇ. بۇ قىز يالغۇز جېنىغا ئىككى ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلىۋاتىدۇ. سەن كەلسەڭ، قوشۇمچە قارىشىپ بەرسەڭ بولىدۇ، ئۆيىنىڭ ئىشىمۇ ساڭا قاراشلىق، بالىغا قارىمىساڭ بولمايدۇ. مەن سېنى ئارام ئالسۇن دەۋاتسام، ئۆزەڭگە جاپا سېلىپ نېمە قىلىسەن؟ سەنمۇ باشقا لاۋبەن خوتۇنلاردەك راھەتتە ياشىساڭ بولمامدۇ دەيمەن...

____ بىز تېخى ياسىنۇقنى قىرلاپ ئوڭدا ياتقۇدەك بېيىپ كەتمىدۇق، كىچىككىنە ئاشخانىدا يېتىشىپ بولالمىغۇدەك نېمە ئىش بار، مەقسىتىڭىزنى ھېچ چۈشەنمىدىم.

قايغۇ-مۇسىبەتتە تۇرۇۋاتقان رەيھاننىڭ كۆڭلى شۇ قەدەر پەرىشان، گەپلىرى تولا، كەيپىياتى شۇنىرغاندەك سوغۇق ئىدى.

____ پۇل تېپىشتىن باشقا مېنىڭ نېمە مەقسىتىم بار، دەپ باقە!____ دېدى ياسىن قىپقىزىل كۆيۈپ،___ سېنى جاپا چېكىپ قالمىسۇن ، سېنى دەپ بالا جاپا تارتىپ قالمىسۇن دەۋاتىمەن. سەن نېمە كويدا، مەن نېمە كويدا؟

____ ئۆمەرنى بىللە بارىمەن، ئۆتكەندە ئۆزىڭىز دېگەن، ئورنىڭىزدا كاۋاپچىلىق قىلىدىغان بىر ئادەم كېرەك، ئۆمەر بارسا ئۇمۇ ماڭا قارىشىپ بېرىدۇ ، ئاشخانىغا ئەمدى ئارتۇق ئادەمنىڭ لازىمى يوق. ئەڭ ياخشىسى، مەن بارغىچە ئۇ قىزنى كەتكۈزىۋېتىڭ، كۆزۈم كۆرمىسۇن...

ياسىن ئۆتكەندە ئاچىسىنىڭ تولۇقسىزنى تۈگەتكەن ئوغلى ئۆمەرنى يېنىغا ئەكىلىۋېلىشنى ئويلاپ، خوتۇنى بىلەن مەسلىھەت قىلىشقان، ئاچىسىغا تېلېفون قىلغان بولىسمۇ، كېيىن بۇنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئاچىسىمۇ ئوغلىنى يالغۇز يولغا سېلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ ئەۋەتمەي تۇرغانىدى.

____ مەن ساڭا ئۇنى ئېلىپ كەل دېدىممۇ؟____ دېدى ياسىن چېچىلىپ،___ نېماداق ئۆز بېشىمچى بولۇپ كەتتىڭ؟

____ ئۆتكەندە دېيىشتۇققۇ؟ نېمگە ئاچچىقلايسىز؟ ئۆزىڭىزنىڭ ئىنىسىغۇ؟ ئۆيدە بىكار ئولتۇرغىچە ئىشلەپ پۇل تاپمامدۇ؟ ئاچامغۇ ئوغۇل بالا بولغاندىكىن مەيلى دېدى، قوينۇڭدىن تۆكۈلسە قونچۇڭغا دەپتىكەن، نېملا دېگەن بىلەن ئۆز تۇغقان، باشقا ئادەمگە باققاندا ئىشەنچلىك، شۇڭا ئۆزەم قارار چىقاردىم، ئەمدى مۇشۇنچىلىكمۇ ھوقۇقۇم يوقما؟

____ لېكىن ماڭا بىر ئېغىز دەپ قويۇشۇڭ كېرەك-تە! ئۆمەر كېلىدىغان ئىش بولسىمۇ ئاچامغا ئۆزەم تېلېفون ئۇرۇشۇم كېرەك، سەن نېمگە ئالدىراپ كەتتىڭ؟

____ ئادەم ئەكىلىشكە ئالدىراپ كەتكەن ئادەم سىزمۇ مەنمۇ؟ مەن ئەكىلىدىغان ئادەم ئۆزىڭىزنىڭ ئىنىسى، ئىنىڭىزغا ئىش تېپىپ بەرسەك نېمە يامىنى؟ ئۆتكەندە ماقۇل دېگەن ئادەم ئەمدى نېمىشقا گېپىڭىزدىن يېنىۋالىسىز، شۇ قىزنى كەتكۈزۈۋېتىش شۇنچە تەس كېلىۋاتامدۇ؟ توۋا قىلدىم خۇدايىم، سىزگە ھەيران قېلىۋاتىمەن جۇمۇ!

____ ماڭا قارا، سەن بۇ ئىشنى قەستەن قىلىۋاتىسەن، مەندىن گۇمانلىنىۋاتىسەن. لېكىن بۇ ئاشخانىدا ئىش-ئوقەتتىن باشقا ھېچقانداق ئىش يوق. ئۇ قىزمۇ كۈندۈزى ئىشلەپ ئاخشىمى كېتىدۇ. ئۆزەڭنىڭ سىڭلىسىدەك كىچىككىنە قىز، ئىشلەشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ، ئىشەنمىسەڭ كېلىپ ساۋۇت بىلەن ھاشىمدىن سوراپ باق. بۇ يەردە نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگىنىمنى شۇلار بىلمەي قالامدۇ؟ مەن نېمە قىلالايتتىم، مېنىڭ ئۇ قىز بىلەن نېمە ئىشىم بولماقچىدى؟ مەن سېنىڭ نەزىرىڭدە خوتۇندىن ئون كۈن ئايرىلسا چىدىيالمايدىغان شۇنچىلىك سويۇق، شۇنچىلىك پەس ئادەممىدىم؟ مەنمۇ سېنىڭ بۇ گۇمانخورلۇقۇڭغا، بۇ ئاچچىقىڭغا ھەيران! ___ ياسىن سۆزلىگەنچە ئۇۋۇاللىقتا ئۈچرىغاندەك زارلىنىپ كەتتى.

____ لېكىن سىز شۇ تېلېفوننى بېسىۋەتكەندىن باشلاپ كۆڭلۈمگە شەك چۈشكەن، بىر كېچە ئۇخلىماي يىغلاپ چىقتىم، ئويلىمىغان ئىشلارنى ئويلىدىم. سىزگە شۇنچىلىك ئىشىنەي دېسەممۇ كۆڭلۈم قويمىدى. شۇ كۈنلەردە تېلېفون ئۇرۇپ تۇرغان بولسىڭىز ئۇنداق ئويلىمايتتىم، شۇ كەچتە تېلېفونىڭىزنىڭ توكى تۈگەپ كەتكەن بولسىمۇ، بەش

مىنۇتلۇق توك قاچىلىسىڭىز تېلېفونومنى جىرىڭلىتىپ قويۇشقا بولىسمۇ يېتەتتى، مەن يەنە قايتۇرۇپ ئۇراتتىم. دېمەك، سىز شۇنچىلىك ئىشقىمۇ يارىمىدىڭىز، قېينانىڭىزنىڭ ھالىدىن قىلچە ئەنسىرىمىدىڭىز، مۇسىبەت خەۋىرى كېلىپ قالار دەپمۇ ئويلىمىدىڭىز، شۇ ۋاقىتتا سىز ئويغاق، ھەممىنى بىلىپ تۇرۇۋاتقىنىڭىزنى كۆڭلۈم تۇيىدى. نەچچە ئۇردۇم، تېلېفونىڭىز ئېتىك. قاقشىدىم، زارلىدىم، ئېرىمنىڭ مەيدىسىگە بىرسى مەيدىسىنى چاپلاپ يېتىپتۇ، بىر مەينەت مۇشۇك ئېرىمنىڭ يۈرىكىنى تارتقۇشلاپ يېگىلى تۇرۇپتۇ دەپ ئويلىدىم. شۇ سېرىق مۇشۇك ئېسىمدىن پەقەت چىقمىدى، مەن ئانچە گۇمانخور ئەمەستىم، ئەمما نەچچە يىللىق ئۆي تۇتۇش جەريانىدا سىزنىڭ تۇرقىڭىزدىن تارتىپ مىجەزىڭىزگىچە ھەممىنى بىلىپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن گۇمانلاندىم، ياق، كۆڭلۈم تۇيغىنىغا ئىشەندىم.

ياسىن خوتۇنىنىڭ بۇ سەزگۈرلىكىگە، كۆڭلىگە ئالىلقاچان دەز كەتكەنلىكىگە ئامال قىلالمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. "خوتۇن كىشى دېگەن دۆت، قاشاڭراق بولسا ياخشى بولىدىكەن" دەپ ئويلىدى. خوتۇنى مەيلى نېمىلا دېسۇن، توغرا دەۋاتاتتى، ئەمما ياسىننىڭ ئۇنى دەرھال ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىدى، گۇلشەننى پوكىنىغا بېسىپ ياتقاندا كالللىسىدىن ساقىپ كەتكەن نومۇس تۇيغۇسى خوتۇنىنىڭ ۋىجدان سورىقى ئالدىدا قايتا پەيدا بولدى.

____ سەن بەك ئارتۇق ئويلاپ كېتىپسەن، ھەرگىز ئۇنداق ئىش يوق! ___ دېدى ئۇ كەسكىن ھالدا، ئەگەر غىلجىڭلىق قىلىپ گەپ ئويناتسا خوتۇنى تېخىمۇ گۇمانلىناتتى،___ ئۇ كۈنى غېنى شاڭجاڭ كەپتىكەن، ئېغىر ئولتۇرۇپ قويۇپتۇق، غەرق مەست كىرىپ ياتقىنىمنى بىلمەن، بىر چاغدا تېلېفون توۋلىدى، غېنى شاڭجاڭ يەنە بىر يەرگە بارىلى دەمدىكىن دەپ تېلېفوننى ئېتىپ قويۇپ يەنە يېتىپتىمەن. ئەتىسى ۋاق قوپۇپ تېلېفوننى ئاچتىم، ئېچىپلا ساڭا تېلېفون قىلدىم. بولغان ئىش مۇشۇ، ئەگەر يېنىمدا سەن گۇمان قىلغاندەك ئۇ قىز بولسا، مەن نېمىشقا تېلېفوننى ئالمايتتىم، چوقۇم ئالاتتىم، ساڭا چاندۇرماي گەپ قىلاتتىم، كۆزۈڭ كۆرمىگەندىكىن مەندىن قىلچە گۇمانلانمايتتىڭ، شۇنداق ئەمەسمۇ يا؟ مەن سېنىڭ گۇمانىڭنى قوزغىغۇدەك شۇنچە دۆتمىدىم؟ سەن شۇنچە چىرايلىق تۇرساڭ، باشقا قىزلارغا قاراپ غىلجىڭلاپ يۈرۈيدىغان ساراڭمىدىم؟ مېنى شۇنداق تۇتامى يوق، ۋىجدانى يوق كۆرەمسەن؟ ھەممە ئەر-خوتۇن سەندەك كۆڭلۈم تۇيىدى دەپلا گۇمان قىلىۋەرسە، بىر-بىرىگە ئىشەنمىسە بۇ ئۆيىنى قانداق تۇتقىلى بولىدۇ؟...____

ياسىن ئۆز گېپىدىن ئۆزى تەسىرلىنىپ سۆزلەپ كەتتى، ۋە سۆزلىگەنچە ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى، خوتۇنىنىڭ كۆڭلىدىكى داغنى گەپ بىلەن يۇيۇۋەتكەندەك يېنىكلەپ قالدى.

ـــــ ئۆزىنى ئاقلاش گەپ بىلەن بولمايدۇ، ئەمەلىيەت بىلەن بولىدۇ،ـــ دېدى رەيھان ئېغىر تىنىپ قويۇپ،ــــ ئەگەر ئۆزىڭىزنى مېنىڭ ئالدىمدا پاك كۆرسەتمەن دېسىڭىز، مەن بارغىچە ئۇ قىزنى ئاشخانىدىن نېرى قىلىڭ.

ياسىن شۇنچە گەپلىرىنىڭ خوتۇنىغا كۆڭۈلدىكىدەك تەسىر قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچتى. خوتۇنىنىڭ بۈيرۇق تەلەپپۇزىدا گەپ قىلىشمۇ كۆڭلىگە پەقەت ياقمىدى. ئەمما خوتۇنىغا دەرھال ئاچچىقلاپ، بۆرە تېرىسىنى كىيىپ چىقسا ئۇ تېخىمۇ گۇمانلىنىپ، ئاران ئوڭشىغان ۋەزىيەت يەنە يامانلىشىپ كېتەتتى.

ـــــ مەن شۇنچە دېسەم يەنە شۇ گەپمۇ، ساڭا زادى نېمە بولدى؟ــــ دېدى ياسىن ئۆزىنى شۇنچە بېسىۋېلىشقا تىرىشسىمۇ سەپرايىغا بەس كېلەلمەي،ــــ جېدەللىك شۇ قىز بىلەن قالدىغۇ، بىر ئويدان ئىشلەپ بېرىۋاتقان قىزنى نېمىشقا بىكاردىن بىكار كەتكۈزىۋېتىمىز دەيمەن، ئۆمەر كەلسە مېنىڭ ئورنۇمدا كاۋاپچىلىق قىلىدۇ، سەن ئۆينىڭ ئىشىنى قىلسەن، ئۇ قىز تاڭجاڭلىق قىلىدۇ. پۇل تاپقانچە ئۇنىڭ راھىتىنى كۆرمىسەك بولامدۇ؟ قايسى ئاشخانىدا لاۋبەنلەرنىڭ پالاقلاپ يۈرگىنىنى كۆرگەن سەن؟ بىزمۇ بىر راھەت كۆرۈپ باقايلى، شۇنچە يىل جاپا تارتىپتۇق، يەنە قېرىغىچە ئېشەكتەك ئىشلەپ يۈرىمىزمۇ؟

ـــــ بىر نان تاپساق داپ چېلىپ، لاۋبەن بولدۇق دەپ كېرىلىپ يۈرۈيمىزما؟ غېنى شاڭجاڭنى بوشراق دوراڭ، ھالىمىزغا بېقىپ ئىش قىلىلى، ئىشلىمىسەك پۇل نەدە، ئىشلىمىسەك نېمە ئىش قىلىمىز؟ كىچىككىنە ئاشخانىدا ئارتۇق ئادەمنى پۇتلاشتۇرۇپ نېمە قىلىمىز؟ شۇ قىزنىڭ پۇلىنى ئۆمەرگىلا بېرىڭ، مەنمۇ ئۆي ئىشىدىن بىكار بولسام ئاشخانىغا قارىشىپ تۇرىمەن. يانچۇقتىكى پۇل ئۆزىمىزگە قالىدۇ.

ياسىن تەڭقىسلىقتا قالدى، ئۇ خوتۇنىنىڭ ئالدىدا بىرەر لاۋدانىڭ بېسىمىغا ئۇچرىغان شوركىدەك بۇنداق تەمتىرەپ، تۇگۈلۈپ تۇرۇشنى خالىمايتتى، ئىچ-ئىچىدىن بىر ئەرلىك غۇرۇر، ئەسەبىيلىك تېپىچەكلەيتتى. يىراقتىن گۈلشەن ئۇنىڭ ئەركەكلىكىنى سىناۋاتقاندەك تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى، غېنى شاڭجاڭ بولسا تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلەپ " خوتۇنىنىڭ سىزىقىدىن چىقالمايدىغان ئەرنى ئەر دېگىلى بولامدۇ" دەپ ئۇنىڭ ئىچىنى قايىنىتاتتى.

ـــــ ماڭا قارا خوتۇن، ئۇ قىز كەلگەنىدىن بېرى ئاشخانىنىڭ سودىسى شۇنداق ياخشى بولۇپ كەتتى، خېرىدارلار تاماقىلا ئەمەس، كۆتكۈچىلەرگىمۇ بەك دىققەت قىلىدۇ. بەك سەتنى ئەكىلىپ قويساڭ، يېگەن تامىقىنى ياندۇرۇۋېتىدىغانلار چىقىدۇ. ئەمدى بۇ قىزنى دېسەڭ ھەقىقەتەن چىرايلىق، نۇرغۇن خېرىدار مۇشۇ قىزنى دەپمۇ

ئاشخانىغا كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ قىزنىڭ ئايىغى بەك چاققان. سىنىڭ گېپىڭ بىلەن، ئۇنى بىكاردىن بىكار كەتكۈزىۋەتسەم ئاشخانىدىن چوقۇم زىيان چېقىدۇ. شۇڭا ئۇنى كەتكۈزىۋېتىشكە مەن قوشۇلمايمەن.

ـــــ ما گەپنى كۆرۈڭ، ئۇ چىرايلىق بولسا مەن سەتمىكەنمەن؟ مەن بار چاغدىمۇ خېرىدار ئۈزۈلمەيتتىغۇ؟

ـــــ مەنزە خوتۇنۇم چىرايلىق، خوتۇنۇم سەتەڭ دەپ سىنى خەققە كۆرگەزمە قىلىدىكەنمەن-دە! ھېلىمۇ يېتەر، ئۆيدە نامىزىڭنى ئوقۇپ، بالىنى بېقىپ، باتەيدە پۇل ساناپ ئولتۇرۇپ بەر.

ـــــ ئۇ قىزنىڭ مەندىن ئېشىپ چۈشكۈدەك نىمە ئالاھىدىلىكى باركەن؟ سىزنىڭ ئۇ قىزنى قويۇپ بەرمەسلىكىڭىزدىكى مەقسىتىڭىز زادى نىمە؟

ـــــ مەن ساڭا نەچچە قېتىم دەپ بولدۇم، بۇنداق تەتۈرلۈك قىلما، مېنىڭ مەقسىتىم پەقەت پۇل تېپىش، ساڭا يۈز قېتىم دېسەممۇ دەي، مەقسەت پۇل تېپىش! بۇ قىز بەك ئالسا ئالتە يۈز كوي ئالىدۇ، ئەمما ئېلىپ كېلىدىغان پايدىسى ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە كۆپ.

ـــــ مەن بار چاغدىمۇ ئاشخانا ئوبدان مېڭىۋاتتىقان، پايدىمۇ كىرىۋاتتىقان. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ. شۇڭا ئۇ قىزنىڭ ئەمدى لازىمى يوق.

ـــــ سەن مەن بىلەن بۇنداق قىرىشما، كۆڭلۈڭگە كەلسىمۇ دەي، سەن ئەمدى بۇ ئاشخانىغا كونىراپ قالدىڭ، خېرىدارلار يېڭى كۆتكۈچى، يېڭى چىرايغا ئامراق. سەن يەنە شۇ خەققە جىلمىيىپ، چاي توشۇپ يۈرەمسەن؟ مەن بۇنىڭدىن نومۇس قىلىمەن. شۇڭا سەن ئەمدى تاڭجاڭلىق قىلمەن دېمە، سىنىڭ ئورنۇڭ ئاشخانىدا ئەمەس، ئۆيدە، ئىشلىك بولمىسا ئۆيدىن چىقماي ئۇخلا، يا بولمىسا ئاشخانىغا چىقىپ مېنى كۆزىتىپ ئولتۇرۇپ بەر. نىمە ئىش قىلساڭ قىل، لېكىن ئۇ بىگۇناھ قىزنى بىكاردىن بىكار ھەيدىۋەتمە. قانداق ئويلىساڭ ئويلا، مەن بۇنىڭغا قوشۇلمايمەن.

ـــــ مانا ئەمدى گەپلەر چىقىۋاتىدىغۇ!ـــ دېدى رەيھان توساتتىن بىر نىمىنى بايقىغاندەك ئۈنلۈك ئاۋازدا،ـــــ ئاشخانىغا كونىراپ قالدىممۇ يا سىزگە كونىراپ قالدىممۇ؟ يېڭىسىنى كۆرگەندە كونىسىنى تاشلايدىغان گەپما؟ ئەر خەق دېگەننىڭ زادى يېڭىسىغا كۆزى تويمايدۇ.

ـــــ سېنى بۇنچىلىك گۇمانخور، بۇنچىلىك ئۇششاق سۆز دەپ ئويلىماپتىكەنمەن،ـــــ دېدى ياسىن خوتۇنىغا قاتتىق ئېچىنىۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا،ـــــ نىمە دېسەڭ دە، سىنىڭ كۆندەشلىكىڭنى دەپلا مەن ئۇ قىزنى

كەتكۈزۈۋېتىپ، ئاشخانىنىڭ سودىسىنى بۇزمايمەن.

____ مەنلا بولىدىكەنمەن، ئۇ قىزنى تۇرغۇزمايمەن، ____ دېدى رەيھان گۇمانىغا قەتئىي ئىشەنگەندەك.

____ سەن مېنى باشقۇرامسەن يا مەن سېنى باشقۇرىمەنمۇ، شۇ ۋاقىتتا كۆرەرمىز، ___ دېدى ياسىن رەقىبىگە جەڭ ئېلان قىلىۋاتقان نوچىدەك جار سېلىپ،____ ئاشخانىنىڭ ئىشىغا ئۆزەم ئىگە، كىچىك بولسامۇ لاۋبەنمەن، خەقنىڭ ئالدىدا ماڭىمۇ يۈز-ئابرۇي كېرەك، خوتۇنۇم بولغاندىكىن مېنىڭ دېگىنىمگە بويسۇنۇشۇڭ كېرەك.

____ قالغىنىنى مەن بارغاندا دېيىشەرمىز...

رەيھان شۇ گەپنى دەپلا تېلېفوننى ئەتتى، دېمەك ئۇنىڭ گۇمانى قانچە كۈچلۈك بولسا، قارارىمۇ شۇنچە مۇستەھكەم ئىدى. ياسىن شۇنچە مۇلايىم خوتۇنىنىڭ نېمىشقا توساتتىن بۇنچە يامانلىشىپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنەلمەي قالدى. ھەيز ۋاقتىدا شۇنداق سەپرايى ئۆرلەپ قالىدىمىكىنە؟ ياكى ئانىسىدىن ئايرىلىشىنىڭ دەردىدە كاللىسىدىن سەل كېتىپ قالدىمۇ؟ ياكى ئېرىنى بەك سېغىنىپ كېتىپ، قاتتىق جىلە بولۇۋاتامدۇ؟...

ياسىن مەيلى قانداقلا ئويلىسۇن، ئەمدى كېيىنكى كۈنلەردە خوتۇنىنىڭ گۇمانىنى تۈگىتىش، قاپىقىنى ئېچىلدۇرۇش، كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن تىرىشمىسا بولمايدىغانلىقى چۈشەندى. مەيلىنى گۈلشەنگە بېرىۋەتتى، رەيھانغا قانچىلىك كۆڭلى قالدى؟ رەقىبىدەك ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان بۇ خوتۇنغا ئەمدى قانداق كۆڭۈل بەرەمكىچى؟ كۆڭۈلنى ئويلاشتىن ئاۋۋال شۇ كۆڭۈلدە ئىشەنچ تىكلەش لازىم. بۇ ئىشەنچ بولمىسا ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت يەنە بۇزۇنقىدەك كۆڭۈللۈك بولارمۇ؟ رەيھان بۇرۇنقىدەك مەھلىيالىق ھالىتىگە قايتارمۇ ياكى ھەر ۋاقىت كۈندەشلىك ئوتىدا كۆيۈپ، ئېرىنىڭ ئاستىدا ياتسىمۇ ھەسرەتلىنىپ، بارلىق ھېسسىياتىنى كۈل قىلىۋېتەرمۇ؟

خوتۇنى تېلېفوننى ئېتىۋەتكەندىن باشلاپ ئۇ ئىختىيارسىز جىددىيلىشىشكە باشلىدى، خاتىرجەملىكى بۇزۇلدى، ئەركىنلىكى خىرسقا دۇچ كەلدى، بۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇش كېرەك؟ خوتۇننى قانداق ئالداپ، قانداق يۇۋاشلىتىپ ، قانداق ئەل قىلىش كېرەك؟ ئەگەر ئۇ پەيلىنى بۇزسا بۇنى قانداق بېسىقتۇرۇش كېرەك؟ ئەگەر راستىنلا جېدەللىشىپ، ئۆي بۇزۇلغىدەك بولسا ئۇنىڭ بىلەن قانداق كېلىشىم تۈزۈش كېرەك؟ "غەنىمەت"نى قانداق ئايرىش كېرەك؟ شۇنداقمۇ بولارمۇ؟... ياسىن قاتتىق ئويلىنىپ كەتتى، ئىتتىپاقداشلار ئەمدى رەقىبلەرگە ئايلىنىۋاتقان بۇ پەيتتە

ئۇ گويا رەقىبىگە قارشى ئۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتكەن ھەربىي قوماندانغا ئوخشايتتى، ئۆزىگە ئۆزى مەسلىھەت بېرەتتى، نەپسانىيەت ئەسكەرلىرىنى قانداق تەرتىپكە سېلىش، قانداق يوشۇرۇش، قانداق ھۇجۇمغا ئاتلاندۇرۇش ، قانداق غەلىبىگە ئېرىشىش تاكتىكىلىرىنى مۇھاكىمە قىلاتتى...

نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر "ئۇرۇش" ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىسىز ئىدى، "ئىللىق ماكان"____ ئائىلە خانىۋەيران بولاتتى، بىگۇناھ بالا زىيانكەشلىككە ئۇچرايتتى.

شۇنداقمۇ بولارمۇ؟ نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟...دەپ ئويلايتتى ياسىن تاماكىسىنىڭ ئىس-تۈتەكلىرىگە قاراپ.

ئۇ سولىشىپ ئاشخانىغا كىردى، ئالدىراش ئىشلەۋاتقان گۈلشەنگە ئامراقلىق، قىيالماسلىق، ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويدى. گۈلشەنمۇ ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى، غوجاكىسىنىڭ دەرت-ئەلىمىنى سەزدى. ئەقىللىق قىز سەزگۈرلۈكتە رەيھاندىن كەم ئەمەس ئىدى، ياسىن بۇ سەزگۈر قىز-چوكانلارنىڭ ئارىسىدا قېلىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئوڭايسىزلىنىپ، تىترىلداپ يۈرسىمۇ، خوجايىنلىق ئىمتىيازى ۋە ھەممە ئىشىغا ئۆزلۈم ئىگە دەيدىغان ئەركەكلىك غۇرۇرىغا ئىشىنىپ " ۋاقتى كەلگەندە ھەممە ئىشنى ئۆزەم ئوڭشايمەن" دەپ ئۆزىگە مەدەت بەرمەكتە ئىدى.

ئۇ ھۇجرىسىغا كىرىپ قوش كىشىلىك كارىۋاتتا ئوڭدا يېتىپ، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىشقا، قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشنىڭ چارىلىرىنى ئويلاشقا باشلىدى. ئەڭ مۇھىم مەسىلە يەنىلا خوتۇنىنىڭ جاھىللىقىنى تۈگىتىش ئىدى، ئۇ ئەتە-ئۆگۈن كەلسە ياسىن ئۇنىڭ بۇرۇنقى سۆيۈملۈك چىرايىنى ئەمەس، كۈندەشلىكتىن، غەزەپتىن ئۆزگىرىپ كەتكەن چىرايىنى  كۆرىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ دىلىنى رەنجىتمەي، ئۇنى-بۇنى دەپ كۆڭلىنى ئېلىپ، ئاخشىمى ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپ، نېرۋىسىنى تىنچلاندۇرۇپ، كۆڭلىنى خوش قىلىپ، بارلىق دەرد-ھەسرىتىنى كەتكۈزۈۋېتەلەمدۇ؟ بۇمۇ ئۇنۇم بەرمىسچۇ؟ تاڭ ئاتقاندا رەيھان قاپىقىنى تۈرۈپ، جىن چاپلىشىپ قالغاندەك ئەلەڭ-سەلەڭ قوپسىچۇ؟ ياسىن ئەگەر جىنكەش، داخان بولسىدى، خوتۇنىغا دەم سېلىپ، ئۇنىڭغا چاپلىشىۋالغان كۈندەشلىك شاياتۇنلىرىنى قوغلاپ، كاللىسىنى ساقايتقان بولاتتى...

ياسىننى غەم-غۇسسە چىرمىۋالدى، خوتۇنىنىڭ كاللىسىنى ساقايتىشتىن ئاۋۋال ئۆزى كاللىسىدىن كېتىپ

قالىدىغاندەك قىلاتتى. شۇ ئەسنادا گۈلشەن كىرىپ، ئۇنىڭ روھسىز، پەرىشان ياتقانلىقىنى كۆرۈپ بايا كۆڭلىگە كەچكەنلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلدى.

____ ئاشخانىدا ئىش تۈگىدىمۇ؟__ دېدى ياسىن ئۇنىڭ كىرگىنىگە ئانچە خوش بولمىغاندەك.

____ تۈگىدى، سىزدىن ئەنسىرەپ كىردىم.

____ ماڭا نېمە بوپتۇ، ئۆزەڭنىڭ ئىشىنى بىل.

____ ئۇنداق سەت قارىماڭە، قورقىدىكەنمەن...____ دېدى گۈلشەن تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ ناز قىلىپ،___ مۇشۇنداق چاغدا سىزنى يالغۇز قويۇشقا تېخىمۇ چىدىمايمەن...

ياسىن ئۆزىنىڭ يېنىغا چىقىپ ياتقان گۈلشەنگە قاراپ ئېغىر تىنىشقا باشلىدى، كۆزلىرىدىن شەھۋەتنىڭ ئەسەبىي ئۇچقۇنلىرى ئەمەس، غەمكىنلىكنىڭ غۇۋا نۇرلىرى چاقنايتتى.

____ رەيھان ھەدەم كېلەمدىكەن؟__ دېدى گۈلشەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ.

____ ھەدەم دەپ كەتتىڭغۇ ئەمدى، شۇ ھەدەڭنىڭ ئىشى بولمامدۇ؟ گېپىدىن قارىغاندا ئۇ كەلسە سەن كېتىدىغان ئوخشايسەن.

____ سىز نېمە دېدىڭىز؟

____ مەنما، كەتسۇن دېدىم، بۇنداق دېمىسەم خوتۇن مەندىن ئاجرىشىدىغان ئوخشايدۇ.

گۈلشەن ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەندەك قارىدى، قولى توختاپ قالدى، كۆزلىرى ئەجەبلىنىش، ئەنسىزلىك ئىلكىدە قېتىپ قالدى:

____ راست دەۋاتامسىز؟

____ مېنى چاقچاق قىلىدۇ دەۋاتامسەن؟___ دېدى ياسىن ئۇنىڭ ياش ئېتىلىپ چىقاي دەۋاتقان كۆزىگە تىكىلىپ،____ ئىككى خوتۇننى بىر يەردە بېقىش تەس ئوخشايدۇ. ئىككىڭلار ئاچا-سىڭىلدەك ئۆتكەن بولساڭلارغۇ، ماڭا نېمە غەم؟! بۇ خوتۇن ئويلىمىغان يەردىن بەك كۈنلەمچى چىقىپ قالدى، مېنى زادى ھېچكىمگە بەرگۈسى يوق، ئۆزىنىڭلا قۇچاقلاپ ياتقۇسى بار. ئۇنىڭ نەزەرىدە سەن ھازىر بەك يامان قىز، ئۇنىڭ رىزقىنى تارتىۋالغان دەيۋز ئالۋاستى. شۇڭا ئۇ كەلسىلا چىچىڭنى يۇلمەن دەپ تۇرىدۇ. ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئاجرىتىپ قويياي دېسەم خوتۇن مېنىمۇ

**ئۆرىدۇ. دەپ باقە، مەن قانداق قىلىمەن؟**

**گۈلشەننىڭ كۆزىدىن ئاچچىق ياشلار تۆكۈلگىلى تۇردى، ئورنىدىن قوپۇپ باشقا ياققا قاراپ ئولتۇردى.**

**ـــــ بۇرۇنقى بايلارنىڭمۇ چوڭ خوتۇن، كىچىك خوتۇنلىرى بوپتىكەن، شۇ خوتۇنلارمۇ سوقۇشماي ئۆتۈپتىكەنتۇق...ـــ دېدى ياسىن خۇددى گۈلشەنگە تەسەللىي بولسۇن ئۈچۈن ھېكايە سۆزلەۋاتقاندەك،ــ نۆۋەت بىزگە كەلگەندە جاھان تارلىشىپ قالدى، ياق، خوتۇن خەقنىڭ كۆڭلى تارلىشىپ كەتتى. بۇرۇنقى بايلار نوچى ياشاپتىكەن، خوتۇنلىرى ھەددىدىن ئاشسا تاناۋىنى تارتىپ تۇرغاچقا، خوتۇنلىرى ئۇلاردىن چۆچۈيدىكەنتۇق. مانا ھازىر ئەرلەر خوتۇنىدىن قورقىدىغان بولۇپ كەتتى، خوتۇن خەق ئەرلەرنى يىغلاپمۇ، كۈلۈپمۇ قورقىتىدۇ، ئاچچىقلاپمۇ، قىيداپمۇ قورقىتىدۇ؛ خوتۇن خەقنىڭ ھىيلە-مىكرى تولا، شۇڭا خوتۇن كىشىنى شەيتان دەيمىز. بۇنداق دېسەم، ئۆزەڭگە ئېلىۋالما، ھەممە خوتۇن شۇنداق. خوتۇن خەق يامان بولمەن دېسە بىر دەمدىلا ئەر خەقنى بېسىپ چۈشىدۇ، بۇنىڭغا ئىشىنەمسەن؟ كاللامدا ھازىر خوتۇنلىرىمنى قانداق بويسۇندۇرۇشنىڭ چارىسىنى ئويلاۋاتىمەن، چوڭ خوتۇنۇم كىچىك خوتۇنۇمنى كۆرمەي تۇرۇپلا دۈشمەن بولۇپ كەتتى. بۇ نېمىنى چۈشەندۇرىدۇ؟ خوتۇن خەقنىڭ دەھشەت يامانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا خوتۇنۇم نېمە دېسە ھە دەپ ئولتۇرمىسام، ئەتە-ئۆگۈن بېشىمغا بىر بالا كېلەمدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن...**

**گۈلشەن گەپ قىلماي، ياسىنغىمۇ قارىماي ئۈنسىز ياش تۆكۈپ ئولتۇراتتى.**

**ـــــ يىغلاۋاتامسەن؟...ــــ دېدى ياسىن ئۈنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ، ــــ سىرىق تۆكۈكىمۇ چۈشمىگەن بىر قىزكەنسەن، كىچىككىنە تۇرۇپ دەرتتە قالدىم دەۋاتامسەن؟**

**ـــــ مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا نېمىتىم؟ــــ دېدى گۈلشەن ئاۋازى قىسىلىپ قالغاندەك تەستە گەپ قىلىپ،ـــــ كەل دېسىڭىز كېلىپ، كەت دېسىڭىز كېتىمەن شۇ...**

**ـــــ كەتسەڭ ئىككىنچى كۆرۈشەلمەيمىز، خوتۇنۇم بۇنىڭغا يول قويمايدۇ.**

**ـــــ مەيلى، سىزنىڭ كۆڭلىڭىز شۇنىڭدىن ئارام تاپسا، مەن نېمە بولسام رازى.**

**ـــــ كەتكەندىن كېيىن مېنى ئۇنتۇپ كەتمىسەڭ بولمايدۇ، خوتۇنىدىن قورقىدىغان مەندەك ئەرنى ئەسلەپ قانداق قىلىسەن!**

ـــــ ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، كۆڭۈل دېگەننى باشقۇرغىلى بولمايدۇ.

ياسىن بۇ گەپلەردىن سۆيۈنگەنچە گۈلشەنگە تېخىمۇ ئىچى كۆيۈپ، خوتۇننى قەلبىنىڭ مۆرىخانىسىغا بەنت قىلىۋەتتى. ئىلگىرى رەيھانىنىڭمۇ گۈلشەندەك شۇنداق ناز-خۇلقى ۋە تاتلىق گەپلىرى بولغان، ئەمما گۈلشەن بۇ ئەسلىمەلەرنى ياسىننىڭ مېڭىسىدىن پاك پاكىز يۇيۇۋېتىپ بولغانىدى. ياسىننىڭ كۆز ئالدىدا، ھەتتا كۆڭلىدە ھازىر پەقەت مۇشۇ كىچىك خوتۇنىلا بار ئىدى.  ئۇ گۈلشەننى قولىدىن تارتىپلا قوينىغا ئېلىپ، ئەسەبىيلەرچە سۆيۈپ، شەھۋەت پىلتىسىگە ئوت ياقتى؛ بارلىق جىددىي ئوي-خىياللىرى،  خوتۇنىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارە-تەدبىرلىرى كاللىسىدىن بىراقلا يوقالدى. ئىش تۈگىگەندە نېرۋىسى تىنچلاندى، گۈلشەنمۇ يىغىسىنى توختاتتى. ئىككىسى ئازادە پاراڭلىششقا باشلىدى.

ـــــ گەپنى چىقىرىپ بولغىچە يېشىڭنى ئېقىتىپ بولدۇڭ، قارىغاندا مەندىن پەقەت ئايرىلالمايدىغان ئوخشايسەن..

ـــــ شۇ ئەمەسمۇ، سىزدىن ئايرىلسام بىلىق سۇدىن ئايرىلغاندەك ئىش بولىدۇ.

ـــــ ئۆلۈپ قالمەن دېمەكچىما؟

ـــــ ئۆلمىسەممۇ ئۇنىڭ بىرىسى بولىدۇ.

ـــــ مېنى خوتۇنىدىن قورقىدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟

ـــــ خوتۇنىڭىزدىن قورقىشىڭىز چوڭ مەسىلە ئەمەس، مېنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنىم مۇھەببەت.  ئۇنى مېنىڭدىنمۇ بەك ياخشى كۆرۈشىڭىزدىن قورقمەن.

ـــــ ئەگەر راستىنلا خوتۇنۇمدىن قورقۇپ سېنى كەتكۈزۈۋەتسەم سەن نېمە دەيسەن، مېنى نېمە دەپ ئويلايسەن؟

ـــــ پەقەت مېنى ياخشى كۆرسىڭىزلا، سىزدىن ھېچقانداق ئاغرىنمايمەن؛ نەدە بولسام ئوخشاش، لېكىن شۇ سىزنى كۆرۈپ تۇرسام دەيمەن.

ـــــ خوتۇنۇمنىڭ پەيلى يامان تۇرىدۇ، لېكىن مەنمۇ بوش كەلمەيمەن. ئەگەر ئۇ مەن بىلەن قېرىشىپلا سېنى ھەيدىۋېتىمەن دېسە، ئۇنىڭغا يول قويمايمەن. ئاشخانىدا بىر ئوبدان ئىشلەۋاتساڭ، نېمشقا كەتكۈزۈۋەتكۈدەك؟

خوتۇنۇم تۇرۇپ مېنى باشقۇرمەن دېسە قاملاشمايدۇ، بەك بولمىسا مەن ئۆيدىن باشقۇرۇپ قويىمەن...

ـــــ لېكىن قەتئىي ئۇرۇشۇپ قالماڭ، شۇنداق قىلسىڭىز ھەممىنى مەندىن كۆرىدۇ. چاندۇرماي كۆڭلىنى ئېلىڭ، مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ھەرگىز خوتۇنىڭىزغا كۈندەشلىك قىلىپ يۈرمەيمەن، سىزنى توغرا چۈشىنىمەن، سىز ماڭا قانداق مۇئامىلە قىلسىڭىز مەن كۆتۈرەيمەن.

ـــــ ھەممە خوتۇن خەق سەندەك بولسا بولماملىدۇ دەيمەن، ئەمچىكىڭ يوغان بولمىغان بىلەن يۈرىكىڭ چوڭ، كۆڭۈل-كۆكسۈڭ ئاجايىپ كەڭ -دە...

ـــــ سەتلىكنى...ــــ دېدى گۈلشەن ئۇنىڭ بىلىكىنى چىمداپ،ـــ ھېسسىياتىڭىزنى قاندۇرۇپ بولغاندا كۆكسۇم كىچىك كۆرۈنۈپ قالىدىمۇ ئەمدى، يېشىم تېخى كىچىك ، بىرنى تۇغقاندا چوڭىيىدۇ...

ياسىن گەپنىڭ چوڭ مەسىلىگە كېتىپ قېلىشىنى خالىماي، پاراڭنى يۆتكىدى:

ـــــ چېقىشىپ دەپ قويىدۇم، سېنى تېرىكتۇرسەم، قورقۇتسام كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالىدۇ.

ـــــ نېمە قىلىسىڭىز قىلىڭ، ئەركىنلىكنى بەردىم سىزگە، مېنى راست ياخشى كۆرەمسىز ياكى ئويۇنچۇق قىلىپ كۆڭۈل ئاچامسىز، ھەممىگە رازىمەن. دېدىمغۇ، مەن بىرسىنى ياخشى كۆرسەم غۇرۇرۇمنى قايرىپ قويىمەن، ھېچنەرسەمنى ئايىمايمەن.

ـــــ مۇشۇ گېپىڭنى ئاڭلىسام-ئاڭلىسام زېرىكمەيمەن،ـــ دېدى ياسىن ئۇنىڭغا مەستانىلارچە تىكىلىپ،ـــ رەيھانمۇ مۇشۇنداق بولغان بولسا، مەن نېمە دېسەم ماقۇل دېگەن بولسا، مەن بۇنچە غەم قىلىپ، ساراڭ بولۇپ كەتمەيتتىم. مۇشۇنداق جىلە بولغانچە ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ كېتىۋاتىمەن.

ـــــ بەزى خوتۇنلار مۇھەببەتنى چۈشەنمەيدۇ، ئەگەر رەيھان ھەدەم سىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان بولسا نېمىشقا سىزنى بۇنچە بىئارام قىلىدۇ؟ ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولىدىغان بولسام سىزنى پادىشاھتەك چوڭ بىلىپ، سىزغان سىزىقىڭىزدىن چىقماي، سىزنى تولۇق رازى قىلاتتىم. ئېرى بىلەن ئېتىشىپ پايدا ئالغىلى بولامدۇ؟ مەن مۇشۇ يېشىمدا بۇنى چۈشىنىپ يەتتىم، رەيھان ھەدەم نېمىشقا بۇنى تېخىچە بىلىپ بولالمايدىغاندۇ؟

ـــــ شۇنى دېگىنە ــــ دېدى ياسىن ھەسرەتلىنىپ،ـــ مەنمۇ ھەيران، شۇنچە يىل ئۆي تۇتقان خوتۇندىن نېمىشقا بۇنچە ئاسان سوۋۇپ كېتىمەن؟ سەن بىلمەيسەن، مەن ئۇنىڭغا ئامراقتىم، لېكىن ئۇ ھازىر بۇرۇنقىغا

ئوخشمايۋاتىدۇ. ئانىسىنىڭ دەردىدە شۇنداق بولۇپ قالدىمىكىنمۇ دەيمەن. لېكىن ھەر قانچە بولسىمۇ، بۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كەتسە بولمايتتى. ئۇ مېنى ئۆزگىرىپ كەتتى دەپ ئويلىدى، ماڭا ئىشەنمىدى، ئىشەنمىسە ئىشەنمىسۇن، ئۇنى ھازىر چوڭ بىلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپلا ياشاشتىن تويدۇم، ئادەمگە ئازراقمۇ ئارامچىلىق بەرمەيدىغان ئۇنداق خوتۇننى... بولدىلا، باشقا كەلگىننى كۆرەرمەن، يا خېتىنى بېرىپلا قۇتۇلارمەن...

____ ئۇنداق قىلماڭ، خوتۇن كىشى شەخسىيەتچى كېلىدۇ، ئۇنى توغرا چۈشىنىڭ، بولمىسا ھەممىنى مەندىنلا كۆرىدۇ، مېنى ئۆلگىچە تىللايدۇ. سىزمۇ خوتۇنىڭىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇنى سېغىنىپ قالسىڭىز مېنى تىللايسىز، ھەر ئىككىڭلارغا دۈشمەن بولۇپ قالغۇم يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىڭىز بار، ئۇنى قانداق قىلىسىز؟

____ ئىشنى ئەجەپ ئەتراپلىق ئويلايدىكەنسىنا سەن، __ دېدى ياسىن ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراپ، __ ئۆزەڭنى قەستەن ئەقىللىق كۆرسىتىۋاتامسەن يا كىچىك زېرەك!

____ ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ، __ دېدى گۈلشەن ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ، كۆزىگە مەھكەم قادىلىپ__ مېنىڭ يېنىڭىزدىن ئايرىمىسىڭىز يەنە نۇرغۇن چىرايلىق مەسلىھەتلەرنى بېرەلەيمەن.

____ ئەمسە سېنى يېنىمدىن تېلېفوندەك ئايرىمىسام بولىدىكەن-دە...

ئىككىسى ئۇزۇندىن ئۇزۇن پاراڭلىشىپ ياتتى، ياسىن ھەر قېتىم خوتۇنىدىن ئەنسىرىگەندە گۈلشەن ئۇنى خاتىرجەم قىلدى. ياسىن ھەر قېتىم كەلگۈسى ھەققىدە بىر نېمىلەرنى دېگەندە گۈلشەن ئۇنىڭغا قېتىلىپ، كۆڭۈللۈك مەسلىھەتلەرنى بەردى. ياسىن ئەڭ بولمىغاندا يۈز بېرىدىغان ئېھتىماللىقلارنى، يامان ئاقىۋەتلەرنى تىلغا ئالغاندا گۈلشەن ئۇنىڭغىمۇ ئۆزىنىڭ تەييارلىق كۆرۈپ قويغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ياسىن گۈلشەن بولسىلا، كەلگۈسىدىكى ھەممە ئىشقا دادىل يۈزلىنىپ، تۇرمۇشنىڭ مۇشەققەتلىك داۋانلىرىدىن ھالقىپ ئۆتەلەيدىغانلىقىغا ئىشەندى، گۈلشەننى تېخىمۇ ئەتىۋارلاپ، قويىندىن چىقارماي ياتتى.

13

رەيھان 16 ياشلىق ئۆمەرنى ئوغلى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلدى، تاغدەك دەرت-ھەسرەتنى يۈدۈپ كەلدى، ئېرىنىڭ يۈرىكىنى ئوغرىلىقچە يەۋاتقان مۈشۈكنىڭ كۆزلىرىنى كۆرگىلى كەلدى، ھۇجرىسىغا كىرىۋالغان چىۋىننى

قوغلىغىلى كەلدى...

ياسىن ئۇنىڭ ئالدىغا چىققاندىن باشلاپ ئاشخانىغا كەلگىچە دەككە-دۈككىدىن خالىي بولالمىدى، ئەركەكمەن دەپ مەيدىسىگە مۇشتلىغانچە كەينىگە داجىپ كېتىۋاتاتتى؛ رەيھان ھەرگىز ئۇ چاغىدىكى خوتۇن ئەمەس ئىدى، بەلكى بىر ئۆمۈر قەدرىنى قىلىپ، قوينىغا سولاپ راھىتىنى كۆرگىدەك گۈزەل خوتۇن ئىدى، ئەينى چاغدا ياسىن شۇ شەھلا كۆزنىڭ نۇرىدىن ئېرىپ كەتكەن، شۇ قىزنىڭ ۋىسالىغا يېتىپ گۈل غۇنچىسىنى ئېچىلدۇرغان، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا كىرىپ، يىلتىز تارتىپ، ئەۋلاد قالدۇرغان، ئۇنىڭ دىلىغا ئۆز مېھرىنى سالغان... يەنە تالاي مۇشەققەتلەرنى بىللە تارتىپ، ھاياتنىڭ ئاچچىق-چۈچۈك، شىرىن-تاتلىق تەمىنى تېتىپ، ئۇنتۇلمىغىدەك ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان؛ ئەمدى ئۇلار قېنى؟ بىللە ياشىغان يىل، ئاي، كۈنلەرنىڭ، بىر-بىرىگە قۇربان بېرىش ۋە بەدەل تۆلەشلەرنىڭ ھېسابى قېنى؟ دۇنيادا پەقەت قان قەرزىلا ئۇنتۇلماي، ھېسسىيات قەرزى ئۇنتۇلۇپ كېتەمدۇ؟

بەزى ئەرلەرنىڭ يۈزى ئېشەك تېرىسىدىنمۇ قېلىن، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىمۇ سەزمەستىن ئېشەككە ئايلىنىپ بولغان. ئۇ پويىز ئىستانسىسىدا خوتۇنىنى كۆرۈپ سۈس كۈلۈمسىرىگەندە يۈزىنىڭ ھەقىقەتەن تارتىشىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى، رەيھان ئۇنىڭغا بىر قاراپلا كۆڭۈلسىزلەندى. ئېرىنىڭ ھەممە يېرىنى پىششىق بىلىپ كەتكەن، ۋۇجۇدىدا نېمىنىڭ ئارتۇق، نېمىنىڭ كەم بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ تۇرىدىغان خوتۇن ئۇنىڭلىك ئالامەتلەرنى بىلمەي قالارمىدى، ئەمما شۇ سەزگۈرلۈكى ئۇنىڭغا ئازاب ئېلىپ كېلىۋاتاتتى، ئۆزىنىڭ ھالىغا ئەمەس، ئېرىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ ھەسرەت چېكىۋاتاتتى... مانا ھەقىقىي ئايال دېگەن، مانا ھەقىقىي مۇھەببەت دېگەن! ئەمما ياسىن بۇنى سەزمەكتە يوق، خوتۇنىدىن ۋەھىمە يەپ، ئۇنى تۈگىتىشىنىڭ چارىسىنى ئويلاپ، جىددىيلىشىپ تۇراتتى.

ئەر-خوتۇن ئادەتتىكىدەك ئەھۋال سورىشىپلا ماكانىغا قايتىپ مېڭىشتى، ئاشخانىغا قاراڭغۇ چۈشكەندە كەلدى. گۈلشەن ئۇلارنى ساقلاپ، تالاغا پات-پات قاراپ ئولتۇرغانىدى، ماشىنا توختىشى ھامان قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ، رەيھان ھەدىسىنىڭ ئالدىغا چىقتى، " تىنچ ئامان كەپسىز ھەدە..." دەپ يۈزىنى يېقىپ كۆرۈشمەكچى بولدى، ئەمما خان ئاچىسىنىڭ سوغۇق نەزەرىدىن تەمتىرەپ يېقىن بارالمىدى. گۈلشەن ئۆزىنى ھەر قانچە چاندۇرمايمەن دېگەن بىلەنمۇ ۋاقتى كەلسە چاندىغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئوڭايسىز كۈلۈمسىرەپ قويدى. بۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرىغىنىدىن ئۆكۈنۈپمۇ كەتمىدى، بەلكى خۇشال بولدى، ئۆزىگە تەمەننا قويدى، شۇنچە چىرايلىق خوتۇنى تۇرغان بىر ئەرنىڭ

كۆڭلىنى ئۇتتۇۋالسا يەنە نېمىدىن شادلانمىسۇن؟

رەيھان گەپ قىلمايلا ھۆجرىسىغا كىرىپ كەتتى، كىرىپلا دېمى سىقىلغاندەك بولدى؛ ئۆينىڭ ھاۋاسىنى كىم بۇلغىغاندۇ؟ قايسى پاسكىنا ئەتىر چېچىپ كىرگەندۇ؟ چېچىغا قانداق خىنە ياققاندۇ؟ شۇ بەدەندىن چىققان تەرنىڭ پۇراقلىرىغا ئېرى دېگەن گالۋاڭ قانداق چىدىغاندۇ؟... كارىۋاتتا نېمە ئىشلار يۈز بەرگەندۇ؟ شۇ يوتقانلار نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟ بىر نەرسىلەر جايىدىمۇ؟ نەرسىلەر جايىدا بولغان بىلەن بۇ ئۆيدە تۇرغان ئىنسانىنىڭ كاللىسى جايىدىمۇ؟...

ئۇ سومكىسىنى قويۇپ، چاپىنىنى سېلىپ كىيىم ئىشكاپىغا ئېسىۋاتقاندىمۇ ئۇياق-بۇياققا قاراپ قوياتتى؛ ھەر بىر قارىغىنىدا ياسىن ساقچىنىڭ كەينىدە تۇرغان ئوغرىدەك دەككە-دۈككىدە شۇ ياققا قارايتتى. ئۇ پاكىز، رەتلىك تۇرغان ھۆجرىنى ئەتىگەندىلا ئۆزى قالايمىقان قىلىۋەتكەن بولۇپ، گۈلشەنگىمۇ بۇگۈن ئۆي تازىلىماسلىقنى، خوتۇنىنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويىدىغان ھەر قانداق نەرسىنى قالدۇرماسلىقنى تاپىلىغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئويلىمىغان يەردىن بىر نەرسىلەر چىقىپ، سىرى پاش بولۇپ قالىدىغاندەك ئەنسىرەيتتى.

____ كارىۋاتنىڭ بېشىدىكى رەسىم يوققۇ؟___ دېدى رەيھان ئۇنىڭغا شۈبھىلىك نەزەردە تىكىلىپ.

ياسىن تەمتىرەپ كەتتى، ئۇ گۇمانلىق نەرسىلەنى ئېلىۋېتىشنىلا ئويلاپ، قويۇپ قويىدىغان نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قالغانىدى؛ بېرىپ تارتمىدىكى رەسىمنى ئېلىپ جايىغا قويۇپ قويدى.

____ بىز كېتىپلا تىقىۋېتىپسىز-دە، كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن دېگەنسىز تايىنلىق، ئەچىقىپ تاشلىۋەتسىڭىز بولمامدۇ؟...

____ نېمە دەيدىغانسەن، توپا بېسىپ قالمىسۇن دەپ تارتمىغا سېلىپ قويغان.

____ بۇ ئۆي غەلىتىلا كۆرۈنىۋاتىدىيا كۆزۈمگە، دېرىزىنى سەل ئېچىپ قويۇڭە ئادەمنى تىنغىلى قويۇپ.

ياسىن دېرىزىنى ئېچىپ قويدى، خوتۇنىغا ئەنسىزلىك بىلەن قارىدى، ئۇنىڭغا بولغان سېغىنىش، تەشنالىقمۇ يوقاپ كەتتى، بۇ كېچىنى قانداق ئۆتكۈزۈشمۇ ئېغىر بىر مەسىلگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى.

خوتۇنى كەلدىمۇ، ئەمدى ئۇنى چەكلەيدۇ، ئۇ يا خوتۇنىدىن، يا گۈلشەندىن ھەۋىسىنى قاندۇرالمايدۇ. بۇ ئۆيگە ئەمدى گۈلشەن كىرەلمەيدۇ، ياسىن ئۆز مەيلىچە، ئەسەبىيلەرچە ئىش قىلالمايدۇ. شۇ مەيلىخۇشلۇققا، شۇ ئەركىنلىككە ئىنتىلگەنچە گۈلشەننى سېغىنىدۇ؛ بۇرۇنقى قىزغىنلىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان خوتۇنىغا يېقىنلىشىشتىن ۋاز كېچىپ، ئاچچىق تىنىپ ياتىدۇ، بۇ ھالەت قاچانغىچە داۋاملىشىدۇ، ئۇققىلى بولمايدۇ... پەقەت چىدىمىغاندا يا

خوتۇنى پارتىلايدۇ، يا ئۆزى...

____ بىر دەم چىقىپ تۇرسىڭىز بوپتىكەن، بەش مىنۇت جىمجىت يېتىۋالسام...___دېدى رەيھان ئۆزىگە قاراپلا تۇرغان ياسىنغا ھارغىنلىق بىلەن تىكىلىپ.

ياسىن چىقىپ كەتتى، رەيھان كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ ئىككى يېنىغا قارىدى، يوتقاننى ، ياستۇقلارنى ئۆرۈپ چۆرىدى، كۆرپىنى قايرىدى. كارىۋاتنىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇپ تىتىۋەتتى، ئاندىن زوڭزىيىپ گىلەمگە سىنچىلاپ قارىدى، ئاتنىڭ قىلدەك بىر نەچچە تال قوڭۇر چاچ گىلەمگە چاپلىشىپ تۇراتتى. رەيھان ئۇنى چىمدىپ ئېلىپ سىنچىلاپ قاراپ كەتتى، گىلەمنىڭ ھەممە يېرىگە شۇ پاسكىنىنىڭ چىچى تېرىلىپ كەتكەندەك بىئارام بولۇپ يەنە قارىدى، ئۆيىنىڭ كۆزگە چېلىقمايدىغان يەرلىرىنىڭ ھەممىسىگە قاراپ بىر تال چاچ بوغقۇچنى تېپىۋالدى. بۇ نەرسە خۇددى قەستەن تاشلاپ قويۇلغاندەك، ئۇنى تېرىكتۇرمەكتە ئىدى. ئۇ چاچ بىلەن چاچ بوغقۇچنى كارىۋاتقا تاشلاپ ئۇنىڭغا نەپرەت، يىرگىنىش بىلەن بىر دەم قاراپ تۇردى، ئېرى بىلەن شۇ پاسكىنىنىڭ رەسۋا كۆرۈنۈشلىرىنى خىيال قىلدى، ئاندىن ئۇنى سەسكەنگەن ھالدا قولغا ئېلىپ تازىلىق قەغىزىگە يۆگەپ قويدى.

ھۇجرىدىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭ كۆزىگە شۇنداق سەت كۆرۈنۈپ كەتتىكى، بىر-بىرلەپ ئېتىپ، چېقىپ، ھەممىنى ۋەيران قىلىۋەتكۈسى كەلدى. يوتقان-كۆرپە، ياستۇقلارنى يەرگە تاشلاپ، كىرلىكلەرنى سۆكۈشكە باشلىدى. بىر چاغدا قولى ھەرىكەتتىن توختاپ، كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالدى...

شۇ ئەسنادا ئوغلى كىرىپ، بىر نېمىلەرنى دېدى، ئۇ ئاڭلىمىدى...ياسىن ماراپ قويدى، چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

____ مېنىڭ كۆڭلۈم زادى تۇيغان... ____ دەيتتى رەيھان مۆل-مۆل ياش تۆكۈپ.

ياسىن ئىشىك تۈۋىدە قاراپ قېتىپ تۇراتتى، يۈز تېرىلىرى قورۇلۇپ، تام سۇۋاقلىرىدەك تۆكۈلۈپ چۈشۈشكە باشلىدى، ئەپتى-بەشرىسى ئاشكارىلانغان، ئەمما نومۇس تۇيغۇسى يوقالمىغان ئادەمنىڭ ئازابى نەقەدەر دەھشەت-ھە! ئوغلى ئاپىسىغا ھەيران بولۇپ، ئەتراپىنى چۆگىلەپ، يوتقاننى دەسسەپ ئويناپ يۈرەتتى.

رەيھان چىداپ ئولتۇرالمىدى، يەنە ئازراق ئولتۇرسىلا دەرد-ئەلەمدىن قېرىپ كېتىدىغاندەك، شۇ ئولتۇرغانچە مۈكچىيىپ تۈگىشىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

____ بۇ نېمە؟ ؟...____ دېدى ئۇ قولىدىكى "نىجاسەت"نى كۆرسىتىپ،___ كۆزىڭىزنى يوغان ئېچىپ بىر قاراڭە،

بۇ زادى نېمە؟

ياسىننىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، ئاغزىنى ئۆمەللىدى:

ـــــ نېمە ئۇ... نېمە بولدى...

ـــــ نېملىكىنى ھېلى كۆرىسىز، بىرىپ ئا قىزنى چاقىرىڭ. شۇ دەپ بېرىدۇ.

ـــــ دېگىنە زادى نېمە بولدى؟ نېمىگە گۇمانلىنىپ كەتتىڭ...ـــــ دېدى ياسىن مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىگەن نوچىدەك تىركىشىپ،ـــ ناھايىتى بىر نەچچە تال چاچكەنغۇ، سېنىڭ چېچىڭمۇ بۇ تېخى كىم بىلىدۇ؟

ـــــ ئۆزەمنىڭ چېچىنى ئۆزەم بىلمەي قالامدىم؟ ئەمىسە ما نېمىچۇ؟

ـــــ سېنىڭ بولمىسا گۈلشەننىڭ ئوخشايدۇ، گۈلشەن بۇ ھۇجرىنى بىر نەچچە قېتىم تازىلاپ بەرگەن، شۇڭا چۈشۈرۈپ قويغاندۇ. مەن تېخى سېنىڭ بىر نېمەڭ ئوخشايدۇ دەپتىكەنمەن... بىلسەنغۇ مېنى، خوتۇن خەقنىڭ ئۇششاق نېملىرىگە تەگمەيمەن، شۇڭا تاشلىنىپ قالغان گەپ. گۈلشەنمۇ بۇ كىچىككىنە بىر نېمىسىنى سوراشتىن خىجىل بولۇپ ماڭا دېيەلمىگەن گەپ، ھۇجرىغا قايتا كىرەلمىگەن گەپ... قارا، بىر دەمدە ئادەمنى شۇنچە ساراڭ قىلىۋەتتىڭ!

ـــــ شۇ مەينەتنىڭ كۇسىرىنى تېپىۋالغان بولسام ھېساب بولامتى؟ـــ دېدى رەيھان قولىدىكى قەغەزنى بىر بۇلۇڭغا تاشلاپ،ـــ ئىشقىلىپ شۇ قىزنى بۇ ھۇجرىغا ئېلىپ كىرگىنىڭىز راستمۇ؟

ـــــ راست، لېكىن ئۇ ئۆي تازىلىغان، ھۇجرىغا كىرسىلا شۇ ئىش بولىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ نەدە ئۇنداق ئاسان ئىش بار؟ بىر قىزنى توخۇدەك كۆرگەنلا يەردە جايلىۋېتىدىغان خورازمىدىم؟ـــــ ياسىن ناھەقچىلىككە ئۇچراۋاتقاندەك چېچىلىپ قايناشقا باشلىدى...

ـــــ ھۇجرىنى تازىلايدىغان ئىشنى سىز چىقارغانمۇ ياكى ئۇ قىز ئۆزى دېدىمۇ؟

ـــــ مەن دېدىم.

ـــــ سىز ئەزەلدىن ئۆيىنىڭ تازىلىقىغا كۆڭۈل بۆلمەيتتىڭىز، بىر نەرسىلەرنى قالايمىقان تاشلايتتىڭىز، نېمە بولۇپ شۇنداق رەتلىك، پاكىز بولۇپ قالدىڭىز؟ ئەمىسە بۈگۈن بۇ ئۆي نېمىشقا شۇنچە قالايمىقان، دالان ئۆي نېمىشقا شۇنچە پاكىز؟

ياسىننى سوغۇق تەر بېسىشقا باشلىدى، كۆندەشلىككە كەلگەندە خوتۇن كىشى نەقەدەر سەزگۈر، هوشيار –هە! يىپ ئۇچى ئىزدەپ ئوغرىنى پاش قىلىدىغان ساقچىلارمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمىگۈدەك! ئەمما خوتۇنى هەر قانچە ئەقىللىق بولسىمۇ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇپ ئۆزىنى قوغدىمىسا بولمايتتى، خوتۇنىنىڭ ئالدىدا دۆتلىشىپ تىرماق تاتىلاپ تۇرىۋەرسە، بىر دەمدىلا رەسۋايى چۇۋۇلاتتى.

ــــ تېخى ئۇلۇشكۈن تازىلىغان، سېنى كېلىپ قالسا ئۆيىنىڭ ئىچى سەت تۇرمىسۇن دەپ تازىلاپ قويغان، ئىككى كۈن بولدى، هۇجرا يەنە قالايمىقانلىشىپ كەتتى، دالان ئۆيدە تۇرمىغاندىكىن پاكىز تۇرىدۇ-دە...

ــــ ئا قىزنى چاقىرىڭ، ئۆزىدىن گەپ سورايمەن...

ياسىن ئامالسىز ئاشخانىغا چىقىپ گۈلشەننى چاقىرىپ كەلدى.

ــــبۇ ئۆيىنى ئۇلۇشكۈن سىز تازىلىغانمۇ؟

ــــ هەئە، مەن تازىلىغان.

ــــــ ما چىچىڭىز بىلەن بۇقۇچىڭىز بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟

گۈلشەن سەل تەمتىرەپ قالدىيۇ، ياسىننىڭ ئويلىغىنىدەكلا جاۋاب بەردى:

ــــ ئۆي تازىلىغاندا چۈشۈپ قاپتۇ...

ــــ ئۆي تازىلىغاندا چاچ تارامتىڭىز؟

ــــ هەئە، بەزىدە تاراپ قوياتتىم.

ــــ مېنىڭ پەرداز ئەينىكىم ئوبدان يارىشىپتۇ-دە، يەنە نېمە ئىشلارنى قىلدىڭىز؟

ــــ شۇ... ئۆي رەتلىدىم، كىيىملىرىڭىزنى جايى-جايىغا ئېسىپ قويدۇم، چىرايلىق كىيىملەرنى تاللاپ ئاپتىكەنسىز. رەسىمىڭىزنى كۆرۈپ سىزنى قانداق مايىلارنى ئىشلىتىدىكىن دەپ قاراپ باقتىم. راستىنى دېسەم، سىزگە بەك هەۋەسلىنىمەن هەدە...

ــــ هەۋەسلىنىمەن دەپ هەممە نېمەمنى تۇتۇپ بېقىپسىز-دە!

ــــ ئۇنداق دېمەڭ هەدە، مېنى ئۇنداق يامان قىز دەپ ئويلاپ قالماڭ.

گۈلشەن هېچ ئىش بولمىغاندەك تەبىئىي هالدا، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ سوئاللىرىغا توغرا جاۋاب بېرىۋاتقاندەك زېرەك

ئوقۇغۇچىدەك جاڭىلداپ سۆزلەپ تۇراتتى. ياسىن ئۇنىڭغا قاراپ كۆڭلى بىر ئاز تىنجىدى.

___ بۇ ئۆيىنى قاچان تازىلىغان؟___ دېدى يەنىلا گۇمان ئىچىدە قالغان رەيھان.

___ ئۈلۈشكۈنىغۇ دەيمەن، ياسىنكام سىزنى كېلىدۇ دەپ تازىلاپ قويۇۋشۇمنى بۇيرۇغان...

ياسىننىڭ پوكۇلداپ تۇرغان يۈرىكى جايىغا چۈشتى، گۈلشەنگە ئىچىدە ئاپىرىن دەۋەتتى.

___ ئېرىم بىلەن ھېچقانداق چاتىقىڭىز يوق، شۇنداقمۇ؟

___ قەسەم قىلاي ھەدە، مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيدىغان ھېچقانداق ئىش قىلمىدىم. مەنمۇ سىزدەك چىرايلىق، پاك ئايال بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن، ئانامىمۇ مېنى كىچىكىمدىن شۇنداق پاكىز چوڭ قىلغان. جان باقماق تەس كېلىپ كۈلىغا چىقىپ قالدىم، بولمىسا خەقنىڭ ئالدىدا خارلىنىپ ئىشلەپ يۈرەمەنمۇ؟ بىكاردىن بىكار سىزنى بۇنداق گۇمانغا سېلىپ يۈرەمەنمۇ...___ گۈلشەن چىرايىنى ئۈمچەيتىپ، كۆزىگە ياش ئالدى.

___ ئانىڭىز بارمۇ؟ نېمە ئىش قىلىدۇ؟ يەر تېرامدۇ؟

___ ئانام تۇگەپ كەتكەن، ئۆگەي ئانام بار. ئۆيىمىزدىكىنىڭ ھەممىسى دېھقان، كۈنىمىز بەك تەس.

___ قانچە ياشقا كىردىڭىز؟

___ ئىككى ئايدىن كېيىن 18 گە كىرىمەن.

___ دېمەك، سىز تېخى توي قىلمىغان، ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيسىز، شۇنداقمۇ؟

___ شۇنداق ھەدە، مەن ئۇنداق ئىشنى ئويلىسامىمۇ قورقىمەن، يىگىرمە بەش ياشقا كىرگىچە توي قىلمايمەن دەۋاتىمەن.

___ كۈلىغا چىققىلى قانچىلىك بولدى؟

___ ئۇزاق بولمىدى، غېنى شاڭجاڭ ئۆيىمىزگە ئۆزى بېرىپتىكەن، دادامغا تىلخەت يېزىپ ، قىزىڭىزنى ساق قولىڭىزغا تۇتقۇزۇپ بېرىمەن دەپ ئەكەلگەن. ئىشلەپ ئازراق پۇل تېپىۋالسام بۇ يەردىن كېتىمەن. شۇڭا ھەدە، سىزدىن خوش بولاي، مەندىن ئۇنداق گۇمانلىنىپ يۈرمەڭ، نېمە قىل دېسىڭىز قىلاي، مېنى ھاقارەتلىمەڭ.

ئاچا-سىڭىلدەك چىرايلىق ئۆتۈپ كېتىلى، بۇ يەردە ئىككىمىزدىن باشقا ھال-مۇڭ بولۇشقىدەك كىم بار؟ رەسىمىڭىزنى كۆرگەندىلا كۆزۈمگە شۇنداق ئىسسىق كۆرۈنگەنىدىڭىز، ئوغلىڭىزمۇ شۇنداق ئوماق چوڭ بوپتۇ، سىز ئالدىراش چاغدا

بالىغا قاراپ تۇر دېسىڭىز قاراپ بېرىمەن. كىرلىرىمنى يۇي دېسىڭىزمۇ يۇيۇپ بېرىمەن، لېكىن تەلۋىم شۇ، مېنى ھەرگىز يامان كۆرۈپ قالماڭ؛ مەن ئانامدىن كىچىكلا ئايرىلغان بىر يېتىم قىز، ئازار يەپ قېلىشنى خالىمايمەن. بىر كىم بوزەك قىلمەن دېسە ھەرگىز يول قويمايمەن. ئۇنداق ئادەمنى خۇدايىممۇ كەچۈرمەيدۇ. ياسىنكامنى ئاكامدەك كۆرىمەن، ئۇمۇ مېنى سىڭلىسىدەك كۆرۈپ ياخشى قاراۋاتىدۇ، شۇڭا مەنمۇ كۆيۈنۈپ ئىشلەۋاتىمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا باشقىچە قاراپ، نىيىتىنى بۇزغۇدەك بولسا بۇ يەردە بىر مىنۇتمۇ تۇرمايتتىم. بۇ ئاكامۇ سىزنىڭ ئىززىتىڭىزنى بەك قىلىدىكەن، سىز يوق چاغدىمۇ ھۆرمىتىڭىزنى ساقلايدىكەن، شۇڭا سىز ئۇنىڭدىن گۇمانلانسىڭىز بولمايدۇ. چاچ دېگەن چاچ تارىغاندا چۈشۈپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن سىزدەك داڭلىق سوپۇنلارنى ئىشلىتەلمەيمەن؛ چاچ بوغقۇچنى دېسىڭىز، چېچىمنى سىزنى دوراپ تۈگۈپ باقاي دېگىنىم ئېسىمدە، نەدە چۈشۈپ قالغىنى يادىمدا يوق، ئەگەر بۇ نەرسىنىڭ ئىش تېرىيدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام نەدىن بولمىسۇن ئىزدەپ تاپاتتىمكەن...

گۈلشەن سۆزلىگەنچە رەيھاننىڭ تۇمانلىق چېھرى بارا-بارا ئېچىلدى. ياسىن تەسىرلىك بىر كىنو كۆرگەندەك ھاياجانلاندى، گۈلشەندىن شۇنچىلىك مىننەتدار بولدىكى، قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتكۈسى كەلدى. دەرھەقىقەت، خوتۇن كىشىنى خوتۇن كىشى چۈشىنىدۇ، خوتۇن كىشىنى پەقەت خوتۇن كىشىلا بابلىيالايدۇ. ئاچىسى سىڭلىسىنى، سىڭلىسى بەزىدە ئاچىسىنى ئالدىيالايدۇ. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، ھېسسىيات بىلەن ئىش قىلىدىغان بۇ خوتۇن خەق بىر-بىرى بىلەن مەڭگۈلۈك دوست بولالمايدۇ. گۈلشەن ھازىر ئۆزىنى بۇنداق پەردازلىغان بىلەن ھامان بىر كۈنى بوياقلىرى تۆكۈلۈپ، ئەسلى قىياپىتى نامايەن بولىدۇ. ئەمما شۇنىڭغىچە ياسىن خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، ئىشلىرىنى ئوڭشاپ بولىدۇ. بۇگۈن بولمىسا ئەتە سۆيۈملۈك خوتۇنىنىڭ ۋىسال شەربىتىنى ئىچەلەيدۇ.

رەيھان گۇماندىن ئازراق يانغان بولسىمۇ، ھوشيارلىق ۋە نازارەتنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقنى كۆڭلىگە پۈكتى. گۈلشەن ئۆزىنى يامان دېمىگەن بىلەن، ئۇنچە يۈزى تۆۋەن، يۈۋاش قىز ئەمەستەكمۇ قىلاتتى. رەيھان ئۇنىڭ تۇمۇچۇقتەك سايراپ كېتىشلىرىدىن بىر تۇرۇپ تەسىرلەنسە، بىر تۇرۇپ ئۆزىنى ئالدىنىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ ئىچى پۇشتى؛ گۈلشەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ياسىنغا دىققەت بىلەن نەزەر سالدى، ياسىن ئۇنىڭ كۆزىگە يەنىلا ئۇدۇل قارىيالمايتتى، بۇ ئەرنىڭ بىچارە ئەپتىدىن رەيھاننىڭ يىغلىغۇسى كەلدى.

ئۆيىنىڭ ئىچى شۇنچىلىك قالايمىقان ئىدى، بالىسى بۇ قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ئۇنى تارتىپ، بۇنى تاشلاپ،

كەڭ-كۇشادە ئويناۋاتاتتى. رەيھان ئورنىدىن قوپماي ياش تۆكۈپ ئولتۇراتتى، ئىچ-ئىچىدىن بىر قايغۇ-ھەسرەت، دەرت-پىغان ئۆرلەيتتى.

___ يەنە نېمىگە يىغلايسەن؟ ___ دېدى ياسىن ئاغزىغا سىلىۋاتقان تاماكىنى قولىغا ئېلىپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ___ مەندىن يەنە گۇمان قىلىۋاتامسەن؟ زادى قاچان تۈگەيدۇ بۇ گۇمانىڭ؟

___ نېمىگە يىغلايتتىم، ئۆزەمنىڭ دۆتلۈكىگە يىغلايمەن؛ ماڭا ئەقىدە قىلمىغان بىر ئادەمنى دەپ بىچارە ئانامنى رازى قىلالمىغىنىمغا يىغلايمەن...___ رەيھان ئېسەدەپ يىغلىغاچ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،___ سىز مېنىڭ كۆڭلۈمنى خاتىرجەم قىلمىغاندىكىن سىزدىن تولا ئەنسىرىدىم. نەچچە كۈنلۈكى قالغان ئانامنىمۇ سىزنى ئويلىغانچىلىك ئويلىمىدىم. ئۆزەمچە ساراڭدەك تىتىلداپ، كېتىشكە ئالدىراپتىمەن. ھەتتا بىر قېتىم سىزگە تېلېفون ئۇرغاندىمۇ ياكى كىمگە دېگەندىمەن، ئېسىمدە يوق "پاتراق كەتسەم بولاتتى" دېگەن گەپ ئېغىزىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ قالغان كىچىك سىڭلىم بۇ گەپنى ئاپىرىپ ئانامغا دەپتۇ، ئانام شۇنىڭدىن كېيىن ماڭا بىر ئېغىز گەپمۇ قىلمىدى. "مەن بالدۇراق كېتەي" دېگەندەك، ئەتىسى ئاخشىمى جان ئۈزدى... مېنىڭ شۇ گېپىم ئېغىر كەلدىمىكىن دېدىم، يىغلاپ قاقشىدىم، چاچلىرىمنى يۇلدۇم، سىڭلىمنى ئايرىم ئېلىپ چىقىپ تەستەكلىرىگە نەچچىنى سېلىۋەتتىم. ھەر قېتىم شۇ گېپىمنى ئويلىسام ئاغزىمنى چىشلەپ، زۇۋانىمنى بوغۇۋەتكۈم كېلىدۇ. قاقشىغان بىلەن بىكاركەن، ئانام شۇ كەتكەنچە كېتىپ قالدى، ئېرىدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان دۆت، ۋاپاسىز قىزىنى ئارماندا قويۇپ كېتىپ قالدى. ئانام كېتىپ زار يىغلاپ تۇرغاندا ئېرىمدىن بولسىمۇ تەسەللىي تاپاي دەپ تېلېفون ئۇرسام، تېلېفوننى بېسىۋەتتىڭىز، بىر ئېغىز تەسەللىي بېرىشكىمۇ يارىماي، يۈرىكىمنى قان قىلدىڭىز. شۇ چاغدا خۇدا مېنى جازالاۋاتىدۇ دەپ ئويلىدىم، ئانامنىڭ قارغىشىغا كەتتىم دەپ ئويلىدىم... بىچارە ئانامنى تۈزۈك رازى قىلالمىدىم، جاھاندا مەندەكمۇ ئەخمەق خوتۇن بولامدۇ... دەپ ئۆزەمنى ئۆزەم كاچاتلىدىم، نەچچە كېچە ئۇخلىماي يىغلاپ چىقتىم، ئويلاپ-ئويلاپ ئەمدى چۈشەندىم، ئانىسىغا ۋاپاسىز چىققان خوتۇنغا مۇشۇنداق تۈزكور ئەر لايىقكەن... جاھاننىڭ ئىشلىرىنى خۇدايىم تەڭشەيدىكەن، خۇدايىم ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدىكەن...

ياسىن بۇلارنى ئاڭلاپ خوتۇنىغا راستىنلا ئۇۋال قىلىپ قويغاندەك ئازابلاندى، ئۆزىنىڭ تۈزكورلۇقىنى ئېتىراپ قىلغاندەك جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتتى، چەكمەي، ياق چېكەلمەي تۇتۇپ ئولتۇرغان تاماكىسىنى مىجىۋەتتى.

رەيھاننىڭ يىغا ئارىلاش دەرتلىرى يەنە تۆكۈلمەكتە ئىدى:

____ ئانامنىڭ سەكراتتىكى شۇ چىرايى پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ... " مەندىن رازى بولۇڭ ئانا، رازى بولۇپ قېلىڭ، رەنجىتكەن يېرىم بولسا كەچۈرىۋېتىڭ، خىزمىتىڭىزنى قىلالمىدىم..." دەپ شۇنچە يىغلاپ يېلىندىم، بەلكىم كەچۈرۈۋەتكەندۇ، ئانىنىڭ كۆڭلى دەريادەك كەڭ، قالغىنىنى ئاللاھ ئىگەمدىن تىلىدىم. ئانامنىڭ ئېڭىكى چۈشۈپ كەتكەندە مېنىڭ يۈرىكىمۇ چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى. ئانام كۆزىنى يۇمدى، شۇنىڭغا قاراپ خاتىرجەم كېتىپ قالدى دەپ ئويلىدىم...لېكىن مەن خاتىرجەم بولالمىدىم، يۈرىكىمدە بىر داغ قالدى. بالا بېقىشنىڭ جاپاسىنى ئۆزەم بىلگەن تۇرۇقلۇق ئانامنىڭ قەدرىنى قىلالمىدىم، بالام بىلەن بولۇپ كېتىپ ئانامنى ئۇنتۇپ قالدىم، تويى قىلغاندىن بېرى ئانامغا نېمە قىلىپ بەرگىنىمنى ئۇقمايمەن، ئېرىم، بالام دەپلا ئۆتۈپتىمەن. ئاكام كەل دېمىگەن بولسا ئېرىمنىڭ قويندىن چىقماي يۈرەر بولغىيمىدىم؟ ئانام شۇنداق ياتسا نېمە ئويلاپ يۈرگەن بولغىيدىم؟ ئانامنىڭ بىر نەچچە كۈنلۈكى قالغىنىنى بىلىپ تۇرۇپ، يېنىدا ئۇزاقراق ھەمراھ بولۇشنىڭ ئورنىغا، ساراڭدەك گەپ قىلىپ يۈرگىنىم نېمىسى...مېنى ئالدىغان بىر ئەرنى سېغىنىپ، ئەسلەپ يۈرگىنىم نېمىسى؟ ئۆزەمگىمۇ ئاز... مەن زادى مۇشۇ كۈننى تىلەپ تاپتىم، نېمە كۆرسەم ئەمدى ھەق دەيمەن...

ياسىن كۆڭلىدە نەچچە قېتىم " مەندىن ئەنسىرەپ كەتكۈڭ كەلگەن بولسىمۇ ئۇنداق گەپنى قىلامسەن؟! بۇنىڭ ھەممىسى ئۆزەڭنىڭ گۇمانخورلۇقىدىن، كۈندەشلىكىدىن كۆر" دەپ خوتۇنىنىڭ ئېچىشقان يارىسىغا تۇز سەپمەكچى بولدى، ئەمما يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ خوتۇنىنىڭ دەردىنى تىڭشاپ، ئۇنىڭ ئىچى-قارنى بوشىغاندا تەسەللىي بەرمەكچى بولدى.

____ ماڭا راست گېپىڭىزنى بىر قىلىڭە،___ دېدى رەيھان توساتتىن ئۇنىڭ چىرايىغا غەمكىن تىكىلىپ،____ سىز بۇ قىز بىلەن بىللە ياتتىڭىزمۇ؟

ياسىننىڭ يۈرىكى يەنە سىقىلدى، تۈگمەس بالايى-ئاپەتنى تېرىۋالغاندەك بىئارام بولدى، ھەسرەت چەكتى. نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خوتۇنىنىڭ ئالدىدا ئىززەت-ئابرۇيىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى.

____ دېمىدىمغۇ، بىللە ياتمىدىم دەپ.

____ ماڭا قاراپ راست بىر گەپ قىلىپ بېقىڭە...

ياسىن خوتۇنىنىڭ ياش ئەگىپ تۇرغان، گۆزەللىك پارلاپ تۇرغان، كىملا قارىسا ئەيمىنىدىغان نۇرلۇق كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراشتىن قورقتى، ئەمما قارىمىسا تېخىمۇ چىنىپ قېلىشتىن بەكرەك قورقتى.

ـــــ راست، قىلمىدىم،ـــ دېدى ئۇ خوتۇنىنىڭ كۆزىگە قارىمىغاندەكلا قاراپ.

ـــــ خۇدانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ قەسەم قىلالامسىز؟ سىزگە دەپ قويااي، بۇ ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس، ئەگەر يالغاندىن قەسەم قىلىدىغان بولسىڭىز قاتتىق گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىسىز، خۇدايىم هامان بىر كۈنى سىزنى شەرمەندە قىلىدۇ.

ياسىن جىددىيلىشىپ قالدى، ئۇ هازىر ناماز ئوقۇمىغان بىلەن ئىلگىرى جۈمەگە باراتتى، بۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرى دىنىدىن خېلى مەلۇماتلىق بولغاچقا بۇنىڭلىك ساۋاتنى بىلەتتى. يالغانچىلىق قىلغاندىكىن ئاخىرىغىچە يالغانچىلىق قىلىپ، ئىمانىنىمۇ قايرىپ قويۇپ يۈز-ئابروينى قوغداپ قالسا، ئۇزاققىچە تەشۋىشتە ياشايتتى. خوتۇنىنىڭ ئالدىدىمۇ " يالغاندىن قەسەم قىلغان ئىمانسىز" هېسابلىنىپ، تېخىمۇ رەسۋا بولاتتى.

ياسىن بۇنىڭغا جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، جىم بولۇۋالدى.

ـــــ گەپ قىلمايسىزغۇ، قەسەم قىلىش ئېغىر كېلىۋاتامدۇ؟

ـــــ چوقۇم قەسەم قىلىشىم كېرەكما؟ـــــ دېدى ئۇ جىلە بولۇپ،ـــ ئادەمنى يامان يەردىن قىستىغىلى ئۇستىكەنسەن-ھە. شۇ گۇمانخورلۇقۇڭغا، شۇ كۈندەشلىكىڭگە ئىمانىمنى سۆرەپ كىرىپ قانداق قىلماقچى؟ گەپ باياتىن تۈگىدى، بۇنىڭغا جاۋاب بەرمەيمەن، قەسەممۇ قىلمايمەن، يالغاندىن تولا قەسەم قىلىدىغان ھېچقىز ئەمەسمەن.

ـــــ يالغاندىن قەسەم قىلماي، راست قەسەم قىلىڭ، ئاندىن گېپىڭىزگە ئىشىنىپ خاتىرجەم ئۇخلاي.

ـــــ مېنى تەتۈر قىينىما، مەن قەسەم قىلىشقا ئۆچ، يالغاندىن بولسىمۇ، راستىن بولسىمۇ، ھەر قانداق قەسەم قىلىشقا ئۆچ، قەسەمخور بىلەن ئەزەلدىن خوشۇم يوق. مېنى ئۇنداق ئىشقا قىستىما، مەن سېنى بىلمەن، مەن ھەر قانچە قەسەم قىلسامىمۇ سېنىڭ گۇمانىڭ تۈگىمەيدۇ. مەن ساڭا ئىشەنمەيمەن...ـــــ ياسىن سۆزلىگەچ ئاچچىقلاپ سىرتقا ماڭدى.

ـــــ مەن تاز دېگىچە سەن تاز دە دەپ... نېمىگە يامانلايسىز؟ قورساق ئاغرىقىڭ بولمىسا تاۋۇز يېيىشتىن قورقما

دەپتىكەن، مەن زادى بىلگەن، ئىشتىنىڭىزنىڭ ئىغى پوق سىزنىڭ. تومۇچىقىڭىز ئالدىمغا كېلىپ سايراپ بەرسە قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ بېرىدۇ دېگەنمىدىڭىز؟ مېنى ئۇنداق ئەخمەق چاغلاپ قالماڭ...

ياسىن كەينىگە قارىدى، پۇتلىرى تىترەشكە باشلىدى، رەيھاننىڭ شەھلا كۆزلىرىدىكى نەپرەت، ھەسرەت نۇرلىرى ئوقيادەك ئېتىلىپ، يۈرىكىگە سانچىلدى. ئۇ بۇ ئاغرىققا چىدىمىدى، ئۆلۈم ئالدىدا ئىڭراۋاتقان مەھبۇستەك ئىڭراپ تۇۋلىدى:

____ نېمە دېسەڭ دە، سېنىڭ بۇ گۇمانخورلۇقۇڭ، سېنىڭ بۇ ئۇششاق گەپلىرىڭدىن جاق تويدۇم!!!

____ قىلسام قىلدىم دەپ ئەركىشىدەك مەيدىڭىزگە مۇشتلىمامسىز قېنى!

____ قىلدىم، قانداق گەپ بارما! بىر قېتىم ئەمەس، يۈز قېتىم قىلدىم، بولدىمۇ ئەمدى!!!____ ياسىن بۇقىدەك بىر ھۆكرەپ ئۆيىنى تېرە-پېرەن قىلىۋەتتى.

رەيھاننىڭ كۆز چاناقلىرىغا پاتماي قالغان يېشى يەنە ئېتىلىپ چىقتى، قورقۇپ كەتكەن ئوغلىنى قۇچاقلاپ بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى.

ياسىن بۇ گەپنى دەپ بولۇپ پۇشايمان قىلدى، خۇدىنى يوقىتىپ بىر دەم تۇرۇپ كەتتى، كۆزىنى يۇمۇپلا خۇدانى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىلمىغىنىغا پۇشايمان قىلىپمۇ قالدى؛ ھاراق ئىچكەندە، زىنا قىلغاندا يوقاتقان ئىمانى ئەجەپ بۇنچىلىك ئىشقا كەلگەندە توساتتىن پەيدا بولۇپ قالدىكىنە؟ ياكى مۇسىبەتلىك خوتۇنىنىڭ قەسەمخورنىڭ جازاسى ھەققىدىكى سۆزلىرى ئەۋلىيانىڭ گېپىدەك تۈيۈلۈپ كەتتىمۇ؟ گۈلشەن جېنىدا ۋاتىلداپ يۈرۈپ خوتۇنىنىڭ گۇمانىنى خېلىلا تۈگىتىپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك چىقىپ كەتتى، چىقىپ كېتىۋېتىپ ياسىنغا چاندۇرماي قاراپ قويدى. ئەمما ياسىن چوپچولڭ تۇرۇپ، نۇرغۇن ئىش كۆرگەن ئەركەك تۇرۇپ خوتۇنىنىڭ ئالدىدا تۇتۇلۇپ قالدى، مازلاشتى، سەۋر قاچىسى چېقىلىپ ئومچى تۆكۈلدى، ئاغزى كۆيدى، ئاچچىقىدا تۇۋلاپ ھەممىنى دەۋەتتى. رەيھان ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاچچىقىدا قىلغان گەپ دەپ چۈشەنمەيدۇ، ئۇنى شۇنداق قىلغان دەپ ئويلايدۇ، گۇماندىن يانمايدۇ....

ئۆزى تېرىغان پالاكەتتىن قۇتۇلالماي ئېلىشىپ قالاي دەۋاتقان ياسىن يەنىلا خوتۇنىنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشىنى، بۇ گەپنى ئاچچىق تەنە دەپ چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، ئۆتكۈزگەن خاتالىقى بەدىلىگە خوتۇنىنى قولدىن بېرىپ، ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىشنى قەتئىي خالىمايتتى. خوتۇنىدىن ئايرىلىش خەۋپى تۇغۇلغاندىلا ئۇ ئائىلىسىنىڭ

مۇھىملىقىنى، خوتۇنىنىڭ چىرايلىقلىقىنى، ئوغلىنىڭ ئوماقلىقىنى ئەستايىدىل ئويلاشقا باشلىدى. ئۈچ تۆت يىللىق ئىناق ئائىلە، كۆلىدىكى مىڭبىر بوران-چاپقۇندىن ئامان كەلگەن قوۋناق ئائىلە شۇنداق ئاسان تورۇلۇپ كېتىشى كېرەكمۇ؟ شۇنچە ئۇزۇن خوتۇنى خەقنىڭ خوتۇنىغا ئايلىنىپ، بالىسى خەقنىڭ ئالدىدا تېنەپ، ساغرىپ يۈرۈشى كېرەكمۇ؟

____ سەن... ماڭا ئىشەن، مېنى ئۇنداق تار يەردە قىستىما...____ دېدى ياسىن ئېسىنى يىغىپ، ئۆپكىسىنى بېسىپ،____ ئاۋۋال ئازماس خۇدا... دەپتىكەن، ئادەم دېگەن ئېزىپمۇ قالىدۇ. لېكىن مېنى ئۇنداق قىلدى دەپ ئويلىۋالما، بايا ئاچچىقىمدا تووۋلاپ سالدىم. ئەمەلىيەتتە... ئۇنداق ئىش يوق. گۈلشەننىڭ كىرگىنى راست، ئۆزىمۇ دېدى، ئۆي تازىلىغىلى كىرگەن. بىر قېتىم كۆندۈزى ھاراق ئىچىپ ھۇجرىدا ئۇنىڭغا ئېسىلغىنىم راست... بۇنىڭدىن تېنىۋالمايمەن. لېكىن گۈلشەن... يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. ئۆزەڭمۇ كۆردۈڭ، بۇ قىز ئۇنداق بۇزۇلۇپ كەتكەن قىز ئەمەس، شۇ ۋاقىتتا ئۇ ماڭا " ئاكا ئۇنداق قىلماڭ، مەن كۆلىغا ساق كەلگەن، ساق كەتكىلى قويۇڭ، مەن قايتىپ بارسام ئاتامغا نېمە دەيمەن، توي قىلىپ قالسام توي كېچىسى ئېرىمنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن" دەپ يالۋۇرۇپ يىغلاپ تۇرۇۋالدى. مەست بولساممۇ كاللام خېلى ساق ئىدى، ئىچىم ئاغرىدى، پەيلىمدىن ياندىم، نىيىتىمنى بۇزسام قىلىۋەتكۈم بار، لېكىن ئۆزەمنى تۇتۇۋالدىم، ئويلاپ باق، خوتۇن سېغىنىپ ئاران تۇرغاندا شۇنداق قىلىشىم ئاسانمۇ؟ بىز توي قىلىپ باللىق بولۇپ شۇنچە يىلدىن بېرى مېنىڭ سىرتتا ئويناپ باققىنىمنى بىلەمسەن؟ شۇڭا دەيمەن، ماڭا ئىشەن، ئەگەر ماڭا يەنە ئىشەنمەي زادى سەن بىلەن ئادا-جودا بولىمەن دېسەڭ، ماڭا قاتتىق ئۇۋال قىلغان بولىسەن...ما بالىنى يېتىم قىلمىز. كاللاڭنى ئىشلەت، تولا گۇمانخورلۇق قىلىدىغان ئىشىڭنى تۈزەت، مېنىمۇ بىر ئادەم، بىر ئەركەك دەپ ئويلا، خوتۇن خەق ئېرىنىڭ كۆزىگە تولا كىرىۋېلىپ، كىچىك ئىشنى يوغانتىپ چاتاق تېرىيدىغان بولسا ئېرىنىڭ كۆزىگە ئالۋاستىدەك سەت كۆرۈنىدۇ. سەن ئۇنداق قىلما، ساڭا بۇ تۇرمۇش كېرەك بولسا كۆڭلۈڭنى كەڭ تۇتۇپ ياشا، نى خوتۇنلار بارغۇ، ئېرى ئېزىپ كەتسىمۇ كەچۈرۈپ ئېرىنى ئۆزىنىڭ ئارقىسىدا سوكۇلدىتىدۇ. سەنمۇ شۇنداق قىلساڭ، جان دەپ خىزمىتىڭنى قىلىمەن، سەندىن باشقا ھېچكىمگە قارىمايمەن...

رەيھاننىڭ يىغىسى سەل پەسكويغا چۈشتى. ئەمما ياسىننىڭ بىر ئېغىزمۇ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك بىپەرۋا تۇراتتى، ئوغلىنى پەپىلىگەچ ئۈنسىز ياش تۆكۈپ ، ئېغىر-ئېغىر ئۇھ تارتاتتى.

ياسىن خوتۇنىنىڭ بۇ يىغىسىنى پەقەت شۇ خىيانەت ئۈچۈنلا ئەمەس، ئانىسىنى ئويلاپ كۆڭلى بۇزۇلۇۋاتىدۇ

دەپ ئويلاپ  يۈرىكى سەل جايىغا چۈشۈپ، يەنە گەپ باشلىدى:

____ ئانامنىڭ تۈگەپ كەتكىنىدىن مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بەك يېرىم... سەۋر قىلمىساق بولمايدۇ. ئېغىزىڭدىن كېتىپ قالغان گەپكە ئۈنچە پۇشايمان قىلىپمۇ كەتمە، ئانام ئۈنىڭدىن خاپا بولۇپلا ئۈنداق تۈگەپ كەتمىگەنىدۇ... رىسقى تۈگىگەندە ھەممە ئادەم شۇنداق كېتىپ قالىدىغان گەپ. ئانام ئاخىرقى كۈنلىرىدە خۇدايىمغا تۆۋە قىلىپ، ئۇ دۇنياغا بارغاندا قانداق قىلارمەن دەپ غەم قىلىپ ياتسا سېنىڭ ئۇ گېپىڭنى ئويلاپ يۈرەمتى؟ ئەگەر ساق بولسىمۇ سېنىڭ ئۇ گېپىڭدىن رەنجىپ يۈرەمتى؟ بەك ئارتۇق ئويلاپ كېتىپسەن. تېز تۈگەپ كەتسىمۇ، ئاستا تۈگەپ كەتسىمۇ بەربىر، ئانامنى كېسەل ئېلىپ كەتتى، ئەجەل ئېلىپ كەتتى، مۇشۇنداق ئويلا... سەن ئۆزەڭچە شۇنچىلىك كىچىك ئىشنىمۇ يوغان ئويلاپ يۈرسەڭ ئۆزەڭنى قىيناپ قويىسەن، شۇڭا سېنى مەن گۇمانخورلۇق قىلما دەۋاتىمەن ئەمەسمۇ! قارا ما بوپ كەتكەن ھالىڭغا!...

رەيھان بۇنىڭغىمۇ ھېچنېمە دېمىدى، ئەمما كۆز يېشىدىن توختىدى، بالىسىنى قۇچاقلاپ بىر نۇقتىغا تىكىلىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى، چېھرىدىكى بۇلۇت تارىمىدى. ئۇنىڭ ھەر دەقىقە سۆكۈتىمۇ ياسىنغا ئېغىر تۇيۇلدى، خوتۇنى "سەن يالغانچى" دەپ مەسخىرىلىك كۈلۈۋاتقاندەك، پىچىرلاۋاتقاندەك قىلاتتى. ياسىن بۇ ئۆلۈكتەك جىمجىتلىققا چىدىمىدى:

____ سەنزە مەن سەن كېتىپلا شۇ قىزنى ئەكىرىۋېلىپ بۇزۇقچىلىق قىلىپتىمەن-دە... سېنىڭچە مەن شۇنداق قىلارمەنمۇ؟ مەن بىر ئاخشاممۇ يالغۇز ياتالمايدىغان، خوتۇن خەقنى كۆرسە ھاڭگا ئېشەكتەك تۇرالمايدىغان شۇنچىلىك بۇزۇق، سويۇق نېمىمۇ؟ ئون نەچچە كۈندە مەن ئۆزەم تونۇمايدىغان بىر قىزنى ھۇجرىغا ئەكىرىپ كۈندە ئوينىغۇدەك نوچىلىشىپ كېتىپتىمەنمۇ؟! قېينانام تۈگەپ كەتسىمۇ شۇنداق ئىشنى قىلىپ يۈرۈيدىغان ھايۋانمىدىم؟! كاللاڭنى سىلكىۋېتىپ ئويلاپ باق، مەن  زادى شۇنداق ئادەممىدىم؟  شۇنچە يىل بىللە چىرايلىق ئۆي تۇتۇپ كېلىۋاتىمىز، بۇنىڭ بىرسى سېنىڭ چىرايلىقلىقىڭدىن، ئەخلاقىڭنىڭ ياخشىلىقىدىن بولسا، بىرسى مېنىڭ ئەرلىك غۇرۇرۇمدىن، ساڭا بولغان سادىقلىقىمدىن ئەمەسمۇ...ئۆزەڭ ئويدان ئويلاپ باقە، بىز شۇنداق ئۆي تۇتۇپ كەلمىدۇقمۇ؟ ئەمدى مۇشۇ تايىنى يوق ئىشقا مېنى مۇشۇنچە قىينامسەن؟ مەستلىكتە بىر قىزغا چاقچاق قىلىپ قويغانىغا ئۆلگىچە تويغۇزامسەن؟ سېنىڭ ئالدىڭدا مەن ھازىر نېمىگە ئايلىنىپ قالدىم؟! مەن بىر خوتۇنىنىمۇ ئوڭلاپ خوتۇن

قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدىمۇ ئەمدى؟! توۋا، مۇشۇ غېنى شاڭجاڭغا ھەيرانمەن، ئۈچ خوتۇنى تۇرۇپ ساپساق ياشايدىكىنا... توۋا...

____ شۇ ئوغرىنى دوراپ قىلغان ئىشتۇ شۇ!____ دېدى رەيھان ئەمدى سۆزگە كىرىپ، ___ سىزگە ئۆزىنىڭ ھەممە ئىشنى ئۆگەتكۈسى بار ئۇ تازىنىڭ، ئۆزىنىڭ سېسىق تاۋۇزلىرىدىن بىرنى بەرسە ئۇسساپ كەتكەندە يېگەنسىز تايىنلىق! سىز كۆزىڭىزنى يۇمۇپ ھاراقنى ئىچىۋەرگەندە ئۇ ئوغرىنىڭ ماڭا قانداق قاراپ كەتكىنىنى بىلەمسىز؟! سىز ھېچنېمىنى ئۇقمايسىز، شۇ قېرى ئاغىنىڭىز سىزگە مەندىن مۇھىم، ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلسام ياخشى بولماس دەپ گەپ قىلمىغانتىم، ئەمدى دەۋېرىمەن، ئاچچىقىم كەلسە تىللايمەن، ھجىيىپ تۇرۇپ ئادەمگە قەست قىلىدىغان شۇنداق ئوغرىنى ئاغىنەم دەپ يۈرگەندىكىن مۇشۇنداق بولىدۇ مانا! ئۆزىڭىزنى ئاقلايمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، مېنىڭ كۆزۈمدىن ھېچقانداق يېرىڭىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ...

خوتۇنىنىڭ زۇۋان سۈرگىنىدىن يۈرىكى تىنغان ياسىن ئۇنىڭ يەنە باشقا گەپىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ گۇمانىنى راستقا چىقىرىشقا ئۇرۇنۇۋاتقىنىدىن ئەرۋاھى ئۇچتى:

____ سەن گۇمان قىلمىغان ئەمدى شۇ غېنى شاڭجاڭ قالدىمۇ؟ ئۇنىڭ بىزنىڭ ئاشخانىغا كۆيۈنۈپ قىلغان ئىشى خاتامۇ؟ ئۇ ماڭا قىز بېرىمەن دېمىگەن، ئۆزەم دېگەن، شۇڭا مۇشۇ قىزنى ئوبدان ئىشلەيدۇ دەپ بۇيرۇپ بەرگەن، دېمىسىمۇ ئوبدان ئىشلەيدىكەن، ئۇ كېلىپلا سودا شۇنداق ئاۋات بولۇپ كەتتى.غېنى شاڭجاڭ ئۆزىمۇ بىر قېتىم ئەھۋال سوراپ كەلدى. ئۇنى دېسەڭ، ھاشىم دوغىلاقنىمۇ شۇ غېنى شاڭجاڭ تېپىپ بەرگەن. بىر ئوبدان ئىشلەۋاتىدىغۇ ئەنە...ساڭا قارىسا قارىغاندۇ، باشقا خەنزۇلارمۇ قارايدىغۇ چىرايلىق دەپ، ئۆزەڭچە نېمىنى ئويلاپ كەتتىڭ!!؟ ئۇنىڭ يا بىر ئەسكى ئىشى يوق، بىزگە ياخشىلىق قىلسا قىلدىكى، ھېچقانداق يامانلىق قىلمىدى. كۆلىدا مۇشۇنداق بىر ئادەمنىڭ چىقىشى ئاسانمۇ؟ سەن تۆكى يوق گەپنى ئاز قىلىپ، خوش ياقىدىغان گەپنى قىل. بۇنچىلىك گۇمانخور، ئۇششاق سۆز ئەمەستىڭ، ئانام تۆگەپ كېتىپ نېرۋاڭ سەل چېچىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ..

____ سىز مۇشۇنداق قىلىۋەتتىڭىز، تېلېفوننى بېسىۋەتكەندە مۇشۇ سىڭىلىڭىزغا چاقچاق قىلىۋاتقانمىدىڭىز؟ ئۆزىگە چىلىق قىز ھەرگىز خوتۇنى يوق ئەرنىڭ ھۇجرىسىنى تازىلاپ، يېنىغا كىرىپ يۈرمەيدۇ. سىزمۇ مەستلىكتە ھەممە ئىشنى قىلىسىز. مەن سىزنى شۇنچىلىكمۇ ئۇقمامدىمەن؟ تىلىڭىز مىدىرلاپ تۇرغان بىلەن كۆزىڭىز ھەممىنى ماڭا دەپ

قويۇۋاتىدۇ. مېنى ئالغىلى چىققاندا تۇرقىڭىزدىنلا بىلگەنمەن...

ـــــ يا ھەزرەت، مەھەللىمىزدىكى تۇنسا باخشىدىنمۇ ئېشىپ چۈشكۈدەكسەن! ئەۋلىيا دېسە بولغۇدەك، ئەۋلىيا...

ـــــ بولدى قىلىڭ، كۆزۈمگە بەك بىچارە كۆرۈنۈپ كەتتىڭىز، ـــــ دېدى رەيھان ئورنىدىن قوپۇپ، ـــ سىزمۇ مۇشۇنداق قىلىپ يۈرگەندىكىن، جاھاندىكى ھەممە ئەر خەققە ئىشەنگىلى بولمىغۇدەك... ئىشقىلىپ، كۆڭلۈم بۇ تۇرمۇشتىن بەك سوۋۇپ كەتتى، ئويلايمەن، ئويلاپ ساراڭ بولۇپ كېتىمەن، ئېرىمگە شۇنچە قىلسام ئۇنىڭ ماڭا قايتۇرغان جاۋابى مۇشۇ بولدىمۇ دەپ ئىچ-ئىچىمدىن قاينايمەن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاتا-ئانام، ئۇرۇق-تۇغقان، قېرىنداشلىرىمنى رازى قىلسام بولماسمىدى دەپ كېتىمەن. لېكىن خۇدايىم مۇشۇنداق يارىتىپتىكەن، ئەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىش پېشانىمىزگە پۈتۈلۈپ كېتىپتىكەن، ئايال خەققە مۇشۇنچە جاپانى بەرگەن خۇدايىم ئۇنىڭ ئەجرىنىمۇ بېرەر... ئەر خەق ئويناپ كۈلۈپ يالغان سۆزلەپلا ئۆتىۋېرەمەس، ئايال خەقمۇ يىغلاپ قاقشاپ يۈرىۋېرەمەس، بۇ جاھاننىڭ ھامان سورىقى بار...

ياسىن بۇ گەپتىن بىر ئاز ئۈمىد شولىسى كۆرگەندەك بولدى، ئەمما بۇ ئۈمىد قانداق تېز پەيدا بولغان شۇنداق تېز يوقالدى، "بۇ خوتۇننىڭ كۆڭلى ئەمدى ئەر-خوتۇنچىلىق مۇناسىۋەتنى كۆتۈرەرەمۇ؟" دېگەن مەسىلە كاللىسىغا كىرىۋالدى.

رەيھان خالا-خالىماس ھالدا ئۆزىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى، ئايالنىڭ ئىشنى قىلىۋاتاتتى، ئەمما ئىش قىلىۋاتىدۇ دېگەندىن كۆرە بۇ ھۇجرىدا ياشاشقا مەجبۇر بولغىنى ئۈچۈن چىشنى چىشلەپ ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، تىرىكچىلىك ئۈچۈن مىدىرلاۋاتىدۇ دېگەن تۈزۈك ئىدى. ئۇ ئورۇن-كۆرپىلەرنىڭ تېشىنى بىر-بىرلەپ سۆكۈپ ، يېڭى كىرلىكلەرگە ئالماشتۇردى؛ ئۆيىنى قايتىدىن تازىلاپ، گىلەمگە ئوغلى بىلەن ئۆزىنىڭ ئورۇننى سالدى. كارىۋاتقا ياسىننىڭ كۆرپە-كۆرپىسىنى پوملاپ تاشلاپ قويدى.

ـــــ سەن بالا بىلەن كارىۋاتتا ياتقىن، مەن پەستە ياتاي، ـــ دېدى ياسىن مۇشۇنداق قىلسا كۆڭلى تىنىدىغاندەك ئىلتىجا بىلەن، ـــ سېنىڭ نەزەرىڭدە مەن ھازىر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىدەك بولۇپ قالدىم. شۇڭا ئۈستىدە ياتسام ئۇخلىيالمايمەن.

**___ مەيلى ئەمسە، تۆر ياراشمىغان ئادەمنىڭ پەگادا ياتقىنى ياخشى، ئىززىتىنى بىلمىگەن ئادەمنىڭ خارلىشىپ ئۆملەپ يۈرگىنى ياخشى...**

**___ شۇنداق دەيدىغانلىقىمنى بىلىپ دەۋالدىڭ-ھە...___ دېدى ياسىن كۈلۈمسىرەپ، ئۇ مۇشۇ ئارقىلىق كەيپىياتنى ئوڭشاپ خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى ئويلىغانىدى، ئەمما بۈگۈنچە ئۇنىڭ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى، رەيھانىنىڭ ئازابى يۈرىكىنىڭ قات-قېتىغا ئورناپ كەتكەنىدەك قىلاتتى، ئۇنىڭ قايغۇلۇق چېھرىگە قارىسىمۇ ياسىنىنىڭ يۈرىكى سالاتتى.**

**ياسىن ئاشخانىنى تاقاپ، توكنى ئۆچۈرۈپ ھۇجرىسىغا كىرگەندە رەيھان ئوغلىنى قۇچاقلاپ ئۇيقىغا كەتكەنىدى، بۈگۈن مۇشۇنداق ئۇخلار، ئەتىچۇ، ئۆگۈنچۇ؟ ياسىن ئوغلى ياتىدىغان گىلەمگە يانپاشلاپ ياستۇققا بېشىنى قويدى. ھۇجرىغا پاشا كىرىۋالغاندەك بىر نەرسە غىڭىلدايتتى، گىلەمنىڭ بىر يەرلىرىدىن بۈرگىلەر تاقلاپ يۈرگەندەك، سۇۋەرەك مېڭىۋاتقاندەك شەپە كېلەتتى. ئۇ ئۇزاققىچە تولغىنىپ، تۆشنى قاشلاپ ياتتى. گۈلشەن بىلەن ئۆتكۈزگەن كېچىلىرىنى، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ سۈرگەن ئىشرەت لەززىتىنى خىيال قىلدى؛ ئەمما كارىۋاتتىكى گۈزەل خوتۇنى ئۇنىڭ خىيالىدىكى بۇ ئىشلارنى ناھايىتى پاسىق، مەينەت، پالاكەت بىر ئىشلاردەك ھېس قىلدۇراتتى. ياسىن ئوغرىلىقچە يېگەن مېۋىلىرىدىن پەخىرلىنىپ، ئاغزىنى تاتلىق ئېتىپ ياتسىمۇ، كارىۋاتتىكى ھالال جۈپتى ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، "ئاغزىڭدىكى شالتاقنى سۈرتىۋەت" دەپ مەغرۇر كۈلۈپ تۇراتتى... ياسىن ئۇخلىيالمىدى، كارىۋاتتىكى كۈندەشچى خوتۇنىغا، سەزگۈر ئايال باخشىغا، 15 كۈن ئاۋۋالقى سۆيۈملۈك مەھبۇبىغا، بارغانچە جەزبىلىك كۆرۈنۈۋاتقان "ئۇيقۇدىكى ساھىپجال"غا پات-پات قاراپ قوياتتى، ئۆتكۈزگەن شېرىن ئاخشاملىرىنى ئويلىماي قۇتۇلالمايتتى، ئويلىسا ۋۇجۇدىغا كونا، ئۆچمەيدىغان بىر ئوت تۇتىشاتتى، ئۇنىڭغا تاقەت قىلىشمۇ مۇشكۈل ئىدى... نەچچە رەت ئورنىدىن قوپۇپ خوتۇنىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ قويىنىغا سولىۋېلىشنى، چىدىغۇسىز تەشنالىقىنى قاندۇرۇشنى ئويلىدى، ئەمما قورقتى، خوتۇنىنىڭ قايغۇ-ئەلىمى، ئاچچىقىدىن قورقتى؛ ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغىنىدىن قورقتى؛ خوتۇنىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تېخىمۇ چاندۇرۇپ، سەۋر-تاقىتى كەم، شەھۋەتتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان، ئۆزىنى تۇتالمايدىغان ئادەمدەك كۆرۈنۈپ قېلىشتىن قورقتى؛ خېلىغىچە ئاشۇنداق ھاياجان ۋە ئىككىلىنىشتە تىترەپ يېتىپ بىر چاغلاردا قانداق ئۇخلاپ قالغىنىنىمۇ بىلمەي قالدى...**

## 14

ئەتىسىدىن باشلاپ ياسىن سىقىلىش ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى، چوڭ خوتۇنىنىڭ قاپىقى ئېچىلمايتتى، «كىچىك خوتۇنى» ئاشخانىدا ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈگۈرۈپ يۈرگەن بىلەن دەردىنى ئۆزى بىلەتتى. ياسىن ئاشخانىنىڭ كەم نەرسىلىرىنى تولۇقلاش، كاۋابدانىنىڭ يېنىدا ئۆمەرگە ئىش ئۆگىتىش بىلەن ئالدىراش بولسىمۇ كاللىسىدا بۇ ئىككى چىرايلىقنىڭ ئىشىنى قانداق جۆندەش ھەققىدە تولا ئويلىناتتى. غېنى شاڭجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئىچىدىكى دەرتلىرىنى تازا تۆكۈۋالغۇسى كەلدى، ئەمما بۇ ياقتىن ئىش چىقىپ بولغىچە ئۇ ياقتىن ئىزدەپ بېرىشقا ياكى بۇ ئاشخانىغا تەكلىپ قىلىشقا رايى تارتمىدى، خوتۇنى بۇنى ئۇقۇپ قالسا تېرىكىپ ساراڭ بولۇپ كېتەتتى، مۇناسىۋەت تېخىمۇ يامانلىشاتتى. ئۇ ئەمدى نېمىلا قىلسا خوتۇنىنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغاچقا، خىيالىغا كەلگەنچە ئىش قىلالمايتتى، «نەچچە كېچە بولدى خوتۇن ماڭا پەقەت يېقىن كەلمىدى، ئۆزىنى قەتئىي تۇتقۇزمىدى» دەپ گۈلشەنگە دەردىنى تېخىمۇ تۆكەلمەيتتى، بىر قېتىم ئۇ گۈلشەن بىلەن پەقەت بەش مىنۇتلا پاراڭلىشىش پۇرسىتى يارىتالىدى، «خوتۇنۇم ماڭا كىرىشىۋالدى، سەندىن بەك كۆنەپ كېتىۋاتىدۇ، سېنى يامان سېغىنىپ كەتتىم، قانداق قىلىمىز...» دەپ ئەتراپىغا ئالاق-جالاق قارىدى، گۈلشەن كۈلۈپ قويۇپ خاتىرجەملىك بىلەن « چىداڭ ئەمدى، مەن پەقەت سىزنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرساملا شۇنىڭغا شۈكرى دەيمەن...»دېدى. رەيھان ھەدىسى ئۇنىڭغا قاچانغىچە شۇنداق ھوقۇقنى بېرەر؟ رەيھان ئۆزىنىڭ رىسقىغا چاڭ سالغان بۇ جىننى قوغلاپ چىقىرالمىدى، ئېھتىمال ئېرىنىڭ غورۇرىنى ساقلىدى، ئەگەر بۇ غورۇرغا تېگىپ قويسا ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى، ئېھتىمال ئاشخانا سودىسىنى ئويلاپ شۇنداق قىلدى، ئېھتىمال ئۆزىنىڭ كەيپىياتى ئەسلىگە كېلىپ بولغىچە بىر مەزگىل ئارام ئالماقچى بولدى، ئېھتىمال بۇ جىنتەكىنىڭ راستىنلا پاك ياكى بۇزۇقلۇقىنى، يۈزىنىڭ نېپىز ياكى قېلىنلىقىنى، ھورۇن ياكى ئىشچانلىقى، تېتىك ياكى گالۋاڭلىقىنى ھەقىقىي كۆرۈپ باقماقچى بولدى، يا بولمىسا ئېرىنىڭ يەنە قانداق ئويۇن ئوينايدىغانلىقىنى تاماشا قىلماقچى بولدى....

ياسىن ئىككى چىرايلىقنىڭ ھېچقايسىسىدىن نەپسانىي تەلەپلىرىنى قاندۇرالمىغىنىغا جىلە بولۇپ، تاماكىنى ئارتۇق چېكىشىدىغان بولۇپ قالدى. گاھىدا غېنى شاڭجاڭ بولمىسىمۇ ئۆزى ئوغرىلىقچە بىر-ئىككى رومكا

قېقىۋالاتتى. كەيپى كۆتۈرۈلگەندە خوتۇنىنىڭ بېسىمىدىن پىغانى ئۆرلەپ، گۈلشەننى سېغىناتتى، خوتۇنى كۆرمىگەن يەردە، ھەتتا ھاجەتخانىدا بولسىمۇ بىر ئىشلارنى قىلىۋەتكۈسى كېلىپلا تۇراتتى، ئۆزىگە ھاي بېرەتتى، ئەمما بۇ ھالەت ئۇزاققىچە داۋاملىشىدىغان بولسا بۇ سىقىلىشقا ھامان بىر كۈنى چىدىماي سەتلىشىدىغاندەك، روھىي جەھەتتىن تۈگىشىدىغاندەك قىلاتتى...

ئاخشىمى ئۇ يەنىلا پەستە ياتاتتى، خوتۇنى ئۇنى قەستەن قىيناۋاتقاندەك، ئۆتكۈزگەن جىنايىتىنىڭ جازاسىنى مۇشۇنداق بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ بىر نەچچە قېتىم خوتۇنىغا سۇۋۇنۇپ باقتى، ئېسىلىپ باقتى، ئەمما رەيھان ئۇنى يېقىن كەلتۈرمىدى، «مېنى زورلىماڭ، مەن تېخى سىزنىڭ گۇناھىڭىزدىن ئۆتۈپ بولالمىدىم» دېدى، سىزلەپ تۇرۇپ گەپ قىلغىنى ئېرىنى بۇرۇنقىدەك ھۆرمەتلىگىنى ئەمەس، چاندۇرماي تۇرۇپ  تاناۋىنى تارتقىنى ئىدى. ياسىن بۇ گەپتىن لاسىسدە بولۇپ، ئىچى تىتىلداپ كەتتى؛ غۇرۇرى قاتتىق ئازار يېدى، شۇ بىر گۇناھى تۈپەيلىدىن ھالال خوتۇنىدىن تەلەپلىرىنى يا قاندۇرالمىسا، يا تايىنلىقلا بۇزۇلۇپ گۈلشەن بىلەن بىرگە بولالمىسا، بۇ نىمىدېگەن ئازاب...

ئۇ ئېغىر تىنىپ، ھەسرەتلىنىپ، ئىچى پۇشۇپ ياتتى؛ ئىلگىرى ھەممە ئىشنى ئاددىي چاغلاپ، خوتۇن خەق دېگەننى ئوينىتىپ، ئەركىلىتىپ، ئۆزەمگە باش ئەگدۈرىمەن دەپلا ئويلايتتى،  چوڭ خوتۇن، «كىچىك خوتۇن»... دەپ ئۆزىچە كېرىلىپ، ھاياجانلىنىپ، پاچاقلىرى تىترەپ كېتەتتى، مانا ئەمدى ھېچنېمە يوق، ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قىستىلىپ، تولغىنىپ ياتىدۇ، يۈرىكى تاشتەك ئېغىر، قويىنى مۇزدەك سوغۇق. ئۇنى ئىسسىتىدىغانلار، يۈرىكىنى ھاياجاندا قىسىدىغانلار قېنى؟ ئۇنى ماگنېتتەك تارتىپ تۇرىدىغان شىرىن لەززەت قېنى؟...

ياسىن بىر ھەپتىنى شۇنداق سېغىنىش، ئەسلەش، تەشنالىق، ئازاب بىلەن ئۆتكۈزدى؛ شەنبە ئاخشىمى بۇ ھالەت يەنە تەكرارلاندى.  خىيالىغا، تەقەززالىقلىرىغا چىداپ بولالمىغاندا كارىۋاتتىكى خوتۇنىغا ئەلەم بىلەن قارىدى، ئورنىدىن قوپۇپ نېمىلەرنى قىلىۋەتكۈسى كەلدى، تالاغا ھاجەتكە چىققاندا گويا گۈلشەن ئۇچراپ قالىدىغاندەك خام خىيالدا ماڭدى، خوتۇنىدىن لەززەت ئالالمىغانچە ئۇنى شۇنچىلىك سېغىنىدىكى، ھازىرنىڭ ئۆزىدە نەدىن بولمىسۇن تېپىپ، يىغىلىپ قالغان ھەۋەسلىرىنى بىراقلا قاندۇرۇپ، دەردىنى بىراقلا تۆگىتىپ، ئارام تاپقۇسى كەلدى. ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرگەندە دىققىتىنى يىغىۋالدى، قارام ئىستەكلىرىدىن ئېغىپ كەتكەن يۈرىكىنى تەستە جايىغا چۈشۈردى. ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان خوتۇنىغا سەپسالدى، مەڭزىگە سۆيۈپ، يوتىسىنى سىلاپ باققۇسى كەلدى.

ئۇخلىغاندا بولسىمۇ ئۇنىڭ تاتلىق كۆلۈمسىرەپ يېتىشنى كۆرمەكچى بولدى، كۆرەلمىدى، چىرايىدا يەنىلا شۇ كونا ھەسرەت، كونا قايغۇ... گۈلشەن بۇ يەردىن يوقالمىغىچە بۇ چىراي ھەرگىز ئېچىلمايدىغاندەك قىلاتتى. ياسىن خۇرسىنىپ قويدى، تىترەپ تۇرغان قولىنى يىغىۋالدى، شۇنچە يىل ئۆي تۇتۇپ بۇ خوتۇنىنى تېخى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئىلگىرى بۇنداق ئىش چىقمىغان تۇرسا خوتۇنىنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىۋېلىشىنى كىم بىلەتتى؟ ئېرىنى ئوتقا تاشلاپ قويۇپ ئۆزى خاتىرجەم ئۇخلايدىغان بۇ خېنىمنىڭ بۇرۇنقى خۇش پېئىللىقى، كۆيۈمچانلىقى، ئېرىدىن ئايىمايدىغان ناز-خۇلقى قېنى؟... ئۇ قايتىپ كەلگەندىن بېرى ياسىنغا بىر قېتىممۇ يالىڭاچ كۆرۈنۈپ باقمىدى، ئۇخلاش كىيىمنى قەتئىي سالمىدى. «ئانامغا قارىلىق تۇتىمەن» دېدىمۇ، «جاجاڭنى مۇشۇنداق بېرىمەن» دېدىمۇ ئىشقىلىپ، ئۆزىنى كۆرستىپ سالمىدى؛ ئۆي شۇنچە ئىسسىق بولسىمۇ يوتقاننى ئېچىۋەتمەي، خۇددى يات ئەردىن قورۇنغاندەك ئۆزىنى يوشۇرۇپ ياتتى. ياسىن ئۇنىڭغا ناتونۇش بىر چىرايلىق قىزغا ياكى جۇۋانغا قارىغاندەك ئۇزۇن قاراپ كەتتى، ناتونۇش تۇيۇلغانچە يېقىماچە بىلىنىپ ، ھەۋىسى كۈچىيىپ كەتتى. ئۆزىنى تۇتالماستىن يوتقانغا قولىنى تىقىپ، «ئىسسىقىسى»نى ئىزدەشكە باشلىدى. رەيھان مۇشۇنداق بىر ئىشنىڭ ھامان چىقىدىغانلىقىنى پەملەپ تۇرغاندەك، ئۇيقۇلۇقتىمۇ سەگەك ياتقانىدى، ئېسەنكىرەپ ئويغىنىپ كەتتى، ئوغرى مۇشۈكتەك تىمىسقىلاپ يۈرگەن ئېرىگە چۆچۈپ قارىدى ۋە ئۇنىڭ تۈكلۈك قولىنى خۇددى ئاپتوبۇستا بىر يانچۇقچىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالغاندەك تۇتۇۋالدى:

—— نېمە قىلىۋاتىسىز؟

ياسىن ئامالسىز، چارىسىز، ئىلتىجا، گاڭگىراش، تەلمۈرۈش ئىچىدە خوتۇنىغا قاراپ تۇراتتى.

—— ساڭا قاراپ پەقەت ئۇخلىيالمىدىم، پەسكە چۈشسەڭ...

—— نېمىشقا؟

—— نېمىشقا دەيسەنغۇ؟ خوتۇنۇم ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭما؟

—— خوتۇنىڭىز بولغاندىكىن باشقا خوتۇنغا نېمىشقا ئېسىلىسىز؟

—— پەقەت ئېسىلىپلا قويغان شۇ، باشقا ئىش بولمىغان، ساڭا نەچچە قېتىم دەيمەن بۇنى!

ـــــ ئېسىلغانلىقىڭىن باشقا ئىش بولماي قالامدا؟ تولا مېنى زەردە قىلماي، جىم يېتىپ ئۇخلاڭ.

ـــ ماڭا قاچانغىچە ئىشەنمەيسەن دەيمەن، قىلدىم دېسەملا كۆڭلۈڭ جايىغا چۈشەمدۈيا!

ـــ قىلغانلىقىڭىن قىلدىم دەڭ، شۇنى سىزدىن سوراپ باققۇم بار، ئۇنىڭ نەرى ماڭا ئوخشىمايدىكەن، قانداق ئالاھىدە يېرى باركەن؟ مەندىن چىرايلىقمىكەن؟ مەندىن پەيزىمىكەن؟ مەندىن بەك شوخمىكەن؟ سىزنى مەندىن بەك رازى قىلامدىكەن؟...

ـــــ بولدى قىل، بەك ئېشىپ كەتتىڭ!

ـــــ توۋا ما گەپنى، قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ، ماڭا دەيسىزغۇ بۇ گەپنى!

ـــــ خېلى يۈزلۈك تۆۋەن ئىدى، ھازازۇل خوتۇنلاردەك سۆزلەيدىغان بولۇپ كېتىۋاتىسەن!

ـــــ ھازازۇل دېگەن قانداق بولىدۇ، سىزگە كۆرسىتىپ قويىمەن تېخى... گېپىمگە جاۋاب بېرىڭ، ئۇنىڭ قانداق يېرى ماڭا ئوخشىمايدىكەن... ـــــ رەيھان سۆزلەۋېتىپ ئۇخلاش كىيىمىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتتى، ـــــ كۆرۈڭە مېنى، كۆرىدىغان خوتۇن مانا ئالدىڭىزدا، كۆزىڭىزنى يوغان ئېچىپ قاراڭ.

ياسىن خوتۇنىنىڭ گويا يامان بىر چۈش كۆرۈپ قويۇقاندەك سۆزلەپ، ئەمدى بۇ قىلىقنى چىقىرىۋاتقىنىدىن ھەيران قالدى. ئالدىدا سۆرەتتەك چىرايلىق بەدەن، ئەمما بۇ بەدەنگە دىققەت قىلغۇدەك كاللا، ھېسسىيات ئۇنىڭدا يوق ئىدى. رەيھان ئۇنىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئۇچىسىنى ياپتى.

ـــــ كۆردىڭىزمۇ؟ قانداقكەن؟ ئۇنىڭ كۆكسى مېنىڭكىدىن چوڭمىكەن؟ پاچىقى مېنىڭكىدىن ئۇزۇنمىكەن؟ ماڭا نەرى ئوخشىمايدىكەن، دەپ بېقىڭە زادى بىر ئاڭلاپ باقاي!!!

ياسىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي گاچىلىشىپ تۇرۇپ قالدى، بۇ گەپكە قانداق جاۋاب بېرەلەيدۇ؟ كىمنى ماختاپ كىمنى چۈشۈرىدۇ؟ ھەر ئىككىلىرىنىڭ ئوخشىمايدىغان پەيزى بار دەپ مازلىشىپ يۈرەمدۇ؟ خوتۇنى ئۇنىڭ ئالدىدا نېمە؟ ئاشنىمۇ، كۇتكۇچىمۇ، بالا باققۇچىمۇ؟ ئۇ ھېچنېمىدىن بىخەۋەر ئۇخلاۋاتقان شۇ بالىنىڭ ئانىسى ئەمەسمۇ؟ ئانىسىنى ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۆزى مۇستەقىل ئانا بولۇشقا قەدەم قويغان ئايال ئەمەسمۇ؟

رەيھان زەردىسى قاينىغانچە ئۆزىنى تۇتالماي، بالا ئويغىنىپ كەتمىسۇن دەپ پەس ئاۋازدا، ئەمما ئاچچىق بىلەن سۆزلەيتتى:

—— مېنى قانچىلىك سارالڭ قىلىۋەتكىنىڭىزنى كۆردىڭىزمۇ مانا! مەن مۇشۇنداق هازازۇل، مۇشۇنداق بېشەم، مۇشۇنداق قېلىن خوتۇنمىدىم؟ مەن ئالدىڭىزدا بۇ هالغا چۈشۈپ قالغۇدەك زادى نېمە گۇناھ قىلغان؟ ئەگەر خۇدىكىڭىز بولمىسا نېمىدىن قورقىسىز؟ نېمىشقا بۇنچە تىترەپ ماڭا يېقىن كەلەلمەيسىز؟ مەنمۇ سىز ئويلىغان ئىشنى ئويلىماي قالمەنمۇ؟! مەنمۇ بىر ئەرنىڭ كۆيۈنۈشىگە مۇهتاج ئەمەسمۇ؟! ماڭا نېمانچە دۈشمەنلىك قىلىسىز دەيمەن؟! هېلىغىچە شۇ بىر نېمىنى ئىشلىتىپ يۈرۈيسىز مېنى مازاق قىلغاندەك، بوپتۇ ئىشلىسۇن، لېكىن مېنىمۇ ئويلاپ قويۇڭ، كەلگەندىن بېرى ئۇيقا يوق، كۆزۈمنى يۇمغان بىلەن كاللامدا سىز، بوپتۇلا دەيمەن، لېكىن مۇشۇ كارىۋاتتىكى رەسۋاچىلىقنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم غەزىۋىم قايناپ، چىشلىرىم غۇچۇرلاپ كېتىدۇ. كارىۋاتنى تالاغا ئەچىقىپ تاشلىۋەتكۈم كېلىدۇ. ئەمما بۇنىڭدا نېمە گۇناھ، هەممە ئىشنى قىلغان سىز، تېخىچە بوينۇڭىزغا ئالغىڭىز يوق. ماڭا قاراڭ، مەن مانچە يىل ئۆي تۇتۇپ سىزنى بۇنچىلىك چۈشەنمىسەم، بۇنچە گۇمانخورلۇق قىلىپ ساراڭمىدىم؟ سۆزلىسەممۇ سىز ئۈچۈن سۆزلىدىم، قاينىساممۇ سىز ئۈچۈن قاينىدىم، هەممىسى سىز ئۈچۈن، سىزنىڭ ئىشىڭىز ماڭا ئۆزەمنىڭ ئىشىدىنمۇ مۇهىم، سىزنىڭ كۆڭدە قىلىۋاتقان ئىشىڭىز، گەپ-سۆزىڭىز، مۇئامىلىڭىز بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قالغاچقا ئەنسىرەۋاتىمەن، بولمىسا مەن سىزدىن بەك خاتىرجەم ئىدىم، ئارتۇق گۇمانلانمايتتىم، هازىر بەك سەزگۈرلىشىپ كەتتىم، ئۇقمايمەن، شۇنچىلىك نازۇكلىشىپ كەتتىمكى، نېرۋام چىڭقىلىپ، بېشىم ئېتىلىپ كەتكۇدەك ئاغرىيدۇ. كېچىسى ياتالمايمەن، ئەتە نېمە بولار دەپ غەم قىلىمەن، مۇشۇ ئۆينى، بالىنى ئويلاپ هالىم قالمايدۇ، لېكىن سىز هېچنېمە بىلەن كارىڭىز يوق يۈرۈۋاتىسىز، ماڭا خوتۇن كىشىدەك قېيداۋاتىسىز، كۆزىڭىزگە هېچ سىغمايۋاتىمەن، مۇشۇ گۈلشەن دېگەن بىر نېمە ئاشخانىدىلا بولسا مەن زادى كۆزىڭىزگە سىغمايمەن، سىزگە سەت كۆرۈنىمەن. شۇڭا ئۇنى ئاشخانىدىن كەتكۈزىۋېتىڭ، شۇنداق قىلمىسىڭىز مەن ئەسلىمگە كېلەلمەيمەن، سىز بىلەنمۇ هەرگىز بىللە بولالمايمەن؛ دەيدىغان گېپىم شۇ، ئەگەر ئۇنى ئارىمىزدىن يىراق قىلمىسىڭىز، بۇندىن كېيىن مەن بىلەن بىللە ياتمەن دېمەڭ!..

—— گەپلىرىڭىنى يىغىپ يۆگەپ كەلسە، يەنە شۇ گەپ. سېنىڭ مەقسىتىڭ زادى گۈلشەننى هەيدىۋېتىشمۇ؟—— دېدى ياسىن ئۆز هوقۇقىنىڭ يەنىلا مەۋجۇتلۇقىنى هېس قىلىپ،—— ئۇ كەتسە ئاشخانىنىڭ ئىشىنى قانداق قىلىمىز؟

—— باشقا بىر قىزنى تاپسىڭىزمۇ مەيلى، بۇنى كۆزۈم كۆرمىسۇن. خەنزۇ قىزدىن بىرنى ئەكىرسەڭ تېخى

ياخشى، ئىشقىلىپ، ئاشخانىنىڭ ئىشنى بۇنىڭغا باھانە قىلىۋالماڭ، ئىزىسەڭ ئادەم دېگەن جىق.

____ لېكىن باشقا قىزنى نەدىن تاپىسەن، تاپقان ئادىمىڭ گۈلشەندەك ئىشلىيەلەمدۇ؟ قىز بالىلا بولسا ھېساپمۇ؟ خېرىدارنى ياخشى كۈتەلمىسە، خەقنى جەلپ قىلالمىسا بىكار. چىرايلىقنى تاپساڭ ھورۇنلىرى كۆپ، ئىشلەيدىغىنى ئاز. ئىش قىلىدىغانلىرىنى تاپساڭ چىرايى سەت، مىجەزى تەرسا. بۇنداق قىز بالىنى ئەكىلىپ قويساڭ خېرىدارنى قاچۇرىدۇ. خەنزۇ قىزنى تاپايلى دەيسەن تېخى، ئۇدۇلدىكى ساتراشخانا بىلەن ما ئاشخانىنىڭ پەرقى بولسۇن. خەق بۇ يەرگە شىنجاڭلىقنىڭ تامىقنى يېگىلىلا ئەمەس، ئادەملىرىنى كۆرگىلى كىرىدۇ.

____ ئاشخانىغىمۇ ئەمدى چىرايلىقنى تۇرغۇزىمىز دەپ تۇرىۋۋالامسىز؟ بۇ دېگەن ئاشخانا، شوپاڭخانا ئەمەس...

____ قارا ما گېپىڭنى، ئۆزەڭنىڭ ئاشخانىسىنى نېمىگە ئوخشىتىۋەتتىڭ، سەن ئىشلىگەندە ئەمىسە بۇ ئاشخانا نېمىدى؟ گەپنى نېمانداق ئويلاپ قىلمايسەن؟ سەن بۇ تىجارەت، سودا دېگەننى چۈشەنمىگەندىكىن بۇ ئىشقا ئارىلاشما، ھازىر قاپاق پۇل ئەمەس، باراڭ پۇل. ئاشخاناڭ پاكىز، كۈتكۈچىلىرى چىرايلىق، جوزا-ئورۇندۇق ئازادە، قاچا-قۇچاڭ پارقىراپ تۇرسا خەق ئۆزۈلمەي كېلىدۇ، سەي-پەيلىرىڭنىڭ ئانچە تەمى بولمىسىمۇ رەڭگىنى چىرايلىق قىلىپ ئەچىقىپ بەرمىسەڭ خەق يېمەيدۇ. بىز بۇ ئاشخانىنى يېڭى ئاچتۇق، ئىش-ئوقەت دېگەننى مۇشۇنداق ئاستا-ئاستا ئۆگىنىمىز، قىسقىسى، پۇل تاپمىساق بولمايدۇ. سەن بار چاغدىمۇ دېگەندەك سودا بولمايتتى، سەن كېتىپ بۇ ئاشخانا چۆلدەرەپ قالدى. مانا ئەمدى ئۆزەڭمۇ كۆردۈڭ، سودا بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ياخشى. گۈلشەن خېرىدار كۈتۈشكە سەندىن ئۇستا، خەنزۇچىسى سەندىن ياخشى، ئۆزى كىچىك بولغاچقا ئايىغى چاققان. ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسەن، ئەمدى سەن ئاشۇ تايىنى يوق بىر ئىشنى دەپ گۈلشەننى ھەيدىۋەتسەڭ ئاشخانىدىن چوقۇم زىيان چىقىدۇ. سەن ئەمدى بۇنىڭدەك ئوبدان سودا قىلىپ بېرىۋاتقان قىز بالىنى ھېچنەدىن تاپالمايسەن.

____ مەن سىزنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم، ھەممە ئىشنى ئاشخانىغا تاقاپ، مەقسىتىڭىزنى يوشۇرۇۋاتىسىز. مەن بار چاغدىمۇ مۇشۇنچىلىك سودا بولاتتى، كۆزىڭىزگە كۆرۈنمەي قالغان گەپ. مېنى گۈلشەننى ماختىغاندەك بىر ئېغىز ماختاپ باققان يېرىڭىز يوق، ئەمدى ئۇ كېلىپ بىر ئاي بولا-بولمايلا سىزگە شۇنچىلىك ياراپ كېتىپتۇكى، ماختاپ ئۇچۇرۇپ، بولالماي قېلىۋاتىسىز...قارىغاندا ئۇ ھازىر سىزنىڭ گۆھەر تۇغۇپ بېرىدىغان ئەتىۋارلىق مېكىيىنىڭىزغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

____ قارا، ما گېپىڭىنىڭ سېسىقلىقىنى...____ دېدى ياسىن ئىچ-ئىچىدىن جىلە بولۇپ، قاقشاپ، ____ مەن نەق گەپ قىلىۋاتسام، سەن يەنە تەتۈرگە تولغاۋاتىسەن، ئۇنى ماختىغىنىم سېنى چۈشۈرگىنىم ئەمەس. خوتۇن خەقنىڭ ئىچى تارلىقىنى، گۇمانخورلۇقىنى بىلمەن، شۇڭا سېنى توغرا چۈشىنىمەن، ئەمما بەك ئېشىپ كەتتىڭ، بۇنداق قىلىۋەرسەڭ ئادەمنى بىزار قىلىسەن، بۇ راست گەپ!

____ تېخى مەن بىزار بولماي تۇرۇپ سىز بىزار بولۇپ كەتتىڭىزما؟ نېمانداق ئىتتىك كېلىدىغان ئاچچىق ئۇ!

____ دېدى رەيھان كارىۋاتتا پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ،____ ئۇنداق دېگىچە، مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمەن، كۆرۈپ تۇرمسام چىدىمايمەنلا دېسىڭىز بولمامدۇ؟

____ سەن نېمانداق جاھىل دەيمەن، ئۆزەڭ كۆندە پايلاپ كۆزىتىپ تۇرۇۋاتسەن، يەنە نېمىدىن گۇمانلىنىسەن؟ كۆزۈڭ كۆرمىگەن چاغدىغۇ گۇمانلانساڭ، بوپتۇ دېسەم، ئەمدى ئۆزەڭ كۆندە كۆرۈپ تۇرۇپمۇ گۇمانلىنامسەن؟ مېنى راستىنلا تويغۇزۇۋەتتىڭ جۇمۇ سەن!____ ياسىنىڭ ئەلپازى يامان ئىدى، خوتۇنىغا ئەمدى يۈز-خاتىرە قىلمايدىغاندەك، ئەگەر ئاچچىقىغا چىدىمىسا مانا ئەمسە دەپ ئۇرىدىغاندەكلا قىلاتتى؛ يەنە بىر جەھەتتىن، خوتۇنىدىن لەززەت ئالالمىغانىنىڭ ئۇستىگە، قوشلاپ بېسىم، دەرت-ئەلەمگە ئۇچرىغىنىغا قورسىقى كۆپتى بولغاي، پەيلىدىن ئاسان يانىدىغاندەك قىلمايتتى.

____ بوشراق سۆزلەڭ، ما بالا ئويغىنىپ كېتىدۇ،___ دېدى رەيھان ئۇنىڭ چىشىغا تېگىشتىن ئۆزىنى تارتىپ،___ ئاچچىقلىغان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. قانداق قىلسىڭىز قىلىڭ، لېكىن مېنى رازى قىلغۇدەك ئىش قىلىڭ. ئۆيىڭىز، ئاشخانىڭىز، خوتۇن- بالىڭىز سىزگە قاراشلىقلا قالدى. قايسى مۇھىم بولسا شۇنى تاللاڭ. مەن ھېلىمۇ سىزگە شۇنچە كەڭچىلىك قىلدىم، شۇنى بىلسىڭىز مەن دېگەنەدەك قىلسىز، خوتۇنىڭىزنى رازى قىلسىڭىز مەنمۇ سىزنى پۈتۈن كۆچۈم بىلەن رازى قىلىمەن. قېنى قايسىنىڭغا تۇرىسىز، ئۆزىڭىز بىلىڭ.

____ گۇلشەن كەتمىسە زادى بولمامدا؟

____ ئىختىيارىڭىز، ئۇ كەتمىسە ئۆيىمىز مۇشۇنداق ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ، قالغىنى ئۆزىڭىزگە باغلىق.

____ سەن ئىشنى يامان مۇرەككەپلەشتۇرۇۋەتتىڭ، بۇ ئۇنداق سەن مۇھىممۇ، مەن مۇھىممۇ دەيدىغان گەپ ئەمەس، ئىش-ئوقەتنىڭ گېپى؛ مەن ئاشخانىنىڭ غېمىنى قىلىپ "كەتمىسۇن" دەۋاتسام، "كەتسۇن" دەۋاتىسەن،

گېپىمنى باشقىچە ئويلاۋاتىسەن. ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق ئىشىم يوق دەپ مىڭ قېتىم دېسەممۇ ئىشەنمەيۋاتىسەن، ئەگەر مۇشۇ گېپىڭ بىلەن گۈلشەننى كەتكۈزۈۋەتسەم ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلغان بولمامدىمەن؟ مېنىڭمۇ باشقىلار ئالدىدا يۈزۈم تۆكۈلمەمدۇ؟ بۇنى ئويلىمىدىڭما؟

___ كىمنىڭ ئالدىدا يۈزىڭىز تۆكۈلمەكچىدى؟ قارىغاندا غېنى تاز ھاراق بىلەن سىزگە قالتىس ئىش ئۆگىتىۋېتىپتۇ ، بۇ نېمىمۇ ئۆزىنىڭ يامانلىقى بىلەن بېشىڭىزنى خېلى ئايلاندۇرۇپتۇ، شۇ خەقنىڭ ئالدىدا يۈزىڭىز تۆكۈلۈشتىن شۈنچىلىك قورقىسىزكەن، مېنىڭ ئالدىمدا قورقىماسسىز؟ ھېلىمۇ سىزنىڭ يۈزىڭىزنى ئاياپ بىر ھەپتە چىدىدىم، ئەمدى بولار، مېنىڭ بۇنداق ئۆتىتۇەرگۈم يوق. سىز ئۇنىڭ ئاكىسىدەك تۇرغان بىلەن ئۇنىڭ يامانلىقى ئالدىدا ئۇكىسىدەكلا تۇرىسىز. ئىچىدىن پىشىپ كەتكەن بۇنداق قىز سىزدەك ئادەمنىڭ بۇرنىدىن يېتىلەپ ئۆستەڭگە ئاپىرىپ سۇغارماي كېلىدۇ. ئۇ زادى نېمىشقا كەتمەيدۇ دەپ سورايمەن سىزدىن، يا مانچە يىللىق دەپ توختاملىشىۋالغانمۇ؟ ماڭا زادى جىڭغا توختىغۇدەك جاۋاب بەرمىسىڭىز بولمايدۇ، بۇ ئاشخانا سىزگە مەندىنمۇ مۇھىم بولسا گۈلشەننى تۇتۇپ قېلىپ ئىشلىتىۋېرىڭ، لېكىن ماڭا يېقىن كېلمەن دېمەڭ.

ياسىننىڭ كاللىسى قېيىپ كەتتى، رەيھان كۆندە مۇشۇ مەسىلىنىلا ئويلاپ يۈرگەندەك، ھەممە ئىشنى ئەتراپلىق پىلانلاپ ئەمدى دەۋاتقاندەك كەسكىن گەپ قىلماقتا ئىدى، خوتۇن خەقنىڭ نازۇكلىشىپ كەتسە قىلنى قىرىققا يارىدىغانلىقىنى، ئەر كىشى ئويلىمىغاننى ئويلاپ بېشىنى ساراڭ قىلىدىغانلىقىنى ياسىن تېخىمۇ چۈشەندى؛ ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمەي، گويا بىرسى بىلەن مۇھىم بىر سودا ئۈستىدە تۇرۇۋاتقاندەك جىددىيلەشتى: "كىچىك خوتۇنى"نى ھەيدىۋەتسە "چوڭ خوتۇنى" نىڭ ۋىسالىغا يېتىدۇ، ھەيدىۋەتمىسە ئۇششاق گەپ، زىددىيەت تۈگىمەيدۇ، ياسىن ھەر ئىككىسىدىن قۇرۇق قالىدۇ. گۈلشەن كەتمىسىغۇ ياخشى، ئەمما ياسىن ئۇنىڭ ساغرىسىنىمۇ تۇتالمىسا كۆندە كۆرۈپ تۇرغىنىنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئۇنداق خىيالىي ئىشلارغا نەدە چولىسى، ئۇنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى نەق ھۇزۇر، بەدەنگە تېگىپ تۇرىدىغان لەززەت...

لېكىن خوتۇنىغا بويسۇنۇپ، گۈلشەننى مۇنداقلا ھەيدىۋەتسە ئەرلىك ھوقۇقى نەدە قالىدۇ؟ گۈلشەنگۇ ئۆتكەندە ئۆزى " خوتۇنىڭىز كەلسە مېنى ھەيدىۋەتسىڭىزمۇ مەيلى، ئەمما مېنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەڭ، ئىزدەپ تۇرۇڭ" دېگەن، ئۇنىڭغا گەپ يېگۈزمەك ئاسان. بىراق غېنى شاڭجاڭغا بۇنى چۈشەندۈرمەك تەس ، ئۇ ياسىننى چوقۇم مەسخىرە

قىلدۇ. ئەمما ياسىن بۇنى دەپ خوتۇنىنىڭ قوينىغا كىرەلمەي، يا گۈلشەننى بىر نېمە قىلالماي ساراڭدەك يۈرسۇنمۇ؟...

ياسىن جىددىي ئويلاندى، كەلگۈسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپمۇ ئويلاندى، تەۋەككۇل دەپمۇ ئويلاندى. ئاخىرىدا گۈلشەن بىر ۋاقىتلاردا ئۆزى دېگەن بويىچە بۇ ئىشنى جۆندەش قارارىغا كەلدى. ياسىن نېمىلا قىلسا گۈلشەن كۆتۈرەيتتى، خەق كۆرمەيدىغان يەردە ياسىننىڭ ھەر قانداق تەلپىنى شەرتسىز ئورۇندايتتى، ياسىنمۇ ئۇنىڭ مۇشۇ پېرىگە خۇمار بولۇپ قالغاندى، كۆڭلىدە ھەر دائىم "ماڭا خاتىرجەملىك، ئەركىنلىك، خۇشاللىق بېرىدىغان بۇ چىرايلىقنى گەرچە رەسمىي خوتۇن قىلالمىساممۇ، قولۇمدىن ھەرگىز چىقارمايمەن" دەپ ئويلايتتى؛ گۈلشەننى بۇ ئاشخانىدىن ئازاد قىلسا ئۆزىمۇ ئازادلىققا چىقىپ، قۇشتەك ئۇچۇپ يۈرۈپ، خالىغان چاغدا، دېيىشىپ قويغان يەردە ئۇنىڭدىن ئالدىغان لەززەتنى ئالالايتتى. ئاشخانىغا قايتىپ كەلسە خوتۇنى ئوچۇق چىراي ئاچاتتى، ھۇجرىسىغا كىرسە قوينىنى ئاچاتتى... بۇنداق بەخت نەدە بار؟

ياسىن بىردىنلا روھلىنىپ كەتتى، ئەمما چاندۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، رەيھانغا يەنە بايىقىدەك تۇرگۇن، چارىسىز ئالپازدا قارىدى:

____ ئەگەر گۈلشەن كەتمىسە كاللاڭ ساقايمايدىغان ئىش بولسا مەن ئويلىنىپ باقاي، ئەمما ئۇ كەتسە ئاشخانىغا كېلىدىغان ئادەم ئازلاپ قالىدۇ، مەيلىمۇ؟

____ ئازلاپمۇ كەتمەس، مەن بار چاغدىمۇ ئوبدان سودا بولغان.

____ ئۇ كەتسە ھېچكىمنى ئالمايمىز، ئۆزەڭ ئىشلەيسەن، كۈندە پالاقشىپ، قاچا يۇيۇپ، يۈندا تۆكۈپ يۈرۈيسەن. مۇشۇنداق ئىشلەۋەرسەڭ تۆت كۈندە قېرىپ كېرەكتىن چىقىسەن، بۇ چىرايىڭمۇ قالمايدۇ. مەن شۇنچە كۆيۈنسەم بىلمىدىڭ، ئۆزەڭگە ئۆزەڭ جاپا سالىدىغان بولدۇڭ.

____ ئۇ كەتمىسە ئىشلمەي تۇرۇپ قېرىپ كېتىمەن، بۇنچىلىك جاپا ماڭا ئېغىر كەلمەيدۇ، ماڭا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغىنى ئەرنىڭ ۋاپاسىزلىقى. بۇنىڭغا چىدىماق تەس، ئادەمنى قىيناپ ئۆلتۈرمىسىمۇ ئۇنىڭ بىرىسىنى قىلىدۇ.

____ مۇشۇ گەپ ئېغىزىڭدىن چۈشمەسلا بولىدىغۇ سېنىڭ، مۇشۇ گەپتىن قۇتۇلىدىغانلا ئىش بولسا بولدى، مەن ئەتىلا سېنىڭ دېگىنىڭدەك قىلاي، ____ دېدى ياسىن قاپاقنى تۈرۈپ.

____ گېپىڭىز راستمۇ؟ ئەتە يەنە ئۇ چىرايلىقىڭىزنى كۆرگەنىدە يۈمشاپ كېتەرسىزا؟ ئەركەكلىكىڭىز تۇتۇپ كېتەر؟

ـــــ قارا سېنى، يەنە ئىشەنمەيۋاتىسەن ھە ماڭا، ساڭا قانداق قىلىپ بەرسەم بولىدۇ ئەمدى؟!...

ـــــ قالغىنىنى ئەتە كۆرەرمىز،ـــ رەيھان شۇنداق دەپ يوتقانغا كىرىپ، بېشىنى ئۆرۈپ يېتىۋالدى. كۆڭلى تىنىدىمۇ؟ تىنمىدى، ياسىنىنىڭ شۇنچە ئاسان گەپكە ئۇنىغانلىقىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى. دېمىسىمۇ ئۇ غەلىتە بولۇپ قالغاندى، گۈلشەنىنىڭ گېپى چىقسا تىك تۇراتتى، كۆز قارىچۇقلىرى چوڭىيىپ، نەپەسلىرى، گەپ قىلىشلىرى ئىتتىكلەپ كېتەتتى، ئاسان ئاچچىقلىناتتى، سەكرەپ بېقىپ توختاپ قالاتتى. خوتۇنىنىڭ رايىغا باققاندەك كۆرۈنسىمۇ چىن كۆڭلىدىن ئۇنداق قىلمايۋاتقاندەك، قانداقتۇر بىر شۇم غەرەزنى كۆڭلىگە كەلتۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى...

رەيھان قايتىپ كەلگەندىن بېرى ياسىن بىلەن كۆرۈشكەندىكى ھەر بىر ئىشنى، ئۇنىڭ چىرايىدا كۆرۈلگەن ھەر بىر غەيرى ئالامەتنى ئەسلەپ چىقتى، ئەڭ گۇمانلىق نۇقتىلارنى ئىنچىكە تەھلىل قىلدى، بۇلغانغان ھېسسىيات قېتىدىكى غەللە-غەشلەرنى كۆڭۈل ئەينىكىدە بىرمۇ بىر سۈزدى، ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا ئۆزىنىڭ گۇمانىدا چىڭ تۇردى ۋە ئەڭ قورقۇنچلۇق بىر ئەھۋالنى بايقاپ قالدى: بۇ ئەر راستىنلا بۇزۇلغانىدى! بۇزۇلمىسا خوتۇنىنى نېمىشقا تاشلاپ قويىدۇ، رەيھان قايتىپ كەلگەندىن بېرى نېمىشقا ئۇنىڭغا قارىمايدۇ! ھەر قانچە ئىش بولسىمۇ نېمىشقا خوتۇنىنى مەجبۇرلاپ سۆيۈپ، ئاچچىقىنى چىقارمايدۇ؟ نېمىشقا يولۋاستەك ئېتىلىپ كەلمەي گىلەمدە مۇشۈكتەك تۈگۈلۈپ يېتىۋالىدۇ؟! خوتۇنىنى شۇنداق زورلاپ بويسۇندۇرسا ئىش تۈگىگەندىن كېيىن رەيھان ئۇنىڭ گۇناھىدىن كېچىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدىغۇ؟ ئېرىنىڭ مەيدىسىگە مۇشتلاپ ئارقىدىن ئەركىلەپ ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى ئەمەسمۇ؟...

رەيھان ئۆزىنىڭ كاللىسىدا ھەقىقەتتەك چاقناپ كەتكەن بۇ پىكىرلەردىن سىلكىنىپ ئويغىنىپ پەستە ياتقان ئېرىگە ھەسرەت، ئېچىنىش ۋە ئەلەم بىلەن تىكىلدى: ئىست، ئۆزى بىلەن بىللە خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويغان لامزەللە! ئىست، ئوتتەك خوتۇنى ئوتقاشتەك تولغىنىپ ياتسا مەيدىسىنى مۇزدەك گىلەمگە يېقىپ ياتقان تىرىك مۇردا! ئىست، تېشىدىن قاتتىق كۆرۈنگەن بىلەن ئىچى كاۋاكلىشىپ، يۇمشاپ كەتكەن پوكاللا! ئىست، قورقىدىغان ئىشنى قىلىپ قويۇپ، ئەمدى قورقمايدىغان ئىشقا يېقىن كېلەلمىگەن قاپاق نوچى! ئىست، سېسىق مېۋىنى يەپ قارنى كۆپۈپ قېلىپ، ساق مېۋىگە قول سوزالماي تىترەپ يۈرگەن بەزگەك! ئىست، شۇنچە چىرايلىق خوتۇنغا ياماشماي، خىيالى باشقىسىدا ئۆمىلەپ يۈرگەن سۈلۈك قۇرت!...

رەيھان نەچچە كۈن ئاۋاللا پەستە ياتقان بۇ مەخلۇقنى ھەقىقەتەن سېغىنغانىدى، سېغىنغانچە ئىچ-ئىچىدىن

ۋايساپ، ئەر دېگەنمۇ مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا ئىگەكىم... دەپ ئىچىدە ئۇنى تىللاپ يۈردى. ياسىنمۇ ئۇنى گۇمانخورلۇقتا ئەيىبلەۋېرىپ، ئۇنىڭ ھەقىقي كۆڭلىنى چۈشەنمەي، ياخشى پۇرسەتلەرنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ياسىن يېقىن كېلەلمىگەنچە رەيھان ئۇنىڭغا راستىنلا گۈلشەننىڭ جىنى چاپلاشقانلىقىنى ھېس قىلدى؛ ئاشخانىدا گۈلشەن ئۇنىڭغا "ۋاي ھەدە..." دەپ تۇرسىمۇ، گېپىگە جاۋاب بەرمىدى، چىرايىنى ئاچمىدى، گۈلشەننىڭ كۈلۈپ تۇرغىنىنى كۆرسىمۇ جادۇگەرنىڭ كۈلكىسىنى كۆرگەندەك قورقىدىغان بولۇپ قالدى؛ ياسىننىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قالغان كۆزلىرىنى، سۆزلىرىنى، قىلىقلىرىنى بايقىغانچە ئۇنىڭدىن تېخىمۇ كۆڭۈلسىزلىنىدىغان، ئاھ ئۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئەمدى ئويلاپ باقسا، ياسىننىڭ بىپەرۋالىقى ئۇنىڭ گۇناھىغا يېتىپ ئاشقۇدەك دەلىل-ئىسپات بولالايدىكەن... خوتۇنىغا قارىمىغان ئەر چوقۇم باشقىسىنى ئويلىماي قالامدۇ؟! نېمىشقا ئۇنىڭ كۆزى رەيھاننى كۆرۈپ تۇرسىمۇ كۆرمىگەندەك پىلدىرلايدۇ؟ نېمىشقا رەيھانغا ئاچچىقلاپ تۇرسىمۇ بۇ ئاچچىق بىر دەمدە يېنىپ، بىچارىلىككە ئايلىنىپ كېتىدۇ؟ يالغان سۆزلىسىمۇ نېمىشقا ئەر كىشىدەك راۋرۇس گەپ قىلمايدۇ، نېمىشقا ئەر كىشىدەك تىك تۇرۇپ خوتۇننى باش ئەگدۈرمەيدۇ؟ نېمىشقا خوتۇنىغا ئىنتىلىپ تۇرۇپ ئۇنى قاندۇرمايدۇ... زاي نېمىشقا؟...

رەيھان ئىچ-ئىچىگە پاتماي قالدى، پەسكە چۈشۈپ بۇ لايىۋق ئەرنى دەسسەپ پېتىقدىۋەتكۈسى كەلدى. بۇ دەھشەتلىك خىياللار ئۇنىڭ كاللىسىغا بۇنداق ئاسان كەلمەيتتى، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ بەزىدە شۇنچە مۇلايىم، يۇۋاش ئايالالار نېمىشقا تۇرۇپلا ساراڭدەك ئەسكىلىشىپ كېتىدۇ؟ نېمىشقا بەزى ئاياللار كوچىغا چىقىپ راستىنلا ساراڭ بولۇپ كېتىدۇ؟ بۇنىڭ ھەممىسى ئەسلىدە مۇشۇنداق دەھشەتلىك خىياللار ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمىغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى ئەمەسمۇ؟...

رەيھان كارىۋاتتىن چۈشۈپ، ئېرىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ خالاغا كىرىپ ئۆزىنى بىر دەم بېسىۋالدى. قايتىپ كارىۋىتىغا چىقىپ تىترەپ ياتتى، بىر كۈن قالدىغۇ، ئەتە گۈلشەننى ھەيدىۋەتسە ئېرى ئۆزگىرىپ قالىدۇ، ئەمما يۈرەكنى يەنچىۋەتكەن بۇ قايغۇ-ئەلەملەر بىر-ئىككى كۈندە پاك-پاكىز ئۇنتۇلۇپ كېتەرمۇ؟ مىجىلغان يۈرەكنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولارمۇ؟ ئوغلى خېمىردەك بىر ئويۇنچۇقنى كۈندە مىجىپ ئويناتتى، خالىغان شەكىلگە كىرگۈزۈپ باقاتتى، ئاپىسىغا قاراپ بوپتىمۇ دەپ كۆرسەتەتتى... رەيھاننىڭ يۈرىكىنى ھازىر ياسىن ئاشۇنداق ئوينىماقتا، خالىغانچە مىجىپ ئەيلىمەكتە، غۇرۇرىنى چەيلىمەكتە... گۈلشەنغۇ كېتەر، ئەمما ياسىننىڭ يۈرىكىنى بىللە ئېلىپ كەتسىچۇ، ھېچ

بولمىسا بۇ يۈرەكنى جىجىۋېتىپ، ئويۇۋېتىپ كەتكەن بولسىچۇ؟ كۆڭلىنى ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن بۇ ئەر كېچىسى خوتۇنىنى قۇچاقلاپ ياتقان بىلەن " قۇچاقتا بىر يار، كۆڭۈلدە بىر يار" دەپ شۇ نېمىنى ئويلاپ ياتسىچۇ؟ خوتۇنىنىڭ يۈرىكىنى خالىغانچە مىجىپ ئويناشقا پېتىنغان بۇ ئەرنىڭ يۈرىكىنى يېرىپ كۆرگىلى تېخى بولمىسا، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ھەم شۇ شەكىلدە مىجىپ ئوينىغىلى تېخى بولمىسا... ئايال كىشى بولماق نېمانچە تەس! بۇنىڭ كۆڭلى خالىغان ئىشنى مەن نېمىشقا خالىيالمايمەن، بۇ ئوينىغان ئويۇننى مەن نېمىشقا ئوينىيالمايمەن؟! بۇ ھەددىدىن ئاشسا گۇناھنى خۇددى مەن قىلغاندەك نېمىشقا ئۆزەمنى ئازابلاپ يۈرۈيمەن؟...

رەيھان ئۇزاققىچە ۋەيرانە خىيال سۈرۈپ ياتتى، ئوغلىغا قاراپ ياش تۆكتى، بىچارە بالا ئاتا-ئانىسى بىر-بىرىنىڭ ئىللىق چىرايىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان، ئەمما ھازىر دەز كەتكەن ئەينەكنى چۈشىدە كۆرۈۋاتقانمىدۇ؟ چۈشىدە بۇ ئەينەككە قاراپ چىرايىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەنمىدۇ؟ بالىدا نېمە گۇناھ، بالىغا نېمە ئۇۋال... بالا دېگەن بىر جۈپلەرنىڭ مۇھەببىتىنىڭ جەۋھىرى دېيىشىدىكەن، ئەمما ھازىر نېمىسى؟...

تۇرمۇشنىڭ مەسخىرىلىك بىر يېرى بار، ئەر-خوتۇن گاھىدا بىر-بىرىنى راستىنلا تونۇيالماي قالىدۇ. بىر كارىۋاتتا قۇچاقلىشىپ يېتىپمۇ خىياللىرىنى جەم قىلىشالمايدۇ. ياسىن ئىشتىن تەرەپكە قاراپ جىمجىت ياتاتتى، ئۇمۇ ئۇخلىمىغان بولۇپ، ئەتە گۈلشەننى قانداق ھەيدىۋېتىش، ئۇنىڭغا قانداق تەسەللىي بېرىش، ئايرىم چاغدا نېمىلەرنى دەپ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىشنى ئويلاۋاتاتتى.

ياسىندا خوتۇنىغا قارىتا بىپەرۋالىق، كۆڭۈلسىزلىنىش، ھەتتا بىزارلىق قاچان پەيدا بولغان؟ ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيدۇ، كۆڭلىنىڭ بۆلۈنگىنى راست، بۇ كۆڭۈل، بۇ پەس كۆڭۈل گۈلشەنگە ئېسىلغاندىن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا كىرگەندىن باشلاپ بۆلۈنۈشكە باشلىغان. ئىنسان بەدىنى ئېنېرگىيە بىلەن تولۇپ تاشقان. ئەر-ئايال بىر-بىرىنى جەلپ قىلىۋاتقاندا بۇ ئېنېرگىيە كۈچىيىشكە باشلايدۇ، قۇچاقلىشىش، سۆيۈشۈش ئەسناسىدا ئۇلغىيىپ، بىللە بولغاندا ئەۋجىگە چىقىدۇ. ياسىن ئۆزىنىڭ مۇسبەت ئېنېرگىيىسى بىلەن گۈلشەننىڭ مەنفى ئېنېرگىيىسىنى بىرلەشتۈرۈپ چوڭ خاتالىققا يول قويغىنىنى، نەتىجىدە گۈلشەننىڭ مەنفى ئېنېرگىيىسى تەرىپىدىن تارتىلىپ كېتىپ، مۇسبەت ئېنېرگىيىسىدىن ئايرىلىپ، تۇگىشىپ كەتكىنىنى سەزمەي قالدى، مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلالمىدى...

ئۇ ھازىرمۇ گۈلشەننى سېغىنىۋاتاتتى، ئۇنىڭ غېمىنى يەۋاتاتتى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشنىڭ بارلىق

ئىمكانلىرىنى ئويلاپ، ئەتراپلىق پىلان تۈزۈۋاتاتتى. شۇنچىلىك ئەستايىدىل ئىدىكى، خوتۇن-بالىسىنى رازى قىلىش، ئائىلىسىنى سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇش ھەققىدىمۇ بۇنچىلىك كاللا ئىشلىتىپ ئويلىنىپ باقمىغانىدى.

ئەر-خوتۇن بىر ھۇجرىدا بولغان بىلەن خىياللىرى ئىككى دۇنيا ئىدى. خوتۇنى ئېرىگە قارايتتى، ئېرى ئىشىككە، تالاغا قارايتتى... شۇنچە مۇستەھكەم تۇرمۇشنى بىر جىنتەك كېلىپلا ۋەيران قىلىشقا تەلمۈرۈۋاتقاندۇ؟ ئۆيىنىڭ بىر يېرى تۆشۈك بولمىسا سوغۇق قانداق كىرىدۇ؟ بۇ يوچۇقنى ئاچقان تامەشتى كىم؟ ... ياسىن بۇنى ئويلاپ باقمىدى، نېمە دېسە ماقۇل دەيدىغان "كىچىك خوتۇنى"نى قانداق قوغداش، قانداق ئاسراش ھەققىدە ئويلاندى، ئاندىن ئۇنى ئايرىم ماكانغا ئېرىشتۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن پەيزى ئۇسۇلدا ھۇزۇرلىنىشنى خىيال قىلىپ، ھاياجانلىنىپ ياتتى، نومۇسسىزلارچە كۈلدى، ئاچچىقتا تولغىنىپ ياتقان خوتۇنىنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭدىن بالدۇر ئۇخلاپ قالدى.

15

ياسىن ئەتىگەندە بالىسىنى يەسلىگە ئاپىرىپ قويغاچ غېنى شاڭجاڭنىڭ رېستورانىغا كەلدى. رېستورانىنى تېخى ئاچمىغان، كۈتكۈچى قىزلارمۇ ئىشقا چۈشمىگەنىدى. ئۇ گۈلشەنگە تېلېفون قىلدى. گۈلشەن تېخى ئورنىدىن قوپمىغانىدى، ياسىننىڭ ئەتىگەندە ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىشىدىن كۆڭلى بىر ئىشنى تۇيۇپ ھايال ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ياسىن ئۇنى خالتا كوچىنىڭ دالدا بىر يېرىگە باشلاپ بېرىپ، ئاچ قالغان قەلەندەر گۆشنى كۆرۈپ خۇددى يوقاتقاندەك ئۇنى قاماللاپ شاپاشلاپ سۆيۈپ كەتتى. نەپسى بىر ئاز بېسىققاندىن كېيىن گۈلشەن تەقەززا بولۇۋاتقان گەپنى ئېيتتى:

—— سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولدى، خوتۇن سېنى سىغدۇرمايدىغان ئوخشايدۇ. سېنى يولغا سالمىسام مەندىن كېچىپ كەتكۈدەك...

—— شۇنداق دېسە ماقۇل دەپ ئەتىگەندىلا ئالدىمغا كەلدىڭىزما؟—— دېدى گۈلشەن كۆزلىرىنى جامدەك ئېچىپ.

ياسىن ئۇنىڭ ئاشۇ گەپنى دېگىنىگە پۇشايمان قىلغاندەك مەيۈسلىنىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، خوتۇن خەقنىڭ چوڭدىن كىچىككىچە نېمانداق تولا ئۆزگىرىدىغاندۇ دەپ ئويلاپ جىلە بولۇشقا باشلىدى.

ـــــ ئۆزەڭ ئۆتكەندە مەيلى دېگەنغۇ، سەن كەتكەن بىلەن بىر ياقىا كېتىپ قالمايسەن، ئىككىمىز كۆرۈشۈپ تۇرىدىغانىنىڭ ئامالىنى قىلىمەن.

ـــــ كېتىپ قالسامچۇ؟ سىز ھازىر ئېغىزىڭىزدا دېگەن بىلەن كېيىن مەن بىلەن كارىڭىز بولماي قالسىچۇ؟ كۆزدىن يىراق كۆڭۈلدىن يىراق دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز، بىلىسىز، مېنىڭ ئارتۇق تەلىپىم يوق، سىزنى كۆزدە كۆرۈپ تۇرسام دەيمەن، ئەمدى بۇنىڭدىنمۇ مېنى ئايرىۋەتسىڭىز مەن قانداق قىلىمەن؟ سىزنى كۆرمەن دەپ ئاشخانىڭىزغا كۆزدە بارالىسام، باشقا يەردە ئىچىم سىقىلىپ تۈگىشىپ كېتىمەن... بۇنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ ـــــ گۈلشەن ئاشىقىنىڭ ئايرىلىش تەلىپىگە قوشۇلماي، يىغلىۋېتىشكە ئاران تۇرغان قىزدەك تىترەپ تۇراتتى.

ياسىن ئۆمرىدە مۇھەببەتلىشىپ باقمىغان بولسىمۇ، قىز-ئوغۇلنىڭ نازۇك مۇناسىۋەتلىرىنى، رومانتىكلىق ئىشلارنى بىلمەي قالمايتتى، ئەمما ئىش كۆرۈپ قاغدالما بولۇپ كەتكەندە ئۇنداق ئېچىشتۇرمايدىغان ھەم قىچىشتۇرمايدىغان، ھېچ ئىشنىڭ تايىنى يوق سوقۇشىدىغان، نەتىجىسىنىڭ تايىنى يوق قۇرۇق سۆرىشىپ يۈرۈيدىغان ئىشلارنى خالىمايتتى، ئۆزىنى ئۇ دەۋردىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەن، ئۇ دېگەن ئۇششاق شوركىلارنىڭ چىرايلىق ئويۇنى... دەپ قارايتتى؛ چىرايىنىلا كۆرىۋېلىش، ئاۋازىنىلا ئاڭلىۋېلىش دېگەندەك ئاقمايدىغان ئىشلارغا ئەمەس، نەق ھۆزۈر، نەق لەززەتكە ئىنتىلەتتى. ئەمما گۈلشەن بەربىر خوتۇن خەق تائىپىسىدىن بولغاچقا گۈزەل، غايىۋى، خىيالىي نەرسىلەرنى كۆپرەك ئويلاپ تۇرۇۋالاتتى. ياسىن بۇنى چۈشەنگەن بىلەن ئۇنى قوبۇل قىلالمايتتى. رەيھان كەلگەندىن بېرى گۈلشەن شۇنچە دۇشكەللەشلەرگە، شۇنچە ئېغىر بېسىملارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، بۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئاشۇ گۈزەل خىيالى، سەۋرچانلىقى بىلەن تاقابىل تۇرۇپ كەلگەنىدى. ئەمما ياسىن بۇنى بىلگەن بىلەن قەدىرلىمەيتتى، «گۈلشەن مېنى قاتتىق ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ھەممىگە چىداۋاتىدۇ» دەپ كۆڭلىنى خوش قىلالمايتتى، ئۇنى ھەقىقىي خوش قىلىدىغىنى گۈلشەننىڭ بەدىنى، رايىشلىقى، شىرىن خۇلقى ئىدى. ئەمما گۈلشەنگەن بۇنى قانداق چۈشەندۈرىدۇ؟ «مېنى قانداق ياخشى كۆرۈشۈڭ بىلەن چاتىقىم يوق، مېنى قاندۇرۇپ تۇرساڭلا بولىدۇ» دېيەلەمدۇ؟ بۇنداق دېسە گۈلشەن «مېنى پەقەت خالىغاندا كېلىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان بۇزۇق كۆرۈپ قالدىڭىزمۇ؟ سىزنىڭ نەزەرىڭىزدە مەن زادى نېمە؟ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدە مەن بارمۇ يوق؟» دېيىشى تۇرغان گەپ. ئۆزىنى ئويۇنچۇق دەپ ھېسابلىمىغان، مۇھەببەت، كۆڭۈل دېگەن نەرسە بىلەن ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىنى نىقاپلاۋاتقان گۈلشەن ياسىندىن

ئايرىلىش ئالدىدا شۇ گۈزەل ھېسسىياتنى قۇربان قىلغۇسى يوقتەك، ياسىندىن بىر كۈن ئايرىلىپ قالسا، ئۇنىڭ قوشۇما قاشلىرىنى بىر كۈن كۆرمەي قالسا چىدىيالمايدىغاندەك ئازابلىنىپ تۇرماقتا ئىدى.

ـــــ كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن، لېكىن سەنمۇ مېنى چۈشەنگىن،ـــــ دېدى ياسىن گۈلشەنگە قەددىنى ئېگىپ تۇرۇپ،ـــــ سەن كۈندە ئۇنداق ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرگەن بىلەن مەن چىدىمايدىكەنمەن، مەنمۇ سېنى كۈندە كۆرۈپ تۇرسام دەيمەن، لېكىن ئۆزەڭ بىلىسەن، ئەر كىشىنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى پەقەت كۆرۈپ تۇرۇشلا ئەمەس، يەيدىغان نەرسە ئالدىڭدا تۇرسا يېيەلمىسەڭ، ئېچىرقاپ ساراڭ بولۇپ كەتمەمسەن؟ سېنى ھەر كۈنى قانچىلىك سېغىنغىنىمنى بىلمەيسەن، خوتۇنۇم كۆزۈمدىن بىر دەم نېراق تۇرۇپ تۇرسا، بىردەم بولسىمۇ ساڭا قېنىۋالسام دەپ كەتتىم، ھەتتا خالاغىمۇ كەينىڭدىن يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتكۈم كەلدى. مېنى شۇنچىلىك ساراڭ قىلىۋەتتىڭ. مەن ئەمدى بۇنداق قىيناققا چىدىمايمەن. سەنغۇ چىدايسەنكەن، تاڭ بىلمىدىم، ئېھتىمال ئىككىمىزنىڭ بىر-بىرىنى سېغىنىشى ئوخشىمايدىغاندۇ، لېكىن ساڭا شۇنى دەپ قوياي، سەن ئەمدى بۇنداق ئىشلەۋەرسەڭ بولمايدۇ، سەن رەيھان ھەدەمنىڭ قاپىقى ئېچىلار دەپ ملك كۈچىسەڭمۇ بىكار، ئۇنىڭ قاپىقى ئېچىلمايدۇ، بۇنىڭدىن قەتئىي ئۈمىد كۈتمە! بۇنداق ئىشلەۋەرسەڭ ئۆزەڭنىمۇ، مېنىمۇ قىيناپ قويىسەن. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى، ھەر ئىككىمىزگە ياخشى بولىدىغان بىر ئىش قىلايلى...

گۈلشەن چۈشەندى، بۇنىڭدىن باشقىچە چۈشەنسە، ئۆز خىيالىنى مۇھىم بىلىپ جاھىللىق قىلسا كۈتكىنىگە ئېرىشەلمەيتتى. شۇڭا بۇ گەپلەرگە ئۆكتە قوپمىدى، بۇ ئەرنىڭ مەيلىنى قارىتىش، بەختكە ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر يولى يەنىلا رايىشلىق، مۇلايىملىق، ئوماق كۈلۈمسىرەش، بۇ ئەرنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ ھەۋىسىنى قوزغاش...ئىدى.

ـــــ نېمە ئىش قىلىمىز؟

ـــــ سەن دېگەنىدەك بولىدۇ.

ـــــ ماڭا ئايرىم ئۆي كىرالاپ بېرەمسىز؟

ـــــ ھازىرچە بۇ تەس، ساڭا راست گەپ قىلمىسام بولمايدۇ. لېكىن خاتىرجەم بول، مەن بۇ ئىشنى چوقۇم جۆندەيمەن.

ـــــ قاچان؟ بۇ گەپنى دەپ قويۇپ يوقاپ كەتىسىڭىزچۇ؟

ــــ ماڭا ئىشەن ساقام، تۇرمىگە كىرىپ قالمىساملا چوقۇم بىر ئۆيگە كىرىمىز،ـــ دېدى ياسىن ئىشەنچ بىلەن كۈلۈمسىرىگەچ گۈلشەننىڭ ئېڭىكىنى ئۆپىنتىپ.

گۈلشەن ئۇنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ كەتتى:

ــــ چاققانراق بولارسىز، ئادەم سىزگە چىدىماي قالىدىكەن.

ــــ مېنى ئالدىرىمايدۇ دەمسەن، كېچە-كۈندۈز سېنى ئويلاپ، سېنىڭ غېمىڭنى قىلىۋاتىمەن...

ــــ غېنىكامغا نېمە دەيسىز؟

ــــ ئۇنىڭدىن غەم قىلما، مەن ھېلى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىمەن. ھازىر مەن ئۇنىڭ بىلەن ئاكا-ئىنىدەك يېقىن، ھەممە گېپىمىزنى دېيىشىمىز.

ــــ ئىككىمىزنىڭ ئىشنى بىلىپ قالسىچۇ؟

ــــ نېمىدىن ئەنسىرەيسەن، ئۇچ خوتۇنى بار ئادەم بۇنى توغرا چۈشىنىدۇ.

ــــ ئۇغۇ شۇ، سىزمۇ ئۇنى دوراي دەپسىز-دە! بوپتۇ، سىزنىڭ ئۇنىڭدىن نەرىڭىز كەم ئىدى، سىزمۇ بولمىسا يەنە بىرنى تېپىپ ئۇچ قىلىۋېلىڭ!

ــــ ئىككى خوتۇننىڭ ئىشنى جۆندەپ بولالماي بېشىم قېتىپ تۇرسا، ئۇچنى دەيسەنغۇ تېخى...ـــــ دېدى ياسىن ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ.

ھەممە خوتۇن ئېرىنى مۇشۇ گۈلشەندەك توغرا چۈشەنسە، ياخشى كۆرگەن ئادىمنى بىراۋدىن قىزغىنمىسا، نېمە ئىش قىلسا كەڭ قويۇۋەتسە-ھە...

ــــ رەيھان ھەددەم شۇنچىلىك ئەسكىما؟ــــ دېدى گۈلشەن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ياسىنغا ئىچ ئاغرىتقاندەك قاراپ.

ــــ ئەسكى دېگىلىمۇ بولمايدۇ، ئەمما جاھىل، گۇمانخور، بۇرۇن ئۇنچە ئەمەستى، سەن كەلگەندىن كېيىن شۇنداق ئەسكىلىشىۋالدى.

ــــ چىرايلىق خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى ھاكاۋۇر دەڭا، چىرايىغا بەك ئىشىنىپ كەتسە شۇنداق بولىدىغان گەپ، ئېرى ئۇنىڭغا قارىماي قويسا خۇددى بىرسى «سەن سەت» دېگەندەك ئېغىر كېلىدۇ.

—— شۇنداق ئوخشايدۇ، خوتۇن خەقنىڭ كۆڭلىدىكىنى خوتۇن خەق بىلىدۇ، سەنمۇ چىرايلىققۇ، لېكىن سەن مېنىڭ دېگەن يېرىمدىن چىقسەن، لېكىن ئۇ خوتۇن مەن بىلەن قېرىشىپلا تۇرىدۇ دېگىنە، چىرايىنى ئۇنداق سەت قىلىپ يۈرىۋۈەرسە ھەر قانچە چىرايلىق بولسىمۇ سەت كۆرۈنىدىكەن...

—— ئۇنداقتا ھازىر ئىككىمىزدىن قايسىمىز چىرايلىق؟—— دېدى گۈلشەن بېشىنى سىڭايان قىلىپ تاتلىق جىلمىيىپ.

—— ئۆزەڭنى شۇنچە چىرايلىق دەپ ئويلامسەن؟ خوتۇنۇم سەندىن چىرايلىق!

—— چېقىشىۋاتىسىز-ھە، كۆڭلىڭىزدىكىنى دەپ بېقىڭە!

—— بولدى قىل، ئادەمنى كىچىك بالىدەك كولدۇرلاتما.

—— كۆڭلۈمگە ياخشى چىرايلىق دەپ قويسىڭىز نېمە بولىدۇ...

—— بايا دېدىمغۇ، مەن بىر گەپنى ئىككى دەيدىغان لاۋزا ئەمەس.

—— سىزنىڭ مۇشۇ يېرىڭىزنى دەيمەن ئەمەسمۇ،—— دېدى گۈلشەن ئۇنىڭغا ئېسىلىپ بىرنى سۆيۈپ،—— مېنى يامان كۆندۈرۈپ قويۇپتىكەنسىز، ئەمدى سىزدىن ئايرىلسام نېمە بولۇپ كېتەرمەن...

—— دېدىمغۇ، پات ئارىدا جەم بولىمىز.

—— شۇنىڭغىچە چىدىسام بولاتتىغۇ؟

—— چىدىماي بىر ياققا كېتىپ قالامتىڭ؟

—— بېيجىڭغا كېتىپ ئىشلەيمىكىن دېگەن، ئەگەر شۇنداق قىلسام خوتۇن بالىڭىزنى تاشلاپ قويۇپ مېنى ئىزدەمسىز؟

—— ساراڭدەك گەپ قىلما، ئەگەر شۇنداق قىلساڭ سېنى كۆرەر كۆزۈم يوق.

—— چاقچاق قىلىپ دەپ قويدۇم مۇنداق،—— دېدى گۈلشەن سەل مەيۈسلىنىپ،—— خوتۇن-بالىڭىزدىن كېچەلمەيدىغانلىقىڭىزنى مەنمۇ بىلمەن. لېكىن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدە قانچىلىك ئادەملىكىمنى بىلىپ باقسام دەيمەن.

—— ھازىرقى گېپىڭ مېنى چۆچۈتتى، ئەمدى بولغاندۇ؟

ـــــ بولدى، چۈشەندىم، سىزدىن ئارتۇق نەرسە تەلەپ قىلىشقا نېمە ھەددىم...

ـــــ ئۆزەڭنى بۇنداق بىچارە كۆرسەتمە، سېنى بىر نەچچە كۈن ئۇيناپلا تاشلىۋېتىدىغان نامەرت بولسام، سېنى كەتكۈزۈۋەتسەملا ئىش تۈگەيتتىغۇ، كۈندە سېنى ئويلاپ، غەم قىلىپ ساراڭمۇ مەن؟

ـــــ بولدى يۈرىكىڭىزنى بېسىۋېلىڭ،ـــــ دېدى گۈلشەن ئۇنىڭ مەيدىسىگە يۈزىنى يېقىپ،ـــــ سىز دېمىسىڭىزمۇ مەن بىلمەن، چېقىشىپ دەۋاتىمەن، ئەمەلىيەتتە سىز مېنى تاشلىۋەتسىڭىزمۇ مەن سىزدىن ھەرگىز رەنجىمەيمەن، چۈنكى مەن سىزدىن رازى، سىز بىلەن ئۆتكۈزگەن شېرىن كۈنلىرىمنى سېغىنىش بىلەن ئەسلەيمەن. رەيھان ھەددەم كەلگەندىن كېيىنمۇ شۇ ئىشلارنى ئەسلەپ كۆڭلۈمنى خوش قىلىپ يۈردۈم. شۇڭا رەيھان ھەددەم ماڭا سەت مۇئامىلە قىلسىمۇ كۆڭلۈمگە قەتئىي ئالمىدىم. پەقەت شۇ سىزنى خوتۇنى بىلەن بولۇپ كېتىپ مېنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىن دەپ ئويلىدىم، كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى، بۇنداق دېسەم، ئەمدى سەنمۇ مېنى خوتۇنۇمدىن كۈنلەۋاتامسەن دەپ قالماڭ، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، لېكىن مەنمۇ قىز بالا ئەمەسمۇ، خوتۇن كىشىدە بولىدىغان شەخسىيەتچىلىك مەندىمۇ بار، شۇڭا سىزنى خوتۇنىڭىزدىن قىزغىنىپ قالغان يېرىم بار، كۆڭلۈم راستىنلا يېرىم بولغان، خوتۇنىڭىز ئورنىدا مەن بولۇپ قالسامچۇ دەپ ئويلاپ قالغان...

ـــــ ئۇنداق ئىش بولمىدى،ـــــ دېدى ياسىن ئىچ سىرىنى ئەخمەقلەرچە تۆكۈپ،ـــــ خوتۇن كەلگەندىن بېرى بىز بىر قېتىممۇ بىللە بولۇپ باقمىدۇق.

ـــــ راستما؟ـــــ دېدى گۈلشەن ئاجايىپ بىر خۇشخەۋەرنى ئاڭلىغاندەك ھەيران بولۇپ،ـــــ ئىككىڭلار بىر-بىرىڭلارغا تەتۈر قاراپ ياتتىڭلارما؟

ـــــ خوش بولۇپ كەتكىنىڭنى قارا، ـــــ دېدى ياسىن ئۆزىمۇ بۇ گەپنى دەپ سالغىنىغا ئىچى پۇشۇپ،ـــــ خوش بولغۇدەك ئىشمۇ بۇ؟

ـــــ دېدىمغۇ خوتۇن كىشىنىڭ ھەممىسى شەخسىيەتچى دەپ...

ـــــ مېنى ئۆزەڭنىڭلا قىلىۋالغۇڭ بار ئىكەن-دە!

ـــــ ئەلۋەتتە، لېكىن مەن سىزنى خوتۇنىڭىزدىن قورۇۋالمايمەن.

ـــــ چوڭ خوتۇنغا بەك قاراپ كەتسەم چىدىماي قالارسەنمۇ؟

ـــــ مەن بار چاغدا قارىماپسىز، ئەمدى مەن كەتكەندە قارىسىڭىزمۇ پەرۋايىم پەلەك...

ـــــ يەنە چىدىمايۋاتىسەن-ھە...

ـــــ ئەمما كىچىك خوتۇنىڭىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭ.

ـــــ ماقۇل ساقام، سېنىڭ پەيزىڭ باشقىچە، ئۇنتۇپ قالمايمەن.

گۈلشەن كۈلۈپ يايراپ ئۇنىڭ ھەممە ئىستەكلىرىگە ماسلىشىپ بەردى، ياسىن ئۇنى ياتىقىغا ئۇزىتىپ قويغىچە شۇ ئىشتىن باشقىنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، كالپۇكىنى يالاپ قالدى.

گۈلشەننىڭ قارىسى يۈتكەندىن كېيىن ياسىن ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى ۋە ئۇنى ھەقىقەتەن ئاچكۆزلۈك، ئەسەبىيلىك بىلەن ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇنداق قىز ئەسلىدە سىغىز كەمپۈتكىلا ئوخشايتتى، تەمى كەتكىچە چايناپ، خالىغانچە ئېتىلدۇرۇپ ئوينىسا بولاتتى. ھالبۇكى ياسىن ئۇنى بىر قېتىم يەپ تەمىنى تېتىپ قالدىمۇ ئەيتاۋۇر، ئۇنىڭغا خۇمار بولۇپ قالدى. ئۇنى قولدىن چىقىرىپ قويسا بەلكىم دەردتە قالاتتى. ئۇنىڭ ياسىندىن ئايرىلىپ كەپتەردەك ئۇچۇپ كېتىشى، باشقىلارنىڭ قونىدىقىغا قونۇشى مۇمكىنمۇ؟ ياسىن بۇنىڭدىن ئەنسىرەيتتى. ئەمما خوتۇنىدىن ئەنسىرىمەيتتى، چۈنكى خوتۇن دېگەن ئۆيدە باققان قويغىلا ئوخشاش يۇۋاش، ئىشەنچلىك، بەرىكەتلىك ئىدى. ئۇ رەيھانغا شۇنچىلىك ئىشىنەتتىكى، ئۇنى ئېرىدىن ۋە تۇتقان ئۆيىدىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ دەپ ئويلايتتى. ئۇ خوتۇنىغا گۈلشەننىڭ بۇگۈندىن باشلاپ ئىشلەمەيدىغانلىقىنى خۇشخەۋەر تەرىقىسىدە يەتكۈزگەچ، «ئاشخانىنىڭ ئىشى ئەمدى ساڭا قالدى، خاتىرەڭنى جەم قىلىپ ئوبدان ئىشلە»دەپ تېلېفون قىلماقچى بولدى، بىراق غېنى شاڭجاڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئىشى ئېسىگە كېلىپ توختاپ قالدى، بۇنىڭغا تېخى غېنى شاڭجاڭ نېمە دەيدۇ، لاۋدانىڭ پىكرىنى ئاڭلاپراق خوتۇنىغا ئۇ گەپنى قىلسىمۇ كېچىكمەيدۇ...

غېنى شاڭجاڭ ياسىننىڭ تېلېفونىنى ئېلىپ، ناشتىلىقنى بىللە قىلىلى دەپ تۇرۇۋالدى. ياسىن رېستورانغا كىرىپ، غېنى شاڭجاڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ سەل قورۇندى، بۇ ئادەم بىلەن دەرقەمدە بولۇشقاندىن بۇيان ئۆزىنى ھازىر ئەڭ قولايسىز، ئوڭايسىز سەزدى. ئەمما كۆڭلىدە بۇنىڭ قىلغانلىرى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئىشى ھېچقانچە ئەمەستەك ئويلاپ، ئۆزىنى ئازادە تۇتتى.

ـــــ ھە، ئەتىگەندە كېلىپ قاپسەنغۇ؟ـــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ تالاغا بىر قارىۋېتىپ.

ـــــ بالىنى يەسلىگە ئاپىرىپ قويغان، ياناشمىدا ساڭا بىر ئىشنى دەپ قويغىلى كەلدىم.

ـــــ نېمە ئىشتى؟

ـــــ گۈلشەن يەنىلا مەشەدە ئىشلەۋەرسۇنمىكىن...

ـــــ خوتۇنۇڭ قايتىپ كەپتۇ-دە! ـــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈپ قويۇپ.

ـــــ بۇ خوتۇن يامان كۈنلەمچى چىقىپ قالدى، قانداق قىلمەن سىغدۇرمىسا...

ـــــ نېمىشقا سىغدۇرمايدۇ؟ سىنىڭمۇ بىرەر ئىشىڭ باردۇ؟

ـــــ نېمە ئىش بولماقچى ئاكاۋا، خوتۇن خەقنىڭ ئىچى تارلىقنى بىلمەمتىڭ؟

ـــــ ياق، ياق...ماڭا راست گەپ قىلمايۋاتىسەن،ـــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ ياسىنغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ،ـــــ بىرەر ئىشىڭ بولمىسا خوتۇنۇڭ بىكاردىن بىكار كۈنلىمەيدۇ. دەپ باقە، خوتۇنۇڭ يوق چاغدا بىرەر ئىش قىلدىڭمۇ؟

ـــــ يوق گەپ قىلىۋاتىسەن-دە ، نېمە ئىشىم بولماقچىدى، سىنىڭچە مەن شۇنداق قىلارمەنمۇ؟

ـــــ قىلساڭ قىلدىم دەۋەر، مەن هامان ئۇقۇپ قالىمەن، بۇ يەردە مەن بىلمەيدىغان ئىش يوق...

ياسىن تېڭىرقاپ قالدى، گۈلشەن بەربىر غېنى شاڭجاڭنىڭ ئىلكىدىكى قىز ئىدى، ئۇنىڭدىن كەلدى، ئۇنىڭغا قايتتى. غېنى شاڭجاڭ بۇ خوتۇنپەرەسلىكى بىلەن ئۆزىنىڭ كېپىنەك قىزلىرىغىمۇ كۆز قىزارتماي، بىرەرسىنى مولجاللىماي قالارمۇ؟ شۇ قىزلارنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان گۈلشەننى جىم قويارمۇ؟ ئۇ ئۆزىدىن ئاشقاننى ياسىنغا تاشلاپ بەرگەن بولىسچۇ؟ بۇ ئاشقان-تاشقانغا ياسىن شۇنچىلىك ئاسان ئېرىشتىكى، بىر كېچىدىلا مەقسىتىگە يەتتى. ئەجىبا بۇ شۇنداق تەساددىپىي " ئامەت" مۇ؟

ياسىننىڭ ئويچان كۆزلىرىگە قاراپ غېنى شاڭجاڭ ھەممىنى ئۇقۇۋالدى.

ـــــ سەن ماڭا دېيەلمەيۋاتىسەن، ھېچقىسى يوق. لېكىن يوشۇرۇپ قانداق قىلىسەن؟ خوتۇنۇڭ بولمىغاندىكىن ئوينىساڭمۇ ئوينىغانسەن، قىلغاندىكىن قىلدىم دە، قىلغان ئىشىڭغا پۇشايمان قىلما، قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ تېنىۋالما، ئەر خەق دېگەن ئۆزىنىڭ قىلغا ئىشىغا ئىگە بولۇشى كېرەك...

ـــــ بۇنداق بولار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن...ـــــ دېدى ياسىن كۆڭلى سەل تىنغاندەك بولۇپ.

ـــــ ئاشۇنداق ئويلىمىغان ئىشلار بولۇپ تۇرسا ياشىغاندەك بولسەن، بولمىسا كۈنۈڭ بىر خىل ئۆتتۈۋەرسە زېرىكمەمسەن بۇ تۇرمۇشتىن! هە دېگىنە، قاچاندىن باشلاپ بۇزۇلدۇڭ؟

ياسىن مەنىسىز كۈلۈپ قويۇپ، تاماكىسىنى چېكىپ ئولتۇرىۋەردى.

ـــــ گۈلشەن بىرىپلا ئىشنى باشلاپ كەتتىڭما؟

ـــــ ئادەمنى كولدۇرلاتما ئاكا، هەممىنى ساڭا دەپ ئولتۇرامدىمەن؟

ـــــ دەپ باقمامسەن، ئىشىڭنى بەربىر ئاشكارىلىۋەتتىڭ، قانچە قېتىم قىلدىڭ، شۇنى بىلىپ باققۇم بار.

ياسىننىڭ ئەرۋاهى ئۇچتى، بۇ ئىشنى ئەسلىدە غېنى شاڭجاڭغا بىلدۈرگۈسى يوق ئىدى، ئەمدى مانا قانچە قېتىم قىلغىنىغىچە ئاشكارىلاشقا توغرا كەلدى.

ـــــ بۇنىمۇ ساڭا دەمدىمەن؟ـــــ دېدى ياسىن ئۆڭمەي تۇرۇپ،ـــ مەندىن هېساب ئېلىۋاتامسەن نېمە، گۈلشەنگە ئىش هەققىنى ساق بەردىم جۇمۇ!

ـــــ ئەل-ئاغىنە دېگەن بىر-بىرىدىن گەپ يوشۇرمايدۇ، سېنى نېمە دەيدىكىن دەپ سوراپ باقتىم. سەن دېمىسەڭمۇ بىلىمەن، گۈلشەننىڭ قانچە كېچە ياتقىغا كەلمىگەنلىكىدىن خەۋىرىم بار. ئەمدى كۈندۈزىمۇ بوش قويمىغان بولساڭ تاڭ، ئۇنى ئۇقمىدۇق...

ياسىن قانچە ئەجەبلەنسىمۇ بەربىر، بۇ پور كۆتەك ئادەم مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، خوتۇن-قىزلارغا ئۆلگۈدەك هېرىس بۇ ئادەم ئۇنىڭغا ئالاقدار ئىشلارغىمۇ هوشيار بولماي قالارمىدى؟ خىيالىدىكى ئايالنىڭ نازلىق ئىڭراشلىرىغىمۇ قۇلىقىنى ياقىدىغان بۇ خوتۇنپۇرۇش باشقىلارنىڭ بەك ئويناپ كېتىشلىرىگە چىداپ تۇرارمىدى؟

ـــــ ئەجەپ دەپ كەتتىڭ، ئۇنى زادى كېچە-كۈندۈز خوتۇن قىلدىم، كارىۋاتتىن چۈشمەي ياتتىم دېسەم بولامتى؟ ئاشخاننى ئوغرى ئالسىمۇ تۇيمىغۇدەك قىلىشىپ كەتتۇق دېسەم بولامتى؟...

غېنى شاڭجاڭ بۇ گەپكە پىسەنت قىلماي كۈلۈپ قويدى، ياسىن ئۇنى " بۇ قېرى مۇشۇك مەندەك يولۋاسقا قانداق تەڭ كېلەلىسۇن، مەندەك ئوينىيالمىغاچقا ماڭا هەسەت قىلىۋاتىدۇ..." دەپ ئويلاپ، ئۆزىدىن پەخىرلىنىشكە باشلىدى.

ـــــ راستىنى دېسەم، سېنى ئۇنداق قىلدۇ دەپ ئويلىماپتىكەنمەن،ـــ دېدى غېنى شاڭجاڭ دۇرۇس

قىياپەتكە كىرىۋېلىپ خۇپسەنلىك قىلىۋاتقاندەك،____ قىلىپسەن، قىلغانلىرىمۇ ئاشۇرۇۋېتىپسەن. خوتۇنۇڭ شۇڭا چىدىمىغان گەپ؛ ئۇ ئىشنى قىلىۋاتقاندا شۇنچە چىرايلىق خوتۇنۇڭ كۆزۈڭگە كۆرۈنمىدىما؟

____ نېمە دەيدىغانسەن، مەن سەندىن سوراپ باقاي، سېنىڭمۇ ئۈچ خوتۇنۇڭ باركەن، بىرسىنىڭ قوينىغا كىرگەندە يەنە بىرسىنى ئويلامسەن؟____ دېدى ياسىن جىلە بولىسىمۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، چىرايىنى كۈلكىگە زورلاپ.

____ ئۈچ خوتۇنۇم بار دەپ قويسام راست دەپ قالدىڭما، مەن ئۈچ ئەمەس، ئۈچ يۈز خوتۇن ئالساممۇ توپيمايمەن، سېنىڭ خوتۇنۇڭدەك چىرايلىقتىن بىرنىلا ئېلىۋالسام ئۈچ يۈز خوتۇن ئالغاندەك بولاتتىم. لېكىن سەن شۇ خوتۇنۇڭنى قايرىپ قويۇپ، يۈزىنىڭ تۈكى چۈشمىگەن بىر قىزنى خوتۇن قىلىپسەن ئەمەسمۇ!...

ياسىننىڭ ئاچچىقى كەلدى، ئەمما گۆلشەننى ئويناپ قويغاچقا خوتۇنىنىڭ ھەققى ھۆرمىتىگە تېگىدىغان گەپ بولۇۋاتسىمۇ غىڭ قىلالمىدى، قاپىقىنى تۈرۈپ غودۇڭشىپ قويدى:

____ سېنىڭ قايسى گېپىڭ راست، قايسى گېپىڭ يالغان، ئۇققىلى بولمايدىكەن، خوتۇنپەرەسلىكىڭنى ھەممىسى بىلىدىكەن، دېمىسىمۇ، مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە كاللاڭ سازلىشىپ كېتىدىكەن...

____ ئاجايىپ دېگىنە، خوتۇن خەق بولمىسا بۇ جاھان ماڭا قاراڭغۇ كۆرۈنىدۇ. شۇ خوتۇنۇڭنى دەيمەن، ئۇۋال بوپتۇ بىچارىگە، ئۇ بۇ ئىشىڭنى قانداق بىلىپ قالدى؟

____ بۇنى سورىما، دېگۈم يوق،____ دېدى ياسىن ئەتىگەندە بۇ يەردە كۆڭۈلسىزلىك تېپىۋالغىنىغا ئېچى پۇشۇپ،____ دېگۈدەك گەپمۇ يوق، خوتۇن خەق شۇنداق ئىتتىك سېزىپ قالىدىكەن، چىرايىڭغا بىر قاراپلا بىلىۋالىدىكەن.

____ ئەقىللىق ئايال دېگەن شۇنداق بولىدۇ، مەنغۇ بىر قاراپلا بىلگەن. بۇ ئىقلىمدا بۇنداق چىرايلىق، چېچەن ئايال تېپىلمايدۇ جۇمۇ!

ياسىن ئۇنىڭ سۆزىگە، مەستانىلارچە پارقىراپ كەتكەن كۆزىگە قاراپ ئىچى سىقىلدى.

____ سەن گۆي زادى ياخشى ئىش قىلماپسەن، خوتۇنۇڭغىمۇ شۇنداق قىلامسەن دەيمەن! خوتۇنۇڭ يەنە جاپاغا قالىدىغان بوپتۇ-دە، شۇنداق قىلمىغىن دەپ گۆلشەننى ئاپىرىپ بەرسەم تازا ئىشلىتىپ، ھەممە يېرىدىن پايدىلىنىپ، ئەمدى ئەكىلىپ تاشلاپ قويساڭ، ياخشى بولامدۇ؟

____ ئەمسە قانداق قىلمەن، مېنىڭمۇ ئۇنى جاپاغا سالغۇم يوق، لېكىن ئۇنىمايۋاتسا؟! گۇلشەن كەتمىسە ساراڭ بولۇپ قالامدىكىن دېدىم.

____ ھەممىنى قىلغان سەن، ئىشنى ئۆزەڭ ياخشى جۆندىيەلمىگەن گەپ، خوتۇنۇڭغا ھەممە ئىشنى چاندۇرۇپ يۈرگەندىكىن، ئۇ شۇنداق قىلماي قانداق قىلىدۇ؟

____ غېنىكا، بولدى قىل، مەن ھازىر ئاران تۇرىمەن، ___ دېدى ياسىن كۈچەپ كېتىۋاتقان غېنى شاڭجاڭغا ھارغىنلىق بىلەن تىكىلىپ،___ گۇلشەن يەنىلا سەندە قالسۇن. ساڭا كۆپ رەھمەت، گۇلشەن بىرىپلا سودا ياخشى بولۇپ كەتكەن، ئىشقىلىپ، سىنىڭ گېپىڭنى ئاڭلاپ زىيان تارتمىدىم، شۇڭغىنىسى ساڭا ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمىدىم...

____ بۇ گېپىڭنى قوي، مېنى تېخىچە يات كۆرۈۋاتامسەن؟! بېرىپ خوتۇنىڭغا ئېيت، ئۆزىگە جاپا سالمىسۇن، ئەگەر يېتىشىپ بولالمىسا، مەن باشقا قىزنى بەرسەممۇ بولىدۇ.

____ ھازىرچە ئىشلەپ تۇرسۇن، كېيىن بىر گەپ بولار.

____ گۇلشەننىڭ ئىشى شۇنىڭ بىلەن تۈگىدىما؟___ دېدى غېنى شاڭجاڭ ياسىننىڭ ئالدىراپ خوشلىشىپ ماڭماقچى بولۇۋاتقىنىنى سېزىۋالغاندەك.

____ يەنە نېمە ئىشى بولماقچىدى، بېرىدىغان ئىش ھەققىنى بەردىم.

____مەن ئۇنى دېمىدىم، ئوتتۇراڭلاردا ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قالىدىغان ئىش بولمىدىما؟

____ سىنىڭچە قانداق بولسا بولار ئاكا، بۇ ئىشقا ئەجەپ قىزىقىپ كەتتىڭ، ساڭا نېمە دېسەم بولار.

____ مېنى ئەل-ئاغىنىدەك كۆرسەڭ كۆڭلۈڭدە نېمە بولسا شۇنى دەۋەرگىن.

____ ھېلى بىر دەم بۇ ئىشىڭ بولماپتۇ دەيسەن، ھېلى بىر دەم كۆيۈپ پىشتىڭمۇ دەيسەن؟ سىنىڭچە قانداق بولسا توغرا بولاتتى؟

____ ئەگەر گۇلشەنگە راستىنلا مەيلىڭ بولسا ئۇنىڭ يولى باشقا، كۆڭدە بىللە بولساڭمۇ توغرا چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئەگەر پەقەت كۆڭۈل خوشى ئۈچۈنلا ئوينىغان بولساڭ، ئۇنىڭ ج***دىن نېمە پەرقى! مەن بۇ رېستۇراندا ج*** لارنى تەربىيلىمەيمەن. ئەگەر مېنىڭ قىزلىرىم بۇزۇقچىلىق قىلىدىكەن، مەن رېستۇران ئەمەس، شوپاڭخانا ئاچقان بولىمەن، دەللال بولغان بولىمەن، دەللال!...

ياسىن ئۆزىنى تارتقانچە غېنى شاتجاڭ بۇ گەپلەرگە يەنە كىرىشۋالدى، ياسىن ھەر جەھەتتىن بېشىغا پىت تېرىۋالغانلىقىنى سېزىپ، گەپتىن بولسۇن، ياكى ئىش-ھەرىكەتتىن بولسۇن بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ نەگىلا دوقۇرسا شۇ يەرگە ئۇسەتتى، بېشى بىر ئاز قىيىپ، كۆز ئالدىدا چاقماق چاقاتتى. بۇ چاقماق نۇرىدا توساتتىن بىر ئەقلىگە، دانا پىكىرگە كېلىپ قالاتتى.

ــــ بۇنداقمۇ دەپ كەتمە غېنىكا، كىم سېنى دەللال دەپتۇ. راستىنى دېسەم، مەنمۇ ھەرگىز كۆڭلۈم تارتمايدىغان ئىشنى قىلمايمەن. ئېسىڭدە بولسا، مەن گۈلشەن بىلەن تانسا ئوينىغاندىلا تونۇشقان، كېيىن چىقىشىپ كەتتۇق، كېيىن بىللە بولدۇق. ئۇنىڭغا كۆڭلۈم يوق دېسەم بولمايدۇ، كۆڭلۈم بار، ھازىرمۇ مېنىڭ ئۇنى كەتكۈزۈۋەتكۈم يوق. لېكىن خوتۇن-بالامنى ئويلىمىسام بولمايدۇ...

ــــ دېمەك، سېنىڭ ئۇنىڭغا كۆڭلۈڭ يوق ئەمەس، لېكىن بۇ  بىر دەملىك كۆڭۈل خوشلۇقى ئەمەستۇ؟ سەن مۇشۇ كەتكەنچە ئۇنى ئىزدىمەمسەن؟ــــ غېنى شاتجاڭ خۇددى گۈلشەننىڭ ياسىنى ياخشى كۆرىدىغىنىنىمۇ بىلىدىغاندەك گەپ قىلىۋاتاتتى.

ــــ ھازىر ئۇقمايمەن، ئىزدىشىم مۇمكىن، لېكىن ئىزدىگەن بىلەنمۇ بىللە بولالمايمىز.

ــــ مانا مۇشۇنداق ئىككى تايىن گەپ قىلىسەن، كىچىك قىزنى كۆڭلۈم بار دەپ ئالداپ قويۇپ ئاخىرىدا ئىگە بولمايسەن. بار خاپىلىق بىزگە ئېشىپ قالىدۇ. بۇ قىز ئەگەر سېنى ئەسلەپ، قېشىمدا ياخشى ئىشلىمىسىچۇ؟ شىنجاڭغا كېتىمەن دېسىچۇ؟ كەتكەن بىلەن توي قىلالامدۇ؟ بۇ كۆلى دېگەن نېمە ئىش قىلسا بولىدىغان يەر دەپ، ھېچ ئىشقا ئىگە بولماي يۈرۈۋېرىمىزما؟ بىرەر تۇغقان ئاخىرىنى تېپىپ نىكاھىڭغا ئالساڭلا ئىش پۈتىدىغان گەپ، خوتۇنۇڭ ناماز ئوقۇيدىغاندۇ؟ بۇنچىلىك ئىشنى توغرا چۈشىنەتتى...

ياسىن ئاخىرقى گەپلەرگە تاقىلىپ قالدى، بۇمۇ ئىشنىڭ بىر يولى ئىدى، لېكىن شۇنداق قىلغىلىمۇ بولامدۇ؟ گۈلشەن راستىنلا ئۇنىڭ كىچىك خوتۇنىغا ئايلىنامدۇ؟ بۇنىڭغا خوتۇنى ئۇنامدۇ؟

ــــ بۇنىڭغا خوتۇن ئۇنىمايدۇ، ئاقمايدىغان ئىش بۇ! ــــ دېدى ئۇ بىر يېلىنجاپ ئۆچكەن چوغدەك ئۆزگىرىپ.

ــــ بولمىسا شۇنداق قىلغۇڭ بار، شۇنداقمۇ؟ ئويلاپ باقساڭ، بۇنىڭ بولمايدىغان ھېچقانداق يېرى يوق،

بېيجىڭدىكى ۋاقتتا تولا ئاڭلايتتىم، خوتەنلىك تاشچىلار كۆپ خوتۇن ئېلىشتا بەسلىشەتتى، ھۆكۈمەتمۇ پۇلى بار ئادەمگە يول قويامدىكىن دەيمەن. شۇڭا بۇنىمۇ ئويلىشىپ باقساڭ بولىدۇ. خوتۇنۇم ئۇنىمايتتى دېسەڭ، ئۇنىڭغا ئۇقتۇرمىساڭمۇ بولىدىغۇ، بۇ يەردە يۇرتتا باققاندا ئەركىن ياشايسەن، سالام-سائەتلىرىڭ ئاز، ھېچكىم بىلمەيدۇ. چاندۇرماي ئۆتىۋېرىسەن.خوتۇنۇڭ كېيىن بىلىپ قالسىمۇ كېرەك يوق، چۈنكى سەن بۇزۇقچىلىق قىلمىدىڭ-دە، ۋاقتى كەلسە ئۆزەڭنى ئاقلىيالايسەن...

ياسىن بۇ گەپلەرنى ئويلىنىپ قالدى، غېنى شاڭجاڭ زادى كۆپنى كۆرگەن، ياشاشنى بىلىدىغان ئادەم ئىدى، ياسىنغىمۇ ئىزچىل ياردەم قىلىپ، مەقسىتىگە يەتكۈزۈپ كەلدى. شۇ چاغدا ئۇ ياسىننىڭ كۆڭلىدىكىنى تۇيۇپ گۈلشەننى ئەۋەتىپ بەرمىگەن بولسا، ياسىن بىر "بەخت-ئامەت" تىن مەھرۇم قالاتتى. مانا ئەمدى، ئۇ ئىنكاھنىڭ گېپىنى چىقىرىپ، ياسىنغا تېخىمۇ ئىشەنچلىك، ئاسان يول تۇغدۇرۇپ بېرىۋاتىدۇ. ياسىنمۇ ئەمدى ئۇنىڭغا نىيىتىنى ئاشكارىلاپ" ئەسلىدىمۇ مەن گۈلشەنگە ئۆي كىرالاپ بەرمەكچىدىم، ئەمدى ئوبدان بولدى، باشقا يەردە يەنە بىر ئۆيۈم، خوتۇنۇم بولىدىغان بولدى" دېيەلەيدۇ.

____ بۇمۇ بولىدىغان گەپكەن، ئويلىنىپ باقسام بولغۇدەك...____ دېدى ياسىن چاقچاق قىلىۋاتقاندەك، ئەمما چىن كۆڭلىدىن شۇنداق بولۇشنى تىلەيتتى.

____ تولا ئويلاپ ۋاقتنى ئۆتكۈزۈۋەتمە، قىلىدىغان ئىشىڭ بولسا غاچ-غاچ قىل. سەن ئويلىنىپ بولغىچە بۇ قىز باشقا خەقنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتەمدۇ، ئۇققىلى بولمايدۇ.

ياسىن راستىنلا شۇنداق بولۇپ قالىدىغاندەك ئەنسىرەپ كەتتى. گۈلشەننىڭ نازلىنىپ، تولغىنىپ تۇرۇپ " تېزرەك بولارسىز، سىزگە چىدىماي قالىدىكەنمەن" دېگەن سۆزىنى ئەسلىدى.

____ لېكىن، كېيىن بىرەر چاتىقى چىقماس-ھە! ئادەم ئىككىلىنىپ قالىدىكەن...

____ بۇ ساڭا باغلىق، يۇرەكلىك ئەر كىشى بولساڭ نەچچە ئون ئۆينىمۇ تۇتۇپ كېتەلەيسەن، ئىككى خوتۇن ئەمەس، ئۈچ-تۆت خوتۇننىمۇ باش ئەگدۈرەلەيسەن. گەپ دېگەن چىقىپ تۇرىدۇ، خوتۇن خەق بارلىكى يەردە زىددىيەت تۈگىمەيدۇ، ئەمما باش ھۇقۇق سەندە بولسا، بۇنى قولدىن بەرمىسەڭ، ئاخىرىدا ھەممىسى گېپىڭنى ئاڭلايدىغان بولىدۇ. جاھاندا ھېچ نەدە بەدەل تۆلىمەي تۇرۇپ راھەت كۆرىدىغان ئىش يوق...

غېنى شاڭجاڭ ئۆنى دەپ-بۆنى دەپ ئاخىر ياسىننىڭ يۈرىكىگە گۈلشەننى نىكاھلاپ ئېلىشنىڭ ئوتىنى يېقىۋەتتى، ساقلاندى قىزنىڭ ئىگىسى بولۇۋالغان بۇ ئادەم بۇنداق دەۋاتسا، ياسىندا نېمە غەم، ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇ غېنى شاڭجاڭغا ئاسراندى "كۈيئوغۇل" بولۇپ قالىدۇ...

ياسىننىڭ چىرايى ئېچىلىپ، غېنى شاڭجاڭغا يېرىم-ياتا ۋەدىلەرنى بەردى، خوشلىشىپ چىقىپ كېتىۋېتىپ كۆڭلىدە، "دېمىسىمۇ، بۇنىڭ بولمايدىغان نېمىسى بار؟ بۇنداق قىلىش ئوغرىلىقچە بۇزۇقچىلىق قىلغاندىن ياخشى ئەمەسمۇ، رەيھان كېيىن بىلىپ قالسىمۇ كەچۈرىدۇ..." دەپ ئويلىدى. ئاشخانىغا بارغىچە كاللىسى شۇ خىيالدىن نېرى بولمىدى، "كىچىك خوتۇن" بولۇشنىڭ گېپىنى گۈلشەن چىقارغان، ئارقىدىن نىكاھنىڭ گېپىنى غېنى شاڭجاڭ چىقاردى. نېمانداق ئۇدۇل كېلىش بۇ، جاھاندىكى "بەخت-تەلەي" ۋە ئاسانلىقنىڭ ھەممىسى ياسىنغىلا توغرىلىنىپ تۇرامدۇ-نېمە؟ ...

ئۇ ئاشخانىغا كېلىپ، ئىشقا كىرىشىپ كەتكەن خوتۇننى كۆرۈپ كاللىسىنى يىغىۋالدى.

____ ئەجەپ ئۈزۈندا كەلدىڭىز...

____ غېنى شاڭجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كەلدىم، گۈلشەن ئەمدى كەلمەيدىغان بولدى...

____ كۆڭلىڭىز يېرىم بولمىغاندۇ؟

____ سەنلا خوش بولساڭ بولدىغۇ، بىراق جاپا چېكىدىغان بولدۇڭ.

____ بۇنچىلىك جاپا نېمىدى، سىزلا ماڭا جاپا سالمىسىڭىز ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ...____ رەيھان بېلىنى رۇسلاپ، يېنىك تىنىپ كۈلۈمسىرىدى.

ياسىن خوتۇنىنىڭ كۆزىگە قارىسىلا ئىچ سىرى ئاشكارىلىنىپ قالىدىغاندەك دەككە-دۈككىدە ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدى.

ئۇ ھۇجرىسىغا كىرىپ، غېنى شاڭجاڭنىڭ باشتىن ئاخىر ئۆزگەرمىگەن مۇغەمبەرلەرچە كۈلكىسىنى، تاققا-تۇققۇ گەپلىرىنى ئويلاپ ئۆزىنى بىر ئىشقا گول بولۇۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. مۇسۇلمانلىقنىڭ تايىنى يوق بىر ئادەمنىڭ نىكاھ ئىشىنى تىلغا ئېلىشى، ياسىننى دۇرۇس ئادەم بولۇشقا ئۈندىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش-تە! نىكاھ دېگەن ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس، خوتۇن دېگەن كىچىك بالىنىڭ ئويۇنچۇقى ئەمەس. گۈلشەننى نىكاھلاپ

ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتىغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك، ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن كىچىك خوتۇنىدەك مۇئامىلە قىلىشى كېرەك، بۇرۇنقىدەك ئويىنىشىدىغان ئىش يوق. نىكاھتىن ئىلگىرى ئەركىن-ئازادە يۈرۈشكەنلەر بىر ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن بىر-بىرىنى چۈشەپ قويىدۇ، بىر-بىرىنىڭ ئىشىدىن قۇسۇر ئىزدەپ سوقۇشىدۇ، چۈنكى بۇ يەردە بىر-بىرىگە مەسئۇل بولۇش دېگەن گەپ بار. نىكاھتىن ئىلگىرى كۆزگە كۆرۈنمىگەن مەسىلىلەر، توقۇناق گەپلەر رەسمىي ئەر-خوتۇن بولۇشقاندىن كېيىن چىقىشقا باشلايدۇ. گۈلشەنمۇ ياسىننى رەسمىي ئېرىم دەپ تونۇغاندىن باشلاپ، ياسىننىڭ ھەممە گېپىگە ماقۇل دېيىشى ناتايىن، ھەتتا ئۇنىڭغا بېسىم قىلىشى مۇمكىن، " سەن مېنى خوتۇن دەپ ئالدىڭ، ئەمدى ماڭا مەسئۇل بولۇشۇڭ كېرەك، مېنىمۇ ئويلاپ قويۇشۇڭ كېرەك، بولمىسا مېنى نېمىشقا ئالغان" دەپ تۇرۇۋالسا نېمە دېگىلى بولىدۇ، ئاشنىلىق مۇناسىۋەتتە شىرىن تۇيۇلغان "كىچىك خوتۇن" رەسمىي خوتۇنلۇققا ئۆتكەندىن كېيىن تەمىدىن كەتكەن ئاشتەك تۇيۇلسا ئۇنىڭ بەتتامىلىقىغا چىدىماق تەس، قاچانلا كەلسە شۇ ئاش! يېمىسەڭمۇ يەيسەن... ياسىن ئىنتىلىدىغان شۇ ئوماق چىراي خوتۇنلۇق ئىمتىيازدىكى تەمكىن چىرايغا ئالماشقاندىن كېيىن، بۇ چىرايىنىڭ پەيزى قالمىسچۇ، قاپىقىنىڭ بېزى بار چىقىپ قالسىچۇ! ياسىنغا بۇرۇنقىدەك مۇئامىلە قىلامدۇ-قىلمامدۇ، كىم بىلىدۇ؟ رەيھان بىلەن سەل ئۇزاق بىللە بولۇپ كەتسە چىدىماي سوقۇشمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ بۇ ئىشلارغۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەڭ مۇھىمى، باللىق بولۇش مەسىلىسى، ئەگەر مۇشۇ تاپتا گۈلشەننىڭ بويىدا قالغان بولسا، بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭ قورسىقىدىكى چۈشۈرۈۋەتكىلى، رەيھانغا ئۇقتۇرمىغىلى بولىدۇ. ئەمما ئەر-خوتۇن بولۇشقاندىن كېيىن ئەھۋال ئۆزگىرىدۇ، گۈلشەننىڭمۇ ئانا بولغۇسى، ياسىننىڭمۇ خۇدادىن قورقۇپ بولسىمۇ، بىر تىرىك جاننى قۇربان قىلماي، دادا بولغۇسى كېلىدۇ...

" ياق، ياق، بۇ بولمايدىكەن... ____ دەپ ئويلىدى ياسىن ھۇجرىسىنىڭ تۆت تەرىپىگە قاراپ، ____ بۇ ئىشنى بەك ئاددىي چاغلاپ قاپتىمەن. خوتۇن دېگەننى بىر قېتىم ئالدىم، بولدى، ئەمدى بېشىمغا پىت تېرىمايمەن. خوتۇندىن لەززەت ئالاي دېسەم مانا رەيھان تۇرۇپتۇ. غېنى تاز ئۈچ يۈز خوتۇنغا تەڭ قىلمىغان خوتۇن قۇچىقىمدا ياتسا ئۇنىڭدىن ئارتۇق نېمە تەمە قىلاتتىم؟ ماڭا كېرىكى ئاشنا، خوتۇندىن سەل زېرىككەندە ئويناپ قويىدىغان ھەمراھ. گۈلشەن پەقەت شۇ تەلىپىمنى قاندۇرۇپ بەرسە بولدى. يەنە كېلىپ، ئۇمۇ مەندىن رەسمىي خوتۇن قىلىشىمنى تەلەپ قىلمايدۇ، ئۆتكەندە ئۆزى "نىكاھ قىلىشىڭمۇ دېمەيمەن، پەقەت مېنى كىچىك خوتۇن دەپ چاقىرىپ بەرسىڭىزلا

شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە" دېگەن ئەمەسمىدى! ئەقىللىق قىز، ھەممىنى چۈشىنىدىكەن، رەسمىي خوتۇن بولسا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقىدەك پەيزى قالمايدىغانلىقىنى بىلىدىكەن، ياسىننى بارلىق جەزبىسى، رايىشلىقى، ناز خۇلقى بىلەن ئوتتەك جەلپ قىلىپ تۇرۇشنى ئويلايدىكەن. ئىش بۇنداق تۇرسا، نىكاھ قىلىشنى كىم قويۇپتۇ؟! غېنى تازنىڭ بۇ گېپى ئاقمايدۇ، يەنىلا ئۆزەم بىلگىنىم بويىچە ئىش قىلىشىم كېرەك..."

ياسىن ئۆزىنىڭ ئەقلىدىن سۆيۈندى، ئەمما غېنى شاگجاڭغا نىكاھ قىلىش توغرۇلۇق بەرگەن ۋەدىسىنى ئويلاپ، " بۇ ۋەدىگە ئەمەل قىلمىسام ئۇ نېمە دەپ قالار، ئىشىمىزغا توسقۇن بولارمۇ؟ رەيھانغا دەپ قويارمۇ؟ گۈلشەنگە ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بېرىشىمگە قارشى چىقارمۇ؟ گۈلشەننى قوغلىۋېتەرمۇ؟..." دەپ ئويلاپ قالدى. ئەمما ئۆزىگە ئىشەندى، غېنى تاز بەربىر گۈلشەننىڭ دادىسى يا ئاكىسى ئەمەس، ياسىن نېمىدىن قورقاتتى، ئۇ لاۋبەن بولسا، ياسىنمۇ لاۋبەن، بىر قىزغا ئىگە بولالمىغۇدەك بىچارىمۇ ئەمەس...

شۇنداق قىلىپ، ياسىن ھۇجرىسىدا تۇرۇپ بەش مىنۇت ئىچىدە گۈلشەن بىلەن بولىدىغان ئىشلىرىنى بېكىتىپ بولدى. رەيھان بىلەن گۈلشەننىڭ بەدىنى تەگكەن، پۇرىقى قالغان، چاچلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن قوش كىشىلىك كارىۋاتتا ئوڭدا يېتىپ، غېنى تاز بىلەن گۈلشەننىڭ زادى قانداق يېقىن ئالاقىسى بارلىقى ھەققىدە گۇمانلىق خىياللارغا چۆكتى. گۈلشەننىڭ قىزلىقىنى كىم ئالغان بولغىيدى؟ غېنى تاز نېمىشقا ياسىندىن " زادى قانچە قېتىم قىلدىڭ؟" دەپ سورايدۇ، ئەجىبا ئۆزى قانچە قېتىم قىلغاندۇ؟ نېمىشقا بۇنى سىلىشتۇرۇپ يۈرۈيدۇ؟ بەلكىم ئۇ ئىچىدە "مەندىن ئاشقىنىنى قانچە ئوينىساڭمۇ، تۆنجى لەززىتىنى مەن كۆرۈپ بولغان" دەپ ئويلاپ ياسىننى مەسخىرە قىلىۋاتقاندۇ؟ ياسىن ئەمدى گۈلشەننى مىڭ سېغىنسىمۇ، ھەۋەس ئوتىغا مىڭ قېتىم تۇتىرۇق قىلسىمۇ، بەربىر خەقتىن ئاشقىنىنى قىلىدۇ... ياسىن بۇلارنى ئويلاپ قاتتىق بىئارام بولدى، گۈلشەندىن يىرگىنىسە تېخى، بۇزۇق دېگەن قانچە يىرگىنسە شۇنچە تاتلىق بولىدىغان نېمىمۇ؟ شۇنچە پاك، چىرايلىق خوتۇنى تۇرۇپ ئۇنىڭ كۆڭلى شۇ قەدەر پەسلىشىپ كەتتىمۇ؟ ...

ئۇ ئۆزىنى ئۆزى بىلگەنچە چۈشەندى، ئۆزى بىلگەنچە ئاقلىدى. قىلاي دېسە كۆڭۈلگە نېمىلەر سىغمايدۇ-ھە؟ ئېشەكنى كۆڭلى كۆتۈرگەن ئەركەكلەرنىڭ يەنە باشقا ھايۋانلارنىمۇ كۆرۈپ باققۇسى كېلىدۇ. ياسىن ئۆز يېزىسىدا بىرەيلەننىڭ تېخى ئىنەكنى شۇنداق قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان، ئىنەكنىڭ ئىگىسى ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ "كالام ھارام

بولدى" دەپ شۇ پاسىق ئۆستىدىن سوتقا ئەرز سۇنغاندا، سوتتىن " بۇ بەك ئالاھىدە ئەھۋالكەن، بۇنىڭغا قارىتا تېخى قانۇن چىقمىدى" دەپ بۇ دەۋانى سورىماپتىكەن. دېمەك، ئەر كىشى دېگەن ھەممە ئىشنى قىلىدۇ، ياسىننىڭ قىلغانلىرى تېخى ھېچقانچە ئەمەس، ئۇ چېپىلسا مېدە ئېشەككە ئەمەس، قىزغا چېپىلدى، خوتۇنى يوق چاغدا ھەۋىسىنى قاندۇرالمىسا قانداق قىلىدۇ؟ قولدا بېسىقتۇرسا بىچارىلىك، ئۇدۇلدىكى ساتىراشخانىلارغا كىرسە كېسەل يۇقتۇرىدۇ... ئەڭ چاتاق يېرى، مۇشۇ ھەۋەس ئادەتتە ھورۇن مۇشۇكتەك كۆزنى يۇمۇپ ياتقان بىلەن، خوتۇنى يوق چاغدا ئويغىنىپ، ھاڭگا ئىشەكتەك چېپىپ چىقىپ كېتىدۇ... ئەييھات، ئەركەكلەر ئۇنى قوغلاپ ھارمايدۇ، شۇنداق قىلمىسا كۆڭلى ئارام تاپمايدۇ... كىم سەۋر قىلالايدۇ؟ كىم؟! كىم سەۋر قىلالىسا شۇ قەھرىمان، شۇ ئەۋلىيا، ئەمما ئۇنىڭ ئىقتىدارىدا مەسىلە بولۇشى مۇمكىن...

ياسىن ئاخىر بېرىپ يەنە ئۆزىگە تەسەللىي بېرىش بىلەن خىيالنى يىغىشتۇرۇۋالدى.

شۇ كۈنى كەچتە ياسىن رەيھان بىلەن بىر كارىۋاتتا چىقتى، ئەمما ئىچىدە يەنىلا بىر قورقۇنچ، ئەنسىزلىك بار ئىدى. غېنى تازىنىڭ "ئۈچ يۈز خوتۇنغا بەرگۈسىز..." دەپ تەرىپلىگەن چىرايلىق خوتۇنىنىڭ ۋىسالىغا قايتا ئېرىشكىنىدىن تۇرۇپ ھاياجانلانسا، تۇرۇپ مۇشۇ كارىۋاتتا گۈلشەن بىلەن قىلىشقان ئىشلىرىنى ئويلاپ، كاللىسىنى پەقەت جەم قىلالمايۋاتاتتى. رەيھانمۇ بۇ ئىشقا ئىدىيە جەھەتتىن تەييارلىق قىلىپ بولالمىغاندەك، ئېرى زورلىسا ئامال يوقتەك بىر ھالەتتە ياتاتتى.

—— رەھمەت خوتۇن،—— دېدى ياسىن رەيھاننىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ،—— پەستە يېتىشتىن ئاخىر قۇتۇلىدىغان بولدۇم.

—— ئورۇننى كارىۋاتقا سالمىغان بولسام يەنە پەستە ياتامتىڭىز؟ خوتۇننى كارىۋاتقا يالغۇز تاشلاپ قويۇپ يېتىش شۇنچە راھەتمىكەن؟ گەپ قىلمىسام، نەچچە كۈن تۈگۈلۈپ يېتىۋالدىڭىز، مۇشۇمۇ ئەر كىشىنىڭ قىلىدىغان قىلىقمۇ؟

—— ئامال يوق دېگىنە، ئۆزەڭ يېقىن كەلتۈرمىسەڭ ماڭا نېمە ئامال، سېنىڭ كۆڭلۈڭنى رەنجىتىپ قويغۇم يوق.

—— كۆڭلۈڭىزدە ماڭا يېقىن كېلەلمەيدىغان بىر چاتاق بار دەڭا، بولمىسا ئۇنداق سولىشىپ كەتمەيتتىڭىز.

ياسىن ھېلىتىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىدىن ئەنسىرەپ قالدى. خوتۇنىنىڭ يېنىغا كىرىپ ياتقان بىلەن كۆڭلى بۇرۇنقىدەك ئازادە بولمىغاچقا، جىنسىي ھەۋەسى ۋۇجۇدىنىڭ بىر يەرلىرىدە مۇزلاپ قالغان كىرپىدەك تۈگۈلۈپ جىملا تۇراتتى. ئۇ قانچە ئەنسىرىگەنچە ئىچ-ئىچىدىن بوران، شۇئىرغان چىقىپ، بۇ كىرپىنى تېخىمۇ توڭدۇرۇپ مۇزلىتىپ قويۇۋاتاتتى.

____ ئەمدى بۇنداق گەپلەرنى قىلىشمايلى...____ دېدى ياسىن ئوڭايسىزلىنىپ، ____ مەن ياخشى قىلمىدىم، سېنىڭ كۆڭلۈڭنى يەردە قويدۇم. ئەمدى بولسىمۇ سېنى رازى قىلمىسام بولمايدۇ...

رەيھان گەپ قىلماي، ئۇنىڭ چىرايىغا، ھەرىكىتىگە قاراپ يېتىۋەردى، ياسىن خوتۇنىنىڭ شەھلا كۆزىدىكى نۇردىن بۇرۇنقى بەختىيارلىق جىلۋىلىرىنى كۆرەلمىدى، بۇنىڭغا ئۆزى سەۋەبچى دەپ ئويلاپ، تەمتىرەشكە باشلىدى. بۇ كۆزگە قارىسىلا گۈلشەنىنىڭ جىنسىي ئالاقە جەريانىدا مۇشۇكتەك يۇمۇلۇپ كېتىدىغان چولپان كۆزى ئېسىگە كېلىپ، دىققىتى بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ ئالامەتنى ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان رەيھان سېزىۋالغاندەك تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، ھەۋەسى توساتتىن تورمۇزلىنىپ قالدى، شۇنچە ھەپىلىشىپمۇ ھېچ ئىشنى ئاقتۇرالمىدى. ھېچقاچان كۆرۈلمىگەن بۇ ھالەت ئۇنى شۇنچىلىك ئوسال قىلدىكى، يۈرىكى دەھشەتتىن قىسىلىپ، يۈزى قىزىرىپ كەتتى. بۈگۈن ئەتىگەندىن باشلاپ كاللىسى جايىدا بولمىغاندىكىن، بۇ ئاخشام يەردە ياتسا نېمە بولار ئىدى! ئويلىمىغان يەردىن خوتۇنى ئاق كۆڭۈللۈك قىلىپ قويىنىنى ئاچسا، كۆرۈڭ بۇ رەسۋاچىلىقنى!

____ نېمە بولدى سىزگە!____ دېدى رەيھان كارىۋاتتا يۆلىنىپ،___ نېمىگە شۇنچە سالپىيىپ كەتتىڭىز، بۇنىڭدىن نومۇس قىلماڭ، نومۇس قىلىدىغان ئىشتىن نومۇس قىلمايدىكەنسىز، ئەمدى نومۇس قىلغىنىڭىز نېمىسى!

ياسىن گەپ قىلماي پەسكە چۈشۈپ تاماكا ئىزدىدى، رەيھان ئۇنىڭ قاتتىق جىلە بولۇۋاتقانلىقىنى، تۇتقاقلىق تۇتقان ساراڭنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، رەيھان يەنە گەپ قىلسا ۋاقىراپ تاشلايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ جىمىپ كەتتى، كۆزلىرىنى ئەلەم بىلەن بىر نۇقتىغا تىكىپ، ئېغىر تىنىپ ئولتۇردى.

ياسىن تالاغا چىقىپ تاماكا چېكىپ كىردى، كەيپىياتى سەل ئوڭشالغاندەك قىلاتتى، كىرىپ خوتۇنىغا بىچارىلىك بىلەن قارىدى، ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالغان رەيھاننىڭ چېھرىدىكى ھەسرەت، ئۈمىدسىزلىك ۋە ئامالسىزلىق شۇنچىلىك ئېغىر، شۇنچىلىك چىدىغۇسىز ئىدىكى، ياسىن ئۇنىڭ يېنىغا چىقىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى، تاقەت قىلالماي كارىۋاتقا

يۆلىنىپ ئولتۇردى، بۇ كېچە ھەر ئىككىسىگە ئۇيقۇ ھارام ئىدى، ئازراق بولسىمۇ پاراڭلىشىۋالمىسا، بۇ بۇرۇقتۇرمىلىقتا ھەر ئىككىسى چىدىمايتتى.

ــــ خاپا بولما، بۇنداق بولارىنى قەتئىي ئويلىماپتىكەنمەن...

ــــ ھېچقىسى يوق، بېرىدىغانىنىڭ ھەممىنى خەققە بېرىپ بولغاندىكىن، ئامال يوق.

ــــ ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە، بۇ بىر ئويلىمىغانلا ئىش... كۆتۈلمىگەن ئىش...

ــــ شۇنداق سىزدىن چىقمىغان ئىش چىقىۋاتىدۇ، بۇرۇنقىدەك ئەمەس سىز. شۇڭا مەن سىزدىن بىكار گۇمان قىلمىغان...

ــــ شۇنداق دەپ مېنى تولا قورقىتىۋەتتىڭ، كۆڭلۈم جايىدا بولمىغاندىكىن مۇشۇنداق بولىدۇ مانا...

ــــ بۇنىمۇ مەندىن كۆرەمسىز؟ كۆڭلىنى جايىدا قىلمىغان كىم؟

ــــ بولدى ئاچچىقلىما، ھەممىنى قىلغان مەن...

ــــ سىزگە يەنىلا ئىشىنىپتىكەنمەن، سىزنىڭ بۇنداق تۆگىشىپ كېتىدىغانلىقىڭىزنى مەن نەدىن بىلەي!...

ــــ بولدى، خاپا بولما، ئەتىدىن باشلاپ بۇنداق بولمايدۇ.

ــــ ئۇقلى بولمايدۇ، ئەتىمۇ يەنە شۇ پاسكىنىنى ئويلاپ ياتسىڭىز كۇندە مۇشۇنداق بولىدۇ. ئەگەر كۆڭلىڭىز مەندە بولمىسا، تايىنلىق يەردىلا پىتىڭ! خوتۇنى تۇرسىمۇ باشقىسىنى ئويلايدىغان ئۇنداق ئەرنىڭ ماڭا كېرىكى يوق!

ــــ ھېسسىياتى زەخملەنگەن رەيھان بۇ ئازابقا چىدىماي بارغانچە چېچىلىپ كېتىۋاتاتتى.

ــــ بولدى قىل دەيمەن، سەنمۇ بۇرۇنقىغا پەقەت ئوخشىماي كېتىۋاتىسەن، بۇنداق بولىۋەرسەڭ ئاخىر ساڭا قىزىقماسلا بولۇپ قالىمەن، بۇنىمۇ ئويلاپ باق!

ــــ كىم كىمگە ئوخشىماي كېتىپ بارىدۇ، سىز ئوخشىماي قالغاندىكىن مەنمۇ ئوخشىماي قالىمەن ئاشۇنداق! بۇنى ئۆزىڭىزدىن كۆرۈڭ، خوتۇن كىشى دېگەن ئېرىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ. سەن ياخشى، مەن ياخشى، تونۇر قىززىق نان ياخشى دەپتىكەن.

ــــ ھەممىنى ماڭا ئارتىپ قوي ئەمدى، بوپتۇ، سېنى رازى قىلالمىغاندىكىن ھازىرچە نېمە دېسەڭ توغرا، نېمە دېسەڭ سېنىڭ ھېساب...

ياسىن شۇنداق دەپلا ئېغىر تىنىپ جىمىپ كەتتى، رەيھان ئۇنىڭ تەسەللىي بېرىشىگە، زورلاپ قۇچاقلاشلىرىغا شۇنچە تەشنا بولسىمۇ، ئەمما ياسىن ئۆز ھالىدىن ئاھ ئۇرۇپ، خوتۇنىنىڭ ئىستەكلىرىگە كۆڭۈل بۆلمىدى. رەيھان ئاخىر ئۆزى چىدىماي ياسىننىڭ كەينىدىن قۇچاقلاپ، ئاچچىق كۆز ياشلىرىنى تۆكتى:

____ نېمانداق تەتۈر قاراپ ياتىسىز، نېمانچە يارىماس بولۇپ كەتتىڭىز، مەن باشقا بىر ئەرنى قۇچاقلىدىممۇ، ئۆزەمنىڭكىنىمۇ، پەقەت ئۇقماي قالدىم. مۇرىڭىزنى چىشلەپ باقسام بىلەمدىغاندىمەن يا؟

بۇ قۇچاقلاشتىن ۋۇجۇدىدىكى تولۇق ئېرىپ كەتكەن ياسىن كەينىگە ئۆرۈلۈپلا رەيھاننى باغرىغا ئالدى. خوتۇنىنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرى شۇنچىلىك گۈزەللىشىپ كەتكەن ئىدىكى، ياسىن بۇ گۈزەللىك ئالدىدا سىماپتەك تىترەپ كەتتى.

____ خاپا بولما جېنىم خوتۇن، سەندىن نېمىشقا قورقىدىغان بولۇپ قالدىمكىن، ئۆزەممۇ ئۇقمايمەن...

____ ئىچىڭىزگە جىن كىرىۋالغان گەپ، شۇ جىن سىزنى قەستلەپتۇ...

____ ئەمدى ئۇ جىنمۇ كەتتى، ئوڭشىلىپ قالارمەن...

____ خۇدايىم بۇيرۇسا دەڭ، مەن سىزنىڭ گېپىڭىزگە تېخى ھازىرچە ئىشەنمەيمەن.

____ كېيىن كۆرۈپ قالىسەن.

____ ئەمسە كېيىن بىر نېمە دەيلى.

____ بۈگۈنكى بۇ ئىشنى پەقەت ئېغىر ئالمايدىغانسەن...

____ ياق، شۇ جىندىن قۇتۇلسىڭىزلا مەن سىزدىن خوش.

____ كاللاڭ شۇنىڭدىلا قالدىما؟

____ سىزنىڭچۇ؟

ياسىن خوتۇنىنىڭ ئەقىللىقلىقىغا مەستلىكى كېلىپ، ئوڭايسىز كۈلۈپ قويىدى، ئۇنى ئەرلىك مېھرى بىلەن چىڭ قۇچاقلاپ، باياتىن چالا تاشلاپ قويغان ئوتنى قايتا يېقىشقا كىرىشىپ كەتتى.

16

ياسىننىڭ تۇرمۇشىدىكى داۋالغۇشلار پەسلەپ، ھەممە ئىش جايىغا چۈشكەندەك بولدى، كاللىسى ئارام تېپىپ

قالدى، بىر كۈن شۇنداق بولار، ئىككى كۈن شۇنداق بولار، كېيىنچۇ؟ ئادەم دېگەن ئۆتمۈشنىڭ داۋامى، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ تەسىرىدىن، كۆنۈپ قالغان يامان ئادەتنىڭ كاشىلىسىدىن قۇتۇلماق ئۇنچە ئاسان ئەمەس. ئۇ ئەمدى خوتۇنىنىڭ قوينىغا قايتىپ كەلگەن، خوتۇنىنىڭ قايتا جىلۋىلەنگەن كۆزىگە خاتىرجەم، دادىل تىكىلەلىگەن بىلەن، گۈلشەننى تونۇماستىن ئاۋۋالقى ھالىتىگە كېلەلمىدى، كاللىسى ساپ ئەمەس ئىدى، ساپ بولمىغان كاللىنى ساق دېگىلى بولمايتتى. كاللىسىدا دەردى بار ئادەمنىڭ ئويلايدىغان ئىشلىرى مۇرەككەپ بولاتتى. ياسىن خوتۇنى يوق يەردە، بىر بۇلۇڭدا تاماكا چەككەندە، خالاغا كىرگەندە، ھۇجرىدا يالغۇز ئارام ئېلىپ ياتقاندا كۆڭلىدىكى "جىن" بىلەن ئەسرالىشاتتى، پىچىرلىشاتتى، "سەن ئەمدى كۆڭلۈمدىن چىقىپ كەت، مېنى خوتۇن بىلەن تىنچ ياشىغىلى قوي" دەيتتى، ئەمما بۇنى ئاچچىق، پۇشايمان، نەپرەت بىلەن ئەمەس، كونا ھېسسىيات، قىيالماسلىق، ئامالسىزلىق بىلەن دەيتتى. ئۇنىڭ ھەممىگە ئىگە بولغۇسى كېلىدىغان بۇنداق ئاچكۆزلۈكى، بۇنداق تەمەخورلۇقى، بۇنداق ۋەسۋەسلىرى شۇ ناشايان ئىشلاردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇزۇق خىيال بۇزۇق ئىشنى پەيدا قىلسا، ئارقىدىن بۇزۇق ئىش بۇزۇق خىيالنى پەيدا قىلىپ، بىر-بىرىگە سەۋەپ بولۇپ، بەدەندىكى باكتېرىيەدەك كۆپىيىپ، ئەۋج ئېلىپ كەتكەندى... ياسىن قانداقتۇر بىر ئىشلارغا ئىچى پۇشقاندا، يالغۇز قالغاندا گۈلشەننى خۇمارى تۇتقان بەڭگىدەك سېغىنىپ قالاتتى. بۇنى ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى، كۆڭلىدە ئۆزىگە نەچچە قېتىم " غېنى تازدىن ئاشقان پەخشەك قىزنى ئويلىماي، نەپسىمنى يىغىپ خوتۇنۇمغىلا كۆڭۈل بېرەي، نېمەمگە نېمەم يەتمەي قالدى ئەمدى... " دېسىمۇ، ئۆزى بىلەن ئۆزى قېرىشىپ، گۈلشەننىڭ ئۇنتۇلماس "گۈزەللىكى"، "شىرىن"لىكى، "ئوماقلىقى" نى ئويلاپ، ئىچ-ئىچىدىن ھاياجانلىنىپ تىترەپ كېتەتتى؛ ئاندىن بۇ ھالىغا ئېچىنىپ، " ئۆمرىدە مۇشۇنداق قىز كۆرمىگەن، بىر خوتۇننىڭ كۆزىگە قاراپلا ئۆتكەن ئادەم خەقتىن ئاشقان بىر قىز ئۇچۇرىمۇ مۇشۇنداق سەۋدايى، ساراڭ بولۇپ كېتىدۇ" دەپ ئويلايتتى.

گۈلشەن خوتۇنىنىڭ قوينىغا قايتقان ياسىننىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك، ئۇنى ئاۋارە قىلىشنى خالىمىغاندەك تېلېفونمۇ قىلمىدى؛ ئۇ تېلېفون قىلمىغانچە ياسىن ئۇنىڭ ئەقىللىقى، ئوماقلىقى، سەۋرچانلىقىغا مەستلىكى كېلىپ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى، كۈلكىسىنى، نازىنى ئاڭلىغۇسى كېلىدىغان بولۇپ قالدى.

ھاشىم دوغلاق گۈلشەننىڭ كەتكەنلىكىنى بىلىپ كۆڭلى يېرىم بولدى، چىرايلىقتىن بىرسى كەم بولسا كۆڭۈل

ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزدىن بىرسى كەم بولۇپ قالارمىدى؟ هاشىم ئۇنى ياخشى كۆرەمتى؟... مەيلى نېمىلا بولسۇن، ياندىكى "يار"نىڭ قەدرى كەتكەندە ئۆتۈلدى.

ساۋۇتقا بۇ ئىشلار بەرىبىر ئىدى، گۈلشەنگىمۇ ئەزەلدىن كۆلۈپ گەپ قىلمايتتى. هاشىم دوغىلاق ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ناهايىتى ھېسسىياتچان، پالاكەت ھېس قىلاتتى. ساۋۇت ئالدىنقى ھەپتە بىر تۇڭگان مەسچىتىگە جۈمە ئوقۇغىلى بېرىپ كەلگەندىن تارتىپ ، شۇ يەردىن ئالغاچ كەلگەن جايناماز بىلەن قۇرئاننى يېنىدىن ئايرىماي، بەش ۋاق نامازنى كامىل ئوقۇيدىغان تەقۋا بولۇپ كەتتى. بۇ ئىش هاشىم دوغىلاقتا ئېغىر كەلدى، ئۆزىنى تېخىمۇ گۇناھكار، كېسەل دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما هاشىمنىڭ بىر رازى بولغان يېرى، ساۋۇت ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەكلا مۇئامىلە قىلىۋەردى، ئۇنى نامازغا زورلىمىدى.

ئۆمەر كېلىپلا هاشىملارنىڭ ياتىقىغا ئورۇنلىشىپ، بىر-بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى ئادەمنىڭ كىرىسىغا كىرىپ قېلىپ، بىر-ئىككى كۈن تەمتىرىدى، ئۈچىنچى كۈنىدىن باشلاپ، ئاكىسىنىڭ سايىسىدە ئىشنى تېپىپ قىلىپ، بىر ھەپتىدە كاۋابچىلىقنى ئۆگىنىپ بولدى. ئۇ ئاشخانىدا توختىماي دەي قويۇۋالاتتى، ئىچى پۇشۇپ كەتسە ناخشا توۋلايتتى، ئاشخانىنى سۈرتكەچ ئۇسسۇل ئوينايتتى. گۈلشەن بىلەن بىر ھەپتىدە يامان ئەمەس تونۇشۇپ قالغانىدى، ئۇنىڭ كېتىشى بىلەنلا ئىچى پۇشۇپ قالدى، ئۇدۇلدىكى دۇكانلارغا باشقىدىن تەپسىلىي قاراپ چىقتى. تۆت ئەتراپىدا كۆڭۈلنى جەلپ قىلىدىغان بىرەر نەرسە، بىر قىز، ھېچ بولمىسا تېلېۋىزوردا بولسىمۇ بىرەر چولپان، بىرەر كىنو، كوچىدا بىرەر ماشىنا، بىرەر تۇيۇقسىز هادىسە بولمىسا، كۈندە بولمىسىمۇ، ھەپتىدە بىرەر قېتىم يىڭى-يېڭى ئىشلار، قىزىقچىلىق بولۇپ تۇرمىسا بۇ دۇنيانىڭ نېمە پەيزى بولسۇن؟... كۈندە كاۋاب پىشۇرۇپ ئىس-تۈتەك ئىچىدە ياشاۋەرسە بۇ كۆز دۇغلىشىپ تىنىپ كەتمەمدۇ؟ بۇ كۆڭۈل قېرىپ ئۆلۈپ كەتمەمدۇ؟... ئۆمەرنىڭ ئىستەكلىرى تىنىم تاپمايتتى، پۇلى بولسا كومپيۇتېر ئېلىپ، تورخانىغا كىرمەي ياتاقتىلا ئويۇنچۇق ئوينىغۇسى، ھېچ بولمىسا قۇلىقىغا تاقىۋالىدىغان mp3 بولسىمۇ ئېلىپ، ناخشا ئاڭلىغاچ ئىش قىلغۇسى كېلەتتى. ئەمما بۇ ئارزۇيىغا يېتىشكە تېخى بالدۇر ئىدى، ھەممىنى ياسىن ئاكىسى بېسىپ ياتقان بولۇپ، ئۆمەرنى پەقەت ئىشلىتىشنىلا بىلەتتى، خەقنىڭ باللىرىغا بەرگەندەك ئىش ھەققى بېرىشنى ئەسلا ئويلىمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بىكار قالغاندا رەيھان ھەدىسىدىن ئانچە-مۇنچە پۇل ئېلىپ، ساتراشخانىلارنىڭ سول چېتىدىكى تورخانىغا كىرىپ بىرەر سائەت ئويۇن ئويناپ چىقاتتى.

بىر ئاخشىمى ئۆمەر گۇلشەن توغرۇلۇق ھاشىمنىڭ ئاغزىنى كوچىلاپ باقتى، ھاشىم مۇجمەل جاۋاب بېرىپ گەپنى تۇگەتتى. ئۇ ئۆمەرنى لاۋبەننىڭ ئىنىسى، بىر گەپ بولسىلا ئاپىرىپ چاقىدۇ دەپ ئويلىغاچقا ئىچ گېپىنى دېمەيتتى. ئۆمەر گەپنى بۇراپ، ئۆزىنىڭ بۇگۈن ئاجايىپ بىر ئويۇن ئويىنىغانلىقىنى، بىر-بىرلەپ ئۇتۇپ ئاخىرىدا مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىنى ئېيتتى.

ـــــ قانداق مۇكاپاتكەن ئۇ؟

ـــــ بىر قىز كىيىمنى يېشىپ بېرىدىكەن...ـــ دېدى ئۆمەر بۇ غەلىبىگە مىڭ تەستە ئېرىشكەندەك ماختىنىپ.

ھاشىم شۇ ھامان دىققىتىنى يىغىپ ، بۇ گەپنى ئاڭلىمىغاندەك ياتقان ساۋۇتقا قاراپ قويۇپ:

ـــــ كومپيۇتېردا چىقامدىكەن؟ـــ دېدى.

ـــــ شۇنىڭدا چىقماي ئەمسە، ئالدىمدا چىقسا بولامتى؟

ـــــ بوشراق گەپ قىل، ئاخىرى قانداق بولدى؟

ـــــ شۇ ئاۋۋال كۆينىكىنى سالىدىكەن، ئاندىن كۇسىرىنى سالىدىكەن... شۇنىڭ بىلەن تۇگەيدىكەن.

ـــــ ئاران شۇنچىلىكما؟

ـــــ ئەمسە قانداق چىقسا بولاتتى. مەن تولۇق نومۇر ئالغان، شۇنىڭغا چىقتى.

ـــــ ھەي ئەخمەق، شۇنىڭغا خوش بولۇپ كەتتىڭما؟ كومپيۇتېر دېگەن نەرسىدە ھەممە نېمە بارغۇ، يالىڭاچ نېمىلەر، ئىشەك-ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى چىقىدىغۇ؟! ئۇدۇلدىكى ساتراشخانىغا كىرسەڭ ئۇنىڭدىن پەيزىلىرى بار، ساڭا ھەممىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

ھاشىم بۇ گەپنى دەپ بولۇپ، ساۋۇتقا قاراپ قويدى؛ ساۋۇت ئۇخلىمىغان بولسا ھاشىمنى چوقۇم تىللايتتى.

ـــــ سەن كۆرۈپ باققانما؟ـــ دېدى ئۆمەر بۇ گەپنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىغۇسى باردەك.

ـــــ كۆرمىسەممۇ بىلىمەن، دۇكانغا قارىساڭلا بىلىسەن.

ـــــ ئۇ دۇكانغا كىرسە قانچە پۇل؟

ـــــ نېمە؟ سېنىڭمۇ كىرگۈڭ كېلىۋاتامدا؟!...

ـــــ مانا، مانا، چاندۇرۇپ قويدۇڭ ھاشىمكا، سەن چوقۇم كىرىپسەن، ماڭا دېمەيۋاتىسەن، دەپ باقە، ئۇنىڭ

ئىچىدە زادى نېمە بار؟

هاشىم مۇشۇ كىچىككىنە شۇم ئالدىدا قاپاقباشلىق قىلغىنىدىن تېرىكىپ كەتتى:

ـــــ ماڭ، ماڭ، ئۇيىقاڭنى ئۇخلا، مەن ئۇنداق يەرگە ھەرگىز كىرمەيمەن.

ـــــ مەن بىلىپ قالدىم، ماڭا ئۇنىڭ ئىچىدە زادى نېمە ئىش بارلىقىنى دەپ بەرسەڭ، كىرگىنىڭنى ھېچكىمگە دېمەيمەن...

ـــــ جاھاندا چېقىمچى بىلەن خوشۇم يوق ئۇكا، بەك بىلگۈڭ بولسا ئۆزەڭ كىرىپ كۆر، مېنى ئاۋارە قىلما...

ئۆمەر ئەمدى تورخانىدىن باشقا بۇ ساتراشخانىلارغىمۇ قىزىقىشقا باشلىدى. شۇنچە كۆپ دۇكاننىڭ بىرلا يەردە بولۇشى، ئوخشاش بىر ئىشنى قىلىشى، بىر-بىرلىرىگە رىقابەتچى بولۇشى ئاجايىپ ئىش ئىدى، كۇندۇزى ئادەم ئانچە كۆپ بولمىغان بىلەن، كېچىسى ئادەملەر بىر-ئىككىدىن ئوغرى مۈشۈكتەك پەيدا بولۇپ قالاتتى.

ئۆمەر ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن هاشىم بۇ جاھاندا پەقەت ئۆزىلا پالاكەت ئادەمدەك خىيال سۈرۈپ، تىتىلداپ ياتتى. ئۆمەر ھەممىنى بىلىپ باققۇسى، قىلىپ باققۇسى، نېملا قىلسا باشقىلارغا ئۆزىنى داڭلاپ باققۇسى كېلىدىغان، بېشى چوڭىيىپ قالسىمۇ بالىدەك قىلىق قىلىپ يۈرۈيدىغان ماڭقا ئىدى؛ ئەگەر ئۇ هاشىمنىڭ كۆزىگە يەنە كىرىۋېلىپ، ئىشلىرىنى ئاشكارىلىۋېتىپ قالسا، هاشىم ئۇنى تىللاپ ئۇرالمايتتى. هاشىم گەپتىن، مەسخىرىدىن قورقاتتى، لاۋبەن سەتەڭنىڭ ئىزدەپ كىرىشىدىن قورقاتتى، يۈزىگە بىر نېمىلەرنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن قورقاتتى، ئۇ ئۇرۇمچىدىكى ۋاقتىدا ئەيدىز دېگەن يوشۇرۇن ئالۋاستىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان بولسا، شەھۋەت نەپسىگە پايلىماي ئۆتكۈزۈپ سالغان شۇ نىجىس ئىشىدىن بۇنچە ۋەھىمە يەپ يۈرمىگەن بولاتتى؛ بىر نېمىنى بىلىپ قالسا، باشقىلاردىن بىر گەپنى ئاڭلاپ قالسا، ياكى باشقىلارغا بىر بىر ئىشنى بىلدۈرۈپ سالسا مۇشۇنداق ئىچى پۇشىدىغان، ئازابلىنىدىغان گەپ! هايۋانلار قاشاڭ بولغاچقا شۇنداق خاتىرجەم ياشايدۇ، ئادەملەر هوشيار بولغاچقا شۇنداق ئازابلىنىپ ياشايدۇ... هاشىم زادى قانداق مەخلۇق... هاشىم ئۆزىنى ئانچە چۈشەنمەيتتى، چۈشىنىشكە ئىنتىلمەيتتى، پەقەت يات جىنسقىلا ئىنتىلەتتى، قىز، خوتۇن دېگەننىڭ ۋۇجۇدىغا چوكۇپ، توختىماي لەززەت سۈرگۈسى كېلەتتى. ئۇرۇمچىدە ئۇنىڭ بىر ئاغىنىسى بولىدىغان، كۆرۈشكەن ۋاقتىنىڭ ھەممىسىدىلا ئوينىغاننىڭ گېپىنىلا قىلاتتى. كېيىن ئەيدىز چىقىپ قېلىپ، كەمستىلىشكە ئۇچراپ تۈگىشىپ كەتتى، ئۇزاق ئۆتمەي ئىچكىرىگە قېچىپ يوقالدى. بەلكىم ئۇ يەردە تېخىمۇ ئوينايدىغان بولۇپ

كەتكەندۇ... ئۇ ھەر قېتىم شۇ ئاغىنىسىنى ئويلاپ قالغاندا بىر قېتىم ۋەھىمىگە چۈشەتتى، ئارقىدىن يەنىلا «مەن ئەيدىز ئەمەس، مەن ئويىنىغان سىرىق چاچلارمۇ ئۇنداق ئەمەس، ھەممە ئادەمگە ئۆزىنىڭ جېنى تاتلىق، لاۋبەن سەتەڭمۇ قان تەكشۈرتكەن، ئۇمۇ ساق، مەنمۇ ساق، مېنىڭ قېنىمدا ئەمەس، كاللامدا مەسىلە بار، ئىچىمدە ئۆزەم بىلەن قېرىشىدىغان بىر ئالۋاستى بار...» دەپ ئۆزىگە تەسەللىي بېرەتتى، بۇ تەسەللىي كونىراپ قالسا، يېڭى-يېڭى تەسەللىي ئىزدەيتتى. بۇمۇ بولمىغاندا ئۆز-ئۆزىدىن تېرىكىپ، بوغۇلۇپ، « ئەيدىز بولسامۇ بولغاندىمەن، نېمە بوپتۇ، توشقاندەك يۈز يىل ياشىغىچە، يولۋاستەك بىر كۈن ياشاپ، ئويناپدىغاننىڭ ھەممىسنى ئويناپ تىتۈپتىپ، ئۆلۈپ كەتسەم نېمە ئارمان!» دەپ ئويلايتتى.

ئەمما بۇ كېچىدىكى خىيالى ئۇنى خېلىلا قىيناپ قويدى، جىن تەگكۈر سىرىق چاچلار، قان-يىرىڭ ئېقىۋاتقان ئەزالار، تۈركۈم-تۈركۈملەپ كۆپىيىۋاتقان ئىسكىلىت شاھلار يەنە كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى؛ ئەڭ بۇرۇن ئەيدىز بولغان ئادەم ئادەم ئەمەس، بەدىنى قان-يىرىڭغا تولغان ئالۋاستى بولسا كېرەك، پۈتۈن ئەيدىزلەر بىرلىشىپ ئۇنى قىيما-چىيما قىلىپ، كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى كۆككە سورۇۋەتسىمۇ دەردى چىقماسمىكىن. بۇرۇن ئاڭلىمىغان بۇ كېسەل ئۈرۈمچىدە قانداق تېز پەيدا بولدى؟ ئادەمدىن ئادەمگە نېمانچە تېز يۇقتى؟ خەقلەر ئاق تاماكىنى ئالۋاستى دەپ بىقىپ، ئەمدى ئەيدىزنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاتتى. خىروئىنكەش تۈتۈنگە ئايلىنىپ ئۆلسە، ئەيدىز مەرەزلىرى سۆڭەككە ئايلىنىپ ئۆلمىش، نېمىشقا ئۇنىڭ داۋاسى يوق؟ كۈلىغا قېچىپ كەتكەن ئاغىنىسى قانداق بولۇپ ئۇنى يۇقتۇرۇۋالدى، ئېنىق ئەمەس، ساتراشخانىدىن يۇقتۇرۇۋالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇ ئاچچىقىدا كۈلىغا قېچىپ، تەتەيخانىلارغا كېسىلىنى يۇقتۇرۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، قانچىسىگە يۇقتۇرۇپ بولغاندۇ، نەپسىگە قېنىپ-قېنىشىپ ئۆلگەن بولسا نەدە ئۆلگەندۇ، جەستى نەدە قالغاندۇ، ئىت يېگەنمىدۇ، ئىتمۇ ئەيدىز بولغانمىدۇ...

ھاشىم تىنماي خىيال سۈرۈپ، ۋەھىمىدىن ھالسىراپ قالغاندا ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ، روھىنى ئەركىنلىككە چىقىرىدىغان ئەشەددىي خىياللارغا چۆكتى، «ئوينىشىپ، قېنىشىپ ئۆلمەن، ھەممە ئادەمنىڭ شۇنداق قىلغۇسى بار، شۇنداق ياشايدۇ... » دەپ ئويلىدى. ئەمما ساۋۇتقا قاراپ تۇرۇپ قالدى، « بۇ گۇيمۇ شۇنداق ئويلايدۇ، قىلغۇسى بار، ئەمما قىلالمايدۇ، بۇنداق ئادەم ئۆزىنى قىيناپ ياشايدۇ، بۇنداق ياشاشنى كىم خالايدۇ، شۇڭا بۇنداقلار بەك ئاز» دەپ، يەنىلا ئۆزىنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلىدى. ئۇ ئەگەر ئاشۇ ئاغىنىسىدەك ئەيدىز بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ،

لەززەتكە قېنىپ-قېنىشىپ ئاندىن ئۆلۈشى مۇمكىن، ئۇنداقتا ئۇ بىر زەربىدىن ئۆلىدىغان قانخۇمار پاشىغا، بىر دەسسىلىشتىن مىجىلىدىغان پارازىت قۇرتقا ئايلىنىدۇ، ئادەم بىلەن ھاشارەتنىڭ پەرقى قالمايدۇ. بۇ پەرق زادى نېمە؟ ھاشىم ئەزەلدىن بۇنى چوڭقۇر ئويلاپ باقمىغان، پەقەت شۇنداق ھېس قىلالايدۇ، پەرق بار، پەرق بولۇشى كېرەك دەيدۇ؛ لېكىن بۇنىڭ پەرقىنى ئاجرىتىشنىڭ جاندەك مۇھىملىقىنى بىلمەيدۇ.

ئەقلى كۆز نۇرىغا ئايلانمىغان ئادەمنىڭ ئەقلى ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالىرىغا ـــ ئاشقازىنىغا، بۆرىكىگە، جىنسىي ئەزايىغا مەركەزلىشىپ قالىدۇ. ئۇ ئادەمنى پەقەت قورسىقىنىڭ ئېچىشى، جىنسىي ھەۋىسىنىڭ قوزغىلىشىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە ئالدىرىتالمايدۇ، ئاڭ، ئەقىل، مەنىۋىيەت تەلەپلىرىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ھاشىم مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن بۇيان كىتاب دېگەن نەرسىنى قولىغا ئېلىپ باقمىدى، خەت ئوقۇسىلا بېشى ئاغرىيدۇ. كىتابخۇمارلار كۆزىدە كىتاب ئوقۇمىسا مېڭىسىدىكى قان ئايلانمىغاندەك ھېس قىلسا، ھاشىم ئەكسىچە كىتاب ئوقۇسا مېڭىسىگە قان چۈشىدىغاندەك بىئارام بولىدۇ...

كېچىدە ئەسەبىيلىكى تۇتقان ھاشىم يوتقاننى چاترىسىغا قىستۇرۇپ بىر دەم ۋەھىملىك، بىر دەم لەززەتلىك ئىشلارنى خىيال قىلىشقا باشلىدى. ئۇيقۇ كەلمىگەندىكىن مۇشۇنىڭدىن باشقا قىلىدىغان ئىشمۇ يوق ئىدى. ئۇ بىر ياقتىن ۋەھىمىنى قايرىۋېتىپ، سەتەڭلەر قوينىدىكى شىرىن رەسۋالىقنى سېغىنسا، بىر ياقتىن بۇندىن كېيىنكى ئويناشلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، توختىماي كالللا يۇگۈرتەتتى: ئىش ئەمدى بۇ دەرىجىگە كەلدى، ئەيدىزدىن ساراڭدەك ۋەھىمە يەپ، ئۆزىنى ئۆزى قورقۇتۇپ يۈرگەننىڭ نېمە پايدىسى!؟ ئۆتكەن ئىش ئۆتتى؛ ئۆزىنى ئۇنداق ئازابلاپ يۈرىۋەرسە تۈگىشىپ كېتىدۇ. سەتەڭلەرنى بىر قېتىم ئوينىدىمۇ، ئەمدى ئۆلاردىن ئۆزىنى قاچۇرغىنى بىكار. بىر قېتىم قىلسىمۇ شۇ كېسەل، مىڭ قېتىم قىلسىمۇ شۇ كېسەل. لاۋبەن سەتەڭ ئاشخانىغا بىر نەچچە قېتىم كىردى، ھاشىمنى ئىزدىگەندەك قىلىپ ئۇ ياق-بۇ ياققا قارىدى. ھاشىم قازان بېشىدىن چىقمىدى، پەقەت سەتەڭ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شۆلگىيىنى ئېقىتىپ قالدى... چىقسىلا شۇ ساتراشخانا، كىرسىلا شۇ سەتەڭ، سۈرىدىغان لەززەت ئەنە ئالدىدا، تېخى ھەقسىز... ئۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ نېمىگە ئېرىشتى، ئىس-ماي پۇراپ كەتكەن ئاشخانىدا ئىشلەۋېرىپ نېمە خوۋلۇق كۆردى، ياسىن لاۋبەن ئۆزى لەززەت سۈرۈپ ياشىسىلا بولدى، ئىشلەمچىلەر بىلەن نېمە كارى، خوتۇنى يوق چاغدا بىر ھەپتىلىككە پايلىماي، گۆلشەننى خوتۇن قىلىپ، خوتۇنى كەلگەندە ھەيدىۋەتتى.

ئارىلىقتا خوتۇنى بىلەن خېلى دېيىشكەننىڭ گېپى بار، لاۋبەن شۇنچە چىرايلىق خوتۇننى قايرىپ قويۇپ، بۇزۇقچىلىق قىلىسا سەتچىلىك بولمايدىكەن، ھاشىم زادى شۇ كەسىپنى قىلىدىغان بۇزۇقلاردىن نەپسىنى قاندۇرسا نومۇسمىكەن؟...

ھاشىم ئۆزىنىڭ نىجىس ئىشلىرىنى خىيالىدا بىر دەمدە گۈزەل ئىشلارغا ئايلاندۇرۇۋەتتى، ئەتىدىن باشلاپ سەتەڭلەردىن خالىغانچە ھۇزۇرلىنىش ئىرادىسىگە كەلدى، ساۋۇتنىڭ نامازخانلىقىدىن، ئۆمەرنىڭ چېقىمچىلىقىدىنمۇ قورقماسلىق قارارىغا كەلدى، ئەگەر ياسىن لاۋبەن ئۇقۇپ قالسا ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايتتى، ياكى دەرقەمدە تۇرۇپ زاكونلىشاتتى ، رەيھان ئاچىسى بىر نېمە دەپ قالسا، «ئاۋۋال ئېرىڭىزنى ئوبدان باشقۇرۇڭ» دەيتتى. ئەلۋەتتە، شۇنداق قىلىسا بولاتتى، نېمىدىن قورققىدەك، ھەر قانچە قورقۇنچلۇق ئىش بولسا ئەيدىزدەك قورقۇنچلۇق بولار، ھاشىم بۇنىڭغىمۇ تاقابىل تۇرۇپ كەلدىغۇ؟

ھاشىم ياسىن لاۋبەننى ئۆزىگە باققاندا نەچچە ھەسسە نومۇسسىز دەپ ئويلىدى، گۈلشەننىڭ ئويناپ تاشلىۋېتىلىپمۇ گەپ قىلماي كېتىشى، ياسىننىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ، رەيھانغا ھەممىنى دەپ ئۆزىنىڭ ئىززەت-غۇرۇرىنى قوغدىماسلىقى ھاشىم ئۈچۈن چۈشىنىكسىز ئىش بولۇپ قالدى. رەيھان ئېرىنىڭ ئىشنى راستىنلا ئۇقتى، يا ئۇقمىدى. ئۇقمىغان تەقدىردە ئېرىگە قويىنى ئېچىشى ئۇنىڭ ئالدانغانلىقى، بىلىپ تۇرۇپ قويىنى ئېچىشى ئۇنىڭ دۆتلۈكى ئىدى. چىرايلىقنىڭ ھەممىسى شۇ ياسىننىڭ بولامدۇ؟ ئىشلەمچىلەرنىڭ يېنىدا شۇنچە نومۇسسىزلىقنى قىلىپ، يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك خوتۇننى خوتۇن قىلىپ ياشاۋەرسە بولامدۇ؟ بۇنىڭ ئىستەك-سورىقى بولمامدۇ؟ ئۇنى دېسە ھاشىممۇ بۇزۇقچىلىق قىلدى، ئەمما بۇزۇقچىلىقنىڭ جايىنى تېپىپ قىلدى، شۇ بۇزۇقلارنىڭ ھەققىنى بېرىپ قىلدى. زىياننى ئۆزى تارتتى، بىر كىمگە زىيان سالمىدى، يۈۋاشنى بوزەك قىلمىدى، پاك قىزنى بۇزمىدى، بىر كىمنىڭ روھىغا زەربە بەرمىدى... قىسقىسى، ھاشىم ئۇ ئىشنى قورسقى ئاچقاندا ئاشخانىدا تاماق يېگەندەكلا قىلدى، سودىلىق قىلدى. گەرچە ئۆزى ئەيدىز ۋەھىمىسىگە دۇچار بولۇپ روھىي جەھەتتىن چوڭ زىيان تارتقان بولسىمۇ، بۇزۇقلارغا زىيان بولمىدى. لاۋبەن سەتەڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلىدى، ئىت بولدى، كۈچۈك بولدى... ئەمما ياسىن لاۋبەن نېمە قىلدى؟ گۈلشەنگە نېمىلەرنى قىلىپ كەلتۈرۈۋالدى، پەقەت لاۋبەن بولغىنى ئۈچۈنمۇ؟ گۈلشەننى نېمە قىلسام بولىدۇ دەپ ئويلىغىنى ئۈچۈنمۇ؟

ھاشىمنىڭ ئىچىنى بىر خىل ھەسەت چۇلغىۋالدى، ياسىن لاۋبەن چىرايلىق، پاكىز خوتۇن-قىزلاردىن ھەۋەسىنى قاندۇرسا، ھاشىم مەينەت سېرىق چاچلاردىن نەپسىنى قاندۇراتتى. ياسىن لاۋبەننىڭ ئېرىشكىنى ھاشىمنىڭ غايىسى،

كېچە-كۈندۈز ئارمان قىلىدىغان، تەلپۈنىدىغان نىشانى ئىدى، ئۇنىڭغا يەتمەكنىڭ تەسلىكى ئۇنىڭ قىممىتىنى يۇكسەك قىلىۋەتكەنىدى. رەيھان گۈزەل جۇۋان، مېھرىبان ئانا بولغاچقا، ھاشىم ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى تاماشا قىلسىمۇ، غەيرى نىيەتلەردە بولسىمۇ، لېكىن بەكلا ئەيمىنەتتى. ئەمما گۈلشەن ئۇنىڭ ئۇچۇن تىرىشسىلا يېتىشى مۇمكىن بولغان نىشان ئىدى، ھاشىم ئۆزىنى ئۇنىڭغا زادى يېتەلمىگۈدەك تۆۋەن چاغلىمايتتى. بىراق ئۇ گۈلشەنگە چىشىنى بىلەپ، شۆلگىيىنى ئېقىتىۋاتقاندا ئۇ ئاللىقاچان ياسىن لاۋبەنىنىڭ لەززەتلىك ئولجىسىغا ئايلىنىپ، ھاشىمنىڭ غۇرۇرىغا دەسسىۋەتتى. بىچارە ھاشىم گېلىغا سۆڭەك تۇرۇپ قالغان ئىتتەك قىينىلىپ، غىڭشىپ كەتتى... بۇنىڭ ئاچچىق ئەلىمى سۆڭەككە يەتكەندە، ياسىن لاۋبەن ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك قىلىپ، خوتۇنىنى يەنە خوتۇن قىلدى، ئۈينىغىنى ئۈينىۋالغان بولۇپ قالدى؛ گۈلشەن قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا شۇنداق تېز يوقالدى. ئۇ ساۋۇتقا قانداق قارايدۇ، نامەلۇم. ئەمما ھاشىمنى چۈپرەندە قاتارىدا كۆرۈپ، خوشمۇ دېمەي كەتتى. بۇ ھاشىمغا شۇنچىلىك ئەلەم بولدىكى، بۇلۇڭدىكى ئەخلەتتەك تاشلىنىپ قالغىنىدىن قورسقى كۆپتى، گۈلشەنگە ئۆزىنى ئۇبدانراق تونۇتۇپ قويمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى. گۈلشەنگە چوقۇم ئېرىشىش ئىستىكى، ئۇنىڭ بەدىنىگە باغلانغان ۋاز كېچەلمەس ھېسسىياتى، غايىۋى ئىنتىلىشى سىرىق چاچلارغا بولغان ئىنتىلىشىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان بولۇپ قالدى، گۈلشەننى "ئادەم ئەمەس نېمىكەن، ئۈينىۋەتسىلا بولىدىغان نېمىكەن، ئەمدى ئۇنىڭ ئارزۇلىغىدەك نېمىسى قالدى، تاشلىۋېتىلگەن نېمىنى ساراڭدەك چوڭ بىلىپ قانداق قىلاتتىم!...' دەپ ئويلىدى...بىراق ئۇ ئەيىنىڭ ھەممىنى گۈلشەنگىمۇ قويمىدى، چۈنكى ئۇنىڭچە بولغاندا قىز بالا دېگەن ئەخمەق، گول نېمە، بىر كىم مەجبۇرلىمىسا ياكى ئازدۇرمىسا ئالدىراپ بۇزۇلمايدۇ. گۈلشەننى بۇزغان ياسىن، ھاشىمنى گۈلشەنگە چۈپرەندە كۆرسىتىۋەتكەنمۇ ياسىن، گۈلشەننىڭ ھاشىمغا بولغان ئازغىنە يېقىنلىق، ھەمكارلىق ھېسسىياتىنى قويمىغانمۇ شۇ ياسىن، گۈلشەننى ئالداپ-سىلاپ ئۈينىۋېلىپ، خوتۇنى كەلگەندە تاشلىۋەتكەن ئەشەددىي نومۇسسىزمۇ شۇ ياسىن! گۈلشەن ئۇنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ نېرۋىسىدىن كېتىپ قالمىغان بولسا، ياسىننى رەسۋا قىلماي ئەكسىچە ئۇنى قوغداپ قالامتى، كەت دېسە گەپ قىلماي، خوشمۇ دېمەي كېتەمتى!...

ھاشىم بۇلارنى ئويلىغانچە ياسىنغا غەزەبلەندى، ياسىن نېمىسگە شۇنچە ھەددىدىن ئاشىدۇ؟ ئۇنىڭدا بار شەھۋانىي ھەۋەس، ئۇنىڭدا بار جىنسىي ئىقتىدار ھاشىمدا يوقمىدى؟ ئۇ ئۆزىنى چوڭ چاغلاپ گۈزەللەرنى

نومۇسسىزلارچە ئىگىلىۋېلىپ، ئۆزىچە پاك بولۇۋېلىپ يۈرىۋەرسە، ھاشىم بىچارە سېرىق چاچ مەينەتلەرگە بۇلغىنىپ، ئۆزىنى كەمسىتىپ، كېسەل ۋەھىمىسىدىن تولغىنىپ يۈرسۇنمۇ؟...

ھاشىم مۇشۇنداق ئاچچىق ئىزتىراپ ئىچىدە يامان خىياللارنى سۈرۈۋاتقاندا ئۆمەر ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك توختىماي ئوسۇرۇپ، ئۇنى تېرىكتۈرۈۋەتتى، ھاشىم ئورنىدىن قوپۇپ بېرىپ ئۇ شۇمنىڭ كۆتىگە تېپىۋەتكىلى تاس قالدى. ئۇ ئۆزىنى بۇنداق تېرىكتۈرۈپ، ئازابلاپ يۈرگەندىن كۆرە ئەتىدىن باشلاپ ئەسەبىي روھ بىلەن جان كەچۈرۈشنى ئويلاپ، ئۇزۇنغىچە ئۇيقۇسى كەلمەي يېرىم كېچىگە يېقىن ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىسى قوپۇپ ئىشقا چىققاندا ئۇنىڭ كېچىدە سۈرگەن دەھشەتلىك خىياللىرىنىڭ تايىنى قالمىغانىدى، ياسىن لاۋبەنىنىڭ خاتىرجەم، مەغرۇر، كۆرەڭ تۇرقىنى كۆرۈپمۇ چىشىنى غۇچۇرلىتىپ كەتمىدى. ئەمما ئويلىۋالغانلىرى ئۆزىگە ھەقىقەتەنەك بىلىنگەچكە، ھامان بىر كۈنى مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنەتتى. ھەر خىل يامان ئىستەكلەر تۈپەيلىدىن كاللىسى دائىم قازاندىكى مايدەك قىززىپلا تۇراتتى، بىر قولى چۆمۈچتە بولغان بىلەن بىر قولى ئىشتىنىنىڭ ئېغىدىن ئايرىلمايتتى.

ئۆمەر ھاشىمدىن سەتەڭلەر ھەققىدىكى گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنى بىۋاستە كۆرۈشكە ئىنتىلىدىغان بولۇپ قالدى. بىكار بولغان ھامان تورخانىغا چاپتى، تورخانىدا خېرىدارلارنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن ھەر بىر ئورۇن ئايرىم-ئايرىم توسۇۋېتىلگەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۆمەر تورخانىغا كىرىپ جايىنى ئىزدەۋاتقان پۇرسەتتە كىمنىڭ نېمىلەرنى كۆرۈپ، نېمىلەرنى قىلىۋاتقىنىغا سىنچىلاپ قارىدى. كىرگەنلەرنىڭ تولىسى ئويۇن ئويناۋاتاتتى، بەزىلىرى سېرىق تور بەتلىرىدىن كىنو ياكى سۈرەتلەرنى كۆرەتتى. ئۆمەر بۇنىڭغا ئىلگىرى ئانچە دىققەت قىلمايتتى، ئەمدى بۇلارنى كۆرۈپ يايراپ كەتتى. جاپا چېكىپ نومۇر ئېلىپ يالىڭاچ سەتەڭلەرنى كۆرگەندىن كۆرە، ئۇلارنى بىۋاستە كۆرسىلا بولمىدىمۇ؟ ئۇ ئورنىنى تېپىپ ئولتۇرۇپ، شۇنداق سەتەڭلەرنى بىمالال كۆرەلەيدىغان تور بەتلىرىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇنداق تور بېكەتلىرىنى تاپماق تولىمۇ ئاسان ئىكەن، بىر كۆزنەكنى چېكىپ قويۇشىدى، شۇنىڭغا ئائىت تالاي كۆزنەكلەر ئېكرانغا يېغىپ كەتتى... كارامەت، ئالامەت... ئۆمەرنىڭ كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ، چاشقىنەكنى تۇتقان قوللىرى تىترەپ كەتتى. ئەمما ئۇ ئالدىرىغانچە سۈرەتلەر تېز چىقمىدى، چىققانلىرى قېتىپ قالدى، ئۇ جىلە بولۇپ چاشقىنەكنى قاتتىق-قاتتىق بېسىپ تىكىلدىتىپ ئولتۇردى، ئىچى پۇشۇپ ئەتراپىغا قارىدى،

ئاندىن ئۆزىنى سەل تۇتىۋېلىپ، شۇ قېتىپ قالغان ھاياسىز سۈرەتلەرگە قاراپ شەھۋانىي خىياللارغا غەرق بولدى، ساتىراشخانىلاردىكى سىرىق چاچلارنى ئويلىدى، خىيالىدا ئۇ يەرگە شامالدەك تېز يۈگۈرۈپ كىرىپ، كارىۋاتقا ئۆزىنى ئاتقىنىدەك... بىر سەتەڭ كۈسارچان كىرىپ كەلدى، ئۇنى قانجۇقتەك قىسىۋالدى... ئۆمەرنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق سوقۇپ كەتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ، ئۆمەرنىڭ خىيالى تورخانا بىلەن ساتىراشخانىغىلا مەركەزلەشتى، شوخلۇقلىرىغا قېلىنلىق، گەپلىرىگە قوپاللىق ئارىلاشتى، كىچىك بالىدەك قىلىقلىرىنى تاشلاپ، تولا ئىش كۆرۈپ قاغدالما بولۇپ كەتكەن ئاقسا گۆيدەك ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. ئەگەر ئاكىسىدىن قورقمىسا ھەممىنى قىلاتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىشلار ئۇنىڭ كاللىسىغا قاتارى تىزىلىپ بولدى: ئاۋۋال تاماكا چېكىدۇ، ئاندىن ھاراق ئىچىدۇ، ئاندىن ج... لارنى ئوينايدۇ... ئاكىسمۇ چېكىدۇ، ئىچىدۇ، ئوينايدۇ، ئوينىغانلىقىنى ھاشىمدىن ئاڭلاپ قالدى، ھاشىم "ئاكاڭغا دېگۈچى بولما" دەپ ئۇنىڭدىن قاتتىق ۋەدە ئالدى. ئەمما ئۆمەرنىڭ كۆڭلىدە بۇ گەپ داغدەك ئورناپ قالدى.

ئۆمەر نەچچە قېتىم ئاكىسنى ئىزدەپ ھۇجرىسىنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئىشكىنىڭ تاقالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچىدىكى ئاۋازلارغا قۇلاق ياقتى. كۈپكۈندۈزدىكى پىچىرلاشلار، كۇلۇشلەر، ھاسىراشلار... دىن قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ھاشىمنىڭ دېيىشىچە، ياسىن ئاكىسى گۈلشەنىمۇ كۈندۈزدە بوش قويماپتىكەن... ئۇ قىز كەتكەندىن كېيىن بۇ خۇمارىنى خوتۇنىدىن ئېلىۋاتقان گەپ. قالغانلار ئوت، ئىس-تۈتەك، ماي ئارىسىدا تەرلەپ-تەپچىرەپ ئىشلەۋاتسا كارى يوق، ئالدىراش ئىشلەۋاتقان خوتۇنىنىمۇ بىكارچى قىلىپ، كۆڭلىنى خوش قىلىۋاتسا... جاھاندا بۇنداقمۇ نەپسى يامان ئادەم بولامدۇ؟

ھاۋايى ھەۋەس، شەھۋەت شۇنداق يامان نەرسىكەن، كۈنلەر ئۆتۈپ ئۆمەرنىڭ يۈزىدىكى ساغلاملىق يوقاپ، چىرايى خۇنۇكلىشىشكە باشلىدى. ياتاقتا ئوغرىلىقچە تاماكا چەكتى، ھاشىم كۆلدى، ساۋۇت توستى، ئەمما توسۇپ قالالمىدى.

ـــــ ئۇكا، مۇشۇ كەيپىنى يامان باشلىۋالدىڭ، ئۆزەڭنى چاغلاپ ئىش قىل،ـــــ دېدى ساۋۇت، ـــــ ھاشىم سەن بۇنىڭغا يامان ئىش ئۆگىتىۋاتىسەن.

ـــــ مەن نېمە قىلدىم؟ـــــ دېدى ھاشىم تەتۈر قاراپ مىيىغىدا كۇلۇپ،ـــــ مەن ئۇنىڭغا تاماكا تۇتمىدىم، ئۆزى

ئاپتۇ، پۇلغا ئالغاندىكىن چىكەي دېگەندۇ.

ـــــ كاۋابنىڭ ئىسسىدىن زېرىكىپ كەتتىم...ـــــ دېدى ئۆمەر بىخارامان ھالدا، ـــــ بۇنىمۇ كۆرۈپ باقاي، زېرىكىپ قالسام تاشلىۋېتىمەن.

ـــــ بۇ ئۇنداق ئاسان تاشلىغلى بولىدىغان نېمە ئەمەس، ئويلاپ ئىش قىل.

ـــــ تاشلىمسام چېكىۋېرىمەن.

ـــ ئاكاڭ كۆرسە نېمە دەيدۇ؟ بىزنى ئىش ئۆگەتتى دەپ قالامدۇ؟

ـــ نېمە دېسە دېمەمدۇ، ئۆزىمۇ چېكىدىغۇ؟

ساۋۇت ئارتۇق گەپ قىلماي ياتاقتىن چىقىپ كەتتى. ھاشىم ياستۇقنىڭ تېگىدىن تاماكىسىنى ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ، كونا بەڭگىلىكنى كۆرستىپ قويماقچى بولغاندەك، ئىچىگە تازا تارتىپ شوراپ چېكىشكە باشلىدى.

ـــ ئوبدان دەپ قويدۇڭ،ـــ دېدى ھاشىم ئۆمەرگە زوق بىلەن قاراپ،ـــ ئۇ سېنىڭ ئاكاڭ بولمىغاندىكىن، ئىشىڭغا ئارىلىشىپ نېمە قىلىدۇ دەيمەن، سېنى بۇنداق كىچىك بالىدەك كۆرسە بولامدۇ؟ بۇ تېخى كىچىك ئىشلارغۇ، ئوغۇل بالا دېگەن ھەممىنى قىلىپ بېقىشى كېرەك.

ـــ سەن بولساڭمۇ ماڭا يېقىن تۇر ھاشىمكا، بۇ ساۋۇتاخۇن بىلەن پەقەت خوشۇم قالمىدى، ھە دېسە ئۇنى قىل، بۇنى قىلما... دەپ تويغۇزۇۋەتتى.

ـــ چاتاق يوق ئۇكا، ئىككىمىز ئوبدان چىقىشىمىز، ئىچىڭدە بىر دەرد باردەك قىلىدۇ ، ياسىنكاڭغا دېيەلمىگەن گەپلىرىڭنى ماڭا دېسەڭ بولىدۇ.

ـــ نېمە دەيمەن ھاشىمكا، ئىچىم بەك پۇشۇپ كېتىپ بارىدۇ. كۆڭلۈم كاۋاپ پۇراپ، ئىس پۇراپ بەك زېرىكتىم. قولۇمغا يا تۈزۈك پۇل بەرمەيدۇ، يا ھالىڭ قانداق ئۇكام دەپ سوراپ قويمايدۇ. ئىشنى ماڭا تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى بىكار يۈرگەن.

ـــ شۇ ئەمەسمۇ، بىزغۇ مالاي بولساقمۇ ئىش ھەققىمىزنى ساق ئېلىۋاتىمىز، ئەمدى سەن لاۋبەنىنىڭ ئۇكىسى بولغاندىكىن ئاكاڭغا پۇل دېيەلمەيسەن. لېكىن سەنمۇ بىزگە ئوخشاش ئىشلەۋاتىسەن، بىز بىلەن تەڭ يېتىپ-قوپۇۋاتىسەن، ئاكاڭغا پۇل تېپىپ بېرىۋاتىسەن، ئاكاڭ بۇنى بىلىشى كېرەك. سەن يا كىچىك بالا ئەمەس،

يانچۇقۇڭدا ئانچە-مۇنچە پۇل تۇرمىسا بولمايدۇ. بۇ ئاكاڭ يا سېنىڭ داداڭ ئەمەس، پۇلۇڭنى يىغىپ ساڭا خوتۇن ئېلىپ بەرمەيدۇ، خوتۇننى بەربىر ئۆزەڭ ئالىسەن. جېنىڭنى ئۆزەڭ باقمىساڭ بولمايدۇ، ھەممىسگە پۇل كېرەك. ئاكاڭ بولغان ئادەم ئەلۋەتتە بۇنى ئويلىشى كېرەك-تە!

ئۆمەر بۇ گەپتىن ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى، چېكىۋاتقان تاماكىسىنىڭ ئىسىنى خوش ياقماسلىق بىلەن پۈۋلەپ:

ــــ مەن ھەرگىز بىكارغا ئىشلىمەيمەن، ئاخىرىدا ھەممىنى بىراقلا ئالىمەن، ئاز بەرسە ئۇنىمايمەن ــــ دېدى.

ــــ سەن ئاخىرىدا ئالىمەن دېگەن بىلەن ئاكاڭ بېرەمدۇ؟ ئاشخانا ياخشى مېڭىپ بەرسىغۇ مەيلى، ئەگەر ۋەيران بولۇپ كەتسە بىر تىيىنمۇ ئالالمايسەن.

ــــ سەن ئاكامنى ۋەيران بولۇپ كەتسكەن دەمسەن؟

ــــ ياق، ياق، گېپىمنى خاتا چۈشەنمە، ئاكاڭ ۋەيران بولۇپ كەتسە ماڭىمۇ زىيان بولمامدۇ! كىم ئۇنداق بولسۇن دەيدۇ! مېنىڭ دېگىنىم، ھۆكۈمەتتىن ياكى ساقچىلاردىن ئادەم كېلىپ "ئاشخانائىنى تاقا" دېسە تاقىماي ئامال يوق، ئاكاڭغا بىر مۇنچە زىيان بولىدىغان گەپ. ئۇنداق ئىشقۇ بولماس دەيمەن.

ــــ ئۇنداق دېسە ئاشخانىنى سېتىپلا كەتسە بولىدىغۇ!

ــــ ساتالمايدۇ، ئاكاڭ ئىجارىگە ئالغان ئاشخانا بۇ، فاڭدۇڭ ماقۇل دېسە تۇرالايمىز، كەت دېسە كېتىمىز يا باشقا يەرگە كۆچىمىز.

ــــ غوجامنىڭ غوجىسى بار دېگىنە، ئەمدى چۈشەندىم.

ــــ مەن دېگەن گەپلەرنى ئاكاڭغا ھەرگىز دەپ يۈرمە جۇمۇ، بولمىسا مېنى ھەيدىۋېتىدۇ، ئۆزەڭ ساۋۇتكاڭ بىلەن يالغۇز قالىسەن.

ــــ سەن مېنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭ؟ سەن دەپ قويمىساڭلا، مەن سېنى دەپ قويمايمەن.

ــــ تېخى مەندىن گۇمانلىنامسەن؟ بىلسەڭغۇ، مەن چېقىمچىلىقتا ئەزەلدىن ئۆچ، شۇڭا ئاكاڭنىڭ ئىشىنىمۇ رەيھان ئاچاڭغا دېمىدىم. پەقەت سېنىلا بىلىپ قالسۇن دېدىم، بەزى گەپنى ئۆزىمىزلا بىلىپ قالىلى دېمەكچى...

ــــ ئاكامنىڭ زادى گۈلشەننى شۇنداق قىلغىنى راستمۇ؟ كۆزۈڭ كۆرگەنمۇ؟

ــــ نېمە دەيدىغانسەن، ئاكاڭ ئۇ ئىشنى بىزگە كۆرسىتىپ قىلامتى؟ گۈلشەن ئاكاڭنىڭ كارىۋىتىدا نەچچە

ئاخشام ياتتى، نەچچە قېتىم خالاغا چىقتى، ساڭا تولۇق ساناپ بېرەلەيمەن. كېچىدە بىللە ياتسا نېمە ئىش بولماقچى؟ ئاكاڭ ئۆزىنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ قويۇپلا ئۇخلاپ قالامدۇ؟

___ سېنىڭچە رەيھان ئاچام بۇنى راستلا بىلمەمسا؟

___ ئۇقلى بولمايدۇ، مېنىڭچە بىلسىمۇ گەپ قىلمايۋاتامدىكىن... بۇ ئاچاڭ ياسىنكاڭنى بەك چوڭ بىلىدۇ، نېمە ئىش قىلسا كۆتۈرەيدۇ.

ئۆمەر جىمىپ ئولتۇرۇپ كەتتى، چىرايىدا بۇرۇن ئانچە كۆرۈلۈپ بولمىغان بىر خىل تۇرگۇنلۇك، كۆزلىرىدە ئەسەبىي ئىستەك بار ئىدى.

___ ئاكام شۇنداق قىلىۋاتسا ئىككىڭلار نەغمە تىڭشاپ ياتتىڭلارما؟

___ ما گۆيىنىڭ گېپىنى!...___ دېدى ھاشىم ئاچچىق كۈلۈپ،___ قانداق قىلاتتۇق، كىرىپ ئاكاڭنى ئۇرامتۇق؟!

___ سەنمۇ ئۆيىنغانسەن ساتىراشخانىدا، قانداقراقكەن، پەيزى بولامدىكەن؟

___ يوق گەپنى قىلما ئۇكا...

___ ئەمدى دېمىسەڭ بولمايدۇ، ئۆزەڭ دېدىڭ، ئىچىمىزدە نېمە گەپ بولسا ئەمدى دەيمىز.

___ بىر كىمگە دەپ قويمىساڭلا بولاتتىغۇ...

___ ۋاي ماڭغىنە!___ دېدى ئۆمەر جىلە بولۇپ،___ دېمىسەڭ دېمە!

ھاشىم ئۆزىنىڭ كالۋالىقىدىن پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سېزىپ، دەررۇ گەپ باشلىدى:

___ بەك بىلگۈڭ بولسا دەۋېرەي، ساتىراشخانىغا كىرگىنىم راست، ئويىنىغىنىم راست، تېخى لاۋبەن بىلەن دېگىنە.

___ قايسىنىڭغا كىردىڭ؟

___ ئاشخانىنىڭ ئۇدۇلىدىكىسىگە.

___ ئوڭ تەرەپتىكىمۇ، سول تەرەپتىكىسىمۇ؟

___ سول تەرەپ، ئەڭ چەتتىكىسى.

___ ھە دېگىنە، لاۋبەننى قانداق قىلدىڭ؟

___ قانداق قىلاتتىم، ئويىنىدىم.

ــــ ئاخىرى قانداق بولدى؟

ــــ نېمە ئاخىرى؟! بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى يوق. بۇرۇن قىلساڭمۇ، ئاخىرىدا قىلساڭمۇ شۇ، ھەممىسى ئوخشاش.

ــــ قانداق ئويىنىدىڭ، قانچە قېتىم ئويىنىدىڭ، دېمەمسەن شۇنى!

ــــ ما گۈينى، ئەجەپ ساقچىدەك سوراپ كەتتىڭغۇ! ھەممىنى ساڭا دەمدىم؟ بۇنى ساڭا دەپ بەرسەم چۆچەك ئاڭلىغاندەك بولسەن...

ــــ ئەجەپ چوڭ ئىش قىلىۋېتىپسەن، ج... دېگەننى ئوينايمىز دېسەڭ بىزمۇ ئويىنىيالايمىز. لېكىن باشتا قانداق قىلىشنى ئۇقمايمىز. مەسىلەن، سەن باشتا كىرىپلا بىر ج...نى ئېلىپ ماڭامسەن يا سەن كىرگەندە ئۇ ج... سېنى ئېلىپ ماڭامدۇ؟

ــــ نەدە ئۇنداق ئىش بار؟

ــــ ئەمىسە قانداق قىلىسەن؟

ــــ ئىش كۆرمىگەن ئادەمگە بۇنى مىڭ قېتىم دەپ بەرسىمۇ بىكار...

ــــ چوڭ سۆزلىمە ھاشىمكا، ئوغۇل بالا ئەركەك، سەن قىلغاننى بىزمۇ قىلالايمىز.

ــــ قىلغۇڭ بولسا مەندىن سورىماي كىرىپ قىلىۋەر. مەن ساڭا ھەممىنى دەپ بەرسەم ئىش ئۆگەتكەندەك بولۇپ قالىمەن، ئەڭ ياخشىسى، ئۆزەڭنىڭ ئىشىنى ئۆزەڭ جۆندە...

ــــ ئەمىسە سەندىن سوراي، بىر قېتىم ئوينىسا قانچە پۇل؟

ــــ ئەڭ تۆۋىنى يۈز كوي، يۈز كويۇڭ بارمۇ؟ پۇل بولسا ئويناپدىغان نېمە ئۇ...

ــــ نېمانداق قىممەت، يىگىرمە-ئوتتۇز كويلۇقى يوقما؟

ھاشىم زاڭلىق ئارىلاش كۈلۈۋەتتى:

ــــ نېمە دەيدىغاندۇ بۇ، ھەممە نېمىنىڭ باھاسى ئۆستى، ج...نىڭ باھاسمۇ ئۆستى، يىگىرمە-ئوتتۇز كويۇڭنى چاڭگاللاپ كىرسەڭ ساڭا قاراپمۇ قويمايدۇ، پەقەت چىچىڭنى ياساپ قويىدۇ.

ــــ پەقەت بولمىسا سەن بىرىپ تۇرارسەن، بىرەر قېتىملىققا بىرىپ تۇرساڭ كېيىن ئاكامدىن پۇل ئالغاندا بېرىۋېتىمەن.

ــــ ئۆزەڭنىڭ ئاكىسى تۇرسا مەندىن پۇل سورامسەن؟! مەن ساڭا پۇل بېرىپ تۇرالمايمەن.

ــــ سېنى خېلى ئوغۇل بالىچىلىقى بار، مەرت دەپ يۈرسەم، يۈز كويىغىمۇ چىددىمىدىڭ-دە...بوپتۇ، سېنىمۇ كۆرۈپ قويدۇم.

هاشىم ئۈنىڭ تەرپىلىشىدىن خوش بولۇپ ئارقىدىن مەيۈسلىنىپ قالدى، ئۆمەرنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويغۇسى كەلمىدى.

ــــ مۇنداق قىل بولمىسا، مەن كىرگەن ساتراشخانىغا كىرىپ، ئويناپ بولۇپ، لاۋبەنگە "مەندە پۇل يوق، لېكىن سەن بۆرەك كاۋاپ يەپ قالساڭ پۇلنى بەرمىسەڭمۇ بولىدۇ" دېگىن، ئۇ سېنى تونۇيدۇ.

ــــ مەن ئۇ گەپنى خەنزۇچە دېيەلمەيمەن.

ــــ شۇ گەپنىمۇ ئوڭلاپ دېيەلمىسەڭ، ج...نى قانداق ئوينايسەن؟ ھەممىسى سېنى دۆتكەن، گاچىكەن دېمەمدۇ؟

ــــ لېكىن سەن دېگەن لاۋبەن مېنى تونۇيدۇ.

ــــ تونۇغان بىلەن بىر نېمىسنى بىكارغا بەرمەيدۇ، سەنمۇ ئۇنى تونۇغان بىلەن كاۋاپنى بىكارغا بەرمەيسەن، ھەممە ئادەم ھازىر پۇلنى تونۇيدۇ، پۇلنى!

ــــ ئىشقىلىپ مېنى تونۇغاندىكىن، نېسىگە ئوينىسام بولار...

ــــ ئويلاپ ئىش قىل، ھەرگىز مېنى دورايمەن دېمە، بۇ ئىشتا مېنى دوراپ بولالمايسەن، مەنىغۇ ئوينايمەن دېسەملا لاۋبەن ئالدىمدا تەييار تۇرىدۇ، پۇل بەرمەيمۇ ئويناۋېرىمەن، لېكىن كىرمەيۋاتىمەن.

ــــ نېمىشقا؟ــــ دېدى ئۆمەر ھەيران بولۇپ، ئۇ ھاشىمغا ھەۋەس قىلىپ، سەل-پەل ئىشەنمەسلىك بىلەن قارىغانچە ھاشىم ئۆزىدىن پەخىرلىنىپ كەتتى.

ــــ بىر قېتىم قاندۇرۇپ قويسام ماڭا چاپلىشىپلىۋالدى، مۇشۇ ئاشخانىغىمۇ نەچچە قېتىم كىردى، ئۆزەمنى قاچۇرۇپ تۇرۇۋالدىم...

ــــ راستىما؟! خېلى سەتەڭ نېمىغۇ ئۇ؟! سەن ماڭا پو ئېتىۋاتامسەن يا؟

ــــ ئىشەنمىسەڭ ئەتە-ئۆگۈن ئۆزەڭ قاراپ تۇر، ئۇ سەتەڭ كەلگەن ھامان ماڭا خەۋەر قىل، مەن ئۇنىڭ

ئالدىغا چىقاي، شۇ چاغدا كۆرىسەن!

ئۆمەر ئەمدى ئىشەندى. كېيىنكى كۈنلىرىدە كۆز ئالدىدا يېڭى-يېڭى ئىشلار، قىزىقچىلىقلار، بۇزۇقچىلىقلار چىقىدىغاندەكلا تۇيۇلدى.

كۈندە زىخقا گۆش ئۆتكۈزۈپ، كاۋاپ پىشۇرۇپ يۈرۈۋاتقان ئۆمەرنىڭ ئىچى دائىم قىززىپلا تۇراتتى، هاشىم دېگەن ساتىراشخانىغا دائىم قارايتتى، تورخانىغا كىرىپ قالغان كۈنلىرى هايۋان سەتەڭلەرنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ساتىراشخانىغا كىرىپ كەتكىلى تاس قالاتتى، ئىشىك تۈۋىگە ئاز قالغاندا پۇلى يوقلۇقىدىن ئاھ ئۇرۇپ، تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپ ئاشخانىغا ماڭاتتى.

لاۋبەن سەتەڭ ئاشخانىغا كىرىپ هاشىمنى ئىزدىمىگەنچە ئۆمەر ئۇنى پوچى، يالغانچىغا چىقىرىۋەتتى. بۇنداق بولۇۋەرگەنچە هاشىم ئۇ سەتەڭنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتىدىغان بولۇپ قالدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن لاۋبەن سەتەڭ خېرىدارلار ئۈزۈلگەن بىر چاغدا ئاشخانىغا كىرىپ، بۆرەك كاۋاپ بۇيرۇتتى. رەيهان بۇ چاغدا هۇجرىسىغا كىرىپ كەتكەن، ساۋۇت ياتىقىدا ئۇخلاۋاتقان بولۇپ، هاشىم بىلەن ئۆمەر ئۇ سەتەڭنى كۈتتى. ئۆمەر توڭلاتقۇدىن بىر قۇتا پىۋا ئېلىپ سەتەڭگە ئۆز قولى بىلەن ئېچىپ بەردى، چىرايىغا هەۋەس بىلەن تىكىلدى. سەتەڭ ئۇنىڭ گاھ ئويناپ تۇرغان، گاھ ئېچىرقاپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ ئىچىدە كۈلدى. هاشىم قورۇپ بولغان كاۋابنى كۆتۈرۈپ چىقتى، پۇت-قوللىرى سەل تىترەيتتى، چىرايىدا سىرلىق هاياجان، خۇددى كونا ئاشنىسى بىلەن كۆرۈشۈۋاتقاندەك تەشنالىق بار ئىدى. ئەمما سەتەڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق، هورى چىقىپ تۇرغان كاۋابقىلا قارايتتى، كاۋابنىڭ هىدى، زىرە، لازىنىڭ خۇشپۇراقلىرىدىن ئۆزىنى تۇتالماي، هاشىمنىڭ قولىدىكى تەخسىنى ئېلىپلا، ئاچكۆزلۈك بىلەن يېگىلى تۇردى.

ـــ ئاستىراق يە، ئاغزىڭ كۆيۈپ قالىدۇ...ـــ دېدى هاشىم يانىدىكى جوزىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، بىر چەتتە ئۆمەر قاراپ تۇراتتى.

سەتەڭگە شۇ تاپتا گەپ قىلىش پەقەت خوشياقمايتتى، توختىماي بۆرەك يەيتتى، پىۋىنى غورتۇلدىتىپ ئىچەتتى.

ـــ بەك ئالدىراشمۇ؟ نەچچە كۈن بولدى كۆرمىدىم...ـــ هاشىم ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى.

ـــ سەن ئوچاق بېشىدىن چىقمىساڭ مېنى قانداق كۆرىسەن؟

ـــ ئامال يوق، قىلىدىغان ئىشىم شۇ تۇرسا.

ـــ چۈفاڭدىن چىقماي چوشقىدەك سەمرىپ كېتىپسەن...

ـــ نېمە دەۋاتىسەن؟ مەن نەدە سېمىز؟ـــ دېدى ھاشىم بىردىنلا تېرىكىپ.

ـــ قاراپ باقە ئۆزەڭگە!

ھاشىم ئۇنىڭ چىرايى ۋە گەپ-سۆزىدىن قەدەمدە بىر ئۇچۇقۇپ رەڭگى ئۆچكىلى تۇردى. "بۇ سەتەڭ ماڭا ئۆگىنىپ قالغان، ماڭا ۋاي دەيدۇ، ھەتتا ئېسىلىۋالىدۇ" دەپ ئويلىغانلىرىنىڭ ھەممىسى ھازىر خام خىيال بولۇپ چىقتى.

ــ مېنى تېخى ياراتمايۋاتامسەن؟ـــ دېدى ئۇ ئۆكتە قوپۇپ،ـــ نەچچە كۈندىن مېنى سېغىنىپ كەتكەنسەن!

ــ سېنىما؟...ـــ دېدى سەتەڭ ئۇنىڭغا مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ،ـــ ئۆزەڭنى نېمە چاغلاپ كەتتىڭ!؟

ـــ مېنى ئويلىمىدىڭما؟ يالغان سۆزلىمە، سەن مەندىن خاپا ئىكەنسەن، ئەمدى چۈشەندىم...

سەتەڭنىڭ چىرايى مەسخىرىدىن قىيسىيىپ كەتتى:

ـــ ئۆزەڭ ئارتۇق ئويلىۋاپسەن...

ـــ نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا مەشەگە كىلىپ مېنى ئىزدىدىڭ.

ـــ مەن تاماق يېگىلى كىردىم، سېنى ئىزدەپ قانداق قىلاتتىم.

ـــ مېنى راست ئىزدىمىدىڭما؟

ـــ سەن ئۆزەڭچە مېنى نېمە دەپ ئويلاپ قالدىڭ؟ سەندەكتىن تاپاي دېسەم بىر دەمدە ئونى پەيدا بولىدۇ.

ھاشىمغا ئەمدى گەپ قىلغۇدەك ئورۇن قالمىدى. سەتەڭ پۇلنى تۆلەپ ئاشخانىدىن چىقىپ كېتىش ئالدىدا ھاشىمنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:" مەن يەنە بىر ئىت بېقىۋالدىم، ئالامەت ئىت" دېۋىدى، ھاشىم گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى. مەغرۇر دەسسەپ، ساغرىسىنى تولغاپ، سومكىلىرىنى ئوينىتىپ كېتىۋاتقان سەتەڭنىڭ ئارقىسىدىن ئەلەم بىلەن قاراپ "نەچچە كۈنلۈك دەردىنى مەندىن بىراقلا ئالدى بۇ ج..." دەپ ئويلىدى.

ئۇ ئۆمەرنىڭ ئالدىدا لەت بولغىنىنى چاندۇرماي، ھېچ ئىش بولمىغاندەك كىلىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشكە باشلىدى. بۇنىڭدىنمۇ كۆڭلى ئارام تاپماي كىچىك قۇتىلىق ھاراقتىن بىرنى ئېلىپ گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى، چىرايى

سەت قورۇلدى.

ـــ ئۇنىمدىما؟ــ دېدى ئۆمەر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ.

ـــ ئۇنايدۇ، سەن بار يەردە ئۇنداق گەپنى دېمەيدۇ –دە!

ـــ لېكىن قاراپ تۇرسام ئۇ سېنى كۆزىگە ئىلمىغاندەك قىلىدىغۇ؟

ـــ كۆلدە غاز تولا، ج...دا ناز تولا دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ! ج...نىڭ ھەممىسى يالغانچى، ئۇنىڭ ياق دېگىنى ماقۇل دېگىنى.

ـــ ئەمدى قاچان كىرىسەن؟ ساڭا كىرگىن دېمىدىما؟

ـــ كىرگىن دېمىسىمۇ كىرىۋېرىمەن. قارىمامسەن، ئۇ مەندىن بەك خاپا بولۇپ كېتىپتۇ. نەچچە كۈندىن قارىماي قويغىنىمغا بۇگۈن مېنى تويغۇزدى. ئەمدى كىرىپ كۆڭلىنى ئېچىپ قويمىسام، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىمەن.

ـــ بىكارغا ئوينامسەن؟

ـــ بىكارلىق بولمايچۇ؟! پۇل دەيدىغان بولسا ئۇزىنىڭ ئىتىنى ئوينىۋالسۇن...

ـــ نېمە ئىت، ئىتنى قانداق ئوينايدۇ؟ــ دېدى ئۆمەر ھەيران بولۇپ.

ـــ سەن ئۇنى ئۇقمايسەن، كېيىن دەپ بېرەي!

ـــ ھازىر دەپ بەر، ئاڭلاپ باقاي.

ـــ ئەجەپ توخۇ پوقىدەك چاپلاشتىڭ ئۇكا! ئۇنىڭ بىر پىستىسى بار ئىدى، يوقاپ كەتتى. ئەمدى يەنە بىر پىستىنى بېقىۋاپتۇ. ئۇ پىستىنى قانداق قىلماقچىدى، قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلىتىپ ئوينايدۇ شۇ...

ـــ ھە، مۇنداق دە، بۇ لاۋبەننىڭ ئويناپدىغان نەرسىسى جىقكەنغۇ!

ـــ شۇنى دېمەمسەن، نەپسى تويمايدۇ بۇ نېمىنىڭ...

ـــ ئۇنىڭ قېشىغا ھازىر كىرەمسەن؟

ـــ كىرسەم كىردىم.

ـــ مېنىمۇ بىللە ئەكىرسەڭ بولمامدۇ؟

ـــ سەن كىچىك ئۇكا، ئىش ئۇقمايسەن.

— مېنى كىچىك دېمە، ئىككى يىلدىن كېيىن خوتۇن ئالغۇدەك بولىمەن. مەن بىلەن تەڭ تازلار ھازىر يېشىنى چوڭايتىپ خوتۇن ئېلىپ بولدى...

— ئاۋۋال مەن كىرىپ لاۋبەنىنىڭ كۆڭلىنى ئالاي، تازا ياخشى تونۇشۇۋالساق، كېيىن سەن كىرىپ قالساڭمۇ ھەقسىز ئوينايدىغان بولسەن، ھېچ بولمىسا يۈز كويىنىڭ يېرىمىنى بېرىپ ئوينىيالايسەن.

ئۆمەرنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. ھاشىم ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولۇپ، ساتىراشخانىغا قاراپ ماڭدى، ئىچى قىززىپلا تۇراتتى. «كوپكوندۇزدە نېمە سەتچىلىك بۇ!» دەۋاتقان كىم؟ ياسىن لاۋبەنمۇ؟ گۈزەل چوكان رەيھانمۇ؟ موللام بولۇۋالغان ساۋۇتمۇ؟ ئەخمەق قىز گۈلشەنمۇ؟... مەيلى كىملا بولسۇن، ھاشىمنى توسۇشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق! ئاۋۋال ھەممىسى ئۆزىنىڭ پوقىنى ئادالاشسۇن!... ھاشىمنىڭ ئىچى ئاچچىققا تولۇپ كەتتى، ئىستەكلىرى ئەسەبىيلەشتى، بوقۇدەك پۇشۇلداپ بارغىنچە ساتىراشخانىغا سوقۇنۇپ كىردى. بىر چاغدا ئۇنىڭغا سەت قارىغان سەتەڭ يەنە ئىشىك تۈۋىدە سىغىز چايناپ ئولتۇراتتى. باتەينىڭ كەينىدە بىر نېمىلەرنى قىلىپ ئولتۇرغان سەتەڭ ھاشىمنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— كىرىپ قاپسەنغۇ؟

— كىردىم، بولمامدا؟— دېدى ئۇ بېزەڭلىك بىلەن سەتەڭگە يېقىن كېلىپ.

— نېمە ئىش قىلماقچى؟

— ئىتىڭنى كۆرۈپ باقاي دېگەن...

— ئىتىم ئۆيدە، باشقا گېپىڭ بولسا دە.

— ئۆزەڭ بىلسەنغۇ...

— ياق، سەن ئىچىۋاپسەن، بۈگۈن باشقىسى ھەمراھ بولسۇن.

— ماڭا سەن لازىم...

— مىڭ كوينى تاشلىساڭ كىرىمەن.

ھاشىم بۇ گەپتىن ئەندىكىپ مەستلىكىمۇ يېشىلىپ كەتكەندەك بولدى:

— نېمە گەپ بۇ، باھايىڭنى يەنە ئۆستۈرۈۋاپسەنغۇ؟

ـــ ئەزەلدىن شۇنداق، چىددىمساڭ باشقىسنى ئوينا، ھەممىسى ئوخشاش.

ـــ ياق، سەن ئوخشىمايسەن...ماڭا سەندىن باشقىسى لازىم ئەمەس...

ـــ قۇرۇق گېپىڭنى قوي، مېنىڭ سىرتقا چىقىدىغان ئىشىم بار، ئوينىساڭ پۇل بېرىپ ئوينا، بولمىسا چىقىپ كەت. ...ـــ سەتەڭ شۇنداق دەپلا باتەينىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، سومكىسىغا بىر نەرسىلەرنى سالغىلى تۇردى..

ھاشىم سولىشىپ، ئۇسساپ كەتكەن قويدەك تىلىنى يالاپ، پۇشۇلداپ تۇرۇپ كەتتى. سەتەڭنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىدىن، بىكارلىق لەززەتنى تاما قىلىپ بۇرنىغا يىگىنىدىن ئاچچىقى كەلدى. ھازىرلا چىقىپ كەتسە ئۆمەرنىڭ ئالدىدا مازلىشاتتى، ئۇنىڭدىن كۆرە يۈزكوينى قۇربان بېرىپ، ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان قاپىقى يامان سېرىق چاچتىن ئاچچىقىنى چىقارماقچى بولدى. ئەمما ئۇ « مەن ئەنمو قىلمەن، ئۇنداق ئىشنى قىلمايمەن» دەپ رەت قىلدى. ئۇنى دوراپ نەچچىسى ئۆزىنى تارتتى، ياكى بولمىسا يەنە يۈزكوي قاتسەن دەپ تۇرۇۋالدى. ھاشىم ئۆزىدىن قېچىۋاتقان بۇ ج...لارنى ئۇرۇۋەتكۈسى كەلدى، بۇ نېمىلەر ھاشىمنى كېسەل دەپ ئويلامدىغاندۇ ؟ ! كېسەلنى ئۆزلىرى يۇقتۇرۇپ ئەمدى ھاشىمدىن قاچقىنى نېمىسى! ھاشىم بىر مىنۇت سوغۇق تەرلەپ ئىچىنى تىڭشىدى، ئاندىن «ئۇنداق ئەمەس، پۇل بەرسە ھەممىسى يېتىپ بېرىدۇ» دەپ ئويلىدى... ئاخىرىدا ئۇنىڭغا ئەڭ سەت، ئەڭ قېرى چىرايىدىن بىرسى ئېشىپ قالدى. ئەگەر بۇ ماقۇل دېمىگەن بولسا ھاشىم ئېغىلغا سولاپ قويۇلغان ئېشەكتەك تېپىچەكلەپ، ئۆزىگە ئۆزى ئارام بەرمەي ئازابلىنىپ يۈرگەن بولاتتى. ...

ئۇ يەنە بىر قېتىم بۇلغىنىپ، يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك سولىشىپ چىققاندا تېخىچە كەتمەي تۇرغان لاۋبەننى كۆرۈپ سەپرايى ئۆرلىدى، « ج...دا يۈز يوق، ئالدى كەينىنىڭ پەرقى يوق، ئەمدى بۇنىڭغا قوروپ بېرىدىغان كاۋابقا تۆكۈرۈپ قويىمەن» دەپ ئويلىدى، يۈزكوينى قويىنىدىن ناھايىتى تەستە سۇغۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. لاۋبەن سەتەڭ ئۇنىڭ چىرايىغا قارىمايلا پۇلنى ئېلىپ سومكىسىغا سالدى.

ھاشىم ئاشخانىغا كىرگەندە ئۆمەر ياتاققا كىرىپ كەتكەنىدى. «قارىغاندا بۇ شۇم قاراپ-قاراپ چىدىماپتۇ-دە» دەپ ئويلىدى ھاشىم ۋە ياتاققا كىرىپ ئۇنىڭ ئۇخلىماي، تولغىنىپ ياتقانلىقىنى كۆردى.

ـــ ئەجەپ ئۇزۇندا چىقتىڭغۇ؟

ـــ بىكارلىق بولغاندىكىن ئويناپ قويسەن-دە ئەمدى!ـــ دېدى ھاشىم ئۇخلاۋاتقان ساۋۇتقا قاراپ قويۇپ.

ـــ تازا پەيزى قىلىپسەن-دە!

ـــ ئۇنى بىر دېمە، تېخىچە ئەسلىمگە كېلەلمەيۋاتىمەن...

ـــ كېلەر قېتىم مېنمۇ ئەكىرسەڭ بولمامدۇ؟

ـــ بۇنداق ئىشتا بىر كىمنى شېرىك قىلما، ئوغۇل بالا بولساڭ ئۆزەڭ كىر...

ـــ پۇلۇم يوق شۇ... ماڭىمۇ بىكارلىق بولغان بولسا كۆندە كىرەتتىم.

ـــ بىز بۇ دۇكاننى تىتىۋەتتۇق ئۇكا، ھاشىمكامنىڭ ئىنىسىمەن دەپ كىرىپ ئويناۋەر، يۈز كوي دېسە ئون كوينى تۇتقۇزۇپ قويساڭمۇ ياق دېمەيدۇ...

ـــ راستما؟ ئۇنداق بولسا پەيزىغۇ، تورخانىغا كىرىپ يۈرگەندىن شۇ يەرگىلا كىرسەم بولمامدۇ!

ـــ ئاستا گەپ قىل...ـــ دېدى ھاشىم ساۋۇتنى ئىشارەتلەپ.

ـــ نېمانداق قورقسەن ئۇنىڭدىن...ـــ دېدى ئۆمەر شاپىدە ساۋۇتقا بۇرۇلۇپ،ـــ ئۇنىڭدىن تاياق يەپتىكەنسەن-دە!

ـــ ئاز گەپ قىل، ساۋۇتكاڭنى خاپا قىلساڭ سەنمۇ تاياق يەيسەن.

ـــ مەن قورقمايمەن، سەن بەك قورقىدىكەنسەن ئۇنىڭدىن...

ـــ مەن نېمىشقا قورقاتتىم؟ ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىلى دەۋاتىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق ئىش قىلساڭ داۋراڭ قىلما، غىپپىدە كىرىپ ئىشىڭنى جۆندە!

ـــ بۇ گېپىڭنى ئاڭلاپ ھازىرلا كىرگۈم كېلىۋاتىدۇ...

ـــ لېكىن يانچۇقۇڭغا پۇل سېلىپ كىرمىسەڭ بولمايدۇ.

ـــ ئۆزەڭ بىكارلىق دېدىڭغۇ؟

ـــ دائىم ئۇنداق بولىۋەرمەيدۇ، يېنىڭغا ئەللىك كوي بولسىمۇ سېلىۋال.

ـــ ئەللىك كويۇم بولسا تورخانىدا بىر ھەپتە ياشايمەن، بىر دەمدىلا تۈگىتىۋەتسەم ئاچامغا نېمە دەيمەن.

ـــ كاۋاپ ساتقاندا ئاكاڭ بىلەن ئاچاڭغا ئۇقتۇرماي ئازراق پۇل ئېلىۋالساڭ بولمامدۇ؟

ـــ ياق، ھەر قانچە پۇلۇم بولمىسىمۇ، ئۇنداق ئىشنى قىلمايمەن.

ـــ مانا جىلك ئوغۇل بالا ! تۇغقان دېگەن مانا سەندەك بولۇشى كېرەك. سەن مۇشۇنداق بولغانلىقىڭ ئاكاڭمۇ سېنىڭ قەدرىڭنى بىلىپ، ئاز –تولا پۇل بېرىپ تۇرسا بولاتتى دەيمەن!

ـــ شۇ ئەمەسمۇ، لېكىن مەن ھامان ئالمەن...

**17**

ياسىن خوتۇنى بىلەن تىنچ ئۆتۈۋاتقان بولسىمۇ ئەر-خوتۇن ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلى بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتالمىدى. دەسلەپكى بىر ھەپتىدە ئەر-خوتۇن كېچە-كۈندۈز دېگۈدەك بىللە بولۇشقاندا ياسىن ئۆز گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئاكتىپلىق، قىزغىنلىق كۆرسەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ قىزغىنلىقى سۇسلىشىشقا باشلىدى، رەيھان بۇنى سېزىپ قېلىپ، قايتا گۇمانلىنىشقا باشلىدى. شېرىن مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەمى بۇرۇنقىغا يەتمەيدىغان، ھەتتا كۆڭۈلگە تېگىدىغان بولۇپ قالدى.

ياسىن گۈلشەننىڭ ئۆز كۆڭلىدىكى ئورنىنىڭ پەقەت بىر دەملىك ئەمەسلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى. رەيھان بولسا ئېرىگە بىر چېكىت ئۇرۇپ قويغان بولۇپ، بۇ چېكىت ئەمەلىيەتتە كۆڭۈلدىكى يوقالماس داغ ئىدى. بۇنى پەيدا قىلغانمۇ ياسىن، يوقىتىدىغانمۇ ياسىن ئىدى، لېكىن ئۇ بۇنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەنىدەك بىپەرۋا يۈرەتتى. بۇنداق بولۇۋەرسە داغ ئۆستىگە داغ چۈشمەيدۇ دېگىلى بولمايتتى. رەيھان ئۇنىڭغا شۇنچە ئىشنەي دېسىمۇ، ئىشەنچ ئۈلىنىڭ بىر بۇرجىكى ئۆرۈلۈپ چۈشكىلى قەستلەيتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئېرىنىڭ چىرايىدىن غەمكىنلىك بۇلۇتلىرىنى كۆرۈپ قالسا، ئېرى خىيالغا چۆكۈپ قالسا ياكى كۆزىنى باشقا ياققا ئېلىپ قاچسا، ئۇنىڭغا چاپلىشىۋالغان "جىن"نى تېخى يوقالمىدى دەپ ئويلايتتى، ئازابلىناتتى، ئۇ جىننى تۇتۇپ چىچىنى كېسىپ، پىيىنى قىرقىپ، ئارىدىكى شۈملۈقنى قوغلىۋەتسەم دەيتتى، ئەمما تۇرمۇشنىڭ ئىشى بۇنداق ئاسان ئەمەس ئىدى...

ياسىن بۇرۇنقىدىن ھورۇن، خىيالچان، گاڭگىراڭ بولۇپ قالدى، بۇنداق بولىۋەرگەنچە رەيھانمۇ ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ، ئاغرىنىپ، زارلىنىپ، بۇرۇنقىدەك تېتىك ئىشلىمەيدىغان، ھېلى قويغان نەرسىسىنى ھېلى ئۇنتۇپ قالىدىغان دېۋەڭ خوتۇنغا ئايلىنىپ قالدى. پەقەت ئۇلارنىڭ ئوغلىلا ساق، شوخ يۈرەتتى، يەسلىدىن ئۆگەنگەن

خەنزۇچە شېئىرلارنى كىچىك راھىبلاردەك يادلاپ، ئاپىسىغا ئوقۇپ بېرەتتى. ئېرىدىن رازى بولمايۋاتقان دىلخەستە رەيھان بالىسىغىمۇ تۆزۈك قارىيالمىدى، بۇنى ھەم ھېس قىلالمىدى. تۇرمۇشنىڭ گۈل پەسلى كېتىپ، غازاڭ پەسلى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغاندەك بىر پېقىمسىز، سوغۇق كەيپىيات كۆچىيىشكە باشلىدى، رەيھان بۇنى ھەر قېتىم سەزگەندە ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولىشاتتى، ئوغلىنى قۇچاقلاپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى، ئەرنىڭ ياتراق، مەردانە ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولمايدىغان ئۆيدە پەقەت خوتۇن كىشىنىڭ مەيۈس زارلىنىشلىرى، ئۇھسىنىشلىرىدىن باشقا نېمىنى ئاڭلاش مۇمكىن؟ دادىسىنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ شوخلۇق قىلالمىغان بالىنىڭ كۆلكە ئاۋازىمۇ بىچارە... يەسلىدىن ئۆگەنگەن نەرسىلىرىمۇ بىمەنە... بىر ئائىلىنىڭ شاد-خورامىلقى بولمىغان يەردە غېرىبلىق، بەختسىزلىكتىن باشقا نېمە بولسۇن؟ ....

رەيھان ھەر قېتىم بالىسىغا قارىسا كۆڭلى بۇزۇلاتتى، ئانىسىنى ئەسلەپ ياش تۆكەتتى. چوغدەك يېلىنجاپ تۇرىدىغان ئېرىنىڭ مانا ئەمدى بىر كۆيۈپ ئۆچكەن كۆسەيدەك قارىداپ كەتكىنىنى ئويلىسا، ئىچ-ئىچىدىن غەزىپى تاشاتتى، بۇنداق ئەخمىقانە تۇرمۇشنى چاك-چېكىدىن بۇسۇپ، نېمە كۆرسە شۇ چاغدا كۆرۈشنىمۇ ئويلاپ قالاتتى. يېشى چوڭىيىغانچە ئۇنىڭ ئېرىگە قويىدىغان تەلىپى تۆۋەنلىدى، ئەمما ئېرى مۇشۇ تەلەپكىمۇ يەتمەيۋاتاتتى؛ خوتۇنىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىش قىلىدىغان ئەر ئەر ئەمەس، بەلكى خوتۇنىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلەلەيدىغان ئەر ھەقىقىي ئەر؛ پەقەت ئۆزىنىگلا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەر ئەر ئەمەس، بەلكى خوتۇنىغا ھەر ۋاقىت كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سەممىي ھېسسىياتىنى بىلدۈرۈپ تۇرىدىغان ئەر ھەقىقىي ئەر... رەيھان ھەر كۈنى، ھەر سائەتتە ياسىندىن مۇشۇنى تەلەپ قىلاتتى. ئەمما ھازىر ئۇ بېيجىڭدىكى كاۋاپچى ياسىن ئەمەس، بەلكى خېيىينىڭ چەت شەھىرىدىكى ئاشخانا خوجايىنى، ئاشنا ئويناپ بۇزۇلغان، مىجەزى ئۆزگەرگەن ياسىن ئىدى... كىم بۇزۇلسا دەردىنى ئۆزى تارتىشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشاۋاتقانلارمۇ دەردۇ بالاغا تەڭ مۇپتىلا ئىدى ھازىر...

ئەمەلىيەت شۇكى، پاراكەندە ياسىن خوتۇنىنى رازى قىلىپ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن پەقەت بىر ھەپتىلا چىداشلىق بېرەلىدى. ئاندىن داۋاملىق ۋەسۋەسە، غەم-ئەندىشىدىن باش كۆتۈرەلمىدى. خوتۇن-بالىسىغا كۆڭۈل بۆلۈپ بولالمىدى...

ئۇ غېنى شاڭجاڭغا بېرىپ قويغان ۋەدىسىدىن يالتايغان بىلەن بىراقلا يېنىۋېلىشتىن ئەيمەندى. غېنى شاڭجاڭ كىچىك ئادەم ئەمەس ئىدى، ئۆزىنى لاۋدا دەپ تۇرىۋالمىغان بىلەن بۇ شەھەردە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان خوجايىن يوق ئىدى. ئەگەر ياسىن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسا، ئۇ " بوپتۇ، ئۆزەڭنىڭ بىلگىنىدەك قىل" دەپ قويۇپ، كەينىدىن بابلىسا كۆرۈڭ!

بۇرۇن ئۇ ئادىدىي كاۋاپچى ۋاقىتلىرىدا بىر كىمدىن قورقۇپ قالمايتتى، غۇرۇرىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ يۈرەتتى، ئەمدى كىچىككىنە لاۋبەن بولغاندا، ئازراق ھاللىنىپ، ئەتلىنىپ قالغاندا قورقۇنچاق، ئېھتىياتچان بولۇپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ گۆلشەندىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايتتى، ئەگەر غېنى شاڭجاڭ "گەپكە كىرمىدىڭ" دەپ گۆلشەننى ئۇنىڭدىن ئايرىۋېتىمەن دېسە بىر دەملىكلا ئىش ئىدى، ياسىن " قولىنى چىشلەي دېسە قاتتىق، قوڭنى چىشلەي دېسە سېسىق"، ئاھ ئۇرۇپ، پۇشايمان قىلىپ قالاتتى.

ئۇ كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان چارىلەرنى ئويلاپ باقتى، ئاقىدىغان، ئاقمايدىغان چارىلەرنىڭ ھەممىسنى بىر-بىرلەپ تەھلىل قىلىپ، باش-ئايىغىنى باغلىدى. ئەمما ھېچقايسىسىدا كۆڭۈل توختىتالمىدى، چۈنكى كېيىنكى ئىشلارغا بىر نېمە دېگىلى بولمايتتى، ئۆيدىكى ھېساب تالاغا توغرا كەلمەي قالاتتى. ئۇنىڭ ئويلىغانلىرى ئىچىدىن ئەڭ بولىدىغىنى يەنىلا كۆز بويامچىلىق ئىدى. يەنى ئۇ غېنى شاڭجاڭنىڭ گېپىگە كىرىپ، خوتۇنىغا بىلدۈرمەي نىكاھ ئوقۇتۇپ گۆلشەننى ئەمرىگە ئالغان بولاتتى؛ تۆت بۇلۇڭ، بىر كۆلۈڭلۈق ئۆيگە كىرىۋالغاندىن كېيىن ئەر-خوتۇنلۇق رەسمىيەت ئەمەلدىن قېلىپ، ياسىننىڭ دېگىنىدەك بولاتتى: گۆلشەن ئۇنىڭ گېپىگە بويسۇنۇپ خوتۇنلۇق دەۋاسى قىلمايتتى، بۇرۇن قانداق بولغان بولسا شۇنداق بولاتتى، ياسىنغا قانداق مۇئامىلە قىلغان بولسا، كېيىنمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلاتتى. ئارتۇق جېدەل قىلمايتتى، چوڭ خوتۇنىڭغا بەك قاراپ كېتىپ مېنى تاشلاپ قويدۇڭ دەپ قاقشىمايتتى. بالا تۇغىمەن دەپ تۇرىۋالمايتتى. قىسقىسى، ياسىن نېمە دېسە شۇنىڭغا بويسۇناتتى... ياسىن ئۇنىڭ مۇشۇ يېرىنى دېمىسە، ئۇنىڭدىن خالىغانچە ھۇزۇرلىنىشنى ئارزۇ قىلمىسا، نېمە قىلىدۇ ئارتۇق ئۆي تۇتۇپ، پاراكەندە بولۇپ؟!

ئۇ غېنى شاڭجاڭغا ئەمدى تېلېفون قىلاي، مانا تېلېفون قىلاي دەپ ئىككى ھەپتىنى ئۆتكۈزۈۋەتتى؛

خوتۇن-بالىسىغا يەنە خىيانەت قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىككىلەندى، ئەمما ئىشنى ئۆزى تېرىپ قويۇپ، گەپنى ئۆزى چىقىرىپ قويۇپ، ۋەدىنى ئۆزى بىرىپ قويۇپ ئەمدى يوقاپ كەتسە سەتلىشەتتى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك شۇ ئىشلارنى ئويلىدى، گۈلشەن بىلەن بولىدىغان ھاياجانلىنىشلارنى خىيال قىلدى. شېرىن تەسەۋۋۇرلىرىغا شۇنچىلىك كىرىشىپ كەتتىكى، قېشىدا تۇرغان چىرايلىق خوتۇنى، ئوماق بالىسىمۇ كۆزىگە كۆرۈنمىدى.

ئۇ بۇ كونا تۇرمۇشىدىن زېرىككەندە يېڭى تۇرمۇشىدىن خۇشاللىق تاپىدىغانلىقىنى، ئەنسىرەپ قورقۇپ تۇرۇپ شادلىنىدىغانلىقىنى ئويلىسا " ھەر ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش بەدەل تۆلەپ بەختىنىڭ پەيزىنى سۈرىمەن" دەپ ئۆزىگە مەدەت بېرەتتى، پۇل تاپقانلارنىڭ نېمشقا ئاسان تاپتىن چىقىدىغانلىقىنى، شۇنچە خەۋپ-خەتەر ۋە باش ئاغرىقىدىن قورقماي خۇپىيانە لەززەت سۈرۈشكە ئاتلىنىدىغانلىقىنى توغرا چۈشەنگەندەك بولاتتى.

ئۇ شۇنداق ئىككىلىنىپ ۋە بەگىنىڭ خىيالنى سۈرۈپ كاللىسىنى قاپاق قىلىپ يۈرگەندە غېنى شاگىجاڭ ئۆزى تېلېفون ئۇرۇپ قالدى. ياسىن بۇ تېلېفونغا قاراۋاتقاندا يۈرىكىنىڭ قورقۇنچ ۋە ھاياجاندا سوقۇۋاتقىنىنى سەزدى. تېلېفوننىڭ ھەر بىر سايرىشى ئۇنىڭغا شۇنچە كۈچلۈك تەسىر قىلدىكى، غېنى شاگىجاڭ "ھوشۇڭنى يىغ، خىيالىڭغا قايت، ئەر كىشىدەك تەۋەككۇل قىل، بەدەل تۆلىمىسەڭ بەخت يوق" دەۋاتقاندەك قىلاتتى. مانا تۇتۇق خىيال تۈگەپ، ئېنىق ئىشلار پەيدا بولدى، ھەمدەم خىيالغا ھەمشىرىك بولىدىغان ئادەم چىقتى، بىرسى ئۇنىڭغا « سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزەي» دەۋاتسا، «ياق، مەن يەتمەسلىكىم كېرەك» دەمدۇ؟!

ياسىن تېلېفوننى ئالدى، غېنى شاگىجاڭ قىسقىچە ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن ئۇنى رېستۇرانغا چاقىردى.

___ ھازىرلىما؟___ دېدى ئۇ ئۇندەرەپ.

___ قاچان بولسا بولاتتى؟ خوتۇن بىر نېمە دەمتى يا؟

___ ياقەي... ئاشخانىدا ئازراق ئىشلىرىم بار ئىدى.

___ ئۇنداقتا ئىشىڭنى تۈگىتىپلا كەل.

___ ماقۇل... ھېلى بىر دەمدىلا بارىمەن.

ياسىن پەرمانبەردارلىق بىلەن لاۋدانىڭ يېنىغا ماڭدى، خوتۇنى بىلەن بالىسىدىن بىردىنلا يىراقلىشىپ كەتتى، گۈلشەننى كۆرۈش تەقەززالىقى كۈچىيىپ قالدى. ئۇ رېستۇرانغا كىرىپ تۇرۇشىغا چىرايلىق ياسىنىۋالغان گۈلشەن

ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى، بۇگۈن ئۇ ئاشخانىدىكى قىزلار كىيىدىغان ئەتلەس كۆينەكنى كىيمىگەن بولۇپ، ياسىننىڭ نەزەرىدە باشقىچە جۇلالىق، گۈزەل كۆرۈنۈپ كەتتى. ياسىن ئۇنىڭغا بىر لەھزە تەلمۈرۈپ قاراپ قالدى، گۈلشەنمۇ ئۇنىڭغا سىغىنىش، تەشنالىق بىلەن قارىدى. بىر ئىغىز ئەھۋاللاشماي تۇرۇپ كۆزلىرى پىچىرلىشىپ، يۈرەكلىرى بىر-بىرىگە تارتىشىپ، بەدەنلىرىگە شىرىن تىترەك ئولاشقىلى تۇردى. كۆڭۈل خۇمارىمۇ، شەھۋەت خۇمارىمۇ ئەيتاۋۇر، ھەر ئىككىسىنىڭ خۇمارى تۇتۇپ، كۆزلىرى پارقىراپ كېتىشكەنىدى، كىنولاردا كۆرگەن بولسىڭىز، بۇنداق ئەسەبىي بىر جۇپلەرنىڭ ھېچنېمىگە قارىماي چىرمىشىپ كەتكىنىنى كۆرەتتىڭىز...

ھەر ئېھتىمالغا قارشى ياسىننىڭ كاللىسىدا رېئاللىق ئەينەكتەك روشەن ئىدى ۋە بۇ ئەينەكتە غېنى شاڭجاڭ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى؛ شۇڭا ھوشىنى دەرھال يىغىپ، ئەتراپقا قاراپ قويدى؛ ئۆزىنى ھېسسىيات قاينىمىدىن بالدۇرراق تارتىپ چىقىپ، تېخىچە شۇ قاينامدا چۆگىلەپ تۇرغان گۈلشەنگە ئىغىز ئاچتى:

___ قانداق، ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟

___ بولدۇ، ئۆزىڭىزچۇ...

___ كېتىپ بارىمىزغۇ شۇ كۈننى كەچ قىلىپ.

___ خوتۇن-بالىڭىز ساقتۇ؟

ياسىن ئۇنىڭ بۇنداق سوئال سورىشىنى كۈتمەيتتى، ئۇمىدمۇ قىلمايتتى.

___ ساق كېتىپ بارىدۇ،___ دېدى ئۇ ئامالسىز، مەيۈس ھالدا ئىغىر تىنىپ،___ ئۆزەڭچۇ، ئاغرىپ قالمىغانسەن؟

___ ھەممە يېرىم ساق، لېكىن يۈرىكىم ساق ئەمەس...___ دېدى ئۇ ياسىنغا ناز بىلەن تىكىلىپ،___ سىزنى ساقايتىدۇ دەپ قاراپ تۇرىمەن...

ياسىن ئۇنىڭغا دەرھال ۋەدە بېرىشنى خالىماي جىم تۇرۇپ قالدى، بولمىغان ئىشنى ئالدىن دەپ قويغاندىن كۆرە، شۇ ئىش ئەمەلگە ئاشقاندا ئۇنى تۇيۇقسىز خوش قىلىۋەتسە ياخشىراق بولاتتى.

شۇ ئەسنادا غېنى شاڭجاڭ رېستورانغا كىرىپ ياسىن بىلەن كۆرۈشتى، گۈلشەن تارتىنغاندەك قىلىپ نېرى كەتتى. غېنى شاڭجاڭ ياسىننى ئايرىمخانىغا باشلاپ كىردى. ئاۋۋالقىدەكلا جوزا راستلاندى، سەيلەر چىقتى، ھاراق تىكلەندى. "ياشايدىغانلار" ئۈچۈن، ئەركەكلىك ۋە دوستلۇقنىڭ نامايەن بولۇشى ئۈچۈن، مەسلىھەت ئۈچۈن، غەيۋەت-شىكايەت

ئۈچۈن  مانا مۇشۇنداق سورۇندىن باشقىسى بىكار ئىدى. ئىككى ئەر بىر بۇتۇلكا هاراق ئەتراپىغا جەم بولسا ھەممە نەرسنى ئۇنتۇپ، جاھاننى بىر قېتىمدىن تاسقاپ، ئاندىن مەقسەتلىرىگە ئۆتەتتى.

ــــ قانداق، ئويلىنىپ بولدۇڭمۇ؟ــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ تۇنجى رومكىنى گېلىغا ئاتقاندىن كېيىن.

ــــ ئويلىنىپقۇ بولغان، لېكىن ساڭا ۋاقتىدا تېلېفون ئۇرالمىدىم.

ــــ ئىككىلىنىپ قالدىم دېگىنە...

ــــ ئۆزەڭ بىلسەن، نىكاھ دېگەن ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس. بىر دەمدە قارار قىلغۇەتمەك ئۇنداق ئاسان ئەمەس.

ــــبۇنى بىلمەن، ئاخىر قانداق ئويلىدىڭ؟

ــــ سېنىڭچە شۇنداق قىلسام بولامدۇ؟

ــــ يەنە مەندىن سورايسەنغۇ، تىكچېك توختماپتۇ-دە!

ــــ خوتۇن دېگەننى ئېلىپلا قويغان بىلەن بولمايدۇ غېنىكا، تۇرىدىغان ئۆيى بولۇشى كېرەك، ئۇنى بېقىشىڭ كېرەك، كۆز-قۇلاق بولۇپ تۇرۇشۇڭ كېرەك، دەردىنى تىڭشىشىڭ كېرەك... مەن مۇشۇ تاپتا بىر خوتۇننىڭ باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلالماي تۇرۇۋاتىمەن...

ــــ ھەي ئەخمەق، بىرىنچى خوتۇننىڭ باش ئاغرىقىنى ئىككىنچى خوتۇن ئوڭشايدۇ دەيمەن، زېرىككەندە كېلىسەن، كىچىك خوتۇنۇڭ بېشىڭنى سىلاپ ئوڭشاپ قويىدۇ. ئاغزىڭدا ياق دېگەن بىلەن كۆڭلۈڭ شۇنى تارتىپ تۇرۇۋاتىدۇ، كۆزۈڭدىنلا بىلىۋاتىمەن، مەندىن يوشۇرما. خوتۇن ئال دېسەم بېشىڭغا تاغ يىقىلمىسۇن، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ ئىشى ئاسان، ئايرىم ئۆيدىن بىرنى تۇتۇپ قويىسەن، ئىش تامام ۋەسسالام. گۈلشەن مەشەدە ئىشلەۋېرىدۇ، خالىسا سەن كىرالاپ بەرگەن ئۆيدە تۇرىدۇ، يالغۇز قالدىم دەپ قالسا ياتىقىدا ياتىۋېرىدۇ ياكى بىر قىزنى ھەمراھ قىلىپ ياتىدۇ. سەن كېلىدىغان چاغدا خەۋەر قىلىۋېتىسەن، گۈلشەن سېنى كۈتۈۋالىدۇ. كېچىنى بىللە ئۆتكۈزىسلەر.

ــــ ياق، ياق، كېچىدە قونالمايمەن...ــــ دەۋەتتى ياسىن خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ.

ــــ مەن دېمىدىممۇ، كاللاڭ مۇشۇ ئىشتىلا قالغان سېنىڭ. كېچىدە قونالمىساڭ كۈندۈزدە كەلسەڭمۇ بولىدىغۇ... قاچان دېسەڭ كىچىك خوتۇن يېنىڭدا. خوتۇن دېگەننى كېچە-كۈندۈز ئالماشتۇرۇپ تۇرساڭ پەيزى دېگىنە... سەن

تېخى ياش، سېنىڭدەك ۋاقتىم بولىدىغان بولسا، ئۈچ خوتۇن ئەمەس، ئون خوتۇنغىمۇ تويمايتتىم. ھېلىمۇ شۈكرى دەيمەن، يېنىمدا بىر نەچچىسى بار. ئايرىم ئۆي، ئايرىم خوتۇن... ئەر كىشى ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق خوشلۇق بولامدۇ جاھاندا!

____ سەنغۇ مۇشۇنداق ياشاپ كۆنۈپ قالغان، ئەمما بىزگە تەس كېلىۋاتىدۇ بۇ ئىش... كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئىشتىن چاتاق چىقىپ كۆتۈلمە ئوچۇق قالارمۇ دەيمەن...

____ ئەر كىشىدەك گەپ قىلغىنە ئۇكا، ئىشنى باشلا-باشلىماي يەل قويىۋېتىدىغان ئادەمنى ئوغۇل بالا دېمەيمىز. ئادەم نېمىدىن بەك ئەنسىرەيدۇ؟ قوپالماس كېسەلدىن، ئۆلۈپ كېتىشتىن! شۇنداقمۇ؟ ھامان ئۆلۈپ كېتىدىغان جاھان بۇ، جاھاندا ئۆلۈمدىن قاتتىق ئىش يوق، شۇنداقمۇ؟ دېمەك، مۇشۇنداق قاتتىق ئىشلار ئالدىڭدا تۇرغاندا باشقا يەنە نېمىدىن قورقىسەن؟ خۇدادىن قورقماي زىنا قىلدىڭ، لېكىن خوتۇنۇڭدىن قورقتۇڭ. دېمەك، خۇدادىن قورقماي، خۇدا ياراتقان بەندە بولغان بىر ئاجىز خوتۇندىن قورقتۇڭ. ئويلاپ باقە، سېنىڭ نەرىڭ ئەركەك، نەرىڭ مۇسۇلمان... مەن سېنى ئەمدى نىكاھ قىل، ئۇ قىزغا ئىگە بول، زىنا قىلما دەۋاتىمەن. لېكىن سەن تېخىچە خوتۇنۇڭدىن قورقۇپ ئالدى-كەينىڭگە دەسسەپ يۈرىسەن، ئۆزەڭگە قويۇپ بەرسە يەنە زىنا قىلغۇڭ بار، شۇ بىچارە قىزنى ئاشنا تۇتۇپ ئويناۋەرگىڭ بار. جاھاندا ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، ھەممە ئىشنىڭ ئىگىسى بار. ھەممە ئىشنىڭ يولى بار. ئوينىساڭمۇ ھۆددىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ ئوينا، كۆتۈرەلىگۈدەك ئوينا. شۇڭا ئاشنا تۇتۇپ زىنا قىلماي، نىكاھ قىلىپ خوتۇن قىل دەپ ما يولنى كۆرسىتىۋاتىمەن ساڭا...

___ بۇ گېپىڭغۇ خاتا ئەمەس،___ دېدى ياسىن ئويغا چۆمۈپ،___ دېمىسىمۇ ئىمانىمىز سۇسلاپ كەتتى، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ كەتتۇق، لېكىن نىكاھ ئوقۇتسا سەن دېگەنەدەك ياخشى بولغۇدەك....

___ شۇ ئەمەسمۇ، بۇرۇنقى بايلىرىمىزمۇ بىر يەرگە سەپەرگە چىقسا شۇ يەردىن ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىپ ھارام ئىشتىن ساقلىنىدىكەنتۇق. بىزمۇ بىر ھېسابتا سودىگەر، كۆلىغا مۇساپىر، خوتۇن-قىزلىرىمىز پىيپا مالدەك توپ-توپ چىقىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىگە بولىدىغان ئادەم يوق، بۇلۇڭ-پۇشقاقتا بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ، باشقا خەقنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىۋاتىدۇ، بىر ھېسابتا ئەرمەك ئەت دېسەڭمۇ بولىدۇ. ئۇلارنى يامان يولدىن تارتىپ ئەكىلىدىغان ئادەم يوق. مەن دەيمەن، قولۇڭدىن كەلسە ئۇلارغا ياخشىلىق قىل، ئىشلەيمەن دېسە ئىشلەت، كېتىمەن دېسە قولىغا پۇل بېرىپ

يولغا سېلىپ قويي. كەتمىگەنلىرىنىڭ بېشىنى سىلاپ، ھاجىتىدىن چىق، ئەمما چوقۇم يولى بىلەن قىلىشىڭ كېرەك. ھەددىڭدىن ئېشىپ كەتسەڭ بولمايدۇ.

ــــ سېنىڭچە مەن ھەددىمدىن ئېشىپ كەتتىم، شۇنداقمۇ؟

ــــ ئەلۋەتتە شۇنداق-دە!ــــ دېدى غېنى شاگىجاڭ كەسكىن ئىپادە بىلەن ياسىنغا قاراپ،ــــ ئەمما ئازمايدىغان بەندە يوق. گۈلشەننىڭ ساڭا كۆڭلى بولمىغان بولسا ئاشخاناڭنى ئاللىبۇرۇن ئۆرۈپ تاشلاپ، يېنىمغا قېچىپ كەلگەن بولاتتى. ھېلىمۇ يېنىپ كېلىپ تۈزۈك ئىشلىمىدى، كالتىسى جايىدا ئەمەس، ئۇنىڭ كاللىسىنى پەقەت سەنلا ئوڭشايدىغاندەك قىلىسەن. قارىسام ئۆزەڭنىمۇ ئۇنىڭغا بۆلەكچە مەيلىڭ باردەك قىلىدۇ، دېمەك سېنىڭ كاللاڭمۇ ساق ئەمەس. بۇنىڭ چارىسى ئەر-خوتۇن بولۇش. شۇڭا تۆمۈرنى قىززىقىدا سوقۇپ ۋاقتىدا ئىشىڭنى جۆندەيلى. سەنمۇ ھازىر مەندىن قېلىشمىغۇدەك لاۋىبەن بولۇپ قالدىڭ، قۇربىتىڭ يەتسە، خوتۇننى باقالىساڭ، كۆپ ئېلىشالماي ئىككى-ئۈچنى رازى قىلىپ ئۆتسەڭ بولىدىغان ئىشقۇ!

ــــ لېكىن خوتۇننى بۇنىڭغا ئۇنايدۇ دەمسەن! ــــ دېدى ياسىن خوتۇنىدىن رەنجىگەندەك، زېرىككەندەك ئەلپازدا.

ــــ خوتۇنۇڭ ئەسلى بۇ ئىشقا قوشۇلسا بولاتتى، قوشۇلمايدۇ، خوتۇن خەقنىڭ ئىچى تار، ئەر كىشىنىڭ كۆڭلىنى مەڭگۈ چۈشەنمەيدۇ. ئېرىنى ئېشەكنى باغلىغاندەك باغلىۋالسام دەيدۇ، ئەمما قانچە باغلايمەن دېگەنچە ئۇ ئېشەك بەدەر تۇرماي قاچىدۇ. مانا بۇ خوتۇن خەقنىڭ دۆتلۈكى. ئەگەر شۇ خوتۇنۇڭ ساڭا رازىلىق بەرگەن بولسا، ئۆزىمۇ راھەتكە چىقىپ قالاتتى؛ ھۇجرىسىدا چوڭ خېنىم بولۇپ، پۇتىنى ئۆزۈن سوزۇپ يېتىپ ئارام ئالاتتى. گۈلشەننى خالىغانچە ئىشقا بۇيرۇسا گۈلشەن ياق دېمەيتتى، پۇتۇمنى يۇيۇپ قوي دېسىمۇ يۇيۇپ قوياتتى. خوتۇنۇڭ پەقەت كۆنلەمچىلىك قىلماي، شۇ بىچارە گۈلشەننى سىغدۇرغان بولسا، ھەممە ئىشىڭ ھەل بولۇپ، تۇرمۇشۇڭ گۈلدەك ئۆتەتتى. سەنمۇ بۇنداق قورقۇپ يۈرمەيتتىڭ...

ــــ بۇ خوتۇندا ئۇنى ئۆيلىگۈدەك كاللا يوق...ــــ دېدى ياسىن بۇ گەپلەرنى ھەقىقەتەن راست دەپ ئويلاپ،ــــ مېنى پەقەت ئۆزىنىڭلا قىلىۋالغۇسى بار، لېكىن مەن ئۇنىڭ تويلۇق ھالقىسىمۇ؟ قولىدىكى ئۈزۈكمۇ؟ بىر ئۆمۈر ئەمدى شۇنىڭغا باقى بەخشەندە بولۇپ ئۆتىمەنمۇ دەيمەن-دە... ئىچىمنى بەك سىقىۋەتتى، قوغۇۋېتەي دېسەم

تېخى چىددىمايمەن، نېمىلا دېگەنبىلەن بالامنىڭ ئانىسى...

___ ئۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمە،___ دېدى غېنى شاڭجاڭ كۈلۈمسىرەپ،___ بالىنى يېتىم قىلىدىغان ئىشنى قىلما. ئاۋۋال ماۋۇ بولغۇسى چوكىنىڭنىڭ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىۋەتسەڭ، ئۇ خوتۇنىڭدىنمۇ زېرىكمەيسەن. نېمىشقا دېسەڭ، سەن ھەر قېتىم گۈلشەن بىلەن ئەر-خوتۇن بولۇشقاندىن كېيىن ئىچىڭدە رەيھانغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىڭنى ئويلايسەن-دە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشىچاق بولۇپ كېتىسەن. خوتۇنۇڭ بۇنى بىلمەي، سېنى ئەجەپ ئوبدان بولۇپ قاپتۇ دەپ ئويلاپ، ساڭا تېخىمۇ يېقىنچىلىق قىلىدۇ. سەنمۇ ئۇنىڭ تەلىپىنى يەردە قويماي رازى قىلىسەن. گۈلشەنمۇ بارا-بارا كونىراپ قالغاندا، رەيھان ئەكسىچە يېڭى تۈيۈلۈپ بۇرۇنقىدىنمۇ پەيزى بولۇپ كېتىدۇ... ئىشەنمىسەڭ كېيىن كۆرىسەن.

___ يا ھەزرەت، سەندەك خوتۇنپۇرۇشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرسام بولامدۇ-نېمە؟ نەچچە خوتۇننى نەچچە خىل سەيدەك ئالدىڭغا ئېلىپ قويۇپ، ئۇنىڭ- بۇنىڭدىن تېتىپ باقىدىغان لاۋبەن-دە سەن! يەنە قانداق تەجرىبەڭ بار، دېگىنە!

ياسىننىڭ بىردىنلا جانلىنىپ كەتكىننى كۆرگەن غېنى شاڭجاڭ كۈلۈپ قويۇپ، ئالدىرىماي گەپ باشلىدى:

___ بىزدە نېمە تەجرىبە بولماقچىدى، كۆرگەن-بىلگەنلىرىم سەندىن كۆپرەك شۇ، سەندىن باشقا كىمگە دەيتتىم. ساڭا بۇرۇنمۇ دېگەنمەن، بىز ئۆلگىدەك چەكمىدۇق، بىر كىم بىلەن سوقۇشۇپ پىچاقلاشمىدۇق، خوتۇننى تىكىپ قىمار ئوينىمىدۇق، ئۇچرىغاننى سوقۇپ كېسەل يۇقتۇرمىدۇق. ئەگەر شۇنىڭ بىرسىگە ئارىلىشىپ قالساق كۈلدا ئون يىل ئەمەس، بىر يىلمۇ ياشيالمايتتۇق. دېمەكچىمەنكى، مۇشۇ ۋاقىتچە ساق كەلدۇق. ساق دەپ پو ئاتقىنىم ئەمەس، باشقا ھاماقەتلەرگە باققاندا ياخشىراق ياشىدۇق. مېنىڭ باشقا ئەيىۋىم يوق، خوتۇن خەققە ئامراق. لېكىن مەن بۇزۇقچىلىققا ئۆچ، ئەركىشىدەك گاڭگۇڭ ياشاشقا ئامراق. تۆت-بەش خوتۇن ئەتراپىمدا چۆرىلىپ تۇرسا شۇنىڭدىن پەخىرلىنىمەن. دېدىمغۇ ساڭا، دادايجاڭ ۋاقتىمدىن باشلاپ ئادەم باشقۇرۇشقا ھېرىسمەن ئىدىم، خوتۇن خەق يولدا سالام بەرسە ماڭا كۆڭلى بارمۇ قانداق دەپ سىنچىلاپ قارايتتىم. مەھەللىمىزدە چىرايلىق خوتۇنلار بار ئىدى ... بولدىلا، بۇ گەپنى ساڭا دەپ بولغانمەن. ئىشقىلىپ، مۇشۇ ۋاقىتچە ئادەم باشقۇرۇپ كەلدىم، ھازىرمۇ قول ئاستىمدا يىگىرمىدەك قىز-ئوغۇل ئىشلەيدۇ. مېنى كۆرسە ھەممىسى ھۆرمەتلەيدۇ، ئەيمىنىدۇ...بىراق سەن گۇۋي مېنى تازا كۆزۈڭگە ئىلمايسەن...

ـــــ ئۇنداق ئەمەسقۇ، مانا نېمە دېسەڭ گېپىڭگە كىرىۋاتىمەنغۇ، مەنمۇ بىلمەن، سەن ماڭا ئاز ياخشىلىق قىلمىدىڭ.

ـــــ شۇنى بىلسەڭلا بولدى، ئەمما مەن قىلغانلىرىمغا ھەرگىز مىننەت قىلمايمەن، قولۇمدىن كەلسە يەنە ياخشىلىق قىلسام دەيمەن. مەن بۇرۇن دادۇيجاڭ بولغاچقا باشقىلارنىڭ غېمىنى بەكرەك ئويلايدىغان ئادىتىم بار. شاڭجاڭ بولالىغان بولسام تېخىمۇ كۆپ ئادەمنىڭ غېمىنى يەپ، تۇرمۇشىنى باياشات قىلاتتىم. ئەمما نېسىپ بولمىدى. ئەمدى مانا سەن بىر ئادەمنىڭ غېمىنى يەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدىم...

ـــــ قولۇڭدىن كەلسە كۆلىدىكى پۈتۈن ئوقەتچىنىڭ غېمىنى تۆگەتتىم دېگىنە...

ـــــ مېنى ساز قىلىۋاتامسەن يا... راست دەۋاتامسەن؟...

ـــــ راست دەۋاتىمەن، كۆلىدىكى پۈتۈن ئوقەتچىنىڭ لاۋداسى بولۇشقا لايىق ئادەمسەن، لېكىن ئۇ چاغدا بىز قارا جەمئىيەت قۇرمايتتۇق، ئوقەتچىلەر جەمئىيىتى قۇرۇپ، سېنى رەئىس قىلاتتۇق.

غېنى شاڭجاڭ كۈلۈپ كەتتى:

ـــــ مۇشۇ گېپىڭ ئۈچۈن ئال بۇ ھاراقنى!

ياسىن ھاراقنى ئىچىۋېتىپ قېنى قىززىپ تېخىمۇ يايراپ كەتتى، يۈزلىرى قىزىرىپ، كۆزلىرى خۇمارلىششقا باشلىدى. مۇشۇ تاپتا پاراڭلار جايىدا، كەيپىيات قىزغىن، ياسىن ئۈچۈن بىرلا كەم نەرسە قالدى، ئۇ بولسىمۇ مۇشۇ قورۇما كاۋاپتەك لەززەتلىك، چاي پىيالىسىدەك ئوماق، گۈل چىقىرىپ ئويۇلغان مىڭدەك چىرايلىق گۈلشەن...

ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ يەردە قالمىدى، بەش مىنۇتلاردىن كېيىن گۈلشەن كىرىپ، ئىككىسىگە چاي قۇيۇپ بېرىپ، ياسىنغا خۇمارلىق بىقىپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ـــــ سېنى كۆرۈپ بۈگۈن ئىچىلدى، مېڭشىلىرىنى قارا، شۇنچىلىك چاققان. بۇنداق قىزنى ئېلىۋالساڭ ياشايسەن ئۇكا، خوتۇنلۇققا يارايدىغان قىز دېگەن مۇشۇنداق چىچەن، مۇلايىم بولىدۇ. كۆڭلۈڭنى چۈشىنىدۇ...

ـــــ راست دەيسەن غېنىكا، ماڭا زادى مۇشۇنداق قىز كېرەك. بايا گەپلىرىڭنى ئاڭلاپ كاللام ئىچىلدى، بۇ ئىش راستىنلا كاللامدىن ئۆتتى. ئەتە دەمسەن، يا ھازىر دەمسەن، مەن زادى... گۈلشەننى نىكاھلاپ ئالغىنىم ئالغان.

ـــــ بۇ گەپنى ھازىر كەيپچىلىكتە دەپ قويۇپ، ھېلى خوتۇنۇڭنى كۆرگەندە ئۇنتۇپ قالسەنغۇ دەيمەن..

____ياق.. ياق، ماڭا بۇنداق گەپنى قىلما. مەن خوتۇن دېگەندىن قورقۇپ قالمايمەن. لېكىن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن دېگىنە، بۇنى سەندىن يوشۇرمايمەن... ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىدىن سەل ئەيمىنىدىكەن...

____ دېگىنىڭ توغرا، لېكىن خوتۇنغا ئامراقلىق قىلدىم دەپ ئۇنىڭغا تومۇرۇڭنى تۇتقۇزۇپ قويساڭ بولمايدۇ. ئەگەر خوتۇنۇڭنى بەك ياخشى كۆرۈپ كەتسەڭ كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالىسەن، ئۇ سېنى باشقۇرۇپ تۇرۇۋالىدۇ. شۇڭا نېمە ئىش قىلساڭ قىل، چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمە. خوتۇن خەق دېگەنمۇ ئۆزىنى باشقۇرىدىغان، ئاچچىقى يامان ئەردىن چۆچۈيدۇ، كۆڭلىدە خەپ دېسىمۇ لېكىن ھۆرمەتلەيدۇ، نېمە دېسە ماقۇل دەپ تۇرىدىغان نايناق ئەرنى ياقتۇرمايدۇ.

____ چۈشەندىم، ئىچىۋالساڭ باشلانغۇچنىڭ مالىمدەك سۆزلەيدىكەنسەن...

____ ئىچمىگەندىمۇ سۆزلەيمىز...___ دېدى غېنى شاڭجاڭ كەينىگە يۆلىنىپ كېرىلىپ،____ راست، مەن قىلمىغان شۇ بىرلا ئىش قاپتۇ، ئەپەندىچىلىك... ئەمما ساڭا دەرس بېرەلىگەنگە قارىغاندا مەن داشۆنىڭ مۇئەللىمى بولسام بولغۇدەك.

____ ھازىر قارىسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايسەن، تولا كىتاب كۆرۈپ بېشىدا تۈك قالمىغان زىيالى... ____ دېدى ياسىن قاقاخلاپ كۈلۈپ.

____ ۋۇي كاساپەت...___ دەپ تەڭلا كۈلۈپ كەتتى غېنى شاڭجاڭ،___ سەن چېقىلمىغان مۇشۇ باش قالدىمۇ ئەمدى...

____ لېكىن ساڭا مۇشۇ باش يارىشىدۇ، قارىسىلا ھەۋىسىڭ كۆچلۈك كۆرۈنىدۇ...تاقىر باشلار جەمئىيەتتە باشلىق بولساڭمۇ چاندۇرمايدۇ جۇمۇ...

____ ئەمدى ئىككى خوتۇنۇڭنى باشقۇرۇپ بولالماي مەندىن ئۆتە تاز بولۇپ كېتەمسەن تېخى...

____ چوڭ تازنى دوراپ كىچىك تاز بولسام مەيلى...

ئىككىسى بىر دەم كۈلۈشمەك قىلىپ ساز ئولتۇردى.

____ مانا قارا، يۇرتتىن ئايرىلىپ، مۇشۇ شەھەردە، شۇنچە ئادەمنىڭ ئارىسىدا جان بېقىپ كېتىپ بارىمىز. ئويۇن-تاماشىمىز جايىدا، يەيمەن دېسەڭ بار، ئىچىمەن دېسەڭ بار، خوتۇن دېسەڭ بىر ئەمەس ئىككىسى تەييار...___ دېدى غېنى شاڭجاڭ ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ يوغان قورسىقىنى سىلاپ___ دادامنىڭ دېيىشىچە، 60-يىللاردا ئۇنىڭ

تۈرمىدە ياتقان بىر ئاغىنىسى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىپتىكەن. ئۇ بىچارە نىمە دەپتىكەن دېمەمسەن: ھۆكۈمەت ماڭا بىر ۋاق تويغۇدەك تاماق بېرىپ، ئاغزىمدىن ھورى چىقىپ تۇرغان بىر خوتۇن بىلەن بىر كېچە ياتقۇزۇپ ئەتىسى ئەپچىقىپ ئېتىۋەتكەن بولسا رازى ئىدىم دەپتىكەن. دادام بۇنى تۈرمىدىن چىققانلاردىن ئاڭلاپ، نەچچە كۈنگىچە تۈزۈك تاماق يېيەلمەپتىكەن. دادامنىڭ شۇ گېپى بىلەن بىز ئاش-ناننى قەدىرلەيدىغان بولغان؛ مەن چوڭ بولۇپ دادامنىڭ ئاپامغا بىرەر قېتىم قاتتىق تېگىپ باققىنىنى بىلمەيمەن. مانا ھازىر قارايدىغان بولساڭ، ئالدىڭدا يېمەك-ئىچمەك ئېشىپ-تېشىپ تۇرغان، قىز-چوكان دېسەڭ ساماندەك... لېكىن بەزىدە مۇشۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلمايمىز. مەن ھەر قېتىم شۇ بىچارە ئادەمنى ئويلىسام، ھازىرقى كۈنۈمگە مىڭ شۈكرى دەيمەن؛ يەنە تۇرۇپ، ياخشى كۈنلەرنىڭ يامىنى كېلىپ، ھالىمىز ناچارلىشىپ كېتەرمۇ دەپ ئويلاپمۇ قالىمەن. شۇڭا مەن ھەر قانچە بېيىپ تىقلىپ كەتسەممۇ ئالدىراپ پو ئاتمايمەن، سىڭدۈرەلىگۈدەك يەپ-ئىچىپ، كۆتۈرەلىگۈدەك ئوينايمەن. باياتىن بېرى، ھەممە ئىشنى چاغلاپ قىلايلى، ھەددىمىزدىن ئاشمايلى دېگىنىم شۇ.

__ دېگىنىڭ توغرا، لېكىن مەن مۇشۇ تاپتا ھەددىمدىن ئېشىپ كېتىۋاتقاندەك قىلىمەن...__ دېدى ياسىن قاڭسىق بىر كېكىرىپ قويۇپ،__ مەن ئەزەلدىن قوشلاپ خوتۇن ئېلىشنى ئويلاپ باقمىغان، لېكىن بۇ گۈلشەن مېنى راستىنلا ساراڭ قىلدى جۇمۇ ياسىنكا...

__ شۇڭا مەن سېنىڭ بېشىڭنى ئوڭشاپ قوياي دەۋاتىمەن ئەمەسمۇ.

__ بېشىمغا پىت تېرامسەن تېخى... ئىككى خوتۇنىنىڭ ئارىسىدا قالساڭ جاپا دېگىنە... __ دېدى ياسىن مەنىسىز ھېجىيىپ، كەيپى ئۆرلىگەنچە ئۇنىڭ ئىچىگە بىر ئەسەبىيلىك ھەم ئەنسىزلىك كىرىۋالغانىدى،__ مۇشۇنداق قىلىپ تېخىمۇ... بۇزۇلسام...

__ بۇزۇلمايسەن ئەخمەق، تۈزۈلىسەن! ھەممىسى ئۆزەڭگە باغلىق. مۇشۇنداق قىلساڭ ئوڭشىلىسەن، گۈلشەننىڭ بېشىنىمۇ ساقايتىسەن، خوتۇنۇڭنىمۇ خوش قىلىسەن. ئىنسانچىلىقتا بۇنىڭدىن ياخشى ئىش يوق..

__ بوپتۇ، بۇ گېپىڭنى توغرا دەپ تۇرايلى، لېكىن گۈلشەننى رەسمىي خوتۇن قىلغاندىن كېيىن بىر مۇنچە ئىش چىقىدۇ...

__ ھەي.. ھېلى بىر ئوبدان تۇراتتىڭ، ئەمدى يەنە تىلىڭنى چايناپسەنغۇ...__ دېدى غېنى شاڭجاڭ

سەگەكلىشىپ،___ ئەتىدىن شۇنچە گەپ قىلسام قۇلىقىڭغا كىرمەپتۇ-دە...

___گۈلشەن تۇغۇپ قالسا قانداق قىلىمەن...

___ باقساڭ بولىۋېرىدۇ، هارامىلىق ئەمەستە ئۇ!

___ بالىنى كىم باقىدۇ؟..

غېنى شائجاڭ ياسىنغا قاراپ تۇرۇپ قالدى، هاراق ئۇنىڭ بېشىغا چىققان بولۇپ، هېلى ئۇنى، هېلى بۇنى دەپ دەردىنى تۆكۈۋاتاتتى.

___ بىر نېمە قىلىپ باقارسەن يا باقماي تاشلىۋېتەرسەن ، ماڭا تاشلاپ بېرەمتىڭ يا؟___ دېدى غېنى شائجاڭ سەل خاپا بولۇپ،___ قورقما، چىچساڭ پوقۇڭنى مەن ئادالايمەن، يېنىڭدا ئاكاڭ بار! غېمىڭنى قىلغانچە گەدەنگە مىنىۋالتىسەن-هە...

___ ياق، ياق، ئۇنداق ئەمەس، هاراقتىن كاللام سەل كېتىپ قاپتۇ.

___ ئىچسەڭمۇ، چەكسەڭمۇ ساق ئولتۇر، دەۋاتقان گېپىڭگە ئىگە بول. يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن دەپتىكەن. بىر ئىشنى قىلىمەن دېگەندىكىن چوقۇم قىل، خوتۇن كىشىدەك كۆپ ئويلىنىپ كەتمە، ئالدى-كەينىڭگە كۆپ قارىما، تەۋەككۇلدىن قورققان ئادەم ئامەتنى قاچۇرۇپ قويىدۇ، بۇنى ئوبدان ئاڭلا!

___ راست دەيسەن، سەن قوللاۋاتقان يەردە مەن نېمىدىن قورقاتتىم... ماڭا كۆپ ئاتىدارچىلىق قىلىۋاتىسەن.

___ لېكىن سەن ماڭا يامان ئەركىلەۋاتىسەن...

___ غېمىنى تۆگىتىشىپ بېرەمدىكىن دېدىم، ساڭا دېمىسەم كىمگە دەيمەن گېپىمنى! خوتۇنغا يا دېگىلى بولمىسا...

___ هەر قانداق غەمنى ئىچىڭدىلا تۆگەت، نېمە ئىش بولسا ئۆزەڭ هەل قىل. ئۆلەلىگەن ئادەم ياشاشنىمۇ بىلىشى كېرەك.

___ قېرى پەيلاسوپتەكلا گەپ قىلىدىڭ-دە!... ئۆزەڭ شۇنداق ياشىيالامسەن؟

___ مەن بۇ گەپنى ئۆزەمگە دېگىلى يىگىرمە يىلدىن ئاشتى.

___ قارىغاندا مەن سەندەك ياشاشنى بىلمەيدىكەنمەن. چوڭراق بىر ئىشنى قىلاي دېسەملا كۆزۈم قورقىدۇ.

ــــ ماڭغىناۋا، نەچچە يىلدىن بېرى كۆلدا قانداق ياشىدىڭ؟! جاننى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ چىققان ئادەم مۇشۇنچىلىك ئىشقمۇ تەۋەككۈل قىلالامسەن؟ ئامەتنى تارتقۇزۇپ قويساڭ ئىككىنچى كەلمەيدۇ...ساڭا شۇنچىلىك دەپ قوياي.

ــــ مەن دېدىمغۇ، گۈلشەننى ئالغىنىم ئالغان.

ــــ ئالساڭ ماڭا ئېلىپ بەرمەيسەن. ئۆزەڭنىڭ بەختى ئۈچۈن ئالسەن.

ــــ بۇنى بىلمەن.

ــــ ئىش چىقسا ئۆزەڭ ئىگە. مىنى چېتىۋالساڭ نامەرتلىك قىلغان بولىسەن.

ــــ خاتىرجەم بول... ئىش چىقمايدۇ.

ــــ ئەمسە شۇنداق بولامدۇ؟

ــــ شۇنداق بولسۇن، گېپىم گەپ.

ــــ ئەمدى يېنىۋالمايدىغانسەن؟

ــــ يا..ياق، مەن خوتۇن خەق ئەمەس...

ــــ ھېلى خوتۇنۇڭنى كۆرۈپ مەستلىكىڭ يېشىلىپ كەتسە پۇشايمان قىلارسەن؟

ــــ ياق، مەن ئەزەلدىن قىلغان ئىشىمغا پۇشايمان قىلمايمەن.

ــــ ھەببەللى، ئەمدى ئەركەككە ئوخشىدىڭ، باياتىن قۇرۇق گەپنى تولا قىلىپ ئەڭ مۇھىم گەپنى دېيىشمەپتۇق، نىكاھىڭنى قاچان قىلىمىز؟

ــــ قاچان بولسا بولىۋېرىدۇ.

ــــ مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە بولسا بولار؟

ــــ بولىدۇ...

ــــ كۆزۈڭنى ئېچىپىراق گەپ قىل، زادى قاچان بولىدۇ؟

ــــ سەن قاچان دېسەڭ شۇ چاغدا بولسۇن.

ــــ ماڭا توقامنى ئارتىنىڭ-دە، بوپتۇ، ئەمسە جۇمە كۈنىگە توغرىلايلى. شۇ كۈنى ئاشخانىغىلا كەلسەڭ،

مەسچىتكە بىللە بارىمىز. نامازدىن كېيىن ئاخۇننى چاقىرىپ، ئىككى ئۈچ ئادەمنى بىللە ئېلىپ كىرىپ ، نىكاھىڭنى ئوقۇيمىز. ئاندىن گۈلشەننى بازارغا باشلاپ بېرىپ، بىر تال ئۈزۈك بولسىمۇ ئېلىپ بېرىسەن، كۈمۈش ئالماي ئالتۇن ئالسەن، بۇنىڭغا چىدايدىغانسەن؟

___ قېيناتامدەك گەپ قىلسەڭغۇ... ئۇنىڭغا چىدىمىسام خوتۇن ئالمەن دەپ نېمە ئىش قىلمەن..

___ قېيناتاڭ بولسامىمۇ بولاي، سەندەك گۇيغا زادى مەندەك ئادەم لازىم.

___ شۇنداق قىلىپ مېنى ئۆيلىشۇپتىدىغان بولدۇڭ.

___ قانداق، بولمامدىكەن؟ ئىشنى ئۆزەڭ تېرىپ بولغان، مەن پەقەت بېشىڭنى ئوڭشاپ قويدۇم.

___ ياق، بېشىمنى باغلاپ قويدۇڭ، ئىككى هارۋىنى سۆرەيدىغان كالا بولدۇم، ئەمدى نېمە بولسام بولدۇم، باغلاندىم، جاپا تارتماي هالاۋەت يوق.

___ توغرا دەيسەن، ئەمدى مەن چىقىپ گۈلشەننى چاقىراي، قالغان گەپنى ئىككىڭلار دېيىشىڭلار.

غېنى شاڭجاڭ ئۆزۈن بىر ئەسنەپ ئورنىدىن قوپۇپ پۇت-قوللىرىنى تۈزىگەندىن كېيىن سىرتقا ماڭدى.

جۈمە كۈنىدىكى نىكاھنىڭ گېپى چىققاندىن كېيىن گۈلشەندىن بەكرەك خوتۇننى ئويلاپ ئولتۇرغان ياسىن گۈلشەننىڭ كىرىدىغىنىنى ئاڭلاپ باشقىچە روهلاندى، ۋۇجۇدى تەقەززالىقتا قالدى. گۈلشەن بايا چاي قۇيغىلى كىرگەندىلا غېنى شاڭجاڭ ياسىننىڭ ئېچىرقاپ كەتكىنىنى سەزگەن، بۇ ئەرنى كۈتۈپ ئولتۇرغان چىرايلىق جۇۋاننىڭ بىچارە هالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغانىدى.

بەش مىنۇتلاردىن كېيىن گۈلشەن كىرىپ ئىشىكنى تاقىدى، ياسىن خۇمارى ساڭگىلىغان بەڭگىدەك پۇشۇلداپ ئۇنىڭغا قاراپ كەلدى. "قۇچاقلاشما جەڭ" باشلىنىپ كەتتى، تەڭ قىزىپ، تەڭ ئەسەبىيلىشىپ ئىشنىڭ ئەۋجىگە چىقاي دېگەندە ئۆزلىرىنى بېسىۋېلىشتى. ئورۇندۇققا كېلىپ، بىر-بىرىگە مەستانىلەرچە قاراپ ئولتۇرۇشتى .

___ نېمە دېيىشتىڭلار؟

___ ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ ئاڭلاپ بولغانسەن...

___ مېڭە نېرى، باشقا قىزلار نېمە دەپ قالدۇ.

___ شۇ، سېنىڭ ئىشىڭنى دېيىشتۇق.

___ مېنىڭ نېمە ئىشىمنى؟

___ تويى ئىشىڭنى بولمامدۇ... مەن سىنى ئالدىغان بولدۇم.

___ كىم شۇنداق دەيدۇ؟

___ غېنى شاڭجاڭ.

___ غېنى شاڭجاڭ مېنىڭ دادامىمكەن؟

___ نېمە، سەن بۇ ئىشنى ئۇقمامتىڭ؟

___ بىر كىم ماڭا بىر نېمە دېمىسە، نەدىن بىلەي.

___ بۇ ئىشقا سەن قوشۇلمامسەن؟

___ ئاتا-ئانامنى قايرىپ قويۇپ ئەرگە تېگە مدىمەن؟

___ ئۆتكەندە ئۆزەڭ خوتۇن قىلسىڭىز مەيلى دەۋاتاتتىڭغۇ، ئۇنتۇپ قالدىڭما؟

___ ئۇنتۇپ قالمىدىم، لېكىن رەسمىي خوتۇن قىلىك دېمىگەن.

___ مانا، مانا، گېپىمىز بىر يەردىن چىقتى، مەنمۇ سىنى رەسمىي خوتۇن قىلاي دەۋاتمايمەن، غېنى شاڭجاڭنىڭ بۇرۇتىدىن ئۆتىۋېلىش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىۋاتىمەن. جۇمە كۈنى تۇڭگان ئاخۇن نىكاھ ئوقۇيدۇ، چۇشەنمەيسەن... شەكىل ئۈچۈنلا قىلىدىغان نىكاھ بۇ.. چۈشەندىڭمۇ؟

گۈلشەن كۈلۈمسىرىدى:

___ چۈشەندىم، ئاندىن كېيىنچۇ؟

___ ساڭا بىر تال ئۈزۈك ئېلىپ بېرىمەن.

___ ئەجەپ ياخشى، قانداق ئۈزۈك ئېلىپ بېرىسىز.

___ بارغاندا ئۆزەڭ تاللا، لېكىن بەك قىممەتكە ئېسىلىۋالما.

___ ماقۇل، لېكىن شۇنىڭ بىلەن ئىش تۈگەمدا؟

___ يەنە نېمە قىلىپ بەرسەم بولاتتى؟

___ ئىككىمىز نەدە تۇرىمىز؟

ــــ تۇرىدىغان جايىنى ئۆزەم تاپىمەن.

ــــ پىڭفاڭ ئۆي تاپماي بىنا ئۆيدىن تاپسىڭىز بولاتتى. مۇشۇ ئەتراپتا قىرىق پىڭملىق كىچىك ئۆيلەر بار ئىكەن، بىر ياتاق، بىر كېتىك، ئىچىدە مۇنچىسى بار دەڭا. تۇرساق مۇشۇنداق ئۆيدە تۇرساق بولاتتى...

ياسىننىڭ بېشىغا غەم چۈشتى، ئۇ خىيالدا ئىككى، ئۈچ يۈز كويلۇق پىڭفاڭ ئۆيلەرنى مۆلچەرلىگەنىدى.

ــــ بۇ ئەتراپتا بىنا ئۆي قىممەت، بىز تەرەپتىن ئىزدەپ باقاي، ــــ دېدى ياسىن ئىلاجىنىڭ بېرىچە گۈلشەنىنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويماسلىققا تىرىشىپ،ــــ ياخشى ئۆيلەر ئۇچراپ قالار.

ــــ بىنا ئۆي ئىزدەپ باقارسىز، پىڭفاڭ ئۆيدە ياشاپ تويۇپ كەتتىم ، بىر خەنزۇنىڭ ھويلىسىدا تۇرىمىز دەڭا، ئادەم كۆرمىگەن نەرسىنى يەيدىغان خەقلەركەن، ھازىرغۇ قىزلار بىلەن قورقمايمەن، لېكىن يالغۇز تۇرسام قورقىمەن...

ــــ ماقۇل، مەن ئىزدەپ باقاي.

ــــ ئىجارىسىنى تەڭ چىقارسامۇ چىقراي، چوقۇم بىنا ئۆيدىن تېپىڭ...ــــ دېدى گۈلشەن قەيسەرلىك، كەسكىنلىك بىلەن.

بۇ گەپ ئۇنداق ئاسان يەردىن چىقمايتتى، ياسىن جىددىيلىشىپ قالدى:

ــــ مېنى ئوسال قىلاي دەمسەن، خاتىرجەم بول، ئارزۇيۇڭغا چوقۇم يەتكۈزىمەن...ــــ دېدى ۋە ئارقىدىنلا گۈلشەنىنىڭ قولىدىن تارتىپ ئۇنى قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزدى، خۇددى يوقىتىپ بىر دەم ئەسەبىيلەشتى.

ــــ ئۆزىڭىزنى تۇتىۋېلىڭ،ــــ دېدى گۈلشەن ئۇنىڭ قولىنى ناز بىلەن ئىتتىرىپ،ـ ئايرىم ئۆيىمىز بولغاندا نېمە قىلسىڭىز قىلىڭ، مەن سىزنىڭكى...

ــــ توۋا، سېنىڭ نەرىڭ ماڭا شۇنچە يېقىپ قالغاندۇ، كېچىسى خوتۇن بىلەن ياتسامۇ كاللامغا كىرىۋالىسەن... جىن ساراڭ.

ــــ ئادەمنى تىللىماڭە ئۇنداق...ــــ دېدى گۈلشەن ئەركىلەپ تومۇشۇقىنى سوزۇپ، ــــ كىم كىمگە چاپلاشتى؟!...

ــــ سەن ماڭا چاپلاشتىڭ، ھۇجرىغا كىرسەممۇ سەن، تالاغا چىقسامۇ سەن، خالاغا كىرسەممۇ سەن...

گۈلشەن ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتى:

___ خالادىمۇ مېنى ئويلاپ ئولتۇرامسىز، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرۇپ...

___ ئادەم قاچان راھەتلەنسە شۇ چاغدا شىرىن خىيال قىلىدۇ، سەن ئۇنداق قىلمامسەن؟ مېنى ئويلىمامسەن؟

___ ئويلايمەن، ئويلاپ ساراڭ بوپ كېتىمەن، قاچان بىرگە بولارمىز دەيمەن، نىكاھ قىلمىسىڭىزمۇ مەيلى، ئۆي تاپسىڭىز بەك خوش بولاتتىم، جان دەپ خىزمىتىڭىزنى قىلاتتىم.

___ ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول، سېنى ئېلىپ قويۇپ ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بەرمىسەم بولماس.

___ مېنى راست خوتۇن قىلامسىز؟

___ ئەمىسە نېمە قىلاي؟

___ نېمە قىلسىڭىز قىلىڭ، مەن سىزنىڭ.

ئىككىسى بىر دەم قېنىشقاندىن كېيىن ياسىن قايتقىلى ماڭدى. غېنى شاڭجاڭ ئالىلقاچان ھۇجرىسىغا كىرىپ خوتۇنىنىڭ قوينىغا دۇم چۈشكەن بولۇپ، ياسىنى گۈلشەن ئۇزاتتى.

قاراڭغۇلۇقتا چىققان ياسىننىڭ بايىقى شەھۋانى ئىستەكلىرى يەنە جۇش ئۇرۇپ كەتتى.

___ ماڭغىنە، خالىيراق يەرگە بېرىپ خوشلىشايلى...

___ نېمە ئىش قىلىمىز؟

___ ماڭ دېگەنىدىكىن ماڭغىنە... ساڭا پەقەت قانمىدىم.

___ كوچىدا سەت تۇرىدۇ. بۈگۈن چىداپ كېتىپ تۇرۇڭ، مەن ئەمدى قاچان دېسىڭىز تەييارغۇ؟...

___ بىر قېتىمغا ئۇنىمامسەن؟

___ كىم تويىدىن بۇرۇن ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىزنى مۇشۇنداق قىلىدۇ؟

ياسىن كۈلۈپ كەتتى:

___ ئەجەپ قىزىقچى بولۇپ كېتىپسەنغۇ سەن، قىلسام بولمامدا؟!...

___ خوش بولاي، كەينىمدە قىزلار قاراپ تۇرىدۇ، مۇشۇ قېتىم سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن، كېيىن كۆڭلىڭىزنى ھەرگىز يەردە قويمايمەن.

___ بوپتۇ ئەمىسە...

ــــ خاپا بولمىغانسىز؟

ــــ ياقەي... كېيىن دەردىمنى قوشلاپ ئالىمەن.

ــــ مەيلى، ئۇ چاغدا نېمە قىلسىڭىز ياق دېمەيمەن...

ــــ ئەمسە مەن كەتتىم، جۈمە كۈنى تەييار بولۇپ تۇر.

ــــ ماقۇل، خوش ئەمسە، يولدا قاراپ مېڭىڭ...

ياسىن شىرشىملىكتە لەيلەپ تاكسىدىن بىرنى توستى، بېشىنى ئارقىغا تاشلاپ كۆزىنى يۇمدى، قانمىغان ھەۋىسىنى ئۆيىگە بېرىپ خوتۇنىدىن قاندۇرالامدۇ؟ گۈلشەنگە بەرگەن ھېسسىياتىنى شۇ خوتۇنغا بېرەلەمدۇ؟ گۈلشەننىڭ بۇ قېتىم گەپكە كىرمىگىنى توغرا، كوچىدا قالغان ئىتتەك تالادا سۆرىشىپ، سەتلىشىپ يۈرسە نىمىدېگەن نومۇس... ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆي تېپىش، ئادەمدەك ياشاش كېرەك.

ئۇ ھۇجرىسىغا كىرگەندە رەيھان ئۇنى ساقلاپ تېخى ئۇخلىمىغانىدى. بىچارە خوتۇن، بىچارە بالا... كارىۋاتتا يانمۇ يان ئۇوق تەگكەندەك ياتاتتى.  ياسىننىڭ كۆڭلى سەل-پەل يېرىم بولدى. ئەمما نەپسىنى يىغىپ ئاغزىغا ئاپارغان بېلىقنى قويۇپ قويغىنىدىن،  خوتۇنغا يۈز كېلەلمىگۈدەك ئىش قىلمىغىنىدىن ئۆزىچە پەخىرلىنىپ، كىيىملىرىنى يېشىپ كارىۋاتقا چىقتى.

ــــ بۈگۈن پەستە يېتىڭ، بالىنى قىستاپ قويىسىز!

ــــ نېمىشقا؟ بالا پەستە ياتسۇن.

ــــ بالا ئاران ئۇخلىدى، پەستە ئۆزىڭىز يېتىڭ، ھاراق پۇراپ كىرىپ يەنە قېشىمدا ياتامتىڭىز؟

رەيھاننىڭ خاپىلىقى ئۇنىڭ خوتۇن ھەۋىسىنى  تۇنجۇقتۇرۇپ قويدى. خوتۇنىنى ئېرىتىپ شام قىلىپ كۆڭلىنى ئېلىش ۋە ئۆز كۆڭلىنى ئېچىش ئارزۇسى يوققا چىقتى؛ خوتۇنى بېشىنى بۇراپ بالىسى تەرەپكە قاراپ يېتىۋالغاندىن كېيىن ئۇ بۇ تۇرمۇشنىمۇ ئۆزىدىن يۈز ئۆرىگەندەك ھېس قىلىپ، گۈلشەن بىلەن بولىدىغان "گۈزەل" ئەر-خوتۇنچىلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆڭلىنى تىندۇردى.    ئۇ رەيھاننىڭ سوغۇق چىرايىغا بىر دەم تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن رايى پۈتۈنلەي يېنىپ، پەسكە يوتقىنىنى تاشلاپ يالغۇز ياتتى، ئىچىدە "خەپ" دېدى. ئەگەر مۇشۇ پەيتىنىڭ ئۆزىدە خوتۇنىنى قۇچاقلاپ ئېلىپ، قوينىغا سېلىپ، مەجبۇرلاپ ھەۋىسىنى قاندۇرسا، رەيھان بىر دەمدە ئېرىپ، كۆڭلى

ئېچىلىپ، ھاياجانلىنىپ، چىرايى قىزىل گۈل تۈسىگە كىرەتتى. ئەمما ياسىن بۇنداق قىلىشنى خالىمىدى، خوتۇننى يەنە يالغۇز تاشلاپ قويىدى، قەستەن شۇنداق قىلدى، " ئېرى ساق كەلسىمۇ، مەست كەلسىمۇ قويىننى ئېچىپ كۈتەلمەيدىغان ئۇنداق خوتۇننىڭ جازاسى مۇشۇ..." دەپ ئويلىدى. خوتۇنى ئۇنىڭ ھاراق پۇرىقىدىن سەسكىنىسە بالىنى پۇراپ ياتسۇن...

خوتۇننىڭ بۇنداق تېرىككەكلىكى، سەپرالىقىنى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۆزگە تاشلاپ بېرىش كېرەك، ئاچچىقتا ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ ياتسۇن. ياسىن خوتۇنى ھەققىدە ئاچچىق خىيال سۈرۈشنىمۇ خالىماي كۆڭلىگە ئارام بېرىدىغان گۈلشەننى ئويلاشقا باشلىدى، مۇشۇنداق قىلسا خوتۇنىدىن ئۆچ ئالغاندەك بولاتتى، كۆڭلى ئارام تاپاتتى.

رەيھان بالىسىنى قۇچاقلاپ، يەنە بىر ئازابلىق كېچىنى كۈتتۈۋالدى.

## 18

ياسىن ئۆمرىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلىرىدا ئىككى خوتۇن ئالغىنىدىن پەخىرلىنىپ ئەركەكتەك ئىش قىلدىم دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئەركەكلىك بىلەن نامەرتلىكنىڭ ئارىلىقى بىر قەدەم. ئەركەكلەر ئۆز نەپسىگە توغرا كېلىدىغان، يوشۇرۇن ئىستەكلىرىنى قاندۇرىدىغان ھەر قانداق ئىش قىلىۋاتقاندا ئەسلىدە ئۆزۈنىدىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتقان ئىشنى قىلىۋاتقاندەك، غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇدا ھاياجانلىنىدۇ، بۇ ھاياجاندا ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى بىلمەس بولۇۋالىدۇ، بىر كۈن بولسىمۇ ياشايمەن دەيدۇ، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاشتىن قاچىدۇ.

تۇغۇلغان ئاخۇن نىكاھ ئوقۇۋاتقاندا ياسىننىڭ قۇلىقىغا ھېچنېمە كىرمىدى، رەيھاننىڭ غەزەپلىك ھالىتى، يىغلاي دېسىلا تۆكۈلىدىغان كۆز ياشلىرى كاللىسىدىن كەتمىدى؛ گۈلشەنىمۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى، ئۆزىنى پەقەت غەيرى رەسمى بىر ئويۇنغا قاتنىشىۋاتقاندەك ھېس قىلدى؛ كىچىكىدە مەھەللىسىدىكى ئوغۇللار بىلەن يالغاندىن ئەر-خوتۇن بولۇشۇپ، ئوچاق ياساپ، لايدىن خېمىر يۇغۇرۇپ، پىلتە قىلىپ ئويناۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلدى. ئويلاپ باقسا، بويىغا يېتىپمۇ ئويناشتىن قالماپتۇ، ئىشلەپ پۇل تېپىشتىكى مەقسەتمۇ ئويناش ئىكەن؛ ياخشى كۆرۈش، ياخشى كۆرگىنى بىلەن بىللە بولۇشمۇ ئويناش ئىكەن؛ ھازىرقىدەك راست-يالغان خوتۇن بولۇشمۇ ئويناش ئىكەن؛ تۇرمۇشنىڭ ئەسلى مەقسىتى ئويۇن-تاماشىمۇ؟ توي قىلىپ ئارقىدىن ئاجرىشىپ كەتسە شۇ ئويۇنغا قانمىغان بولامدۇ؟ مىجەز

كېلىشەلمەسلىك، تالاغا قاراپ قېلىش، غايىۋى جورىسىنى كۈتۈش، بىر-بىرىدىن زېرىكىش، ئادا-جۇدا بولۇش...دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى قىززىقى تۈگىگەن ئويۇننىڭ خاتىمىسى ئەمەسمۇ؟! گۈلشەنمۇ شۇنداق بولارمۇ؟ ياسىن ئۇنى خوتۇن دەپ ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۇشتۇمتۇت زېرىكىپ تاشلاپ قويارمۇ؟...

گۈلشەن خۇددى راست تويى بولىدىغان قىزدەك ئەندىشە ئىچىدە جىمىپ كەتتى، نىكاھ ئوقۇۋاندىكىن خوتۇن بولدى دېگەن گەپ، ئەمما گۈلشەننىڭ رەسمى خوتۇن بولغۇسى يوق ئىدى، ئۆزىنىڭ تويىنى ھەرگىز بۇنداق بولىدۇ دەپ ئويلاپ باقمىغانىدى؛ ئەدناسى، توي، تۇرمۇش، ئائىلە دېگەنلەرنى ناھايىتى يىراقتىكى ئىشلار، ياكى ئاسانلىقچە يۈز بەرمەيدىغان ئىشلار دەپ  قاراپ كەلگەنىدى، ئۇنىڭ كاللىسىدا كېلىچەك شۇ قەدەر غۇۋا ئىدىكى، خۇددى ئاشخانىنىڭ سۈرتۈلمىگەن دېرىزىسىگىلا ئوخشايتتى. ئۇ بۇ ھالىغا توساتتىن زادىلا ئىشىنەلمەي قالدى، توي قىلدى، ئەرگە تەگدى،  بۇ قانداق توي، كۈلچە تويىمۇ؟ يېنىدا نە ئاتا-ئانىسى، نە بىر تۇغقان قېرىندىشى، نە بىر تال مۇشۇكى؟! ھېچ ئىنسۇ جىن يوق، ئەرگە تېگىۋاتقىنىنى  ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئەرگە تېگىۋاتىمەن دەپ ئويلايدۇ، ئەمما راستلا شۇنداق ئويلىسا بۇ ئويۇن چېكىگە چىققان بولىدۇ، بۇ ئىشنى ھەر ئىككى تەرەپ يالغان دېسە يالغان، راست دېسە راست. بۇنى كېيىنكى ئەمەلىيەت بەلگىلەيدۇ. نېمىلا دېگەن بىلەن  تۇرمۇش يېڭىدىن باشلىنىدۇ، تۇرمۇش دېمەك جەڭ دېمەك...

گۈلشەن ياسىننىڭ ئۆسۈپ قالغان ساقىلىغا قاراپ، بۇ ساقال ئاقارغىچە ئۇنىڭغا خوتۇن بولارمەنمۇ يا نېمە بولارمەن؟ دەپ ئويلاپ قالدى. خوتۇن بولۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر ھېسابتا ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قېلىش، كۈرسىدىن چۈشۈش، جەلپكارلىقىدىن ئايرىلىش، بالدۇر تۇغۇش، قېرىش، تاشلىنىش... دېگەننى بىلدۈرەتتى؛ يالغان خوتۇن بولدۇم دەپ ئۆزىنى بۇنىڭغا ئىشەندۈرۈشكە تىرىشسىمۇ، ئۆزىنى راست خوتۇندەك ئويلاپ قېلىشتىن قۇتۇلالمايتتى؛ چۈنكى  توي قىلىش، ئانا بولۇش خوتۇن خەقنىڭ تۇغما تەبىئىتى، رەسىدە بولغاندىن باشلاپ ئويلايدىغان ئىشى. بۇ ئىش يالغاندىن بولسىمۇ ئىشقا ئاشتى، ئەمما ئاخىرى يالغان ئەمەس، ئوقۇلۇۋاتقان سۈرە-ئايەتلەر راست،  ياسىن بىلەن گۈلشەن بۇنى چۈشەنمىسىمۇ ئۇنى مۇقەددەس بىلىپ مۇشۇ يەرگە___ مەسچىتكە كەلدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا بۇ ھەرگىز ئويۇن ئەمەس...

گۈلشەننىڭ ئىچى سىقىلىپ كەتتى، بۇ توي بەك رەسمى بولمىغاندىكىن مەسچىتكە كەلمەي، باشقا يەردە نىكاھ

قىلسا ياكى نىكاھ ئوقۇتمايلا رېستۇراندا چاي ىېرىپ ئىشنى تۈگەتىسمۇ بولاتتىغۇ؟ ئىككى ئەر ھېلىقى كۈنى ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ مەسلىھەتلىشىپ، پۇل خەجلىمەيدىغان ئاسان ئۇسۇلنى تاپقان گەپ...

گۈلشەن تۇرۇپلا ياسىننىڭ مەرتلىكىدىن گۇمانلىنىپ قالدى، ئۇ ئۆزۈك ئېلىپ بىرىمەن دەپ ئالمىسىچۇ؟ ئالدىن ئېلىپ قويغاندەكمۇ قىلمايدۇ، بازارغا باشلاپ بىرىپ ئالسىمۇ مەيلى، ئەمما ئالماي قالسا گۈلشەننىڭ كۆڭلىگە كېلىدۇ، بەلكى يۈرىكىگە ئۆچمەس داغ چۈشىدۇ. ئۇنىڭ گۈلشەننى قانچىلىك سۆيىدىغانلىقى، خوتۇنىدىن قورقىدىغان قورقمايدىغانلىقى ئۇنىڭ مەرتلىكى ياكى چۈپەيلىكى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ...

گۈلشەن تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشنى ئويلاپ غەمگە چۆكتى، تېخىچە ئۆي يوق، تېخىچە ئۆي يوق، كارىۋات يوق، مۇنچا يوق، خەنزۇنىڭ ھويلىسىدا قىزلار بىلەن ئوپچە يېتىپ يېتىلاپ يۈرگىلى ئۆزۈن بولدى، سىرتتا مۇنچىغا چۈشسە قىممەت ھەم ئاۋارىچىلىق. رېستۇراندىن بىكار بولۇپ بىرىشقىمۇ پات پۇرسەت چىقمايدۇ. قىرىق كۋادرات مېترلىق، مۇنچىسى بار ئەپچىل ئۆيدە ياشاشنى غايە قىلغىلى ئۆزۈن بولدى، ئىشقا ئاشامدۇ-ئاشىمامدۇ، ئەمدى كۆرىدۇ. "بولغۇسى ئېرى" دىن بىراقلا كۆپ نەرسە تەمە قىلىپ كەتسە، ئانچە مەرت كۆرۈنمەيدىغان بۇ لاۋبەن ئىككى يېنىغا قاراپ تېتىلداپ، گۈلشەنىدىن بىزار بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىر ئۆيمۇ بولار، مۇنچىمۇ بولار، ئۆيگە كىرگەنىدىن كېيىنكى ئەر-خوتۇنلۇق شۇنچە شېرىنمۇ بولار، ئەمما ھەممىشە شۇنداق بولىۋېرەرمۇ؟ بىر ئۆي دېگەننىڭ ئۇششاق-چۈششەك ئىشلىرى چىقىدۇ. ئىككى ئادەم بىر ئۆيدە يۈقىرى-تۆۋەنلىك مۇناسىۋەتتە بولۇشىدۇ، بەزىدە كۆڭۈل، بەزىدە غۇرۇر، بەزىدە خۇشاللىق، بەزىدە ئاچچىق ئالدىغا ئۆتۈۋالىدۇ. گۈلشەن ئەمدى ياسىننىڭ "كىچىك خوتۇن" دەپ ئاتاپ قويۇشىغىلا ئەمەس، ئەمەلىي كۆڭۈل بۆلۈشىگە مۇھتاج. ئەگەر ياسىن بۇ خوتۇنىدىن ھۇزۇرلىنىشنىلا بىلىپ، مۇشۇكتەك تاتقۇشلاپ ئەركىلىتىپ قويۇپ، خالىسا قوپاللىق بىلەن ئازار بەرسە ئۇ چاغدا گۈلشەن قانداق قىلىدۇ؟ ياسىن شۇنداقمۇ قىلارمۇ؟

گۈلشەن كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى ئويلاپ بارغانچە بىئارام بولغىلى تۇردى، خوتۇن بولۇشنى مۇھەببەت ئۈچۈن دەپ بىلسە بۇنداق نىكاھ قىلىپ ئولتۇرمايتتى، بۇرۇنقىدەك ياشاۋېرەتتى، ئەمسە نېمىشقا توي قىلىمەن دەپ قويتى، نېمىشقا ئاران تۇرغان قېرى قىزدەك بىر دەمدە ئۆزىنى ئەرزان قىلدى؟ نېمىشقا بىلىپ تۇرۇپ بۇ چەكلىمە، بۇ جاپا-مۇشەققەتكە ئۆزىنى ئاتتى؟ يالغاندىن بولسىمۇ رەيھان ھەدىسى بىلەن تەڭلىشىش، ھوقۇق تالىشىش ئۈچۈنمۇ؟ راست، خوتۇن بولۇش بىر خىل ھوقۇق! ئەمما ئۇ ياسىننى باشقۇرىمەن دېسە ئەتىسىلا تېپىك يەپ قوغلىنىدۇ، ئەگەر

ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك بويسۇنۇپ، مۇتلەق رايىشلىق بىلەن تەنىنازلىقنى ھەر ۋاقىت كۆرسىتىپ تۇرسا، خۇلق-نازى بىلەن ئۇنى خۇمار قىلىۋالسا مەقسىتىگە يېتىدۇ، ئۇنىڭ غۇرۇرى ۋە پۇلىنى خەجلەش ئۈچۈن بۇرۇنقىدىنمۇ پەيزى بولۇپ كېتىشى كېرەككى، ئۇ بۇ لەززەتتىن ئايرىلمايدىغان، ھەتتا خوتۇن-بالىسىغا قارىمايدىغان بولىدۇ...

خۇددى ياسىندەك، گۈلشەنمۇ شۇ تاپتا رەيھاننى ئويلاپ قالدى، سۇتتەك ئاق، ناۋاتتەك تاتلىق، قارا كۆز جۇۋان شۇنچە چىرايى تۇرۇپ ئېرىنى نېمىشقا ئۆزىگە قارىتالمىغاندۇ؟ بەدىنىدە بىرەر ئەيىپ بارمىدۇ؟ جىنسىي ھەۋىسى سۇسمىدۇ؟ بەدىنى قىززىق ئەمەسمىدۇ؟ ئېرى نېمە دېسە ماقۇل دەپ كۆلۈپ يېتىپ بەرمەمدىغاندۇ؟ بالىسىغا بەك قاراپ كېتىپ ئېرىنى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ؟ ياكى ئېرىنى تولا كۆنلەپ سوقۇشۇپ ئۆزىنى ھازازۇل ئالۋاستىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنمىدۇ؟ بۇنداق خوتۇن ھەر قانچە گۈزەل بولسىمۇ ئېرىنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنىدۇ... دېمەك، ياسىنغا ئۇنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقالايدىغان ياش، يۇمران، كىچىك بولسىمۇ ئىش ئۇقىدىغان قىز كېرەك. گۈلشەن مۇشۇ شەرتلەرنى تولۇق ھازىرلىغانلىقى ئۈچۈن مانا ئۇ ئەرنى بويسۇندۇرۇپ ئالدىغا يۈكۈندۈردى، نىكاھ قىلدۇردى، ھېلى بېرىپ ئۆزلۈك ئالدۇرىدۇ، ئاندىن ئۆي ئىجارىگە ئالدۇرىدۇ، ئاندىن ئېھتىياجىغا قاراپ كىيىم ئالدۇرىدۇ، ئۇ ئۆيدە بىر مۈنچا، بىر پەرداز ئەينىكى بولىدۇ...

گۈلشەن بۇلارنى ئويلاپ كۆڭلى سەل ئېچىلدى، گۈلشەننىڭ ئېھتىياجى ياسىننىڭمۇ ئېھتىياجى. ياسىن پۇل تاپقانچە بۇ ئېھتىياجى ئۈچۈن چىقىم قىلىدۇ، خوتۇنى بۇنى بىلىپ قالسىمۇ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى پەرزىنىڭ توغرا چىققىنى بىلسىمۇ نېمە قىلالايتتى؟ ئۇ گۈلشەن بار ۋاقىتتا بىر قېتىممۇ قاپىقىنى ئاچمىغان، مانا ئەمدى بۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ، قاپىقىنى تۈرۈپ ئاچچىقلاپ، يىغلاپ ۋارقىراپ كەتسىمۇ ئېرىگە ۋارقىرايدۇ، گۈلشەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز، چۈنكى گۈلشەن ئاللىقاچان ئۇ يەردىن كەتكەن، رەيھان چاتاقنى ئېرىدىن كۆرمەي يەنىلا گۈلشەندىن كۆرسىمۇ ئامال قانچە؟ ئۆزىنى ئېچىدىن يەپ بولىدۇ، ئاچچىق يۇتۇپ تۈگىشىپ كەتسىمۇ ئۆزىگە... ياسىن ئۇنى ھەقىقىي ياخشى كۆرسە خوتۇن قىلالايدۇ، بولمىسا خېتىنى بېرىپ يولىغا سالىدۇ، يالغان- راستىن خوتۇن بولغان گۈلشەن ئۇ چاغدا ھەقىقىي خوتۇنغا ئايلىنىپ، ئائىلە خوجايىنىغا ئايلىنىدۇ... ۋاھ، خوتۇن بولۇش ئاخىرىدا راستىنلا ھوقۇق تۇتۇشقا ئۆزگىرەمدۇ نېمە؟!

گۈلشەن بۇ خام خىيالنىڭ رېئال تەرەپلىرىنى ئويلاش بىلەن ئاۋارە بولدى، ئۆلۈغ كىچىك تىنىپ قويۇپ، يەنە

خىيال دەرياسىغا غەرق بولدى؛ خام خىياللىرى ۋە شېرىن ئىستەكلىرىنىڭ راستلىقىغا ئۆزىنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن ياسىنغا ئاستىرىتتىن قارىدى. ياسىن 30 ياشقا بارماي تۇرۇپ قوشلاپ خوتۇن ئېلىش رېكورتىنى يارىتىۋاتقاندەك مەغرۇرلۇق بىلەن ئولتۇراتتى...

نىكاھمۇ ئاياغلاشتى، ياسىن تۆككان ئاخۇننىڭ ھەققىنى بېرىپ، ئەمدى ئۆزىگە بۆگۈندىن باشلاپ توختىماي چىقىملا بولىدىغانلىقنى ئويلاپ كۆڭلى غەش بولدى.

غېنى شاڭجاڭ ئىككەيلەننى تاكسىغا سېلىپ رېستۇرانغا ئېلىپ ماڭدى.

ــــ خوتۇن ئالىدىغىنىڭنى بىلگەندىكىن، بىرەر تال ئۈزۈك تەييار قىلىپ كەلسەڭ بولمامدۇ؟ ــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ ياسىننىڭ بىكارلىق خوتۇن ئېلىۋالغىنىغا قورسىقى كۆپكەندەك.

ــــ ئالدىراشلىقتا نەدە ۋاقىت دەيسەن، خاتىرجەم بول، ھامان ئالىمەن.

ــــ بۆگۈنلا ئېلىۋەت، ئالدىمىزدىكى سودا سارايىنىڭ ئالدىدا ياخشى ئالتۇنلار بار.

غېنى شاڭجاڭ قارىماققا سەل چىدىماسلىق قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ياسىن ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ، ئېغىزىنى يىغىۋالدى. ئىككەيلەن سودا سارىيىنىڭ ئالدىدا چۈشۈپ قېلىپ، بىر دەم گاڭگىراپ تۇرۇپ قېلىشتى. ياسىن ئەتراپتا بىر كىملەر ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرغاندەك ئارامسىزلىنىشقا باشلىدى.

ــــ قانداق قىلىمىز، كىرەمدۇق؟ــــ دېدى ياسىن كىرگۈسى يوقتەك.

گۈلشەن بۇنىڭدىن ئۈجۇقۇپ، بىراۋغا بىكارلىق ئويۇنچۇق قىلىپ سوۋغا قىلىۋېتىلگەندەك ناچار تۇيغۇدا بېزىرىپ، تاترىپ كەتتى. باياتىن سۈرگەن خىياللىرى توزغاقتەك ئۇچۇپ، ھېچنېمىسى قالمىدى.

ــــ مۇنداق ئىش قارا، تونۇگۈندىن بېرى مۇشۇ نىكاھ كاللامغا كىرىۋېلىپ، ئەتىگەندە ئېسىمدە يوق ئالدىراپلا كېلىپ قاپتىمەن، ھازىر يېنىمدا تۈزۈك پۇل. لېكىن خاتىرجەم بول، ئۈزۈكنى مەن ھامان ئېلىپ بېرىمەن.

گۈلشەن بۇ يەردە باشقا خوتۇنلاردەك يامانلاپ، ئاچچىقلاپ، ياسىننىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قېلىشنى خالىمىدى، چوڭ بەختنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۇنداق كىچىك مەنپەئەتلەرنى قۇربان قىلمىسا بولمايتتى.

ــــ مەن سىزگە ئۈزۈك ئېلىپ بېرىڭ دېدىممۇ؟

ــــ دېمىسەڭمۇ ئېلىپ بېرىمەن، بۆگۈن بولمىسا ئەتە... لېكىن مېنىڭچە ھازىر ساڭا ئۈزۈك مۇھىم ئەمەس، بىز

تۆرىدىغان ئۆي مۇھىم. مەن مۇنداق ئويلاپ قالدىم: ساڭا ئۆزۈڭ ئالىدىغان پۇلنى ياچىك قويۇپ، ئۆي ئىجارە ئالاي، بىر يىلللىقنى ئالدىن تۆلىۋەتسەم ئەزان توختايدۇ...

ــــ لېكىن چوقۇم بىنا ئۆيىنى تېپىڭ، پىڭفاڭ ئۆي تاپسىڭىز شارائىتى ناچار، يۇيۇنغىلى بولمايدۇ.

ــــ تاپقاندىكىن شۇنداق ئۆيىنى تاپىمەن-دە، سەن مېنى قاسماق كاۋابچى كۆرۈپ قالدىڭما؟

ــــ ۋاي مېڭە، سىزنى ئۇنداق دېگەن بولسام كەينىڭىزدىن سۆرىلىپ يۈرمەيتتىم.

ــــ سېنى ئەمدى خوتۇن دېسەم بولىۋېرە؟

ــــ خوتۇن دېمەي ئاشنام دەمتىڭىز؟!

ــــ نېمە بولساڭ بولدۇڭ، سەن ئەمدى مېنىڭكى، لېكىن بىز كۆندە كۆرۈشۈپ تۇرالمايمىز، بۇ ئىش ئېسىڭدە بولسۇن.

ــــ مەن سىزنى زورلىمايمەن، قاچان ۋاقتىڭىز يەتسە شۇ چاغدا كېلىڭ.

ــــ ئىش بولمىسا تېلېفون ئۇرمايمەن.

ــــ مەنمۇ شۇ، سىزنىڭ بېشىڭىزنى ئاغرىتىشقا مەنمۇ ئۆچ.

ــــ ئىككىمىزنىڭ بۇ ئەر-خوتۇنلۇقنى باشقا قىزلارغا ھەرگىز دېمە، خوتۇن خەقنىڭ ئىچىدە گەپ ياتمايدۇ، ئىچىدە ساڭا دۈشمەنلىك قىلىدىغانلار بېرىپ خوتۇنۇمغا چېقىشتىن يانمايدۇ.

ــــ خاتىرجەم بولۇڭ، ھەممىسى بىر-بىرىنىڭ ئىشلىرىنى يوشۇرىدۇ. مەنمۇ دېمەيمەن.

ــــ قارىسام، غېنى شاڭجاڭ بايا چىدىمىغاندەك قىلىپ قالدى، سىلەرگە شۇنچە ئامراقمۇ نېمە ئۇ؟

ــــ شۇ، بىزگە بەك كۆيۈندۇ.

ــــ مەن تېخى باشقىچە كۆيۈنەمدىكىن دەيمەن...

ــــ باشقىچە كۆيۈنۈپ قانداق قىلماقچىدى؟ سىزمۇ خوتۇنىڭىزدەك گۇمانخورمۇ نېمە؟ــــ دېدى گۈلشەن ئوڭايسىز كۈلۈپ.

ــــ بىزنىڭ ئۇ خوتۇننىڭ گېپىنى ئەمدى قىلما، نېملا دېسەڭ بولمايدۇ، بىر نېمە دېسەڭ ئۇنى ئېسىمگە كەلتۈرۈپ قويىسەن، كەيپىياتىمنى بۇزىسەن، چۈشەندىڭمۇ؟

ــــ ماقۇل، چۈشەندىم.

ــــ غېنى شاكىجاكىدىن مەن ھەرگىز گۇمانلانمايمەن، سىلەرگە كۆيۈنگىنى توغرا، لېكىن ئۆزى بىر ئاز شوخ ئادەم، خوتۇن خەققە ئامراق، شۇڭا سىلەرگىمۇ گاھىدا چاقچاق قىلىپ قويامدىكىن دەيمەن.

ــــ شوخلۇقى شوخ، لېكىن قالايمىقان ئىش قىلمايدۇ.

ــــ ساغراكىلارنى تۇتۇپ چىمداپ قويىدىغاندۇ؟

ــــ تاڭ، مەن ئۇنداق قىلغىنىنى كۆرمىدىم، ھەممە ئادەمنى ئۆزىڭىزدەك قىلىن كۆرمەڭ... غېنى شاكىجاڭ ئايالى بىلەن ياخشى ئۆتىدۇ.

ــــ ئۇنداقتا مەن ئەسكىكەنمەن-دە؟!

ــــ شۇ، سىز ھەممىدىن ئەسكى...

ــــ غېنى شاكىجاڭ قولۇڭغا قاراپ، «ئۇزۇك ئالمىدىمۇ؟» دېسە نېمە دەيسەن؟

ــــ ئۇنى سوراپ يۈرمەيدۇ، سوراپ قالسا ئېلىپ بېرىدىغان بولدى دەيمەن.

ــــ مېنى تازىمۇ چۈپەي كۆرۈپ قالىدىغان بولدى-دە...

ــــ نېمە چاتىقىڭىز، مەن ئۇنداق دېمىسەم، غېنىكامنىڭ ئۇنداق دەيدىغان نېمە ھەققى!

ــــ رەھمەت خوتۇن، سېنىڭ مۇشۇ يېرىڭنى دەيمەن-دە، ئوشۇق-تولۇق گەلۋەڭ يوق، مېنى دائىم خوش قىلىپلا تۇرىسەن. لېكىن كۆڭلۈمدە بار، سېنى ھامان رازى قىلىمەن، ئاۋۋال ئۆيىنىڭ بىر جايىنى قىلاي، ئاندىن قانغۇدەك ياشايمىز.

گۈلشەن ئەتراپىدىكى ئادەملەرگە قارىماي ياسىننىڭ بويىنغا ئېسىلدى:

ــــ تېزرەك بولسىڭىز بولاتتى، ئۇنىڭغا قانچىلىك ۋاقىت كېتەر، ئۈچ كۈن كېتەرمۇ؟

ــــ چىدىماي قېلىۋاتامسەن؟...

ــــ شۇ...چىدىمايدىكەنمەن، يېڭى توي قىلغاندىكىن خوتۇنىڭىزنى تاشلاپ قويسىڭىز قانداق بولىدۇ، مەن كېچىنى قانداق ئۆتكۈزىمەن؟

ياسىننىڭ ۋۇجۇدى ئېچىرقاش، تەقەززالىق بىلەن تولۇپ كەتتى، ھازىرلا بىرىپ ئۆي تېپىپ توي كېچىسىنى

ئۆتكۈزگۈسى كەلدى. ئەمما بۇ تەقەززالىق تۇنجى قېتىم توي قىلىپ يېڭى خوتۇننىڭ لەززىتىگە ئۆلگەدەك تەشنا بولغان بويتاقلارنىڭ تەقەززالىقى ئەمەس، بەلكى قاچان قاندۇرسا بولىدىغان كونا خۇمار، كونا ئىنتىلىش ئىدى.

___ مېنى سېغىنمايدۇ دەمسەن، لېكىن ئاز دېگەندە بىر ھەپتە چىدىمىساق بولمايدۇ.

___ بىر ھەپتىگە چىدايمەن، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ھەرگىز چىدىمايمەن...

___ مەنمۇ شۇ، ئەمدى بوينۇمدىن چۈش، ما خەق قاراۋاتىدۇ..

___ قارىسا قارىسۇن، بۇلارمۇ كۆپكۆندۈزدە ھەر ئىشلارنى قىلىدۇ.

___ بولدى قىل، ئەمدى ئاستا ماڭايلى

گۈلشەن ياسىندىن ئاجراپ، ئۆزىنى تۇزەشتۈرۈپ، ئەتراپقا قاراپ قويدى.

ياسىن گۈلشەننى رېستۇرانغا ئاپىرىپ قويۇپ، ئاشخانىسىغا ماڭدى. يولدا كەلگۈچە خوتۇننى ئويلاپ تولا غەم قىلدى، غەم باسقانچە ئىچى سىقىلدى. غەم قىلدۇرمايدىغان، بىسىم پەيدا قىلمايدىغان، ھەممىگە رازى بولۇپ ياشايدىغان، ئېرىگە ئەركىنلىك بېرىدىغان گۈلشەننى راھەت ئىچىدە ئەسلىدى. ئەمما، ئۇ دېگەن خوتۇن بولۇشتىن بۇرۇنقى گۈلشەن ئىدى، ھازىرقى گۈلشەن بولسا خوتۇنلۇققا ئۆتىۋېلىپ، باشقا خوتۇنلارغا ئوخشاش ئېرىگە بىسىم پەيدا قىلىشقا باشلىدى، ئۆي تاپمىغىچە ئۇنى رازى قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇزۇك ئالمىدى، ئەمدى ئۆيىنىمۇ ئىجارىگە ئالالمىسا ئىناۋىتى قاتتىق تۆكۈلىدۇ. بىسىم پەيدا قىلمايدىغان خوتۇن نەدە؟ خوتۇندىن راھەت كۆرگەندەكىن ئۇنىڭ جاپاسىغىمۇ چىداش كېرەك... ئەمدى مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، رەيھانغا ھېچ ئىشنى چاندۇرماسلىقى، ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدىنمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق ھېچقانداق گۇمان يوچۇقى قالدۇرماسلىقى كېرەك... خۇپپيانە ئىشنىڭ لەززىتىنى تاكى بۇ ئىشلار ئاشكارىلىنىپ قالغىچە سۈرۈۋېلىشى كېرەك.

ئۇ ئاشخانىغا كەلگەندە خېرىدار يوق ئاشخانىدا ھاشىم دوغلاق بىلەن ئۆمەر تالاغا قاراپ گۇدۇڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ياسىن قاچا يۇيۇپ، جوزىلارنى سۈرتۈپ ئەمدى بىكار بولغان خوتۇنىغا خائىنلىق ھەم مېھرىبانلىق بىلەن قارىدى، غېنى شاڭجاڭ دېگەندى: ھەر قېتىم خوتۇنۇڭغا يۈز كېلەلمەيدىغان بىر ئىش قىلغاندا خوتۇنىڭغا مېھرىڭ تېخىمۇ ئاشىدۇ. دەرۋەقە، ياسىن بۇ تۇيغۇنى باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتى. خوتۇنىغا قاراۋېتىپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى، بۇمۇ مېھرىبانلىق، بۇمۇ مۇھەببەت ئىدى. ئەمما خوتۇنىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراشتىن ئۆزىنى

تارتتى، رەيھاننىڭ كۆزلىرى گەرچە بۇرۇنقىدەك ئوتلۇق، سەزگۈر، چاقچان بولمىسىمۇ يەنىلا سەل چاقناپ تۇراتتى؛ خوتۇن خەق ھەر قانچە كالۋا بولسىمۇ «خۇدىكى بارنىڭ مۇنىكى بار» دېگەن گەپنى ياخشى بىلەتتى ۋە بىر ئىشتىن ئاسان گۇمانلىناتتى-دە، شۇ مۇنەكنى تاپمىغىچە بولدى قىلمايتتى.

ـــ جۇمەنى ئەجەپ ئۇزۇن ئوقۇدىڭىز، ساۋۇت كېلىپ بولغىلى نەۋاخ!ـــ دېدى رەيھان ۋايساشقىمۇ ھالى يەتمىگۈدەك ھارغىن ھالدا.

ياسىن ساۋۇتنىڭ جۇمەگە بارىدىغىنىنى بىلسىمۇ، لېكىن بۇگۈنمۇ بارغىنىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى، ئوغرىلىق قىلغۇاتقان ئادەم ئۆزىنى يوشۇرۇن بىر كۆز كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقاندەك ياكى كامېراغا چۈشۈپ قالىدىغاندەك ئەنسىرەپ كېتىدۇ، نىكاھ ئوقۇۋاتقاندا ياسىنمۇ شۇنداق ئەنسىزلىك ئىچىدە ئولتۇرغانىدى، ئۇ ساۋۇتنى كۆرمىگەن بىلەن ساۋۇت كۆرۈپ قالغان بولسىچۇ؟

ئەمەلىيەتتە ساۋۇت نامازدىن يېنىپلا قايتىپ كەلگەن بولۇپ، نامازدىن كېيىنرەك بارغان ياسىننى كۆرمىگەنىدى.

ياسىن ئۆزىنىڭ جامائەت تارىغاندا بارغانلىقىنى ئويلاپ، ساۋۇتنىڭ كۆرۈپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى چەتكە قاقتى، ئەمما يۈرىكى يەنىلا پوك-پوك ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئويلاپ قويغان يالغانىنى ئېيتتى:

ـــ نامازدىن چىققاندا تونۇش بىرەيلەن ئۇچراپ قالدى، بىر يەردە ئولتۇرۇپ ئازراق ھايال بولۇپ قالدىم.

ـــ كىمكەن ئۇ؟

ـــ دەپ بەرسەممۇ تونۇمايسەن، بېيجىڭدىكى ۋاقتىتا بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ قالغان بالاڭزا، قارىسام چېكىدىغاندەك قىلدۇ، لېكىن تاشلىدىم دەيدۇ. تاڭ...

ھارغىنلىق يەتكەن رەيھاننىڭ بۇرۇنقى نازۇكلۇقى، زىللىقى ئانچە قالمىغان بولۇپ، ئېرىنىڭ جۇمەگە بارغىدەك ئىنساپقا كېلىپ قالغىنىدىن سۆيۈنۈپ، ئاشخانىغا قاراپ قالغانىدى، ھازىرمۇ ئارتۇق گۇمانلىنىپ ئولتۇرمىدى.

كەچكە يېقىن ئاشخانىغا خېرىدار كېلىشكە باشلىدى، ھەر كۈنى مۇشۇنداق بولاتتى، كىرگەنلەر ۋارى ۋارى قىلىشىپ، شالاپلىتىپ يەپ، ئىچىپ چېكىپ چىقىپ كېتىشەتتى. «لاۋبەننىياڭ» دەپ پات-پات توۋلاپ رەيھاننى پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئالدىرىتىۋېتەتتى. رەيھان ھېرىپ-چارچىغىنىغا، چىرايىنىڭ سەتلىشىپ كېتىشىگە قارىماي پالاقلاپ

ئىشلىدى. ھېلى تازىلىسا ھېلى مەينەت بولىدىغان جوزىلار، قاچا-قۇچىلار، ھاراق بۇسى، تاماكا ئىسى...لاردىن ۋايىسىمىدى. تۈگىمەس ۋە تەكرار مۇشەققەتلەردىن ئەقلى گاڭگىراپ، تۇيغۇلىرى قاشاڭلىشىپ، پۇت-قوللىرى كالۋالاشتى، ئەمما ھەممىنى ئۇنتۇپ ئىشلەۋەردى.

ياسىن يەنىلا بۇرۇنقىدەك ياخشى ئەر، ياخشى ئاتا بولۇپ، بالىسىنى يەسلىدىن ئەكەلدى، خوتۇنىنىڭ ئىشلىرىغا ئانچە-مۇنچە قارىشىپ بەردى.

ھەممىدىن بىچارە قىلىۋاتقىنى شۇ بالا ئىدى، رەيھان ئۇنىڭغا ئۇخلاش ئالدىدىن باشقا ۋاقىتتا قاراپ بولالمىدى، شەنبە، يەكشەنبىلەردە ئەر-خوتۇن بىرەر كۈن ئاشخانىنى تاقاپ، ئىشلەمچىلەرنى ئارامغا قويۇۋېتىپ، بالىسىنى باغچىغا ئاپىرىپ ئويناتمايتتى. بالىسى ئۆيدىن ئاشخانىغا، ئاشخانىدىن ئۆيگە كىرىپ پۈتلىشىپ يۈرسىمۇ ئىچى ئاغرىمايتتى. بىر كۈن سودا بولمىسىلا خېرىدار تۇزۇپ كېتىدۇ دەپ ئويلايتتى، ئاشخانىنى تاشلاپ قويۇپ بىر يەرلەرگە بېرىشتىن ئەنسىرەيتتى. كۆلىغا چىققاندىن باشلاپ شەكىللەنگەن ئەنسىزلىك كۆڭۈللىرىنىڭ چوڭقۇر قېتىغا ئورناپ كەتكەن بولۇپ، بىر كۈن بىرەر ئىش چىقماي ئۆتسە ئۇلار ئۇچۇن مۇقىملىق، خاتىرجەملىك شۇ ئىدى.

ئاشخانا بىلەن ئائىلىسىنى چۆرىلىپ يۈرگەن ياسىن يەنىلا گۈلشەننى ئويلايتتى، بۇ جىن شۇنداق چاپلاشتىكى، رەيھان شۇنچە مېھرىبانلىق كۆرستىپ، خوتۇنلۇق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىۋاتقاندىمۇ ياسىندىن ئاجرىمايتتى. ياسىن خوتۇنىنىڭ ئالدىدا بۇرۇنقىدەك كۆيۈمچان، قىزغىن بولۇۋالسىمۇ، گۈلشەن بىلەن بولىدىغان ئىشلارنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقارمىدى؛ ۋەدە قىلغان ئىشلارنى ۋاقتىدا ئورۇنلاشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ ھەرىكەتكە ئۆتتى، بالىسىنى يەسلىگە ئاپىرىپ قويۇپ قايتاشىدا ئۆزىگە يىراقمۇ ئەمەس، يېقىنمۇ ئەمەس، باھاسى مۇۋاپىق ئىجارە ئۆي ئىزدەشكە باشلىدى، ۋاستىچى شىركەتلەرنىڭ دۇكىنى ئالدىغا كېلىپ ئۆي ئېلانلىرىغا قاراپ باقتى، كۆپىنچە ئۆيلەر 60 كۋادرات مېتىردىن چوڭ بولۇپ، گۈلشەن دېگەندەك ئۆي يوق ئىدى. ياسىن غېنى شاڭجاڭغا تېلېفون قىلىپ ياردەم سورىماقچى بولدى، لېكىن مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ ئۆزى ھەل قىلالماي يەنە ئۇنىڭغا يېلىنىشتىن ھارسىندى. ئاخىر گۈلشەنگە تېلېفون قىلىپ، ئۆزى كۆرگەن يەردىن ئۆي ئىجارە ئېلىشنى ئېيتتى. گۈلشەن خوشلۇقىدا دەرھال ماقۇل دەپ، شۇ كۈنىلا بىر ئۆينى تېپىپ ياسىنغا تېلېفون قىلدى، ئىككىنچى كۈنى ياسىن بالىسىنى ئاپىرىۋېتىپ، تاكسى توسۇپ ئۇ بىنانىڭ ئالدىغا كەلدى؛ يېڭى، كۆركەم بىناغا قاراپ باھاسى چوقۇم قىممەت دەپ ئويلىدى، ئەمما چىدىماي بولمايتتى،

بىر-ئىككى ئاي ياشۋالسا ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولىدۇ، بۇگۈن ئەمەس، تېخى ئەتە نېمە ئىشلار بولىدۇ، ھېچكىم ئۇقمايتتى، دېمەك، بۇ خىل تۇرمۇشتا ئۇزاق ياشاشقا ئۈزىمۇ ئىشەنچ قىلالمايتتى... ئەمما، ھېچ بولمىسا، بىر كۈن، بىر ھەپتە، بىر ئاي بولسىمۇ مەرتلىك قىلىپ، مەردانە ياشاپ، گۈلشەننى رازى قىلىپ ئۆتمىسە ئەركەكلىكىگە يۈز كېلەلمەيتتى...

ياسىن گۈلشەنگە ئەگىشىپ ئۇ ئۆينى كۆردى، دەرۋەقە بۇ ئۆي پولدىن تارتىپ تورۇسقىچە شۇنچىلىك سىپتا زىننەتلەنگەن چىرايلىق ئۆي بولۇپ، يوتقان-كۆرپە، قاچا-قۇچىدىن باشقا ھەممە نەرسىلىرى تولۇق ئىدى. گۈلشەن ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە زوق-ھەۋەس بىلەن قارايتتى، ئەڭ باشتا ئاشخانا ۋە مۇنچىنى كۆرۈپ چىقىپ بولىدىكەن دېدى؛ ياسىن قوش كىشىلىك كارىۋاتقا قاراپ، ئۆزى يېتىۋاتقان كارىۋاتنىمۇ ئېسىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى. دېرىزىگە قارىدى، چىرايلىق پەردىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەينەكلەر كۈن نۇرىدا ۋال-ۋۇل پارقىرايتتى...

ياسىن قاراپ-قاراپ خىيالغا چۆكۈپ كەتتى: ئۆي دېگەن مانا مۇنداق بولىدىكەن، ياشىسا مۇشۇنداق يەردە ياشىسا بولىدىكەن، بېيجىڭدا كاۋابچىلىق قىلغاندا بۇنداق ئۆيدە ياشاش بىر چۈش ئىدى؛ پاناھلانغۇدەك بىر يەرنىڭ چىققىنىدىن خوش بولۇپ، بىر خەنزۇنىڭ كۆمۈرخانىسىنى ئۆي قىلغان، قىشنى ئىنتايىن تەستە چىقارغان، ئۇ جاپا-مۇشەققەتنى ئويلىسا تېنى ھازىرمۇ شۈركىنىدۇ، ئەر-خوتۇن بىر-بىرىنى ئىسسىتىپ، مۇھەببەت بىلەن ياشىمىغان بولسا توڭلاپ ئۆلۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى... بۇ يەرگە كېلىپمۇ تۇرۇۋاتقان ئۆيى كونا ئۆي، بۇ ئۆيگە سېلىشتۇرغىلىمۇ بولمايدۇ...

ياسىننىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى، شۇنچە يىل ئېرىم دەپ جاپا چەككەن، پۇلنى تەڭ تاپقان خوتۇننى مۇشۇنداق ئۆيگە ئېرىشتۈرەلمەي، خوتۇن دەپ ئېلىۋالغان ئاشنىسىنى ئېرىشتۈرەمدۇ؟ ملىڭ جاپادا تاپقان پۇلنى خۇددى پاھىشىگە خەجلىگەندەك بۇ خېنىمغا خەجلەپ بېرەمدۇ؟... ئەمما بۇ ۋىجدان ئويغىنىشى قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا شۇنداق تېز يوقالدى. سەتچىلىكنى ئۆزى باشلىدى، ئۆزى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ؛ نېمە قىلسا ئۆزى خالاپ قىلىۋاتىدۇ، گۈلشەن پەقەت ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىۋاتىدۇ، ئۈزۈك ئالمىغاندىكىن بۇ تەلىپىنى بولسىمۇ قاندۇرۇپ بەرمىسە بولمايدۇ...ئەمدى بۇنىڭدىنمۇ يېنىۋالسا مازىلىشىدۇ...

ياسىن ھەممىنى ئەركەكلىكىگە ئېلىپ كۆڭلىنى ياسىدى، گۈلشەننىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىققا قاراپ، ئۇنى

مەيۈسلەندۈرۈپ قويۇشنى خالىمىدى.

ياسىن ئۆي ئىگىسى بىلەن بىر ئۆزۈن تالىشىپ ئايلىق ئىجارىسى 1000 سوملۇق بۇ ئۆينى 900 سومغا چۈشۈردى. ئۆي ئىگىسمۇ ياش، خۇشخۇي خەنزۇ بولۇپ، بەك چۈپەيلىك قىلىپ كەتمىدى، «قارىسام يامان ئىش قىلىدىغانلارغا ئوخشىمايدىكەنسىلەر، بىرىڭلار لاۋبەنكەنسىلەر، بوپتۇ، تۇرۇپ قېلىڭلار» دېدى. ياسىنمۇ ئىسىم كارتوچكىسىنى چىقىرىپ، ئۇنى ئاشخانىسىغا بېرىشقا تەكلىپ قىلدى. ياسىن بېيجىڭدا بولغان بولسا ھەرگىز بۇ پۇلغا ئىجارە ئالالمايتتى، پۇلى بولغان تەقدىردىمۇ شىنجاڭلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆي ئىجارىگە ئالالماسلىقى مۇمكىن ئىدى، بۇلارنى ئويلاپ شۈكۈر قىلدى. يېرىم يىللىق ئىجارىسىنى ئالدىن تۆلەيدىغان بولدى، ھازىرچە يېنىدا بار 3000 يۈەننى چىقىرىپ تۇردى، ئۆزۈڭ ئالسىمۇ بەرىبىر مۇشۇ پۇلنى خەجلەيتتى. ئۆي ئىگىسى قالغان پۇلنى ئىككى كۈننىڭ ئىچىدە تاپشۇرۇۋېتىشنى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ، ئاچقۇچنى ياسىنغا تۇتقۇزۇپ كېتىپ قالدى.

چىرايلىق ئۆيدە ئوڭچە قالغان ياسىن شۇنچە يىل كۆلچى بولۇپ، كۆلىنىڭ راھىتىنى ئەمدى كۆرۈۋاتقاندەك شادلىنىپ، ئۆيگە باشقىدىن قاراپ چىقتى. غېنى شاڭجاڭ دېگەندەك، پۇلنى تېپىپ راھىتىنى كۆرمىگەن ئادەم ئەخمەق... نۇرغۇن كۆلچىلار تاپقان پۇلنى بىكاردىن بىكار ئاق چېكىپ، قىمار ئويناپ تۈگىتىۋېتىدۇ، تاپقىنىنى جايىدا خەجلەپ راھەت سۈرۈشنى ئۇقمايدۇ...مانا ياسىن ئۇ يولغا ماڭمىدى، بۇزۇقچىلىقنى تاشلاپ خوتۇن ئالدى، قولنى ئاغرىتىشتىن باشقا رولى يوق ئۆزۈكنى ئالماي، جانغا راھەت ئۆي ئالدى، كاللىسىنى ئىشلەتتى ھەم ئەركەكتەك ئىش قىلدى.

ياسىننىڭ ئۆزىدىن پەخىرلىنىپ كېتىشكە جور بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈرگەن گۈلشەن ھاياجىنىنى باسالماي، ئۆيگە نېمە كەم، نېمە قىلسا ياخشى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ۋاتىلداپ سۆزلەپ تۇردى.

ــــ بولدى بۇ گەپلىرىڭنى قوي، مەن ئالدىرايمەن...ــــ دېدى ياسىن كارىۋاتنىڭ يېنىغا بېرىپ.

گۈلشەن كىيكتەك چاققانلىق بىلەن سەكرەپ ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلدى:

ــــ نېمانچە ئالدىرايسىز، بىر دەم بىللە يېتىپ مەسلىھەت قىلىشمامدۇق؟

ــــ نېمە مەسلىھەت؟

ــــ قانچە كۈندە بىر كۆرۈشىمىز، سىز كەلگىچە نېمە تاماق ئېتىپ تۇرىمەن...

ـــ مەن بۇ يەردە قونالمايمەن، تاماقمۇ يېمەيمەن...

ـــ ئەمسە مېنى يەڭ.

ئېچىرقاپ كەتكەن ياسىنغا بۇ گەپ شۇنچىلىك يېقىپ كەتتىكى، گۈلشەننى دەس كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا تاشلىدى، خوتۇنۇم دەپ قورقماي يالىڭاچلىدى، بۇ راست نىكاھلىق خوتۇنىمۇ ياكى قىز سىياقىدىكى شەيتانمۇ؟ ئۇققىلى بولمايتتى، كۆزىگە بۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمىگەن ياسىن خۇددى كىسەلدەك تىترەيتتى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كالللىسىدا ھاياسىز ئىستەك بولۇپ ساقلىنىپ كەلگەن ئىشلار رىئاللىققا ئايلانغاندا قورقۇشتىن ئۆتە قىزىقىش، گۇناھ تۇيغۇسىدىن ئۆتە خاتىرجەملىك ئۇستۇن كەلدى؛ بۇ «جىن» ئەمدى تۇتسا قولغا ئۇرۇنىدىغان، تۇگمەس لەززەت بېرىدىغان «خوتۇن» ئىدى، بىر قارىسا يىلاندەك، بىر قارىسا تاسما بېلىقتەك تولغىنىپ جانىنى ئالاتتى.

ئەتىگەن تېخى رەيھاننىڭ قويندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كىيىمنى كىيگەن ياسىن ئىككى سائەت ئۆتمەيلا بۇ يەردە قېپىيالىڭاچ ھايۋانغا ئايلاندى.

ئۇ ئىلگىرى گۇناھ قىلىۋاتىمەن، خوتۇنۇمغا يۈز كېلەلمەيۋاتىمەن دەپ ئويلىسىمۇ، بۇ قېتىم «گۈلشەن ئەمدى مېنىڭ خوتۇنۇم، نېمە قىلسام بولىۋېرىدۇ، پەقەت رەيھانغا ئۇقتۇرمىغانلا يېرىم بار» دەپ ئويلاپ، «خوتۇنى» نىڭ ھاجىتىدىن چىقىشنى شەرەپ ھېسابلاپ، ئازادىلىك بىلەن ئىشنى تۈگەتتى، كارىۋاتقا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چەكتى، رەيھاننى ئويلاپ ئىختىيارسىز جىددىيلىشىپ قالدى، بۇ تۇيغۇدىن بىزار بولسىمۇ، ئەمما قۇتۇلالمايتتى.

ـــ مەن ئەمدى ماڭاي...ـــ دېدى ئۇ گۈلشەننىڭ بېشىنى سىلاپ.

ـــ نەگە ماڭىسىز...ـــ دېدى تېخىچە كۆزىنى يۇمۇپ ياتقان گۈلشەن چۆش كۆرۈپ جۆيلۈۋاتقاندەك.

ـــ كەتمىسەم بولمايدۇ، سەنمۇ ئىشقا چىق.

ـــ بەش مىنۇت يېتىڭچۇ...ـــ دېدى گۈلشەن ئۇنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ، ـــ ئەمدى كەتسىڭىز قاچان كېلىسىز.

ـــ بىكار بولسىلا كېلىمەن، سەنمۇ بۇنداق مۇشۇكتەك ياتماي قىلىدىغان ئىشىڭ بولسا قىل.

ـــ ماڭا بۇيرۇق قىلىۋاتىسىزغۇ، ئەمدى راست سىزنىڭ خوتۇنىڭىز بولدۇمما؟

ـــ خوتۇنۇم بولماي، باشقا بىر نېمىسىدىڭ؟

ـــ توۋا... ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. قامالاشقان ئېرىم، چىرايلىق ئۆيۈم بولسا دەپ ئويلايتتىم، مانا بىر دەمدە بولدى...ـــ گۈلشەن خۇشاللىقتىن ئىچىگە پاتماي قىلىۋاتقاندەك غۇلچىنى كېرىپ، كېرىلدى.

ـــ ئەمدى ئەر-خوتۇن بولغاندىكىن قورقماي يۈرۈۋېرىمىز، لېكىن ھېچكىمگە چاندۇرمايمىز، بۇنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت.

ـــ ۋاي بىلمەن، سىزنى ھەرگىز گەپكە قويمايمەن. لېكىن ئەر-خوتۇن تۇرۇپ ئاشكارا يۈرەلمىگىنىمىزگە ئىچىم پۇشىدىغان بولدى.

ـــ نېمىگە ئىچىڭ پۇشاتتى، بىز پەقەت كۆرۈشكەندە ئەر-خوتۇن، باشقا ۋاقىتتا ئۆزىمىزنىڭ ئىشنى قىلىمىز، بىر-بىرىمىزگە پۇتلاشمايمىز.

ـــ بۇ قانداق ئەر-خوتۇن؟!ـــ دېدى گۈلشەن ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقاندەك كۈلۈپ،ـــ بىللە ياتقاندا ئەر-خوتۇن، تالاغا چىققاندا ئاكا-سىڭىل... يا باشقا بىر نېمە دەمدۇق؟

ـــ ئارتۇق ئويلاپ كەتمە، ئىشقىلىپ ئەر-خوتۇن...

ـــ بوپتۇ، سىز نېمە دېسىڭىز شۇ..

ياسىن كىيىملىرىنى كىيىپ ماڭغىلى تەمشەلدى، كېتىش ئالدىدا ئاچقۇچنى گۈلشەنگە تۇتقۇزۇپ:

ـــ ئاچقۇچنىڭ ئىككىلىسى سەندە قالسۇن. يالغۇز ياتالىساڭ يالغۇز يات، بولمىسا بىر كىمنى باشلاپ كىرمە،ـــ دېدى.

ـــ قىزلار قونۇشۇپ بەرسىمۇ بولمامدۇ؟

ـــ يېقىن دوستۇڭ بولسا مەيلى، لېكىن بەك دىققەت قىل، قىز بالا دېگەن ھېلى دوستۇڭ بولسا، ھېلى دۈشمەن...

ـــ ماقۇل، گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن.

ـــ مەن يوق چاغدا باشقا ئەر كىشىنى ئەكىرمەيدىغانسەن؟

ـــ ۋاي توۋا دەڭ، مېنى شۇنداق بۇزۇق كۆرۈپ قالدىڭىزما؟ كۆڭلۈمگە كەلدى جۇمۇ بۇ گېپىڭىز...

ـــ چاقچاق... كۆڭلۈڭگە ئالما.

ـــ چاقچاق دەپ مۇشۇنداقمۇ سەت گەپ قىلامسىز، نەچچە كۈنگىچە يىغلايدىغان بولدۇم.

— چېقىشىپ قويدۇم، مەن ئىشىنىمەن، سەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايسەن.

— ئەمىسە مېنى سۆيۈپ قويۇڭ.

ياسىن گەرچە خوش ياقمىسىمۇ ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىدى.

— مۇشۇنداقلا ماڭامسىز، يۈيۈنۈۋېلىپ ماڭمامسىز؟

— يۇيۇپ قويامتىڭ؟

— يۇيۇپ قويىمەن –دە خوتۇنىڭىز بولغاندىكىن.

— بولدىلا، كېلەر قېتىم بولسۇن.

ياسىن چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ئالدىراپ ئىشىك تۈۋىگە بېرىشىغا گۈلشەن كۇسارچان ھالدا كەينىدىن چىقىپ قۇچاقلىۋالدى:

— سىزدىن زادى ئايرىلغۇم يوق، پات-پات كېلىپ تۇرۇڭ.

ياسىن كەينىگە قارىماي تاغدەك غادىيىپ ئەركەكلىكىنى نامايىش قىلدى. خوتۇن دېگەن مانا مۇشۇنداق ھېسسىياتچان بولسا، ئاسلاندەك يېپىشىپ تۇرسا، كۆكسى ھەر ۋاقىت تېگىپ تۇرسا نېمىدېگەن راھەت...

— مەنمۇ ئامال يوق كېتىۋاتىمەن، بىلەمسەن، بولمىسا سەن بىلەن كېچە-كۈندۈز بىللە بولغۇم بار.

— مۇشۇ گېپىڭىز مەن ئۈچۈن كۇپايە...

— ئەمىسە ئىشىكنى چىڭ تاقاپ يات.

— ماقۇل.

ياسىن تالاغا چىقىپ يېنىك نەپەس ئالدى، ئەمما ئاشخانىسىغا بارغىچە نەپەسلىرى ئېغىرلىشىپ كەتتى. باللار ئەمدى ئىشقا چىققان بولۇپ، ساۋۇت خېمىر يۇغۇرۇش بىلەن، ھاشىم سەي ئاقلاش بىلەن، ئۆمەر كاۋابدان تەييارلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ياسىن ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۆي يىغىشتۇرۇۋاتقان خوتۇنىنى كۆرۈپ كەينىدىن قۇچاقلاپ بويىنىغا سۆيۈپ قويماقچى بولدى، ئەمما جۇنۇپلۇقنى ئېسىگە ئېلىپ تۇرۇپ قالدى، گۈلشەنىنىڭ پۇراقلىرىنى سېزىۋالسا كۆرۈڭ، بىر دەمدە رەسۋالىشىدۇ. ئۇ ئارقىغا يېنىپ دالان ئۆيدىكى ساپادا ئولتۇردى، تېلېۋىزورنى ئاچتى، نېمە كۆرۈۋاتقىنىنى بىلمەي قاراپلا ئولتۇردى، گاھ ئۇن-تىنسىز ئىشلەۋاتقان خوتۇنىغا ئىچى ئاغرىسا، گاھ بىنا ئۆيدە قالغان

گۈلشەننى ۋە بايىقى ئىشلارنى ئويلايتتى. ئۆزى بۇ ئۆيدە بولغان بىلەن كاللىسى شۇ ئۆيدە قالغانىدى. ئىچى پۇشۇپ ئىككى يېنىغا قارىدى، دەسلەپتە كەلگەندە خېلى تۈزۈك كۆرۈنگەن بۇ ئىككى ئېغىز ئۆي ھازىر چېنىپلا تۇراتتى، بايىقى ئۆي بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى.

خوتۇنىدىن بىسوراق ئالغان خوتۇن، خەجلەنگەن پۇل، تۇتقان ئۆينىڭ ھېسابى بولماسمۇ؟ بۇ بىچارە خوتۇن مۇشۇنداق گول بولۇپ ئۆتىۋېرەرمۇ؟ ئۇنىڭ ئۆيلۈم، ئېرىم، بالام دەپ قولىنى كۆسەي، چېچىنى سۈپۈرگە قىلىپ پايپېتەك بولۇپ، رەڭگى رۇخسارىدىن كېتىشلىرىنىڭ ئۆۋالى كىمگە؟ خائىنلىقنىڭ قىساسى تۇتماسمۇ؟... ياسىن بۇلاردىن غەم قىلمىدى، خوتۇنۇمدىن يوشۇرۇن قىلغان ئىشلار ئەمەلىيەتتە جىنايەت ئەمەس، كەچۈرۈۋېتىشكە تېگىشلىك ئىشلار دەپ ئويلىدى. مۇشۇنداق ئويلىمىسا ئىچ ئاغرىقىغا چىدىمايتتى، يامان ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرالمايتتى.

## 19

ئاخشىمى سائەت ئون بولا-بولمايلا ئاشخانىغا كېلىدىغان خېرىدارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلدى، ساۋۇت ياتىقىغا خۇپتەن ئوقۇغىلى كىرىپ كەتتى، ھاشىم قازىنىنى دۈم كۆمتۈرۈپ قويۇپ، دېرىزىگە تۇۋۇگە كېلىپ تاماكا چېكىپ ئاشخانىنى ئىسلاشقا باشلىدى. ئۆمەر بەش مىنۇت ئىلگىرى تورخانىغا كىرىپ كەتكەن بولۇپ، بىر دەم ئويۇن ئويناپ بېقىپ زېرىكىپ، سېرىق تور بەتلىرىنى كۆرۈشكە باشلىدى. مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ بىر سائەتتىن ئارتۇق كۆرۈۋەتتى، كۆزلىرى پارقىراپ، يۈرەكلىرى ئاغرىپ، پاچاقلىرى تىترەشكە باشلىدى، چىداپ ئولتۇرۇشقا تاقىتى يەتمىدى، پۇلنى تۆلەپ تورخانىدىن چىقىپلا ساتراشخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى؛ يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ، ھەۋىسى چىڭقىلىپ، پۈتنى بىرسى شۇ يەرگە مىقلىۋەتكەندەك تۇرۇپ قالدى، ئەتراپىغا قارىدى، ئاشخانىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى، قاتار كەتكەن ساتراشخانىلارنىڭ ئىشرەت چىراغلىرى كۆزنى ئالچەكمەن قىلاتتى. ئۇ قاراڭغۇلۇق قوينىدا ئەركىنلىككە چىققاندەك يايراپ، تېز قەدەملەر بىلەن ئالدىغا ماڭغاچ ساتراشخانىلارنىڭ ئىچىگە قارىدى، يوتىسىنى ئېچىپ قويۇپ تالاغا قاراپ ئولتۇرغان سەتەڭلەرگە قاراپ تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپ، ئەسەبىي خىياللارنى سۈرۈپ، ئۆزى باشتا مىخلىنىپ قالغان يەرگە كېلىپ توختىدى، لاۋبەن سەتەڭنىڭ دۇكىنىغا چەكچىيىپ قارىدى، دائىم ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرۇۋالىدىغان قاپىقى

يامان سەتەڭ قولىدىكى تېلېفوننى ئويناپ ئولتۇراتتى. ھاشىم بۇ سەتەڭنى ئۆمەرگە نەچچە قېتىم تىللاپ بەرگەن بولۇپ، « بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈنى ئوينىۋېتىمەن» دەپ پو ئېتىپ يۈرەتتى. ئۆمەر كەلگەندىن بېرى قاراپ تويمىغان، شۆلگىيىنى يۇتۇپ ھالى قالمىغان دۇكان مۇشۇ ئەمەسمۇ، چوپچوڭ ئوغۇل بالا تۇرۇپ نېمىدىن قورقاتتى، ئويناپدىغان سەتەڭدىنمۇ قورققان بارمۇ، يەنە كېلىپ كۈندە ئۇدۇل قارىشىپ تۇرىدىغان قوشنىلارغۇ، پۇلدا نېرى بېرى كەتسىمۇ كارى چاغلىق، ئىچىدە نېمە بار، ھەممىنى كۆرۈپ كۆزى ئېچىلسا قايتىپ چىقىپ ھاشىمغا ماختىنىپ بېرىدۇ...

ئۇ ئوتقا ئۆزىنى ئۇرغان پەرۋانىدەك تەلۋىلىك بىلەن ساتىراشخانىغا شۇڭغۇپ كىردى، ئىشىك تۇۋىدىكى سەتەڭ ئۇنىڭ ھامان بىر كۈنى كىرىشىنى بىلىدىغاندەك سوغۇققانلىق بىلەن ئورنىدىن قوپقاندا ئۇنىڭ يۈرىكى بايا سىرتتا تۇرغان ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەك سوقۇپ كەتتى، سافادا ئولتۇرۇپ قەرت ئويناۋاتقان، تاماكا چېكىۋاتقان سەتەڭلەرگە قارىدى ۋە تەسەۋۋۇرىدا ئۇلارنى سېرىق تور بەتلىرىدىكى قىپيالىڭاچ رەسۋالارغا ئوخشاتتى.

ـــ نېمە قىلاي دەيسەن؟

ـــ كەي فاڭجەن...ـــ دېدى ئۇ ھاشىمدىن ئاڭلىۋالغان بويىچە.

غور قاپاق سەتەڭ ئۇنىڭ ئۆسۈپ كىرلىشىپ كەتكەن چېچىغا قاراپ، مەنىستىمىگەندەك قاراپ قويدى:

ـــ ئەنمو قىلدۇرسەن، شۇنداقمۇ؟

ئۆمەر "ئەنمو" دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، ئىشنىك بېشى مۇشۇ دەپ ئويلاپ بېشىنى لىڭشىتتى.

ـــ شياۋ مېي، سەن بۇنى باشلاپ كىر.

غور قاپاق سەتەڭ ئۆمەرنى كىچىك كۆردىمۇ، ئەيتاۋۇر، يېشى كىچىكرەك كۆرۈنىدىغان بىر قىزنى ئۇنىڭغا بۇيرۇپ قويدى. ئۆمەر ئۇ قىزنىڭ كەينىدىن توشقاننى قوغلاۋاتقان تايغاندەك شاشلىشىپ، قىن-قىنىغا سىغماي ماڭدى. ئايرىم ياتاقنى كۆردى، مەينەت كارىۋاتقا چىقتى، پاكىنەك قىز ئۇنى ئوڭدا ياتقۇزۇپ پۇت-قوللىرىنى مۇجۇپ تۇتۇشقا

باشلىدى، ئۆمەر بۇنىڭغا چىدىماي قىزغا ئېسىلدى، قىز بەش بارمىقىنى چىقاردى. ئۆمەر بۇ چاغدا ئەسەبىيلىكتە چېكىگە يەتكەن بولۇپ، 500 كويمۇ، 50 كويمۇ، يا 5 كويمۇ چاتىقى بولمىدى، "شىك" دەپلا قىزنى پوكانىغا باستى...

ئون مىنۇتلاردىن كېيىن ئايرىمخانىدىن پوچىلىق ۋە دەككە-دۈككىدە چىققان ئۆمەر يانچۇقىدىكى 20 كوينى چىقىرىشقا غور قاپاق سەتەڭ ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قارىدى، شياۋ مېيغا بۇرۇلۇپ:

ـــ نەچچە پۇلدىن دېيىشكەن؟ـــ دېۋىدى، ئۆمەرنىڭ قولىدىكى پۇلغا قاراپ غەزەبلىنىپ تۇرغان قىز:

ـــ 500 كويغا دېيىشكەن، كىمنى ئەخمەق قىلىدۇ بۇ نېمە! ئۆزەڭ نېمە دېگەن، بولىدۇ دېگەنغۇ، قېنى پۇل، چىقارمامسەن؟ـــ دەپ ئۆمەرنىڭ كۆزىگە كىرىپىلىشىۋالدى.

ـــ پۇلنى چىقار، بىزنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭسەن؟ ـــ دېدى غور قاپاق سەتەڭ هازىرلا ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىدىغاندەك يامان ئەلپازدا،ـــ 20 كويۇڭغا ما قاسماق چېچىڭنى ياساتساڭ بولمامدۇ!

ئۆمەر بۇ ئىككى سەتەڭنىڭ بىر دەمدە ئالۋاستىغا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۆتۈتلەپ، ئىنجىقلاپ تالاغا قارىدى، ئاشخانىدا هاشمىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، ئۇ بولغان تەقدىردىمۇ بۇ قىسىن ئەهۋالدىن قۇتۇلدۇرالامتى؟ قۇتۇلۇشقا هېچ چارە تاپالمىغان ئۆمەر قولىنى ئاشخانا تەرەپكە جۇنۇپ ئالاقزادىلىك بىلەن "مىڭتيەن گېي، مىڭتيەن گېي" دېدى. ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغاندەك هودۇقۇپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقىنىنى كۆرگەن سەتەڭلەر بۇ پۇلنى ئەتە هەرگىز ئالالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، تېخىمۇ چىڭ تۇرۇۋېلىشتى:

ـــ هازىر بېرىسەن، پۇلنى چىقار...

ـــ ۋو مەي چيەن..

ــــ پۇلۇڭ بولمىسا نېمە دەپ كىرىسەن، بىزنى شاپاقچى كۆرۈپ قالدىڭمۇ؟ ــــ دېدى غور قاپاق سەتەڭ لاغىلداپ تىترەۋاتقان ئۆمەرنى سىلكىشلەپ، ئاندىن شياۋمېيغا بۇرۇلۇپ قاتتىق تەگدى ــــ سەنمۇ نېمە دەپ ئاۋۋال پۇلنى ئېلىپ بىر ئىش قىلمايسەن؟

ــــ ئۆزى بېرىمەن... دېگەن...

ــــ نېمىسنى بېرىدۇ، بىر نېمىسنى ئوبدان بەرگەندۇ تازا، سېنى كىم بۇ چۇپرەندىگە يېتىپ بەر دېدى؟! ئال ئۆزەڭ ئەمدى بۇ ئوغرىدىن پۇلۇڭنى، نېمە قىلساڭ قىل، مېنىڭ كارىم يوق.

شياۋ مېي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆمەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ مەھكەم ئېسىلدى. ئۆمەر ھازىرلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك پۇلاڭلاپ، تۆت تەرەپكە چارىسىز، ئۈمىدسىز قارايتتى. لاۋبەن سەتەڭ بولغان بولسا بەلكىم بۇنداق بولمايتتى، چۈنكى ئۇ ئۆمەرگە يېقىملىق، مەرت كۆرۈنىدىغان تەتەيخان ئىدى، ھاشىمغا بىكارلىق مۇلازىمەت قىلغاندىكىن ئۆمەرگىمۇ ئوڭ كۆزىدە قارىشى مۇمكىن ئىدى، ئۇنىڭ يوقلۇقىدىن ئۆمەر بۇ پېشكەللىككە ئۇچرىدى... پۇلنى ئالدىغان ئادەم شۇ لاۋبەن سەتەڭ تۇرسا بۇلار نېمە دەپ ھەددىدىن ئاشىدۇ؟ پۇلنى ئەتە بېرەي دېسىمۇ نېمىشقا ئۇنىمايدۇ؟ باياتىن يولۋاستەك كۆچلىنىپ كەتكەن ئوغۇل بالا مانا ئەمدى سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك شۈمشىيىپ بۇلارنىڭ تايىقىنى يەمدۇ؟... يۈۋاشلىق بىلەن بۇنداق تۇرىۋەرسە بۇ يەردىن ھەرگىز چىقالمايدۇ...

ئەتراپىدىكى سېرىق چاچلاردىن قورققانسېرى مۈشتۈمى تۈگۈلۈپ كەتكەن ئۆمەر پاكىنەك قىزنى بىر ئىتتىرىۋىدى، ئۇ داق يەرگە قوڭچىلاپ چۈشتى. سېرىق چاچلار چۇقىرىشىپ، ئوپۇر-توپۇر بېرىپ ئۇنى يۆلەشتى. ئۆمەرنىڭ جان-پېنى چىقىپ، تالاغا قېچىپ ماڭغاندا غور قاپاق سەتەڭ ئالدىنى توسۇۋالدى. قورقۇپ ئېلىشىپ قالغان ئۆمەر بارلىق ئاچچىقىنى ئۇ سەتەڭدىن ئالماقچى بولغاندەك غەزەپ بىلەن بېرىپ چاترىقىغا بىرنى تەپتى، ئاندىن ئىشىك تۇۋىدىكى ئورۇندۇقنى قولىغا ئېلىۋېلىپ ھەيۋە قىلدى. غور قاپاق سەتەڭ چۆچۈپ كەينىگە داجىدى، قالغانلىرىمۇ يېقىن كېلەلمىدى. ئۆمەر ئورۇندۇقنى تاشلاپ، ئىشىكنى ئېچىپ تالاغا چىقىۋالدى، ئاشخانىغا كىرىپ ئىچىدىن تاقىۋالدى، ياتىقىغا كىرىپ يېتىۋالدى، ئەمما ئىچ-ئىچىدىن لاغىلداپ تىترەيتتى...

ياسىن بۇ ئاخشىمى غېنى شائجاڭنىڭ رېستوراندا ئىچىپ ئولتۇراتتى. بۇ يەردە غېنى شائجاڭدىن باشقا يەنە ئۈچ تۆتجى قېتىم ياسىننىڭ ئاشخانىسىغا بارغاندا بىللە باشلاپ ئاپارغان ئىككى ئاۋاق بار ئىدى. بىرسى غېنى شائجاڭنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى پەرھات، يەنە بىرى ئۇنىڭ ئاغىنىسى بولۇپ، ئارىلىقتا يوقاپ كېتىشكەنىدى، غېنى شائجاڭ ئۇلارنى بېيجىڭغا كەتتى دېگەن، مانا بۈگۈن ئۇلار قايتىپ كەلگەن بولۇپ، بۈگۈنكى ھاراق شۇلارنىڭ شەرىپىگە ئىچىلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بېيجىڭدا نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، غېنى شائجاڭ دېمىگەندىكىن ياسىنمۇ كوچىلاپ سورىمىغانىدى، ئەمما ئۇلار مەيلى نېمە ئىش قىلسا قىلسۇن، ئەبگالىقى شۇ پېتى ئىدى، چېكىشنى تېخى تاشلىمىغاندەك قىلاتتى.

ــــ سەمرىپ قاپسەن جۇمۇ ،ــــ دېدى پەرھات ياسىنغا قاراپ تاماكىسىنى پۈۋلەپ، كۆزىنى قىسىپ،ــــ لاۋبەنلىك رەسمى يارىشىپتۇ ساڭا.

ــــ نەدىكى لاۋبەننى دەيسەن، لاۋبەن دېگەن مانا، ئىككى ئۈچ يەردە ئۆيى بار، تۆت-بەش قۇچاق خوتۇنى بار مۇنداق ئادەمنى لاۋبەن دەيمىز،ــــ دېدى ياسىن غېنى شائجاڭغا قاراپ كالچىيىپ.

ــــ سېنىڭمۇ بوپ قالىدۇ، شۇنىڭغا ئاز قالدىڭ،ــــ دېدى غېنى شائجاڭ،ــــ مەندەك لاۋبەن بولغىچە مەنچىلىك قېرىپ كەتمەيسەن.

ــــ ئائلىسام ئىككى خوتۇن ئېلىۋاپسەن،ــــ دېدى پەرھات ھاراق قۇيغاچ،ــــ تەرەققىياتلار زور ئىكەن...

ــــ خاتا گەپ قىلدىڭ ئۇكا، بۇرۇن بىرسى بار ئىدى،ــــ دېدى غېنى شائجاڭ، ــــ كۆرمىگەنمۇ ھېلىقى چاغدا ئوتتاشتەك چوكاننى...

ــــ ھە... كۆرگەن، ئېسىمگە كەلدى.

ــــ ئالامەت چوكان دەيمەن، خوتۇن بولا شۇنداق بولا...

ــــ گېپىڭ باشقىچىلىغۇ ئاكا، خەقنىڭ خوتۇنىغا كۆز سالما جۇمۇ...

__ بىر خوتۇننىڭ چىرايىدىن ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈنمۇ ئىرىدىن رۇخسەت ئېلىش كېرەكمىكەن؟ مەن باشقا ئىش قىلمەن دېدىممۇ؟ ئىنىمىز ياسىن مېنى ئوبدان بىلىدۇ، مەن ئەزەلدىن كىشىنىڭ خوتۇنىغا چاقچاق قىلىدىغان ئادەم ئەمەس. ئەمدى، چىراي دېگەنگە قارايسەن دېگىنە، خۇدايىم بەرگەن كۆز، خۇدايىم بەرگەن چىراي ئۇ...قانداق دېدىم ياسىن؟!

___ توغرا دەيسەن، خوتۇنغا قارىغانغا باج ئالمايمەن...

___ ئەمىسە نېمىگە باج ئالىسەن،__ دېدى پەرھاتنىڭ ئاغىنىسى تام تۇۋىدىن ھوشۇر تاز قوپقاندەك.

ياسىننىڭ غۇزۇڭدە ئاچچىقى كەلدى، ئالدىدىكى بوتۇلكىنى ئېلىپ ئۇ ئەبگانىڭ بېشىغا ئۇرۇپ چېقىۋەتكۈسى كەلدى.

___ سەن چېكىۋالدىڭمۇ يا قانداق؟!__ دېدى ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئاچچىق بىلەن،__ خوتۇنى يوق سالتاڭلار بۇنى چۈشەنمەيدۇ، شۇڭا ئارىلاشما...

__ بولدى قىل ياسىن، ئۇ چاقچاق قىلىۋاتىدۇ...__ دېدى پەرھات.

__ بۇنداق لاۋزا گەپنى چاقچاق دېمەيمىز، چاقچاق دېگەننى مەندىن ئۆگەنسۇن بۇ!

__ بولدى ئۆزەڭنى بېسىۋال،__ دېدى غېنى شاڭجاڭ ئېغىر پۇشۇلداپ، __ چىرايلىق سورۇننى بۇزمايلى.

ياسىن جىمىقىپ قالدى، ئەمما ئالدىدا ئولتۇرغان قاپاق نوچىغا قارىسىلا زەردىسى ئۆرلەيتتى، شۇڭا كۆپ ئولتۇرمايلا ئۆزۈر سوراپ ماڭغىلى تەمشەلدى.

__ رەنجىمەي ماڭغىن، __ دېدى غېنى شاڭجاڭ ئۇنى ئۇزىتىپ چىقىپ، __ ئىچىدىغان، چېكىدىغان ئادەم ئاشۇنداق ئوڭ-تەتۈر سۆزلەيدۇ، كۆڭلۈڭگە ئالما.

__ ياقەي، ئۇ ھەزلەكنىڭ گېپىگە خاپا بولۇش كەتمەيدۇ.

ــــ ئەجەپ ئالدىراپ ماڭدىڭ، چوڭ خوتۇنغا ئالدىراپ كىچىك خوتۇنۇڭنى تاشلاپ قويامسەن؟

ــــ ياقەي، ساقلاپ تۇرۇۋاتمەنغۇ مانا...

ــــ شۇنى دەيمنا، سېنىڭ خوتۇنۇڭ ئۇ، بىللە ئېلىپ كەت!

شۇ ئەسنادا گۈلشەنمۇ چىقتى، ئۇ ئەتلەس كۆينىكىنى سىلىقلاپ، نېۋزەي شىم بىلەن قىسقا كوپتىسىنى كىيىپ چىققانىدى.

ــــ ئېرىم دېسە ئۇچۇشقا تەييار تۇرىسىز-دە خان... ــــ دېدى غىنى شاڭجاڭ ھجيىپ، ــــ ئېرىڭىزنى خاپا قىلماڭ جۇمۇ...

ــــ نېمشقا خاپا قىلغۇدەكمەن،ــــ دېدى گۈلشەن ياسىننىڭ يېنىغا كېلىپ.

ــــ ئەمسە ئۇكا، يامانلىماي ماڭ، ۋاقتىڭ يەتسە پات-پات كەل.

ياسىن ماقۇللۇق بىلدۇرۇپ خوشلىشىپ، گۈلشەننى ئەگەشتۇرۇپ بەش مىنۇت مېڭىپلا بىنانىڭ ئالدىغا كەلدى. گۈلشەن بۇ يەرگە كەلگىچە ئۈينىڭ تۇك پۈلى، سۇ پۇلى ھەققىدە بىر گەپلەرنى قىلغاندەك قىلدى، ياسىننىڭ قۇلىقىغا بۇ گەپلەر كىرمىدى، ئۆزى بىلەن ئۆزى قېرىشىپ ئاشۇ ھەزلەكىنىڭ گېپىنى ئويلاپ، ئىچىنى يەنە ئاچچىق قىلدى.

ــــ نېمە بولدى سىزگە، جىمپىلا كەتتىڭىزغۇ؟ــــ دېدى گۈلشەن سەل ئالدىغا ئۆتۈپ ياسىننىڭ چىرايىغا قاراپ،ــــ ھاراق ئىچسىڭىز شوخلىشىپ كېتەتتىڭىز، ھازىر باشقىچىلىغۇ؟

ــــ نېمە بولاتتى، ھېلقى مازپۇرۇش نېرۋامغا تەگدى.

ــــ قايسى مازپۇرۇش، پەرھات ئەمەستۇ؟

ــــ ياق، پەرھاتنىڭ ئاغىنىسى.

ــــ ۋاي ئۇ ئاشۇنداق دەلتە سارالڭ، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماڭ.

ئىككەيلەن  بىناغا كىرىپ، لىفتقا چىقىپ ئۈستىگە مېڭىۋاتقاندا ياسىننىڭ كۆڭلى سەل ئېچىلدى، كۆرەلمەس ھەزلەكلەر ياسىننىڭ سۆزۈۋاتقان لەززەتلىرىگە چىدىماي قالغان گەپ، پەرھات چاندۇرمىغاندەك قىلغان بىلەن، ئاشۇ مەسخىرىلىك قىسىلغان كۆزىدە يەنىلا كۆرەلمەسلىك بار...

گۈلشەن ئىشكنى ئېچىپ ياسىننى ئىشرەت قويىنغا باشلىدى، ياسىن پۇشۇلداپ بارغىنىچە چاپىنىنى كارىۋاتقان تاشلاپ تاماكا ئىزدەشكە باشلىدى.

ــــ ئۆيگە بىر مۇنچە ھەشەم قىلسام قاراپ قويايمۇ دېمەيسىزغۇ؟ــــ دېدى گۈلشەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەركىلەپ،ــــ كارىۋاتقا بىر قاراپ بېقىڭە..

ياسىن ئىككى يېنىغا قارىدى، گۈلشەن كارىۋاتقا يېڭى يوتقان-كۆرپە، ياستۇق، كىرلىك ئالغان بولۇپ، ھۇجرىنى باشقىچە يېقىشلىق، ئارامبەخش قىلىۋەتكەنىدى.

ــــ ئۆزەڭنىڭ ئۆيدەكلا قىلىۋېتىپسەنغۇ!

ــــ شۇ ئۆزىمىزنىڭ ئۆيى تۇرسا، قانداق، رازى بولدىڭىزمۇ؟

ــــ ماڭا سەن بولساڭلا بولدى، داق يەردىمۇ يېتىۋېرىمەن.

ــــ ئۇنداق قىلماڭ، بىلىڭىزگە سوغ ئۆتۈپ قالدۇ،ــــ دېدى گۈلشەن ئۇنىڭ يېنىغا ئۆتۈپ بىلىدىن قۇچاقلاپ، ــــ مۇشۇ يوتقاندا سىز بىلەن كېچىچە بىللە ياتقۇم بار.

ــــ ئۇ ۋاقىتلارمۇ كەپ قالا، نەچچە كۈندىن يالغۇز ياتتىڭمۇ؟

ــــ يالغۇز ياتتىم، بىنا ئۆي دېگەن بىخەتەركەن دەڭا، كۆردىڭىزغۇ، چوڭ ئىشىكتىن كىرسىڭىزلا قارايدىغان ئادەم بار، بىناغا كىرىۋالسىڭىز خاتىرجەم، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋېلىپ ئولتۇرىمەن، بىكار تۇرماي تازىلىق قىلىمەن، قاراڭە ئۆيگە، بىر تال چاڭ-توزان تاپالمايسىز. ھەممە يەر شۇنداق پاك-پاكىز.

ــــ يېنىڭىدا ئادەم يوق زېرىكمىدىڭمۇ؟

ــــ ياق، مەن ھازىر يالغۇزلۇققا ئامراق بولۇپ قالدىم، ئويلىسام پەقەت سىزنىلا ئويلايمەن شۇ، كەچتە

ئۈششاق-چۈششەك نەرسىلەرنى ئەكىرىپ قويۇپ، يېگەچ ئولتۇرۇپ دىيەنشى كۆرىمەن، مەن بۇنداق تۇرمۇشنى ئارزۇ قىلغىلى ئۇزاق بولغان، شۇڭا ئىشتىن چۈشۈپلا ئۇدۇل ئۆيگە قايتىمەن، ئوپچە ياتاققا ھازىر قەتئىي بارغۇم كەلمەيدۇ.

ــــ بوپتۇ، قورقمىساڭ مۇشۇنداق ياشا، مەن بولمىسامۇ مەن يېنىڭدا باردەك ئۆتىۋەرسەڭ بولىدۇ.

ــــ سىزنى ئاخشىمى شۇنداق سېغىنىپ كېتىمەن، لېكىن چىدايمەن.

ــــ چىدىغىن ئەمدى، مەنمۇ چىداۋاتىمەن.

ــــ قاچانغىچە مۇشۇنداق ئۆتەرمىز؟ لېكىن مەن مۇشۇنداق ئۆتۈشكە رازى، سىزگە بېسىم قىلغۇم يوق.

ــــ پات-پات كۆرۈشۈپ تۇرىمىز ئەمەسمۇ، ئەر-خوتۇنچىلىق دېگەن كۆندە بولىۋەرسىمۇ ئادەم زېرىكىپ قالىدۇ، شۇڭا سېغىنغاندا بىر قىلىمىز، خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن ئادەم تاماق يېگەندەك بولىدۇ، بۇنىڭ ھۇزۇرى باشقىچە...

ــــ سەتلىكنى، ــــ دېدى رەيھان ياسىنغا ئەگىشىپ تەڭ كۈلۈپ، ــــ ئۇنداقتا سىز زېرىكمەيدىكەنسىز-دە؟ بىر خوتۇن ئۇ ياقتا، بىر خوتۇن بۇ ياقتا، ھەر ياقتا تاماشا، قاچان دېسىڭىز شۇ چاغدا تەييار، پۇل تاپقان خەقنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلىدىكەن، ئەر كىشى نېمانداق تويمايدىغاندۇ؟

ــــ بۇ نېمە دېگىنىڭ، مېنى ئىككى خوتۇن ئالغانغا تويغۇزاي دېگەنمۇ؟

ـــ ياق، مەن دەيمەن، ئايال كىشى بىرلا ئېرىم بولسا ئۈيلايدىكەن، لېكىن ئەر كىشى كۆپ خوتۇنۇم بولسا دەيدىكەن، شۇنىڭغا قاراپ دەۋاتىمەن.

ـــ خوتۇن خەقمۇ ئويلايدىغاندۇ، يالغاندىن نومۇسچان بولۇۋېلىپ يۈرگەن بىلەن…

ـــ ۋاي مېڭە، ئۇنداقتا خوتۇن خەقنىڭ بۇزۇقتىن نېمە پەرقى!

ـــ توغرا دەيسەن، خوتۇن خەق ئېرىگە سادىق بولۇشى كېرەك.

ـــ ئېرىدىن يوشۇرۇن ئاشنا ئوينىغان خوتۇنلارنى ئەپچىقىپ ئېتىۋەتسە بولىدۇ.

ـــ راست دەيسەن خوتۇن،ـــ دېدى ياسىن ئۇنى هارام پۇراپ تۇرغان ئاغزىدا سۆيۈپ،ـــ گەپنى يامان جىق قىلدۇق، بېشىم ئاغرىپ تۇرىدۇ…

ـــ هاراقنى جىق ئىچمىگەندەك قىلىسىز بولمىسا، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئۇكىشاپ قويىمەن.

ـــ چېپىڭ بارمۇ؟ ئۇسساپ تۇرىمەن…

ـــ توختاڭ، هازىر دەملەپ ئاچىقاي.

گۈلشەن ئورنىدىن قوپۇپ مېڭىشىغا ياسىننىڭ تېلېفونى سايراپ كەتتى. ئۇ تېلېفوننى ئالماستىن، نومۇرىغىمۇ قارىماستىن ئېچى سىقىلدى، بۇنداق چاغدا خوتۇنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشنى پەقەت خالىمايتتى. ئەمما بۇنىڭدىن هەزەر ئەيلەيتتى. چۈنكى ئۇ ئىلگىرى تېلېفوننى بىر قېتىم بىسۇۋېتىپ گەپتىن قۇتۇلالماي بۇرنى قۇلىقىغىچە تويىغانىدى، تېلېفوننى پەقەت ئالمىسىمۇ بىسىۋەتكەن بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇ تېلېفوننى بايا ئۆيگە كىرىپلا ئېتىۋەتمىگىنىدىن پۇشايمان قىلىپ، ۋەھىملىك سايراۋاتقان تېلېفونغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى، تېلېفون هەر سايرىغاندا خوتۇنىنىڭ گۇمانى بىر قېتىم كۈچىيەتتى، ياسىن بۇنى ياخشى بىلەتتى، بۇ ۋەهىمە، بۇ قورقۇنچتىن شۇنچە بىزار بولسىمۇ قۇتۇلالمايتتى، چۈنكى بۇ قورقۇنچنى پەيدا قىلغان خوتۇنى ئەمەس، بەلكى ئۆزى ئىدى. ئۇ تېلېفون

توختاپلا قالسا يۈرىكى توختاپ قالىدىغاندەك جىددىيلىشىپ تېلېفوننى دەرھال ئالدى، رەيھان يىغا-زارە ۋە ئاچچىق بىلەن سوراۋاتاتتى:

___ ۋاي سىز نەدە؟

___ غېنى شاڭجاڭنىڭ يېنىدا، نېمە بولدى؟

___ ئۇ ئوغرىنىڭ يۈندىسىنى يالاپ يۈرگىچە ما ئۆكىڭىزغا قارىسىڭىز بولمامدۇ؟

___ نېمە بولدى، دېمەمسەن؟

___ ساقچىلار ھازىر كېلىپ ئۇنى تۇتۇپ كەتتى.

___ نېمە؟!___ دېدى ياسىن ئورنىدىن قاڭقىپ تۇرۇپ،___ نېمە ئىش قىلغانىغا تۇتىدىكەن؟

___ باسقۇنچىلىق قىلىپتۇ، ئادەم ئۇرۇپتۇ.

___ توۋا دېگىن، بۇ قانداق گەپ! ماڭا يالغان گەپ قىلما جۇمۇ!

___ بۇ گەپكە ئىشەنمىسىڭىز ئەمسە شۇ يەردە قوسۇق يالاپ يېتىڭ!!!___ دېدى رەيھان غەزەپ بىلەن ۋاقىراپ،___ ئىست، سىزنىڭمۇ بىر ئەركىشى بولۇپ قالغىنىڭىزغا!

___ توختا، مەن ھازىر باراي...

يۈرىكى مۇجۇلۇپ، چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى پارقىراپ كەتكەن ياسىن چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ تالاغا ماڭدى، گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان گۈلشەن ئۇنىڭ كەينىدىن ئالدىراپ چىقتى:

___ نېمە ئىش بوپتۇ، كىمنى تۇتۇپ كېتىپتۇ؟

ــــ ئۆمەرنى...      بولدى سەن چىقما، ئۆزەڭگە ئۇبدان قارا..

ــــ ۋۇي نېمىشقا تۇتۇپ كېتىدۇ؟

ــــ بولدى سورىما، كېيىن دەپ بېرەي.

گۈلشەن قولىنى تىتماسلاپ، ئۈمىدسىز، چارىسىز هالدا ياسىننى ئۇزىتىپ قالدى.

ياسىن ئاشخانىغا كەلگەندە رەيھان يىغلاپ ئولتۇراتتى، ساۋۇت بىلەن هاشىم دوغىلاق رەيھاننىڭ يىغىسىنى تىڭشاپ، ئېغىر مۇسىبەتكە چۆشكەندەك قاراپ تۇراتتى.

ــــ نېمە ئىش بولدى، ئېنىقراق دېگىنە!

ــــ بالىنى ياتقۇزاي دەپ تۇراتتىم، بىر كەمدە ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، خىيالىمدا يوق ئولتۇرۇۋېتىمەن، بىر چاغدا ئاشخانىغا بىر كىملەر كىرگەندەك قىلدى، قارىسام ئۇدۇل ساتراشخانىنىڭ لاۋبەنىياڭى بىلەن ئۈچ-تۆت ساقچى قاراپ تۇرىدۇ. ئاڭغىچە هاشىم بىلەن ساۋۇتنى چاقىرىپ چىقتىم، لاۋبەنىياڭ "بۇ ئىككىسى ئەمەس، يەنە بىرسى بار " دېدى. ئۆمەرنى چاقىرىپ چىقتۇق. ئۇ چىققان هامان لاۋبەنىياڭ "مۇشۇ شۇ" دەپ كېلىپلا ئىككى شاپىلاق سالدى. بىز هېچنېمىنى ئۇقالماي قالدۇق. "نېمە قىلدىڭ" دەپ ئۇزىدىن سورىساق قورقۇپ گەپ قىلالماي قاراپ تۇرىدۇ. لاۋبەنىياڭدىن سورىساق "يېڭى كەلگەن بىر قىزغا باسقۇنچىلىق قىلىپتۇ، دۇكاننى ۋەيران قىلىپتۇ..." دەيدۇ، "بۇ كىچىك تۇرسا قانداق ئۇنداق قىلىدۇ" دېسەم، "بۇنىڭغا ئىسپات تولۇق، گېپىڭ بولسا ساقچىغا دە" دېدى. ساقچىلار بىزنى قارىتىپ قويۇپ ئۆمەرنى ماشىنىسىغا چىقىرىپ ئېلىپ كەتتى...

ياسىن بۇلارنى ئاڭلاپ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى، بىر ئوبدان ئىشلەۋاتقان بالا قانداق بولۇپ بۇ مەينەت يەرگە كىرىپ، بۇ پالاكەتكە يولۇقىدۇ؟

ــــ ئۆمەر قاچانراق كىرىپتۇ ئۇ يەرگە؟

ـــ ئىشتىن چۈشكەندە كىرگەن چىغىۋا...ـــدېدى ھاشىم بۇنىڭغا ئۆزىمۇ ھەيران قالغاندەك ئەلپازدا.

ـــ ئىككىڭلار ئۇنىڭ نەگە كەتكىنى بىلەن چاتىقىڭ يوق يۇردۇڭلارما؟

ساۋۇت بۇ ئىشىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلغاندەك گەپ قىلماي تۇرۇپ كەتتى.

ـــ ئادەتتە ئىشتىن چۈشكەندە ئۇ تورخانىغا كىرەتتى، بىز تېخى شۇ يەرگە كىرىپ كەتتى دەپ يۈرۈپتۇق، بۇ يەرگە كىرىدىغىنىنى پەقەت ئويلىماپتىمىز...ـــ دېدى ھاشىم.

ـــ سەنمۇ ئالدىراش، بالىغا قاراپ ئۆمەرگە قاراپ بولالمىدىڭ دېگىنە،ـــ دېدى ياسىن خوتۇنىغا قاراپ ئاچچىق بىلەن،ـــ بارلىق گۇناھ مەندىكەن ئەمىسە، بىر دەم بىر يەرگە بېرىپ كەلگىچە بولۇپ كەتكەن ئىشنى كۆرمەمدىغان. باسقۇنچىلىق قىلغان بولسا تۈرمىدە ئون يىلدىن ئوشۇق ياتىدۇ دېگەن گەپ...كېلىپ بىر ئاي بولماي ئۆزىنى تۈرمىدە كۆرىدىغان بوپتۇ-دە دۆت شۇم!

ھەممىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۈركىنىپ كەتتى، ياسىن غەزەپ-نەپرەت، دەرت-ئەلەمدىن خۇدىنى يوقىتىپ، بىر جايدا چۆگىلەپ ئۇ ياق-بۇياققا قارايتتى، ساتراشخانىغا ئۆچمەنلىك بىلەن نەزەر سالاتتى. ئۇ چېكىۋاتقان تاماكىسىنى پىقىرىتىپ تاشلىۋېتىپ، ساتراشخانىغا ماڭدى. لاۋبەن سەتەڭ ئۇنىڭ كېلىشىنى بىلىدىغاندەك تەييارلىق ھالەتتە، باتەينىڭ ئارقىسىدا قاش ياساپ، كۆزىنى بوياپ ئولتۇراتتى.

ـــ مەن سەندىن سوراي، نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟ ـــ دېدى ياسىن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ـــ مەندە قانداق ئۆچۈڭ بار.

لاۋبەن سەتەڭ ئۇنىڭ قاملاشقان تۈرقىغىلا ئەمەس، بېيجىڭ تەلەپپۇزىدا خېلى راۋان گەپ قىلالىشىغا ھەۋەسلىنەتتى. ئەمما ھازىر بۇ ھەۋەسلەرنىڭ ئورنىنى ئۆچمەنلىك ئىگىلىگەن، مۇھەببەت گويا نەپرەتكە ئايلىنىپ كەتكەندى.

ــــ سەندە نېمە ئۆچۈم بولماقچىدى؟ــــ دېدى سەتەڭ پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ،ــــ ئىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزدى، تېگىشلىك جازاسىنى تارتىشى كېرەك.

ــــ باسقۇنچىلىق قىلدى دەيدىغانغا نېمە ئاساسىڭ بار، بۇ دېگەن بىر پاھىشىخانىغۇ؟!

ــــ نېمە؟ سەن بىزنى نېمە چاغلاپ قالدىڭ؟! ــــ دېدى سەتەڭ تېرىكىپ ئورنىدىن قوپۇپ،ــــ كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ تامغا قارا، كۆردۈڭمۇ بۇ تىجارەت كېنىشكىسىنى! بۇ دېگەن چاچ ياساش، ھۆسن تۈزەش ئورنى، پاھىشىخانا دەيدىغان ھېچقانداق ئاساسىڭ يوق.

ــــ بولدى قىل، سېنى كىم بىلمەيدۇ، ساقچىلارمۇ ھەممىنى بىلىدۇ، ئۇلاردىن تونۇشۇڭ بار ، شۇڭا ئاچچىقىڭ بېسىلىدۇ دېگىنە، ئەمدى شۇ تونۇشۇڭغا دەپ ئۇمەرنى چىقىرىۋەتسەڭ، پۇل دېسەڭ پۇل بېرەي.

ــــ ماڭا پۇلنىڭ لازىمى يوق، ساقچىلار قانداق قىلسا ئۆزىنىڭ ئىشى.

ــــ ساقچىلارمۇ پۇل دەيدۇ، لېكىن مەندە ئۇنداق جىق پۇل يوق.

ــــ قانداق قىلساڭ قىل، خالىساڭ پۇل تۆلەپ ئېلىپ چىق، خالىساڭ سوتقا ئەرز قىل. ئەمدى مېنىڭ بۇ ئىش بىلەن چاتىقىم يوق.

لاۋبەن سەتەڭنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى، جاھىللىقىدىن سەپرايى ئۆرلىگەن ياسىن ئۆزىنى تۇتالماي ۋاقىراپ كەتتى:

ــــ قانداق نېمە سەن، ئىشنى ئۆزەڭ تېرىپ قويۇپ ئىگە بولمامسەن؟!

ــــ ئىش چىقارغان كىم؟ ماڭا بوش تۇۋلا، ھېلى بىكار ساقچى چاقىرىمەن،ــــ دېدى سەتەڭ تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ.

ياسىن پەسكويىغا چۈشۈپ قالدى، چىرايىدىكى غەزەپ ئامالسىزلىق، بىچارىلىككە ئالماشتى.

ــــ سەن ماڭا زىيانكەشلىك قىلدىڭ،ـــ دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن، ـــ مەندە زادى نېمە ئۆچۈڭ بار، ھېچ بىلمىدىم، سەن زادى نېمە قىلماقچى، دېگىنە، مەن بىر ئاڭلاپ باقاي.

ـــ كىم ساڭا زىيانكەشلىك قىلىپتۇ، مەن قانۇنغا تايىنىپ ئۆزەمنى قوغدىدىم، ـــ دېدى سەتەڭ مەغرۇرلۇق بىلەن تاماكىسىنى پۈۋلەپ،ـــ ئىنىڭنى دۇكانغا مەن باشلاپ كىردىممۇ؟ شۇ شوركا جېنىدا مېنىڭ دۇكىنىمدا زوتالىق قىلسا مەيلى دەپ قاراپ تۇرامدۇق؟ كىم بىزگە چېقىلسا ئەدىۋىنى يەيدۇ، ئىنىڭ ساقچىغا ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى جازاسىنى تارتىدۇ.

ـــ مەندە چوقۇم بىر ئېلىشىڭ بار. دېگىنە، پۇل دەمسەن، يا باشقا بىر نېمە دەمسەن، سېنى بىر قاندۇراي.

ـــ سەن مېنى ئاشۇنداق پەس، ئالدامچى كۆرۈپ قالدىڭما؟ بۇ يەردىن ئاستا چىقىپ كەت، گېپىڭ بولسا ساقچىغا دە، مەن سەندەك ئادەمنى تونۇمايمەن، ماڭا ھېچنېمەڭنىڭ كېرىكى يوق.

ـــ سەن بۇنداق يۈزسىزلىك قىلما،ـــ دېدى ياسىن خورلۇقتىن تىكەنلىشىپ،ـــ مەن بۇ يەردە نېمە ئىش بولغانلىقىنى تېخى بىلمەيمەن، قانداق باسقۇنچىلىق قىلىپتۇ مەسىلەن، دېگىنە؟

ـــ باسقۇنچىلىق دېگەن قانداق بولاتتى؟ سەنمۇ قىلىپ باققان بولغىيتىڭ؟ تۈرمىدە ياتمىغانلا يېرىڭ قالدى شۇ...

ـــ ئەمىسە ساقچىغا تېلېفون قىلە، مېنىمۇ ئەكەتسۇن!ـــ دېدى ياسىن غەزەپ بىلەن،ـــ بەك ئېپلاس نېمىكەنسەن.

ـــ ئەمدى بىلگەنسەن، نوچىلىق قىلساڭ ئاشۇنداق جاجاڭنى يەيسەن.

ياسىن لاۋۇبەن سەتەڭگە نەپرەت بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى، قانچە غەزەبلەنسىمۇ ئۇنى ھېچنېمە قىلالمايتتى. ‹‹خەپ توختاپتۇر›› دېدى ئىچىدە، ۋە شۇ قەدەر چارىسىز، زەئىپ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىدىن ئازابلاندى.

ئۇ ئاشخانىغا قايتىپ كىرگەندە رەيھان سورىدى:

ــــ نېمە دەيدۇ ئۇ؟

ــــ گېپىڭ بولسا ساقچىغا دە دەيدۇ.

ــــ ئەجەپ ئەسكىلىك قىلدىيا بۇ قانجۇق، قاراپ تۇرۇپ كىچىك بالىنى تۈرمىگە سولىتىۋېتەرمۇ؟

ــــ باسقۇنچىلىق قىلدى دېگەن گېپىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ،ــــ دېدى ھاشىم ئۆمەرنى ئاقلاۋاتقان ئادۋوكاتتەك ۋەزمنىلىك بىلەن،ــــ بۇ بىر قىلتاق. ئۇلار يېڭى كەلگەن بۇزۇقنى ئۆمەرنىڭ يېنىغا كىرگۈزۈپ ئۇنى ئالدىغان گەپ. بولمىسا ئۆمەر ئۇنداق قىلىدىغان بالا ئەمەس. ئاندىن ئۇ پۇل بېرىدىغان چاغدا قاراپ تۇرغان گەپ، پۇل بەر دەپ قىستىسا ئۇرۇشقان گەپ... ھەي، شۇ بالىنى دەيمەن، تورخانىغا كىرگەندىكىن قوڭنى قىسىپ يېنىپ چىقسا بولمامدۇ دەيمەن...

ــــ بۇ شۇمنىڭ كاللىسى شۇ تورخانىدىلا بۇزۇلغان گەپ، ئەمدى نېملا دېسەك ئاقمايدۇ،ــــ دېدى ياسىن رەيھانغا قاراپ،ــــ تورخانىغا كىرىمەن دېسە پۇل بېرىۋېرىپ سەنمۇ يامان ئۆگەتتىڭ ئۇنى!

ــــ ئەمدى بۇنىڭغا مەن سەۋەبچى بولۇپ قالدىممۇ؟!ــــ دېدى رەيھان زارلىنىپ،ــــ ئىشلىگەندىكىن ئازراق پۇل بېرىپ تۇردۇم. چوپچوڭ بولۇپ قالغان بالا تەلمۈرۈپ تۇرسا، پۇل بەرمىسەك سەت ئەمەسمۇ! تورخانىغا كىرىك دەپ بەرمىدىم مەن، پارچە-پۇرات خەجىگە ئىشلىتەر دەپ بەرگەن.

ــــ ئۇنداق دۆت نېمىنى جايىدىلا قويۇپ كېلىدىغان ئىش ئىدى، بېشىمىزغا بىر مۇنچە بالا تېرىدى مانا!

ــــ ھەممىنى ماڭا قويۇڭ، ھەممىگە مەن ئىگە بولاي!ــــ دېدى رەيھان يىغلاپ،ــــ ئەتە ساقچىنىڭ يېنىغىمۇ مەن باراي، سىز ئۆيدە پۇتىڭىزنى ئۇزۇن سۇنۇپ يېتىڭ.

يىغا-زارە بولۇۋاتسا تاماشا كۆرمەسلىك ئۈچۈن ساۋۇت بىلەن ھاشىم ياتاقلىرىغا كىرىپ كېتىشتى.

___ سەن بېرىپ ئېلىپ چىقالامسەن؟ نېمەڭگە ئېلىپ چىقىسەن؟___ دېدى ياسىن ئاچچىق بىلەن،___ بۇ ئىشنى شۇنچە ئاسان چاغلامسەن؟

____ ھەممىنى ماڭا ئىتتىرىپ قويىسىڭىز، ئەمىسە قانداق قىلىمەن!___ دېدى رەيھان ئەلەم بىلەن يېشىنى سۈرتۈپ،___ ئېرىمنىڭ ھالى مۇشۇ بولسا ماڭا نېمە چارە!

____ ماڭا تولا دوق قىلما، شۇ چاغدا مەندىن سورىماي ئۆزەڭ قارار چىقىرىپ نوچىلىق قىلغىنىڭنى بىلەمسەن؟

____ شۇ، مەن نوچىلىق قىلىپ ئەكەلگەندىكىن، پۇلنى مەن بېرىپ يامان يولغا مەن باشلىغاندىكىن، ساقچىغا ئۆزەم باراي دەۋاتىمەنغۇ!؟

____ سەن بارغانغىلا خوش خېنىم دەپ ئۆمەرنى قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويامتى؟ غىت قىسىپ ئۆيدە ئولتۇر، بىر قېتىم ئۆز بېشىمچىلىق قىلدىڭ، بولار ئەمدى!

____ ئەمىسە ئەر كىشى بولسىڭىز مەندىن قاقشىماي ئىنىڭىزنى ئېلىپ چىقىڭ، ئەمما شۇنى دەپ قوياي، ئەگەر ئېلىپ چىقالمىسىڭىز كېلىپ ماڭا تاپا قىلماڭ.

___ ئۇنى ئېلىپ چىقىش شۇنچە ئاسان بولسا ساڭا سۆزلەپ نېمە قىلىمەن؟ ئوغرىلىق قىلغان بولسا ئاسان ئىدى، پۇلنى تۆلەپ بېرىپلا قۇتۇلغىلى بولاتتى. باسقۇنچىلىق دېگەن چوڭ جىنايەت، ئەگەر بۇ شاۋچىلار ئۆمەرگە راستىنلا شۇ جىنايەتنى ئارتىدىغان بولسا، ساقچىلار ئۇنى قولىمىزغا ئاسان تۇتقۇزۇپ بەرمەيدۇ، ئاز دېگەندە نەچچە يىل كېسىۋېتىدۇ، ئەگەر ئاچچىقالماي قالسام ئاچامغا نېمە دەيمەن؟

___ ئەمىسە مېنى توختىماي تىللاۋېرىڭ، ئاچچىقىڭىزنى مەندىن چىقىرىڭ، قىلالايدىغان ئىشىڭىز پەقەت شۇ ئوخشايدۇ.

___ نېمە قىلسام قىلىمەن، ئىشنى باشتىن بۇزغان سەن! شۇ چاغدا گېپىمگە كىرگەن بولساڭ مۇشۇ ئىش چىقامتى؟

___ باشتىن بۇزغان مەن بولسام، كەينىدىن بۇزغان كىم؟! مەن كەلگەندىن بېرى كاللىڭىز ئاشخانىدا ئەمەس، ئۆمەر بىلەنمۇ ئانچە كارىڭىز بولمىدى، يوقنى تېپىپ بەردىم دېگىنىڭىز بىلەن ئاشخانىنى ماڭا تاشلاپ قويدىڭىز، بۇرۇنقىدىن ھورۇنلىشىپ كەتتىڭىز، بىر تەخسىنى قولىڭىزغا ئېلىپ كۆتۈرۈشۈپ بەرمىدىڭىز، كۆزىڭىز خوتۇن-بالىدا بولغان بىلەن خىيالىڭىز بىزدە ئەمەس، بىر كۆزىڭىز ئۆيدە بولغان بىلەن بىر كۆزىڭىز تالادا، بۇرۇنقىغا قەتئىي ئوخشىمايلا كەتتىڭىز،

گەپ قىلاي دېسەم، مېنى گۇمانخور دەيسىز، گەپ قىلماي دېسەم، يا ئۆزىڭىزنى بىلمەيسىز. دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ كېتىپ بارىمەن. ئۇ ئىش، بۇ ئىش دەپ توختىماي تالاغا قاترايسىز، بالىنى ئاپىرىپ ئەكەلگىچە بىر ئۇزۇن يوقاپ كېتىسىز. مەن بۇ يەردە ھەممە ئىشقا يېتىشىپ بولالماي ئاۋارە، سىز بىكارچىلىقتا ئويناپ بولالماي ئاۋارە. ئىشلەۋاتقان باللار بىلەنمۇ چاتىقىڭىز يوق، ئۆمەرگىمۇ "ئۇكام، ئەھۋالىڭ قانداق" دەپ بىر ئېغىز ياخشى گەپ قىلغىنىڭىزنى ئاڭلاپ باقمىدىم، ئەمدى بۇ ئىش چىققاندا توختىماي مېنىڭ پېشانەمگە تاقاپ، ئۆزىڭىزنى ئاقلاۋاتىسىز. مېنىڭ باشقا گېپىم يوق، ئۆزىنى سورىغان شەھەر سوراپتۇ دەيدۇ، ئۆزىڭىزنى بىلىۋېلىڭ، سىز دېگەن ئەر كىشى.

___ مەن نېمىشقا شۇنداق قىلىمەن، بىلەمسەن؟ كونا خامانىنى سورىغۇم يوق، لېكىن گېپىمنى دەۋالاي، شۇ چاغدا مەن بىلەن بەك قېرىشىپ كەتتىڭ، مەندىن گۇمان قىلىۋەردىڭ، بىر ئوبدان ئىشلەۋاتقان قىز بالىنى ھەيدىۋەتتىڭ، ياخشى بولۇۋاتقان سودىنى ئۆلتۈردۈڭ، ئۇنى ئاز كەلدى دەپ ئۆزەڭگە جاپا سېلىۋەردىڭ، مۇشۇ دۆتلۈكىڭ ئۈچۈن سېنى جازالىدىم. ئۆمەرگە كەلسەك، مەن باشتىلا ئۇنىڭ كېلىشىنى خالىمايتتىم، ئاغزىمدا ھە دېسەممۇ، كۆڭلۈمدە رازى ئەمەستىم. چۈنكى بۇ تاز كىچىكىدىن كەپسىز ئىدى، قوڭىنى بېسىپ ئولتۇرالمايتتى. ئاخىر مەن دېگەندەك بولدى، كېلىپ تۈزۈك ئىشلىمىدى، ئۇرۇپ تىللاي دېسەم ئۆزەمنىڭ ئۇكىسى، شۇڭا كارىم بولمىدى. چوپچوڭ بولۇپ قالغان تازنى بۇ يەردە ئاتا-ئانىسىدەك باشقۇرغىلى تۇرساڭ، ئىككى كۈندە قاچىدۇ. مەيلىگە قويۇۋەتسەڭ ئوبدان ئىشلەيدۇ؛ لېكىن ئۇنى مەن يامان ئىش قىلسۇن دەپ مەيلىگە قويۇۋەتمىگەن-دە! ئەمدى ئۇنى ئىلشاتنى يېتىلگەندەك يېتىلەپ، ھەر ۋاقىت كەينىدىن يۈرسەم بولامتى؟ مۇشۇ ياشقا كەلگىچە ئەقلىنى تاپالمىغان ئۇنداق بەڭۋاش ئېشەككە تۈرمە ياخشى؛ ساقچىدىن تايىقنى يەپ، ئېشىپ قالسا تۈرمىنىڭ موما-سەيلىرىنى يەپ يېتىپ چىقسا ئادەم بولىدۇ.

___ بۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ، تۈرمە كىمگە ياخشى! ئۆزىمىزنىڭ ئۇكىسى، ئۇنداق باغرى تاشلىق قىلمايلى. بىر-بىرىمىزدىن قاقشاپ ئولتۇرغاننىڭ ئەمدى پايىسى يوق، ھەر ئىككىلىمىزدە ئۆتۈپ كەتكەن يەرلەر بار...___ دېدى رەيھان ئېغىر ئۇھ تارتىپ، ___ ھېلىمۇ ئۆزەمنىڭ شۇ ئىشىغا پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، مەندىن ئۆتكەن يېرى بولسا كەچۈرۈڭ، لېكىن گۇناھنى ماڭىلا ئارتىپ قويسىڭىز ئەمدى مەن زادى چىداپ تۇرالمايمەن، جېنىم ئاران قالدى، مېنىمۇ ئويلاپ قويۇڭ. ھازىر بىر-بىرىمىزدىن ھېساب ئالىدىغان ۋاق ئەمەس، ھېلىمۇ بېشىمىزغا بۇ بالا كەلدى، بىر-بىرىمىزنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدىغان ئىشنى قىلمايلى...

رەيھان يەنە يىغلاپ تاشلىدى، خوتۇنى ھەر قېتىم يىغلىغاندا كۆڭلى يېرىم بولىدىغان ياسىن بۇ قېتىم ئازراقلا ئىچ ئاغرىتتى، كۆڭلى يۇمشىدى، غۇرۇرى ئەسلىگە كەلدى، چۈنكى خوتۇنى يىغلىسا ئەركەكلىكى غالىپ ئورۇنغا چىقاتتى.

___ بولدى يىغلىما، ئەتە ئۆزەم بارىمەن، ___ دېدى ئۇ،___ بولغۇلۇق بولدى، قاراپ تۇرۇپ بۇ قانجۇق بىزنى قارىغا قويدى، پۇل دەمدىكىن دېسەم غەرىزى پۇلدا ئەمەسكەن، دۈكىنى ئاقمىغانچە بىزنى كۆرەلمەي تاپقان ئىشكەن بۇ شاۋچىنىڭ.

___ئەركىشى دېگەن پايتىمىسى سۆرۈلۈپ قالسىمۇ ئەركىشكەن، باياتىن سىز بولغان بولسىڭىز ئۇ قانجۇقنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ساقچىغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلغان بولاتتىڭىز.

___ بۇ ئىشنىڭ چىقىشىنى كىم بىلدى دەيسەن، بىر بالايى ئاپەت دېگىنە بۇ بېشىمىزغا كەلگەن، كۆلىغا چىققاندىن بۇيان تۆرمە دېگەنگە يېقىن يولىماي، مانا ئەمدى كۆرۈۋاتىمىز بۇ ئىشنى! ھەي... شاپاق يېگەن دۆت ئېشەك، ئۆزەڭگىمۇ قىلدىڭ، بىزگىمۇ قىلدىڭ!

ياسىن ئىلاجىنىڭ بېرىچە دەردىنى ئاۋۇتماسلىق ئۈچۈن ئىشنى ياخشى تەرەپتىن ئويلاپ، خوتۇنىنىڭ چىرايلىق ئۈمىد كۆتۈشلىرىگە ئەركىشىدەك جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ئەتىدىن باشلاپ ساقچىخانىغا قاتراش نىيىتىگە كەلدى.

ئەتىسى ئۇ ئويغىنىپلا تاغدەك غەمدىن بىئارام بولۇپ ئېزىلىپ ياتتى، رەيھان نامىزىدا دۇئا قىلىپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئېغىر كەيپىياتتا ناشتىلىق قىلىپ، ئۆمەرنى قايسى ساقچىخانىنىڭ تۇتۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى، بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان ئاشخانىغا كەلگەن ساقچىلارنى كۆرگەن بولسىمۇ، ساقچىخانا دەرۋازىسىنىڭ نەگە قارايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ غېنى شاڭجاڭغا تېلېفون ئۇرۇپ، ئەھۋالنى بايان قىلدى. غېنى شاڭجاڭ ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدىغان گەپتىن باشقىنى قىلمىدى، ساقچىدا تونۇشۇم بارمۇ دېمىدى، ساقچىخانىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ يەردە ھەممىنى بىلىدىغاندەك، ھەممە ئىش قولىدىن چىقىدىغاندەك چوڭ سۆزلەپ يۈرگەن ئادەمنىڭ كۆتۈلمىگەندە بۇنداق پاراڭ قىلىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن ياسىن غەمگە چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. سائەت توققۇز بولغاندا ساتراشخانىنىڭ پىقىرىغۇچلىرى ئايلىنىشقا باشلىدى، ياسىن لاۋبەن سەتەڭنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كىردى.

___ تۈنۈگۈن قوپاللىق قىلىپ قويۇپتىمەن، كەچۈرۈۋەتسەڭ،___ دېدى ئۇ چىرايىغا كۈلكە زورلاپ،___ بۇ گۇي بەڭ

كىچىكلىك قىلىپ سايتۇ، ئۇنى ۋاقتىدا ئەدەبلەپ تۇرمىغان گۇناھ مەندە. خاتالاشمايدىغان ئادەم يوق...

___ سەن نېمە دېمەكچى؟___ دېدى سەتەڭ سوغۇق چىرايدا،___ مۇشۇنداق دەپ ئۆزەڭنى ھەم ئۇكاڭنى ئاقلىماقچىما؟ ئاقلىماقچى بولساڭ مېنىڭ ئالدىمغا كەلمەي، ئادۋوكات تەكلىپ قىلىپ سوتتا ئاقلا.

___ مەن دېمەكچى، بۇ گۇيىنى مەن يامان يولغا باشلىمىغان، مۇشۇنداق ئىش قىلمىسۇن دەپ ئۇنىڭغا پۇل بەرمىگەن. لېكىن ئۇ ئۇقماي كىرىپتۇ، پۇل بەرمەي جېدەل چىقىرىپتۇ. شۇ پۇل قانچە بولسا مەن بەرسەم، ئىنىمنى ساقچىدىن ئەپچىقىشىپ بەرسەڭ.

___ ھازىر بۇ گەپ ئاقمايدۇ. ساڭا دېسەم، ئۇ ئىش بولغاندا دۇكاندا مەنمۇ يوق. قىزلار ساقچىغا تېلېفون ئۇرۇپتۇ، ئاندىن ماڭا تېلېفون قىلدى، كەلسەم بىر مۇنچە ۋەيرانچىلىق. شياۋ مېي يەردە قوپالمايلا ياتىدۇ، ئىنىڭ ئىشنى تېرىپ قويۇپ غىپپىدە قېچىپتۇ، بىرسىڭ كېلىپ بۇ زىياننى تۆلەپ ئەپۇ سورايدىغان ئىش يوق. بۇ بىزگە بەك ھار كەلدى...

___ ئۇ چاغدا مەن سىرتتا ئىدىم، ئۇ گۇيىمۇ ھېچكىمگە دېمەپتۇ، ئەگەر شۇ چاغدا ئۇققان بولسام دەرھال كىرىپ ھەممە زىياننى تۆلەيتتىم...

___ ئەمدى ئاقمايدۇ، بۇ ئىش ئاللىقاچان ساقچىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شياۋ مېي مەشەللىك قىز، ئاتا-ئانىسىمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپتى، ئۇلار ھەرگىز بولدى قىلمايدۇ، سوتقا ئەرز سۇنۇپ قىزىنىڭ خورلۇققا ئۇچرىغىنىغا تۆلەم تۆلىتىشى مۇمكىن. بۇ ئىش چوڭىيىپ كەتتى، ماڭىمۇ ئامال يوق. ئەمدى نېمە گېپىڭ بولسا ساقچىخانىغا بېرىپ دە، بۇ ئىشنىڭ ئەمدى مەن بىلەن ئالاقىسى يوق.

___ ئۇنداق قىلماي بىر ياردەم قىل، ___ دېدى ياسىن يېلىنىپ،___ قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىغا دەپ باقساڭ، تۆلەمنى بەك جىق دەپ تۇرۇۋالمىسا، قانچە دېسە مەن بېرەي.

___ ياق، سەن سوت بۇيرۇپ بەرگەننى تۆلىشىڭ كېرەك، مەن شياۋمېينىڭ ھوقۇقىنى قوغدىمىسام بولمايدۇ. ئۇ كىچىكلا بىر قىز، ئاتا-ئانىسى كەمبەغەل. ئىنىڭ ئۇنى ئالداپ، زورلاپ دېگەندەك نومۇسىغا تېگىپتۇ، بۇنى ئاز كەلدى دەپ يەرگە قاتتىق ئىتتىرىپتۇ، يانپاش سۆڭىكى سۇنغانمىكىن، ئالچاڭلاپ ماڭىدۇ، بۈگۈن دوختۇرخانىغا تەكشۈرتكىلى بارىدۇ، ئەگەر بۇنىڭدىنمۇ چاتاق چىقسا، بۇنىڭ دوختۇر چىقىملىرىنىڭ ھەممىسىنى سەن تۆلەيسەن...

ياسىننىڭ بېشىدىن تۆتتۆن چىقىپ كەتتى، ئۆمەر بىر توخۇ پوقى مەرەزگە چاپلاشقان بولۇپ، ئۆزىنىڭ يۈزىنى قارا قىلغاندىن باشقا، ياسىننىمۇ پوققا دەسسىتىپ، بۇ پالاكەتنى تېرىغانىدى.

ــ ھەممىنى ماڭا ئىتتىرىپلا قويما، ــ دېدى ياسىن بۇ لاۋبەندىن يازدەم كەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەنچە سەپرايى ئۆرلەپ، ــ نەچچە ۋاقىتتىن ياخشى ئۆتتۈپ كەلدۇق، مېنىڭ ئازراق يۈزۈمنى قىلمامسەن؟! ئۆزەڭ ئويلاپ باق، بۇ ئىشتا ماڭا راستىنلا ئۇۋال بولدى، ئۇ گۇيى ئۇنچىلىك ئەسكى ئەمەس، باسقۇنچىلىق قىلدى دېگىنىڭ بىر تۆھمەت، ئەگەر ئاخشىمى ئۇ يولدا ئۇ قىزغا چېقىلغان بولسا باسقۇنچىلىق قىلدى دېسەڭ بولىدۇ، لېكىن ساتراشخانىدا باسقۇنچىلىق قىلدى دېسەڭ، بۇ گەپكە كىم ئىشىنىدۇ. ئۇ ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايدۇ. ئويناپ بولۇپ پۇلنى بەرمىگەنگە ئاشۇنداق قىلساڭ، بۇ زىيانكەشلىك ئەمەسمۇ؟

ــ ساڭا يەنە دەپ قوياي، مەن ساتراشخانا ئاچتىم، پاھىشخانا ئاچمىدىم. پاكىت ئېنىق، ئىنىڭ بۇ دۇكانغا كىرىپلا ئەنمو قىلدۇرغان، ئەنمو قىلىۋاتسا شياۋ مېيغا ئېسىلىپ ئۇنىڭ نومۇسىغا تەگكەن، قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ شياۋمېينى ئىتتىرىۋېتىپ قاچماقچى بولغان، قىزلار ئالدىنى توسسا بېرىپ تەپكەن. بۇ جىنايەت بولماي نېمە؟

ياسىن بۇنىڭغا يالۋۇرۇپ تېخىمۇ ئوسال بولغاندىن كۆرە، قورقماي ئولتۇرۇپ تازا زاكونلاشقۇسى كەلدى، بىر ئادەمگە ئىچىدىكىنى دېيەلمەسلىكتىنمۇ ئارتۇق ئازاب بولامدۇ؟

ــ شۇ ۋاقىتتا ئۆمەر ئوينىغانىنىڭ پۇلنى بەرگەن بولسا باسقۇنچىلىق قىلغان بولمايتتى، شۇنداقمۇ؟

ـ پۇلنى بەرسۇن، بەرمىسۇن، بەرىبىر باسقۇنچىلىق.

ــ ياق، ياق، سەن خاتالاشتىڭ، شۇ چاغدا ئۆمەر يۈز كوينى بېرىپ چىققان بولسا ھەممە ئىش تۈگەيتتى.

ــ نەدە ئۇنداق ئاسان ئىش بولسۇن، شياۋ مېي خورلۇققا ئۇچرىغان تۇرسا!

ــ خورلۇق؟! بۇ قانداق گەپ، بۇ دۆكىنىڭىدىكى قايسى بىرى شۇنداق ئىش قىلمايدۇ، دەپ باقە، بۇ يەرگە كىرگەنلا ئادەم ئۆينايمەن دەپ كىرىدىغۇ، هە...پۇل بېرىپ چىقسا بايۋەچچە، پۇل بەرمىسە باسقۇنچى... شۇنداقمۇ؟ ئادەم ئالداشقا بەك ئۇستا ئىكەنسەن، سېنىمۇ كۆرۈپ قويدۇم!

ــ مەن دېدىم، بۇ دېگەن ساتراشخانا، پاھىشخانا دەيدىغان ئىسپاتىڭ بولسا كۆرسەت. ساقچى دېگەن ئىسپاتقا قارايدۇ.

ــ ئۇنداقتا ئىنىمنى باسقۇنچى دەيدىغانغا نېمە ئىسپاتىڭ بار؟ بىر نېمىسىنى بۇزۇۋېتىپتىمۇ؟ بۇزغان بولسا ئىسپاتى قېنى؟

ــ شياۋ مېينىڭ ئۆزى ئىسپات، ئۇنىڭ كۆز يېشى ئىسپات، قىزلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئىسپات، ساڭا يەنە قانداق ئىسپات كېرەك؟

ــ كۆز يېشى؟! ــ دېدى ياسىن زاڭلىق قىلىپ سوغۇق كۈلۈپ،ــ بۇزۇلۇپ كەتكەن نېمىلەرنىڭ كۆز يېشى ئىسپات بولالامدىكەن؟ ساقچىلار كۆز يېشىغا ئىشىنەمدىكەن؟ كىم يىغلاپ بەرسە شۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ ئادەم تۇتامدىكەن؟

ئاچچىق كەلگەندە تىل دېگەنمۇ سازلىشىپ كېتىدىكەن، ياسىننىڭ خەنزۇچە زۇۋانى سەتەڭنى تېرىكتۇرسە تېرىكتۇردىكى، ئۇنىڭ ھەق-ناھەق تۇيغۇسىنى ئويغىتالمىدى.

ــ نېمە دېسەڭ دە، ئىسپات تولۇق، دەۋايىڭ بولسا سوتقا بېرىپ دە، كىمكى بىرسىنىڭ ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىدىكەن، قانۇن ئۇنى جازالايدۇ، شىنجاڭلىق، خېيىلىق دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايدۇ. هازىر شياۋ مېي بىلەن ئاتا-ئانىسى ئۇستۇڭلاردىن سوتقا ئەرز سۇنماقچى، سوتتىن بىر تەرەپ بولغىچە ئىنىڭ قاماقتا تۇرىدۇ.

ــ سەن بىزگە ئېنىق زىيانكەشلىك قىلدىڭ؟

ــ ئۆزەڭدىن كۆرۈش! كىم جىنايەت ئۆتكۈزسە شۇ جازاسىنى تارتىدۇ، بۇ دېگەن قانۇنىيەت.

— بۇ ئىشتا سىنىڭ مەسئۇلىيتىڭ يوقما؟ مۇشۇ پاھىشخاناڭنى ئاچمىغان بولساڭ بۇ ئىش چىقامتى؟

— نىمە؟ كىم سىنى بۇ يەرگە كېلىپ ئاشخانا ئاچسۇن دېدى؟ نىمە بار دەپ كېلىشتىڭ بۇ يەرگە! نەگە بارساڭ شۇ يەردە ئەسكىلىك قىلىشسەن، ھىلمۇ ساقچىلار بولۇپ قاپتىكەن، بولمىسا سەنلەرنىڭ دەستىدىن بۇ يەردە تۇرغىلى بولامتى؟

— شىنجاڭلىق يامان بولۇپ ئاناڭنى بىر نىمە قىلدىمۇ؟ — دېدى ياسىن غەزەبلىنىپ،— كاۋاپ پىشۇرۇپ بەرسە بىر ئوبدان يەيسەن، نەچچە قېتىم پارچە پۇلۇم يوق دېدىڭ، بوپتۇ دېدۇق. ئىشتىن چۈشۈپ بولغاندا كەلسەڭمۇ ئۇدۇل قوشنىمىز دەپ كۈتتۈۋالدۇق، بۇرەك دېسەڭ قورۇپ بەردۇق. ئەمدى يەپ-يەپ كۆچلىنىپ قالغاندا بىزنى يامان دەمسەن؟ سەنمۇ مەندىن بۇنداق ئاسان قۇتۇلمەن دېمە، ساڭا قانۇن بولسا، بىزگە يوقمىكەن؟ مەنمۇ ساقچىغا بېرىپ ئەھۋالنى دەيمەن، ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىمىسىمۇ دەيمەن، بېرىپ چاۋاڭنى چىتقا يايىمەن. مەندىمۇ ئىسپات تولۇق. سوتقا ئەرز قىلسا، مەنمۇ ئەرز قىلىشنى بىلمەن، نەچچە پۇل دېسە شۇنچە پۇل بېرىدىغان ئىش يوق، خىيالىڭدا سەن مىنى دۆت، ئىش ئۇقمايدۇ دەپ قالما، سەندەك شاۋچىغا ئەمدى يېلىنمايمەن... — ياسىن غەزەپ بىلەن يەرگە تۈكۈرۈپ قويۇپ تالاغا ماڭدى.

— نىمە دېسەڭ دە، سەندەك نىمىنى ئىككىنچى كۆزۈم كۆرمىسۇن!_ دېدى سەتەڭ جايىدىن مىدىرلىماي.

ياسىن تالاغا چىقىپ بۇ سەتەڭدىن ساقچىخانىنى سورىۋالمىغىنىنى ئېسىگە ئېلىپ كەينىگە بۇرۇلدى، ئەمما بۇ دۇكانغا قايتا كىرگۈسى كەلمىدى، سورىسىمۇ دەپ بەرمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. ئاناڭنى، بۇ كىچىككىنە شەھەردە ساقچىخانىدىن نەچچىسى بولماقچىدى، سوراپ تاپمامدۇ!

ياسىن چېچىنى قولى بىلەن كەينىگە تاراپ، ھەممە ياققا غەمكىن نەزەر تاشلاپ ماڭدى، ئازراق ماڭغاندىن كېيىن تاكسى توسۇپ، ئىزدەپ سوراپ يۈرۈپ بۇ رايونغا مەسئۇل ساقچىخانىنى تاپتى. ئەمما ساقچىلار ئۇنى ئۆمەر بىلەن كۆرۈشتۈرمىدى. ساقچىخانا باشلىقى بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ياسىن ساقلاپ ئولتۇردى، بىر چاغدا ئۇ باشلىقنىڭ ماشىنىسمۇ پەيدا بولدى، ياسىن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەھۋالنى ئېيتتى.

ــــ هازىرچە كۆرۈشمەڭ بولمايدۇ،ــ دېدى باشلىق ياسىنغا شۈبھىلىك نەزەردە قاراپ.

ــــ بىر كۆرۈشۈۋالغان بولسام بولاتتى سوجاڭ، سورايدىغان گەپ بار ئىدى.

ــــ بولمايدۇ، بۇ دېگەن تۈزۈم. نېمە گەپ بولسا سوت ئاچقاندا دە، ئاڭغىچە كۆرۈشۈشكە بولمايدۇ.

ــــ ئىنىمغا ئۇۋال بولدى، كىچىك بالا ئۇنداق ئىشنى ئۇقمايدۇ...

ــــ بىز تەكشۈرۈۋاتىمىز، نەتىجە چىققاندا ئۆزەڭ كېلىپ كۆر.

ــــ ئىنىم ئۇ يەرگە ئۇقماي كىرىپ قاپتىكەن، ئويناپ بولۇپ پۇل بەرمەپتىكەن، شۇڭا...

ــــ ھەممە ئادەم جىنايەت ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئاقلايدۇ، بۇ گەپنى بۇ يەردە دېگىنىڭنىڭ پايدىسى يوق، بىز پەقەت جىنايەتچىنى تۇتۇپ تۇرۇشقا مەسئۇل. گەپ بولسا ئادۋوكات تەكلىپ قىلىپ، ئەھۋالنى شۇنىڭغا دە، سوت گۇناھسىز دەپ چىقارسا بىز شۇ ھامان قويۇپ بېرىمىز، بولمىسا تۈرمىدە ياتىدۇ.

ياسىن چارىسىز تۇرۇپ قالدى، ‹‹ھەممىنىڭ جاجىسى پۇل، بۇلار پۇل دەيدۇ، پۇل بەرسە شىنجاڭلىقنى سوت ئاچمايمۇ قويۇۋېتىدۇ›› دەپ ئويلىدى؛ بىراق نەچچە پۇل بەرسە قويۇۋېتىدىغانلىقنى ئۇقۇپ بولالمىدى، نەچچە تۈمەننىڭ گېپىنى قىلسا، ياسىندا ھازىر ئۈنچىلىك پۇل يوق ئىدى. يېڭىدىن ماڭدۇرغان ئاشخانا گاھ توختاپ، گاھ ئاۋاتلىشىپ، كىرىم مۇقىم بولمىدى. تاپقىنىنى چوڭ خوتۇنى يۇرتقا بېرىپ كەلگىچە بىر سورىدى، ئاشقىنىنى ‹‹كىچىك خوتۇنى›› سۈپۈرۈپ بولدى. لاۋبەن دەپ يۈرگەن بىلەن بىر دەمدە مانا ‹‹ناسۋال قاپاققا نان بارمۇ›› دەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.

بۇ ئەلپازدىن قارىغاندا ئۆمەرنى پات ئارىدا ئېلىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى. تېخى ئاۋۇ ئۇششۇقلار دوختۇرخانىدىن قانداق ئىسپات كۆتۈرۈپ چىقىدۇ، ئۇقۇقلى بولمايدۇ، قىزىمىزنىڭ يانپىشى سۇنۇپتۇ دەپلا قالسا ئۇلارغىمۇ نەچچە مىڭ، ھەتتا نەچچە تۈمەن خەجلەيدىغان گەپ، زىيان ئۈستىگە زىيان!... ياسىن بۇلارنى ئويلىغانچە ئۆمەرنى ئىچىدە مىڭنى تىللىۋەتتى، ‹‹يېغا ياندىن قوپار، بالا قېرىنداشتىن››دېگەندەك، شۇ شۇمنىڭ

كاساپىتىدىن بىر ئوبدان كېتىپ بارغان ئوقەت، راھەت-پاراغەت ۋەيران بولىدىغان بولدى. شۇنچە يىل تىرىشىپ، تىرمىشىپ تىكلىگەن ئىقتىساد، تەئەللۇقات، ئابرۇي ... كۆلگە ئايلىنىدىغان بولدى...

ياسىن ھازىرنىڭ ئۆزىدە پۇلنىڭ گېپىنى چىقىرىشنىڭ ئەپسىزلىكىنى، ئۆزىدىمۇ ئۇنچىلىك ئىمكانىيەت يوقلۇقىنى ئويلاپ، بىر ياقتىن ئۆمەرنى تىللاپ، ساقچىخانىدىن ئايرىلدى. تۇنۇگۇن تېخى ئىككى خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش توغرۇلۇق باش قاتۇرۇپ، شىرىن خىيال سۈرۈپ يۈرگەن نوچى مانا ھازىر غەم-قايغۇدىن ئېغىر-ئېغىر تىنىدىغان، ئاچچىق يۇتۇپلا يۈرىدىغان سەپراغا ئايلاندى. "ئەچقمايمەن، شۇ يەردە پاقا تەشكەن سويمەدەك كۆزىنى پارقىرىتىپ يېتىۋەرسۇن، ئاپىسى تېلېفون قىلسا باشقا بىر نېمە دەرمەن" دەپ ئويلىدى.

ئۇ سالپىيىپ يېنىپ كەلگەندە لاۋبەن سەتەڭ ئۇنى دۇكىنىنىڭ ئالدىدا چاقىرىپ توختىتىۋالدى. ياسىن غىل-پال ئۇمىدۋارلىق ۋە ساقچىخانىغا بارغاندىن كېيىنكى نوچىلىقى بىلەن سەتەڭگە مەغرۇر تىكىلدى، ئەمما ئىچىنىڭ قانچىلىك ئاجىز ئىكەنلىكىنى، نەقەدەر چارىسىز ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئۆزى بىلەتتى.

ــــ شياۋ مېنىڭ ئانىسىدىن بايا تېلېفون كەلدى، تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىقىپتۇ، يانپاش سۆڭىكىگە راستىنلا دەز كېتىپتۇ، دوختۇرخانىدا داۋالانمىسا بولمايدىكەن، ئۇنىڭ چىقىملىرىنى سەن تۆلىمىسەڭ بولمايدۇ.

ــــ مەن نېمىشقا تۆلەيدىكەنمەن!؟ــ دېدى ياسىن غەزەپ بىلەن،ــ ئۇنى بۇزۇقچىلىققا سالغان ئۆزەڭ، باشقىسى دەز كەتتۈرۈۋەتسىمۇ، بىزدىن كۆرەمسەن؟ بۇنداق ئۇششۇقلۇق ئاقمايدۇ!

ــــ سەن تۆلىمەي كىم تۆلەيدۇ؟ تۆلىمەي قۇتۇلالمايسەن، بولمىسا ئۇستۇڭدىن ئەرز قىلىمىز.

ــــ نېمە قىلساڭ قىلىش! مېنىڭ سەندەك ئۇششۇق، ئالدامچىلارغا بېرىدىغان پۇلۇم يوق.

ــــ بەرمىسەڭ قانۇندىن ئارىلىشىدۇ. مەجبۇرىي بېرىسەن.

ــــ شۇ ۋاقىتتا كۆرىلى، سەنلەرنىڭ ئالدامچىلىقىڭ ئېنىقلا تۇرمامدۇ؟ بۇزۇلۇپ بولغان بىر نېمەڭ بىر دەمدە پاك قىزغا ئايلىنىپ قالدى، بىر ئىتتىرىپ قويغانغا قوڭى ئىككى پارچە بوپ كېتىپتۇ... دوختۇرخانىغا ئۆزى بېرىپ، يالغان

**ئىسپاتتىن بىرنى قىلدۇرۇپ، بىزنى ئالدايمىز دېمىسۇن. شىنجاڭلىق ئۇنداق دۆت ئەمەس. ئەگەر شۇ بىر نېمەڭ باسقۇنچىلىقتا ئۈچرىغان بولسا نېمىشقا پۇل بەر دەپ ئۇرۇشىدۇ. بۇ ئوچۇقلا بىر تۆھمەت. سەن قىزلىرىڭنى بۇزۇقچىلىقتا سالغىنىڭدىن تېنىۋېلىش ئۈچۈن قەستەن شۇنداق قىلىۋاتىسەن. مەن سوتتا بۇنىڭ ھەممىنى دەيمەن، سېنىمۇ تارتىپ چىقىمەن. تۆلەيدىغان زىياننى تەڭ تۆلەيمىز!**

**لاۋبەن سەتەڭ بىرنى دېسە ئىككىنى دەپ تۇرىدىغان ياسىننىڭ زۇۋانىغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى، ئەمما يەنىلا مەنستمەسلىك بىلەن كۈلۈپ قويۇپ:**

**ــــ مەن تېخى سەندىن زىيانلىرىمنى تۆلىتىۋالمىدىم، ئۆزەڭنى بىلىۋال. تۆلەيدىغاننى تۆلەپ بۇ ئىشنى تۈگەت. ئىنىڭ كېسىلىپ كەتمەستە ئۇنى قاماقتىن ئېلىپ چىق، ئەگەر ئۇنداق قىلالمىساڭ مەندىن يامانلىما!ــــ دېدى.**

**ــــ ساقچىغا بېرىدىغان بىر تيين يوق، مەن ئۇنداق ئاسان ئالدانمايمەن، ئادۋوكات تېپىپ ئىنىمنى ئاقلاپ چىقىمەن، سېنىڭ ئالدامچىلىقىنى ئاشكارىلىۋېتىمەن. سەن شۇ قىزىنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن بىرلىشىۋېلىپ مېنى قويدۇڭ. مەنمۇ سېنى بوش قويمايمەن.**

**ــــ قولۇڭدىن كەلسە شۇنداق قىل، ئەنە سوت، ساقچىخانا، دەرۋازىسى ھەر كۈنى ئوچۇق، بېرىپ مېنى چاق، قېنى قانداق قىلالايسەنكىن!**

**ــــ قىلالمامدىكىن دەپ قالدىڭما؟ قاراپ تۇر، سوتقا بېرىپ مۇشۇ مەينەت پاھىشخانا بىلەن مۇشۇ قاتاردىكى پاھىشخانىلارنىڭ ھەممىسنى تۈزلىۋېتىڭلار دەيمەن. مەن بۇ يەردىن كېتىپ بولغىچە چوقۇم شۇنداق قىلىمەن...**

**ياسىن گەرچە شۇنداق قىلالايدىغىنىغا ئىشەنمىسىمۇ، ئەمما جان كۈچ كەلگەندە ھامان ئۇرۇنۇپ بېقىشنى ئويلىدى.**

**ــــ مايمۇننىڭ راھىب بولالىشىغا ئىشەنمەيمەن،ــــ دېدى سەتەڭ مەسخىرىلىك كۈلۈپ، ــــ ئاۋۋال ئۆزەڭنىڭ ئاشخانىسىنى ساقلاپ قالالامسەن يوق، مانى ئويلا!**

ياسىن ئاشخانىغا كىرگەندە قولى تۇزۇك ئىشقا بارماي ئولتۇرغان رەيھان ئورنىدىن قوپۇپ ئۇنىڭغا سوئال نەزەرىدە تىكىلدى.

ــــ كۆرۈشتۈرمىدى...ــــ دېدى ياسىن پۈتىدا جان قالمىغاندەك بىچارە هالدا ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ــــ كېسىم كېسىپ بولغىچە كۆرۈشتۈرمەيدىكەن.

ــــ نېمىشقا ئۇنداق قىلىدىغاندۇ؟ پۇل دەمدىغاندۇ؟ سىز پۇل ئېلىۋالمىغانمۇ؟

ــــ ئاز پۇلغا ئۇنىمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىرپىلا پۇلنىڭ گېپىنى قىلساڭ قاملاشمايدۇ. پارا بەرگەندە قاتتىق ئېھتىيات قىلمىساڭ بولمايدۇ.

ــــ ئەمدى قانداقمۇ قىلارمىز...ــــ دېدى رەيھان ئىچ-ئىچىدىن ئاھ ئۇرۇپ، ــــ قاچانغىچە ياتار ئۇ ساقلاندى! بۇ يەرگە ئەكەلگەنگە تويغۇزۇپ بولىدىغان بولدى-دە!

ــــ تويغۇزۇپ بولدى ئەمەس، ھەممە نېمىمىزنى سورۇپ بولىدىغان بولدى دەيسەن!

ــــ ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس، خۇدايىم ساقلار!

ــــ سەن تېخى ئۇقمايسەن، ئۇمەر ئىنتېرنېتكەن بىر نېمىنىڭ داڭقان سۆكى سۇنغان ئوخشايدۇ، ئاتا-ئانىسى كەمبەغەل خەقكەن، داۋالىنىش چىقىمىنى بىز كۆتۈرىدىكەنمىز. ئويلاپ باقە، بۇنىڭغا ئاز پۇل كېتەمدۇ؟

ــــ ۋۇي ما ئىشنى، بالا كەلسە قوش كەپتۇ دېگەن شۇ دە... كۆرىدىغان كۈنىمىز بار ئىكەن بىزنىڭ...

ــــ مەن شۇڭا بۇرۇنلا بىلگەن، بۇ ئىش ئۇنداق ئاسان ھەل بولىدىغان ئىش ئەمەس، توختىماي يول ماڭىدىغان گەپ، ئۇنىڭ-بۇنىڭغا كۆچۈكلىنىدىغان گەپ... قانداقلا قىلىپ بولسا ئۇنى سوتتا بىر تەرەپ قىلىپ بولغىچە چىقىرىۋالساق بولاتتى. بۇنىڭغا چوقۇم بىر مۇنچە پۇل كېتىدۇ. پۇل بولغانلا ھېساب ئەمەس، يول تاپمىساق بولمايدۇ. پۇلنىمۇ جايىنى تېپىپ بەرمىسەڭ، قۇدۇققا چۆشۈپ كېتىدۇ...

ـــ ئەمدى ھەل بولمايدۇ دەپ قاراپ ئولتۇرغىلى بولماس، بۇنىڭ چارىسىنى قىلايلى.

ـــ سەن ھەممە ئىشنى شۇنداق ئاسان چاغلايسەن-ھە، خوتۇن خەقنىڭ كاللىسى شۇنچىلىكتە، بۇندىن كېيىن بۇنداق قىلىلى، ئۇنداق قىلىلى دەپ ماڭا تولا ئەقىل ئۆگەتمە، نېمە قىلىشنى ئۆزەم بىلمەن، قىلالمىسام ئۆزەمنى زورلىمايمەن.

ـــ بۇ نېمە دېگىنىڭىز، توقۇمنى يەنە ماڭا ئارتاي دەمسىز. پەيسوغا بېرىپ چوڭ ئىش قىلىۋەتكەن ئوخشىمامسىز... ئۆزىڭىز بىر ئىشنى قامالاشتۇرۇپ كېلەلمىسىڭىزلا ماڭا تاپا قىلىدىكەنسىز!

ـــ ئاز گەپ قىلىپ ئىشىڭنى قىلە، ھازىر شۇ ئىشىڭنى ئويلىسامالا جۇدۇنۇم ئۆرلەيدىغان بولۇپ قالدى...ئەكىلىدىغاندا "ۋاي خاتىرجەم بولسىلا ئاچا، بىز ئوبدان قارايمىز" دەپ ئەكەلگەن بولغىيدىڭ، ئەمدى تېلېفون كېلىپ قالسا ئۆزەڭ جاۋاب بەر... ـــ ياسىن ئورنىدىن قوپۇپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

رەيھان بۇ گەپتىن يۈرىكى تىترەپ ئولتۇرۇپ قالدى، كۆز ياشلىرى تارامالاپ تۆكۈلدى.

ـــ مېنى قاتتىق دوملە باستى غېنىكا... سەن ئۇقمايسەن دەيمەن، مەن شۇ گۈينىڭ كاساپىتىگە كېتىدىغان بولدۇم..

ـــ ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا كەلمەيدىغان كۈن يوق، ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھە ئىچىۋەتە ئا ھاراقنى. ھاراق دېگەن ئاچچىقنى باسىدۇ.

ـــ ھاراقنى ئىچىمەن، لېكىن بۇنى ئىچكەنگە بىر ئىش ھەل بولمايدۇ غېنىكا، ھازىر كاللامدا ئاشۇ ئۈمەردىن باشقا ھېچنېمە يوق...

ـــ بۇنى بىلىمەن، لېكىن ئويلاۋەرگەننىڭ پايدىسى يوق.

ـــ بىر ياردەم قىلساڭ بولاتتى.

**ــ دېدىمغۇ، ياردەم قىلالىغان بولسام بۇ چاغقا قاراپ ئولتۇرامدىمەن، سەن تۇرغان رايوندىكى ساقچىخانىدىن بىرمۇ ئادەمنى تونۇمسام قانداق ھەل قىلىمەن! نەچچە پۇل دەيدىكەن، سوراپ باقمىدىڭما؟**

**ــ پۇلنىڭ گېپىنى چىقارمىدىم، ئۇنداق دېسەم ئۆمەرنىڭ خۇددى راست جىنايىتى باردەك بولۇپ قالىدىكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ باسقۇنچىلىق قىلمىغان-دە! نېمىگە ئاساسەن ئۇنداق جىنايەت ئارتىدۇ دەيمەن!**

**ــ ساقچىلار بەزىدە ئاۋۋال تۇتۇپ ئاندىن جىنايىتىنى بېكىتىدۇ. بۇ جەرياندا ئىشلار مۇرەككەپلىشىپ، كىچىك ئىش چوڭىيىپ كېتىدۇ. ساقچىلارمۇ كىم زىيانغا ئۇچرىسا شۇنىڭ گېپىنى بەك ئاڭلايدۇ. شۇڭا بەك قاقشاپ كەتمە.**

**ــ زىيانكەشلىككە ئۇچرىدىم دېسە، تەكشۈرۈپ باقمايلا ئادەم تۇتسا بولامدۇ دەيمەن، قاراپ تۇرۇپ تۆھمەتكە قالدى ئا شۇم! بېرىپ يا كۆرۈشەلمەيمەن، يا ساقچىلارغا ئەھۋالنى دېيەلمەيمەن، دېسىمۇ قەتئىي ئاڭلىمايدىكەن، سوتقا بار دەيدىكەن... نېمە قىلىشنى بىلمىدىم.**

**ــ سوتقا بارغىنىڭ بىلەن بىكار، سوت ئاچمىغىچە گېپىڭنى تىڭشىمايدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى، ئادۋوكات تەكلىپ قىلساڭ بولىدۇ. لېكىن بۇنىڭغىمۇ بىر مۇنچە پۇل كېتىدۇ.**

**ــ ئاساسلىقى شۇ پۇلنىڭ ئىشى دېگىنە، ئا ئۇششۇقلار ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، ئاران دېگەندە ئىككى مىڭ سوم بېرىپ قۇتۇلدۇم، دوختۇرخانىدىن چىققاندا تۆلەيدىغىنىم بار تېخى، زىيان دېگەن بولۇۋاتىدۇ... ئاران كېتىۋاتىمەن. ئەگەر ساقچىلار پۇل دېسە سەندىن سورىماي ئىلاجىم يوق ئاكا، بۇنىڭغا ياق دېمەيدىغانسەن؟!**

**ــ نەچچە مىڭ كوي دېسەڭ بېرەلەيمەن، لېكىن ئۇنىڭدىن ئارتۇق سورىساڭ بېرەلمەيمەن. يېنىمدا بار پۇلغا تاش ئېلىپ قويغانىدىم، دېگەن باھاغا ساتالمايۋاتىمەن...**

**ــ تاش سودىسى ھازىر ياخشى ئەمەس دەۋاتسا يەنە تاش ئالدىڭما؟ غېمىڭ يوق بايۋەچچە-دە سەن!**

**ــ تاش سودىسى دېگەن بىر ئۆرلەپ، بىر چۈشۈپ تۇرىدۇ. سودا ياخشى ئەمەس چاغدا ئېلىپ قويسەن، ئۆرلىگەندە بىراقلا سېتىپ پايدىنى ئالىسەن.**

ــ ھەي... سەنلا قىلىپ ئارىلىشىپ كەتكىنە شۇ سودىنى، بىزدەك ئەبگالار بوگۆن تاپقىنىنى ئەتىسى ئوغرىغا بېرىپ، قاقشاپ ئولتۇرىدىكەنمىز.

ــ بۇنداق سولۇشۇپ كەتمە، قارىغاندا بېيجىڭدا بېشىڭدىن جىق ئىش ئۆتمەپتىكەن-دە! بۇنچىلىك ئىشقا ئۆزەڭنى يوقىتىپ قويساڭ، كېيىن قانداق ياشايسەن!؟

ــ سېنىڭچە مۇشۇ كىچىك ئىشما! سېنىڭ بېشىڭغا مۇشۇنداق ئىش كەلسە قانداق قىلاتتىڭ!ـ دېدى ياسىن ئىلاجىنىڭ بېرىچە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ،ــ ئەگەر ئۇنى ۋاقتىدا ئەچىقىۋالمىسام، نەچچە يىل كېسىلىپ كېتىدۇ دەيمەن ئا گۇي... شۇڭا مەن ئالدىراۋاتىمەن.

ــ ئالدىرىغانغا ئىش پۈتمەيدۇ-دە!

ــ قانداق قىلسام ئىش پۈتىدۇ ئەمسە دېگىنە، مەن سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلاي دەپ كەلدىم قېشىڭغا.

ــ ساقچى زادى نەچچە پۇل ئالدۇ، سورايسەن. مانچە پۇل دېسە شۇ پۇلنى ئاپىرىپ بېرىسەن، باھا تالاشمايسەن، بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق.

ــ بۇنى مەنمۇ بىلمەن، ھازىر گەپ شۇ پۇل يوقنىڭ ئىشى.

ــ بۇنىڭغا مېنىڭ ئامالىم يوق، پۇلنىڭ جايىنى ئۆزەڭ قىل.

ياسىننىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى، نەچچە ۋاقتتىن مەرت، مەردانە كۆرۈنگەن بۇ لاۋدانىڭ نوچىلىقى قېنى، « پۇلنى ئۆزەڭ تاپ» دېيىشى ئۇنىڭ مەردانىلىقىمىدى!؟

ــ بولاپتۇ، پۇل بولمىغانغا دىۋانە بولۇپ كەتمەسمەن...ــ دېدى ياسىن ھاراقنى گۈپپىدە ئىچىپ ئاچچىق قورۇلۇپ،ــ ئەچىقالمىسام شۇ يەردە پىتلىنىپ ياتار. مەن ماڭاي...

ــ نەگە ماڭىسەن، بىر دەم ئولتۇرۇپ مانى ئىچىۋېتىپ ماڭ.

ـــ ساقلاپ قويۇ، كېلەر قېتىمقى ھارىقىڭغا زىيان بولمىسۇن...

ـــ مەندىن يامانلاپ ماڭدىڭ-دە...

ـــ يوق گەپنى قىلما ئاكا، مېنىڭ سەندە ئېلىشىم بارمىدى! يامانلىسام ئۆزەمدىن يامانلايمەن.

ـــ ئەمدى نەگە باراي دەيسەن! يالغۇز كېتەلەمسەن! بولمىسا گۈلشەن بىلەن بىللە كەت...

ـــ ياق، ئاشخانىغا كېتىمەن.

ـــ خوتۇنۇڭدىن قورقسەن دېگىنە، ئۇنداق قىلما، بىرەر ئاخشام كىچىك خوتۇنۇڭنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ قويۇ.

ـــ ماڭا ئىش ئۆگەتمە غېنىكا، نېمە قىلىشنى ئۆزەم بىلىمەن.

ـــ ئەمسە ئىختىيارىڭ، يولدا قاراپ ماڭارسەن.

غېنى شاڭجاڭ خوشلىشىپ كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ياسىن ئۇنى ئىچىدە تىللىدى، پۇل تاپقانلار ھەر قانچە كەمتەر بولۇۋالسىمۇ ۋاقتى كەلگەندە چانىدىكەن؛ ئەل-ئاغىنەم، ئىنىم دەپ مەيدىسىگە مۇشتلىغان ناكەسلەر ئاغىنىسىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە كىرىپ ئەدەپ تۆگۈلۈشۈپلىپ، تىكەن سانچىپ ئېدىكەن... دېمەك، ئەر كىشىنىڭ ھەقىقىي ئاغىنىسى پۇل، يۈزسىز مەخلۇقلارنىڭ ھەممىسى پۇلنى ئۆلچەم قىلىدۇ، پەقەت پۇلنىلا تونۇيدۇ. ..

ئىچى قايناپ تۇرۇۋاتقان ياسىن گۈلشەنگە تېلېفون ئۇرماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئۇنى ساقلاپ تۇرغان گۈلشەن بىر دەمدىلا پايدا بولۇپ، ئۇنى قولتۇقلاپ، بەدىنى، چاچ ۋە بويۇنلىرىدىكى خۇشپۇراقلار بىلەن ئۇنى مەست قىلدى.

ـــ ئاران پايلاپسەندە...

ـــ سىزگە قاراپ تۇرغان شۇ، مېنى تاشلاپ كېتەمدىكىن دەپ ئەنسىرەپ كەينىڭىزدىن چىقتىم.

ـــ سېنى تاشلاپ قانداق كەتكىلى بولىدۇ.

— ئۆتكەندە ئالدىراپلا كېتىپ قالدىڭىز، ئۆمەر قانداق بولدى ئاخىرى؟

— قانداق بولاتتى، قاماقتىن چىقالماي تۇرىدۇ شۇ.

— نېمىشقا ئەمدى، نېمە قىلغانغا تۇتۇپ كېتىدۇ؟

— ساتىراشخانىغا كىرىپ پاشۋازلىق قىلىپتۇ، ئويناپ بولۇپ پۇلنى بەرمەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن باسقۇنچى دەپ ساقچىغا تۇتۇپ بېرىپتۇ...

— ۋاي خۇدايىم، بۇ قانداق گەپ، شوخ بولغان بىلەن يۈزى تۆۋەن بالىتىغۇ ئۇ!

— قويغىنە ئۇ دۆت ئىشەكنىڭ گېپىنى، باشقا گەپ قىلە، ھە... پېقىننىياقى نېمە ئىش قىلدىڭ؟

— شۇ كۈندۈزى ئىشلەپ... ئاخشىمى ئۆيدە دىيەنشى كۆرۈپ... ھازىر كۈندە قىززىق بىر كىنو بېرىۋاتىدۇ.

ياسىن غېنى شاڭجاڭنىڭ ھۇزۇرىدا تارتقان خورلۇقنى گۈلشەندىن چىقارماقچى بولغاندەك يولدا كەلگىچە ئۇنىڭ ئۇ يەر بۇ يېرىنى قوپال مۇجۇپ، سەت چاقچاقلارنى قىلىپ كەلدى. ئۆيگە كىرىپلا ھەممىنى ئۇنتۇپ ئەسەبىيلەشتى...

ئۇنىڭ ھېچنېمىنى ئويلىغۇسى يوق ئىدى، خوتۇن-بالىسى، ئىنىسى... ئاشخانىسى تامامەن ئۇنى ئازابقا چىللايتتى. ۋىجدان دېگەن نەرسە يۈرىكىنى پىچاقتەك تىلغايتتى. بۇ پىچاقنى تارتىپ ئېلىۋەتكەندىلا، يۈرىكىنى خالىغانچە ئوينىتىپ، يايرىتىپ، جان ھۇزۇرىغا مەست بولۇپ ئەركىن ياشىيالايتتى. ئەقىل ۋە ۋىجداندىن مەستلىك ئارقىلىق ئايرىلغاندىلا ھايۋانغا خاس بۇنداق ئەركىنلىككە يېتەلەيتتى... ئۇ نەپسىنى قاندۇرۇپ بولغاندا يەنە ئېغىر تىنىپ ياتتى، ئۇيقۇسى قاچتى، ئىچى ئوت-ئاتەش بولۇپ ياندى... خىيال-ئەسلىمىلىرى، غەم-قايغۇلىرى بىرلىشىپ، قارا بۇلۇتتەك قۇيۇقلىشىپ كەتتى. كىم ئۇ يامغۇردەك ياش تۆكۈپ يىغلاۋاتقان! قاماقتىكى ئۆمەرمۇ؟ ! پۇشايمان ياشلىرىنى تۆكۈۋاتقان رەيھانمۇ! ھەممىگە ھەۋەسلىنىپ قارايدىغان، كۆزلىرى شوخلۇقتىن بىر دەم جىم

تۇرمايدىغان ئۆمەر قاماقنىڭ تۆت تېمىدىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرەلمەي، تامغا ئۈسۈپ يىغلىماقتا...بالىسىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئېرىنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ ياتقان رەيھاننىڭ كۆز ياشلىرى ياستۇقنى ھۆل قىلماقتا.

ياسىن قايتماقچى بولدى، ئەمما كاللىسى تاشتەك ئېغىر ئىدىكى، ئورنىدىن قوپۇپ بىر قەدەم مېڭىش ئەمەس، ياتقان يېرىدە ئۆرۈلۈپ يېتىشمۇ ئېغىر كېلىۋاتاتتى. ئۇ گۈلشەننىڭ شوخ، كۈلۈپ تۇرغان چىرايىغا مەپتۇن بولغانچە رەيھاننىڭ قايغۇلۇق، ئازابلىق چىرايىنى كۆرۈشنى خالىمىدى، قاچانغىچە شۇ خوتۇنىدىن قورقۇپلا ياشايدۇ، شۇ چاغدا ئەر كىشىدەك ئىش قىلىپ «ئۆمەرنى قەتئىي ئەكەلمە، گېپىمگە كىرمەيدىغان بولساڭ بۇ يەرگە ئىككىنچى دەسسىمە» دېگەن بولسا، بۇ ئىش چىقامتى؟ گەپكە ئۇنىمىغان خوتۇنىنىڭ ئاقىۋىتى مانا شۇ، چاتاق چىققاندا يىغلاپ-قاقشاپ، ياسىننىڭ ئىچىنى تېخىمۇ ئاچچىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ يېنىغا كېتىپ بىئارام بولۇپ ياتقاندىن، كىچىك خوتۇنىنىڭ قوينىدا ياتسا راھەت ئەمەسمۇ...بۇمۇ ئۆزىنىڭ خوتۇنى، نېمىدىن قورقىدۇ، كۈندە كەچتە ئۆيىگە قايتىش شەرتمىدى! غىدىڭ-پىدىڭ قىلسا دەيدىغان گەپ بار... ياسىن شۇنداق ئويلىسىمۇ، رەيھاننىڭ گۇماننى قوزغاپ قويۇشنى خالىمايتتى؛ ئەمما بۇ كەچ ئۇنىڭ زادىلا قايتقۇسى كەلمىدى، قايتماسلىقتىن ئەنسىرىگەنچە ئۆزىگە ئۆزى تېرىكىپ، "مۇشۇنداق قورقۇپ يۈرگەنلىكىمدىن ئەر كىشىدەك بولالمىدىم، خوتۇننى بويسۇندۇرالمىدىم" دەپ ئويلاپ، بۈگۈن زادى گۈلشەننىڭ ئالدىدا ئەردەك ياشاپ، خوتۇنىدىن قورقمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويغۇسى كەلدى. ياسىننىڭ قايتمايدىغانلىقىنى بىلگەنچە گۈلشەن ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇپ، ھاياجىنىنى باسالماي، بارلىق ناز-خۇلقىنى چىقىرىپ، ئۇنى ئۆزىگە يىلىمدەك يەملىۋەتتى... ياسىن زىددىيەتلىك خىيال، مەست خىيال، ھاياجان، بىغەملىك ئىچىدە ھالسىراپ ئاخىر گۈلشەنگە تۆكلۈك پۇتنى ئارتىپ خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كەتتى.

رەيھان سائەت 12دىن ئاشقاندىمۇ ئۇخلىماي، ئۇيقۇسىز ھالدا ئېرىنى ساقلاپ ياتتى، نەچچە قېتىم تېلېفون ئۇردى، "گۇەنجى" دېگەن گەپتىن باشقىنى ئاڭلىمىدى. ھەر قېتىم بۇ گەپنى ئاڭلىغاندا جۇدۇنى ئۆرلەيتتى، كۆڭلىگە كەلمىگەن خىياللار كېلەتتى. ئۇ ئىزتىراپ ئىچىدە بالىسىغا قاراپ ياش تۆكۈپ ياتتى، ئۆلۈپ كەتكەن ئانىسىنى، يېتىم ۋە يۆلەنچۈكسىز قالغىنىنى ئويلاپ كۆڭلى تېخىمۇ بۇزۇلدى. يىغلاپ-يىغلاپ ئۇخلاپ قالدى، چېھرىدە دەرت-ئەلەم قېتىپ قالدى.

سەھەردە ئۇ بىر يامان چۈشتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ يېنىغا قارىدى، پەسكە قارىدى، ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە قارىدى، يۈرىكى بىر ئىشنى تۇيغاندەك ئاغدى، بەدىنىگە زەھەرلىك ئۇكۇل مېڭىۋاتقاندەك ھالسىزلاندى، چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ياسىن پەقەت ئۆلۈپ كەتمىگەنلا بولسا بۇ ئۆيدە كېچىسى بولۇشى كېرەك ئىدى، چۈنكى تويى قىلىپ، بىر يەردە ياشىغاندىن بېرى ئۇ ھەرگىز باشقا يەردە قونۇپ باقمىغانىدى. رەيھان ئەنسىزلىك ئىچىدە ئورنىدىن قوپۇپ، ئۇخلاش كىيىمى بىلەنلا دالان ئۆيگە چىقتى، سافاغا قارىدى، بۇ يەردىمۇ يوق... رەيھان قانداق تاھارەت ئېلىپ، نامىزنى قانداق ئوقۇدى، بىلمەيلا ئوقۇدى، پەقەت ئاخىرىدا دۇئا قىلغاندا ئېرىنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىنى تىلەپ يىغلاپ دۇئا قىلدى. نامازدىن قوپۇپ قولى ھېچ ئىشقا بارماي گاڭگىراپ تۇرۇپ كەتتى. بۇ كېچە غېنى تاز ئۇنى مەست قىلىپ قاتتىق يەردە ياتقۇزۇپ قويغانمىدۇ ياكى ئورۇندۇقنى جۈپلەپ بەرگەنمىدۇ؟ ياكى گۆلشەن دېگەن رەسۋا بىلەن ئايرىم ياتاق ئېچىپ شۇ يەردە قونىدىمۇ؟... ھەر قانچە بولسىمۇ ئۇ يولدا مەست بولۇپ يېتىپ قالمايدۇ... رەيھان ئۆزىنىڭغا يەنە تېلېفون قىلدى، يەنە ئېتىك چىقتى. بۇ بىر شۇملۇقتىن بېشارەت ئىدى، ھاراق ئىچكەندىكىن كۆپ ھاللاردا مۇنداق ئۈچ خىل نەتىجە چىقاتتى: جېدەل-ماجرا، رەسۋالىق ياكى ئۆلۈم. بېيجىڭدا كاۋاپچىلىق قىلغاندا ئۆپچۆرىسىدە نېمە ئىشلار بولمىغان؟ ئەتىگىنى گۇس-گۇس دەسسەپ يۈرگەن كۆلچىلار ئىككىنچى كۈنى تاڭنى ئاتقۇزمايلا جەسەتلىرىنى تاشلاپ بېرىپ ئۇ دۇنياغا كەتمىگەنمىدى؟!... رەيھان ئولتۇرالماي قالدى، ئاشخانىغا چىقىپ تالاغا قارىدى، ئۇدۇلدىكى دۇكانغا نەپرەت بىلەن تىكىلدى. بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ ئېلىپ، دېرىزىنىڭ يېنىدا ئېڭەك يۆلەپ ئولتۇردى، كاللىسىغا ھەرىدەك ئولىشىۋالغان ئەنسىز خىياللارغا چىداپ تۇرالماي، ھاشمىنىڭ ياتىقى ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى چەكتى. ساۋۇت نامىزنى ئوقۇپ بولۇپ تۇرغانىدى، قاق سەھەردە رەيھاننىڭ ياتاق ئالدىدا تۇرغىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

ـــ ياسىن ئاخشام بۇ يەرگە كىرمىگەندۇ؟

ـــ ياق... كىرمىدى.

ـــ كېچىدىن ئۇ كەلمىدى. سىلەرگە بىر نەرسە دەپ خەۋەر قىلمىغانمىدى؟

ــــ ياق... بىزگە تېلېفون كەلمىدى.

ــــ غېنى شاڭجاڭنىڭ نومۇرىنى بىلەمسىز؟

ــــ هاشىم بىلەمدىكىن، مەن ئۇقمايدىكەنمەن.

ــــ ئويغىتىڭە هاشىمنى، نومۇرىنى دەپ بەرسۇن.

ساۋۇت كەينىگە بۇرۇلۇپ، يوتقاننى چاترىسىغا قىستۇرۇۋېلىپ ياتقان هاشىمنى نوقۇپ ئويغاتتى. هاشىم تەستە ئويغىنىپ، كۆزىنىڭ چاپىقىنى ئادالاپ ساۋۇتقا قارىدى.

ــــ غېنىكاڭنىڭ نومۇرىنى بىلسەڭ، دەپ بەر

ــــ نېمە قىلىسەن؟

ــــ بولە سورىماي، لازىم بوپ قالدى.

هاشىم قاچانلاردىدۇر يەيدا قىلىۋالغان ئەرزان تېلېفوننى ياستۇقىنىڭ ئاستىدىن ئېلىپ، غېنى شاڭجاڭنىڭ نومۇرىنى تېپىپ بەردى، ساۋۇت ئۇنىڭ قولىدىكى تېلېفوننى يۇلۇپ ئېلىپلا، تالاغا چىقىپ رەيهانغا نومۇرنى دەپ بەردى.

رەيهان كىرگۈزۈۋالغان نومۇرغا قاراپ باسايمۇ، باسمايمۇ دەپ بىر هازا تۇرۇپ كەتتى، غېنى شاڭجاڭ بۇ چاغدا چوقۇم ئۇخلاۋاتقان بولاتتى. بۇ "ئوغرى"غا تېلېفون ئۇرغاندىن گۆلشەنگە تېلېفون ئۇرۇش ئوڭايراق ئىدى، رەيهان بىر چاغدا ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراپ كىرگۈزۈۋالغان تېلېفون نومۇرىنى تېپىپ تېلېفون قىلىۋىدى، بۇ نومۇر قۇرۇق چىقتى. "كۆرمەمدىغان بۇ تۇلكە جىننىڭ يامانلىقىنى، كىشىگە هەرگىز قۇيرۇق تۇتقۇزمايدۇ-دە!" دەپ ئويلىدى ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ. يەنىلا غېنى شاڭجاڭغا تېلېفون ئۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، تىترەپ تۇرغان نازۇك قوللىرىدا

نومۇرلارنى بېسىپ، قۇلىقىغا يېقىن ئاپاردى، تېلېفون ئۇلانغان هامان غېنى شائجاڭ خۇددى يىڭنىدىلا باردەك تەمتىرەپ، يۈرەكلىرى سوقۇپ كەتتى.

ــــ ۋەي...

ــــ هە... ــــ دېدى غېنى شائجاڭ ئۇيقۇلۇق ئاۋازدا.

ــــ غېنى شائجاڭما؟

ــــ هە مەن، ئۆزىڭىز كىم؟

ــــ مەن... رەيھان.

غېنى شائجاڭ چۈشىدىكى غايىۋى جانانىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك ئۇشتۇمتۇت سەگەكلىشىپ، ئورنىدىن قوپۇپ كەتتى:

ــــ هە هە، رەيھانمۇ سىز، ئەهۋالىڭىز ياخشىمۇ؟

ــــ ياخشى ئەمەس... كېچىدىن ياسىن كەلمىدى. شۇڭا سىزدىن سوراي دەپ تېلېفون قىلغان.

ــــ هە... مۇنداق دەڭ، ياسىن ئاخشام بۇرۇنلا كەتكەنغۇ؟

ــــ كەلمىدى، نەگە كەتكىنىنى دەپ بەرسىڭىز.

ــــ مەن ئۇقمايمەن... ئۆيگە كېتىمەن دەپ ماڭغان بولمىسا... راست بارمىدىما؟

ــــ كەلمىدى، ئاخشام قاچانغىچە ئىچىشكەن؟ ئۇ قانچىلىك ئىچكەن؟

ــــ جىق ئىچمىگەن، بۇرۇن ماڭغان... قىززىقكىنا بۇ ياسىن، ئۆيگە بارىمەن دەپ بارمىغىنىنى...

ــــ سىز بىلىسىز، ماڭا دېمەيۋاتىسىز،ــــ دېدى رەيھان ئاچچىق بىلەن،ــــ ئەگەر ئۇنىڭغا بىر ئىش بولسا سىزدىن كۆرىمەن.

ــــ بۇنداق دېسىڭىز قانداق بولىدۇ ــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ مۇلايىملىق بىلەن،ــــ مەن راستىنلا ئۇقمايمەن. ئۇقسام يوشۇرۇپ نېمە قىلىمەن. مەن ئەزەلدىن كىشىگە يالغان سۆزلەپ باققان بەندە ئەمەس.

ــــ ئەمىسە ئۇنىڭ نەدىلىكىنى ماڭا دەپ بېرىڭ.

ــــ ئۇنى دېگىلى بولمايدۇ.

ــــ نېمىشقا؟

ــــ ھازىر دېگىلى بولمايدۇ، كېيىن دەپ بېرەي.

ــــ نېمىشقا دېگىلى بولمايدۇ، مەندىن يوشۇرۇپ قانداق قىلماقچى؟

ــــ تېلېفوندا بۇ گەپلەرنى دەپ بولغىلى بولمايدۇ، ۋاقتىڭىز يەتسە رېستوۋرانغا كېلىڭ، شۇ چاغدا دەپ بېرەي.

ــــ مەن ئۇقمايدىغان خېلى ئىشلار بار ئوخشىمامدۇ؟

ــــ شۇنداق دېسەكمۇ بولىدۇ، كۆرۈشكەندە دەپ بېرەي.

غېنى شاڭجاڭ گەپنى دەپ بولۇپلا تېلېفوننى بېسىۋەتتى. رەيھان ئويلىنىپ، جىددىيلىشىپ تۇرۇپ قالدى. تونۇلغان ياسىننىڭ غېنى شاڭجاڭدىن ياردەم سورىغىلى بارغانلىقى ئېنىق، غېنى شاڭجاڭنىڭ قانداق جاۋاب بەرگەنلىكى مەلۇم ئەمەس. ئېھتىمال، ياردەم بېرىشنى رەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئاچچىقتا چىددىمىغان ياسىن ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ شۇ يەردە قۇسۇپ يېتىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ياسىننى مۇھتاج كۆرۈپ، گاداي كۆرۈپ، پەس كۆرۈپ شۇ يەردە تاشلاپ قويغان غېنى تاز رەيھاننى شۇ يەرگە چاقىرىپ، "كۆرە، ما بولۇمسىز ئېرىڭنىڭ ھالىنى" ، "بىزدەك ئەرگە تەگكەن بولساڭ بۇنداق جاپا تارتمايتتىڭ" دېمەكچى.

رەيھان بىچارە ئېرىنى ئەكىلىۋېلىش ئۈچۈن ئاشخانىدىن چىقىپ تاكسى توستى، قانداق مېڭىشنى بىلەلمەي يەنە غېنى شاڭجاڭغا تېلېفون ئۇرۇپ ئورنىنى سورىدى، كەيپىياتىدىن تارتىپ زۇۋانىغىچە سازلىشىپ كەتكەن غېنى شاڭجاڭ "تېلېفوننى شوپۇرغا بېرىڭ، ئۆزەم دەي" دەپ، ئورنىنى شوپۇرغا تەپسىلىي دەپ بەردى. رەيھان رېستۇران ئالدىغا كەلگەندە غېنى شاڭجاڭ لاۋبەنلىك سۆلىتى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈلۈمسىرەپ قارشى ئالدى. رەيھان ئۇنىڭغا چىرايىنىمۇ ئاچمىدى. بۇ چىرايىدىكى كۈلكە، گۈزەللىك ئۇنىڭغا ئەمەس، ئېرىگە بەخشەندە ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا ياسىننى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى. غېنى شاڭجاڭ ئۇنى ئەڭ چىرايلىق زىننەتلەنگەن بىر ئايرىمخانىغا باشلىدى، رەيھان كىرىپلا سورىدى:

ــــ قېنى ياسىن...

ــــ ئاۋۋال ئولتۇرغاچ تۇرۇڭ، ياسىننى مەشەدە ياتقۇزۇپ قويىدۇ دەپ قالدىڭىزما...كىچىك بالا ئەمەستە ئۇ...

ــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ خۇشخۇيلۇق بىلەن. ئۇ ئەتىگەندىلا چاقىرىپ كەلگەن بىر قىزنى پايپېتەك قىلىپ، ناشتىلىق ئەكەلدى. رەيھان بىر يۇتۇم چايمۇ ئىچمەي، بىر بوردا نانغىمۇ قول ئۇزاتماي غېنى شاڭجاڭغا تاقەتسىزلىك بىلەن قارايتتى.

ــــ مېنى بۇ يەرگە چاقىرتىشتىكى مەقسىتىڭىز نېمە؟

ــــ سىز بىلەن ياسىن توغرۇلۇق پاراڭلىشاي دەيمەن،ــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ رەيھاننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ،ــــ بىلمەمەن، سىز ياسىننى چوڭ بىلىسىز.

ــــ گېپىڭىز بولسا چاققان دەڭ، بالام ئويغىنىپ كەتكىچە كەتمىسەم بولمايدۇ.

ــــ ماقۇل، ئەمىسە دەيدىغاننى ئالدىڭىزدا دەۋېرەي، جاھاندا سىزدەك ئايال كەم تېپىلىدۇ. لېكىن ياسىن سىزنىڭ قەدرىڭىزنى بىلمىدى.

ــــ بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ مەن سىزدىن ياسىن نەدە دەپ سوراۋاتىمەن!

ـــ ياسىننىڭ بار يېرىنى مەن ھېلى سىزگە دەپ بېرىمەن، ئاۋۋال گېپىمنى ئاڭلاڭ. سىز "ئېرىم، ئېرىم" دېگەنچە، مېنىڭ سىزگە ئىچىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ. سىز بۇنچە كۆيۈنۈپ كەتكەن ئېرىڭىز ئەمەلىيەتتە ۋاپاسىز بىر گۇي. سىز يۇرتقا كەتكەندە ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقىنى بىلەمسىز؟

ـــ بىلمەن، ھەممىنى قىلغان سىز. سىز شۇ گۇلشەن دېگەن پاسكىنىنى ئىشلەت دەپ بەرمىسىڭىز، ئۇ شۇنداق قىلامتى؟

ـــ پاھ، ما گەپنى، ياسىن سىزنى گۇمانخور دەۋاتاتتى، راستكەن جۇمۇ، مەن بۇ رېستۇراندا بىر ئوبدان ئىشلەۋاتقان قىزنى نېمە دەپ ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ بېرىدىكەنمەن، ئۆزى تەلەپ قىلدى، نېمىشقا دەڭ، ھېلىقى چاغدا بىزنىڭ خوتۇننىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغاندا ئىككىسى تانسا ئويناپ تونۇشۇپ قاپتىكەن، شۇنىڭدىن كېيىن ياسىن ئۇ قىزنىڭ كەينىگە كىرىپلىۋالدى، توختىماي تېلېفون قىلىپ تۇرغۇزمىدى. ئالدىمغا كېلىپ يالۋۇردى، شۇنىڭ بىلەن بوپتۇ دېدىم. مەن ئۇنىڭغا گۇلشەننى باشقا ئىشىڭغا ئىشلەت دەپ بېرىپتىمەنمۇ؟! خوتۇنۇڭ يوق چاغدا ئوينا دەپ بېرىپتىمەنمۇ؟ ئۇنداقتا مەن شۇۋىچى، سولامچى بولمايمەنمۇ!... ماڭا بۇنداق ھاقارەت قىلماڭ، سىز بوپ قاپسىز، ئەگەر باشقا ئايال ماڭا بۇنداق دېگەن بولسا ھەرگىز يۈز-خاتىرە قىلمايتتىم!...ـــ غېنى شاڭجاڭ ئۆپكىسىنى دەرھال بېسىۋالدى، ئاچچىقلانسىمۇ سالاپىتىنى يوقاتمىدى.

ـــ گېپىم خاتا كەتكەن بولسا، خاپا بولماڭ...ـــ دېدى رەيھان باشقا ياققا قاراپ، ـــ ئەر خەق دېگەن خوتۇنى يوق چاغدا ئېزىپمۇ قالىدىكەن، شۇڭا مەن بوپتۇ دەۋەتكەن.

ـــ لېكىن سىز بوپتۇ دەۋەتكەن بىلەن، ئۇ يەنە قىلىدىغىنىنى قىلىۋەردى.

ـــ نېمە قىلدى، مەن بىلمەيدىغان يەنە نېمە ئىشلىرى بار؟

ـــ بۇنى ئۆزى كېيىنچە سىزگە دەپ بېرىشى مۇمكىن، ئەمما ئىشلار ئۇنىڭ دېگىنىدەك ئەمەس.

ـــ نېمە ئىشلارنى دەيسىز؟

ــــ سىز ئەقىللىق چوكان بولغاچقا گۆلشەننى جايغا قايتۇرۇۋېتىپ ئوبدان قىلدىڭىز، لېكىن ياسىن يەنە بولدى قىلماي كېلىۋالدى، مەن ئۇنىڭ سىز يوق چاغدىكى ئىشلىرىنى بىلىپ قالدىم، ئۆزى گەپ ئارىلىقىدا ئاشكارىلاپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى تىللىدىم، ''شۇنچە چىرايلىق خوتۇنىڭ تۇرسا نەپسىڭ تويمايدىغان قانداق نېمە سەن'' دېسەم، ''قانداق قىلىمەن، بۇ خوتۇن بەك كونىراپ كەتتى، قويىۋېتەي دېسەم بالامنىڭ ئانىسى'' دەيدۇ. '' كۆتۈڭنى قىسىپ ئۆيۈڭنى تۇت'' دېسەم، ''گۆلشەندىن ھەرگىز ئايرىلالمايمەن، خوتۇن-بالامدىن كەچسەم كېچەمەنكى بۇنىڭدىن كېچەلمەيمەن'' دەيدۇ. ''خوتۇنۇڭ قايتىپ كەلدى، ئەمدى بۇزۇقچىلىق قىلما'' دېسەم، ''نىكاھ ئوقۇتۇپ خوتۇن قىلىمەن'' دەيدۇ، ''ساراڭلىق قىلما، بىر خوتۇننىڭ ھۆددىسىدىن چىقىساڭ چوڭ ئىش'' دېسەم، ''پۇل تاپقان لاۋبەنلەر ئىككى-ئۈچ خوتۇن ئالىدىكەن، مەنمۇ ئالىمەن، ئالغاندا بىر گەپ بولار'' دەيدۇ، ھەيران قالدىم. قارىسام راستىنلا شۇنداق قىلىش نىيىتى باردەك، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا دېدىم، ''مەن گۆلشەننىڭ دادىسى ئەمەس، نېمە قىلساڭ قىل، لېكىن خوتۇنۇڭنى ئالدايدىغان ئىشنى قىلما'' دېسەم، ''ئاكا، سەن ئارىلاشما، ھازىر ئۇ خوتۇن بار بىلەن يوقنىڭ ئارىسىدا بولۇپ قالدى'' دەپ يەنە ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلدى... ئۇ گەپلىرىنى مەن تېخى كەيپچىلىكتە دېگەن بولسا دەپ يۈرۈۋېتىمەن، كېيىن راستىنلا نىكاھ ئوقۇتۇۋاپتۇ.. ئاڭلىسام، تېخى گۆلشەنگە ئايرىم بىر ئۆي كىرالاپ بېرىپتىمىش. بۇنىمۇ ئىشلەۋاتقان قىزلاردىن ئاڭلىدىم...

رەيھان قورقۇنچلۇق بىر ھېكايە ئاڭلاۋاتقاندەك چەكچىيىپ، تىترەپ ئولتۇرۇپ قالدى، ھالبۇكى بۇ ھېكايە جىن-ئالۋاستىلارنىڭ ئەمەس، ئېرىنىڭ ھېكايىسى، يېنىدا بولۇۋاتقان ھېكايە ئىدى...

غېنى شاڭجاڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــــ ئاخشام ئۇنى ئۆزىتىپ قويۇپ كىرىپ كەتكەنىدىم. ماڭا دېگەندە ئۆيگە قايتىمەن دەپ ماڭغان، مەن تېخى ئاشخانىغا، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قايتىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن، يەنە بىر ئۆيى بارلىقى پەقەت ئېسىمدە يوق. كېچىدىن قايتمىدى دېگەن گېپىڭىزنى ئاڭلاپ دۆككىدە ئېسىمگە كەچتى. ئۇ ھەقچان شۇ ئۆيىدە...

ـــ ماڭا دەپ بېرەمسىز شۇ ئۆينى!ـــ دېدى رەيھان قاباھەتلىك چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك سىلكىنىپ، ئورنىدىن قوپۇپ ـــ مەن بىر كۆرۈپ باقاي شۇ ئىتنىڭ ئۇۋىسىنى!

ـــ ھازىرچە ئاچچىقنى يامان قىلماڭ، ھازىر بارسىڭىز، ياسىنغۇ يۈزىنى داپتەك قىلىپ تۇرار. لېكىن گۈلشەن قورقۇپ كېتىپ دېرىزىدىن سەكرىۋېلىشى مۇمكىن.

ـــ ئۇنداق قىلىن پاسكىنا ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايدۇ. ئۇنىڭدا نومۇس دېگەن نېمە يوق!

ـــ شۇنداقتىمۇ ھازىر بارماڭ، بولمىسا مېنى ئوسال قىلىسىز. ئېرىڭىزنىڭ ئالدىدا ئازراق ئابرۇيۇم قالسۇن...

رەيھان بۇ گەپنى ئاڭلاپ جايىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

ـــ كېچىدىن ئۇ يەردە سىزدىن قورقماي ياتقىنىغا قارىغاندا بۇ ئىشنى سىزگە ئاشكارىلىغۇسى كەلگەن ئوخشايدۇ. مەن شۇنداق ئويلاپ قالدىم. قايسى كۈنى بىللە ئولتۇرغاندا گەپ تېگىشىپ باقسام، ئۇ سىزنى ”چوڭ خوتۇن“، گۈلشەننى ”كىچىك خوتۇن“ دەيدىكەن. قارىسام بەك خاتىرجەم، سىزگە بۇ ئىشنى ھامان بىر بىلدۈرگۈسى بار، لېكىن ئەنسىرەيدۇ. ئوغرىلىقچە خوتۇن ئېلىۋالسا ئەنسىرەيدۇ-دە! لېكىن كېچىدىن يېنىڭىزغا قايتمىغانلىقى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ سىزگە بۇ ئىشلارنى دەيمەن دېگىنى...

ـــ مۇنداق دەڭ، قارىغاندا ياسىننى مەندىنمۇ بەك ئوبدان بىلىدىكەنسىز ـــ دېدى رەيھان غېنى شاڭجاڭغا شۈبھىلىك تىكىلىپ.

ـــ نەچچە ۋاقىتتىن ئەل-ئاغىندەك ئۆتكەندىكىن ئەمدى ئانچە-مۇنچە بىلىشىمىز-دە!

ـــ كېچىدىن ئۇنىڭغا ئاچچىق ھاراقنى ئىچۈرۈپ، گۈلشەننى ئۆزىڭىز ھەمراھ قىلىپ يولغا سېلىپ قويمىغانسىز؟!

___ بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

___ ئۇ سىزنىڭ گېپىڭىزنى بەك ئاڭلايدۇ، شۇڭا دەيمەن.

___ ئۇنداقتا ھەممە ئىشنى مەن ئۆگىتىپتىمەن-دە! قارىغاندا سىز ياسىنى كىچىك بالىدەك كۆرىدىكەنسىز، مۇشۇ پېرىڭىز بولمايدىكەن، شۇڭا ئۇ سىزدىن چانغان گەپ!___ دېدى غېنى شاڭجاڭ سىلىق-سىپايىلىك بىلەن،___ ياسىن ئەركەكتەك بالاڭزا، ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلمىسا ئۇنىمايدۇ، مەن ئۇنىڭغا ياخشى گەپلەرنى قىلدىم، ئاڭلىمىدى. گېپىمنى ئاڭلىمىغاچقا بولۇۋاتقان ئىش ماۋۇ...

___ گۈلشەن دېگەن پاسكىنىنى قانداق نىكاھ ئوقۇتۇۋاپتۇ؟

___ تاڭ، مەن بۇ قىزلاردىن شۇنداقراق ئاڭلىدىم، راست ئوقۇتتىمۇ، يالغاندىن ئوقۇتتىمۇ، كىم بىلىدۇ؟

___ ئۆزىنىڭ رەسۋالىقنى يوشۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق دەۋالغاندۇ تايىنلىق! كۆرمەمدىغان ئا چىرايلىق گېپىنى، "كىچىك خوتۇنى"مىش تېخى! سىزنىڭمۇ باردۇ شۇنداق كىچىك خوتۇنلىرىڭىز!

غېنى شاڭجاڭ ئەنەدىكىپ كەتتى، رەيھان نەدىن ئاڭلايدۇ بۇ گەپلەرنى! خوتۇن خەقنىڭ سەزگۈسى شۇنداق يامانمىدۇ؟

___ ياق، ياق، نەدىن تاپتىڭىز بۇ گەپنى،___ دېدى ئۇ دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ ئوڭايسىز كۈلۈپ،___ ئادەتتە پو ئېتىپ دەپ قويىمىز، لېكىن ئۇنداق ئىش يوق. مېنىڭ ئۆزۈمچىدىن ئالغان بىرلا خوتۇنۇم بار، مۇشۇ بىر خوتۇنۇمۇ باشنى ئاغرىتىپ يۈرسە، يەنە بىرنى ئالسام ساراڭ بولمايمەنمۇ! بۇ خوتۇننىڭ ھالنى دېمەڭ، ئۈچ ئايدا بىر ئۆرۈمچىگە قاتراپ ئانىسنى كۆرۈپ، ئاداشلىرى بىلەن ئوينىۋالمىسا ئۇنىمايدۇ. تېخى ئۆلۈشكۈن يولغا سالدىم، مۇشۇنداق خوتۇننىمۇ خوتۇن دەپ ئاپتىمەن دەڭ، بېشىمغا بىر بالا بولدى، قويۇۋېتەي دېسەم ئۆرۈشىدۇ، يا بىرنى تۇغمىدى...

رەيھانغا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاش خوش ياقمىدى، ئىختىيارسىز ھالدا چايغا قول ئۇزىتىپ،سوۋۇپ قالاي دېگەن چايدىن بىر يۇتۇم ئىچتى.

ــــ خوتۇن دېگەن مانا سىزدەك بولسا بولمامدۇ دەيمەن، چىرايلىق ھەم ئەقىللىق. توختىماي ئىشلەپ ئاشخانىنى ماغدۇرۇپ تۇرىدىكەنسىز، ئېرىڭىزنى ياخشى كۆتۈپ، بالىڭىزنى ياخشى باقىدىكەنسىز، بىزنىڭ خوتۇندەك بەتخەجلىك قىلمايسىز، قاراڭە بويىنىڭىزدىكى زەنجىرگە، ئۇچىڭىزدىكى كىيىملەرگە، شۇنچىلىك ئاددى بولسىمۇ، لېكىن سىزگە شۇنچىلىك ياراشقان. بىزنىڭ خوتۇنغا قارايدىغان بولسىڭىز ئۇستى-باشلىرى پال-پۇل، جالدۇر-جۇلدۇر... ئۇ ئەسلى ماڭا تەگمەي، ئالتۇنغا تېگىپتىكەن...

ــــ بولدى، خوتۇنىڭىزنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشىۋەرمەڭ، بۇنداق ئەر كىشى بىلەن خوشۇم يوق. ياسىنمۇ سىزگە مېنىڭ غەيۋىتىمنى قىلىپ بېرىدىغاندۇ ھەقچان؟!

ــــ ھە... بۇنى دېسەم كۆڭلىڭىزگە كېلىدۇ، شۇڭا دەيمەن سىزگە، بايىقى گېپىمنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاڭ، سىز شۇنداق ئالتۇنغا بەرگۈسىز ئېسىل چوكان تۇرسىڭىز، بۇ ياسىن دېگەن گۆيىنىڭ سىزنى تاشلاپ، گۈلشەنگە كىرىشىۋالغىنى نېمىسى! شۇڭا ئاچچىقىم كېلىدۇ ئۇ گۆيىغا! ئەسلىدە ئاكا ئاغىنىسى بولغاندىكىن، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى سىزگە دېمىسەم ياخشىدى، ئاچچىقىمغا پايلىماي دەپ سالدىم.

ــــ دېگىنىڭىز ياخشى بولدى، بۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە رەھمەت، لېكىن شۇنى دېسەم خاپا بولماڭ، مەن يەنىلا ئىككىڭلارنىڭ تىلى بىرمىكىن دەپ ئويلايمەن...

ــــ ماڭا قاراڭ چىرايلىق سىڭلىم، سىز يەنە مەندىن گۇمان قىلىۋاتىسىز، ياسىن گۈلشەننى ئۆزى ياخشى كۆرۈپ ئۆزى خوتۇن قىلىۋالسا ئۇنىمۇ مەندىن كۆرەمسىز؟ يەنە مېنى گەپ ئۆگەتتى دەمسىز، مەن گۈلشەننىڭ دادىسى يا ئاكىسى ئەمەس، پەقەت لاۋبىنى، ماڭا ئىشلەپ بەرسە پۇلىنى بېرىمەن، باشقا ئىشلىرىغا ئارىلاشمايمەن. شۇڭا سىز بۇ ئىشتا ''غېنى لاۋبەننىڭ قولى بار'' دەپ ئويلاپ قالماڭ. مەن ئەزەلدىن بىر كىمنىڭ شەخسىي ئىشلىرىغا

ئاربلاشمايمەن، ئۆزىڭىزمۇ ئايال كىشى، بۇنى ئوبدان بىلىسىز، مۇشۇ كۆڭۈل، پۆڭۈل دېگەن ئىشلارغا پەقەت ئارىلاشقىلى بولمايدۇ.

ــــ بېيجىڭدا بەك ياخشى ئىدى بۇ ياسىن،ــــ دېدى رەيھان "كۆڭۈل" ھەققىدىكى گەپنى ئاڭلاپ، ھەسرىتى ئىچىگە سىغماي،ــــ مەشەگە كېلىپ بۇزۇلدى، ئۆيگە بېرىپ ئانامنىڭ نەزىرىسىنى بېرىپ كېلىپ بولغىچە ئىشەككە ئايلىنىپ بوپتۇ، بوپتۇ، ئۆزىنى تۈزىتىۋالار، ئوڭشىلىپ قالار دېسەم، يەنە شۇ ھايۋانلىقىنى قىلىپتۇ، ئەر كىشىنىڭ كۆڭلى نېمانچە پەستۇ! مېنىڭ زادى نەرىم ئۇنىڭغا يارىماي قالغاندۇ؟

ــــ شۇ ئەمەسمۇ! سىزدەك بۇنچە گۈزەل خوتۇنى تۇرۇپ، شۇ سېرىق تۈك گۈلشەنگە ئېسىلىپ يۈرگىنىگە مەنمۇ ھەيران، ئەر كىشى ياخشى كۆردۇم، زادى شۇنىڭغا ئېرىشمەن دەپلا ئىت- ئېشەككە ئايلىنىپ كەتسە بولمايدۇ-دە! ياسىننىڭ بۇ قىلىقى بەكلا ئېشىپ كەتتى...

ــــ سىز ئەگەر ياسىننىڭ ئورنىدا بولغان بولسىڭىز، سىزمۇ شۇنداق قىلىسىزغۇ دەيمەن، ئەر كىشىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش.

ــــ ئۇنداق دېسىڭىز قانداق بولىدۇ، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىسىڭىز بولمايدۇ. ئەگەر ياسىننىڭ ئورنىدا مەن بولسام سىزدەك خوتۇننىڭ ئايىقىدا ئۆمىلەپ بولسىمۇ خىزمىتىڭىزنى قىلاتتىم، بۇ جىك گەپ! لېكىن خۇدايىم ماڭا سىزدەك گۈزەل، ئەقىللىق خوتۇننى نېسىپ قىلماپتىكەن، ئۆمرۈم ھەسرەتتە ئۆتىدىغان بولدى...

غېنى شاڭجاڭ بۇنداق لاۋزىلاشقانچە، رەيھان دېمەيدىغان گەپنى دەپ سالغىنىغا ئىچى پۇشۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى، ئەمما غېنى شاڭجاڭ ھەققىي ھاياجان بىلەن كۆڭلىنى ئىپادىلەۋاتاتتىكى، بۇنداق سەممىي ھالەتتىن ھەر قانداق ئايالنىڭ يۈرىكى تىترەيتتى، رەيھان باشقا بىر ئادەمنى كۆرۈۋاتقاندەك ئەجەبلەندى.

ــــ سىزنى ئاشخانىڭىزدا تۇنجى قېتىم كۆرگەندىلا يۈرىكىمگە بىر ئوت چۈشكەن، بۇنداق دېسەم ھازىرلا مېنى سەتلىۋەتمەڭ، گېپىمنى ئاڭلاڭ، مەن جىق ئىشلارنى كۆرگەن، جىق شەھەرلەرنى ئايلانغان، جىق قىز-چوكانلارنى

كۆرگەن، لېكىن سىزدەك چىرايلىق چوكاننى كۆرۈپ باقمىغان. ئىشقىلىپ، ئاجايىپ بوپ كەتتىم، ئۇن سەككىز ياش ۋاقتىلىرىمدا نېمىشقا بۇنداق گۈزەل قىز ئۇچرىمايدۇ دەپ ئويلىدىم، ھاراق ئىچمەي تۇرۇپلا ئىسچمگە ئوت كەتتى، ئەمما چاندۇرمىدىم، ياسىن دېگەن گۆيغا شۇنچىلىك ھەۋەسلەندىم، ئەمما ھەسەت قىلمىدىم، جاھاندا ئەڭ دۆت، ئىچى تار ئادەملا خۇدايىم باشقىلارغا بەرگەن ئامەتكە ھەسەت قىلىدۇ. مېنىڭ بىر ياخشى يېرىم، كىشىنىڭ ھەققىگە كۆز قىزارتمايمەن؛ خۇدايىم بەرسە بەردى، بەرمىسە تاما قىلمايمەن...

رەيھان ياسىننىڭ قىلمىشلىرىدىن ئېغىر جاراھەتلەنگەن كۆڭلىگە بۇ گەپلەردىن تەسەللىي ئىزدەۋاتقاندەك جىممىدە ئولتۇرۇپ گەپ تىڭشاۋاتاتتى، بۇنىڭدىن سۆيۈنگەن غېنى شاڭجاڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

سىزمۇ كۆلدا نەچچە يىل ياشاپ باقتىڭىز، پۇل تالىشىپ، خىروئىن تالىشىپ ئۇرۇشىدىغان، پىچاق سېلىشىدىغانلار كۆپ؛ لېكىن خوتۇن تالىشىپ ئۇرۇشىدىغان ئىشلار ئاز، نېمىشقا دېسىڭىز، خەقلەردە كۆڭۈل دېگەن نەرسە قالمىدى، خوتۇن دېگەننى قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مالدەك كۆرىدۇ، ھەتتا بىر چىرايلىق ئايالنى بىر بولاق ئاققا تەڭ قىلمايدۇ. ئەر خەق بەك نومۇسسىزلىشىپ كەتتى. ئەمما مەن ئوخشىمايدىكەنمەن، مەن يەنىلا كۆڭۈل دەيدىكەنمەن، كۆڭۈلنى، ۋىجداننى چوڭ بىلگەچكە مانا مۇشۇ كەمگىچە بىر چېكىم خىروئىن ئۈچۈن، ياكى بىر تۇتام پۇل ئۈچۈن خوتۇننى ساتمىدۇق، يامان ئىشلارغا يېقىن يولىمىدۇق. ئانام رەھمەتلىك دائىم ''خوتۇن خەق دېگەن ئاجىز'' دەيدىغان، ماڭا شۇ گەپ بەك تەسىر قىلىپتىكەن، چوڭ بولۇپ ھازىرغا كەلگىچە بىرەر خوتۇنغا يامانلىق قىلىپ باقمىدىم...

رەيھان بۇ گەپلەرگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، ياسىننى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى ئۆز كۆڭلىدە دەڭسەپ بېقىشقا ئۇرۇندى. نېملا دېگەن بىلەن، غېنى شاڭجاڭنىڭ گەپلىرى جايىدا ئىدى. رەيھاننىڭ تەسراتلىرى ئالمىشىپ، قاراشلىرى يېڭىلىنىپ كەتتى، نەتىجىدە غېنى شاڭجاڭ رەيھاننىڭ نەزەرىدە ''ئەسكى تاز ''ئەمەس، ''سەممي تاز'' بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى، ياسىن بولسا ئەكسىچە خوتۇنىغا خىيانەت قىلىۋاتقان بۇزۇق، ناچار ئەر بولۇپ كۆرۈنگىلى تۇردى.

__ ئەر كىشى دېگەندە كۆڭۈل بولمىسىمۇ بولمايدۇ، لېكىن كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ ئېزىپ كەتسىمۇ بولمايدۇ،__ دېدى غېنى شاڭجاڭ گېپىنى تۈگىتىشكە ئالدىراپ؛ ئۇ تاماكا تۇتاشتۇرماقچى بولۇپ، يەنە رەيھاننىڭ ئالدىدا ھۆرمەتسىزلىك بولمىسۇن دەپ قولىدىكى تاماكىنى جوزىغا تاشلاپ قويدى،__ بۇ گەپلىرىمنى باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭ، ئالدىڭىزدا سەت بولسىمۇ دەۋالدىم، كۆڭلۈم ئارام تېپىپ قالدى. قېرىغاندا بۇ ئوغرى نېمە دەپ يۈرىدىغاندۇ دەپ قالماڭ، ئەر كىشى دېگەنگە خۇدايىم كۆڭۈل دېگەن شۇنداق بىر نېمىنى بېرىپتىكەن، لېكىن بۇ كۆڭۈلنى يامان يەرگە ئىشلىتىش دەپ بەرمىگەن-دە! تولا ئەر خەق كۆڭۈل دېگەننى پەقەت ئۆزىنىڭ ھەۋىسىنى قاندۇرۇش دەپلا چۈشىنىدۇ. ياسىنمۇ شۇنداقمىكىن دەپ ئويلايمەن. ئۇ ھازىر گۈلشەننى دەپ سىزنى تاشلاپ قويدى، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە بەك كىرىپ كەتتى، بۇ بەك خەتەرلىك. كۆڭلۈم بار دەپلا ھەممىنى قىلىۋېرىشكە مەن قارشى، ئادەم دېگەن ئۆز نەپسىنى بېسىۋېلىشى كېرەك، بولمىسا ھايۋانغا ئوخشاپ قالىدىغان گەپ...

رەيھان كۆڭلىدە ”ياسىن نەق شۇ ھايۋانغا ئوخشاپ قالدى، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق! ئۇنىڭ يۈزىگە قاراشتىنمۇ نومۇس قىلىمەن ئەمدى...“ دەپ ئويلاپ شۈركىنىپ تىترەپ كەتتى.

رەيھان ئالدىرىغانچە، غېنى شاڭجاڭنىڭ گەپلىرى تۈگىمەي كېتىۋاتاتتى:

__ مەسىلەن، مەن سىزنى ھەر قانچە ئويلىساممۇ پەقەت كۆڭلۈمدىلا ساقلايمەن، مۇشۇ ۋاققىچە ئىچىمدە ساقلاپلا كەلدىم، مۇشۇنداق ئۆتتۈشكە مەن رازى، بۇنى پەقەت بىلىپ قالسىڭىزلا بولدى، ھەرگىز مېنى باشقىچە غەرىزى بار دەپ ئويلاپ قالماڭ. سىز يەنىلا مېنىڭ ئىنى ئاغىنەم ياسىننىڭ خوتۇنى. سىزگە ھەر قانچە ئىچىم كۆيسىمۇ، ئىچىمدە قالىدۇ، باشقا ئىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ؛ ياسىنغا بەك غەزىۋىم بار، لېكىن ئۇنى ھازىر ھېچنېمە قىلغىلى بولمايدۇ، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەن ئادەم ئاق چېكىدىغان بەڭگىگە ئوخشايدۇ، خۇمار بولۇپ قالسا تاشلاتقۇزۇش بەك تەس. ئاق چېكىدىغاننىڭ زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورنىغا ئاپىرىپ بېرىپ قۇتۇلغىلى بولىدۇ، لېكىن كۆڭۈل خۇمارىنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەن ئادەمنى نېمە قىلغىلى بولىدۇ دەيسىز...

رەيھان ياسىننىڭ گۈلشەننى ھەققەتەن ياخشى كۆرۈپ قالغىنىدىن ئەنسىرىدى، ياخشى كۆرمىسە ئۇ رەسۋاغا ئۇنچىلىك بېرىلمىگەن، ئاشنىدارچىلىقنى"نىكاھلىق، قانۇنلۇق" قىلىپ، كېچىلىرى تېخى ئۆيىگە قايتماي، بۇنچىلىك نومۇسسىزلىشىپ كەتمىگەن بولاتتى. پەقەت جىنسىي ھەۋەسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا قىلغان بولسا، ئۇنى پەيلىدىن ياندۇرغىلى بولىدۇ؛ ئەمما غېنى شاڭجاڭ دېگەندەك، "كۆڭۈل خۇمارى"غا بېرىلىپ كەتكەن بولسا، ئۇنى ئەۋرەز كۆلچىكىدىن تارتىپ چىقىش تەس...

رەيھان بۇ ئايرىمخانىنىڭ ھاۋاسىدىن نەپەسلىنەلمەي قىلىۋاتقاندەك ئېغىر-ئېغىر تىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى، بالىسى ئېسىدىن چىقتى، كۆزلىرى ياشقا تولدى، لېكىن غېنى شاڭجاڭ ئالدىدا مىشلداپ يىغلاپ بېرىشنى خالىمىدى، يېشىنى ئېرتىپ، ئۇھ تارتىپ، ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك دەرت تۆكتى:

ــــ مەن ھەيران، ئادەم دېگەن بۇنداقمۇ پەسلىشىپ كەتكەن بارمۇ... خوتۇن-بالىسى نەدە، ئۆزى نەدە، مەن كېلىپلا ھەممىنى بىلگەن، كۆڭلۈم يېرىم بولغان. لېكىن ئوڭشىلىپ قالار دەپتىكەنمەن. خاتا ئويلاپتىمەن. بىلمەن، ھەممىنى گۈلشەن دېگەن پاسكىنىدىن كۆرگىلىمۇ بولمايدۇ، چاتاقنىڭ ھەممىسى شۇنىڭدا، ئەقلى بولسا ئۇ قانجۇقنىڭ كەينىگە كىرىۋالمايتتى. كاللىسى شۇنىڭدا بولغاندىكىن ھەممىنى ماڭا ئىتتىرىپ قويدى، ئاشخانىنىڭ ئىشى بىلەن قەتئىي چاتىقى بولمىدى. ئىنىسى شاپاقتا تېپىلىپ تۈرمىغا كىرسىمۇ مەندىن كۆردى، ماڭا شۇنچىلىك ئەلەم سالدى، نەچچە كۈن زار يىغلاپ يۈرسەم قاراپمۇ قويمىدى...

رەيھان ئۆزىنى تۇتالماي يەنە يىغلاپ سالدى، غېنى شاڭجاڭ تەسەللىي ئېيتتى.  رەيھان ئۇزۇندىن بۇيان دەردىنى تۆكەلمەيۋاتقان ئادەمنى ئەمدى تاپقاندەك، ئىچ-قارنىنى بوشىتىشقا باشلىدى:

ــــ ئەمدى بىلسەم، ئۇنىڭ كۆڭلى مەندە ئەمەسكەن، ئۇنىڭغا شۇ پاسكىنا بولسىلا بولىدىكەن. نېمە كۈن بۇ ماڭا! مەن نېمىگە شۇنچە جاپا تارتىمەن؟ نېمىشقا قايتا-قايتا ئالدىنىمەن؟! ئۇنى دېمىسەم بۇ يەردە ماڭا نېمە بار؟ بالامنى ئەكىتىپ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمنىڭ يېنىدا ياشىسام بولمامدۇ مەن؟! مۇشۇ بىر نېمىنى دەپ رەھمەتلىك

ئانامنىمۇ ياخشى ئۇزىتالمىدىم. مەن مۇسىبەتتە تۇرغاندا ئۇ ئۆيدە بوزۇقچىلىق قىلىپتۇ، يىغلىدىم، قاقشىدىم، ئەمدى بۇ ئىشقا يىغلاپ ئاۋارە بولمايمەن. ئەر دېگەننىڭ قانداقلىقىنى كۆرۈپ قويدۇم...

ــــ سىز قارىلىق تۇتقاندا ئۇ گۆي غېمىدە يوق ئويناپتۇ دەڭا، ما نومۇسسىزلىقنى كۆرۈڭ!

ــــ شۇ تاپتا ئىنىسى تۇرمىدە، ھەممىنى ماڭا ئىتتىرىپ قويۇپ ئەسكىلىك قىلىۋاتىدۇ. ئۇ شۇنداق بوزۇقچىلىق قىلغاندىن بېرى بىزنى پالاكەت بېسىۋاتىدۇ...

ــــ تۈنۈگۈن ئۇ ماڭا ئىنىسىنىڭ ئىشىنى دېگەن. قاراپ باقسام شۇ پۇلنىڭ ئىشكەن، ئازراق تۆلەم بېرىپلا ئۆمەرنى ئەچىقىۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ باسقۇنچىلىق جىنايىتى تېخى ئېنىق ئەمەس، يېشىمۇ كىچىك، سوتتىنمۇ ئالدىراپ كەسمەيدۇ. دۇكاننىڭ ئىگىسى بىلەن ساقچىلارغا خىزمەت ئىشلەپ، زىياننى ئازراق تۆلەپلا قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولىدۇ. شۇنداق دېسەم، بۇ ياسىن دولىسىنى چىقىرىپ ”پۇل يوق“ دەپ قاراپ تۇرىدۇ. ”قېنى پۇل، ھەممىنى كىچىك خوتۇنىڭغا خەجلەپ تۈگەتتىڭمۇ“ دېسەم، جىم تۇرىدۇ. شۇ ئاچچىقىمدا ” ساڭا بېرىدىغان پۇل يوق، نەدىن تاپساڭ تاپ“ دەپ قاتتىق تەگدىم. بۇ گېپىم ھار كەلدى بولغاي، ھارىقنى ئىچىپلا ئاچچىقلاپ ماڭدى، ئۇزاتمىدىم. قارىغاندا، ئۆيگە قايتقۇسى كەلمەي، گۈلشەننى چاقىرىپ چىقىپ، ئۆيلىرىگە بېرىپ كۆڭلىنى ئاچقان گەپ. ھەممىنى سىزگە دۆڭگەپ، ئاچچىقىنى گۈلشەندىن چىقارغان گەپ، بۇ گۈينىڭ ئىشى مۇشۇنداق خەتەرلىك تۇرىدۇ...

ــــ ئۆمەرنى ئەچىقىۋېلىشقا  ياردەم قىلالارسىزمۇ؟ مەن ھازىر ياسىن دېگەن بۇ نېمىنىمۇ جىق ئويلىمايمەن، ئەس يادىم شۇ ئۆمەردە قالدى. بىچارە،  تۈرمىدە نېمە كۈن كۆرۈۋاتقاندۇ دەيمەن...

ــــ سىز دەپ قالدىڭىز، بولىدۇ،  قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلاي.

رەيھاننىڭ چېھرى ئاپتاپتەك ۋىللىدە ئېچىلدى، كۆكسىگە تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى:

ــــ رەھمەت سىزگە، ئىلگىرى سىزگە پەقەت ياخشى قارىماپتىكەنمەن، ئادەم دېگەنگە قاراپلا باھا بەرگىلى بولمىغۇدەك...

ــــ شۇنچىلىك دېگىنىڭىزگە رەھمەت، ــــ دېدى غېنى شاڭجاڭمۇ تەمكىن كۈلۈمسىرەپ،ــــ ئارىمىزدا بولغان پاراڭ مەشەدىلا قالسۇن، ئۇ ئىشلارنى ھەرگىز مېنى دېدى دەپ سالماڭ، سىزگە بەك ئىچىم ئاغرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇنى دەپ سالدىم، ئۆزىڭىزلا بىلىپ قىلىڭ، ياسىن بىلەنمۇ سوقۇشۇپ يۈرمەڭ، بولمىسا ئوتتۇراڭلارغا زىددىيەت سالغان بولۇپ قالىمەن.

ــــ ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، قانداق قىلىشنى ئۆزەم بىلىمەن.

ــــ سىزمۇ بىلىسىز، ئەر كىشى دېگەن يۈز-ئابرۇيىنى دەپ ياشايدىغان خەق، بۇ ئىشنى دەپ ياسىن بىلەن ئائىلىدارچىلىقتىن كېچىپ كەتسەممۇ بولمايدۇ. ئۇ كېچىدىن قايتمىغاندىكىن، ئۆزىنى ئەمدى ئاقلاپ بولالمايدۇ، بەلكىم ئاچچىقىدا ھەممىنى دەۋېتىشىمۇ مۇمكىن؛ ئەقلى بولسا، مۇئامىلىڭىزنى كۆرگەندىن كېيىن بىر ئاز چۆچۈپ، ئوڭشىلىپ قالار. سىزمۇ ئەقىللىق چوكان، ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتۇشنى بىلىسىز؛ ئىشقىلىپ، ياخشى ئۆتۈپ كېتىڭلار.

ــــ ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، ئەمسە ئۆمەرنىڭ ئىشىدا سىزگە ئۈمىد باغلاپ تۇردۇم.

ــــ مەن سىزگە ۋەدە قىلدىم، ئەنسىرەپ كەتمەڭ.

غېنى شاڭجاڭ تالاغا چىقىپ، رەيھاننى تاكسىغا سېلىپ چىرايلىق ئۇزىتىپ قويدى؛ رەيھان بىر ياقتىن ياسىننىڭ نومۇسسىزلىقىدىن كۆڭلى بۇزۇلسا، بىر ياقتىن غېنى شاڭجاڭنىڭ ياخشىلىقىدىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ، ئاشخانىغا قايتىپ ماڭدى.

ياسىن كۈن چىقماستا ئويغىنىپ، رەيھاننى ئويلاپ غەم-ئەندىشە ئىچىدە ياتتى، بىر كېچە تالادا ياتقىنىنى خوتۇنىغا نېمە دەپ چۈشەندۈرۈشنى بىلەلمىگەنچە بىئارام بولۇپ، كارىۋاتتا يۆلىنىپ تاماكا چەكتى، تۈنجى قېتىم

پۈتۈن بىر كېچە قويندا ياتقان گۈلشەنگە مەغرۇرلۇق بىلەن قارىدى. ئەمما رەيھانىي ئويلىسا بەدىنىگە تىترەك ئولىشاتتى. "كىچىك خوتۇن"نىڭ ئالدىدا يولۋاس، چوڭ خوتۇنىنىڭ ئالدىدا مۈشۈك... بۇ ھالدا ئۇ قانداقمۇ ئارامخۇدا تاماكا چېكەلەيدۇ، ھەتتا پۈۋلەپ چىقارغان ئىسلىرىدىمۇ ئېغىر ھەسرەت بار... ئۇ تاماكىسىنى چېكىپ بولۇپ خالاغا كىرىپ ئولتۇرۇپمۇ رەيھانغا دەيدىغان گەپلىرى ئۈستىدە ئويلاندى، ھەر قانچە ئويلىسىمۇ ئۇنى قايىل قىلغۇدەك بىر باھانە تاپالمىدى. رەيھان ئەگەر تەنە قىلماي، سەممىيلىك بىلەن "بوپتۇ، كىچىك خوتۇن ئېلىپ ياخشى قىلىپسىز، مېنىڭ يۈكۈمنى يەڭگىللىتىپسىز، بولسا پات-پات شۇ يەردە قونۇپ كېلىڭ" دېگەن بولسا، ياسىن "پەقەت سەنلا مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنىسەن جېنىم خوتۇن" دەپ قوللىرىنى سۆيۈپ، ئۇنى تېخىمۇ مۇھەببەت بىلەن قۇچاقلىغان بولار ئىدى... ئەمما بۇ پەقەت بەڭگىنىڭ خىيالى.

ياسىن خالادىن چىقىپ، كىيىملىرىنى كىيىپ توختاپ قالدى، شۇ ئۆيگە پەقەت قايتقۇسى، شۇ خوتۇنىنى پەقەت كۆرگۈسى يوق ئىدى؛ ئىشتانىنى سىيلىۋېتىپ، كارىۋاتقا چىقىپ، ئۇيقۇلۇق ياتقان گۈلشەننى پوكىنىغا باستى. بىر دەم بولسىمۇ خالىغىنىنى قىلىپ، نەپسىنى قاندۇرۇپ، كۆڭۈلسىز خىيالدىن قۇتۇلدى. ئەمما ئىش تۈگىگەندە يەنە دەككە-دۈككىگە چۈشتى. خوتۇنىدىن قورقۇش ئۇنداق-مۇنداق قورقۇشقا ئوخشىمايدىغان قورقۇش ئىدى، يەنى ئۇ يۈۋاشنىڭ ياماندىن قورقۇشىغىمۇ، بالىنىڭ ئانىسىدىن قورقۇشىغىمۇ ئوخشىمايتتى. بۇ قورقۇشتا خىيانەت، ئوغرىلىق تەشۋىشى، يۈز كېلەلمەسلىك ئەندىشىسى بار ئىدى. خوتۇنىنى قانچە چوڭ بىلسە قورقۇشمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولاتتى...

ياسىن مىڭ جاپادا كىيىمنى كىيىپ ئىشىك تۈۋىگە باردى، گۈلشەن ئۇخلاش كىيىمى بىلەن كەينىدىن شىپىرلاپ كەلدى:

— ناشتا قىلمايلا ماڭىدىغان بولدىڭىز...

— يۈزۈڭنىمۇ يۇمىدىڭ تېخى مۈشۈكۈم، نېنىڭنى ئۆزەڭ يەۋال.

ـــ ئەتىگەندە ئادەمنى سەت نېمىگە ئوخشاتماڭە، ھېلى بىكار چىشلىۋالىمەن،ـــ دېدى گۈلشەن ئۈنىڭغا ئېسىلىپ.

ـــ كېچىدىن قېشىڭدا ياتقىنىمغا خوش بولدۇڭمۇ؟

ـــ ئۈنى بىر دېمەڭ، مېنى بەك خوش قىلدىڭىز.

ـــ ئەمدى مۇشۇ كېچىنى دائىم ئەسلەپ يات.

ـــ ياق، مەن دائىم بولسىكەن دەيمەن، قاچانغىچە مېنى يات كۆرىسىز، مەنمۇ سىزنىڭ خوتۇنىڭىزغۇ...

ـــ لېكىن سەن دېگەن ھازىرچە مەخپىي خوتۇن، ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ، ئاشكارىلىنىپ كەتسەڭ مەززىسى قالمايدۇ...

ـــ دائىم شۇنداق دەيسىزكەن، بوپتۇ، مۇشۇنداق مەخپىي ياشايلى.

ـــ ئاشكارىلاپ نېمە قىلىمىز، ئىككىمىز ياخشى ئۆتسەكلا بولدى.

ـــ توغرا دەيسىز، خەق بىلەن نېمە چاتىقىمىز.

ـــ ئەگەر بىرەرسى ئۇقۇپ قالسا شۇ چاغدا ئاشكارىلىساقمۇ بولىدۇ.

ـــ بۇ يەردە ھەممىسى بىلىپ بولدى، بولمىسا مەن ھېچكىمگە دېمىگەن.   ئەمدى گەپ سىزدە قالدى.

ـــ مەن تەرەپتىن رەيھان ئۇقۇپ قالمىسلا بولدى...

ـــ لېكىن ئاخشام قايتمىغىنىڭىزدىن گۇمانلىنىپ سوراپ قالسا نېمە دەيسىز؟

ـــ ئادەم بولغاندىكىن بىر نەرسە دەرمەن.

— سىزنى گەپتە قويماي دەيمەن، ئاخشام كېتىك دەي دېسەم سىزگە چىدىمىدىم.

— كەتسەم كېتىۋېرەتتىم، كەتمىدىم. سەن خوتۇنىمۇ ئويلىمىسام بولماس، رەيھان بۇنى چۈشەنسە بولاتتى، چۈشەنمەيدۇ، سەن بولساڭمۇ چۈشەنمەيتتىڭ، خوتۇن خەقنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىچى تار، قىزغانچۇق.

— مەن ئۇنداق ئەمەس.

— سەنمۇ شۇ، بولدى ئەمدى مېنى ماڭغىلى قوي.

— خوش ئەمسە، پات-پات كېلىپ تۇرۇڭ. چوڭ ئايىمغا سالام دەڭ!

ياسىن كەينىگىمۇ قارىماي ئاچچىق كۈلۈپ قويدى، خوتۇن بولسا مۇشۇنداق شوخ، چېچەن، گەپدان، قۇلقى يۇمشاق بولسا... رەيھانمۇ ئەينى چاغدا مۇشۇنداق كىچىك، ئەقىللىق، سۆيۈملۈك قىز ئىدى، يېشى 30 غا بارغاندا سەپرا، گۇمانخو، يىغلاڭغۇ خوتۇنغا ئايلىنىپ قالدى، مانا ئەمدى شۇ خوتۇنىنىڭ گۇمان ۋە غەزەپ يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ، بىرمۇ بىر ھېساب بەرمىسە بولمايدۇ.

ئۇ ئاشخانا ئالدىغا كېلىپ تاكسىدىن چۈشۈپ تۇرۇشىغا، غېنى شاڭجاڭنىڭ يېنىدىن قايتىپ كەلگەن رەيھانمۇ تاكسىدىن چۈشۈپ ياسىنغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئاجايىپ بىر ھال يۈز بەردىكى، ئەر-خوتۇن گويا ئۇزۇن يىل كۆرۈشمەي ئەمدى كۆرۈشۈۋاتقاندەك بىر-بىرىگە زەن سېلىپ تۇرۇپ كېتىشتى. ئەزەلدىن ياسىندىن بىسوراق تالاغا چىقمايدىغان، تاكسىغا چۈشمەيدىغان رەيھان ئۆزىچە قورۇنۇپ، ئۇنىڭدىن گەپ سوراشقا چۈشۈپ كەتتى:

— كېچىدىن نەدە قوندىڭىز؟

— كېچىدىن بەك مەست بولۇپ كېتىپتىكەنمەن، غېنى شاڭجاڭ مېنى ئىشلەمچى باللارنىڭ ياتىقىغا ئەكىرىپ قويۇپتۇ... ئۆزەڭچۇ، ئەتىگەندە نەگە بېرىپ كەلدىڭ؟

يالغان گەپ قىلىشنى قاملاشتۇرالمايدىغان رەيھان سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ راستىنى دەۋەتتى:

ــــ مەن ھازىر تېخى سىزنى ئىزدەپ غېنى شاگجاڭنىڭ قېشىغا بېرىپ كەلدىم، ماڭا بىر راست گەپ قىلىڭە، زادى نەگە باردىڭىز؟

ياسىن ھاڭ-تاڭ قالدى، رەيھاننىڭ چىرايىدىكى ئازابنى كۆرۈپ، ئەمدى ھېچنېمىنى يوشۇرۇپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، لېكىن رەيھاننىڭ ئۇ مەخپىيەتلىكنى بۇنچە تېز بىلىپ قېلىشىغا ئىشەنمەيتتى. بۇ خوتۇننىڭ ئەتىگەندىلا چۈش سەيلىسى قىلغاندەك، غېنى شاگجاڭنى ئىزدەپ بېرىشى قىپقىزىل ساراڭلىقتۇ! زادى نېمە دەپ باردۇ؟ ئۇنى كىم چاقىردى، نېمە دەپ چاقىردى؟

ــــ ئەتىگەندە بالىنى تاشلاپ، غېنى شاگجاڭنىڭ يېنىغا باردىڭما؟ قايسى يۈزۈڭ بىلەن باردىڭ؟ ــــ دېدى ئۇ رەيھاننى گۇمان، سۈر-ھەيۋە بىلەن قىستاپ،ــــ زادى نېمە دەپ باردىڭ ئۇ يەرگە! كىم سېنى چىللاپ ئاپاردى؟!

ــــ ۋۇي تېخى، مەندىن چوڭ تېگىسىزغۇ؟ كېچىدىن كەلمىگەندىكىن ئەتىگەندە ئەنسىرەپ باردىم؛ سىزنىڭ خوتۇن-بالا بىلەن كارىڭىز بولمىغان بىلەن، بىز سىزدىن ئەنسىرەيدىكەنمىز.

ــــ مەندىن ئەنسىرەپ مەن كىچىك بالىمىكەنمەن، راستىڭنى دېگىنە، ئۇ يەرگە زادى نېمە دەپ باردىڭ؟!

رەيھان بۇ تەتۈرلۈككە چىداپ تۇرالماي ئاچچىق نالە قىلدى:

ــــ توۋا قىلدىم، خۇدايىم توۋا، مەن تېخى بىر ئېغىز گەپ قىلماي تۇرۇپ ئەدەپ كەتتىڭىزغۇ؟ مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك دەپ، ئەمدى ماڭا كىلىۋاتامدۇ بۇ گەپ!

ــــ ما گېپىمگە جاۋاب بەر، غېنى شاگجاڭ چاقىردىمۇ ياكى ئۆزەڭ باردىڭمۇ؟ نېمىشقا يالغۇز بارىسەن؟

ــــ ئۆزەم باردىم، سىزنى ئورۇندۇقتا ياتقۇزۇپ قويغان بولسا بېرىپ ئەكىلىۋالاي دەپ باردىم، قانداق بولماپتۇما؟

ــــ ئورۇندۇقتا بارمىكەنمەن؟ مېنى تاپالىدىڭمۇ؟ غېنى شاڭجاڭ مېنى تېپىپ بەردىمۇ؟

ــــ سىز باشقا يەردە يۈرسىڭىز، ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىز؟! ئىشلەمچىلەرنىڭ ياتىقىدىمىش تېخى، نەدە ياتقانلىقىڭىزنى ئۆزىڭىز ئوبدان بىلىدىغانسىز؟

ــــ غېنى شاڭجاڭ مېنىڭ نەدىلىكىمنى دەپ بەردىمۇ؟

ــــ دەپ بەردى.

ــــ نېمىشقا دەپ بېرىدۇ، سەن نېمە قىلغانغا دەپ بېرىدۇ؟

ــــ مەن سورىغاندىكىن دەپ بەردى.

ــــ سورىساڭلا دەپ بەردىما؟ ماڭا راست گەپ قىل، سەندەك دۆت خوتۇننى بىر دەمدە بابلايدىغان شاڭجاڭ ئۇ...

ــــ ئۆزىڭىزنىڭ رەسۋا ئىشىدىن تېنىۋالغىلى دەۋاتىسىزغۇ بۇ گەپنى، غېنى شاڭجاڭ دېمىسىمۇ، مەن ئالىلىبۇرۇن پەرەز قىلىپ بولغان.

ــــ يوق گەپنى قىلما، غېنى شاڭجاڭ بىلەن زادى نېمە دېيىشتىڭ، نېمىلەرنى قىلىشتىڭ؟!

ــــ توۋا، توۋا، ما نومۇسسىزلىقنى كۆرۈڭ! ــــ دېدى رەيھان تاراملاپ تۆكۈلۈپ، ــــ قىلغان رەسۋا ئىشلىرىڭىزنى دېيىش ئېغىر كەلسە، بولدى دېمەيلا قويۇڭ، مېنى بۇنداق ناھەق قارىلىماڭ، خۇدا ئالدىدا قارا يۈز بولۇپ كېتىسىز!

ــــ ماڭا ئەمدى يىپشىڭنى ئېقىتىپ بەرمە، ئەتىگەندە ساڭا جىن چاپلىشىپتۇ، ئىت يوق يېمەستە غېنى شاڭجاڭنىڭ ئۆيىدە يوق بارمۇ! ماڭا زادى راستىنى دە، دېمەيدىغان بولساڭ، مەندىن ياخشىلىق كۈتمە!

رەيهان بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئايلىنىپ قالغىلى تاس قالدى، ئاغزىغا نۇرغۇن گەپلەر كەلدى، ئەمما ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى، غەزەپتىن لاغىلداپ تىترەپ كەتتى.

ـــ ئەگەر ئۇ ئوغرى سىنى بىر نېمە قىلغان بولسا مەن بېرىپ بوغۇزلىۋېتىمەن.

رەيهان ياسىنغا نەپرەت بىلەن بىر قاراپ قويۇپ ئاشخانىغا ماڭدى.

ـــ زادى نېمە ئىش بولدى، دېمەمسەن؟

ـــ نېمىنى دەيمەن، خۇدايىم ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

ـــ مۇشۇنداق دەپ مەندىن قۇتۇلمەن دېمە.

رەيهان ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى، ياسىن ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالدى.

ـــ نېمىشقا تۇساتتىن غىنى شاڭجاڭنى ئەسلەپ قالدىڭ، ئۇنىڭ بىلەن زادى نېمە چاتىقىڭ بار، دېمەمسەن؟

ـــ ئەمدى بولدى قىلىڭ، ئەتىگەندە سەتلەشمەيلى، مەن ھېلمۇ سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزغا چىداۋاتىمەن.

ـــ نېمە ئىشمنى دەيسەن؟ نېمىنى ئاڭلىدىڭ؟ دېمەمسەن؟

ـــ بولدى، ئۇ گەپلەرنى دېگۈم يوق، ئۆزىنى بىلمىگەن ئادەمگە ئۇنى دېگەننىڭ پايدىسى يوق.

ـــ مەندىن ھېساب ئېلىشتىن ئاۋۋال، ئۆزەڭنىڭ ئىشىدىن بىر ھېساب بېرىۋەت.

ـــ ھېسابنى ئۆزىڭىزدىن ئېلىڭ.

ـــ مەندىن ئۆزەڭنى قاچۇرما، راستىڭنى دە، زادى نېمىشقا باردىڭ؟

ـــ كۆزۈمگە بۇنداق كىرىۋالماڭ، مەن تېخى سىزدىن سورىماي تۇرۇپ، ماڭا بۇنداق تۆھمەت قىلماڭ.

ــــ غېنى تاز مەن توغرۇلۇق نېمە دېدى؟

ــــ ھەممنى دېدى، ئا پاسكىننى كىچىك خوتۇن قىلىۋاپسىز، كېچىدىن شۇ يەردە قونۇپسىز، بۇ رەسۋالىقىڭىزغا مەن تېخى ھېچنېمە دېمىسەم، مەندىن يوغان تېگىۋاتىسىز... بولدى، ئۇ پاسكىننى نېمە قىلسىڭىز قىلىڭ، چاتىقىم يوق، لېكىن ماڭا بۇنداق ھاقارەت قىلغۇچى بولماڭ!

ــــ ئۇ تاز توغرا دەپتۇ، گۈلشەننى كىچىك خوتۇن قىلدىم، مەسچىتكە ئاپىرىپ نىكاھ ئوقۇتۇپ خوتۇن قىلدىم، بىر ئەر تۆت خوتۇن ئالسا بولىدۇ دەپ ئاڭلىغانمەن، ئىشەنمىسەڭ قارىم ئاكاڭدىن سوراپ باق.

ــــ ئۆزىڭىزنى بۇنداق ئاقلىماڭ، مەندىن يوشۇرۇن ئاشنا ئويناپ تۇرۇپ، توغرا ئىش قىلدىم دەۋاتامسىز؟

ــــ نىكاھ ئوقۇتسىمۇ ئاشنا ئوينىغان بولامدۇ؟ سېنىڭ كاللاڭ جايىدىمۇ يا؟!

ــــ يوغان ئىش قىلىپسىز، ئەمسە كۆندە شۇ خوتۇنىڭىزنىڭ قوينىدىن چىقماي يېتىڭ.

ــــ مېنى بۇزۇقچىلىق قىلدى دېيەلمەيسەن، بۇ ئىشنى پەقەت ساڭا دېمىگەنلا يېرىم بار، دېسىمۇ سەن چاتاق چىقىرىسەن، ئىچىڭ بەك تار، مەندىن توختىماي گۇمانلىنىپ، بېشىمنى ئاغرىتىپلا كەلدىڭ، گۈلشەننى ئەمدى كۆزۈڭگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ خوتۇن قىلىمەن، ئەمدى كوتۇلداپ باقە قېنى، قاچانغىچە سەن نېمىنىڭ دەستىدىن تۈزۈك ياشىغاندەك بولمايمەن مەن!

ــــ كىم سىزنى ياشىغىلى قويماپتۇ، ياشاۋاتىسىزغۇ شۇ پاسكىنا بىلەن، كۆڭلىڭىز شۇنى كۆتۈرگەندىكىن شۇنداق ياشاۋېرىڭ، لېكىن مېنى خوتۇن قىلىمەن دېمەڭ.

ــــ ۋوي، نوچىغۇ سەن، ماڭا خوتۇن بولماي كىمگە خوتۇن بولماقچىدىڭ؟

ــــ ئىككىنىڭ بىرىگە تۇرىسىز، يا مېنى خوتۇن قىلىسىز، يا ئاۋۇ پاسكىننى! ئالدىڭىزدا بۇنداق خارلىنىش ياشىغۇم يوق! مېنى دېمىسىڭىزمۇ، ماۋۇ بالىنىڭ يۈزىنى قىلىڭ!

ــــ بالا ھېچنېمىگە پۇتلاشمايدۇ. دېگىنە، ساڭا بۇ نوچىلىقنى كىم بەردى؟ غېنى تاز ساڭا زادى نېمە دېدى؟

ــــ نېمە دەيتتى، ياسىنغا دەپ قويۇڭ، سىزنى بۇنداق خارلىمىسۇن دەيدۇ.

ــــ ۋوي ما تازنىڭ گېپىنى تېخى! ساڭا ئەجەپ كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىپتىغۇ؟ دېگىنە، يەنە نېمە دېدى؟

ــــ پۇل تېپىپ ئا ئىنىسىنى ئەچىقسۇن دەيدۇ.

ــــ ئائىنىسىنىڭ قېشىدىن ئېلىپ چىقامدىكەنمەن مەن ئۇنى، پۇل بولسا بولىدۇ، پۇل!!

ــــ پۇل قېنى؟ پۇلنى نەگە خەجلەپ تۈگەتتىڭىز؟ پۇلنى ئاشنىڭىزغا خەجلەپ بەرگىچە، ئۆمەرنى تۈرمىدىن ئەچىقسىڭىز بولمامدۇ؟

ــــ بۇ گەپنىمۇ ساڭا غېنى ئۆگەتتى، شۇنداقمۇ؟ ئەجەپ سەن شۇ تازنىڭ خوتۇنىدەكلا گەپ قىلىسىنا!

ــــ توۋا، مۇشۇ گەپنى دېگىلى نومۇس قىلمامسىز، سىزدىغۇ نومۇس دېگەن نەرسە قالماپتۇ، باياتىنمۇ يۈرىكىمگە مىخ سانچىدىڭىز، ئادەمگە بۇنداق ئازار بەرمەڭ!

ــــ سەن مېنى نومۇسسىز دەۋاتامسەن تېخى، قاراپ باقە ئەپتىڭگە، ئەتىگەندە چېچىڭنى تارىمايلا غېنى تازنىڭ يېنىغا بېرىپ كەلسەڭ، مۇشۇمۇ سېنىڭ ھالىڭ! ماڭا ئەمدى ئۇنى بۇنى دەيدىغان ھەددىڭ ئەمەس!

ــــ ھەممىنى قىلغان ئۆزىڭىز! ئاخشام ساق يېنىپ كەلگەن بولسىڭىز، مەنمۇ جىم ئولتۇراتتىم؛ بىر تېلېفونىڭىزمۇ يوق؛ ئۆلدىمۇ، ساقمۇ، ئۇقمىغاندىكىن ئىزدەپ بارىدىغان گەپ. مەن زادى دۆت، خوتۇن-بالىسى بىلەن كارى يوق بۇنداق ئەردىن ئىزدەپ نېمە قىلاتتىم؟!

ــــ مەن ئۇ يەردە بولمىغاندىكىن ئولتۇرمايلا يېنىپ كەلسەڭ بولمامدۇ؟ قارىغاندا غېنى تاز بىلەن خېلى ئۇزۇن مۇڭدىشىپسەن دېگىنە! سەن شۇنچە ئۆچ غېنى تاز ئەمەسمىدى ئۇ، نېمىشقا بىر دەمدە ئاپاق-چاپاق بولۇپ كەتتىڭ!

ـــ مەن ئەمدى كۆزىڭىزگە شۇنداق يامان خوتۇن كۆرۈنۈپ قالدىمما؟ ھەممە ئادەمنى ئۆزىڭىزدەك كۆرۈۋالماڭ، كالللىڭىزنى سىلكىۋېتىپ تۈزۈك گەپ قىلىڭ!

ـــ ئۇ خوتۇنپۇرۇشنىڭ ھىيلىسى تولا، ئۇنىڭ ئۇستىگە يېنىدا خوتۇنى يوق، ساڭا چاي ئىچۈرۈپ قويۇپ نېمە قىلسا قىلىدۇ، ماڭا راستىڭنى ئېيت!

ـــ ھەممە ئادەمنى ئۆزەڭدەك ئېشەك، ھايۋان كۆرۈۋاتامسەن؟ ـــ دېدى غەزىۋى قايناپ تاشقان رەيھان پارتلاپ، ـــ ماڭا بۇنداق تۆھمەت قىلغىچە گېپىڭنى ئوچوقلا قىلساڭ بولمامدۇ!

خوتۇنىنىڭ تۈيۈقسىز سەنلەپ چۇشكىنىدىن ۋە ئاغزىدىن چىقۋاتقان ئۇ گەپلەردىن مېڭىسى قايناپ، ئەقلىنى يوقاتقان ياسىن بىرپىلا ئۇنىڭغا تەستەكتىن ئىككىنى سالدى. رەيھانىنىڭ كۆز ئالدىدا چاقماق چېقىپ، ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ كەتكەندەك بولدى:

ـــ ئىست، سەندەك ھايۋان بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنۈم!

ـــ ئاغزىڭنى يىغىۋال، ھېلى سەت ئۇرىۋېتىمەن!

ـــ ئۇرساڭ ئۇر، لېكىن پاك ئايالغا تۆھمەت قىلما! ۋۇي يۈزسىز مەخلۇق!

ياسىن بۇ گەپتىن چىداپ تۇرالماي يەنە بىر شاپىلاق سالدى. ھەر بىر قول سالغاندا يۈرىكى تىترىدى، ئەمما ئاچچىقتا كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى.

ـــ جاھاندا خوتۇن خەق دېگەنگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، يالغانچىلىق قىلىپ قۇتۇلمەن دېمە!

ـــ خۇداغا قەسەم قىلسامۇ ئىشەنمەمسەن ھەي ئىمانسىز!ـــ دېدى رەيھان بىر ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ بۇقۇلداپ يىغلاپ.

ـــ يالغانچى قەسەمخور كېلىدۇ، يامان ئىش قىلغان بولساڭ قىلدىم دە...

ـــ مەن سەندەك نومۇسسىز ئەمەس!

ـــ نەچچە ۋاقىتتىن كۆزۈڭگە قاراپ بەرسەم ھەددىڭدىن بەك ئېشىپ كەتتىڭ، سېنىڭ كاساپىتىڭدىن بولۇۋاتقان ئىش بۇ ھەممىسى، ئۆمەرنى ئۆزەڭ ئەكەلگەنىدىكىن ئۆزەڭ ئەچىقسەن. گۈلشەن بىلەن بولغان ئىشىمغا ئارىلاشمايسەن، قورسىقىڭنى كەڭ تۇتساڭ، مەنمۇ سېنىڭ غېنى شاڭجاڭ بىلەن بولغان ئىشىڭنى بولدى قىلىمەن.

ـــ مەن ھېلىمۇ سېنىڭ قىلىقلىرىڭغا چىداپ كەلدىم، لېكىن بۇنچە نومۇسسىز دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، مېنى بۇنداق تەتۈر قىينايدىغان بولساڭ، ئۆيۈڭنى تاشلاپ بېرىپ كېتىمەن.

ـــ نەگە كېتىسەن؟! ئۇخلاپ چۈشۈڭ، ھېچكىم سېنى بۇ يەردىن قوغلىمىدى.

ـــ سەن مېنى نېمە قىلماقچى؟ ـــ دېدى رەيھان كۆز يېشىنى ئېرتىپ،ـــ ئاشۇ پاسكىنا بىلەن بىللە مېنى يەنە خوتۇن قىلماقچىما؟ سېنىڭمۇ ئۇخلاپ چۈشۈڭ!

ـــ پاسكىنا، پاسكىنا دەۋەرمە، ئۆزەڭگە قاراپ بېقىپ گەپ قىل.

ـــ مەن نېمە بوپتىمەن، شۇنچە يىل ئۆي تۇتۇپ مېنى بىلمىگەن بولساڭ كۆزۈڭ راستىنلا كور ئىكەن، ساڭا دەپ قويااي، مەن ئۇنداق پاسكىنىنى ئېلىۋەتكەن تىرمىقىمغىمۇ تەڭ قىلمايمەن!

ـــ ئاغزىڭغا بېقىپ گەپ قىل، ھېلى زۇۋانىڭغا!...

ـــ ئۇرە، ئۇرۇپ كوچىغا ئەچىقىپ تاشلىۋەت!

ياسىن دىۋەيلەپ كېلىپ، رەيھاننىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرىدىن نەشتەردەك سانچىلىۋاتقان نەپرەت ئۇچقۇنلىرىنى كۆرۈپ توختاپ قالدى :

ــــ ئايىغاننى بىل جۇمۇ، ئەركىشى بىلەن تەڭ بولغانغا تويغۇزىمەن ھېلى!

ــــ سەنمۇ ئەركىشى بولساڭ نامەرتلىك قىلما!

ياسىن "نامەرت" دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز بوشىشىپ كەتتى، كەينىگە بۇرۇلۇپ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ غۇدۇڭشىدى:

ــــ مەن بىلەن قېرىشساڭ ياخشى كۈن يوق ساڭا!

ــــ ھېلىمۇ مۇشۇ كەمگىچە خوش غوجام دەپ كەلدىم، ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى...ــــ رەيھان يىغلىماي دېسىمۇ كۆز ياشلىرى توختىمايتتى.

ــــ چىدىمىساڭمۇ چىدايسەن، چىدىغانغا چىقارغان جاھان بۇ...

ــــ مېنى قىيناپ ساراڭ قىلاي دەمسەن؟! بۇنداق ياشىغاندىن كېتىپلا قۇتۇلغان ياخشى.

ــــ بىر مۇنچە پوقنى تېرىپ قويدۇڭ، ھەممىنى ماڭا ئارتىپلا يوقالماقچىمۇ؟ ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، جاپانى ئۆزەڭ تاپتىڭ، دەردنىمۇ ئۆزەڭ تارتىسەن.

ــــ ماڭا مۇشۇنداق زۇلۇم سالماقچىمۇ سەن؟! مېنىڭ ئەمدى بۇ دەردلەرنى تارتقۇچىلىكىم يوق؛ جاپانى مەن تارتسام، سەن ئاشناڭ بىلەن ئوينىساڭ، بۇ قانداق تۇرمۇش!

ــــ نىكاھلاپ ئالغان خوتۇنمۇ ئاشنا بولامدىكەن؟ ھازىر قايسى لاۋبەننىڭ كىچىك خوتۇنى يوق، كاللاڭ تېخى ئېچىلمىغان-دە سېنىڭ، ئىچىڭ ئاندىن تار؛ بىلسەڭ، ئىككىنچى خوتۇننىڭ بولىدىغان يېرى تولا، مېنى كۆتمەن دەپ پالاقلاپ ھېرىپ قالمايسەن، باشتا كۆزۈڭگە سىغمايدۇ، كېيىن ئاستا-ئاستا بۇنى بولىدىغان ئىشكەن دەيسەن...

رەيھان بۇ گەپكە كۈلۈشنى يا يىغلاشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

ياسىن تاماكا چېكىپ ئاچچىقىدىن ياندى، روھلاندى بولغاي، خۇش كەيپىلىك بىلەن سۆزىنى داۋام ئەتتى :

ــــ سەن مېنى شەخسىيەتچى، ۋاپاسىز دەپ ئويلاپ قالما؛ مېنىڭ نىمىشقا مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىمنى چۈشەن. ئەر كىشى دېگەن مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن خوتۇنىدىن زېرىكىپ قالىدۇ، لېكىن چاندۇرمايدۇ. بۇنداق چاغدا ئاشنا ئويىنغۇسى كېلىدۇ، بۇنداق يامان ئىش قىلغاندىن تايىنلىق ئىككىنچى خوتۇن ئالغان ياخشى. كونا زاماندا ئەر خەقنىڭ ئىككى-ئۈچتىن خوتۇنى بولىدىكەنتۇق، ھازىر ھۆكۈمەتتىن يول قويمىغانلىقى ئۈچۈن بىر خوتۇنلۇققا چۈشۈپ قالدۇق. لېكىن بۇ ۋەزىيەت ھازىر ئۆزگىرىپ كەتتى، كۆچۈڭ يەتسە ئالساڭچۇ... دەيدىغان ۋاقىت كەلدى. دېسەم ئىشەنمەيسەن، گۈلشەننى ئالغاندىن بېرى سېنى تېخمۇ ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم، پەيزىڭ باشقىچە بولۇپ كەتتى...

بۇ گەپلەردىن بەدىنى تىكەنلىشىپ كەتكەن رەيھان ئورنىدىن قوپۇپلا ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئوغلى يوتقاندىن چىقىپ كەتكەن بولۇپ، كۆرپىگە سىيىپ تاشلىغانىدى. قارىغاندا بىر ئۇخلاپ، يەنە ياتقان بولسا كېرەك، كۆزلىرىنى چاپاق بېسىپ كەتكەنىدى. رەيھان بالىسىغا ئىچى ئاغرىپ، ئۈن چىقارماي يىغلىدى.

ياسىن ھۇجرىغا كىرىپ، ئانا-بالىغا قاراپ كۆڭلى يېرىم بولدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ رەيھانغا قارا چاپلاپ، ناھەق قول تەگكۈزگىنىنى بىلەتتى، خوتۇنىنىڭ غېنى شاڭجاڭ بىلەن ئالدىراپ ئۇنداق ئىش قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئەمما ئۇنىڭ قاق سەھەردە غېنى شاڭجاڭنىڭ يېنىغا بېرىپ گەپ تىڭشاپ كەلگىنىنى ھەر قانچە قىلىپمۇ كۆڭلىگە سىغدۇرالمىدى، بۇنداق غەيرى ئىشنى قىلغان خوتۇن كۇنلەرنىڭ بىرىدە تاپتىن چىقىپ كەتسە، ئۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟... شۇڭا ھازىردىن باشلاپ قاتتىق قول بولۇپ، چۆچۈتۈپ قويغىنى ياخشى. ئەپۇ سورىسا، ئۇنىڭ خورىكى ئېشىۋالىدۇ...

ــ مەن ساڭا ياخشى گەپ قىلسام قوڭاڭنى چۆرۈپ كېتىۋاتىسەنغۇ، ئېرىڭنىڭ گەپلىرىنى بىر ئاڭلاپ قويساڭ نېمە بولىدۇ؟ نەچچە ۋاقىتتىن قاپىقىڭنى تۈرۈپ، جاھىللىق قىلىپ يۈرمىگەن بولساڭ بۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەيتتىم، مۇشۇ سوغۇق چىرايىڭدىن ئالامەت بىزار بولۇپ كەتتىم، ئۆزەمنىڭ راست دەپ يۈرىۋەرسەڭ مۇشۇنداق دەككەڭنى يەپ

قالسەن، پېتىڭدىن چۈشۈپ يۈۋاشراق بولساڭ بىر يېرىڭ كەم بولۇپ قالامتى؟! قورسىقىڭنى كەڭ تۇتساڭ ئۆلۈپ قالامتىڭ؟! گۈلشەننى ماقۇل كۆرسەڭ ئۆزەڭگىمۇ ياخشى، ئارام تېپىپ قالسەن، ئىشنىڭ ھەممىسنى شۇ قىلدۇ، سەن بالىغا قاراپلا بەرسەڭلا بولدۇ، بۇ كۆلچىلىقتا ھەممە ئىشنى يۈرتنىڭ پەدىسىگە قىلمىز دېگىلى بولمايدۇ، بەزى ئىشلارنى توغرا چۈشىنىشىڭ كېرەك، راھەت كۆرۈش ئۈچۈن باشقىلارنى ئىشقا سېلىشنى بىلىش، كاللا ئىشلىتىش كېرەك، مەسىلەن، مەن گۈلشەننى خىزمىتىمگە سالسام بۇنىڭ نەرى يامان، سېنىڭ نەرىڭگە تاقىشىدۇ؟!

ـــ مەن ئاشۇنداق ئىچى تار، كاللام ئىشلىمەيدۇ. كاللىسى ئىشلەيدىغاننى خوتۇن قىلىپ ئۆتتۈۋەر، ماڭا تاقاشمايدۇ. بولسا مەشەگە ئەكىلىپ خوتۇن قىل، پەرۋايىم پەلەك!ـــ دېدى رەيھان ئوغلىنى قۇچىقىغا ئېلىپ.

ـــ مانا مۇشۇنداق ئەسكىلىك قىلىسەن ئەمەسمۇ! كۆڭلۈمدىكىنى دېگىلى قويمىساڭ، دېسەم تەتۈرگە تولغىساڭ، دەككەڭنى يەپ تۇرۇپمۇ ئادەم بولمىساڭ، مەن قانداق قىلىمەن دېگىنە!

ـــ نېمە قىلساڭ قىل، ئىچەمسەن، چېكەمسەن، ئاشنا ئوينامسەن، كۆڭۈل نېمىنى تارتسا شۇنى قىل، شۇنداق قىلىپ كېلىۋاتىسەنغۇ؟ مەن ئۇنىڭغا بىر نېمە دېدىممۇ؟!

ـــ ھەي، ما بالا بار يەردە تۈزۈك گەپ قىل، سەن بىلەن زادى چىرايلىق دېيىشكىلى بولمامدۇ؟

ـــ چىرايلىق دېيىشىدىغان زامان ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى ھېچنېمەڭدىن ئۈمىد كۈتمەيمەن، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل، لېكىن ئوغلۇم ئىككىمىزگە زىيانكەشلىك قىلمەن دېمە!

ـــ تاياقنى تېپىپ يەيدىغان خوتۇنكەنسەن، بۇنچىلىك تەتۈر، ساراڭ دەپ ئويلىماپتىكەنمەن سېنى!

ـــ كۆزۈڭگە ئاشنائىڭنىڭ كۆسىرىنى كىيىۋالساڭ مۇشۇنداق سەت كۆرۈنىمەن!

ياسىن بۇ گەپتىن تېرىكىپ تولغىنىپ كەتتى، بىرپىلا رەيھاننىڭ چېچىدىن تولاپ ئۆرۈۋەتكۈسى كەلدى، ئەمما ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا قورقۇمسىراپ تۇرغان بالىسىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. باياتىنمۇ ئۇنىڭغا تۆھمەت بىلەن قول تەگكۈزگىنىنى بىلەتتى؛ قىلغان ئىشلىرىدىن قانچە قورققانچە خوتۇنىنىڭ ئالدىدا شۇنچە سەكرەپ، ئۇنىڭ زۇۋانىنى

ئاچۇرماي، ئۆتكەلدىن ئۆتتۇۋالدى؛ بىراق سېسىق گەپ ئەمدى چىقىۋاتاتتى، رەيھاننىڭ يۈرىكىگە ئورناپ كەتكەن بۇ خورلۇق تاياقتىنمۇ ئۆتە، بەلكى ئاشۇ خىيانەت، رەسۋالىق، نومۇسسىزلىق ئىدى.

ــ بالىنى دېمەيدىغان بولسام ئىگەكىم زۇۋانىڭغا دەسسەيتتىم، ئۆزەڭنى بىلىۋال!

ــ ئۆزىنى بىلەلمەي قالغان كىم؟! قىلغان ئىشلىرىڭنى ئاز دەپ بىگۇناھ خوتۇنۇڭغا قارا چاپلىدىڭ، ئاتامدىن يېمىگەن تاياقنى سەندىن يېدىم، مەن بۇ خورلۇقنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن. مېنىڭمۇ سەن بىلەن بالىنىڭ ئالدىدا سەتلىشىپ يۈرگۈم يوق، ساڭا ئەمدى گەپ قىلغۇممۇ يوق، خۇدايىم قاچان ئاسانلىق بەرگىچە چىداپ ياشايمەن...

ــ ئېرىڭدىن سورىماي پاشۋاز ئەرنىڭ قېشىغا بارغاندىكىن جاجاڭنى يەيسەن شۇنداق، بۇندىن كېيىن يەنە ئۆز بېشىمچىلىق قىلىدىغان بولساڭ، يېيىشىڭ تاياق!

ــ ۋاي، بەك نوچىكەنسەن، خوتۇننى ئۇرالىغان ئەرنى نوچى دېمەيمىز، خوتۇننى قوغدىيالىغان ئەرنى نوچى دەيمىز. ماڭا نوچىلىق قىلغىچە بېرىپ غېنى شاڭجاڭغا نوچىلىق قىل، نېمە ئىش بولدى، ھەممىنى ساڭا دەپ بېرىدۇ. بار دېسەم پىچاق كۆتۈرۈپ بارما، ئەركىشىدەك راۋۇرۇس ئولتۇرۇپ دېيىشىپ كەل...

ياسىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇجۇقتى، خوتۇنىنىڭ دېگىنىنى قىلمىسا ھەقىقەتەن مازلىشاتتى، «نامەرت»لىكى چاناتتى. ئەمما تايىنى يوق گۇمان ئۇچۇن لاۋدا بىلەن سوقۇشۇپ پايدا ئالالامدۇ؟ غېنى شاڭجاڭ بوش ئوغرى ئەمەس، ئۆزى قىلغان ئىشنىڭ ئالدى-كەينىنى ئويلاپ قىلىدۇ، بولغۇسى ئىشلارغا ئالدىن تەييارلىق قىلىدۇ، بۇ چاغقا بەلكىم ياسىننىڭ كېلىدىغىنىنىمۇ مۆلچەرلەپ بولدى، يېنىدىكى ئىشلەمچى تازلىرىغا پىچاق، چەيدولىرىنى تەقلىتىپ، ھە ۋاقىت ھازىر تۇرۇشقا بۇيرۇپ بولدى.

ــ تۇرۇپ قالدىڭغۇ، ماڭا قىلغان تۆھمەتلىرىڭدىن قورقۇۋاتامسەن؟...

ــ تولا زەردەمنى ئۆرلەتمە، سەن دېمىسەڭمۇ ئۆزەم بېرىپ ئۇ ئوغرى بىلەن ھېسابلىشىمەن!

— بولدى، بارمايلا قوي، پۇت-قوللىرىڭ تىترەپ كېتىۋاتىدۇ، ئەسلىدە ماڭا ھۆكىرىگەن چاغدىلا شۇنداق بولسا بولاتتى. ئەمدى پايدىسى يوق!

— تولا كاپشىما، ئۇ ئوغرىغا دەيدىغىنىم بار مېنىڭ!

— بارساڭ بېرىپ چىرايلىق يېنىپ كەل، بولسا ھاراق قۇيۇپ بەرسە ئىچىپ ئاشناڭنىڭ يېنىغا كېتىپ قالساڭمۇ مەيلى...

ياسىن بۇ گەپلەردىن تېرىكىپ تۇرسىمۇ، كالىلىسىغا غېنى شاڭجاڭ كېلىۋالغاچقا، رەيھانغا ئارتۇق تېگەلمىدى، ۋە شۇ ئاچچىقىدا پىقىراپ چىقىپ كەتتى. رەيھان بۇ گەپلەرنى دەپ ئۇنى جېدەلگە كۈشكۈرتۈپ قويغىنىنى ئويلاپ، ئاغزى ئىتتىكلىك قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى. ئويلىغانچە ياسىندىن ئەنسىرەشكە باشلىدى، بالىنى قويۇپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقماقچى بولدى، ئەمما بۇنداق قىلسا ئۆزىنىڭ خۇدۇكى بارلىقىنى چاندۇرۇپ قويغان بولاتتى. ئۇ بىر دەم تىتىلداپ ئولتۇرۇپ بېقىپ چىدىماي ئاشخانىغا چىقتى، يولغا قاراپ باقتى، ياسىن ئاللىقاچان كېتىپ قالغانىدى. رەيھان تەشۋىشكە چۈشۈپ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن ئاھ ئۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدى. بىر ئوبدان ئەر قانداق بولۇپ بۇنداق بۇزۇلۇپ كەتتى، تۇرمۇش گويا ئۇزۇن تۇرۇپ قالغان نانغا ئوخشامدۇ؟ كۆكىرىپ بۇزۇلغانچە بۇزۇلۇپ كېتىۋېرەمدۇ؟! ئىككەيلەن توي قىلىپ، قاتتىق يىرىك دېيىشىپ، قىزىرىشىپ، توۋلىشىپ قالسىمۇ، ياسىن ئەزەلدىن ئۇنىڭغا قول تەگكۈزۈپ باقمىغان، رەيھاننى رەنجىتىپ قويسىمۇ شۇ كۈنى كارىۋاتتا چىقىشتىن ئاۋۋال زىددىيەتنى تۈگىتىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالاتتى، ئىككەيلەن تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى مانا مۇشۇنداق سۈرۈپ كەلگەن. ئەمدى نېمە بولدى؟ بىر-بىرىگە مېھىر-مۇھەببەت بىلەن باقىدىغان كۆزلەردىن يىلاننىڭ كۆزىدىكى سوغۇق نۇردەك زەھەرلىك نۇرلار چاقنايدىغان، بىر-بىرىدىن قاچىدىغان، قورقىدىغان بولۇپ قالدى. ئوتتۇرىدا قالغان بىچارە بالا بىر دەم دادىسىغا، بىر دەم ئانىسىغا قاراپ، ھەر ئىككىسىنى تونۇيالماي، سەبىي قەلبىدە ئىزتىراپ چەكمەكتە، بارغانچە قورقۇنچاق، ئەنسىز بولۇپ كەتمەكتە... رەيھان ئوغلىغا قارىغانچە پۈتۈنلەي ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن بۇ تۇرمۇشتا ئەر-ئايال، بالىنىڭمۇ ئۆز ئورنىنى تاپالمايدىغانلىقىنى، بىر ئۆيدە ياشىغان ئادەمدىن تارتىپ، يوتقان-كۆرپە، ھەتتا بىر تال يىڭنىگىچە بىچارىلىشىپ، خۇنۈكلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

رەيھان ئۈمىدسىز، چارىسىز قالدى، ياسىندىن بىر تۇرۇپ غەزەبلەنسە، بىر تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىيتتى. ئاندىن « بۇنداق ئەرگە ئىچ ئاغرىتىش ئەمدى ساراڭلىق» دەپ ئويلايتتى.

ياسىن غېنى شاڭجاڭ بىلەن قانداق كۆرۈشۈشنى، كۆرۈشكەندە نېمىلەرنى دېيىشنى، چىرايىنى قانداق قىلىشنى، تاماكىنى قانداق چېكىشنى… ئويلاپ ماڭدى. بۇ قاقۋاش ئوغرىنىڭ ئىشلىرىدا زادى قانداق شۈملۈق بار؟ نېمىشقا بىر كۆرۈشۈپلا رەيھانغا ھەممىنى دەيدۇ، خوتۇن كىشىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەن بۇ چېقىمچىلىق ئۇنىڭ دائىم تەكتلەيدىغان ئەرلىك مىزانىغا قانداق ئۇيغۇن كەلسۇن؟!.

ياسىن كۆرۈشمەيلا قويۇشنىمۇ ئويلىدى، غېنى شاڭجاڭنىڭ ئالدىراپ ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىغا ھەم قىلالمايدىغانلىقىغا توقسان پىرسەنت ئىشىنەتتى، ئون پىرسەنت گۇمان بار ئىدى، بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ رەيھاننى باش ئەگدۈردى-دە، ئۆزى قورققاندەك پاسسىپ، بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالمىدى. ئەمما بۇ ئون پىرسەنت گۇمان ئۈچۈن غېنى شاڭجاڭ بىلەن قان بولۇشۇپ كېتەمدۇ؟

ئۇ خام ياغ ئىچىۋالغاندەك خامۇش، كۆڭۈلسىز ئولتۇرۇپ، تاكسى شوپۇرى بىلەن بەسلەشكەندەك  تاماكا چېكەتتى، توۋا دەيتتى، بىر كۈنى سەھەردىلا  رەيھان رەيھانغا، غېنى شاڭجاڭ غېنى شاڭجاڭغا ئوخشماي قالدى،  چاتاق نەدىن چىقتى؟ ئىككىسى يا بۇرۇن بىرەر قېتىم تېلېفونلاشقان بولغىيمىدى؟ ياسىن غېنى شاڭجاڭنىڭ رېستۇراندا ئىچىپ ئولتۇرغان ۋاقىتلاردا رەيھاننىڭ گۇمانخورلۇق كېسىلى تۇتۇپ، غېنى شاڭجاڭغا تېلېفون قىلىپ "ئەمدى ئېرىمنى ھاراققا زورلاۋەرمەي بالدۇرراق يولغا سېلىۋېتىڭ…، سىزمۇ ئۆزىڭىزنى بىلىۋېلىڭ!…" دېگەندەك گەپلەرنى قىلغان بولغىيمىدى؟ غېنى شاڭجاڭ كاززابلىق بىلەن گەپ ياساپ، رەيھانغا بىر نېمىلەرنى دېگەن بولسا، گەپ بىلەن كۆڭلى خوش بولىدىغان بۇ خوتۇن خەق ئېرىمەي قالارمىدى؟ ئەمما ئۇ غېنى شاڭجاڭنىڭ تېلېفون نومۇرىنى نەدىن تاپتى؟… ئەلۋەتتە ياسىننىڭ تېلېفونىدىن كۆرۈۋالغان ياكى يېزىۋالغان بولىدۇ-دە، ئەمما رەيھان ئەزەلدىن  ئېرىدىن يوشۇرۇن ئىش قىلمايتتى، پۈتۈن جىسمى، قەلبى، بارلىقى، مۇھەببىتى، ھاياتىنى ئېرىگە كەڭ

ئېچىۋەتكەن، ئاپتاپتەك يېقىشلىق خوتۇن ئىدى، ئەمما مۇشۇنداق بىر خوتۇن نېمىشقا ئۇشتۇمتۇت بولۇتتەك تۇتۇلۇپ، خالىغان يېرىگە يۆتكىلىپ، ئېرىدىن مەخپىي ئىش قىلىدۇ؟ نېمىشقا بۇنچە تېز دۆتلىشىپ، ئاينىپ كېتىدۇ؟ ... تەستەك يېدى، يۈزلىرىدىن ئوت چاقنىدى، يۈرىكى زەرداپ بولدى، كۆزىدىن ئاققىنى ياش ئەمەس، شۇ يۈرەكتىن ساقىغان قان!... ئەمدى بۇ يۈرەك ئىككى تەستەكتىن قېتىپ كەتتى، "سىز" دېگەن ھۆرمەت سۆزى "سەن"گە ئالماشتى. سەت گەپ چىقمايدىغان ئويماق ئېغىزىدىن ھاقارەت ياغىدىغان بولدى؛ ئۆزگەردى، بىر كۈن ئەمەس، بىر سائەتتىلا جىمى نەرسە ئۆزگىرىپ كەتتى. شۇنچە يىللىق شېرىن-شېكەر سۆزلەر بىر دەملىك دىل ئازارى بىلەن نۆلگە تەڭ بولدى، بىر تامچە زەھەر بىر ئىستاكان سۈنى بۇلغىدى...

ياسىنىنىڭ ئىچى ئاچچىق بولدى، ئۆزىنى ئەيىبلىدى، ئەمما دەردىنى ئاۋۇتماسلىق، بەرىبىر دەرت تارتىپ ياشىغاندىكىن تايىنلىق راھەت كۆرۈپ، لەززەت سۈرۈپ ياشاش ئۈچۈن، ئۆزىنى ئاقلىدى. مۇشۇنداق قىلمىسا دەرت-ئەلەمدىن دەرمانى قۇرۇپ، تېخىمۇ تۈگىشىپ كەتمەمدۇ؟! قىرىق ياشتىن ئاشقان ناكەسلەرمۇ قىلمىشلىرىدىن ساۋاق ئالمىسا " ئوغۇل بالا قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلمايدۇ" دەپ ئۆز روھىنى كۆتۈرىدىغۇ، ياسىن تېخى ئۇ ياشقا بارمىدى! كۆرىدىغاننى كۆرۈپ، ئوينايدىغاننى ئويناپ ياشايدىغان زامان بۇ، كۆلىغا چىقىشتىكى مەقسەتمۇ شۇ! بىر قولدا كاۋاب يەپ، بىر قولدا سەتەڭنىڭ كۆكسىنى تۇتىدىغان گەپ. مۇشۇنداق قىزىقچىسىق، ھاياجان ئىچىدە ياشىمىسا بۇ ھاياتنىڭ نېمە لەززىتى!...

گۈزەل خوتۇن، ئوماق بالا...ھەقىقەتەن ئۆيىنىڭ گۈلى، ياسىن بۇنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرۇۋقلۇق؛ رەيھاننى ئۇنداق ئاسانمۇ ئېلىۋالمىغان، بالىنىمۇ ئۇنداق ئاسان بېقىپ چوڭ قىلمىغان، شۇڭا ئۇلارنىڭ مۇھىملىقىنىمۇ بىلىپ تۇرۇۋقلۇق، لېكىن يۈرىكى يەنىلا باشقا تەرەپكە سوقۇپ تۇرۇۋقلۇق؛ نېمىشقا؟ باشقىچە ياشاپ بېقىش، ئوغرىلىقچە پەيزى سۈرۈش ئۈچۈن... شۇنداق! خوتۇننىڭ پەيزى، ھاراقنىڭ پەيزى، ئاشنىنىڭ پەيزى، تاماكىنىڭ پەيزى... ھەر كۈنى ئالمىشىپ تۇرسا، ياسىنىنىڭ ئۆپكىسىگە يېڭى ھاۋا كىرگەندەك، يۈرىكى ياشىرىپ قالغاندەك بولىدۇ.

**غېنى شاڭجاڭنىڭ رېستورانغا يېقىنلاشقانچە ياسىننىڭ "پەيزى سۈرۈش" ئىستىكى جۇش ئۇرۇپ كەتتى، ئاۋۋال چىرايلىق ئولتۇرۇپ ئىچىشىدۇ، ئىچىشكەندە ھەر گەپنى دەۋالغىلى بولىدۇ، سوقاشمايدۇ، ئارقىدىن گۈلشەننى چاقىرىپ مەيدىگە ياقىدۇ...**

**غېنى شاڭجاڭ ئۇنىڭ كېلىدىغانلىقىنى پەملىگەندەك، رېستوراندىن ئايرىلماي تۇرغانىدى؛ ياسىننى كۆرۈپ قىلچە خۇدۇك بولماي، ئاۋۋالقىدەك قىزغىنلىق بىلەن ئۇنى ئايرىمخانىغا باشلىدى. ھورى چىقىپ تۇرغان سەيلەر كەلتۈرۈلدى، ھاراقنىڭ ئېغىزى ئېچىلدى.**

**ــــ ھەر كەلسەم مۇشۇنداق ئاۋارە قىلىمەن، قېنى قۇيە ھارىقىڭنى، بۈگۈن تازا بىر ئىچەيلى!**

**ــــ بۈگۈن پەيزىڭ باشقىچىغۇ؟ــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ،ــــ قانداق، بىرەر خۇشخەۋەر ئېلىپ كەلمىگەنسەن! كىچىك خوتۇنۇڭ بويىدا قالمىغاندۇ؟**

**ــــ نەدىكى گەپنى قىلىسەناۋ ئاكا، "بالا تۇغسام ئۆلۈپ قالىمەن" دەپ يۈرىدىغان نېمە ئۇ!**

**ــــ ھە بوپتۇ، ھازىرچە تۇغماي تۇرسۇن.**

**ــــ تۇغمايدۇ، ماڭا ئۇنىڭ بالىسى كېرەك ئەمەس.**

**ــــ نېمىشقا؟ باشقا نېمە تۇغۇپ قويامدىكىن دەپ ئەنسىرەمسەن يا؟**

**ــــ نېمە تۇغار سېنىڭچە؟ ...ــــ دېدى ياسىن جىلە بولۇپ.**

**غېنى شاڭجاڭ ياسىننىڭ چىرايىنى كۆزەتتى، بۇ چىرايىنىڭ بىر يېرىدە ئامالسىزلىق ھۆكۈم سۈرەتتى.**

**ــــ نېمىگە تېرىكىسەن؟ گېپىڭ بولسا ئوچۇق دەۋەر، بايا سېنى كۆرۈپلا مەندە بىر ئىشنىڭ بارلىقىنى ئۇقۇپ قالدىم، ئەمدى دېسەڭ بولىدۇ.**

**غېنى شاڭجاڭ رەيھانىنىڭ ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېگەن-دېمىگەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلمەي، ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.**

**ياسىن ئالدىكى هاراقنى گۈپپىدە ئىچىۋېتىپ، چايدىن ئوتلاپ، ئاغزىنى سۈرۈپ، ئىككى يانغا قارىۋەتكەندىن كېيىن غېنى شاڭجاڭغا ئۇدۇل تىكىلدى:**

**ــــ مەن سېنى پەقەت ئۇقالماي قالدىم، رەيھانغا نېمىشقا ئۇ ئىشنى دەيسەن؟**

**ــــ مەن دېمىسەم ئۆزەڭ هامان دەيتتىڭ،ــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ تەلەتىنى ئۆزگەرتمەي.**

**ــــ دېسەم ئۆزەم دېسەم بولامتى؟ سەن نېمىشقا دەيسەن؟**

**ــــ سەن دەيمەن دېگەن بىلەن دېيەلمەيسەن، رەيھاندىن ئەنسىرەيدىغان مىجەزىڭ بار، ئۇنى مەن ئوبدان بىلمەن، ئۇنداق قورقۇپ ئۆتتۈۋەرسەڭ ئىككى خوتۇن ئالغانىنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئۇنداق ياشىغانىنىڭ نېمە راهتى ؟ خوتۇن دېگەننى قورساقنى تولاپ، كۆڭۈلنى تولاپ ئاندىن خوتۇن قىلمامسەن؟ ئەسلىدە ئۇ ئىكاهنى خوتۇنۇڭنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ ئاندىن قىلساڭ ياخشى بولاتتى، هېلىهەم بولسىمۇ ۋاقتىدا دېمىسەڭ بولمايدۇ، ۋاقتىنى كەينىگە سوزغانچە ئىش يامانلىشىدۇ، خوتۇنۇڭ بۇ ئىشتىن قانچە بالدۇر خەۋەر تاپسا شۇنچە ياخشى.**

**ــــ نېملا دېسەم ئۆزەڭنىڭكىنى راست دەيدىكەنسەن ئاكاۋا، سېنى بۇنداق قىلىدۇ دەپ هەرگىز ئويلىماپتىكەنمەن.**

**ــــ قارا، قارا رەنجىپ كەتكىنىڭنى، خوتۇنۇڭدىن قاچانغىچە قورقۇپ، تىترەپ يۈرۈيسەن، ئۇنىڭدىن كۆرە دەپلا قۇتۇلمامسەن؟ سەن يا يامان ئىش قىلدىڭمۇ؟ خوتۇنۇڭ بۇنى چۈشىنىشى كېرەك-تە!**

**ــــ قىززىقكەنسەن، ئۇ چۈشىنىدىغان ئىش بولسا مەن بۇنچە ساراڭ بوپ كەتمەيتتىم، ئۇمۇ تاياق يېمەيتتى، ئويلاپ باقە، مۇشۇ سېنىڭ تاپقان ئىشىڭ ئەمەسمۇ!**

ــــ خوتۇنىڭنى ئۇردۇڭما؟ يا ھەزرەت، مۇشۇمۇ سىنىڭ ئەركەكلىكىڭ! خوتۇنۇڭنى گەپ بىلەن قايىل قىلساڭ بولمامدۇ؟

ــــ خوتۇن خەق بىلەن گەپ تالىشىپ ۋاتىلداپ يۈرىمەنمۇ، ئۇنىڭ جاجىسى تاياق!

ــــ بوپتۇ، يامان چوڭ ئىش قىلىۋېتىپسەن، خوتۇنۇڭنى ئۇرۇپ بولۇپ مېنىڭ يېنىمغا كەلدىڭ دېگىنە، ھەممە چاتاقنى تېرىغان مەن بولدۇم، شۇنداقمۇ؟

غېنى شاڭجاڭ كۈلۈپ تۇرغان بىلەن نوچىلىقنى، يامانلىقنى ھېلى كۆرستىدىغانەدەك قىلاتتى، ياسىن پەيلىدىن سەل ياندى:

ــــ بۇ يەرگە سەندىن ھېساب ئالاي دەپ كەلمىدىم، لېكىن بۇ ئىشىڭ كاللامدىن ئۆتمىدى...

ــــ بايا دېدىمغۇ، مەن بىر ئىشنى ئويلىماي قىلمايمەن، خوتۇنۇڭنى ئالداپ، ئۆزەڭنىمۇ ئالداپ يۈرىۋەرگىچە قىلغاننى قىلدىم دېمەمسەن؟ قاچانغىچە خوتۇنىڭدىن مۈشۈكتىن قورققان چاشقاندەك قېچىپ مۈكۈپ ياشايسەن؟ ئەر كىشى بولغاندىكىن مەيدەڭنى كېرىپ ياشىمامسەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە كېچىدىن قايتماپسەن، بۇمۇ ئۆزەڭنى مەلۇم قىلغىنىڭ ئەمەسمۇ ! دېمەك، مەن دېيىشتىن ئاۋۋال ئۆزەڭنى ئاشكارىلاپ بولدۇڭ، مەن پەقەت خوتۇنۇڭغا ئۇ ئىشلىرىڭنى چىرايلىق چۈشەندۈرۈپ قويدۇم. سەن دېگەندىن مەن دېگەن ياخشىراق ئەمەسمۇ، سەن دېسەڭ چىرايلىرىڭ تاتىرىپ گاچىلىشىپ كېتەر بولغىيدىڭ، مەن تېخى سېنى ئاقلاپ، خوتۇنۇڭنى قايىل قىلىشقا كۈچەپ كېتىپتىمەن. ئەمدى خوتۇنۇڭنىڭ قايىل بولماسلىقى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى، خوتۇن خەق بۇنداق ئىشقا ئالدىراپ ماقۇل دېمەيدۇ، خوتۇنۇڭدەك چىرايلىق خوتۇنلار بۇنداق چاغدا تېخىمۇ ئەسكىلىشۋالىدۇ. يۇۋاشراق، سەتراق خوتۇن ئالغان بولساڭ، نېمە ئىش قىلساڭ غىڭ قىلمايتتى. لېكىن بىڭسىڭ بولسا چىرايلىق خوتۇنىنىمۇ خوتۇن قىلىپ، ئۆزەڭگە بويسۇندۇرالايسەن.

__ بۇ گەپنى جىق قىلدىڭ، بىڭىسك بولسا، بىڭىسك بولسىلا دەيدىكەنسەن، گەپنى قىلماق ئاسان، ئەمما خوتۇننى باشقۇرماق ئۇنداق ئاسان ئەمەس، بوش تۇرساڭ گەدەنگە مىنمەن دەيدۇ، چىڭ تۇتساڭ پايلىمايدۇ، گەپ تالاشساڭ گەپ بەرمەيدۇ، ئۇرساڭ يىغلايدۇ، ئاندىن ياندۇرۇپ سېنى تىللايدۇ، بالاڭ بىر چەتتە ساڭا دۈشمەندەك قارايدۇ.

__ خوتۇننى باشقۇرىمەن دەپ ئۇرۇپ-تىللاپ قورقۇتۇپ يۈرسەڭ قاملاشمايدۇ، ھەر باپ بىلەن ئۇنى قايىل قىلىسەن-دە، ئۇنداق قىلالمىساڭ مۇشت كۆتۈرۈپ قوپما، ئېغىرلىق قىلساڭمۇ ئەر كىشىدەك ئىش قىلغان بولىسەن.

__ مېنى خوتۇنىغا مۇشت ئاتىدۇ دەمسەن؟ ئۇنداق مازلىقنى بىز قىلمايمىز.

__ شاپىلاق بىلەن سالساڭمۇ ئوخشاش، بۇنى نوچىلىق دېمەيمىز.

__  خوتۇنۇڭ سېنى تىللىسا سەنمۇ تەڭ تىللىشىپ يۈرسەڭ بۇمۇ مازلىق، شۇڭا شاپىلاق بىلەنلا گەپنى تۈگىتىش كېرەك.

__ تاياق قېپى خوتۇنلارغا شۇنداق قىلسەن، لېكىن خوتۇنۇڭ ئۇنداق بېشەم، ھازازۇل خوتۇن ئەمەس-تە!

__ خوتۇن خەقنىڭ ھەممىسى ئوخشاش،__ دېدى ياسىن ئۈمىدسىزلىك بىلەن، __ ھەممىسى ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدۇ، گەپ قىلسا ئاڭلىمايدۇ، چالۋاقايدۇ، يىغلايدۇ، ئاخىر ئۆزىنىڭ گېپىگە كىرگۈزمىگىچە بولدى قىلمايدۇ...

__ شۇنداق چاغدا ھە دەپ گېپىنى ئاڭلاپ بېرىپ كۆڭلىنى ئالساڭ بولىدىغۇ، كېيىن ئۇنداق قىلمىساڭمۇ خوتۇنۇڭ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەيدۇ، خوتۇن خەقنىڭ داۋخورلۇقنى بىلىشىڭ كېرەك.

__ خوتۇن خەقنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلمەن دەپ ئۆزەڭچە خوتۇنۇمنى  كولدۇرلىتىپ بېقىپسەن دېگىنە! ئۇنى سەن كەل دېگەنمۇ ياكى ئۆزى ئىزەپ كەپتىمۇ؟

— كۆنچىلىكىڭ تۇتتىمۇ ئەمدى، مانا ئەركەك دېگەن...— دېدى غېنى شاڭجاڭ تەمكىنلىك بىلەن تاماكا چەككەچ،— ئۆزى تېلېفون ئۇرۇپتىكەن سەندىن ئەنسىرەپ، ياسىننى ئاخشام يولغا سېلىپ قويغان دېدىم، ئىشەنمىدى، قارىسام گەپلىرى سەل قوپال. بىلسەن، خوتۇنۇڭ ماڭا ئانچە ياخشى قارىمايدۇ، نېمە دەيمەن، ئەمىسە ئۆزىڭىز كېلىپ قاراپ بېقىڭ دېدىم. خوتۇنۇڭنى خېلى يۈزى تۆۋەن دەپ ئويلايتتىم، كەلمەس دېگەندىم، كەپتۇ، قارىسام ئەلپازى يامان، خۇددى ھەممىنى مەندىن كۆرگەندەك گەپ قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا راست گەپ قىلدىم، سەنمۇ يالغان سۆزلەپ، مەنمۇ يالغان سۆزلەپ قاچانغىچە خوتۇنۇڭنى ئالداپ يۈرۈيمىز، خوتۇن خەقتىن قاچانغىچە قورقۇپ يۈرۈيمىز؟ ئەمدى قويۇپ خوتۇنۇڭ سەندىن يامانلىسا، سەن كېلىپ مەندىن يامانلىساڭ قاملىشامدۇ؟ ئەركەكتەك تىك تۇرۇپ، قىلغاننى قىلدىم دەپ يۈرىۋەرمەمسەن دەيمەن!

ياسىن غېنى شاڭجاڭنىڭ ئالدىدا يەنە بىئەپ ھالغا چۈشۈپ قالدى، ئەسلىدىمۇ ئۆزىنىڭ بۇ ”ئاكا ئاغىنىسى“بىلەن ئۈچمەنلىشىش، ئۇرۇش-جېدەل قىلىش ئويى يوق ئىدى، شۇڭا بىردەمدە پەسكويغا چۈشۈپ قالدى.

— ساڭا دېسەم، خوتۇنۇڭ دائىم ئۆزىنىڭ گۇمانى بىلەنلا ئىش قىلىدىكەن، ئۆزىنىڭكىنى راست دەپلا تۇرۇۋالىدىكەن. بۇنداق خوتۇنغا گەپ ئۇقتۇرماق تەس، شۇڭا سېنىڭ خوتۇنۇڭغا شاپىلاق سالغىنىڭنى ئەمدى چۈشەنگەندەك بولدۇم. بىراق، بۇنداق خوتۇنغا قول تەگكۈزسەڭ تېزەكتەك قاتىدۇ، ھەرگىز ئېرىمەيدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، بىر مەزگىل تاشلىۋەتسەڭ ئۆزى يالۋۇرۇپ ئالدىڭغا كېلىدۇ...

ياسىنغا بۇ گەپ ئازراق يېقىپ قالدى، ھارىقنى ”ئەركەكتەك“ ئىچتى، تاماكىسىنى نوچىلىق بىلەن چەكتى، بىر خوتۇننى دەپ ئەركەكلەرچە مەردلىك، بۇرادەرلىك ۋە دوستلۇقنى بۇزۇشنى خالىمىدى. غېنى شاڭجاڭ يەنە بىر مۇنچە گەپلەرنى قىلىپ ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈردى، ياسىن ئارتۇق گەپ قىلمىدى، بۇ يەرگە غۇرۇرى ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىدى، ھەزىلەكلەرچە كۈلۈپ سۆپىتىنى بۇزمىدى، خوتۇنىنىڭ يامان گېپىنى تەڭ قىلىشىپ بېرىپ، غېنى شاڭجاڭنىڭ يوشۇرۇن مەسخىرىسىگىمۇ قالمىدى، خۇددى سودىدا پۈتۈشۈپ ھەر ھالدا رازى بولغان شېرىكتەك مەمنۇنلۇق بىلەن رېستوراندىن ئايرىلدى.

رەيھان ياسىننىڭ ئاغزى-بۇرنى قانىماي ساق يېنىپ كەلگىنىدىن خۇرسەن بولۇپ يېنىك ئۇھ تارتتى، كۆكرىكىنى تۇتۇپ ئېرىگە بىر لەھزە مۇھەببەت بىلەن باقتى، ئەمما ياسىن بۇنى كۆرمىدى، قاپىقىنىمۇ ئاچمىدى. رەيھان ئۇ ئىككىسىنىڭ نېمىلەرنى دېيىشكىنىنى بىلگۈسى بار ئىدى، ئەمما سوراشنى ئەپسىز كۆردى، ياسىننىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ زادى گەپ قىلىدىغان تەرزى يوق ئىدى. ئەمما رەيھان شۇنى چۈشەندىكى، ئېرىنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرى غېنى شاڭجاڭنىڭ ئېيتقانلىرىدەكلا ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ خوتۇنى ئالدىدىلا ئەمەس، غېنى شاڭجاڭ ئالدىدىمۇ تىل تۇتۇقى بار ئىدى، بۇ خىيانەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىش ئېغىر كېلىپ، جىمىپ تۇرۇۋالغانىدى. رەيھان بۇنىڭدىن ئازابلاندى، ئەر كىشى بولغاندىكىن قىلغىنىنى قىلدىم دېسە، گۇناھىنى ئېتىراپ قىلسا، "ئەمدى بولدى قىلاي، ئۇنداق نېمىدىن كەچسەممۇ كېچەي، بالا ئۈچۈن بولسىمۇ چىرايلىق ئۆي تۇتۇپ قالايلى" دېسە، رەيھان ئۇنى كەچۈرۈۋەتمەسمىدى! ئەمما ئۇنىڭ ئەلپازىدىن بۇ ئاشخانا ۋە بۇ ئۆيدە، خوتۇن-بالىسىنىڭ يېنىدا بىر دەممۇ تۇرغۇسى يوقلۇقى بىلىنىپ تۇراتتى، كۆزلىرىدىن ئاشۇ جىنىنىڭ سەۋدالىقى، شەھۋەت ئىزتىراپلىرى خىيالىي، گىرىمسەن بىر ھالەتتە نامايەن بولۇپ تۇراتتى. ئەگەر رەيھان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: " قانداق، غېنى شاڭجاڭنىڭ يېنىغا بېرىپ پالتا-كەكىڭىزنى قاقتۇرۇپ كەلدىڭىزمۇ..." دەپلا قالسا، ھەممىنى ئۇرۇپ-چېقىپ، ئاشنىسىنىڭ يېنىغا كېتىپ قالىدىغاندەكلا قىلاتتى...

چۈشتە ئاشخانىغا خېرىدار كېلىشكە باشلىدى، رەيھان پايپېتەك بولۇپ ئالدىراش ئىشلەيتتى، ياسىن كاۋاپچىلىقنى قولىغا ئالدى، كاۋاپ پىشۇرىۋېتىپ، لاۋبەنلىكتىن بىر دەمدە ئىشلەمچىگە ئايلىنىپ قالغىنىدىن ئىچى پۇشتى، ئەمما پۇل تاپمىسا بولمايتتى، بىراق نەچچە يىل ئىشلىسىمۇ ئۆمەرنى ئېلىپ چىققۇدەك پۇل تاپالمايدىغانلىقنى ئويلىسا ئاچچىقى كېلەتتى، ئىشتىن قولى بوشىسا دالان ئۆيدىكى سافادا ئوڭدا يېتىپ خىيال سۈرەتتى، بۇگۈن مۇشۇنداق ياتار، ئەتە ياتار، ھەر كۈنى نەشخوردەك پاڭ بولۇپ، بەڭگىنىڭ خىيالىنى سۈرۈپ ياتالمايدۇ، خوتۇنىنىڭ يۈرىكى مۇزلاپ كەتتى، بالىسىنىڭ يۇمران قەلبى يارىلاندى، بۇنى ساقايتىش كېرەك، ئەمما ياسىننىڭ بۇنىڭغا رىغبىتى يوق، خوتۇنى جاپادىن باشقىنى بىلمەيدىغان چىرايلىق دوتكە، بالىسى جاپا سېلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان، مۇشتۇمدەك تۇرۇپ دادىسىغا ئۆچ بولۇپ كەتكەن يۈزسىز ساقالاندىغا ئايلىنىپ قالدى. چىرايلىق خوتۇن، ئوماق بالىسىنىڭ دىدارى خۇنۇكلىشىپ كەتكەنچە، بۇ تۇرمۇش مەنىسىز، زېرىكىشلىك بىر جەريانغا ئايلىنىپ قالدى، ھەر كۈنى بۇ جەرياننى بېسىپ ئۆتۈش كېرەك، بالىسنى يەسلىگە ئاپارمىسا بولمايدۇ، خوتۇنىغا ئوچۇق

چىراي ئىچىپ گەپ قىلمىسا بولمايدۇ، ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمىسە بولمايدۇ، ھازىر بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆتۈرۈپ قويۇقۇسىز بېسىمغا ئايلاندى، كىچىسى خوتۇنى بىلەن بىللە يېتىشمۇ ھازىر ئەڭ كۆڭۈلسىز، بۇرۇقتۇرمىلىققا تولغان، چىدىغۇسىز بىر ئىشقا ئايلاندى، رەيھاننىڭ كۆڭلى ئەمدى زادى كۆتۈرمەيدۇ، ياسىنىڭمۇ ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئويى يوق، باراي دېسە بارىدىغان يېرى، قوناي دېسە قونىدىغان ئۆيى، كارىۋىتى، قۇچاق ئېچىپ كۈتۈپ تۇرغان تەنناز ''خوتۇنى'' بار.

ياسىن ئىككىنچى خوتۇن ئېلىشنىڭ بۇنداق پەيزى بارلىقىنى ھېس قىلىپ كۆڭلىگە تەسەللىي بەردى، قىلمىشلىرىدىن قىلچە پۇشايمان قىلمىدى. خوتۇن-بالىسىدىن زېرىكىپ قالغاندا، چوڭ خوتۇنى بىلەن كۆڭۈلسىز كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقاندا 'كىچىك خوتۇنى''دىن كۆڭلىنى ئاچسا، غەم-قايغۇلىرىنى يوقىتىپ شادلىققا ئېرىشسە، تۇرمۇشتىن ''لەززەت'' ئالالايدۇ. بۇ ''لەززەت''نى كۈندىلا سۈرىۋەرسىمۇ زېرىكىپ قالىدۇ، يەنە بۇرۇنقى خوتۇنى، بالىسىنى كۆرگىسى كېلىدۇ، رەيھان بۇنى چۈشەنسە بولاتتى، چۈشەنمەيدۇ، كاجلىق، تەرسالىق قىلىدۇ، ئىككىسىنىڭ بىرىگە تۇر دەپ قىستايدۇ، بۇ خۇددى بىر قاراقچى يولدا كېتىۋاتقان سودىگەرنىڭ گېلىغا پىچاق تەڭلەپ، ''جېنىڭغا تۇرامسەن، مېلىڭغىمۇ'' دېگەندەك بىر ئىش. ياسىن ھەر ئىككىسىدىن كېچەلمەيدۇ، ئەمما جېنى خەۋپكە ئۇچرىغاندا ھەر قانداق سودىگەر مېلىنى تاشلاپ بېرىپ، جېنىنى ئېلىپ قاچىدۇ. ياسىن ''جېنىم'' دەيدىغان خوتۇنى رەيھانمۇ، گۈلشەنمۇ؟ ھالقىلىق پەيتتە قايسىسىنى تاللاپ، قايسىسىنى تاشلىيالايدۇ؟... ياسىن بۇلارنى چوڭقۇرلاپ ئويلاشنى خالىمىدى، جان بىلەن مالنى تاللاش مەسىلىسى ئارقىلىق قايسى خوتۇنغا بەك ئامراقلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بەلكىم ھەر ئىككىلىسى ئۇنىڭ جېنىدەك مۇھىمدۇ، بىرسى يەنە بىرسىنىڭ ئورنىنى ئالالمايدىغاندۇ...

ئۇ بۇگۈن كەچتىلا بۇ كونا ھۇجرىدا سىقىلىپ ياتماي، ئازادە ئۆيىدىكى كەڭ كارىۋاتتا 'كىچىك خوتۇنى''نىڭ قويىنىدا يېتىشنى ئويلىدى، بولغۇلۇق بولدى، ئىش بەرىبىر ئاشكارىلاندى، رەيھان ئەمدى بۇ ئىشنى قوبۇل قىلسىمۇ قىلىدۇ، قوبۇل قىلمىسىمۇ قىلىدۇ، ۋاقىت ئۆتكەنچە بۇنىڭغا بويسۇنماي ئىلاجى يوق. يۇرتقا كېتىمەن دېسە ئۇنىڭغا بېرىدىغان بىر تىيىن يوق. ئېرىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمىگەن، گەپ قىلسا ئاڭلىمىغان، ئېرى بىلەن ھەمىشە قارشىلىشىپ،

كۆڭۈل خوشلۇقنى يوقىتىشقا ئۈرۈنغان ئۇنداق خوتۇنغا ئۆزىنىڭ زادى كىملىكىنى تونۇتۇپ قويمىسا بولمايدۇ. ئاخىر كۆندۇ، كۆنمەيدىغان نېمە بار، كۆنۈپ كەتسە ھەممە ئىش ئوڭشىلىدۇ. پەقەت بولمىسا قارىم ئاكىسىغا تېلېفون ئېلىپ، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنىڭ ۋاجىپلىقى ھەققىدە سىڭلىسىغا تەربىيە بەرگۈزۈش كېرەك...

ئۆمەر پالاكەتكە ئۇچراپ قاماقخانىغا سولانغاندىن كېيىن ھاشىم دوغلاق بىلەن ساۋۇت جىمىپ كېتىشتى. ھاشىم ئۇنىڭ شاتراق موزايدەك «چىچىپ» قويۇپ، ھەممىيلەننى پاراكەندە قىلغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ، كۆڭلىدە بىر نەچچە تال تاماكىنى ئارتۇق چېكىشىۋېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئىشتىن بىكار بولۇپ قالسا دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ، شۈملۈق پۇراپ تۇرغان ساتراچخانىدىكى «مىكىجىن»لارغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايتتى، «بۇنداق ئىپلاس يەردىن نەسلىك چىقىدۇ، مەنمۇ تېخى بۇ مەرەزلەردىن كېسەل يۇقتۇرۇپ، ئۆمەردىنمۇ ئېغىر پالاكەتكە قالمەنمۇ، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ» دەپ ئويلاپ، كونا ۋەھىمىدىن تېنى جۇغۇلداپ كېتەتتى، لاۋەن سەتەڭنىڭ يۈزسىزلىكى، ئاداۋەتخورلۇقى، ھاكاۋۇرلۇقىنى ئويلىسا ئۇنىڭغا ئۆچلۈكى كېلەتتى، بىر قېتىم قانداق بولۇپ ئۇنىڭ پەيزىنى سۈرگەنلىكىگە ئىشەنمەي قالاتتى، ئەگەر ئەمدى شۇنداق پۇرسەت كېلىدىغان بولسا ئۇنى ئۆزىنىڭ ئايرىمخانىسىدا بوزەك ئېتىپ رەسۋالارچە قىيناشنى ئەسەبىيلەرچە خىيال قىلىپ ھۇزۇرلىناتتى، ئاندىن «بۇ شاۋچى چوقۇم ئەيدىز بولۇپ قېلىپ، ئاچچىقىنى بىزدىن ئېلىۋاتامدۇ نېمە...» دېگەندەك خىيالغا كېلىپ قورقۇپ كېتەتتى... ئۇنىڭ ھەر كۈنلۈك خىيالى «نەسلىك، ئۆچمەنلىك، ئەيدىز...»دىن يىراق كەتمەيتتى، ساقىلىنى ئالغاندا يۈزىگە سىنچىلاپ قارايتتى، دانىخورەككە ئوخشاش بىر نەرسىلەر چىقىپ قالسىمۇ ئۆزىدىن ئەنسىرەپ، ئەينەككە چەكچىيىپ قاراپ قالاتتى، يۈرەكلىرى ئەنسىز سوقاتتى. بۇنداق چاغدا ئۇ ھەر كۈنى نامىزىنى قازا قىلماي ئوقۇپ پاكىز يۈرۈيدىغان ساۋۇتقا زوقلىنىپ قالاتتى، ھەسەتمۇ قىلاتتى، ھەسرەتلىنەتتى، يامان ئىش قىلماي ئۆتىدىغان ئادەمنىڭ نەقەدەر خاتىرجەم ياشايدىغانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولاتتى، ئارقىدىن «ئادەم ئۆزىنى ئاۋايلاپ يۈز يىل ياشامتى، ياشىغاندىكىن پەيزى ياشاش كېرەك، پۇشايمان قىلماسلىق كېرەك، خۇمارىغا قېنىپ قېنىۋېلىپ ئۆلگەنلەرمۇ ئادەم، شۈلارمۇ ھېچنېمىدىن قورقماي ئۆلدۇ، خۇدا جاننى ئالسا ھەر كىم ئەيدىز بولمايمۇ ئۆلىدۇ...» دەپ نوچىلىق بىلەن خىيال سۈرەتتى، تاماكىسىنى قېنىپ-قېنىپ شورايتتى، خېلىدىن بېرى جىمىپ قالغان ھەۋەسلىرىنىڭ ھاراق ياكى تاماكا خۇمارىدەك بەك قوزغاپ كەتمەيدىغانلىقىنى، شۇڭا خوتۇنسىراپ تۇرغان نۇرغۇن ئەركەكنىڭ باشقا خۇمار ئارقىلىق بۇ

ھەۋەسلىرىنى تىزگىنلەپ كېتەلمىگەنلىكىنى پەملىگەندەك بولاتتى. ئەمما ساۋۇت ھېچقانداق كەيپ سۈرمەيتتى، ئۇنىڭ بۇ كۆڭلەرنى كەيپىسىز، خۇمارسىز، ئىشتىھاسىز قانداق ئۆتكۈزەلەيدىغانلىقىنى ھاشىم ھېچ چۈشەنمەيتتى، ئىچىدە ئۇنى «پىچىۋېتىلگەن بۇقا، ئېرىك» دەپ مازاق قىلاتتى. ئۇ دەسلەپتە ساۋۇتنىڭ ناماز ئوقۇشلىرىدىن قانچىلىك ئىچى سىقىلغان بولسا، كېيىن ئۇنىڭغا تەبئىي ئىشتەك قارايدىغان، پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئەمما ئۆمەر تۈرمىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ساۋۇت ھاشىمنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىششقا باشلىدى، ياتاق ئىچىدە ئۇنىڭ تاماكا چېكىشى، ھاراق ئىچىشىگە چەك قويدى، ئاندىن جۈمە كۈنى چۈشتە جۈمەگە بېرىشقا ئۈندىدى.

— بارمايمەن، ئۆزەڭ بار،— دېدى ھاشىم قاپىقىنى تۈرۈپ.

— ھەپتىدە بىر قېتىم بولسىمۇ يۈيۈنۈۋال ھەي مۇسۇلمان،— دېدى ساۋۇت، — نەچچە ئاي بولدى سەن يۇيۇنمىغىلى، ئەۋرەت تۈكلىرىڭدە جىن ئۇۋىلاپ كەتمىسۇن، ئۇنداق قىلماي ئادالاپ تۇر!

— نېمە قىلسام ئۆزەمنىڭ ئىشى، ماڭا ئارىلاشما!

— مۇشۇنداق يۈرىۋەرسەڭ ئىشىك چاتاق.

— نېمە بولسام مەيلى، ماڭا قوقاق سالما.

— ساڭا ياخشى بولسۇن دەيمەن، — دېدى ساۋۇت رەسمىي تۇستە، — مەن ئېشەك بىلەن بىر ياتاقتا ياتمىدىم، شۇڭا گەپ قىلىپ ساڭا ئاڭلىتاي دەۋاتىمەن، ئاڭلىمساڭ مەيلى، ئەمما بىلىپ قوي، مۇسۇلمان دېگەن بىر-بىرىنىڭ ئىشىغا ئاشۇنداق ئارىلىشىدۇ، مەن ئەگەر ئۆمەرگە بۇرۇنىراق گەپ قىلغان بولسام ئۇ سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلىمايتتى، تۈرمىگە كىرىپ قالمايتتى، ئۇقتۇڭمۇ!

— يەنە شۇ قۇرۇق گەپ! ئۇ شۇم دۆتلۈك قىلسىمۇ ماڭا دۆڭگەمسەن؟

ــ ئۇنىڭغا چاتاق سالغان سەن، بولمىسا سەن يىگەن پوقنى يەمتى؟ مەسئۇلىيەتتىن قاچمەن دېمە، ياسىن لاۋبەنگە دېمەمدىكىن دەپ قالما، چېقىمچىلىق قىلماي دەپلا دېمەيۋاتىمەن. ئەمدى ھوشۇڭنى يىغىپ يۈرمىسەڭ جېدەلىم سەن بىلەن!

ــ  تۇنۇگۇنلا موللام بولۇۋېلىپ ئەدەمگە بۇنداق يوغانچىلىق قىلما، مېنى بويسۇندۇرىمەن دەپ نوچىلىق قىلما، نېمە قىلغۇم كەلسە شۇنداق قىلىمەن، سەن مېنى باشقۇرالمايسەن!

ــ ھەي كالۋا گۇي، مەن سېنى باشقۇرىمەن دېمىدىم، ئىمانىڭ بىلەن ياشا دەۋاتىمەن، گېپىم يامان كېتىپتىمۇ؟

ــ نېمە قىلىشنى ئۆزەم بىلىمەن، ماڭا ئىش ئۆگەتمە!

ــ ئاتاڭ نېمە بېرىپ باققاندۇ سەن قۇلاق كەستىنى! نېمانداق تەرسا نېمىسەن!

ــ ئاتام مېنى سېنىڭ ئاتاڭدىن ئوبدان باققان، خەققە باش ئەگمەي ياشا دەپ تەلىم بەرگەن.

- ئەمىسە شۇنداق ياشا، قوناق بېرىپ باققان توپاقتەك نوچى ياشاۋاتىسەن، ئويناۋاتىسەن، نوچىلىقىڭنى ئۆلگەندىكىن كېيىن كۆرەرسەن، قىيامەتتە ئوبدان ھۆكىرەپ قالارسەن...

ھاشىم دوغلاق تېرىكىپ تولغىنىپ كەتتى، ساۋۇتنىڭ موللاملىقىغا ئېخىمۇ ئۆچ بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ھەر قانداق گېپىنى ئاڭلىماسلىق قارارىغا كەلدى.

- سەن ئۆلمەيدىغاندەك ياشىماقچىمۇ؟ــ دېدى ساۋۇت ئۇنىڭ ھۈرپىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۈمىدسىزلىنىپ،

ــ ياخشىمۇ دەپ باقتىم، يامانمۇ دەپ باقتىم، زادى گەپ ئاڭلايدىغان چىراي يوققۇ سەندە؟

ــ ئاڭلىمايمەن، قانداق قىلىسەن؟ خەقنى مەجبۇرلايدىغان نېمە ھەققىڭ بار؟

— ئەمسە چاتاق تېرىپ يۈرۈۋەرسەڭ مەيلىما؟ شەيتاننىڭ پوقىنى پۈراپ بۇ ياتاقنى سېسىتىپ بولساڭ مەيلىما؟ سېنى ئازدۇرۇغان شەيتان مېنىمۇ بوش قويمايدۇ، ساڭا كېسەل تەگسە ماڭىمۇ يۇقىدۇ ، شۇڭا كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ساڭا گەپ قىلىشىم كېرەك.

هاشىم "كېسەل" دېگەن گەپنى ئاڭلاپ كاللىسى قېتىپ قالدى، ساۋۇتقا چەكچىيىپ قاراپ قالدى.

— مانا دېمىدىممۇ، سېنىڭ كاللاڭدا زادى بىر چاتاق بار، - دېدى ساۋۇت ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ، - تۇرۇپ-تۇرۇپ جىن تەپكەندەك ئۈجۈقۈپ كېتىسەن، كېچىسى ئۇخلىيالماي چۆچۈپ كېتىسەن، كۈندۈزىمۇ كاللاڭ جايىدا ئەمەس، بىر كىمدە ئېلىشىك باردەك تىتىلداپلا يۈرىسەن، ئىچىڭدىكىنى يا دېمەيسەن، بىر نەرسىدىن قورقۇنچۇڭ بارمۇ نېمە؟ مۇشۇنداق چاغدا ناماز ئوقۇساڭ، مەسچىتكە بارساڭ كۆڭلۈڭ ئارام تېپىپ قالامدۇ؟

— بارمايمەن... ئۆزەڭ بېرىۋال، — دېدى هاشىم كارىۋىتىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

— ئاقچى، يانچۇقچىلارمۇ جۈمەدىن قالمايدۇ، سەن شۇلارچىلىك بولالماسەن؟

— يامان ئىش قىلىپ يەنە مەسچىتكە بارغاندىن بارمىغان تۈزۈك.

— خەق يامان ئىش قىلسىمۇ گۇناھىغا تۆۋە قىلىدۇ، سەن نېمە قىلدىڭ؟ تۆۋە قىلىشقا ئۈلگۈرمەيلا ئۆلۈپ كەتسەڭ دوزاخقا كىرىسەن شۇ...

— دوزاخقا كىرىدىغاننى سەن بىلەمتىڭ؟— دېدى هاشىم غەزەپ بىلەن ئالىيىپ، — ئۆزەڭچە ئەۋلىيا بولۇپ كەتتىڭما؟ ماڭا سەندەك ئەۋلىيانىڭ كېرىكى يوق. تۆۋە قىلسام ساڭا كۆرسىتىپ قىلمايمەن! ئۆزەڭچە مېنى دۆت چاغلاپ قالدىڭما؟ ناماز ئوقۇغۇم كەلسە ئوقۇيمەن، جۈمەگە بارغۇم كەلسە بارىمەن، ماڭا ھەيدەكچىنىڭ لازىمى يوق.

— مۇشۇنداق نوچىلىق قىلساڭ زىيان تارتىسەن. بۇ مىجەزىڭ ئاخىر بېشىڭغا چىقىدۇ، شۇڭا ۋاقتىدا ئۆزەڭنى ئوڭشىۋالغىن، ئاللاھتىن ئىنساۋىڭنى تىلىگىن.

ـــ نېمە قىلىشنى ئۆزەم بىلمەن، سەن ئاربلاشما.

ـــ جۇمەگە شۇنداق قىلىپ بارمايسەن، ـــ دېدى ساۋۇت مېڭىش ئالدىدا.

ـــ بارمايمەن، ـــ دېدى ھاشىم ئاچچىق بىلەن تاماكىسىنى ئىزدەپ.

ـــ تاماكاڭنى تالاغا چىقىپ چەك، مەن بىلەن قېرىشما.

ـــ سەنمۇ موللام بولدۇم دەپ مەن بىلەن ئېيتىشما.

ـــ خەپ گۇي، جۇمە ۋاقتى بوپ قالدى، كەلگەندە ھېسابلىشىمەن...ـــ ساۋۇت ئۇنى تېرىكتۈرۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ھاشىم ساۋۇت چىقىپ كېتىشى بىلەن تەڭ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ ياتاقنى ئىسلاشقا باشلىدى. بىرنى چېكىپ بولۇپ، يەنە بىرنى ئۇلاپ چەكتى، باشقىچە ھۇزۇرلاندى، توڭرا بېسىپ كەتكەن بەدىنىنى قاشلاپ تۈگىمەس خىيالغا چۆمدى. بۇ يەردە كۆندە ئاجايىپ ئىشلار يۈز بېرىۋاتاتتى، ئۆمەر سولاقتىن چىقمىدى، ياسىن لاۋبەن بىلەن خوتۇنى ئارىسىدا جېدەل-ماجىرا چىقىشقا باشلىدى، ئاشخانىنى ئەنسىزلىك، پاراكەندىچىلىك باستى، ھاشىم ئالىلقانداق دەككە-دۈككىدىن خالىي ئەمەس ئىدى، پەقەت ساۋۇتلا خاتىرجەم، تېتىك ياشاۋاتاتتى، مانا بۈگۈنمۇ ھېچنېمىدىن غېمى يوق ھالدا جۇمەگە كەتتى. ئۇنىڭ بارغانسېرى تەقۋالىشىپ كېتىشى، ۋەزخانلىق قىلىشى، بېسىم ئىشلىتىشى ھاشىمغا ئېغىر كەلدى، ناماز ئوقۇش ئۇنىڭغا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ تەس ئىش ئىدى، كەيپىنى ھەرگىز تاشلىيالمايتتى. ھاشىم ئەگەر مۇشۇنداق بولىۋەرسە غېنى شاڭجاڭنىڭ ئاشخانىسىغا كېتىشنى ئويلىدى. بۇنداق بولغاندا ساۋۇتنىڭ ياسىن لاۋبەنگە ئۇنى ھامان چېقىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ كەتمەيتتى، ئۆمەرنىڭ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئاكىسىغا داتلىشىدىن غەم يېمەيتتى، نەس باسقۇر ساتراشخانىلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئەيدىز ۋەھىمىسىگە چۆكمەيتتى، بەلكى غېنى شاڭجاڭنىڭ ''كېپىنەك قىزلىرى''نى كۆندە كۆرۈپ ئۇمىدۋارلىققا، شوخلۇققا چۆمەتتى، ئېپى كېلىپ قالسا ياسىن لاۋبەنگە بۇزۇلغان كۆلشەننى توغرىلاپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەركەكلىكىنى كۆرسىتىپ، نەچچە ۋاقىتتىن بېسقماي

كەلگەن يوشۇرۇن ئىستەكلىرىنى قاندۇراتتى... ئۇ يەردە يەنە ھاشىم بىلەن ئۈلپەت بولۇشىدىغان ئىچەرمەن-چېكەرمەنلەر بار ئىدى.

ئۇ ئۇيلا-ئۇيلا مۇشۇ نىيەتكە كېلىپ غېنى شاڭجاڭغا تېلېفون ئۇرۇپ بېقىش قارارىغا كەلدى. غېنى شاڭجاڭنىڭ تېلېفونى ئېتىك چىقتى، «جۈمەگە كەتكەنمىدۇ؟ نامازدا تېلېفوننى ئېتىپ قويغانمىدۇ؟...» دېگەنلەرنى ئويلىغاچ ئاشخانىغا چىقتى، ياسىن لاۋبەنمۇ كۆرۈنمەيتتى، دېمەك، ھەممىسى جۈمەگە كەتكەن، كىر-قاسماققا، جۇنۇبلۇققا گەدەنگىچە پاتقان ھاشىملا «نەس باسقاندەك» تاشلىنىپ قالغانىدى. ئۇ تۇرۇپلا جۈمەگە ساۋۇت بىلەن بىللە بارمىغىنىغا سەل ئۆكۈنۈپمۇ قالدى، بارغان بولسا ھېچ بولمىسا ھەقسىز يۇيۇنۇۋالاتتى، ئۆز خەقلىرى بىلەن دىدارلىشىپ، تونۇشمىغانلار بىلەن تونۇشۇپمۇ قالاتتى، ناماز ئوقۇپ چىققاندا گۇناھتىن قۇتۇلۇپ، ئەيدىزدىن خالاس تاپقاندەك يەڭگىللەپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى... ئۇ دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ ئىچى پۇشۇپ تاماكا چەكتى، بۇ يەردىن كېتىش خىيالى بارغانچە كۈچىيىپ كەتتى. ئەمما غېنى شاڭجاڭ ياسىن لاۋبەننىڭ ئاكا ئاغىنىسى بولغىنى ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ بۇ مەسىلىنى ئويلىشىدۇ. بىراق ھازىر ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە بىر نەرسە دېگىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى. گۈلشەن بۇ ئاشخانىدىن كەتكەندىن كېيىن غېنى شاڭجاڭ ئۇنىڭ بىلەن ياسىن لاۋبەننىڭ بىرەر چاتىقى بار-يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرمەي قالمايدۇ ۋە ئاخىر ئۇ چاتاقنى بىلمەي قالمايدۇ. رەيھان ئۆتكەندە ئۈشتۈمتۇت غېنى شاڭجاڭنىڭ تېلېفون نومۇرىنى سورىدى، نېمىشقا ئېرىدىن سورىماي ھاشىمدىن سورايدىغانلىقى يېقىندا بۇ ئەر-خوتۇن ئارىسىدا بولۇۋاتقان سۈركىلىش ۋە غەلۋە-ماجىرالاردىن مەلۇم بولۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قانداقتۇر زادىلا كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان بىر مەسىلە تېشىلىپ چىقىۋاتاتتى. قارىغاندا ياسىن لاۋبەن يەنىلا گۈلشەنگە قانات سۆرەپ يۈرگەن، رەيھانمۇ بوش كەلمەي غېنى شاڭجاڭ ئارقىلىق ياسىننى تىزگىنلىمەكچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

ھاشىم بىر ھازادىن كېيىن ياتىقىغا قايتىپ غېنى شاڭجاڭغا يەنە تېلېفون قىلىۋىدى، تېلېفونى ئۇلاندى. قىسقىچە ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن ھاشىم مەقسىتىنى ئېيتتى.

ــ نېمىشقا ئىشلىگۈڭ كەلمىدى؟ سەۋەبىنى ماڭا ئېنىق ئېيت!ــ دېدى غېنى شاڭجاڭ ئۇنىڭغا سەل توڭ تېگىپ.

ـــ ساۋۇت بىلەن پەقەت چىقىشالمىدىم، مېنى سەل بوزەك قىلىۋاتىدۇ.

ـــ خوتۇن كىشىدەك قاقشىماي تۈزۈك گەپ قىل، قانداق بوزەك قىلدى؟!

ـــ ياتاقتا تاماكا چەككىلى قويمايدۇ، هاراقمۇ ئىچەلمەيمەن. يەنە بەش ۋاق ناماز ئوقۇيسەن، جۈمەگە بارىسەن دەيدۇ. بۇنداق زورلايدىغانغا نېمە هەققى دەيمەن، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسام مېنى ئاخىر ياتاقتىن قوغلاپ چىقىرىدىغاندەك قىلىدۇ.

ـــ ئوبدان دەپتىغۇ، ئاشۇنىڭ دېگىنىدەك قىل.

ـــ بۇغۇ مەيلى، ـــ دېدى هاشىم سەل تەمتىرەپ، ـــ ئۆمەر سولاقتا چۈشكەنىدىن كېيىن بۇ ئاشخانىدا تۈزۈك سودا بولمىدى، ياسىن لاۋبەن خوتۇنىنى ئۇرغاندەك قىلىدۇ، ئىككىسى بىر-بىرىگە تەتۈر قاراپ يۈرۈشىدۇ، بۇنداق كېتىشۋەرسە بۇ ئاشخانىدىن زىيان چىقىدۇ، ئىش هەققىمنى ئالالماي قالسام، بۇنداق ئىشلىگەنىدىن ئىشلىمىگەن ياخشى، شۇڭا...

غېنى شائجاڭ جىددىي سورىدى:

ـــ ياسىن زادى نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

ـــ كۈندە خوتۇنىنى بوزەك قىلىۋاتىدۇ،ـــ دېدى هاشىم شۈم خەۋەر يەتكۈزۈۋاتقاندەك ئالدىراپ،ـــ قارىغاندا ئۇ يەنە گۈلشەنگە بۇزۇلغاندەك قىلىدۇ. هېچ نېمە بىلەن كارى يوق ئىچىپلا ئولتۇرىدۇ، كەچ سائەت ئون بولمايلا يوقايدۇ، خوتۇنى ھەممىنى بىزگە تاشلاپ قويۇپ ئۆيىگە كىرىپ كېتىدۇ. نەچچە كۈن بولدى، تۈزۈك سودا يوق...

ـــ هازىر قېشىمدا ئادەم تولۇق،ـــ دېدى غېنى شائجاڭ،ـــ بىر مەزگىل چىداپ ئىشلەپ تۇر...

هاشىم دوغلاق لاسىدە بوشىشىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى، ئۇيقۇسى كەلمەي يەنە ئاشخانىغا چىقتى، قورسىقى ئېچىپ كىرىپ قالغان نەچچىسى ئاشخانىغا كىرىپ ئاچكۆزلۈك بىلەن قارىدى، "تاماق بارمۇ، يوق؛ كاۋاپ

بارمۇ، يوق“، هاشىم ھەممىسنى قۇرۇق گەپ بىلەن يولغا سالدى. بۇ ئاشخانىغا كۆيۈنسە نېمە پايدا، خېرىدار كەلمىسە بىكارچىلىقتىن ھۇزۇرلىنىدىغان گەپ، چۈشتىن قورۇپ ئولتۇرۇپ بەرسىمۇ ھېساب. كۆڭلىدە ۋاق قوپۇپ، كەچ يېتىپ ئىشلىسە، تېپىپ بەرگەن پايدىغا لاۋبەن خوتۇننى قايرىپ قويۇپ ئاشنا ئوينىسا، هاشىم بىلەن ساۋۇت خۇددى ئۇنىڭ ئويىنىشىغا ياردەم بەرگەن شوۋىچىغا ئوخشاپ قالامدۇ؟! بۇ يەردىن كېتىش، بۇنداق پەسلىك، نەسلىكنى چوڭ سۆزلىگەن ئاشۇ ساۋۇتقا تاشلاپ بېرىش كېرەك...

هاشىمنىڭ غېنى شاڭجاڭغا ئېيتقانلىرى راست ئىدى، ياسىن ھەقىقەتەن ئاينىپ كەتتى، غېنى شاڭجاڭنىڭ يېنىدىن قايتىپ كەلگەن كۈنى ئاخشىمى نومۇسسىز خىيالنى ئاخىر ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، رەيھاننى تاشلاپ گۈلشەننىڭ قوينىدا تاڭنى ئاتقۇزدى، ئەتىسى ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، رەيھاننىڭ بىر كېچىدىلا قېرىپ كەتكەندەك بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىغان بولسىمۇ، ”بىر ئاخشام چىدىغان ئادەم يەنە بىر ئاخشاممۇ چىدايدۇ، چىدىمىسا ئامال يوق، خوتۇن خەق دائىم ئۆزىنىڭ ئىچى تارلىقىدىن ئۆزىنى قىينايدۇ، ئۆزىگە قەستەن جاپا سالىدۇ...“ دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا گەپ قىلغۇسى كەلمىدى. رەيھان ئۇنىڭ بىلەن يەنە سوقۇشقىلى ماجالى قالمىغاندەك ھالسىز، پەرۋاسىز ئىدى، چىرايى ئازابلىق بولسىمۇ، نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ ياسىننىڭ چىرايىغا پەقەت قارىمىدى، ئېرىپ-تېرىپ زادىلا قاراپمۇ سالمىدى، ئەمدى زادىلا قارىمايدىغاندەك قىلاتتى. بۇ ھالدىن ياسىننىڭ ئىچى سىقىلدى، بالىسى يەسلىگە ئاپىرىپ قويۇپ كېلىپ يولدا بىر دەم تاماكا چېكىپ تۇردى، تېخى ئىشكى ئېچىلمىغان ساتراشخانىغا قاراپ نەچچىنى تۈكۈردى. ئاشخانىغا كىرىپ ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنى قىلىۋاتقان خوتۇنىغا قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى، گەپنى نەدىن باشلاشنى ھېچ بىلەلمىدى.

__ ماڭا ئەمدى گەپ قىلمايدىغان بولدۇڭما؟!

__....

__ گۈلشەننى خوتۇن قىلغىنىمغا ئەمدى ئىشەنگەنسەن؟!

__...

ــــ ئىش ئەمدى بۇ يەرگە كەلگەندە ئەلەكمۇللا دېگىن، ئاكاڭدىن سوراپ باقساڭ بولىدۇ، بىر ئەركىشىگە تۆت خوتۇن ئېلىش ۋاجىپ.

ــــ . . .

ــــ قورسىقىڭنى كەڭرەك تۇتساڭ نېمە بولىدۇ دەيمەن؟! بىر ئەرگە تەگكەن كۆپ خوتۇنلارمۇ ئاچا-سىڭىلدەك ئۆتىدىكەن، سەن نېمىشقا شۇنداق بولالمايسەن دەيمەن، گۈلشەننىڭ نەرى يامان؟ ئۇ سېنى بۇرۇندىنلا ئاچام دەپ كېلىۋاتىدۇ. خالىساڭ ئۇنى خىزمىتىڭگە سالساڭ بولىدۇ، ئۆزەڭگىمۇ جاپا ئەمەس... شۇنچە دېسەم گېپىمگە پەقەت ئىشەنمىدىڭ.

ــــ. . .

ــــ ئۇنى ئاشخانىغا ئەكەلمىسەم بۇ سودا يېنىپ كەتكۈدەك. سېنىڭ ھازىر كاللاڭ تازا جايىدا ئەمەس، كۆڭلۈڭدە نەچچە قاچىنى چېقىۋېتىپ بارىسەن. سەن ئەمدى ئۆيدە ئولتۇرۇپ بالا باق، گۈلشەن ئىشلىسۇن. ئۇ ئىشلىگەن چاغدا سودا ئالامەت بولغان، ئۇ ھازىر مېنىڭ خوتۇنۇم بولغاندىكىن، ئېرىمنى ئازدۇرۇپ كېتەمدىكىن دەپ ئەنسىرىمەيسەن. كۆپ خوتۇنلۇقنىڭ مۇشۇنداق پايدىسى بار. بىر خوتۇن ئۆي ئىشىغا، بىر خوتۇن تالانىڭ ئىشىغا قارىسا ئائىلىمىز گۈللەنسە، ھەممىمىز خۇشال ئۆتسەك، بۇنىڭ نېمىسى يامان؟! كاللاڭنى ئازراقلا ئىشلەتسەڭ، بۇنىڭ ئۆزەڭگىمۇ پايدىسى بارلىقىنى كۆرىسەن.

ــــ ئىككى خوتۇن سېنى باقسا-ھە! مۇشۇمۇ سېنىڭ ئەركەكلىكىڭ؟! كۆپ خوتۇن ئالالايدىغان ئەر ھەرگىز سەندەك ئەبگا بولمايدۇ، ھالىڭغا بېقىپ ئىش قىل!ــــ دېدى رەيھان ئاخىر غەزىپىنى باسالماي، ئۇ بۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندىمۇ يەنىلا ياسىنغا قارىمىدى.

ــــ دېمەك سەن مېنى كۆزۈڭگە ئىلمايدىكەنسەن-دە! شۇنداق دېگىنىڭ ئۈچۈن ئەمدى ساڭا تېتىغۇدەك ئەر بولىمەن، ئۇقتۇڭمۇ!

ــــ مېنى قانداق ئىندەككە كەلتۈرۈپ خوتۇنلۇقتا ئالغىنىڭ ئېسىڭدىدۇ؟! سەن ئەسلى مەندەك قىزغا لايىق ئەمەستىڭ، شۇنى ياخشى بىلىپ قال، ئەمدى كېلىپ كۆزۈڭگە سىغماي قالدىم، تېخى مەندىن چانغىدەك بولدۇڭ، لېكىن مېنى بۇنداق خارلايمەن دەپ خىيالىڭنى خام چاغلىما، خالىسام ھەسەلدەك، خالىسام زەھەردەك تېتىيمەن ساڭا!

ــــ ۋاھ، ما گەپنى، مۇشۇ گەپنى سەن دەۋاتامسەن؟ ئۆز كۆزۈمگە ھېچ ئىشەنمەي قالدىمغۇ مەن، خوتۇن خەقنىڭ ئىچىدىن ئارغامچا، توقۇناتتىن باشقا ھەممىسى چۈشىدۇ دېگىنى راستكەن-دە، ساڭا دەپ قوياي، مەن بىلەن قېرىشىپ پايدا ئالالمايسەن، ئەينى ۋاقىتتا مىجەزىڭگە قارىماي، چىرايىڭغا قاراپلا ئاپتىكەنمەن، ئەسلىدە مىجەزى بەك مۇھىمكەن، مۇشۇ مىجەزىڭ بولسىلا سەن ياخشى ياشايمەن دەپ ئويلىما، خوتۇن خەق ئېرىگە قانچە بويسۇنسا شۇنچە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، بولمىسا بۇ چىرايىڭ بىر تىيىن، كوچىدىكى مايماقلارچىلىكمۇ بولالمايسەن!

ــ كۆزۈڭگە ئېشەك تېزىكى گۈل كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغاندا چوشقىلارمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. مەن سېنىڭ ئەمدى قانداق ئادەملىكىڭنى ئوبدان بىلدىم. ئۆزەڭنى تولا ئاقلىما، گەپ قىلغانچە ئەمدى مازلىشىپ قالسەن.

ــ زۇۋانىڭ يەنە ئېچىلدىغۇ، مۇشۇنداق ئاغزى يامانلىقىڭدىن بالاغا قالسەن، كۆزۈمگە شۇنچە سەت كۆرۈنسەن! تىللاشسام ماز دەيسەن، ئۇرسام نامەرت دەيسەن، كىيگۈزىدىغان قالپىقىڭ تەييار، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى زۇۋانىڭنى يىغىۋال.

ــ ئاغزىمنى ئاچۇرغان ئۆزەڭ! ماقۇل، مەن ئاغزىمنى يىغىۋالاي، لېكىن مەنمۇ ئىچىمدىكىنى دەۋالاي، قارىساڭ كۆزۈڭنى ئويىمەن، گەپ قىلساڭ تىلىڭنى كېسىمەن دەمتىڭ؟! مەن سېنىڭ قۇلۇڭ ئەمەس، مېنى بۇنداق خارلايدىغان بولساڭ، ئەڭ ياخشىسى خېتىمنى بەر، بالامنى ئېلىپ يۇرتقا كېتىمەن!

ــ ئۇخلاپ چۈشۈڭ! ــ دېدى ياسىن تەھدىت سېلىۋاتقاندەك كۆپۈپ چىڭقىلىپ، ــ ئېغىزىڭدىن ئەجەپ ئاسان چىقىدىكىنا بۇ گەپ، سەن بالىنى يېتىم قىلماقچىما؟ مۇشۇنداق قىلسام پەيلىدىن يانىدۇ دېمەكچىما؟ مۇنداق قىلىپ مېنى قورقىتالمايسەن، نىيىتىمدىن ياندۇرالمايسەن! يىغلىساڭ يىغلا، تىللىساڭمۇ تىللا، ئاجرىشىمەن دەپ

پوپوزا قىلساڭمۇ قىل، لېكىن مېنى بويسۇندۇرىمەن دەپ خام خىيال قىلما، ساڭا باش ئەگسەم مەن ئەر ئەمەس! مەن بىلەن قارشىلىشىپ ياكى مەندىن قېچىپ ھەرگىز پايدا ئالالمايسەن، ئەگەر ھەددىڭدىن ئاشساڭ مەندىن يامانلىما، ۋاقتى كەلسە سېنى ھەرگىز ئاياپ ئولتۇرمايمەن!

— ئەڭ ياخشىسى مېنى چىرايلىق يولغا سېلىپ قوي...— دېدى رەيھان ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن تىكىلىپ، — مېنىڭ ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، ساڭا نەچچە يىللىق خوتۇن بولغىنىمنىڭ يۈزىنى قىل، بالىنىڭ يۈزىنى قىل، مەن كەتكەندىن كېيىن نېمە ئىش قىلساڭ قىل، ئون خوتۇن ئالساڭمۇ كارىم يوق! ھازىر سەن دېگەن نوچى، پۇلى جىق بايۋەچچى، مەندەك خوتۇننى ئەمدى نېمە قىلىسەن؟ كۆزۈڭگە سەت كۆرۈنگەن خوتۇننى ئۆيۈڭدىن قوغلىۋەتسەڭلا بولىدىغۇ!

— كىم سېنى قوغلىۋېتىمەن دەپتۇ، گەپنى مۇشۇنداق تەتۈر تولغايسەن، ئۆزەڭنىڭكىنى راست دەيسەن، قورسىقىڭنى زادى كەڭ تۇتمايسەن! شۇڭا ئاچچىقىم غەزەپ كېلىدۇ ساڭا!

— خوتۇن كىشىنىڭ ئىچى ئاشۇنداق تار، گۈلشەن دېگەن پاسكىنىمۇ ئىككىمىزنىڭ بىللە ئۆتتۈشكە چىدىماي ئارىمىزنى بۇزماقچى بولۇۋاتىدىغۇ؟ نېمىشقا بۇنى ئويلىمايسەن؟!

— گۈلشەن ئەزەلدىن ماڭا ”خوتۇنىڭىزنى قويۇۋېتىڭ“ دەپ باقمىدى، ئۇنىڭ سەن بىلەن بىللە ماڭا خوتۇن بولغۇسى بار، سەن بىلەن ئاچا-سىڭىلدەك ئۆتكۈسى بار، شۇنچە دېسەم نېمىشقا ئىشەنمەيسەن؟!

رەيھان سوغۇق، مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويۇپ، يەنە غەزەپلىك، ھەسرەتلىك ھالەتتە قايتتى:

— ئۇ پاسكىنىنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىنى مەندىن سورا، ئۇ مېنى مۇشۇنداق قىلىپ ۋەيران قىلماقچى، ھەممىگە ئۆزى ئىگە بولماقچى! كىچىككىنە تۇرۇپ يامانلىقنى كۆرمەمدىغان، ۋۇي زاكىسىدىن قېرىپ قالغان بۇزۇق!

— بولدى قىل، سەتلەشمە! ئىغىزىڭنى بۇزغانچە كۆزۈمگە تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتىسەن... ئىغىزىڭنى يىغىۋال.

— كىچىك خوتۇنۇڭ مەندىن بەك ئەدەبلىكمىكەن؟! ئۇنداق رەسۋانى تىللاش كېرەك، مەن ھېلىمۇ گەپ قىلماي‍ۋاتىمەن، ھەر قايسىڭدىن نومۇس قىلىپ، يىغلىسامۇ ئىچىمدە يىغلاپ، دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ يۈرۈۋاتىمەن.

— ئاخىر ئېتىراپ قىلدىڭ مانا، توغرا چۈشەنسەڭلا ھېچ ئىش يوق، قارنىڭنى كەڭ تۇتساڭ دەردىڭمۇ تۈگەيدۇ، ھەممە ئىشنى ماڭا قوي، خالىساڭ ئۇنى خىزمىتىڭگە سالاي، ئۇنى ئۇرۇپ-تىللىمىغىن، ئاشخانىدا ئىشلىسۇن، پۇتۇڭنى تۇتۇپ بېشىڭنى تاراپ قويسۇن. ئىككى خوتۇن بولسا مۇڭدىشىپ زېرىكمەيسىلەر، يالغۇز ئۆتتۇەرسەڭ مۇشۇنداق ئۆزەڭنى قىيناپ ساراڭ بولىسەن. مەن سېنى ئوبدان بىلىمەن، بۇ ئىش كاللاڭدىن ئۆتمەيدىغىنى راست، لېكىن ئوبدان ئويلىنىپ باقساڭ، بۇنىڭ پايدىسى كۆپ، ئادەم دېگەن ھەر ئىشنى كۆرۈپ باققۇلۇق، ئۆزىنى قىينىماي ياشاپ باققۇلۇق!

— مېنى يولغا سېلىۋېتىپ نېمە قىلساڭ قىل، مەن ئۇنداق پاسكىنا بىلەن ھەرگىز بىر ئۆيدە ياشىمايمەن، ئۇنىڭ چىرايىغا قارىسامىلا ئۆكۈرىمەن، سېرىق چاچلىرىنى يولىمەن، ئۇ چاغدا چىدىمايسەن، ئۇنىڭغا ئۆزەڭنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ماڭا مۇشت تەڭلەيسەن، ئىككى خوتۇننىڭ ئارىسىدا قېلىپ قىينالغىچە تايىنلىق بىرىنىلا خوتۇن قىل، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى مېنى كەتكىلى قوي!

— ئىچىڭ نېمانچە تار، نېمشقا ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىق ئۆتەلمەيسەن، ئۇ سېنىڭ نەرىڭگە تاقىشىدۇ، كېلىپ سېنى ھۆرمەتلەپ، قولۇڭغا قول، پۇتۇڭغا پۇت بولسا نېمە يامىنى!

— ماڭا ئۇنداق مالاي خوتۇننىڭ كېرىكى يوق، ئۆزەمنىڭمۇ ساڭا مالاي بولغۇم يوق، سەن مېنى ئويلىمىساڭمۇ ما بالاڭنى ئويلا، ئۇ پاسكىنا كەلسە بالا قانداق قىلىدۇ، ئاپام دەمدۇ ئاچام دەمدۇ؟! ئەگەر ئۇنىڭ قورسىقىغا ئۇندۇرۇپ قويساڭ، ئۇنى كىم باقىدۇ؟ ما بالاڭنى كىم باقىدۇ؟ نەچچە يىل بىر ئۆيدە ياشىغان خوتۇن-بالاڭنى ئوڭلاپ باقالمايسەن، ئۇ مەينەتلەرنى قانداق باقىسەن؟ سەن شۇنچىلىك كاتتا بايمۇ؟ قاراپ باقە، ما ئاشخاناڭغا، تاقىلىپ

قالايلا دەۋاتىدۇ. ئۆمەر تېخى تۇرمىدە، شۇنچە ئىشلار قاراپ تۇرسا سەن يەنە شۇ پاسكىنىنىڭ غېمىدە! خوتۇنغا تويمىغان شۇ نەپسىڭ ئۈچۈن مېنى خارلاۋاتىسەن، بالاڭنى خارلاۋاتىسەن، مۇشۇمۇ سېنىڭ نوچىلىقىڭ؟!

ياسىنىنىڭ تېخى پۈتۈنلەي قارىيىپ كەتمىگەن كۆڭلى، كۆز چاناقلىرىدا قالغان بىر تامچە ياشتەك كىچىككىنە ۋىجدانى بۇ قاتتىق گەپلەردىن سىلكىندى، ئىزا، نومۇستىن پۈچۈلاندى، ئەمما جاھىللىقا پېتىپ كەتكەن ئەركەكلىك غۇرۇرى، ئاچچىق ئەلەمگە توشۇپ كەتكەن نەپسانىيىتى ھەر ۋاقىت ئۇنىڭغا يامان تەرەپتىن مەدەت بېرىپ تۇراتتى، ئۆزىنى جان-جەھلى بىلەن ئاقلايتتى، تەن بەرمەيتتى. ئويلايتتى: نەچچە خوتۇن ئالغان ئەركەكلەرمۇ خوتۇنلىرىنى تەڭ رازى قىلىدىكەنغۇ!؟ تۇغۇلغان باللىرىنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ باقىدىكەنغۇ؟! كۆپ خوتۇن، كۆپ بالا دېگەن بەرىكەت دەپ بىلىدىكەنغۇ؟ ئۇ ئاشنىسىغا دۇم چۈشۈپ خوتۇنىدىن يۈز ئۆرۈمىدى، ئەمدى بۇزۇقچىلىق قىلماي دەپ ئاشنىسىنى نىكاھلىق خوتۇن قىلدى، يەنە مۇشۇ خوتۇن-بالىسىنىڭ غېمىنى قىلىپ گۆلشەننى ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە سالاي، ئائىلىنى ھەم ئاشخانىنى گۈللەندۈرەي دېدى، بۇنىڭ نېمىسى يامان؟ بۇ خوتۇنىنىڭ ئاقماس غۇرۇرى مۇشۇ ئىشلاردىنمۇ مۇھىما؟ ئۇ ئەگەر ئېرىنى ھەقىقي ياخشى كۆرسە نېمشقا ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىنى چۈشەنمەيدۇ، نېمشقا ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىدۇ؟ نېمشقا پۇرسەت بەرمەيدۇ؟...

— سەن بۇنداق تەتۈرلۈك قىلما، ئېرىڭگە ھاقارەت قىلما،— دېدى ياسىن ئۆزىنى زورلاپ بېسىۋېلىپ، — ھازىر مەن ساڭا ئەمەس، سەن ماڭا نوچىلىق قىلىۋاتىسەن، ئاۋۋال ئۆينىڭ ئىشنى بىر مۇقىملىۋالاي، ئاندىن ئاشخانىنى ماڭدۇرىمەن، پۇل تاپىمەن، پۇل بولمىسا ئۆمەرنى قانداق ئاچىقىمەن؟!

— ئۆينى ۋەيران قىلدىڭ، ئەگەر تۆزەيمەن دېسەڭ ئا پاسكىنىنى نېرى يوقات، باشقىدىن ئەر-خوتۇن بولىمىز، ياشىغاندىكىن تۈزۈك ياشايمىز. ئەگەر نىيىتىڭدىن يانمىساڭ مەن ساڭا ھەرگىز خوتۇن بولمايمەن، بۇ يەردىمۇ تۇرمايمەن. ھازىر ھاشىم بىلەن ساۋۇتمۇ ئىككىمىزنىڭ ئىشلىرىنى ئۇقۇپ بولدى، چوقۇم بۇ يەردىن كېتىمىزكەن دەپ يۈرۈيدۇ. سەن بۇنداق يۈرىۋېرىدىغان بولساڭ ئاشخاناڭدىن ئەمەس، خوتۇن-بالاڭدىنمۇ قۇرۇق قالىسەن.

—— پاھ، ما گەپنى قالتىس دەۋەتتىڭغۇ! سەن شۇنداق بولۇشنى تىلەيدىغان ئوخشىمامسەن؟! نىيىتىڭ نېمانداق يامان خوتۇن سېنىڭ! خوتۇن دېگەن ئېرى بىلەن تەڭ كۆيۈنۈپ ئۆينى ئۆي قىلمامدۇ !؟ بارغانچە ئوسالللىشىپ كېتىۋاتىسەن، خوتۇن بولار سېنىڭدەك تەتۈر بولماس. شۇڭا مېنىڭ سەندىن رايىم يېنىپ كەتكىنى بىكار ئەمەس، چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس، كۆيگەن چىرايلىق دېگەننى ئاڭلىغانمۇ؟ ئويلاپ باقسام، سېنىڭ مېنى كۆيدۈرىدىغان ھېچنېمەڭ قالماپتۇ ! بولمىسا بۇنداق سەت كۆرۈنۈپ كەتمەستىڭ! شۇنداقتىمۇ سېنى يەنە ئۆزگىرىپ قالار، بۇرۇنقىدەك ياخشى بولار دەپ يۈرۈۋاتىمەن. نەچچە يىللىق ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ مېنى ئويلىساڭ، ماڭا بىر پۇرسەت بەرسەڭ نېمە بولىدۇ؟

— ئەمدى ئۆمىد كۈتمە، سەن مېنى ئويلاپ قويمىغانىدىكەن، مەن سېنى نېمىشقا ئويلايتتىم؟ كۆزۈڭگە سەت كۆرۈنۈپ كەتكەن بولسام ئاشۇ پاسكىنا چىرايلىقنى خوتۇن قىلساڭلا بولمىدىمۇ؟...

ياسىننىڭ سەۋر قاچىسى تاشتى، چىرايى تۇمۇردەك قارىداپ سەتلەشتى:

— بولدى، بولدى، ئەمدى ساڭا گەپ قىلغان ئادەم ساراڭ، مەن قىلدىغىنىمنى قىلىۋېرىمەن. خالىسام سېنى خوتۇن قىلىمەن، خالىمىسام كەشىگىنى توغرىلايمەن، لېكىن ھازىر ئەمەس! ھېچنەگە بارماي بالىنى باقسەن، ئاشخانىدا ئىشلەپ پۇل تاپىسەن، ئۆمەرنى ئۆزەڭ ئېلىپ كەلگەن، ئۆزەڭ پۇل بېرىپ يامان ئۆگەتكەن، ئەمدى ئۆزەڭ ئەچىقسەن، ئۆمەرنى ئەچىقىپ نەگە يوقالساڭ يوقال. لېكىن ئاڭغىچە چىچىڭ ئاقىرىپ كەتكىچە مەشەدە ئىشلەيسەن. ھەر كىم ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا ئۆزى جاۋابكار، ئۇقتۇڭمۇ؟! بۇنىڭغىمۇ ياق دەپ باقە قېنى!

— سېنىڭ قولۇڭدىن كېلىدىغان نامەرتلىك مۇشۇ بولسا، پىشانەمگە پۈتۈلگىنىنى كۆرەي...— دېدى رەيھان كۆزىگە ئاچچىق ياش ئېلىپ، — ھەممە بالانى ماڭا ئىتتىرىپ قويۇپ ئۆزەڭ نومۇس قىلماي بۇزۇقچىلىق قىلساڭ، خۇدايىم بىر كۈنى جاجاڭنى بېرەر...

— ماڭا ئازراق يامانلىق تىلە، شۇم خوتۇن! — دېدى ياسىن تالاغا ماڭغاچ سەت ئالىيىپ، — ياخشىلىق ياراشمىغان ئادەمگە يامانلىق يارىشىدىغان ئوخشايدۇ، ئۆزەڭگە ئۆزەڭ قىلدىڭ، مەندىن يامانلىما!

ياسىن چىقىپ كېتىشىگە رەيھان ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۈنسىز يىغلاشقا باشلىدى، ئۆز ھالىغا ئېچىنىشتىن كۆرە، بالىسىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ يىغلىدى. بالىسىنى ئېلىپ يۇرتقا كېتەي دېسە پۇلى يوق، مەرھۇم ئانىسى ئۇنىڭغا "پۇل دېگەننى ئەر كىشى تۇتىدۇ، خوتۇن كىشى ساقلاپ بېرىدۇ، ئەردىن بىسوراق پۇل ئېلىپ خەجلىسەڭ بولمايدۇ" دەپ ئۆگەتكەچكە، ئېرىنىڭ پۇلىغا كۆز قىرىنى سالمىغان. ئەمما بۇ ناكەس خوتۇنىنىڭ ساقلاپ بەرگەن پۇللىرىنى خوتۇنىغا خىيانەت قىلىشقا ئىشلەتتى، ئەمدى كېلىپ خوتۇنىنى پۇلدىن قىسىپ مىدىرلىغىلى قويمىدى. بۇ ئاشخانىدا ئەمدى سودا بولمايدۇ، ئۆي بۇزۇلۇۋاتسا ئوقەت ئاقامدۇ؟ ياكى رەيھان ھەممىگە چىداپ بۇ ئائىلىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەكمۇ؟ غۇرۇرىدىن رەھىمسىزلەرچە كېچىپ مۇشۇ تۇرمۇشتا ياشاۋېرىشى كېرەكمۇ؟ بالىسى ئوقۇۋاتىدۇ، خەنزۇچىدىن ئەمدى تىلى چىقىۋاتىدۇ، مەيلى قانداق ئەھۋالدا بولسۇن بۇ بالىنى ياخشى ئوقۇتۇش ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئارزۇسى... لېكىن ياسىن ئەمدى پۇل تاپالامدۇ؟ يەسلى پۇلىنى تۆلىيەلەمدۇ؟ قايسى ھالىغا ئىككى خوتۇنى ۋە بالىسىنى باقىدۇ؟ گۈلشەن راستىنلا ئۇنىڭ نىكاھلاپ ئالغان خوتۇنىمۇ؟ بۇ قانداق نىكاھ؟ توينى نەدە قىلدى؟ بۇ ئىشتىن ئاۋۋال رەيھاندىن رازىلىق ئېلىشى ھېچ بولمىسا دەپ قويۇشى كېرەكقۇ؟ بۇنداق ئوغرىلىقچە قىلىنىۋالغان نىكاھ نىكاھ بولامدۇ؟ گۈلشەن دېگەن مەينەت تام تۆشۈكىدىن تۇغۇلۇپتىكەنمۇ؟ ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەملەر؟ ئەر كىشى دېگەن شۇ دەرىجىدە دۆتلىشىپ، رەزگىلىشىپ كەتكەن بارمۇ؟ سۈرۈشتۈرمەيمۇ خوتۇن ئالامدۇ؟ نېمىشقا بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىمايدۇ؟ ئەگەر ئۇ پاسكىنىنىڭ بويىدا قالسا قانداق قىلىدۇ؟! ئۆزىنىڭ بالىسىمۇ يا غېنى شاڭجاڭنىڭ بالىسىمۇ، كىم بىلىدۇ؟!...

رەيھان خارلىنىش تۇيغۇسى ئىچىدە كۆڭلى قاتتىق بۇزۇلۇپ، ئۆيىدىكىلىرىنى ئويلىدى؛ مەرھۇم ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەممە دەردىنى تۆكۈپ بېرىدىغان، سىردىشىدىغان ئادىمى قالمىدى، دادىسى بولسا ئىش-ئوقىتىنىڭ تايىنى يوق، قىزىنى تالالىق قىلغاندىن كېيىن ئۇنى ئېرىگە تاشلاپ بەرگەن يۇۋاش ئادەم، قەدىناسى ۋاپات بولغاندىن ھالى تېخىمۇ خاراپ، ئوغۇللىرى بەك بېقىپ كەتسە كېلىنلىرى مۇنداقراق قارايدۇ. قارىم ئاكىسىنىڭ ئەھۋالىمۇ ياخشى ئەمەس، ھاشارغا چىقمىغان بىلەن ئون بەش كۈندە بىر يىغىنغا قاتنىشىپ، ھۆكۈمەت بىلەن جامائەت ئارىسىدا قاتراپ ھېرىپ كېتىدۇ. رەيھان ئۇنىڭغا دەردىنى ئېيتقان بىلەن ئۇ ياسىنغا يان بېسىپ، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇۋالغانلىقىنى توغرا دەپ تۇرىۋالسىچۇ؟ ئەينى چاغدا ئاكىسى ئۇنىڭغا ناھايىتى تەقۋا بىر بالىنى سايە

قىلغاندا رەيھان ئۈنىمىغان، چۈنكى ئۇ چاغدا ياسىن دېگەن بۇ نائەھلى بىچارە رەيھاننىڭ كاللىسىنى قايدۇرۇپ بولغان. رەيھان ئۇنىڭ شەمشادتەك قامەتلىرىگە، ناۋاتتەك گەپلىرىگە ئېرىپ ئۇنىڭغا تېگىشكە قارار قىلىپ بولغان. مانا ئەمدى ئىشتىن چاتاق چىققاندا ئاكىسىغا نېمە دېيەلەيدۇ؟! ئۇنىڭدىن قانداق ياردەم سورىيالايدۇ؟ پىخسىق يەڭگىلىرىدىنغۇ زادى ئۈمىد يوق. ياسىننىڭ ئۆيىدىكىلىرىگە ئەھۋالنى دېيىش ياكى ئۇلاردىن ياردەم سوراش مۇمكىن ئەمەس. هازىر تېخى ئۇلار ئۆمەرنىڭ تۈرمىدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، ئەگەر بىلسە رەيھاننى ئۆمەرنىڭ بېشىغا چىققان دەپ قاراپ، توقۇناقنىڭ ھەممىنى ئۇنىڭ بويىنىغا ئارتىدۇ...

رەيھان بۇلارنى ئويلاپ قاتمۇ قات ئىسكەنجە، چارىسىزلىك ئىچىدە ھەسرەتلىنىپ ياتتى، يۈرىتىدا راھەت كۆرۈپ تۇرالىغان بولسا كۆلدا جاپا چېكىپ نېمە قىلاتتى؟ ئۇرۇغ-تۇغقان دېگەننىڭ ھەممىسى ئۆز ھەلەكچىلىكى، ئۆز دەردى بىلەن؛ كۆلنىڭ ئەھۋالنى چۈشەنمەيدۇ، سوغا-سالام ئېلىپ بارسا خوش بولۇپ ئالىدۇ، كېتىدىغاندا ئۇزىتىپ قالىدۇ. كۆلگە چىققانلارنى پۇلنى جىق-جىق تېپىۋاتىدۇ دەپ ئويلايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بۇ يەردە ئەسكى تاملىقتا ئۆي تۇتقاندەك بىر كۈنمۇ ئارامخۇدا ياشىيالمايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ئۆي خەتەرلىك، تۆت بۇلۇڭدا ئەنسىزلىك... رەيھان مانا شۇ تاپتا بۇ ئۆيدە "سەككىز بال يەر تەۋرەتقانلىقنى" تۇيۇپ، يۈرەكلىرى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالاي دەۋاتىدۇ، "بالام، بالام" دەپ ئۇنىڭدىن ئەنسىرەۋاتىدۇ. بالىسى ئەمدى يەسلىدە ئوقۇپ بولدى، رەيھاننىڭمۇ بۇ يەرگە تارتىشقۇدەك ھېچنېمىسى قالمىدى. ياق، تېخى ئۆمەر بار، ئۆمەر تۈرمىدىن چىقمىغىچە بۇ كۈنلەر سىقىلىش ئىچىدە ئۆتىدۇ. ياسىن چوپچوڭ تۇرۇپ ئەقلىدىن ئېزىپ خوتۇنىغا ئەسكىلىك قىلسا گەپ يوق، يايراپ يۈرىدۇ؛ ئەمما ئۆمەر كىچىك تۇرۇپ، ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىپ ئېزىپ، قارىغا كەتسە تۈرمىدە يىغلاپ ياتىدۇ... بۇ نېمىدېگەن تەڭسىزلىك؟! ئەسلىدە ئۆمەرنىڭ ئورنىدا ياسىن يېتىشى كېرەك ئىدى...

رەيھان بۇ خىيالىدىن ھەيران قالدى، ئېرىگە شۇملۇق تىلىگەندەك دەرىجىدە ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئۆچ بولۇپ كەتكەنمىدۇ؟ توي قىلغاندىن بېرى رەيھاننى سۆيۈندۈرۈپ كەلگەن بۇ ئەر نېمىشقا ئات خۇددى ئېشەككە ئايلىنىپ قالغاندەك كەينىگە يېنىپ كېتىدۇ؟ ئەجەبا رەيھان چىرايىدىن كەتتىمۇ، ئېرىنى بۇرۇنقىدەك رازى قىلالمايدىغان بولۇپ قالدىمۇ؟! ئۇ چىرايىدىن كەتكەن بولسا ئەمسە غېنى شاڭجاڭنىڭ كۆزلىرى نېمىشقا بۆلەكچە چاقناپ، بۇغدىيەكلىرى

لىپىلداپ كېتىدۇ؟ ... گۈلشەن دېگەن پاسكىنىنىڭ زادى نەرى ياسىنى شۇنچە باغلىۋالغاندۇ؟! كۆندە يۈيۈنۈپ ئەتىر چېچىپ، چاچلىرىنى مايلاپ تۇرامدىغاندۇ؟ تۇتقان ئۆيلىرى زادى قانداقراق ئۆيدۇ؟ چوقۇم بۇ ئۆيدىن ئىسىل، پەردىلىرى بۇ ئۆيدىن چىرايلىق... بەلكىم يۇيۇنىدىغان مۇنچىسى تەييار. ياسىن ئەزەلدىن شۇنداق ئالىي تۇرمۇشقا ئېرىششنى ئويلايتتى. لېكىن ئۇ ئۆزىلا شۇنداق شارائىتقا ئېرىشىپ قالماي نەچچە يىللىق جاپاكەش خوتۇنىنىمۇ ئېرىشتۈرۈشى كېرەك ئىدىغۇ؟!... ئۇ ياسىنغا ئەگىشىپ كۈلگا چىققاندىن بېرى نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدى؟ زىخقا گۆش ئۆتكۈزۈپ بولالماي قوللىرى قانداق قاپارمىدى؟ ھەتتا بالىسى بويىدا بار ۋاقتىدىمۇ تەستە دوڭغىيىپ ئولتۇرۇپ گۆش چاناپ، ماڭالاي تەرىنى سۈرتۈپ كۈن-كۈنلەپ مۇشەققەتتە ئىشلىمىدىمۇ؟ ياسىن كاۋاپ سېتىپ خۇشال يېنىپ كەلسە ئۇنىڭ بويىنغا ئېسىلىپ سۆيمىدىمۇ؟ بازار باشقۇرۇشنىڭ ئادەملىرى تۇيۇقسىز كېلىپ كاۋابدانلىرىنى تارتىۋېلىپ جەرىمانە قويسا قاپاقلىرى ساڭگىلاپ يېنىپ كەلگەن شۇ ئېرىگە تەسەللىي بېرىپ ئۇمىد بېغىشلىمىدىمۇ؟ بېيجىڭنىڭ سوغۇق شامallıق قىش كېچىلىرى كۆمۈرخانىدا ئېرىنى ئىسسىتىپ ئۇنىڭغا راھەت بەخش ئەتمىدىمۇ؟... بالىسى تۇغۇلغاندىن كېيىن بىللە تارتقان جاپا-مۇشەققەتلىرىچۇ تېخى، ياسىن بۇلارنى قانداق قىلىپ بۇنچە تېز ئۇنتۇپ قالدى؟ نېمىشقا ئوغلىنى كۆندە ئاپىرىپ-ئەكىلىش جەريانىدا بولسىمۇ شۇلارنى ئويلاپ پەيلىدىن يانمايدۇ؟ نېمىشقا ئوغلىنىڭ سەبىي كۆزلىرىگە قاراپ، پاكلىق-گۈزەللىكنىڭ قەدرىنى ھېس قىلمايدۇ؟...

رەيھان بۇنىڭ جاۋابىنى تاپتى: ئۇ ئاشۇ ئاشۇ "جىن"نىڭ چاچلىرىغا ئىلىنىپ قالغان؛ ئاشۇ "جىن"نىڭ قوينىدا ئادەم ئەمەس، ھايۋانغا ئايلانغان؛ ئاشۇ "جىن"نىڭ كۈسرىنى كۆزىگە كىيۋالغاچقا، شۇ مەينەتنىڭ ئەۋرىتىدىن باشقا ھېچنېمە كۆزىگە كۆرۈنمەس بولۇپ قالغان!...

كۈنلەر ئۆتتۈۋەردى، ياسىن خوتۇنىغا ئۆزىنىڭ ئەركەكلىكىنىنى كۆرسىتىپ نوچىلىق بىلەن ياشاۋەردى، غېنى شاڭجاڭنىڭ ھارىقىنى پات-پات ئىچىۋەردى. رەيھان گويا ئىچىدىكى قورساق كۆپۈكى زەھەرلىك گازغا ئايلىنىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تاراپ كەتكەندەك شۇنچە ھالسىز، دەرمانسىز، ھېسسىياتسىز ئىدى، مۇزدەك گۈزەللىكى ئۇنىڭغا بىر قارىغان ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرەتتى، ئازاب، ھەسرەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەكچى بولغانلار ئۇنىڭ چېھرىگە قارىسىلا ئەينەن كۆرەلەيتتى.

ئاشخانىدا كۈنىگە ئاران نەچچە يۈز كويلۇق سودا بولاتتى، بۇنداق كېتىۋەرسە ئاشخانىنىڭ بارلىق چىقىملىرىنى قامداش تەسكە چۈشەتتى. پۇلى بولمىسا ئاشىنىسىنىمۇ ئوڭلاپ باقالمايدىغانلىقىنى بىلىدىغان ياسىن بۇنىڭغا ئامال قىلالمىدى، خېرىدارلارنى بويىنىدىن سۆرەپ ئەكىرگىلى بولمايتتى. ئۇ گۈلشەن بار ۋاقىتىدا سودىنىڭ ياخشى بولغانلىقىنى ئويلاپ، گۈلشەننى ئەكىلىۋالسىلا ھەممە ئىش ئوڭشىلىدۇ دەپ يۈرەتتى، ئەمما رەيھاننى بۇنىڭغا كۆندۈرۈپ بولالمىدى، يا ئۇنىڭ خېتىنى بېرىپ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرالمىدى، بۇنداق قىلسا بالىسىدىنمۇ ئايرىلاتتى، بالىسىنى رەيھاندىن زورلاپ ئېلىۋالسا ئۇنى مىڭ جاپادا باقمىسا بولمايتتى، گۈلشەنگە ھەم تۇتقۇزۇپ قويالمايتتى. رەيھاننى ئۇرۇپ بويسۇندۇراي دېسە بۇنچە ۋەھشىلىشىپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىمايتتى، ھەم غېنى شاڭجاڭنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورقاتتى. شۇڭا ئۇ كاللىسىنى "ساراڭ" قىلىشنى خالىماي، پەيت كۈتۈپ تۇرىۋەردى؛ بۇنىڭ قانداق پەيت ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ ئاڭقىرالمايتتى، بەلكىم رەيھان ئۆزگىرىپ، پەيلىدىن يېنىپ قالار دەپ ئويلىغاندۇ... ئاقىۋەتتە ئۇ رەيھاننى ئاسقۇغا ئېسىپ قويدى، پۇراپ قالغان گۆشتەك تاشلاپ قويدى. يېڭى خوتۇنىنىڭ ھۇزۇرى ۋە كەيپ-ساپانى قولدىن بەرمەي ئىچىپ-چېكىپ يۈرىۋەردى.

كېيىنكى ئايدا ياسىنغا ئوغلىنىڭ يەسلى پۇلىنى تۆلەشمۇ ئېغىر كەلدى، ئوغلى چوڭ بولسا، بىلىملىك بولسا ئۆزىدەك كاۋاپچى بولماي، ئالىم بولاتتى. بۇنىڭغا ئىلگىرى ئىشەنگەن ياسىن ئەمدى ئانچە ئىشەنمەس بولدى، بۇرۇنقىسى كاللىسى ساق ئىدى، ئەمدى نېمە بولدى؟! شەھۋەتتىن قايدى، بىر قۇرت قۇلىقىدىن تېشىپ مېڭىسىگە كىرىپ كەتسىمۇ ئۇ قۇرت زەھەرلىنىپ ئۆلگۈدەك دەرىجىدە كاللىسى بۇزۇلدى. بۇنداق كاللىدا ساغلام پىكىر، يۈكسەك پىلان نېمە ئىش قىلسۇن؟! شۇنداق قىلىپ ئۇ بالىسىنى يەسلىدىن چىقىرىۋېلىپ رەيھانغا تاشلاپ بەردى. ئاشخانىنىڭ سودىسى ئالدىراش بولمىغاچقا، بالىسىنى بېقىش رەيھانغا تەس كەلمىدى، ئەمما بالىسىغا ھەر بىر قارىسا ئۇنىڭ ئەبلەخ دادىسىنى ئويلاپ ئىچى غەزەپتىن ئۆرتىنەتتى. بۇ ئۇكىسىغا ئامراق ئۆمەرنى ئويلىسا، ئۇنى بەك ئۇزۇن يېتىپ كېتەرمۇ؟... دەپ تولا غەم قىلاتتى. ئۇ غېنى شاڭجاڭنىڭ ھېلىقى چاغدا دېگەن گەپلىرىنى ئۇنتۇمايتتى، ئەمما تېلېفون ئۇرۇپ ياردەم سوراشنى ئويلىسا ۋۇجۇدى قارا باسقاندەك ئېغىرلىشىپ كېتەتتى. بۇ گەپنى ئەسلىدە ياسىن دېيىشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئۆتكەنكى پاراڭدا غېنى شاڭجاڭ ياسىننىڭ ئىلتىجاسىنى رەت قىلغانلىقىنى ئېيتقان؛ ئەمما رەيھان ئۇ گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ بولغىچە كۆزلىرى ئويناپ، ئۆزىنىڭ ياردەم

قىلىدىغانلىقىنى پۇراتقانىدى. دېمەك، غېنى شاڭجاڭنىڭ پۇلىدىن تەمەيى يوق، خوتۇنىدىن تاماسى بار. بۇنداق ئادەم بىرەر نىيەتنى كۆزلىمىسە بىر كىمگە ئالدىراپ ياردەم قىلمايدۇ؛ ئۇنى دېمىگەنىدىمۇ، سودا قىلىدىغان ئادەم ھەرگىز زىيان تارتىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ...

رەيھان بىر ھەپتە ئويلاندى، ھەر كۈنى ئويلاندى، ياسىننىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرى ۋە ئۇچرىغان خورلۇقلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئويلاندى. ئۆمەرنىڭ ھەر كۈنى تۇزلۇق مومنى يەپ، قاماقخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا سىيىپ، ئۆزىنىڭ سۈيدۈكىنى پۇراپ، تامغا ئۇسۇپ يىغلاپ يۈرگەنلىرىنى خىيال قىلسا غېنى شاڭجاڭغا دەرھال تېلېفون قىلىپ، ھەممە دەردىنى تۆكۈپ، قانداقلا قىلسا شۇ ئۆمەرنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشنى ئويلايتتى. ئەمما غېنى شاڭجاڭنىڭ تەمەخور كۆزلىرىنى ئېسىگە ئالسا، ۋۇجۇدى شامال سوققان ياپراقتەك تىترەپ، پىكىرلىرى چىگىشلىشىپ كېتەتتى... بۇ بىر ھەپتىلىك زىددىيەتلىك خىيال داۋامىدا غېنى شاڭجاڭ بىلەن ياسىن تەكرار-تەكرار ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ ھالىنى قويمىدى. ياسىن ھەر ۋاقىت نەپرەتلىك بىر سايە بولۇپ رەيھاننىڭ پېشانىسىنى قارايتىپ تۇراتتى؛ رەيھان ئۇنى ھەر قېتىم ئويلىغاندا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىر غەزەبلىنەتتى، ئاھ ئۇراتتى. غېنى شاڭجاڭ ھېچ ۋاقىتتا بىكارغا ئىش قىلمايدىغان قاقۋاش سودىگەرنىڭ سىياقىدا رەيھانغا كۆز تىكىپ تۇراتتى. ياسىن غېنى شاڭجاڭنىڭ نىيەتلىرىنى بىلەمدىغاندۇ؟ ئۆزى ئەتىۋارلاپ ئالغان چىرايلىق خوتۇنىنى شۇ قېرى ئاغىنىسىنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ ئاپىرىپ قويۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ يېتەلەمدىغاندۇ؟ ... رەيھان ھەر كېچىسى ياستۇققا يالغۇز باش قويغاندا ئاچچىق ياش تۆكەتتى، ياسىنغا بولغان غەزەپ-نەپرىتى چېكىگە يېتەتتى: " ئاۋۋال ھارىقىنى ئىچتىڭ، ئاندىن گېپىنى ئاڭلىدىڭ، ئاندىن خوتۇنۇڭنى خارلىدىڭ، ئاندىن ئۆلۈك قوينىڭ گۆشىدەك تاشلىدىڭ...ھەممە يامانلىقنى ئۆزەڭ باشلىدىڭ، قاراپ تۇر، خىيانەت دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ساڭا كۆرستىپ قويىمەن، خىيانەتنىڭ زەھەردىن ئاچچىق تەمىنى ئۆزەڭگە تېتىتىمەن... ".

ئەمما ئۇ ئەتىسى ئويغانغاندا كېچىدىن سۈرگەن دەھشەتلىك خىياللىرىنىڭ بىر قاباھەتلىك چۈشتەك ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى، ئۆزىنىڭ ھەرگىز ئېرىگە خىيانەت قىلالمايدىغانلىقىنى، ئېرىدىن قورقمىسىمۇ خۇدادىن

قورقىدىغانلىقنى ئويلايتتى... بۇ تۇيغۇ ۋە خىيال داۋالغۇشلىرى ئۇنىڭ روھىدا دېگىنىز دولقۇنلىرىدەك مەۋج ئۇراتتى، ئۇ بۇ دولقۇندا ئاجىز بېلىقتەك جان تالىشاتتى...

ھەپتىگە سوزۇلغان روھى كۈرەش ئۇنى قاتتىق ھالسىراتتى، بۇ كۈنلەردە ياسىن ئۇنىڭغا چىرايىنى ئېچىپ، چىرايلىق گەپتىن بىرنى قىلغان بولسىمۇ رەيھاننىڭ تىنىمسىز روھىي كۈرەشلىرى توختىغان، كۆڭلى تىنچلىنىپ قالغان بولاتتى. ئۇنداق بولمىدى، ياسىن بالىسنى ئەركىلىتىپ قويغان بىلەن رەيھانغا يەنىلا گەپ قىلمىدى. رەيھانمۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە باش كۆتۈرۈۋاتقان ئىسيانكارلىقنى ئۇنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن قورققاندەك، چىش يېرىپ بىر نەرسە دېمىدى. ياسىن ئۇنى مۇشۇنداق تاشلىۋېتىش ئارقىلىق قينايمەن، باش ئەگدۈرىمەن دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، رەيھاننىڭ ھەر كۈنلۈك روھىي ھالىتىدىن، ئۆزى بىلگەنچە سۈرۈۋاتقان خىياللىرى ۋە پىلانلىرىدىن بىخەۋەر ئىدى. ئۇنىڭ ئۆز كۆڭلىدە ئېرىنى نەپرەت بىلەن قەدەممۇ قەدەم قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ "مۇھىم" بولغان، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، گۈزەل ئايالنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان بىر ئادەمنى قارشى ئېلىۋاتقانلىقنى بىلمەيتتى.

ھەپتە ئاخىرىدا ياسىن غەللىنى يىغىشتۇرۇپ، خوتۇن-بالىسىنى تاشلاپ قويۇپ يەنە تالاغا ماڭدى، كۆزى تالاغىلا قاراپ قالغان ئەرنى كىم قايتۇرۇپ كېلەلەيدۇ؟ ئۇنىڭغا تەسىر قىلغۇدەك بىر گەپ... ياق، گەپمۇ ئاقمايدۇ. دەيدىغانىنىڭ ھەممىنى دېيىشىپ بولدى، يەنە دېسە يەنە شۇ! قولىدىن تارتىپ يۈزىگە بىر شاپىلاق سېلىش، ياق، رەيھان ھەرگىز بۇنداق قىلالمايدۇ! ئۇنىڭغا تەسىر قىلغۇدەك، ئىچىدىن قان كەتكۈدەك، زەھەر يۇتقان كەبى تولغانغۇدەك بىر ئىش قىلىش... رەيھان مۇشۇنى ئەڭ توغرا تاپتى، غەزەپ كەلگەندە شەيتان ساماغا چىقىشىدۇ... رەيھان ئەمدى شادىيانە ئۇسسۇل ئوينايدۇ...

رەيھان ياسىن بىلەن غېنى شاڭجاڭ ئۇچرىشىپ ھاراق ئىچىپ بولغىچە غېنى شاڭجاڭغا تېلېفون ئۇرۇش قارارىغا كېلىپ، تېلېفونغا كىرگۈزۈۋالغان نومۇرغا بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن كەسكىنلىك بىلەن ئۇنى باستى، بىر سايراشتىلا تېلېفون ئېلىندى، غېنى شاڭجاڭنىڭ ھاياجانلىق ئاۋازى يېتىپ كەلدى:

ــ ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ سىڭلىم...

رەيھان بۇ يېقىملىق چاقىرىشنى ئاڭلاپ يۈرىكى سەل جايىغا چۈشتى، ئەمما دەيدىغان گېپىنى دەمال تاپالماي سەل ھودۇقتى:

ــ ھە… ياخشى. ئۆزىڭىزچۇ؟ خوتۇن-باللىرىڭىز تىنچلىقتۇ…

ــ نەدىكى خوتۇن باللىنى دەيسىز، خوتۇن تېخى ئۈزۈمچىدىن كەلمىدى، ئوينايدىغان ئويۇنلىرىنى ئويناپ بولالمىغان چېغى.

ــ مەن شۇ ئۆمەرنىڭ ئىشىنى دەپ تېلېفون قىلغانتىم…،ــ دېدى رەيھان گەپنى سوزۇۋېتىدىغان بۇ ئادەم بىلەن ئۇزاق گەپلىششىنى خالىماي ــ ئۆتكەندە ياردەم قىلالايمەن دەپتىكەنسىز، بولسا بىر ياردەم قىلغان بولسىڭىز…

ــ ئۇنىڭغا ئاز دېگەندە ئوتتۇز مىڭ كوي بولمىسا بولمايدۇ،ــ دېدى غېنى شاڭجاڭ پارىخورلارنىڭ پىرىدەك، ــ ئۇن بەش مىڭنى ساقچىغا بەرسەك، ئون مىڭنى ساتراش قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىغا بېرىپ ئەرز قىلدۇرمىساق، بەش مىڭنى دۇكان ئاچقان تەتەيگە بەرسەك ئاندىن بۇ ئىشنى تۈگەتكىلى بولىدۇ.

ــ ۋاي بۇنچە پۇلنى نەدىن تاپارمىز ئەمدى؟! ــ دېدى رەيھان ئەلەم بىلەن ۋايساپ، ــ نېماندىلاق تويماس خەقلەردۇر بۇ!

ــ ياسىنغا دەڭ، پۇلنىڭ جايىنى قىلسۇن.

ــ ئۇ بۇنداق قىلالىغان بولسا مەن سىزگە تېلېفون قىلمايتتىم. ئۇ يېنىمىزدا بارىنى ئاشىنىسىغا خەجلەپ تۈگەتتى. ئاشخانىدا ھازىر تۈزۈك سودا يوق، ياسىننىڭ ھېچنېمە بىلەن كارى يوق، ئۇ بۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا ئاشخانا تاقىلىپ قالىدۇ…

ــ قانداق مەسئۇلىيەتسىز نېمە ئۇ! ئوينىسىمۇ ئويناپ ئاشخانىسىنى تۈزۈك ماڭدۇرسا بولمامدۇ؟ ئىككى خوتۇن ئالىدىم دەپ سىزنى تاشلاپ قويسا قانداق بولىدۇ؟ ئەمدى كەلسە قاتتىقراق گەپ قىلمىسام…

ـــ ئۇنىڭغا گەپ قىلغانىنىڭ پايدىسى يوق، ئۆزىنى بىلەر، ئۆزىنى بىلمىسە بېشىنى يېگەندە بىلەر.

ـــ ئىككىڭلار يەنە ئۇرۇشۇپ قالدىڭلارما؟ مەن ئۆتكەندە كەلگەندە ئازراق تەربىيە قىلغان، خوتۇنۇڭنى ئۇرما، هايۋاننى ئۇرساڭ بولىدۇ، ئادەمنى ئۇرۇشقا بولمايدۇ، خوتۇننى ئۇرۇش ئۆتۈپ كەتكەن نامەرتلىك، بۇنداق نامەرتلىك قىلىدىغان بولساڭ، ئىككىنچى مېنى ئىزدىمە... دېگەن. ماقۇل دەپ كەتكەن، يەنە ئۇساللىق قىلىپتۇ-دە، ۋاي ئادەم بولمايدىغان گۆي!

ـــ ئۇ هازىر كېچىلەپ ئۆيگە قايتمايدۇ...ـــ دېدى رەيھان ئىختىيارسىز دەردىنى تۆكۈپ، ـــ هازىر ئۇنىڭغا شۇ ئاشنىسىلا بولسا بولدى، سىز ئېلىپ بەرگەن خوتۇن ئۇنىڭغا بەك يارىشىپ كەتتى، لېكىن سىزدىن ئاغرىنمايمەن، كاللىسى ئىشلەيدىغان ئادەم ئىش دېگەننى ئويلاپ قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئەقلىنى ئېشەك غاجاپ كەتتى، بالىنىمۇ يەسلىدىن چىقىرىپ ماڭا تاشلاپ بەردى. ئاجرىشىمەن دېسەم تېخى ئۇنىمايدۇ، يۇرتقا كېتەي دېسەم يا پۇل بەرمەيدۇ، گۈلشەننى ئاشخانا قويۇپ قويىمەن، سەن بىلەن تەڭ خوتۇن قىلىمەن دەيدۇ، دەپ بېقىڭە، ئادەمنى قاراپ تۇرۇپ مۇشۇنداق خورلىسا بولامدۇ؟! بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سىزگە ماختىنىپ تۇرۇپ دېگەندۇ؟

ــــ ياق...بۇنى ئۇقماپتىمەن، ماڭا شۇ گۈلشەننى ئاپىرىپ ئىشلەتسەم بولاتتى، خوتۇن كۆنلەپ ئۇنىمايۋاتىدۇ.. دېگەن گەپنى قىلدى. سىزگە بۇنچىلىك ئەسكىلىك قىلار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، راستىنلا ئادەم ئەمەس نېمىكەنغۇ ئۇ!

رەيھان غېنى شاڭجاڭ بىلەن تەڭلا ياسىنى تىللاۋەرگەننىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى ئويلاپ گەپنى يەنىلا ئەسلى مەقسەتكە بۇرىدى:

ـــ ئەھۋال مۇشۇنچىلىك غېنىكا، ئۆمەرنى مەن ئېلىپ كەلگەچكە بالانىڭ ھەممىسىگە مەن قالدىم، دېسەم گەپ جىق، دەرد تۆكىدىغان ئادەم تاپالماي سىزگە دەۋاتىمەن، سىز بۇ يەرگە بىزدىن بۇرۇن كەلگەن، جىق ئىشلارنى ئۇقىسىز، مۇناسىۋەت دائىرىڭىز كەڭ، پۇل خەجلىسەكمۇ ئازراق خەجلەپ شۇ بالىنى ئەچىقىدىغاننىڭ ئامالىنى قىلغىلى بولارمۇ؟

ــ ھەي تەس جۇمۇ، ھازىر ھېچكىمگە قۇرۇق گەپ خوشياقمايدۇ، بۇلار ئۇچۇن نەچچە مىڭ كوي دېگەن پۇل ئەمەس، ئىككى-ئۈچ تۈمەننى قومارمىسا ئىش بېجىرمەيدۇ. بۇنداق ئىشنى بىز تولا كۆرگەن، مەن تېخى سىزگە ئەڭ تۆۋەن مۆلچەرىمنى دەۋاتىمەن...

ــ پۇلدىن باشقا ئامال يوقكەن –دە، ئەگەر بىزمۇ سوتقا دەۋا قىلساقچۇ؟

ــ ئۇنىڭغا ئادۋوكات تېپىش كېرەك، ئۇنىڭغىمۇ ئون مىڭ كويدىن ئارتۇق پۇل خەجلىمىسە ئىشىڭىزنى قىلىپ بەرمەيدۇ، ئۆمەرنى ئاقلاپ چىقالىسا چىقتى، ئاقلاپ چىقالمىسا خەجلىگەن پۇلىڭىز بىكار كېتىدۇ. ئادەتتە بۇنداق گۇيلار پۇل تېپىشقىلا تۇرۇپ كەتكەن، ئىشنى ھەل قىلالمىسا جىنايەتچىنىڭ گۇناھى ئېغىركەن، ئامال بولمىدى دەپلا گەپنى تۈگىتىدۇ. ئەگەر ئۆمەرنى قاماقتىن ۋاقتىدا ئېلىپ چىقالمىساڭلار سوت ئېچىپ قالسا ئۇنى كىچىككەن دەپ قاراپ ئولتۇرماي يەتتە-سەككىز يىل كېسىۋېتىشى مۇمكىن، ھازىر ئۆسمۈرلەر تۈرمىسى دەپ بىر نېمە قۇرۇلدى، ئەگەر ئۆمەر بۇ تۈرمىگە كىرىپ كېتىپ قالسا پۇل خەجلەپمۇ ئەچىقالمايسىلەر...

رەيھان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ شۈركىنىپ، تىترەپ كەتتى، جىددىيلەشكىنىدىن بىر ھازا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى؛ ئەگەر ئۆمەر راستىنلا كېسىلىپ كەتسە رەيھان يەتتە-سەككىز يىل ئازاب چېكىدۇ دېگەن گەپ. بۇ جەرياندا ياسىن بىلەن ئۆي تۇتۇش مۇمكىن ئەمەس، ياسىننىڭ تۇغقانلىرىنىڭ يۈزىگە ھەم قارىيالمايدۇ... بۇ ئەمدى نېمە ئازاب، نېمە كەلگۈلۈك!

ــ باشقا بىرەر ئامالى بولماسما!...ــ دېدى رەيھان ئايانچلىق، ئىلتىجالىق، زەئىپ ئاۋازدا ،ــ سىز بىرەر ئامالىنى قىلالماسسىزمۇ؟ ئۆتكەندە ياخشى گەپلەرنى قىلىۋاتاتتىڭىز, بولسا بىر ياردەم قىلسىڭىز بولاتتى.

ــ مەن ياردەم قىلمايمەن ئەمەس، قىلىمەن؛ لېكىن گەپنىمۇ ئوچۇق قىلىمەن. بۇ ئىشنى پۇل بىلەنلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ دېدىم، ياسىنغىمۇ شۇنداق دېگەن، لېكىن ئۇنىڭغا پۇل بېرىپ تۇرمايمەن، چۈنكى مەن مەيدىسىگە مۇشتلاپ يۈرگەن ئۇ نوچىنىڭ ساخاۋەتچىسى ئەمەس. ئەمما سىز دېگەن خوتۇن كىشى، پۇل تاپالمايسىز، سىزگە پۇل بېرىپ تۇرالايمەن؛ ئېرىڭىزگە بېرىپ تۇرمىغان پۇلنى سىزگە بېرىپ تۇرالايمەن، پەقەت سىزنىلا دەپ بۇ ئىشىڭىزغا مېڭىپ

بېرەيلەيمەن. ئۆتكەنكى گېپىمدىن شۇنى ھېس قىلغانسىز، مەن ئېرىڭىزنى دەپ ئەمەس، سىزنى دەپ بۇ ئىشقا ماقۇل دەۋاتىمەن. مېنىڭ نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىمنى بىلىدىغانسىز؟ سىز ئەقىللىق ئايال، بۇنى بىرەر قۇر چۈشىنىپ بولدىڭىز... ئەمدى گېپىڭىزنى ئاڭلاپ باقسام بولىدۇ.

رەيھاننىڭ ۋۇجۇدىنى نەچچە كېچە قاباھەتلىك چۈشتەك بېسىۋالغان قاپقارا ۋەھىمە مانا ئەمدى ئەمەلىيەتتە غۇۋا كۆرۈنۈۋاتاتتى، ياق، ئېنىق كۆرۈنۈۋاتاتتى. ئەرلەرنىڭ ئاشۇ ئىشتىن بۆلەك ئويلايدىغان نېمىسى باردۇر؟ خوتۇن خەقنى بويسۇندۇرۇپ ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇشتىن باشقا نېمە غايىسى باردۇر؟...

رەيھان ياسىنىنى يەنە بىر رەت نەپرەت ئىلكىدە ئەسلىدى، خىيالىدا ئۇنى گويا غېنى شاڭجاڭ بىلەن بىرلىشىپ ئۆزىنى مۇشۇ ھاڭغا قىستىغاندەك ھېس قىلىپ، ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغاندى، زارلاندى، قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قىينالدى، كاللىسى ئېلىشىپ گاراڭ بولدى، ئۆزىنى ئۆزى ئەمەستەك ھېس قىلىپ ساراڭ بولدى... بىراق كۆھقاپنىڭ ئېغىزنى ئۆزى ئاچقاندىكىن ئۆزى ئېتىشى كېرەك، بوران-چاپقۇندا قالسىمۇ مەزمۇت تۇرۇشى، بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتىشى كېرەك. غېنى شاڭجاڭنىڭ ئاشۇنداق ئادەملىكىنى بۇرۇنلا بىلىدۇ، بۇنداق بولۇشنى ئۆزىمۇ مۆلچەرلىگەن، ئەمما نەق بۇ پەيتتە نومۇسنى سېتىش ئۇنىڭغا ھايات-ماماتلىق تاللاشتەك قىيىن كەلدى. ئىپپەت-نومۇسنىڭ ئايال كىشى ئۈچۈن ھاياتلىقتەك قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، نېمىشقا بەزى پاك قىزلارنىڭ ئىپپەت-ھايا، ئار-نومۇس، غۇرۇر-ۋىجدان ئۈچۈن جېنىدىن كېچىدىغانلىقىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك، ھەقىقىي گۈزەللىكنىڭ سىرىنى يەشكەندەك بولدى. بىر ھەپتىدىن بۇيان روھىي كۈرەش، ئىزتىراپلىق خىياللار ئىچىدە ئېلىشىپ قالاي دېگەنلىرىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى...

رەيھان جاۋاب بەرمەيلا تېلېفوننى بېسىۋەتتى، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى، ئۇ قاراۋاتقان نۇقتا بىر قارا چېكىت ئىدى، ئۇ قارىيىپ ئاخىر ئەتراپنىڭ ھەممىسنى زۇلمەتكە ئايلاندۇرۇۋەتتى، دېمەك، ھاياتتا بىر داغ قالسا ئۇنى ئۆچۈرمەك تەس. رەيھان پەقەت شۇنىلا ئويلىدى، يۈزگە چۈشكەن داغنى مەلھەم بىلەن داۋالاپ ئاقارتقىلى، يوقاتقىلى بولغان بىلەن، ئىپپەت-نومۇسقا چۈشكەن داغنى يوقاتقىلى بولمايدۇ. بىر نومۇسلۇق ئايال ئۈچۈن نومۇسنى قۇربان قىلىشتىنمۇ ئېغىر ئىش بولامدۇ؟ ئىمانىغا قانداق يۈز كېلىدۇ؟ ئېرىنىڭ، بالىسىنىڭ يۈزىگە

قانداق قارايدۇ؟ مەرھۇم ئانىسى بىلەن خىيالدا قانداقمۇ كۆڭۈللۈك مۇڭدىشالايدۇ؟ يۇۋاش ئاتىسنى، ئاكىسىنى قانداقمۇ بۇرۇنقىدەك خاتىرجەم ئېسىگە ئالالايدۇ؟ تېلېفوندا قانداقمۇ ئازادە گەپ قىلالايدۇ؟

ئۇ كۆكسىگە تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى، ئەمما خىيالى تىنجىمايتتى، شۇنچە پاكلىق بىلەن ئۆزىنى قوغدىغان بىلەن ئېرى قانداق قىلدى؟ پاك، ئېپپەتلىك خوتۇننىڭ قەدرىگە يېتىپ ئۇنى ئون نەچچە كۈندىن بۇيان باغرىغا بېسىپ باقتىمۇ؟ كۆڭلىنى خوش قىلىدىغان بىر ئىش قىلىپ باقتىمۇ؟ بۇغۇ نېرى تۇرسۇن، ئەقەللىيسى خوتۇنىغا نورمال ئادەمدەك مۇئامىلە قىلىپ باقتىمۇ؟ بۇ ناھەقچىلىك، بۇ كۆڭۈلسىزلىك قاچانغىچە داۋاملىشىدۇ؟! ئۆمەر مانچە يىل كېسىلىپ كەتسە ئۇنىڭ ئۇۋالى كىمگە؟...

رەيھان يەنە نەچچە كۈن ئۆزى بىلەن ئېلىشتى، ئۆزى بىلەن قېرىشتى، ئۆزى بىلەن ئەپلەشتى، ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىمۇ، ئەڭ ئېسىل دوستىمۇ يەنىلا ئۆزى ئىكەن، قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۆزى بىلەن قانداق مۇرەسسە-مادارا قىلىش كېرەك؟ زىخمۇ كۆيمەيدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان قانداق ئۇسسۇل بار؟ غېنى شاڭجاڭغا ۋەدە بېرىپ قويۇپ، ئۆمەر تۇرمىدىن چىقىۋالغاندىن كېيىن بىر يەرگە قېچىپ كەتسىچۇ؟ ئۇ قاقۋاش ئوغرى رەيھانغا شۇنچە ئاسان ئالدىنارمۇ؟ يامان خوتۇنلار ھەم قىلىن، ھەم ئالدامچى كېلىدۇ، رەيھان ھەرگىز بۇنداق خوتۇنلارنى دوراپ بولالمايدۇ.

رەيھان غېنى شاڭجاڭنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىمايلا تېلېفوننى بېسىۋەتكەنلىكىنى ئويلاپ قالدى، شۇ چاغدا ''ئۇنداقتا سىز مېنى نېمە قىل دەيسىز؟'' دەپ سورىغان بولسا، شاڭجاڭنىڭ مەقستى ئايدىڭلىشاتتى. خوتۇن كىشى تۇرۇپ دادىللىق بىلەن تېلېفون ئۇرۇپ گەپ باشلىغاندىكىن گەپنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاپ ئاندىن قارار قىلغان بولسا ياخشى بولاتتى، تېلېفوننى بېسىۋېتىپ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى خىيالىنى ئاشكارىلاپ قويغاندەك بولدى، ھەقىقەتەن خۇددىكى بارنىڭ مۇنىكى بار دېگەندەك سەت ئىش بولدى...

رەيھان بۇلارنى ئويلاپ يەنە نەچچە كۈن ئىچى پۇشۇپ تىتىلداپ يۈردى، ھەتتا غېنى شاڭجاڭنىڭ تېلېفون ئۇرۇپ قېلىشىنى خالار-خالىماس كەيپىياتتا ساقلىدى. شاڭجاڭ تېلېفون قىلمىدى، ئەگەر شۇنداق نىيىتى بولسا ئۆز

ئايىغى بىلەن كېلىۋاتقان توشقانغا ئوقيا ئېتىپ ئۇنى ئۆز نەپسىگە يەم قىلغان بولاتتى. ئۇنداقتا غېنى شاڭجاڭنىڭ مەقستى زادى نېمە بولغىيدى؟ " خوتۇنۇم يوق، خوتۇن سېغىنىپ كەتتىم، بىر ئاخشام ماڭا ھەمراھ بولسىڭىز ئۆمەرنى ئەتە يېنىڭىزدا كۆرىسىز" دەرمىدى ياكى " ياسىنىدىن كۆڭلىڭىز قالغان بولسا ماڭا تېگىڭ، خوتۇنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى تالاق قىلىۋېتىپ سىزنى ئالىمەن، بالىڭىزنى ئۆز بالامدەك كۆرۈپ باقىمەن، يەسلىگە پۇل تۆلەپ ئوقۇتىمەن" دەر بولغىيمىدى؟... قانداقلا بولسۇن، ئۇ نەپسى بالا ئادەم مۇشۇ ئىككى تەلەپنىڭ بىرىنى قويماي قالمايدۇ. پۇل تاپالمايدىغان بىر خوتۇن كىشىگە ھەرگىز ئوتتۇز مىڭ كوي قەرز بېرىپ تۇرمايدۇ، ئۇنىڭ ئېرىشمەكچى بولغىنى باشقا...

رەيھان غېنى شاڭجاڭغا قايتا تېلېفون ئۇراي دەيتتى، كۆڭلى كۆتۈرمەيتتى. مۇشۇنداق تولا ئىككىلىنىپ بىئاراملىق، ئىزتىراپ ئىچىدە يۈرگەندە ياسىن ئۇنىڭغا يەنىلا خوتۇن كىشىدەك قېيداپ يۈرىۋەردى؛ رەيھانمۇ غېنى شاڭجاڭغا تېلېفون ئۇرۇپ خاتا ئىش قىلغاندەك، ھامان بىر كۈنى ياسىنغا يۈز كېلەلمەيدىغان بىر ئىش قىلىپ سالىدىغاندەك ئەيىكارلىق تۇيغۇسىدا ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك بەك نەپرەتلىنىپ كەتمىدى، چىرايىنىمۇ ئاچمىدى.

ئەمما بىر كۈنى چۈشتە ياسىن گۈلشەننى ئاشخانىغا باشلاپ كىرىپ تاماق يېدى. ئاشخانىدا خېرىدارلار تاماق يەۋاتاتتى، رەيھان ئۆزىنى مىڭ تەستە بېسىۋېلىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى، كۆزلىرى غەزەپتىن ياندى. بۇ ياسىننىڭ تۇنجى قېتىم "كىچىك خوتۇنى" بىلەن ئاشكارا كۆرۈنۈشى، "بىزنى ئەمدى قوبۇل قىل" دەپ رەيھانغا بەرگەن بېشارىتى ئىدى. رەيھان بۇ ھاقارەتنى كۆتۈرەلمىدى، ئۆيلىگەنچە غەزەپلەندى. بالىسىنى ئۆيدە قويۇپ، ئاشخانىغا چىقىپ ئۇ ئىككىسىنى تىللاپ ھەيدەپ چىقىرىۋەتكۈسى كەلدى، ئەمما ئادەتتە سودا بولمايدىغان بۇ ئاشخانىدا بۇ كۈنى قېرىشقاندەك، ياكى گۈلشەن دېگەن پاسكىنىنىڭ ئايىغى يارىشىپ كەتكەندەك، ئادەم كۆپ ئىدى.

رەيھان ھۇجرىسىدا ئازابتىن تۇگۈلۈپلا قالدى، كارىۋاتتا ئۇخلاۋاتقان بىچارە بالىسىغا قاراپ ياش تۆكتى. كارىۋاتقا قاراپ تۇيۇقسىز سەسكەندى: مۇشۇ كارىۋات بۇلغانغاندىن باشلاپ تۇرمۇشمۇ بۇزۇلدى. مۇشۇ كارىۋاتتا

رەسۋالىق باشلانغان، ئەمدى يەنە مۇشۇ كارىۋاتتا داۋاملىشارمۇ؟ ئۇ ئىككىسى ”بىز ئەمدى ئەر-خوتۇن“ دەپ نومۇسنى قايرىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدا شۇ رەسۋالىقلىرىنى قىلىشارمۇ؟

ئۇ قورقۇنچلۇق ئالۋاستىلار ئارىسىغا كىرىپ قالغاندەك قورقتى، ئۇ مىكىجىننى چىقىپلا بىر نېمە قىلىۋېتەي دېسە ئېرى قاراپ تۇرمايدۇ، ئۇنى قوغدايدىغان ئادىمى بار. رەيھاننى كىم قوغدايدۇ، ئۇنى كىم ئاسرايدۇ؟! ئەجىبا ياسىن ئۇنىڭ ھەقىقىي ئېرى، تايىنىدىغان ئادىمى ئەمەسمىدى؟!... رەيھان ئۆزىنى تولىمۇ بىچارە، يۆلەنچۈكسىز، باشپاناھسىز ھېس قىلدى. ھۇجرىسىدىن چىقمايلا ياتتى، بىر چاغدا ياسىن كىرىپ قاراپ قويۇپ گەپ قىلمايلا چىقىپ كەتتى. بۇ ئىش رەيھانغا تېخىمۇ ئەلەم بولدى. ياسىن تاماكا چەككەچ تاماشا كۆرۈۋاتاتتى، ئەركەكلىكىنى، نوچىلىقىنى كۆرسىتىمەن دەپ رەيھاننى قەستەن ئازابلاۋاتاتتى، خوتۇنىنىڭ بۇ ”جاھىللىقى“غا قارشى جەڭ قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ رەيھانغا ئىچى ئاغرىمىدىغاندۇ؟ ئەگەر ۋىجدانىنى ئىت يەپ كەتمىگەن بولسا بۇنداق ھېسسىياتى بولماي قالمايدۇ. ئەمما رەيھانغا بۇنداق نامەرتنىڭ ئىچ ئاغرىتىشلىرى كېرەك ئەمەس، نەچچە يىللىق ۋاپادار خوتۇنىنىڭ باغرىنى بۇنچە ئېزىپ خۇن قىلىۋەتكەن رەھىمسىز ئەرنىڭ ۋىجدانىدىن يەنە قانداق ئۈمىد كۈتكىلى بولسۇن؟ پاكلىقىغا ھېلىغىچە داغ تەگكۈزمەي كېلىۋاتقان بۇ گۆھەردەك ئايالنىڭ قىممىتىنى بىلمىگەن ئەردىنمۇ ئۆتە دۆت ئادەم بولامدۇ؟ بۇنداق ۋاپاسىز، بۇزۇق ئەرگە داۋاملىق ساداقەتمەن خوتۇن بولۇش، قوغداپ كەلگەن پاكلىقنى ئۇنىڭغا يەنە بەخشەندە قىلىش ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ؟! پاكلىق، گۈزەللىك دېگەننى ئەرزىيدىغان ئادەمگە بېغىشلاش كېرەك ئەمەسمۇ؟!...

ئۇ بۇ خىياللىرىدىن سىلكىنىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئاشخانىغا چىقتى، ئەمما ياسىن گۈلشەننى ئېلىپ ئالللىقاچان تىكىۋەتكەنىدى. ئۇلار كېتىشى بىلەن ئاشخانىدىن بەرىكەت قاچقاندەك خېرىدارلارمۇ ئازلاپ قالغان، بىر ئىككى ھاراقكەش تېخىچە قۇرۇۋقدالغان تەخسىلىرىگە كويىزا چوقۇپ، بىر نەرسىلەرنى دەپ كالدىرلايتتى. رەيھان ھەممە ياققا قاراپ كۆڭلى ئېلىشىپ، دالان ئۆيگە كىرىپ كەتتى؛ سافاغا ئۆزىنى تاشلاپ، ئۇ نومۇسسىزلارنى ئويلاپ ئىچى ئۆرتەنىدى. بۇنداق ئەر بىلەن ئەمدى قانداق ئۆي تۇتىدۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە شۇ ناكەسنىڭ دېگىنى بويىچە ئۆمەرنى

**تۆرمىدىن چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن چەك-چېگرا ئايرىپ بۇ يەردىن كەتسە بولمامدۇ؟ بۇ يەردە يەنە نېمىگە تارتىشىپ ياشايدۇ؟!...**

**ئۇ يەنە غېنى شاڭجاڭنى ئويلىدى، شۇ ئوغرىغا يېلىنمىغىچە ئىش ئاقمايدۇ...**

**ئۇ زادى قانداق بەدەل تۆلەيدىغانلىقىنى كۆڭلىدە بىلسىمۇ لېكىن جەزمەن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلمىگىچە كۆڭلى ئارام تاپمايدىغاندەك توختىماي تىتىلدايتتى، ئېڭەك يۆلەپ ئولتۇراتتى، مەڭزىنى سىلايتتى، لېۋىنى چىشلەيتتى، كۆزلىرى قورقۇنچ، ۋەھىمە، ئەنسىزلىك ئىچىدە پىلدىرلايتتى. ياسىن ئۇنى خۇددى قۇربانلىق قويدەك سۆرەپ قاسساپنىڭ ــــ غېنى شاڭجاڭنىڭ ئالدىغا ئاپىرىۋاتقان بۇ دەھشەتلىك مىنۇتلاردا ئۇ  بۇ باغلاقتىن قانداق بوشنىشى كېرەك؟ ياسىن ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىۋاتامدۇ؟ غېنى شاڭجاڭمۇ راستىنلا پىچىقىنى بىلەۋاتامدۇ؟ ياكى رەيھان ئارتۇقچە ئويلىنىپ كەتتىمۇ؟**

**ئۇ نېملا بولسۇن غېنى شاڭجاڭدىن  تولۇق بىر گەپ ئاڭلاش نىيىتىگە كېلىپ تېلېفوننى ئالدى، ئەمما بۇ قېتىم نېمە دەيدۇ؟ غېنى شاڭجاڭغا باش ئەگكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ،  ئۆزىنى چاندۇرۇپ، سەتلىشىپ يۈرەمدۇ؟ ئېرىنىڭ نومۇسسىزلىقىغا باش ئەگمىگەن خوتۇن تۇرۇپ، يات ئەرنىڭ نومۇسسىزلىقىغا باش ئېگەمدۇ؟... ئەمما ئېرىنىڭ نومۇسسىزلىقى  بەك ئاشكارا بولدى، ھەم بەك تەكرارلىنىپ كەتتى. غېنى شاڭجاڭنىڭ نومۇسسىزلىقى بولسا پەقەت تەخمىن، گۇمان ئىچىدە. بۇنىڭغا ئىسپات كېرەك، ئەگەر ئۇ راستىنلا رەيھانغا شۇ تەلەپنى قويسا ئاندىن ئۇنى رەسمىي پاھىشۋاز، نومۇسسىز ئوغرى دېيىش كېرەك.  ئۇنىڭ نىيىتى ئېنىق، بەز يېمەيدىغان مۈشۈك يوق، بىراق قانچىلىك ئېنىق؟! رەيھان بۇنى تەلتۆكۈس بىلمىگىچە مۇشۇنداق ساراڭدەك خىيال سۈرۈپ، تېڭىرقاپ، قويغان-تۇتقىنىنى بىلەلمەيلا يۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە گەپ ئاڭلاپ باققىنى، بىلىپ قالغىنى ياخشى. ئاندىن كۆڭلىدە ئېنىق بىر سان بولىدۇ.**

**ئۇ تېلېفوننى بىر دەپ ئۆرۈپ-چۆرۈپ، غېنى شاڭجاڭنىڭ نومۇرىغا نەچچە رەت قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى، دەيدىغان گەپلىرىنى بىرمۇ بىر دەڭسىدى. بىراق ئۆيدىكى ھېساب تالاغا توغرا كېلەمتى؟  ئاۋۋال گەپتە تۇتۇلدۇ،**

ئاندىن ئەمەلىيەتتە قىسماققا چۈشىدۇ. خوتۇن كىشىنىڭ ئاۋۋال گەپ ئېچىشى ئۆز ئىززىتىنى بىلمىگەنلىك، غۇرۇرىنى چەيلىگەنلىك...نومۇسسىزلىقنىڭ باشلىنىشى!

ئۇ تېلېفوننى سىقىمداپ ئېغىر ئۇھ تارتتى، ئۆزىنىڭ ئاياللىقنى ئويلىسا ئاجىزلىقىدىن ئاھ ئۇراتتى؛ ئەگەر مەنمۇ غۇرۇرلۇق ئىنسان، غۇرۇرۇم بىلەن ياشايمەن، ھېچ ئەرگە بوزەك بولمايمەن دەپ ئويلىسا ۋۇجۇدى كۆچكە تولۇپ، بىر ئىشلارنى قىلىۋەتكۈسى كېلەتتى، بۇ چاغدا ئاياللىقىنمۇ ئۇنتۇپ كېتەتتى.

ئۇ شۇنداق ئارىسالدى بولۇپ، غەم-قايغۇدىن پۈچۈلىنىپ تۇرغاندا غېنى شاڭجاڭدىن تۇيۇقسىز تېلېفون كەلدى، رەيھان ئۆزىگە تونۇش بولۇپ كەتكەن بۇ تېلېفون نومۇرىغا قاراپ، يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالاي دېدى، بۇ ئوغرىنىڭ نېمە بولۇپ تېلېفون قىلغۇسى كېلىپ قالغاندۇ، رەيھاننىڭ كۆڭلىدىكىنى تۇيۇپ تۇرغانمىدۇ؟! ... رەيھان نېرى-بېرىسىنى ئويلاپ ئولتۇرماي ئىتتىكلا تېلېفوننى ئالدى، ئۆزىنى ھەر قانچە بېسىۋالاي دېسىمۇ ئاۋازى تىترەپ كەتتى:

___ ۋەي...

___ مەن، غېنى ئاكىڭىز...___ دېدى غېنى شاڭجاڭ سالماق تەلەپپۇزدا،___ ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟

___ ھە ياخشى، ئۆزىڭىزمۇ ياخشى تۇرغانسىز؟...

___ ما كۈنى گەپ قىلماي تېلېفوننى قويىۋەتتىڭىز، ياسىن يېنىڭىزدا بولغاچقا قورقۇپ گەپ قىلالمىدىڭىزغۇ دەيمەن، قورقماڭ، ئۇنىڭدىن قورقسىڭىز ھېچ ئىش قىلالمايسىز، ئۆمەرنىڭ ئىشىنى زادى قانداق قىلاي دەيسىز؟

___ ئۇقمىدىم...

___ مېنىڭ گېپىمدىن رەنجىپ قالدىڭىزمۇ يا؟

ـــ قايسى گەپتىن؟ سىز ماڭا نېمە دېمەكچى ئىدىڭىز؟ بىلمەن، سىز بىكارغا يول ماڭمايسىز. لېكىن مەندە سىزگە بېرىدىغان پۇل يوق… ـــ دېدى رەيھان جىددىيلىشىپ. ئۇ ئۆزىنى ھەر قانچە تۇتۇۋالاي دېسىمۇ، كۆڭلىدىكىنى دەۋالمىغىچە توختىمايدىغاندەك ئالدىراپ، تىترەپ تۇراتتى.

ـــ مەن سىزدىن پۇل تەلەپ قىلدىممۇ؟ــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ مۇلايىم ئاھاڭدا،ــــ مەن بىلمەن، سىزدە بىر تىيىن پۇل يوق.

ـــ ئەمىسە مېنى نېمە قىل دەيسىز؟

ـــ سىزنىڭ نېمە قىلغۇڭىز بار، مېنى نېمە دەپ ئويلاپ قالدىڭىز؟

ـــ ئەر خەقنىڭ شۇنىڭدىن باشقا ئويلايدىغان ئىشىمۇ بارمۇ؟ــــ دېدى رەيھان سەل غەزەبلىنىپ.

ـــ سىزنىڭچە مەن شۇنداق ئادەممۇ؟

ـــ ئۇققىلى بولمايدۇ، ئەر خەقنىڭ ھەممىسى ئوخشاش!

ـــ ماڭا بۇرۇندىن باشلاپ شۇنداق قارايدىغانلىقىڭىزنى بىلمەن، لېكىن سىز مېنى چۈشەنمەيسىز.

ـــ سىز ئۇنداق ئادەم بولمىسىڭىز مەنمۇ خوش.

ـــ مەنمۇ سىزنىڭ ھەرگىز ئۇنداق ئىش قىلمايدىغانلىقىڭىزنى بىلمەن. شۇڭا سىزگە قول قويىمەن. بۇنچە چىرايلىق، پاك ئايالنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن شۇ گۆيىنى ئىچىمدە مىڭنى تىللايمەن.

رەيھان بۇ گەپلەردىن ئېرىمىسىمۇ ئېرىدى، ئەمما غېنى شاڭجاڭنىڭ زادى نېمە مەقسىتى بارلىقىنى يەنىلا بىلەلمىدى، قانۇنلۇق خوتۇن قىلماقچىمىدۇ؟ ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟ بۇنىڭغا ياسىنىنىڭ يۈرەكلىرى چىدارمۇ؟ خوتۇنىنى خارلاشقا چىدىغان يۈرىكى خوتۇنىنى خەققە تارتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىنمۇ چىدارمۇ؟ بۇنى رەيھان بىلمەيتتى، ئەمما ئاجايىپ بىلىپ باققۇسى بار ئىدى… ئۇ سۈكۈت ئىچىدە غېنى شاڭجاڭنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى كۈتتى.

ــــ مەن ئۆمەرنى ئېلىپ چىقىشقا كېپىللىك قىلىمەن، ئەمما بىر شەرتىم بار، سىز رېستورانىمغا كېلىپ ئىشلەيسىز، خوتۇنۇم كەلگىچە داتاڭ جىڭلى بولۇپ تۇرۇپ بېرىسىز.

رەيھان بۇنىڭغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى، ئەمما ئۆزى باشتا ئويلىغان قىيىن بەدەللەرگە باققاندا بۇ تەلەپنى ئېغىر دېگىلى بولمايتتى.

ــــ بۇ تەكلىپنى ئويلىنىپ كۆرۈڭ، تۇرىدىغانغا ئايرىم ئۆي بىكارلاپ بېرىمەن. بالىڭىزدىن غەم قىلماڭ، ئۇنى يەسلىگە ئۆزەم پۇل تۆلەپ ئاپىرىپ بېرىمەن.

ــــ توختاڭ، مەن ھېچ ئۇقالمايلا قالدىم،ــــ دېدى رەيھان بېشىغا سوغاق سۇ تۆكۈلگەندەك ئەندىكىپ،ــــ بۇنىڭغا ياسىن نېمە دەيدۇ؟

ــــ ئۆمەرنىڭ چىقىدىغىنىنى ئاڭلىسا ئۇمۇ خوش بولار، ئۇ گۇيغا گەپ قىلماق ئاسان.

رەيھان غېنى شاڭجاڭنىڭ ئېرىنى كەمستىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالدى:

ــــ سىز ياسىننى شۇنچە دۆت چاغلامسىز؟ ئۇنى ئەخمەق قىلاي دەمسىز؟

ــــ ماڭا قاراڭ ئوبدان سىڭلىم،ــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ تەمكىنلىك بىلەن،ــــ ئېرىڭىزنى شۇنچە پاك، ئېسىل ئەر دەپ بىلەمتىڭىز، كۆرۈۋاتىسىز، ھازىر نېمە بولدى؟ مەن باشتىن ئاخىر ئۇنىڭغا ئاكىسىدەك كۆيۈنۈپ ئادەم بول دېدىم، ھارامدىن يىراق تۇرۇپ ھالال ئىش قىل، خوتۇنۇڭنى رەنجىتمە، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئال دېدىم. گېپىمنى ئاڭلىمىدى. ئاخىر كېلىپ سىزنى تاشلىدى، ئۇ قەدىرلىمىگەننى مەن قەدىرلەي، ياردەم قىلاي دەۋاتىمەن، سىز بۇنى چۈشەنمەمسىز؟

ــــ ياخشى كۆڭلىڭىزنى چۈشەندىم، لېكىن بۇنداق قىلسام ياسىن مېنى چوقۇم ساراڭ بوپتۇ، بۇزۇلۇپتۇ دەپ ئويلايدۇ، سىز بىلەنمۇ ئۆچەكىشىپ قالىدۇ، ئىككىڭلارنىڭ يېقىن ئاغىنە، مەن ئوتتۇراڭلارغا جېدەل تېرىپ قويۇشنى خالىمايمەن.

ــــ سىز بۇنىڭدىن ئەنسىرەپ كەتمەڭ، ئۇ نېمىشقا سىزنى يولدىن چىقىپتۇ دەپ ئويلىغۇدەك، مەن دېگەن سىزگە ئاكا يوللۇق ئادەم، ياسىن مېنى ئۆزىگە ئوخشتىپ يامان ئويلىۋالسا بولمايدۇ، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزەممۇ ئۇنىڭغا دەيمەن، ئۆتكۈدەك گەپ قىلىۋالىمەن. سىزنى بۇنداق تاشلىۋەتكەن ئادەم سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزنى بىلسۇن، ئالدىڭىزغا يالۋۇرۇپ كەلسۇن. ئەگەر كەلسىڭىز مۇشۇ باھانىدە ئۇنىڭ سىزگە قانچىلىك تارتىشىدىغانلىقىنى بىلەلەيسىز، بولمىسا ئۇ ئاشۇنداق نومۇسلۇق قىلىپ، سىزنى قىيناپ يۈرىۋېرىدۇ.

ــــ ئاچچىقى كەلسە ئۇنىڭ ساراڭدەك ئىش قىلىدىغان مىجەزى بار، بىر ئىش چىقىپ قالمىسۇن دەپ قورقىمەن...

ــــ ئۇ سىزگە نومۇسلۇق قىلغان بىلەن ماڭا قىلالمايدۇ، مېنى چوڭ بىلىدۇ. مەن ئۇنى گەپ بىلەن قايىل قىلىمەن، مەن بار يەردە ئۇ سىزنى بوزەك قىلسا قاراپ تۇرمايمەن. ئۇرۇش-جېدەل چىقامدىكىن دەپ ئەنسىرەپ كەتمەڭ، مەن ئەزەلدىن پىچاق، چەيدو كۆتۈرۈپ خەقنى قورقىتىدىغان ئىشنى قىلمايمەن، مەن ئىلگىرى يېزىدا ئەمەل تۇتۇپ، خەقنى باشقۇرۇپ باققان، ھەر ئىشقا بىر تاكتىكا كېرەك. ماڭا ئىشىنىڭ...

رەيھان ئويلىنىپ قالدى، ئىلگىرى بۇ ئادەمنى كۆرگەن چاغدىمۇ ئۇنىڭ ئادەتتىكى كۆلچىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان، پەقەت كۆزى يامانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇنىڭ باشقا ئەيىب-نۇقسانىنى بايقىمىغان، ئەمما "ياسىننى ئازدۇرۇۋاتقان قاقۋاش ئاشۇ" دەپ ئىچىدە تىللاپ يۈرگەندە قاقۋاشلىقىمۇ ئۇنىڭ ئەيىبىدەك كۆرۈنگەن. كېيىن ياسىننى ئىزدەپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن چاغدا ئۇنى يېقىندىن بىلدى، ئۇ مەيلى گەپ-سۆز، قىلىق-ھەرىكەتتە بولسۇن، لەقىمگە يارىشا سالاپەتلىك، تەمكىنلىك بىلەن چاققانلىقنى تەڭ ھازىرلىغان ئادەم ئىدى. ئۆتكەندە ياسىن ئۇنىڭ ھېسابلاشقىلى كېتىپ ھېچ ئىش بولماي يېنىپ كەلدىغۇ؟ دېمەك، غېنى شاڭجاڭ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئابرۇيى، سالاپىتى، زوۋانى، تاكتىكىسى بىلەن ئەيۋەشكە كەلتۈرگەن گەپ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، شاڭجاڭنىڭ "قاقۋاش"لىقىنىمۇ ئەيىب دېگىلى بولمايدۇ، ياسىنمۇ كىچىك بالا ئەمەس، دائىم ئۇنىڭ سەنىمگە دەسسەيدىغان؛ رەيھانمۇ ئەخمەق ئەمەس، ئويلاپ باقمايلا ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىدىغان؛ ھەر كىم ئۆزىنىڭ كاللىسى بويىچە ئىش قىلىدۇ، غېنى شاڭجاڭنىڭ گەپلىرىنىڭ تۈتامى بولمىسا، كىم ئۇنىڭ دېيىشىغا ئۇسسۇل ئويناپتۇ؟

ـــــ ئىشلىسەمغۇ مەيلى، لېكىن ئۇ يەرگە بېرىپ تۇرسام بولمايدۇ، ئۆيدىن بېرىپ-كېلىپ ئىشلىسەمچۇ؟

ـــــ يەنە ماڭا ئىشەنمەيۋاتىسىز-ھە، ئۇنداق قىلسىڭىز قىينىلىپ قالىسىز، مەن سىزگە ئاسان بولسۇن دەيمەن، ئەگەر يالغۇز تۇرمايتتىم دېسىڭىز قىزلاردىن بىرنى ھەمراھ قىلىپ بېرەي، يېنىڭىزدا تۇرۇپ بالىڭىزغا قارىشىپ بەرسۇن.

رەيھان بۇنى ئاڭلاپ سەل خاتىرجەم بولدى، شۇنداقتىمۇ كاللىسىدا بىر ياقتىن ياسىن، بىر ياقتىن ئۆمەر پەيدا بولۇپ، پىكىر-خىيالىنى مالىمان قىلىپ تۇراتتى. ئۆمەرنى دېمىسە رەيھان ھەرگىز بۇنداق قىلمايتتى، بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەتمۇ ياسىن ئۈچۈنغۇ؟ ئۆمەر رەيھاننىڭ ئەمەس، ياسىننىڭ ئىنىسىغۇ؟  ياسىن شۇنچە خورلۇقلارنى سىلىشۋاتسىمۇ رەيھان يەنە چىداپ ئۇنىڭ  ئىنىسىنى قۇتۇلدۇرىمەن دەۋاتىدىغۇ؟

ـــــ ماقۇل، مەن ئويلىنىپ باقاي،ـــــ دېدى رەيھان،ـــــ لېكىن سىز  ياسىن بىلەن بەك ئېتىشىپ قالماڭ، ئۇ بەربىر سىزگە تەڭ تۇرالمايدۇ، مەن جېدەلگە سەۋەبچى بولۇپ قالسام ئۇ يەردە بىر كۈنمۇ تۇرالمايمەن. ئۆزەمنى ئويلىمىسامىمۇ بالىنى ئويلىمىسام بولمايدۇ. راستىمنى دېسەم، سىزنىڭ مەقسىتىڭىزنى تېخى چۈشىنىپ بولالمىدىم، سىز ياخشىلىق قىلغاندىكىن ئەسلىدە ياسىنغا ياخشىلىق قىلغان بولسىڭىز سىزدىن بەك خوش بولاتتىم، لېكىن ئۆزەمنىڭ بىلگىنىنى قىلىمەن دەۋاتىسىز، بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، چۈنكى بۇ جاھاندا پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ بولىدىكەن، بىزدەك بىچارىلەر يەنە تەڭقىسلىقتا قالىدىكەن...

ـــــ سىز ئارتۇق ئويلىنىپ كەتمەڭ، مەن مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ياسىننى قاتتىق سەگىتىپ قويماقچى، سىزنى زادى قانچىلىك خوتۇن قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى، ئادەم دېگەن بېشىغا بىر ئىش كەلمىگىچە ھوشىنى تاپمايدىغان مەخلۇق، سىز قورقماي كېلىۋېرىڭ! يەنە دەپ قويىدىغان بىر ئىش، بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىڭىزنى ياسىنغا ھەرگىز تىنماڭ،  ئۇ يوق چاغدا ھېچكىمگە تۇيدۇرماي مېڭىڭ، ياسىن سىزنى تاشلاپ قويۇپ ماڭغاندا، سىزمۇ ئۇنى تاشلاپ بۇ ياققا مېڭىڭ، ھەممە ئىشىڭىزنى مەن ئورۇنلاشتۇرىمەن، ئەتىسى سىزنىڭ يوقلۇقىڭىزنى كۆرۈپ قېنى قانداق قىلىدىكىن!

ــــ ياق، ياق، ئۇنىڭغا دېمەي ئوغرىلىقچە ئىش قىلسام بولمايدۇ!ــــ دېدى رەيھان تۇنجى رەت جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن قورققان ئادەمدەك چۆچۈپ.

ــــ ئەمسە ئۇنىڭغا دەمسىز، دېسىڭىز يەنە گەپ تالىشىسىز، بەلكىم تاياق يەيسىز. ئۆمەر ئۇچۇن شۇنداق قىلمەن دېسىڭىز ئۇنامدۇ؟ ئۆز ئىنىسىنىڭ ئىشىغا ئۆزى ئالدىرىمىغان ئادەم سىزنىڭ ئۇنداق دېگىنىڭىزگە ئىشىنەمدۇ؟ مەن سىزگە دەي، ياسىن ھازىر شۇ خوتۇنىنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى، باشقا ئىشنى ئويلىمايدۇ، ئىنىسى تۈرمىدە ئۆزىنىڭ پوقنى يەپ ياتسىمۇ كارى يوق، سىز بىلەن، بالا بىلەن ھەم كارى يوق. ئۆزىڭىزمۇ دېدىڭىز ئۇنى ئەسكىلىشىپ كەتتى دەپ، بىرىپ ئۇنى ئۇرالامسىز؟ خوتۇنىدىن ئاجراشتۇرىۋېتەلەمسىز؟ قىلالمايسىز، ئۇنىڭ ئالدىنى توسالمايسىز. شۇڭا بۇنىڭغا بىر چارە قىلايلى دەۋاتىمەن، بۇنىڭ چارىسى شۇ، ئۇنىڭ ئىچىنى قاينىتىش، ئەگەر سىز ئۇنىڭ قېشىدا تۇرىۋەرسىڭىز تېخىمۇ خارلىنىسىز، يا ئۇنىڭغا رازىلىق بىرىپ ياشايسىز، يا ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپراق ياشايسىز، كۆلى دېگەن مۇشۇنداق يەر، ئادەم دېگەن نۇرغۇن ئىشلارغا دۇچ كېلىدۇ، تاللايسىز، خىللايسىز، شاللايسىز، كۆڭلىڭىز رازى بولغۇدەك ياشايسىز، بۇنىڭغا كۆنمىسىڭىز ئۆزىڭىزنى قىينايسىز، سىز ئۇنچە دۆت، بوزەك خوتۇن ئەمەس، بولمىسا ياسىنىنىڭ تالاق قىلمىغىنىغا شۈكرى قىلىپ، قورسىقىڭىز تويسا ئۇخلاپ، بالىڭىزنى بېقىپ ياشاۋېرەتتىڭىز. ئەقلىم بىلەن، غۇرۇرۇم بىلەن ياشايمەن دېگەنىدىكىن سىزدە شۇنىڭغا چۇشلۇق ھەرىكەت بولۇشى كېرەك، ئۆزىڭىز ئوبدان ئويلىنىڭ...

ــــ ماقۇل، مەن ئويلىنىپ باقاي...ــــ دېدى رەيھان ئامالسىز.

ئۇ تېلېفوننى قويۇۋېتىپ كۆڭلىدە ئۆزى بىلەن يەنە بىر قەپەز ئېلىشتى، بېشىدىن جىق ئىش ئۆتكەن بۇ ئادەمنىڭ گەپلىرىنى خاتا دېگىلى بولمايتتى، ئەمما ئۇنىڭ مەقسىتى زادى نېمىدۇ؟ ئۆزىنى ياسىنغا كۆرسىتىپ قويۇشمىدۇ؟ ئەمما ياسىن پۇل، بايلىق، نوچىلىق، ھەتتا خوتۇنپۇرۇشلۇقتىمۇ ئۇنىڭغا يېتەلمەيدىغان تۇرسا ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىنىڭ نېمە ھاجىتى! ياكى ئۇ رەيھانغا كۆز تاشلاپ، ياسىنغا ئىچى تارلىق قىلىپ، بۇنى كۆڭلىدە ھازىرغىچە يوشۇرۇپ كەلگەن بولغىيمىدى؟! نەچچە ۋاقىتتىن زارىقىپ، بىر كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ يۈرگەن

چىرايلىقنى يېنىغا ئەكىلىۋېلىپ كۈندە بولسىمۇ كۆرۈپ تۇرسام، ھەر كۈنى كۆڭلىنى ئالسام، كۈنلەرنىڭ بىرىدە خوتۇن قىلسام دەپ ئويلىمىدىغاندۇ؟

ئۇ "چىرايلىقنىڭ دەردى تولا" ئىكەنلىكىگە ئىشەندى، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىگە بەك ئىشىنىپمۇ كەتمەيتتى، چىرايىغا زىيادە تەمەننا قويىدىغان چوكانلاردەك ياسانچۇقلۇق قىلمايتتى، ياسىنىغا ئۆزىنى-بۆزىنى ئېلىپ بەر دەپ غەلۋە قىلمايتتى؛ چىرايىنىڭ پەقەت تويدىن ئاۋۋال مۇھىم ئىكەنلىكىنى، توي قىلىپ باللىق بولغاندىن كېيىن بولسا خاتىرجەملىكنىڭ، مېھىر-مۇھەببەتنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلغانىدى، ئەمما چىرايى ھېچنېمە بولماي تۇرۇپ ياسىن بۇ چىرايدىن چېنىپ، يەنە بىر چىرايغا ئاشىق بولدى؛ "چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس، كۆيگەن چىرايلىق" دېگەندەك، شۇ "مىكىجىن"غا كۆڭلىنى بېرىۋېتىپ، رەيھاننى تاشلاپ قويدى. ئاقىۋەت، مۇھەببەت نەپرەتكە ئايلىنىپ، بىر-بىرىگە دۈشمەندەك سەت كۆرۈندى.

رەيھان ئۆزىنىڭ ئايال كىشى ئىكەنلىكىنى، ئاجىزلىقىنى تەن ئېلىپ ئېرىگە "تەسلىم" بولسا بۇ دۈشمەنلىكنىڭ يوقايدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئەمما باش ئېگىشنى خالىمىدى، ئېرىنىڭ خاتالىقى كاللىسىدىن زادى ئۆتمەيتتى، ئىچى زەرداپ بولۇپ قاينايتتى: نېمە دەپ باش ئېگەتتىم، جاھاندا پەقەت گۇناھ قىلغان ئادەملا بېشىنى ئېگىشى كېرەك، ئۇ ناكەس ماڭا "بۇ زەھەرنى ئىچ!" دېسە ئىچەمدىمەن، ئۇ چاغدا ئازابتىن تولغىنىپ تۈگەشمەمدىمەن؟...

ئەمەلىيەتتە بۇ گۈزەل چىرايى ئۇنىڭغا شۇنداق غۇرۇر بېغىشلىغانىدى. چۈنكى ياسىن ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇ چىرايىغا مەپتۇن بولۇپ ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالغان ھەم گۈلشەنگە يولۇققىچە ئارىلىقتا بۇ گۈزەللىكنى قەدىرلەپ كەلگەنىدى، بۇ گۈزەللىكنى يات ئەردىن كۈنلەيتتى ھەم قوغدايتتى، ھازىرمۇ شۇنداق ئىدى. ئەمما رەيھان ئۇنىڭدىن ئەھدە-ۋاپا، مېھرىبانلىق كۆرەلمىگەنچە ئۇنىڭ ئەركەكلىكى ياسالما نوچىلىق، شەخسىيەتچىلىك، چىدىماسلىقتەك تۈيۈلىدىغان بولۇپ قالدى.

رەيھان كەسكىن بىر قارارغا كېلەلمىگەنچە ياسىندىن شۇنچە قاقشىدى، ياسىندىن قانچە نەپرەتلەنسە كۆڭلى تەسەللىي تېپىپ، بۇ يەردىن كېتىشمۇ شۇنچە ئاسان بولاتتى. ئەجىبا ئۇ ياسىننى ھەقىقىي ياخشى كۆرمەمدۇ؟ ئۆزى

ئاشىق بولۇپ تەگمىگەن ئەرگە تويدىن كېيىن مېھىر بەرسە، بۇ مېھىر-مۇھەببەت شۇنچە ئىشەنچسىز بولامدىغاندۇ؟ كۆنلەرنىڭ بىرىدە ”بوران“چىقسا ئۇلى بوش تامدەك ئۆرۈلۈپ چۇشەمدىغاندۇ؟ ياسىنمۇ بۇنى بايقاپ، ئۆزىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرمەيدىغان خوتۇنىغا بارغانچە ئەسكىلىك قىلىۋاتامدىغاندۇ؟ توغرا، رەيھان ياسىن نېمە دېسە لەببەي دەپ تۇرغان، ئۇنىڭغا مۇتلەق بويسۇنغان بولسا ئېرىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن بولاتتى، بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالمايتتى...

رەيھان ئۇنى چىن دىلىدىن سۆيمىگەچكە ئۇنىڭ خىيانەت قىلىشى، ھەددىدىن ئېشىشىنى كەچۈرمەيدۇ. ئۇ قايسى ھالغا رەيھاننى خارلىغۇدەك؟!

رەيھان ئۇنى چىن دىلىدىن سۆيگەچكە ئۇنىڭ خىيانەت قىلىشى ۋە ھەددىن ئېشىشىنى كەچۈرمەيدۇ. چۈنكى چىن مۇھەببەت ئاسىيلىق ۋە ۋاپاسىزلىقنى ھەرگىز سىغدۇرمايدۇ.

بۇنىڭ قايسىسى توغرا، قايسىسى رەيھاننىڭ چىن ھېسسىياتى؟!

رەيھان ئۆزىدە بۇ ئىككى ھېسسىياتنىڭ ھەر ئىككىسى بارلىقىنى ھېس قىلدى، ياسىننى ئەۋلىيادەك چوڭ بىلىپ ئۇلۇغلاپ سۆيمەيدىغىنى راست، بولمىسا ئۇنىڭغا رايىشلىق بىلەن بويسۇنۇپ، مۇلايىملىق بىلەن ياشايتتى. ئەمما ئۇنى ھەر قانداق ئەردىن چارە كۆرۈپ قەدىرلەپ سۆيىدىغىنىمۇ راست، بولمىسا ئاجرىشىشتا چىڭ تۇرۇپ، زىرە-ھالقىلىرىنى سېتىپ بولسىمۇ يۇرتىغا كېتەتتى. باشقا يامانراق خوتۇن بولسا بۇ ئەھۋالدا ئېرى بىلەن سەتلىشىپ ئۇرۇشۇپ، تاياق يېسە تەڭ سوقۇشۇپ، تاپقان پۇلنى ئايرىپ، ” ئەر كىشى بولساڭ ئۇكاڭنى ئۆزەڭ ئېلىپ چىق! “ دەپ پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالاتتى؛ رەيھان بولسا ئۆزىنىڭ نازۇك مىجەزى، ياسىنغا بولغان ۋاز كېچەلمەس ھېسسىياتى ۋەجىدىن يىغلاپ-قاقشاپ، ھەممىگە چىداپ ياشاپ قالدى... ئەمما قاچانغىچە مۇشۇنداق ياشايدۇ، بۇ ئازابنىڭ چېكى نەدە توختايدۇ؟

بۇنىڭغا غېنى شاڭجاڭ ياخشى جاۋاب بەردى: ئۆزىنى بىلەلمەي قالغان، ئىشتىنىغا پاتماي قالغان شۇ گۆيدىن ئايرىلىپ ياشاپ كۆرۈپ باققاندا...

ئەمما رەيھان غېنى شاڭجاڭنىڭ رېستۇرانىغا كېتىپ قالسا، ياسىن خوتۇنىغا بولغان مۇھەببەت ئۈچۈن ئەمەس، ئۆز ئەركەكلىكىگە قىلىنغان ھاقارەت ئۈچۈن غېنى شاڭجاڭ بىلەن قان بولۇشۇپ كېتەرمۇ؟ ئۆتكەندە ھېچنېمە بولماي يېنىپ كەلگەن، ئەمدىچۇ؟ چاتاقنىڭ چوڭى چىقارمۇ؟!... ئەمسە قانداق قىلىش كېرەك؟

رەيھان ئويلا-ئويلا، نەچچە كۈن ئويلىنىپ، ئاخىرى غېنى شاڭجاڭنىڭ رېستۇرانىغا كېتىش قارارىغا كەلدى، چۈنكى ياسىننىڭ غەزىپىدىن كۆرە، ئۆمەرنىڭ تۈرمىدىن چىقىشى مۇھىمراق ئىدى.

ياسىن بۇنداق ياشىغاندەك قىلغان بىلەن كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە قەدىناس خوتۇنىغا ھەم بالىسىغا تارتىشاتتى، ھەر ئاخشىمى "كىچىك خوتۇنى"دىن نەپسى قانغاندىن كېيىن ئىختىيارسىز ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەپ، ئىچى پۇشۇپ ياتاتتى، تاماكىنى ئۇلاپ-ئۇلاپ چېكەتتى. بىر چەتتە مۈشۈكتەك ياتقان گۈلشەنگە قاراپ، بۇنىڭدىنمۇ بىر كۈنلەردە زېرىكىپ قالىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭغا كۆرە، رەيھاننىڭ جاھىللىقى، تەرسالىقى بۇ ئائىلىدىكى چۇشىنىش ۋە ھېسسىياتقا توسقۇنلۇق قىلغان بولسىمۇ، ياسىن بۇ ۋەزىيەتنى ھامان ئوڭشايدىغاندەك، بۇنىڭغا ئىقتىدارى يېتىدىغاندەك ئىشەنچتە ئىدى. گۈلشەنمۇ ھەر ۋاقىت ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ، رەيھاننىڭ كۆڭلىنى كۆپرەك ئېلىشنى تەۋسىيە قىلاتتى، ھەتتا بىر كۈنى "يېنىمغا كۈندە كېلىۋەرسىڭىز رەيھان ھەدەمنى قانداق قايىل قىلىسىز، ئۇمۇ ئايال كىشى، كۆڭلىنى چۈشىنىڭ، بېرىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىڭ" دېدى، ياسىن شۇنداق قىلماقچى بولدى، بىراق رەيھاننىڭ مۇزدەك چىرايىنى كۆرۈپ جەھلى قېتىپ، رايىدىن يېنىپ، يەنە گۈلشەننىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. گۈلشەن "بۈگۈن يەنە كەپسىزغۇ، مەنغۇ سىزنى كۈندە كەلسىكەن دەيمەن، ئەمما رەيھان ھەدەمگىمۇ ئۇۋال-دە، ئۇنىڭدىن قورقامسىز يا؟! ئەمسە نېمشقا گەپ قىلالمايسىز" دەپ ئەركىلەپ ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلدى . ياسىن ھارغىنلىق، روھسىزلىق ئىچىدە گۈلشەننى پوكىنىغا بېسىپ " چوڭ خوتۇننىڭ ھەيۋىسى، كىچىك خوتۇننىڭ جىلۋىسى يامان دېگەننى ئۇقمامتىڭ" دەپ مەنىسىز ھىجىيىپ قويدى.

ئۇنىڭغا ئايان ئىدىكى، كۈنلىرى مۇشۇنداق ئۆتۈۋەرسە رەيھان بىلەن بالىسىدىن بارغانچە يىراقلىشىپ، ئۆزى ئويلىغان تۇرمۇشقا ئېرىشەلمەيتتى. ئۇ بىرىگە ئېرىشىپ بىرسىدىن قۇرۇق قېلىشنى خالىمايتتى، ئەمما ھەر ئىككىسىگە تەڭ ئېرىششنىڭ تەسلىكىنى بىلىۋاتاتتى، "ھەر ئىككى خوتۇننىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن ئەرلەر

قانداق بەختلىك ئەرلەردۇر؟'' دەپ ھەسرەتلىنەتتى، ئەسلىدە ''رەيھان مېنى چوڭ بىلسە ھەر قانداق ئىشمغا ياق دېمەيدۇ'' دەپ ئۆزىگە ئىشەنگەنىدى، ئەمما رەيھان ئۇنى چوڭ بىلمىدى، بەلكى پەس كۆردى، ''سەن بۇنداق ياشاشقا لايىق ئەمەس، ھالىڭغا بېقىپ ئىش قىل'' دېدى، بۇ گەپتىن ياسىننىڭ غۇرۇرى غۇلاپ چۈشۈپ، رەيھاننىڭ چىن سۆيگۈ-ساداقىتىدىن قاتتىق گۇمانلاندى، غەزەپلەندى، '' قانداق قىلاتتىڭ، مەن مۇشۇنداق ياشايمەن، ساڭا ئۆزەمنى كۆرستىپ قويىمەن'' دەپ ئۇنى كۈن-كۈنلەپ قىيىندى،'' ئېرىنى سۆيمەيدىغان، ئېرىگە بويسۇنمىغان بۇنداق خوتۇنغا ئىچمنى ئاغرىتىپ قانداق قىلاي'' دەپ كارى بولمىدى.

ھېلىقى كۈنى ئۇ گۈلشەننى ئاشخانىغا باشلاپ بېرىپ رەيھاننى تېرىكتۈرۈپ قويۇپ كەتكەنىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ بارغانچە ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى خىرە-شىرە ھېس قىلدى، ھۇجرىسىغا قاراپ قويغاندا ئۇخلاۋاتقان ئوغلىنى قۇچاقلاپ تۇگۈلۈپ ياتقان رەيھان ئېسىدىن پەقەت كەتمىدى. سەت كۆرۈنۈپ كەتكەن چىرايلىق خوتۇنى بىلەن بىللە بولمىغىنىغا، بالىسنى ھەققىي ئىچ كۆيەرلىك بىلەن ئەركىلىتىپ ئويناتمىغىنىغا نەچچە زامانلار بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلىدى.

ئەمما ئۇ '' كىچىك خوتۇنى''نىڭ قويىنىغا شۇنچىلىك كۆنۈپ قالدىكى، ھەر كۈنى ئىشنىڭ ئوڭىيىغا قېچىپ شۇ ياققا كېتىۋالدى. رەيھاننىڭ يوشۇرۇن جەڭ ئېلان قىلىش ئۈچۈن تۈزۈۋاتقان پىلانلىرىدىن خەۋەرسىز قالدى، ياكى بۇ قەلئەدەك مۇستەھكەم خوتۇنىنىڭ قويىنىغا كىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمىدى، بىرەر ئېغىز قاتتىق ياكى تاتلىق گەپ بىلەن بۇ خوتۇنىنىڭ پىلانىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلالمىدى. خوتۇنىنى تاشلاپ قويۇۋەرسە ئىش ھەل بولىدىغاندەك خاتا ئويلىدى، باشقا ھەل قىلىش چارىسىنى ھەم تاپالمىدى؛ شەھۋەتپەرەسلىك، مەيلخۇشلۇققا كۆنۈپ قالغانچە تۇرمۇشتىكى جىددىي مەسىلەرنى قايرىپ قويۇپ، ئۆز نەپسى بىلەنلا بولۇپ كەتتى؛ رەيھانغا گەپ قىلسا، رەيھانغا باش ئەگسە خۇددى شەھۋەت ئۈچۈنلا باش ئېگىدىغاندەك، بۇنى رەيھان ھەرگىز قوبۇل قىلمايدىغاندەك ئويلاپ، بۇ نىيەتلىرىدىنمۇ ۋاز كەچتى.

ئادەتتىكىچە ئۆتتۈۋاتقان كۈنلەرنى تىنچ ئۆتتۈۋاتىدۇ دەپ ئويلامسىز؟ ئۆستەڭنىڭ سۈيى قارىماققا تىنچ ئاققان بىلەن سۇنىڭ ئاستىدىكى دولقۇن، شاۋقۇنلارنى، لاي-لاتقىلارنى، ئەخلەت-چاۋارلارنى كۆرەلمەيسىز. بىر ئادەمنىڭ

چىرايىدىكى تەمكىنلىك، خاتىرجەملىكنى كۆرۈپ بۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىرى ئوبدانىكەن، غېمى يوقكەن دەپ قالماڭ، ئۇنىڭ روھى خۇددى ئۆستەڭنىڭ تېگىدىكى قۇم-توپىلارنى ئاقتۇرۇپ كېتىۋاتقان لاي سۇغا ئوخشايدۇ، ئۆمۈر مەنزىلى مۇشۇنداق دوۋالغۇشلار، سىلكىنىشلەر، گاھى تۈز، گاھى ئەگرى قىيىشلار بىلەن داۋاملىشىدۇ...

شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكى، ئەر خوتۇننى، خوتۇنمۇ ئېرىنى زادىلا تونۇيالماي قالىدۇ، نەچچە يىل ئۆي تۇتۇپمۇ خۇددى تۇنۇگۈن تونۇشۇپ كارىۋاتقا چىقىپ ئەتىسى خوشلاشقانلاردەك بىر-بىرىدىن ئايرىلىدۇ، كېيىن دوقۇرۇشۇپ قالسىمۇ تونۇماس بولۇپ ئۆتۈپ كېتىشىدۇ. مانا بۇ ھاياتنىكى چىدىغۇسىز يەڭگىللىك...

رەيھاننىڭ سەۋر-تاقىتى چېكىگە يەتكەن، بىر قارارغا كېلىپ بولغان كۆڭلى ئاخشىمى ياسىن يەنىلا قەدەملىرىنى توختىتىش مۇمكىن بولمايدىغان نوچىلىق، بىپەرۋالىق، تېتىكلىك بىلەن ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى ۋە ئۇدۇلدىكى ساتىراچ قىزلارغا كۆز تىكتى، بۇ سىرلىق پۇتلار گۈلشەننىڭ پۇتلىرىدىنمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. شەھۋەت ئۇنى لەيلىتىپ مەست قىلغاچقا لاۋىلدەپ سەتەڭگە بولغان ئۆچمەنلىكىمۇ بۇرۇنقىدىن پەسىيىپ قالغانىدى، ھەتتا نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ شاپاقتا تېپىلغان ئىنسىنىڭ دۆتلۈكىنى ئامالسىزلىق دەپ چۈشىنىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى.

ئۇ ''ئۇزاقتا سوزۇلغان شىرىن ئاي''نىڭ يەنە بىر كېچىسى ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى ئاشخانىغا ۋاقىچە كەلدى. ساۋۇت بىلەن ھاشىممۇ چاپاقلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. رەيھان خېلىغىچە چىقمىغاندىن كېيىن ياسىن ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئۆڭسىلى ئۆچكەن ھالدا يېنىپ چىقتى. رەيھانغا تېلېفون قىلدى، ئەمما ئېتىك چىقتى. ساۋۇت بىلەن ھاشىمدىن سورىدى، ئۇلارمۇ ھەيران قېلىشتى. ياسىن بۇ ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىگە ئىشەنمىگەنىدەك، ھۇجرىغا قايتا كىرىپ، رەيھاننىڭ نەرسىلىرىگە قاراپ باقتى، ئۇنىڭ ئازراق كىيىم-كېچەكى قالغاندىن باشقا، ئوغلىنىڭ كىيىملىرىنىڭ ھەممىسى يوق تۇراتتى، چامادانىدىن بىرسى ئازلىغانىدى.

—— ئۇ سىلەردىن پۇل سورىغانمۇ؟— دېدى ياسىن ئاشخانىغا قايتىپ چىقىپ.

ساۋۇت بىلەن ھاشىم خۇددى ئېغىر ئەھۋالدا قالغاندەك بىر جوزىغا كېلىپ، بىر-بىرىگە قارىشىپ كۈسۈلدىشىپ تۇراتتى. ياسىننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىر ئېغىزدىن ''ياق'' دەپ جاۋاب بېرىشتى.

ـــ سىلەرگە بىرەر گەپ قىلغانمۇ؟

ـــ ياق، ھېچنېمە دېمىگەن...ـــ دېدى ساۋۇت.

ھاشىم سۆكۆت ئارقىلىق بۇ گەپنى تەستىقلىدى ۋە ياسىننىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە خوش بولدى. ياسىن "خوتۇنۇمغا نېمىشقا قاراپ قويمايسىلەر!" دېيەلمەيتتى، ئۆز خوتۇنىغا ئۆزى ئىگە بولالمىغان ئادەمنى ئەركىشى دېگىلى بولامتىمۇ؟

ـ تۈنۈگۈن مەن كەتكەندە بارمىدى؟

ـ بار ئىدى، ـ دېدى ھاشىم ياسىنغا ھېسداشلىق قىلغۇاتقان قىياپەتتە، ـ ھەر قانچە بولسا كېچىدە بىر ياققا ماڭماس، ئەتىگەندە بىز ئۇخلاپ قالغاندا چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

ياسىن ئەنسىزلىك ئىچىدە ھەر خىل تەخمىنلەرنى قىلىپ باقتى، رەيھان ئىززەت-نومۇسنى بەك چوڭ بىلىدىغان خوتۇن، ھەرگىز كېچىسى قېچىپ ماڭمايدۇ؛ ئەمما ئۇ ھەم ئېھتىياتچان خوتۇن، كۈندۈزى مېڭىپ يوللارغا كۆرۈنۈپ قېلىشنىمۇ خالىمايدۇ. ئەمىسە ئۇ قاچان كەتتى، نەگە كەتتى؟ بارسا يۇرتقا بارىدۇ، لېكىن قانداق ماڭدى؟ نەدىن پۇل تاپتى، ئۇنىڭغا كىم ياردەم قىلدى؟ غېنى شاڭجاڭمۇ؟

ياسىن سىرتقا چىقىپ، ھەر قانداق قىيىن ئىشقا ئۇچرىسا غېنى شاڭجاڭغا دەيدىغان ئادىتى بويىچە شاڭجاڭغا تېلېفون ئالدى، ئەھۋال سورا-سورىمايلا جىددىيلىشىپ نەق گەپنى دەۋەتتى:

ـــ ماڭا قارا، ئەتىگەندە ساراڭدەك بىر ئىش يۈز بەردى، خوتۇنۇم يوقاپتۇ، ساڭا بىر گەپ قىلغانمىدى؟ سەندىن پۇل سورىغانمىدى؟!...

ـــ خوتۇنۇڭ نېمىشقا يوقاپتۇ؟

ـ ۋاي، ئارتۇق گەپنى قوي، مەن سەندىن سوراۋاتىمەن، ئۇنىڭغا پۇل بېرىپ تۇرغانمىدىڭ؟

ـــ سەن ئېرى تۇرۇپ ئۇنىڭغا پۇل بەرمىگەنمىدىڭ؟!

ـــ ئا... ئادەم بىلەن تولا چېقىشما ئاكا، گېپىمگە جاۋاب بەرگىن.

ـــ مەن خوتۇنۇمغا پۇل بېرىپ تۇرمىغان.

ـــ ئەمىسە ئۇ نەگە كېتىدۇ؟!

ـ بۇنى مەندىن سورايسەنغۇ ، ئوبدانراق ئىزدەپ باق، ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ قالار.

غېنى شائىجاڭ تېلېفوننى بېسىۋەتتى، ياسىن ئۇنىڭ گەپلىرىدىن، تەلەپپۇزىدىن گۇمانلاندى. ئاشخانىغا كىرىپ ئورۇندۇقنى بىر چەتكە سۈرۈپ، ئاچچىق بىلەن تاماكا تۇتاشتۇردى، چاقماق تۇتقان قوللىرى تىترەيتتى. ئۇ ئاچچىق ئىسنى ئىچىگە تارتىپ، خوتۇننى ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك سالپىيىپ، سەپرالىشىپ، ھەممە نەرسىگە ئۆچى باردەك ئالىيىپ قارايتتى. ساۋۇت بىلەن ھاشىم ئۇنىڭ يېنىدا تۇرالماي، قازان بېشىغا كىرىپ كېتىشتى.

ئۇ چۈشكىچە قويغان-تۇتقىنىنى بىلمەي ساراڭدەك يۈردى، ھۇجرىغا نەچچە قېتىم كىرىپ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ ئىككى يانغا قارىدى، ئۆيىنىڭ ھەر بۇلۇڭىغا غەزەبلىك تىكىلدى، "بۇ ساراڭ ئېلىشىپ قاپتۇ، خوتۇن خەق دېگەن ئەسلىدىلا ساراڭ، ھەر قانچە بولسىمۇ بۇنداق قىلامدۇ؟ مۇشۇنداق قىلىپ ھەممىنى ۋەيران قىلماقچىمۇ؟ ئەمدى كۆڭۈل ئاياغدىغان يەر قالماپتۇ..." دەپ ئويلىدى. تېپىۋالسا ئۇرىۋېتىدىغاندەك ھاسىرىدى، قوللىرى قىززىدى. بىراق ئۇنى ئۇرغان بىلەنمۇ نېمە پايدىسى؟ ئۇرۇپ بويسۇندۇرۇپ بولالامدۇ؟ رەيھان ئۇ ئەپتىدە تاياققا بويسۇنىدىغان خوتۇن ئەمەس. چۈنكى ھەممە خوتۇن بىلىدۇ، ھازىر دېگەن خوتۇن خەقنى ئۇرۇپ قۇل قىلىدىغان زامان ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى ئۇنى قويۇۋەتكىنى تۈزۈك. رەيھاننىڭ بۇ يەردىن كېتىشى "مېنى ئەمدى خوتۇن قىلالمايسەن، مېنى ئەركىمگە قويۇۋەت" دېگىنى ئەمەسمۇ؟! ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئېرىدىن ئۆچ ئالغۇسى بار، ئېرىگە خىيانەت قىلغۇسى بار، نېمە كۆرسەم كۆرەي دەپ بۇزۇلۇپ كەتكۈسى بار!... شۇنداقمۇ قىلارمۇ؟ ياسىن بۇنى ئويلاپ چۆچۈپ كەتتى، ئوتتا چۈشكەن قىلدەك تولغاندى، كۆزلىرى قورقۇنچتىن چەكچەيدى.

ئۇ ‹‹ئىككى خوتۇنۇم بار، ئىككىلىسى ھامان ئاستىمدا ياتىدۇ›› دەپ ئويلاپ كەتكەنلىرىنىڭ خام خىيال ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلدى، بىرىگە ئېرىشسە يەنە بىرىگە ئېرىشەلمەيدىغان بىتەلەي ئەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، ئەمما زادىلا تەن بەرگۈسى كەلمىدى. ئەجبا رەيھاننىڭ بۇزۇلۇپ كەتكۈسى كەلدىمۇ؟ ئېرىنى كەمسىتىپ، مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدىمۇ؟ بۇ خوتۇننى ئەمدى بۇرۇنقىدەك خوتۇن قىلالمىسا، قويۇپ بېرىشكە تېخى چىدىمىسا، ئەمسە قانداق قىلىدۇ؟ ...

گۈلشەندىن نەچچە قېتىم تېلېفون كەلدى، ياسىن ئۈچىنچى قېتىم تېلېفوننى ئېلىپ خوشياقماسلىق بىلەن قۇلىقىغا ياقتى.

ــــ تېلېفون ئۇرسام نېمانداق ئالمايسىز؟

ــــ ئالدىراش قاپتىمەن، ھە، دېگىنە، نېمە گېپىڭ بار؟

ــــ نېمانداق گەپ قىلىسىز، نېمە بولدى سىزگە؟

ــــ ما گۆيىنىڭ خوتۇنى قېچىپتۇ، بالامنى كۆرەلمەي غەزىپىم تېشىپ ئولتۇرىمەن.

ــــ نەگە قېچىپتۇ؟

ــــ قاچسا ماڭا دەپ قويۇپ قاچامتى، بېشىمنى تولا ئاغرىتما، گېپىڭ بولمىسا خوش.

ــــ توختاڭ، بىر دەمدە ئەمدى چوڭ خوتۇنىڭىز تەرەپكە ئۆتۈۋالدىڭىزغۇ؟!

ــــ سېنىڭمۇ ئەمدى كىچىك تىلىڭ چىقىۋاتىدىغۇ!

ــــ كۆڭلىسەم بولمامدىكەن؟ مەنمۇ سىزنىڭ خوتۇنىڭىز.

ياسىن بۇ گەپتىن جىلە بولۇپ، ھېچ ۋاقىتتا كۆرۈلمىگەن بىر سوغۇققانلىق ئىچىدە ئۇنىڭدىن بىزار بولۇشقا باشلىدى.

ـــ مەن بىلەن تولا چوقۇشما، ئىشىك بولمىسا ئىشقا چىققىن.

ـــ شۇ، يولدا كېتىپ بارىمەن، سىزنى ئەسلەپ تېلېفون قىلسام، كۆڭلۈمنى بەك يېرىم قىلدىڭىز.

ـــ بالام يوقاپ كېتىپ كاللام جايىدا ئەمەس، بۇنداق چاغدا ماڭا گەپ خوشياقمايدۇ.

ـــ بوپتۇ، ئەمىسە، خوتۇن-بالىڭىز مەندىن مۇھىم بولغاندىكىن...ـــ گۈلشەن خاپا بولۇپ تېلېفوننى قويۇۋەتتى، ياسىن "بۇگۈن نېمە بولدى بۇ ساراڭغا" دەپ ئاچچىق كۈلدى. ئىشەنگەن خوتۇنى قېچىپ كەتسە، كۆنلمەيدىغان خوتۇنى كۆنلىسە... بۇ جاھاندا خوتۇن خەققە ئىشەنمەي ئۆتۈپ كېتىدىغان گەپمۇ!

رەيھاننىڭ بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماي كەتكىنى ئەمەلىيەتتە ئېرىنى كېرەك قىلمىغىنى، ئۇنى بۇ دۇنيادا ئۆلدىگە چىقىرىۋەتكىنى بولماي نېمە؟ پۈتۈن سۈرۈك بىر ئەر تۇرۇپ بۇ ئېغىر زەربىنىڭ ئازابلىرىغا قانچە كۈن چىداشلىق بېرە، بۇ ھاقارەتنى قانچە كۈن كۆتۈرۈپ يۈرەر؟... ياسىن ئىچ-ئىچىدىن ئاچچىققا تولۇپ ئاشخانىغا چىقتى، كاۋابدانىنىڭ يېنىغا كەلدى، ئولتۇرۇپ باقتى، قوپۇپ باقتى، رەيھان خۇددى بىر يەردىن پەيدا بولۇپ قالىدىغاندەك تالاغا قاراپ باقتى، ئاچچىق تاماكىنى قاتتىق شوراپ، قېقىلىپ يۆتەلدى، كۆزىدىن ياش چىقتى، ئەمما بۇ ھەرگىز پۇشايمان يېشى ئەمەس ئىدى...

ئاشخانىغا ئادەم كىرىشكە باشلىدى، ئېغىر خىيالغا پېتىپ كەتكەن ياسىن خېرىدارنى كۆرۈپ تەمتىرەپ قالدى، بۇ ئاشخانا ئەمەسمىدى؟ قېنى كۆتكۈچى؟ ئۇ تاماكىسىنى تاشلاپ چاي دەملەشكە ماڭدى، بۇگۈن بىر كۈن مۇشۇنداق پالاقلاپ ماڭدۇ، تاماق توشۇيدۇ، قاچا يۇيىدۇ... ئۇنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى، كەيپىياتى قەدەمدە بىر ئۇساللىشىپ، بىر قاچىنى ئورنىدىن يۆتكىمەي تۇرۇپ ماغدۇرىدىن كەتتى... گۈلشەنگە تېلېفون قىلدى:

ـــ ئىشىڭنى تاشلاپ ما ئاشخانىغا كەل!

ـــ نېمە ئىش بولدى؟

ـــ كەل دېگەنىدىكەن كەلمەمسەن!

ـــ ئادەمگە ۋاقىرىماڭە ئۇنداق، مېنى مالايدەك كۆرىسىز-ھە سىز!

ـــ ئەتىگەندە مېنى جىلە قىلماي ئىتتىك كەل.

ـــ ئەتىگەن ئەمەس، چۈش ھازىر، مەنمۇ تېخى ھازىر كەلدىم، بىر دەم دېمىمنى ئېلىۋالاي.

ـــ دېمىڭنى ئالغاچ ئەتراپىڭغا بىر قاراپ باقە، رەيهان كۆرۈنەمدۇ؟

ـــ كاللىڭىز شۇنىڭدىلا قاپتۇ-دە، ئۇ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟

ـــ قاراپ باق دېگەنىدىكەن قاراپ باق!

ـــ ئۆزىڭىز كېلىپ ئىزدەڭ.

ـــ سېنىڭمۇ ساراڭلىقىڭ تۇتتىمۇ ئەمدى؟!

ـــ كىم ساراڭكەن! ـــ دېدى گۈلشەن تەرىنى تۇرۇپ زارلىنىپ، ـــ خوتۇنىڭىز يوقاپ كەتسىمۇ مەندىن كۆرەمتىڭىز؟!

ياسىن ئاچچىقتىن پىقىراپ كەتتى، ئاندىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئاۋزىنى پەسلەتتى:

ـــ ئۇنداق قىلماي ئىزدەپ باققىن، ھازىر قولۇم بىكار ئەمەس.

ـــ ماقۇل، مەن قاراپ باقاي، لېكىن مېنى ئۇنداق پەس كۆرۈپ تىلاپ گەپ قىلماڭ!

ـــ ماقۇل خوتۇن، بۇندىن كېيىن ئۇلاپ گەپ قىلاي... ـــ دېدى ياسىن ۋە تېلېفوننى غەزەپ بىلەن بېسىۋەتتى.

گۈلشەن روھسىزلىق بىلەن ئورنىدىن قوپۇپ باشقا قىزلار بىلەن تەڭ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى، بۇ يەردە رەيھاننى ئىزدەشنىڭ ئەخمىقانە، بىھۇدە، كۈلكىلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ئويلىغاچ، ئۇ ياق-بۇياققا مېڭىپ، ئايرىمخانىلارغا قاراپ چىقتى. "ياسىننىڭ كاللىسى شۇ خوتۇننىڭ دەردىدە ئېلىشىپ قاپتۇ، ئەگەر مەن بىر كۈن يوقاپ كەتسەم مېنىمۇ شۇنداق ئىزدەرمۇ؟..." دەپ ئاچچىق خىيال سۈردى.

بىر چاغدا غېنى شاڭجاڭ رېستۇراندا پەيدا بولۇپ گۈلشەننى ئالدىغا چاقىردى، شاڭجاڭنىڭ ئىپادىسى باشقىچە ئىدى، "بۈگۈن سىز كۈتكۈچىلىك قىلماڭ، قىلىدىغان ئازراق ئىشىڭىز چىقىپ قالدى، مەن بىلەن مېڭىڭ" دەپ ئۇنى باشلاپ رېستۇراننىڭ ئارقا ئىشىكىدىن چىقىپ، كەينىدىكى بىناغا ماڭدى، غېنى شاڭجاڭ بۇ بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىن ئىككى يۈرۈش ئۆينى ئىجارىگە ئېلىۋالغان بولۇپ، ئۆز ئېھتىياجى بويىچە خالىغانچە پايدىلىناتتى. بۇ ئۆيلەر گۈلشەنگە تونۇش ئىدى، باياتىن رەيھاننى ئىزدەۋاتقاندا بۇ ئۆيلەر يادىغا يەتكەن بولسىمۇ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىغان، مانا ئەمدى شاڭجاڭ بۇنىڭغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىۋاتاتتى. گۈلشەن بۇ يەردە چوقۇم بىر "ئىش" بارلىقىنى بايقاپ ئۈلگۈردى، شاڭجاڭنىڭ ئارقىسىدىن ماراقچىدەك ئەتتىك ماڭدى. غېنى شاڭجاڭ بىنانىڭ بىرىنچى ئىشىكىدىن كىرىپ، ئوڭ تەرەپتىكى ئۆينىڭ "مۈشۈك كۆز" ئورنىتىلغان ئىشىكىنى چەكتى. ئىشىكنى ئاچقان قىز غېنى شاڭجاڭ ۋە كەينىدىكى گۈلشەنگە قاراپ شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدى. گۈلشەن ئۆيگە كىرىپلا سالوندىكى سافادا بالىسى بىلەن بىللە تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇرغان رەيھانغا قاراپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى، قورقۇنچتىن پۇتلىرى تىترىدى، ئەمما ئۆزىنى دەررۇ ئوڭشىۋالدى: قورققىدەك نېمە بار ئىدى، ئۇ ياسىننىڭ چوڭ خوتۇنى بولسا، گۈلشەن كىچىك خوتۇنى، غېنى شاڭجاڭمۇ بۇنى ئوبدان بىلىدۇ. ئېرىنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى ئۇ ئېرىدىن كۆرسە بولىدۇ، يا ئۆزىدىن كۆرسە بولىدۇ، گۈلشەندە نېمە گۇناھ!؟ ھەر قانچە بولسىمۇ بۇ يەرگە بېشەملىك قىلغىلى كەلمەس، شۇنداقمۇ قىلارمۇ؟ گۈلشەننىڭمۇ ئۇنىڭغا دەيدىغان گەپلىرى بار، تىللاشسا تىللىشىدۇ، ئۇرۇشسا ئۇرۇشىدۇ...

ئۇ رەيھاننىڭ بۇ يەرگە كېلىۋالغىنىدىن تېخىچە ئەجەبلىنىۋاتاتتى، بىچارە خوتۇن ئاچچىقىغا پايلىماي ياسىننى تاشلاپ غېنى شاڭجاڭ بىلەن تېپىشىۋالغانمىدۇ؟ كېچىدىن ئىككىسى بىللە ياتقانمىدۇ؟ شۇنداق قىلغان بولسا ئەمدى تۈگەشتى دېگەن گەپ ، ياسىن ئۇنى ئاشقان تاماقتەك تاشلىۋېتىدۇ، گۈلشەننى بولسا ئىشتىھا بىلەن

"يەۋېرىدۇ"... بۇنىڭغا بۇ خوتۇن چىدامدۇ؟ چىدىمايدىغان ئادەم نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىدۇ؟! بۇنداق قىلسا ياسىننىڭ ئۆزىنى كېرەك قىلمايدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟!

رەيھانمۇ گۈلشەننى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، كۆزلىرىدىن نەپرەت، يىرگىنىش ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى، ئاندىن غېنى شاڭجاڭغا ھەيرانلىق ۋە نارازىلىق بىلەن قاراپ:

ــــ بۇ بىر نېمىنى نېمىشقا ئەكىردىڭىز؟ مېنى قەستەن تېرىكتۇرەي دەمسىز، ئاپىرىڭ، بۇ بىر نېمە بېرىپ ياسىننىڭ يۈندىسىنى ئادالىسۇن، كۆزۈمدىن ھازىرلا يوقىتىڭ!ــــ دېدى.

گۈلشەن غېنى شاڭجاڭغا بۇيرۇق قىلغۇدەك بولغان بۇ "ئاچىسى"نىڭ ھەيۋىسىدىن تىترەپ، ئاچچىقتىن تولغىنىپ كەتتى، بىر نېمىلەرنى دەي-دەي دەپ ئاغزىنى مىتىلدىتىپ تۇرۇپ قالدى.

ــــ ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ،ــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ ئۆزگەرمەس تەمكىنلىكى بىلەن،ــــ گۈلشەن مېنىڭ خىزمەتچىم، قانداق ئىشلەتكۈم كەلسە شۇنداق ئىشلىتىمەن. بۇ ئۆي نەچچە ۋاقىتتىن تازىلانماي تۇرۇپ قالدى، ئامانگۈل يېتىشىپ بولالمايدۇ، گۈلشەن قىزلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن چاققان، شۇڭا ئىشلىرىڭىزغا قارىشىپ بەرسۇن دەپ ئەكىردىم، ھەرگىز باشقا مەقسەت يوق.

ــــ باشقا قىزلارمۇ جىققۇ، بۇنى كۆزۈم كۆرمىسۇن...

گۈلشەن ئىچىدە "خەپ" دېدى، قورسىقى قاتتىق ئاغرىغاندەك تۈگۈلۈپ ئاران چىدىدى، ئۆزىنى ئوسال ئەھۋالدا قويغان شاڭجاڭدىن ئاغرىندى، ئەمما شاڭجاڭ بۇ يەرگە ئۇنى باشلاپ كىرمىسە بۇ مەخپىيەتلىكنى قانداق بىلىپ، ياسىنغا قانداق دوكلاپ قىلالايتتى؟! كىرگەندىكىن ھەممىگە چىداش كېرەك، شاڭجاڭ چىقىپ كەتكەندە ئۇبدان دېيىشىۋالىدۇ...

ــــ باشقا قىزلار گۈلشەندەك پاكىز ئەمەس،ــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ يۇمشاق سۆزلەۋاتقاندەك،ــــ بۇنىڭدەك قىلالمايدۇ. مەن ئادەم ئىشلىتىشتە ئەزەلدىن خاتالىشىپ باققان ئەمەس.

رەيھان ئەمدى بەربىر غېنى شاڭجاڭنىڭ گېپىگە ھۆرمەت قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ئامالسىز تۇرۇپ قالدى، شاڭجاڭ مەقسەتسىز ئىش قىلمايتتى، ياسىنغا رەيھاننىڭ نەدىلىكىنى، بىخەتەر تۇرۇۋاتقانلىقىنى، كېچىدىن ئامانگۈل بىلەن بىللەن ياتقانلىقىنى گۈلشەننىڭ شاھىدلىقى ئارقىلىق بىلدۈرمەكچى ئىدى، رەيھان بۇنى دەرھال چۈشەندى، كۆڭلى ئېچىلدى.

___ سىز ھۇجرىڭىزغا كىرىپ بالىڭىز بىلەن ئارام ئېلىڭ،___ دېدى غېنى شاڭجاڭ چىقىپ كېتىش ئالدىدا،___ ئۆيىنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن ئامانگۈل سىزگە تاماق ئېتىپ بەرسۇن، بۇ قىز ئۆي تامىقىغا ئۇستا؛ گۈلشەن بالىڭىزنىڭ ئىشتان-پايپاقلىرىنى يۇيۇپ بەرسۇن، ئۆزەم يۇيىمەن دەپ جاپا چېكىپ يۈرمەڭ، ھېلىمۇ كۆپ جاپا تارتىپ كەتتىڭىز. ئەمدى بىر ئوبدان كۆرۈشكەندەكىن چىرايلىق مۇڭدىشىپ، ئاچا-سىڭىلدەك ئۆتۈڭلار. كونا خامانىنى سورۇپ سوقۇشۇپ يۈرسەڭلار سەت تۇرىدۇ، بىر ئەرنى دەپ ئۇنچىلىك قىلىش ئەرزىمەيدۇ، يۈرەك كېسىلى بولۇپ قالسىلەر، ئاخىردا زىيان تارتىدىغىنى يەنىلا ئۆزەڭلار... بۇ گېپىمنى ئوبدان ئويلىنىڭلار.

غېنى شاڭجاڭ سالماق قەدەم تاشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، رەيھان ئوغلىنى ئېلىپ ئىچكىرىكى ھۇجرىغا كىرىپ كەتمەكچى بولىۋىدى، ئوغۇلچاق تېلىۋىزوردىكى قوچاق فىلمىغا قاراپ ماڭغىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالدى، رەيھان تېلىۋىزورنى ئۆچۈرۈۋەتتى، بالىسى يىغلاشقا باشلىدى. بۇ يىغا-زارىدىن تېخىمۇ كۆڭۈلسىزلىك پەيدا بولدى. ئامانگۈل بۇ ئىككەيلەننىڭ ياسىن توغرۇلۇق زىددىيتى بارلىقىنى ھېس قىلىپ، گەپتىن قېچىپ تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ ئىشىكنى يېپىۋالدى.

___ مەيلى، كۆرگىلى قويۇڭ، زورلاپ قانداق قىلىسىز؟ ___ دېدى گۈلشەن جان كىرىپ قالغان يىلاندەك تولغىنىپ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ،___ مەنمۇ قوچاق كۆرۈشكە بەك ئامراق...

رەيھان ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن قاراپ قويۇپ، بالىسنى پەپىلىدى.

___ بۇ يەردە كۆرۈشۈپ قالارمىز دەپ پەقەت ئويلىماپتىكەنمەن.

ـــ مېنىڭ ئالدىمدا ئازراق نايناقلا، سەندەك نېمىگە گەپ قىلغۇم يوق.

ـــ باياتىن ئەمسە ئەجەپ چوڭچىلىق قىلىسىزغۇ، شاگجالڭ بار، شۇڭا قورقمايسىز-دە، شاگجالڭ بولغاچقا، ياسىندىنمۇ قورقمايدىكەنسىز دەڭا؟

ـــ ئىشىڭنى قىل، ھەممە ئادەمنى ئۆزەڭگە ئوخشاتما!

ـــ مەندەك خوتۇن بولالىغان بولسىڭىز ئۆيىڭىزدە ئىسىل ياشايتتىڭىز.

ـــ شۇنداقمۇ...ـــ دېدى رەيھان مەسخىرىلىك كۈلۈپ، ـ مەن ئەجەپ بىلمەپتىمنا! مەن سەندەك نايناق، غىلجىڭ ئەمەس، شۇڭا ئېرىمنىڭ پەس كۆڭلى ساڭا چۈشكەن گەپ...

ـــ شۇڭا ياسىن سىزنى خۇلقى يوق دەيدىكەن-دە، گەپ ئۆزىڭىزدىكەن، ئەمدى كېلىپ ئېرىڭىز تاشلىۋەتسە ئۇنى مەندىن كۆرسىڭىز قانداق بولىدۇ؟!

ـــ ئادەم بار يەردە تولا ئېغىزىمنى ئاچما، بولمىسا بۇ يەردىن چىقىپ كەت!

ـــ ۋۇي ما گەپنى، مېنى نەگە قوغلايتتىڭىز؟ بۇ ئۆي سىزنىڭمىدى؟ قانداق قىلىپ ئېرىشتىڭىز؟ شاگجالڭ دارىن ئالاھىدە ئىلتىپات قىلغان ئوخشىمامدۇ!

ـــ كۆزۈمگە تولا سەت كۆرۈنمەي چىق، خىيالىڭدا مېنى نېمە چاغلاپ قالدىڭ، مەن نەگە بارسام بويىنۇمنى تىك تۇتۇپ ياشايدىغان خوتۇن، ئۇقتۇڭمۇ؟ بۇ يەرگە ئادەمدەك ياشاي دەپ كەلدىم، خاناچاڭنىڭ دەردىنى سەندەك ماڭقىلار چۈشىنىپ بولالمايدۇ، شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن ئېغىزىڭنى يىغىپ يۈر.

ـــ ۋاي ماقۇلە خاناچا، مەن ماڭقا بولسام سىلى چوڭ خانىش، ئېسىلزادە مەلىكە، ئۇنچە كېرىلىپ كەتمىسىلە، مەنمۇ ياسىناخۇننىڭ نىكاھلىق خوتۇنى، مېنىڭمۇ ئۆزەمگە چۈشلۇق ھۆرمىتىم بار.

رەيھان بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىچىدە ئاچچىق كۈلدى، تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى، ئەمما ھازىر كىم بىچارە؟

ــــ ھازىرغىچە ئۆزەڭنى ياسىننىڭ خوتۇنى دەپ ئويلامسەن؟

ــــ ئەمسە ئاشنىسى دەپ يۈرسەم بولامتى؟

ــــ ياسىننىڭ نىكاھ قىلىدىم دېگىنىگە ئىشىنىپ يۈردۈڭما؟ ئەقلىڭ نەگە كەتتى؟ نىكاھ ئوقۇغاندا قېشىڭدا ئاتا-ئاناڭ بارمىدى؟ گۇۋاھچىڭ كىم؟ تويلۇقۇڭغا نېمە ئالدى؟ خەقنى قىچىرىپ توي قىلدىڭمۇ؟

ــــ بۇنىڭ بىلەن نېمە كارىم، بۇ يەر دېگەن كۇلى،ھەممە ئىش شارائىتقا بېقىپ بولىدۇ. مەن ئۆزەم يالغۇز تېڭىۋالمىدىم، يېنىمدا غېنىكاممۇ بار.

ــــ نېمە؟ نىكاھ ئوقۇغاندا غېنى شاڭجاڭمۇ بارمىدى؟

گۈلشەن دېمەيدىغان گەپنى دەپ سالغاندەك ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى، ئەمما گەپنى دەرھال ئوڭشاپ جاۋاب بېرىۋەردى:

ــــ شۇ، غېنىكام مەسچىتكە جۈمە ئوقۇغىلى بېرىپتىكەن، ياسىن ئىككىمىزگە ئۇچراپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن نىكاھىمىزغا قاتنىشىپ بەردى.

ــــ يوغان ئىش قىلىشىپسەن، ئىككىڭىزنىڭ ئىشنى ئىگەم ئاللاھقا قويدۇم، ئەمما مەن سەنلەرنى ھەرگىز ئەر-خوتۇن دەپ ئويلىمايمەن.

ــــ ئىختىيارىڭىز، لېكىن مەن ئۆزەمنى ياسىننىڭ خوتۇنى دەپ ئويلايمەن، مەن سىز ئويلىغاندەك ئۇنداق ئەسكى قىز ئەمەس، ئېرىڭىزنى يولدىن چىقارغان مەن ئەمەس، ئالىمەن دېدى، تەگدىم. بىر ئەر ئىككى-ئۈچ خوتۇن ئالسا بولىدىكەنغۇ. سىز بۇنىڭغا ئۇنىمىغان بىلەن مەن ئۇنايمەن، ئەسلىدە سىز بىلەن ياخشى ئۆتۈپ كېتىمەن دەپ ئويلىغان، لېكىن ھازىر ئويلاپ باقسام بۇ مۇمكىن ئەمەسكەن. راست گەپ قىلايمۇ، سىزنىڭ ئىچىڭىز بەك تاركەن...

ــــ سېنىڭ بەك كەڭ ئوخشىمامدۇ؟ بىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا ئىچى تارلىق قىلىپ بۇزغان سەن ئەمەسمۇ؟!

ـــ ھەممىنى ماڭا دۆڭگەپ قويغىلى ئۆستىكەنسىز خاناچا،  ياسىن سىزدىن بەختلىك بولغان بولسا ماڭا چاپلىشىپ نېمە قىلاتتى؟  قارىغاندا، بۇرۇن ئۆزىڭىزنى بەختلىك دەپ ئالداپ يۈرگەن ئوخشايسىز.

ـــ بولدى، بولدى، ئازراق ۋىتىلداپ بېرىپ ئىشىڭنى قىل. مەن كىرىپ بالامنى ئۇخلىتىمەن.

ـــ ئىشقىلىپ ماڭا بۇنداق سەت قارىماڭ،  سىز مېنى ملىك تىللاپ، قارغىسىڭىزمۇ بىكار،  ئۆلۈممنى تىلىسىڭىز تېخى سىزدىن ئۇزاقراق ياشاپ قالىمەن. ھەر كىمنىڭ خۇدايىم بەرگەن رىزقى بار،  ھەر كىم نوچى ياشاشقا، خاتىرجەم ياشاشقا ئىنتىلىدۇ؛ سىزمۇ مانا ياسىننى تاشلاپ بۇ يەرگە كېلىۋاپسىز، ئادەم دېگەن شۇ،  سۇ  پەسكە ئاقىدۇ،  ئادەم دېگەن يۇقىرىغا يامىشىدۇ، مۇشۇنى چۈشەنسىڭىزلا بولدى.

ـــ بېرىپ ئىشىڭنى قىل، ماڭا ئىش ئۆگەتمىسەڭمۇ بولىدۇ...

ـــ بالىڭىزنىڭ كىرلىرىنى ئۆزىڭىز يۇيۇڭ، مەن ئامانگۆلگە ياردەملىشمەن.

ـــ مەنمۇ ساڭا بالامنىڭ كىيىملىرىنى تۇتقۇزمايمەن.

ـــ مېنى پاك ئەمەس دېمەكچىمۇ؟ ئۆزىڭىز گۆھەردەك ساپ ئوخشىمامسىز؟!

ـــ ھەممە ئادەمنى ئۆزەڭدەك ئويلاپ قالدىڭمۇ؟  تولا ئاغزىمنى ئاچما!

ـــ مەن قانداقكەنمەن، بىز دېگەن جىرىك-جىرىك قىز باللا، تويى قىلدۇق، ئېرىمىز بار، ئۆيىمىز بار، سىزدەك قېچىپ مۆكۈپ يۈرمەيمىز، كېچىسى باشقا يەردە تۈنەپ قالمايمىز.

رەيھان يىلان چاققاندەك تولغىنىپ كەتتى، ئاچچىقى بىر دەمدىلا چىرايىغا چىقتى، لەۋلىرى تىترىدى:

ـــ سەن... ھەممە ئادەمنى ئۆزەڭدەك بۇزۇق ئويلامسەن، نەگە بارسا شۇ يەردە ئېچىپ يېتىپ بېرىدۇ دەمسەن، كۆزۈمگە سەت كۆرۈنمەي بۇ يەردىن چىق، بولمىسا ئادەم چاقىرىمەن.

— قېنى چاقىرىڭ، سىز غېنى شاڭجاڭنى چاقىرسىڭىز، مەن ياسىننى چاقىرىمەن، شۇنىڭ بىلەن سوقاش باشلىنىدۇ، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، سىز مەندىن چوڭ بولغان بىلەن مەندەك كاللىڭىز ئىشلىمەيدىكەن، ئاچچىقىڭىزنى بۇنداق يامان قىلماڭ، بولمىسا سەت چاندۇرۇپ قويىسىز؛ بۇزۇق دېگەن گەپنى ئۆزىڭىز چىقاردىڭىز، كىم بۇزۇقكەن، ئاخىرىدا بۇنى ياسىناخۇن ئايرىيدۇ.

رەيھان شىتىللىقتا، زۇۋاندازلىقتا ۋايىغا يەتكەن بۇ سېكىلەكنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپلا قالدى، بۇ يەرگە كېلىشتىن ئاۋۋالقى ئەندىشىلىرى توغرا ئىدى، ئىشلار دائىم ئۆزى ئويلىغاندەك بولمايتتى. غەزەپلىنىش توغرىدەك قىلغان بىلەن يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىققاندا بۇنىڭ زىيىننى غەزەپ-ئاچچىققا دۆڭگەپلا قۇتۇلغىلى بولامتى؟ ئادەم دائىم غەزەپتىن ئۆتۈنگەن شۇم بۇيىنىڭ ئاچچىق مېۋىلىرىنى يەپلا ئۆتەمدۇ؟! ئەمما غەزەپلەنمىسە قانداق بولىدۇ؟ ناھەقچىلىككە قانداق چىدايدۇ؟ غەزەپلەنمىسە غۇرۇر قانداق قوغدىلىدۇ؟ غەزەپلەنمىسە ئىرادە، ھەرىكەت قانداق مەيدانغا كېلىدۇ؟ ئەنە شۇ غەزەپنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۇ ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى، غەزىپى پەسەيگەندە بۇ يەرگە كەلگىنىدىن سەل پۇشايمان قىلدى، ئەمما ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ غۇرۇرى، ئىپپەت-نومۇسى بىلەن ياشايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، بېشىغا كەلگەن ھەر قانداق ئىشقا دادىل يۈزلىنىش ئىرادىسىگە كەلدى... ئەمما گۈلشەن بۇنى چۈشەنمەيدۇ، ياسىنمۇ چۈشەنمەيدۇ، ھەر ئىككىلىسى بۇزۇقچىلىققا پېتىپ كەتكەن تۇرسا پاك ئايالنىڭ غۇرۇرى ۋە مۇھەببەت-نەپرىتىنى چۈشىنەمدۇ؟!...

— ئۆزەڭنى مەندىن ئەقىللىق چاغلاپ كەتكەنلىرىڭمۇ بۇ!— دېدى رەيھان ئۆزىنى دەررۇ ئوڭشاپ،— كىچىك بولساڭمۇ مەندىن جىق ئىش كۆرۈپ كەتكەن نېمىسەن، بۇنى بىلىمەن، ئەمما كاللاڭ بولسا شۇنى ئويلاپ باق، ئەگەر مېنىڭ ئورنۇمدا بولغان بولساڭ سەن قانداق قىلاتتىڭ؟ كۆنەلەمتىڭ- كۆنەلمەمتىڭ؟ چىدامتىڭ- چىدىمامتىڭ؟ ساراڭ بولامتىڭ- بولمامتىڭ؟

گۈلشەن بۇنى ئاڭلاپ " نېمە قىلىمەن بۇ خوتۇننى ئەيىبلەپ، بولسا مۇشۇنداق ياشاۋەرسە ياخشى ئەمەسمۇ!" دېگەنلەرنى ئويلاپ ئىچىدە كۈلدى، گەپلىرىنى يۇمشاتتى:

ـــ ئەلۋەتتە چىدىمايمەن-دە، ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا كىم چىدايدۇ؟! مەن سىزنى چۈشەنمەيدىغان يەردە ئەمەس، لېكىن ماڭىمۇ نېمە ئامال دەيسىز، مەنمۇ بىر ئاجىز قىز بالا، بولسا ئەسلىدە خوتۇنى يوق ئەرگە تەگكەن بولسام بۇنداق ئازاب تارتىپ يۈرمەيتتىم، بۇزۇق دېگەن ئاتاقمۇ قالمايتتىم، لېكىن بۇ كۈلدا قانداق قىلىمىز دەيسىز، بىزنىڭمۇ ياشىغۇمىز كېلىدىكەن، بىر كىم بىزنى قەدىرلىسكەن دەيمىزكەن، بۇزۇلۇپ كەتمەي ياشايلى دەپ ئەرگە تەگكۈمىز كېلىدىكەن، شۇڭا سىزمۇ توغرا چۈشىنىڭ...

رەيھان ئەمدى تۇرۇپلا ئۇنىڭغا يول قويۇۋاتقانلىقىنى، ئويلىمىغان يەردىن ئەپلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئىچى پۇشتى، يەنە دېسە يەنە شۇ، گەپ قىلسا گەپ بەرمەيدۇ، تاكاللىشىدۇ، بولغۇلۇق بولۇپ بولغاندا مىڭ قاقشىغان بىكار. يەنە كېلىپ، ئاكتىپلىق بىلەن رەسۋالاشقىنى ياسىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ پوقىنى ئىككى خوتۇن يۈزىگە سۈۋاپ سەتلىشىپ يۈرىۋېرەمدۇ؟

ـــ مەن توغرا چۈشەنمەيمەن، ـــ دېدى رەيھان پىتنى بۇزماي، ـــ بولىدىغان ئىش بولدى، ئۆزەڭنى ئاقلىغىنىڭ بىكار، مۇشۇ چىرايىڭ بىلەن ساڭا ياسىندىن باشقىسى چىقماسمىدى؟ مەن كېلىشتىن بۇرۇن شۇ رەسۋالىقنى قىلىشمىغان بولساڭ بەلكىم سېنى قوبۇل قىلاتتىم. قىلىدىغاننى قىلىپ بولۇپ، ئوغرىلىقچە قىلىشقان نىكاھىڭنى خۇدايىم راۋا كۆرەمدۇ؟! مەن ياسىننى ئوبدان بىلمەمەن، ئۇ پەقەت سېنى ئويناشتىن باشقىنى ئويلىمايدۇ، مېنىڭ ئالدىمدا ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن نىكاھ قىلدىم دەۋالدى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن مېنى ئالدىدى، سەنمۇ ئۇنىڭغا ئالدانىدىڭ، يا بولمىسا ئۇ ساڭا ئالداندى.

ـ ئۇنداق ئىش يوق، ئۆزىڭىز خاتا ئويلىۋاپسىز...ـ دېدى گۈلشەن گەپنى كەسكىن بۆلۈپ.

ـ توختاپ تۇر، مەن ياسىن بىلەن ئۆي تۇتقىلى بەش يىلدىن ئاشتى، ئۇنى تېخى مەندەك چۈشەنمەيسەن. بىز بەك ئوبدان ئۆتكەن. بۇ ھەقتە ساڭا ئارتۇق گەپ قىلغۇم يوق، ئىشقىلىپ يېقىندىن بېرى ئۇ ماڭا كۆرمىگەن كۈننى كۆرسەتتى، ئاجرىشاي دېسەم ئۇنىمىدى، كېتەي دېسەم پۇل بەرمىدى، ساڭا خەجلىگەن پۇلدىن ماڭا بىر سىنت خەجلىمىدى. ئۇنىڭ ماڭا سالغان ئازابلىرىنى سەن بىلسەن، بىلىپ تۇرۇپ تاماشا كۆردۈڭ، مەن بۇنىڭ ھەممىسىگە

چىدىدىم، ئەمدى ئۇنداق ئۆتتۈرەيمەن، مەن ئۇنداق دەسسىسە مجلسپ تۇرىۋېرىدىغان لاي ئەمەس. مەنمۇ جېنىم بولغاندىكىن مىدىرلىشىم كېرەك، شۇڭا بۇ يەرگە ئىشلەپ پۇل تاپاي دەپ كەلدىم، ئەسقاتمىغان ئېرىم سېنى بېقىپ ئۆتتۈرسۇن. مەن بۇ يەردە ئۆزەمنى ھەم بالامنى بېقىپ ياشايمەن، نەدە ياشىسام غۇرۇرۇم، ئىمانىم بىلەن ياشايمەن. شۇڭا ماڭا ئۇنداق-مۇنداق تۆھمەت قىلغۇچى بولما...

— سىزمۇ مېنى ئۇنداق كۆرگەنلا يەردە سەتلىمەڭ، مەنمۇ سىزنى ھېچقاچان تىللاپ باقمىدىم.

— تىللىمىغىنىڭغا رەھمەت دېسەم بولغۇدەك ئەمىسە... — رەيھان ئورنىدىن تۇرۇپ، بالىسىنى مەجبۇرلاپ دېگۈدەك ياتاق ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ ئىشكىنى تاقىدى. گۈلشەن ئاغزىغا كەلگەن گەپنى بوغۇزىغا يۇتۇپ، ئىچىگە تىنىپ بىر دەم ئولتۇرغاندىن كېيىن تازىلىق ئۆيىگە كىردى.

— جىدەللىك تۇگىدىمۇ؟— دېدى ئامانگۈل پەس ئاۋازدا.

— نېمە جېدەلنى دەيسەن، بىز ئۇرۇشمىدۇق، ھەم ئۇرۇشمايمىز. ئۆزىمىزدىن چوڭ خوتۇن بىلەن ئۇرۇشۇپ نېمە قىلىمىز؟

— ئاغزىڭ بەك ئىتتىكچۇ سېنىڭ، گاھىدا ئاڭلاپ ھەيران قالىمەن.

— سەن گەپ قىلمىساڭ ئۇ گەپ قىلىدۇ، ئۇنداق خوتۇنغا گەپ بەرمىسەڭ بولىدۇ، گەپ دېگەن تاياقتىن يامان.

— ئەمدى چىقسام بولىدىغاندۇ؟

— بولىدۇ، ئىشلىمىسەڭمۇ بولىدۇ. تاماق قىلما، سەن ئۇنىڭ مالىيىمىدىڭ؟

— پەس گەپ قىل، غېنى شاڭجاڭ بۇيرۇغان ئىشنى قىلمىساڭ قانداق بولىدۇ؟

— غېنىكام ئۇنىڭ نېمىسكەن؟ بىر ئاخشام بىللە ياتقانغا ئۇنىڭ ئېرى بولۇپ قالمىغاندۇ؟

ـــ ھەي...ھەي، ئېغىزىڭنى يامان قىلما، كېچىدىن مەن بۇ چوكان بىلەن مۇشۇ ئۆيدە ياتتىم.

ـــ لېكىن سەن ئۇخلاپ قالغاندا ئىككىسىنىڭ نېمە ئىش قىلغىنىنى بىلمەيسەن-دە!

ـــ قالايمىقان گەپ قىلما ئاداش، بۇ ئايال بالىسىنى قارىتىپ قويۇپ ئۇنداق ئىش قىلماس. بالىسىنى ياتاق ئۆيگە ئەكىرىپ ئىچىدىن تاقاپ قويۇپ ياتتى. مەن بۇ يەردە كېچىدىن تۇزۇك ئۇخلىغاندەك بولمىدىم، ئورۇن ئالماشسام ئۇخلىيالمايدىغان بىر ئىشىم بار، ئەتىگەندە ئازراق ئۇخلىغاندەك بوپتىمەن، ئويغىنىپ كېتىپ قارىسام بىرسى يىغلايدۇ، ئىشىك يوچۇقىدىن قارىسام بۇ چوكان دۇئا قىلىپ يىغلىغىلى تۇرۇپتۇ. سەھەر قوپۇپ ناماز ئوقۇيدىكەن، بۇنداق چوكاننى ئۇنداق ئىش قىلدۇ دېسەڭ، قانداق بولىدۇ؟

ـــ ناماز ئوقۇغىنى بىلەن شەيتىنى يامان خوتۇن بۇ، ـــ دېدى گۈلشەن غۇدۇراپ، ـــ بۈگۈنى قىلمىسا ئەتىسى قىلىدۇ، بولمىسا بۇ يەرگە نېمەدەپ كېلىدۇ، پۇلى بارغا تېگىمەن دەپ كەلگەندۇ؟ سەن ئۇنىڭ نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى بىلمەيسەن، قاراپ تۇر، ئەتە-ئۆگۈن غېنىكام بۇنى ئۆزىگە خوتۇن قىلىۋالىدۇ.

ـــ ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ، كېچىدىن بۇ چوكان بىلەن ئازراق مۇڭدىشىپ قالدىم، دەردى بەك تولىكەن، ئېرى يامان خارلاپتۇ، بىچارە بالىسىنى دېمەيسەن، دادام قېنى دەپ سوراپمۇ قويماي دېيەنىشكە قاراپ ئولتۇرىدۇ.

ـــ بۇ يەرگە زادى نېمىگە كەپتۇ، شۇنى دېگىنە!

ـــ گېپىدىن قارىغاندا، غېنى شاڭجاڭدىن ياردەم سورىغان چېغىۋا، شاڭجاڭ ئۇنى داتاڭ جىڭلى قىلىپ ئىشلىتىدىكەن.

ـــ بىزنى باشقۇرىدىكەن-دە، ئۇنداق بولسا مەن بۇ يەردە ئىشلىمەيمەن.

ـــ كېتىپ لاۋبەنىنىاڭ بولىمەن دېگىنە، ـــ دېدى ئامانگۈل كۈلۈپ، ـــ ھەممە نەرسە ئىككىڭلارغا ئوڭچە قاپتۇ ئەمدى!

— نەدىكى گەپنى قىلىسەن ئاداش، ئۇ يەردە بىر ئادەم ئېشەكتەك ئىشلەيدىغان گەپ، بۇ خېنىمنىڭ شۇڭا چىدىماي كېلىۋاپتۇ. خوتۇن بولدۇم دەپ مەنمۇ ياسىنىغا بىكارغا ئىشلەرمەنمۇ دەيمەن؟

— ئېرىڭ پۇل تاپسا بەربىر ساڭا خەجلەيدىغاندۇ؟

— نېمىسىنى دەيسەن، تويلۇقنىمۇ بىر نەرسە ئالمىغان، تاپقىنىنى شۇ ئىجارە تۆلىدى، ئۆينىڭ سۇ، توك پۇللىرىنى مەن دېمىسەم ئۆزلۈكىدىن تۆلىمەيدۇ. تاپقىنىنى بۇ خوتۇنغا خەجلىدىمىكىن دېسە بۇنىڭغىمۇ خەجلىمەيدىكەن، ئۆيىگە كەتكىلىمۇ پۇل بەرمەپتىمىش. نېمە قىلىدۇ دەيمەن كەتكىلى قويماي، مۇشۇنداق قىلىپ خوتۇننى بۇزۇپ بولىدۇ. بۇزسا بۇزمامدۇ، نېمە كارىم، بۇ خوتۇننى دەپ ماڭا قارىماي قويمىسىلا، نېمە قىلسا مەيلى!

— ئۇ ئېرىڭگە ئانچە ئىشەنچىلىك يوق ئوخشىمامدۇ؟

— ئىشەنچىمۇ بار، لېكىن ئەنسىرەيمەن. ئويلاپ باق، بەش يىللىق خوتۇننى بىر دەمدە تاشلىيالىغان ئادەم مېنى قانچە يىلدا تاشلىۋېتەر؟ ئەمەلىيەتتە بۇ خوتۇنىنىمۇ قويۇۋېتەلمەيدۇ، هازىرمۇ مۇشۇ خوتۇنغا تارتىشىپ ساراڭدەك يۈرۈۋاتىدۇ.

— يۈرسە يۈرمەمدۇ، سېنى تاشلىۋەتمىسىلا بولىدىغۇ!

— بۇنىڭغا بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ ئاداش، بۇ خوتۇنىنىڭ باياتىن دېگەنلىرىنى ئويلىنىپ قالدىم، ئۇ مېنى راستىنلا ئويناش ئۈچۈنلا خوتۇن قىلغانمىدۇ؟ مېنى ئالدىغانمىدۇ؟

— ئۇنداق ئويلىما، سېنى دەپ مۇشۇ چوكاننى، باللىسىنى تاشلىۋەتكەن ئادەم سېنى هەرگىز ئالدىراپ تاشلىۋەتمەيدۇ.

— سەن بىلمەيسەن، ئۇنىڭ ئەسلىدە بۇ خوتۇننى تاشلىۋەتكۈسى يوق، لېكىن بۇ خوتۇنىنىڭ مىجەزى يامان، ئېرىگە هەرگىز يول قويمايدۇ، ئېرى يامان ئىش قىلىپ سالسا ئۆزىگە هەرگىز يېقىن كەلتۈرمەيدۇ. شۇڭا ياسىن ئۇنى قېيداپ تاشلىۋەتتى، هەرگىز چىن كۆڭلىدىن تاشلىۋەتمىدى. مەن بۇنى بىلمەن.

ــ ئۇنداقتا قانداق قىلسەن؟ ئۇ چوكان ئۇنداق قىلىۋەرسە، سەن ئۇنداق قىلمىساڭلا بولىدىكەنغۇ؟

ــ لېكىن ئەر كىشى دېگەن بۇنىڭدىنمۇ زېرىكىدىكەن، ئەدەمنى بارغانچە پەس كۆرىدىغان بوپ قالىدىكەن.

ــــ ۋاي-ۋۇي ئاداش، نېمانداق مۇرەككەپ ئىشلار بۇ، نېمانداق قاملاشمىغان ئەر ئۇ!

ــــ شۇنى دېسەڭچۇ، شۇڭا پات-پات نېرۋام ئۆرلەپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. توختىماي سۆزلىگۈم، بىر كىمنى تىللىغۇملا كېلىپ تۇرىدۇ.

ــــ ئاي كۆرۈپ قالساڭ شۇنداق بولىدۇ، سەنمۇ بىرنى تۇغقان بولساڭ مۇقىم بولاتتىڭ، ئېرىڭدىن خاپا بولساڭمۇ بالاڭ يېنىڭدا، زېرىكمەيتتىڭ.

ــــ قويغىنا، مەن كىچىك بالىغا ئانچە ئامراق ئەمەس، بۇ ئىشلارنى تېخى ئويلىشىپ باقمىدىم، قاچان خاتىرجەم بولغاندا شۇ چاغدا تۇغىمەن.

ــــ بۇ ئېرىڭدىن تۇغقۇڭ يوقما؟

ــــ دېيەمغۇ تۇغمايمەن دەپ، ئۇنىڭمۇ ئۇنداق خىيالى يوق، كۆڭلىدە مېنى تۇغماس چىقىپ قالسىكەن دەپ يۈرىدۇ.

ــــ ۋۇي، ئۇنداقتا ئۇ سېنى رەسمىي خوتۇن دەپ قارىمايدىكەن –دە!

ــــ شۇڭا ئىچىم پۇشىدۇ مېنىڭ، مېنى پەقەت ئوينىشىپلىش ئۈچۈن ئالغاندەك ئالدى دەپ ئويلاۋاتىمەن، لېكىن ھازىرچە كاللامنى ساراڭ قىلغۇم يوق، ياخشى ياشسام بولدى، خارلىنىپ قالمىسام بولدى...

ئىككىسى بىر دەم سوقا سۆھبەتلەردە بولۇپ، ئۆيىنى تازىلاپ، تاماق ئېتىپ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى؛ ئامانگۇل كىرىپ رەيھاننى تاماققا ئويغاتتى، كېچىدىن تۈزۈك ئۇخلىيالماي ئەمدى كۆزى ئۇيقۇغا بېرىپ قالغان رەيھان تەستە ئويغاندى، رەڭگى روپى سولغۇن، ھارغىن، پەرىشان ئىدى.

ياسىن ئاشخانىدا خېرىدار كۈتمەكنىڭ جاپاسىنى ھېس قىلدى، ئەمما بۇ كۈنى ئادەم ئانچە كۆپ كىرمىگەچكە ئۇنىڭغا بىر دەم ئارام ئېلىپ تاماكا چېكىشۋالغۇدەك پۇرسەت چىقتى. ھەممىدىن يامىنى خاپىلىق، سەپرالىق ئىدى، ئادەمنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولسا پۇت-قولنى قانچە ئىشقا سالسىمۇ ھارمايدۇ، كەيپىيات ناچار بولسا بىر قەدەم ئارتۇق مېڭىشمۇ مۇشەققەت. شۇ تاپتا ئۇ كىچىككىنە ئىش قىلسا يۈرىكى سالىدىغان بوۋايدەك پات-پات ئولتۇرۇۋالاتتى؛ قاپىقىدىن مۇز ياغاتتى، ئاغزى-بۇرنىدىن چىقىۋاتقان تاماكا ئىسلىرى قەھرىتان سوغۇقتىكى تۇمانلاردەك سوغۇق، كۆڭۈلسىز ئىدى. گۈلشەن ۋاقتىدا كەلمىگەنچە ئۇنىڭ سەپرايى ئۆرلەشكە باشلىدى، تېلېفوننى يەنە قولىغا ئالدى:

— سەن زادى سۆرۈلۈپ نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن، سەنمۇ ئۆزەڭنى بىر كۆرستەي دەۋاتامسەن نېمە؟

— ئىشىم تۈگىمىدى، سەل تۇرۇپ بارىمەن، يا بولمىسا غېنىكامىغا ئۆزىڭىز تېلېفون قىلىڭ.

— چاقىقانىراق كەل، ئەمدى ئۇ يەردە ئىشلىمىسەڭمۇ بولىدۇ.

— ماقۇل، ھازىر بارىمەن.

گۈلشەن تېلېفوندا ياسىنغا ھەممىنى دەي دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، دېگۈسى كەلمىدى. نېمىشقا دېگۈدەك، گۈلشەن ئۇنىڭ پايلاقچىسىمىدى؟ نېمە دېسە ھە دەپ كۈچۈكلىنىدىغان يالاقچىسىمىدى؟ دېگەنگە نېمە قىلىپ بېرەتتى؟ ئالتۇن ئۈزۈك ئېلىپ بېرەمتى؟...رەيھان بۇ يەردە قانچە ئۇزاق تۇرسا ياسىن ئۇنىڭدىن شۇنچە گۇمانلىنىدۇ، شۇنچە يىراقلىشىدۇ، شۇنچە كۆڭلى سوۋۇيدۇ. گۈلشەنمۇ ئەمدى شۇ خوتۇنىنىڭ كارىۋىتىدا خوتۇن بولۇپ كۆرۈپ باقسۇن، ياسىننىڭ ئۆزىنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقى ياكى شۇ خوتۇنغا قانچىلىك تارتىشىدىغانلىقىنى بىلىپ

باقسۇن... ئەگەر ياسىن ئاخىر بىلىپ قېلىپ، غېنى شاڭجاڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ"خوتۇنۇمنىڭ نەدىلىكىنى مەندىن نېمىشقا يوشۇرىسەن" دېسە، غېنى شاڭجاڭ ئۇنىڭغا "گۈلشەن ساڭا دېمىدىمۇ؟" دېيەلمەيدۇ، دېسە ئۆزىنىڭ هيلىگەرلىكى ئاشكارىلىنىپ تېخىمۇ ئوسال بولىدۇ.  ئەگەر ياسىن كېيىنچە گۈلشەننىڭ بۇ ئىشنى يوشۇرغانلىقىنى بىلىپ قالسا،  گۈلشەن" مەن سىزنى شۇ خوتۇنىڭىزدىن قىزغىنىپ، شۇڭا دېمىگەنتىم" دېسە نېمە دېيەلەيتتى؟ ...

گۈلشەن رېستۇراندىن چىقىپ ياسىننىڭ يېنىغا ماڭدى، كېتىۋېتىپ ئىشتىھالىق خىياللىرىنى داۋاملاشتۇردى:  شاڭجاڭنىڭ رەيھاننى تېپىپ باققۇسى كەلگەنلىكى راست، بولمىسا ياسىننى مات  قىلىش خىيالىدا بولامتى؟ ئىككىسى تېخى يېقىن ئاغىنە ئەمەسمىدى؟  غېنى شاڭجاڭ خىيالىدا قىزلارنى  ئىشقا سالماقچى،  گۇۋاھچىلىققا تارتماقچى، ئەمما ۋاقتى كەلگەندە بۇ گۇۋاھچىلىق ئاقامدۇ؟ ئەر كىشى خوتۇن خەقنىڭ گېپىگە شۇنچە ئاسان ئىشىنەمدۇ؟  ياسىن ئۇنداق كالۋا ئەمەس،  غېنى شاڭجاڭدەك ئادەمنىڭ هۇزۇرىدا تۇنەپ يۈرگەن خوتۇننى كۆڭلى كۆتۈرۈپ يەنە خوتۇن قىلمايدۇ،  گۇمان دېگەن قاپقارا نەرسە، يۈيسىمۇ ئاقارمايدۇ، ...بۇمۇ ياخشى بولدى، ئىككى قاغا پوق تالاشسا ئوۋچىغا پايدا، ئىككىسى ئادا-جۇدا بولۇشسا "ئىككى خوتۇن"دىن بىرسى قالدۇ، بىراق گۈلشەن هەممىگە ئىگە بولالامدۇ؟ ...

بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ ئۇقمايتتى، هەممىنى ۋاقتى كەلگەندە كۆرمىسە بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ هازىر خۇشال هەم ئەنسىز ئىدى. ئۇ ئەلۋەتتە خۇشال بولۇشى، ئۆزىدىن پەخىرلىنىشى كېرەك، نېمىشقا پەخىرلەنمىسۇن؟  ئۆزىگە چۈشلۇق چىرايى، پىگورى، ناز-خۇلقى بىلەن خوتۇن بالىسى بار ئەرنى ئۆزىگە قارىتالىدى، مەيدىسىگە مۇشتلاپ يەرگەن نوچىنى قوينىدا ئېرىتىپ تاشلىيالىدى،  ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، چىرايلىق، مەغرۇر چوكاننى ئازابقا ئىتتىرىپ، ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرالىدى...

بىراق گۈلشەن بۇنىڭدىن تازا خوش بولالمىدى. چۈنكى ئۇ بۇنداق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئۆزىمۇ ئويلاپ باقمىغانىدى، مۇشۇنداق ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىمەن دەپ قەستەن ئەسكىلىكمۇ قىلمىغانىدى، قىلغىنى پەقەت كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىش، ئۆز هەۋىسىگە بويسۇنۇش، ياسىننى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن رازى قىلىش، كۆڭلىنى ئېلىش بولدى. ياسىن هەر ئىككى خوتۇننى رازى قىلىپ يۈرىۋەرگەن بولسا، گۈلشەن مەيلى دەيتتى، رەيھاندىن ئۇنى

كۆنلەپمۇ كەتمەيتتى. چۈنكى ئۆزىگە ئىشىنەتتى، ئەرلەر ئۈچۈن كونىسىغا قارىغاندا يېڭىسىنىڭ ھامان "تاتلىق" بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئۆلارنىڭ ئۆيى قانداق بۇزۇلدى؟ ئىشنى بۇزغان ياسىنمۇ يا رەيھانمۇ؟ گۈلشەن بۇلارنى زىغىرلاپ ئويلاپ كەتمىدى. ئىشقىلىپ، بۇزۇلدى، بۇزۇلۇشقا قاراپ ماڭدى. مانا شۇنىڭ ئۆزى پاكىت. غېنى شاڭجاڭ خوتۇنغا ئامراق ئادەم، لېكىن رەيھان ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشقا ئۇنامدۇ؟ ئۇ ھەرگىز رېستورانىدىكى قىزلارغا ئوخشمايدۇ، پۇل ئۈچۈن ئالدىراپ ئۇنداق قىلمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭمۇ نەپسى بوش ئەمەس، كۆلىغا چىققان خوتۇنلارنىڭ قايسى بىرى قانائەتچان؟ شۈكۈر قىلىپ ئولتۇرغان بولسا كۆلىغا چىقامتى؟ ئېھتىمال ئۇمۇ شاڭجاڭنىڭ ئۆيىنى بۇزىمەن دەيدۇ. شۇ شاڭجاڭغا تېگىش مەقسىتى بولمىسا بۇ يەرگە كېلەمتى؟ بولمىسا شۇنچە دەرت تارتىپ ئاخىرىدا چىدىماي قالامتى؟ ھەر قانداق چوكان قەدىرلىنىمەن دەيدۇ، بۇ خوتۇنمۇ چىرايىنىڭ ئەتىۋارىنى قىلىدىغان بىر لاۋبەنگە تېگىشكە ئالدىرايدۇ. بىراق مۇيەسسەرخانمۇ بوش خوتۇن ئەمەس، ئۇرۇمچىدىن كەلسە رەيھاندىن ھېساب ئالماي قويمايدۇ...غېنى شاڭجاڭ يامان ئادەم بولغان بىلەن خوتۇنى چىشى يولۋاستەك ۋەھشىيلەشسە ئامال قىلالمايدۇ...

گۈلشەن ئۆزىنىڭ قۇشقاچتەك كاللىسىدا ئۈچۈپ يۈرگەن ھەررەڭ-سەررەڭ خىياللاردىن زوقلىنىپ كۈلۈپ قويدى، ياسىننىڭ ئاشخانىسىغا بىر دەمدىلا كېلىپ قالغاندەك بولدى، پادىشاھى قاچقان شەھەرگە مەغرۇرلۇق بىلەن كىرىپ كەلگەن قوماندانىدەك ئاشخانىغا كىرىپ، سەپرالىشىپ ئولتۇرغان ياسىننى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ بەك بۇرۇن خوش بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ــــ ئەتىدىن تېلېفون قىلسام ئەمدى كەلدىڭمۇ؟

ــــ مانا كەلدىمغۇ؟! قېنى خېرىدار، چېۋىن قورۇپ ئولتۇرۇپسىزغۇ؟

ــــ قالغان چېۋىننى سەن قورۇ، تولا مېڭىپ جۇلۇقۇم چىقىپ كەتتى.

ــــ نېمە ئىش قىلغانىغا ھېرىپ كەتتىڭىز، خوتۇن-بالىنىڭ دەردى دەڭا، مەن بۇنى چۈشىنىمەن.

ــــ ئىزدەپ باقمىدىڭما؟ يوق بولسا يوق دەپ تېلېفونمۇ قىلمىدىڭ، دېگىنە نېمە ئىش قىلدىڭ؟

ــــ ئەمدى مەندىن گۇمانلىنامسىز؟! توۋا، بار بولسا بار دەپ تېلېفون قىلمامدىمەن، يوق بولسا نېمشقا تېلېفون قىلىمەن، نېمشقا ئۇ يەردە دەپ ئويلايسىز؟

ــــ ئۇقىلى بولمايدۇ، خوتۇن خەقنىڭ بېشى قايسا نەمۇ نەگە كېتىۋېرىدۇ.

ــــ ساقچىغا مەلۇم قىلىك بولمىسا.

ــــ يوق گەپنى قىلما.

ــــ غېنى شائجاڭدىن سوراپ باقسىڭىزمۇ بولىدىغۇ؟

ــــ سورىدىم، يوق دېگەن.

گۈلشەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ گومۇشتەك تۇرۇپ قالدى؛ شائجاڭنىڭ ئىچ سىرىنى ئۇقىلى بولمىغاندىكىن، ھېچ نېمە دېمەيلا تۇرۇۋالسا بولىدىكەنغۇ؟

ــــ ئەمسە ئامال يوقكەن، بىر نەچچە كۈن ساقلاپ بېقىك.

ــــ نەگە كەتكەندۇ دەيمەن بۇ دۆت خوتۇن، ئادەمنى مۇشۇنداقمۇ سارالڭ قىلامدۇ؟! ــــ دېدى ياسىن ئېچىنىشلىق زارلاپ، ئۇنىڭ چىرايىدا قېتىپ قالغان قايغۇ-ئەلەم گۈلشەن كەلگەندىن كېيىنمۇ شۇ پېتى تۇراتتى، بۇنىڭدىن گۈلشەننىڭ ئىچى سىقىلىشقا باشلىدى.

ــــ بۇنچە تۇگىشىپ كەتمەڭ، ئوغرى-قاراقچى ئېلىپ قاچمىغاندۇ، جېنى تىرىك بولسا بىر كۈنى پەيدا بولىدۇ...

ــــ ئۇنى ئوغرى-قاراقچى ئېلىپ قاچسۇن دەمسەن، مۇشۇنداق بولۇشنى تىلەپ تۇرىسەن-ھە!

گۈلشەن ئۇنىڭ سوغۇق ئەلپازىدىن شۈركىنىپ كەتتى:

ــــ مېنى شۇنداق ئەسكى دەپ ئويلامسىز، مەنمۇ ئۇلارغا بىر ئىش بولمىسكەن دەيمەن. ھەممىگە مەن سەۋەبچى بولغاندەك، مېنلا سەتلەيدىكەنسىز، بۇنداق قىلسىڭىز قېشىڭىزدا تۇرمىسام بولغۇدەك...

ياسىن ئۇنىڭ ئاچچىقلاپ قالغىنىنى كۆرۈپ گەپ قىلمىدى؛ ئەمما ئىچ-ئىچىدىن زەردىسى ئۆرلەپ، پىغانى قايناپ، تاماكىسىنى ھە دېگەندە ئاچچىق-ئاچچىق شورايتتى.

ــــ بولدى، بولدى، بۇ توغرىلىق ساڭا گەپ قىلماي،ــــ دېدى ئۇ قاپىقىنى ساڭگىلىتىپ،ــــ ئىشىڭنى قىلىۋەرگىن.

گۈلشەن مەينەت قاچا-قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ، جوزىلارنى سۈرتۈشكە باشلىدى؛ ئەمما بۇ ئىشلارنى خوش ياقماسلىق بىلەن قىلىۋاتاتتى، كۆڭلى جايىدا بولمىغاچقا ھاشىم بىلەن ساۋۇتقىمۇ تۈزۈك سالام-سائەت قىلمىدى.

ئىككى ئاشپەز ياتاقتا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

ــــ يامان نېمىكەن جۇمۇ،ــــ دېدى ھاشىم كارىۋاتتا يېتىپ مەيدىسىنى قاشلاپ،ــــ تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپتۇ دېگەن مانا شۇ!

ــــ ياسىن لاۋبەن چاتاق ئىش قىلىۋاتىدۇ،ــــ دېدى ساۋۇت ئويغا پېتىپ،ــــ ئۆزىنى بىلەلمەي قالغان ئادەمنى شەيتان قاتتىق ئازدۇرىدۇ.

ــــ گۈلشەننى كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىۋالغىنى راستمىدۇ؟ سەن دەپ باقە، مۇشۇنداق قىلسا بولامدۇ؟

ــــ قانداق خوتۇنلۇققا ئالدى، ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. نەپسىنى قاندۇرىمەن دەپلا ئالغان بولسا نىكاھ بولمايدۇ، ئۆزىنىڭ پاھىشۋازلىقىنى ياپقان بولىدۇ؛ رەسمى خوتۇن قىلىمەن، باللىق بولىمەن دەپ ئالغان بولسا دۇرۇس بولىدۇ.

ــــ مېنىڭچە ياسىن لاۋبەن نەپسىمنى قاندۇرىمەن دەپلا ئالغان،ــــ دېدى ھاشىم كەسكىنلىك بىلەن،ــــ بولمىسا بىر چىرايلىق خوتۇننى تاشلاپ قويامدۇ؟ مېنىڭ بۇنداق چىرايلىق چوكىنىم بولىدىغان بولسا جاھان دېگەن مۇشۇ دەپ قويىنىدىن چىقماي ياتاتتىم.

ــــ شۇڭا خۇدايىم ئىشەككە مۈڭگۈز بەرمىگەن...ــــ دېدى ساۋۇت ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ، ــــ سەن بولساڭمۇ ئىككى كۈندە زېرىكىپ باشقا خوتۇن تاپاتتىڭغۇ دەيمەن. سېنىڭ نەپسىڭ ياسىن لاۋبەنىنىڭكىدىنمۇ يامان.

ــــ بۇنداق ماز گەپ قىلمىساڭچۇ ــــ دېدى ھاشىم تېرىكىپ،ــــ مەن ساڭا راست گەپ قىلىۋاتىمەن، ياسىن لاۋبەن ئۆيىنىغاندىمۇ سەت ئۆيناپ قويىدىكەن. قارىمامسەن، خوتۇنى يوقاپ كەتسە چاتىقى يوق، ئاشنىسنى ئەكىلىۋالدى، ئەمدى كۆرىسەن بۇ ئىككىسىنىڭ تاماشىسىنى!

ــــ شۇ ئاچىمىزغا ئۇۋال-دە، ئادەمدە ھايا بولمىسا ئىشەكچىلىكمۇ بولالمايدىكەن، بۇ يەردە ھازىر ئىشلىگۈمۇ كەلمەيۋاتىدۇ.

ــــ شۇڭا مەن غېنى شاڭجاڭنىڭ رېستۇرانىغا كېتەي دېگەن، ئادەم تولۇق دەپ ئۇنىمىدى.

ــــ كېتەي دېگەنمۇ تېخى، ساتىراشخانا قىزلىرىدىن ئايرىلىشقا قانداق چىدىغانسەن؟

ــــ مېنى مۇشۇ مەينەتلەرگە چىدىمايدۇ دەۋاتامسەن؟ كۆرسەملا قۇسىمەن.

ــــ قۇسۇپ بولۇپ يەنە ئاغزىڭنى يالايسەن-دە، پەخەس بول، كېسەل يۇقىدۇ.

ھاشىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ ساۋۇتقا چەكچىيىپ قاراپ قالدى.

ــــ نېمانداق سەت قارايسەن، كېسەل يۇقتۇرۇۋالغىنىڭ راستمۇ نېمە؟ مەن قارىسامغۇ ئەيدىزدەكلا كۆرۈنىسەن، بېرىپ ئۆزەڭنى تەكشۈرتۈپ باق.

ــــ ماڭاۋە ئاداش!...ــــ دېدى ھاشىم بىردىنلا ئۆكۈپ،ــــ ھېچقىزدەك قاملاشمىغان گەپ قىلىدىكەنسەن، ئويناپ قويغاننىڭ ھەممىسى كېسەل بولامدىكەن؟! ئەگەر مەن كېسەل بولىدىغان بولسام مەشەدىكى ھەممىڭ كېسەل، ئۆزەڭنى ساق دەپ چاغلامسەن تېخى، سەندەك ماز پۇرۇش گۇيلار ھېچنېمە قىلالمايلا ئادەمنىڭ كەينىدىن گەپ تاپىدۇ...

ــــ ما گۇينى، ئەيدىز دەپ قويسام چىچاڭلاپ كەتتىڭغۇ!ــــ دېدى ساۋۇت ئۇنىڭ ئەلپازىدىن ھەيران قېلىپ،ــــ قارىغاندا راستىنلا شۇنداق ئوخشايسەن. ئەمدى ئاستا خۇدايىمغا تۆۋە قىلىپ ناماز باشلىۋال.

ــــ قانداق قىلسام ئۆزەمنىڭ ئىشى، ئۆزەڭنى پاك دەپ چوڭ چاغلاپ كەتمە، خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا بىز ساپساق، خۇدايىم جاننى ئالمەن دېسە مەندىن بۇرۇن سەن ئۆلەمسەن تېخى!؟

ــــ مەن كېتىپ قالساممۇ مۇشۇ نامىزىم، مۇشۇ تۆۋەم بىلەن ساق كېتىمەن؛ سەن ئۆلسەڭ قانداق ئۆلەرسەن؟! شۇڭا ناماز باشلىۋال دەيمەن.

ــــ ئەمدى چۈشەندىم، سەن مېنى ئەيدىز دەپ قورقۇتۇپ، ناماز ئوقۇ دېمەكچىكەنسەن-دە!

ــــ ناماز ئوقۇساڭ ماڭا ئوقۇپ بېرەمتىڭ؟ ئۆزەڭ ئۈچۈن ئوقۇيسەن. ھېلىتىن قورقۇپ تاترىپ كەتتىڭ، ناماز ئوقۇساڭ خاتىرجەم بولىسەن.

ــــ ئىشىڭنى قىل، قاچان ئوقۇغۇم كەلسە شۇ چاغدا ئوقۇيمەن.

ــــ ئەمسە ئاشۇنداق ئەيدىز بولۇپ يۈرۋەر.

ــــ نېمە بولسام مەيلى، ماڭا يامانلىق تىلىسەڭ ئۆزەڭگە يانىدۇ.

ــــ مەن ساڭا يامانلىق تىلىمىدىم، يامان ئاقىۋەتكە قالما دەۋاتىمەن.

ـــ سەن مېنى يامان ئاقىۋەتكە قالدۇ دېمەكچىما؟ سەن ئەۋلىيامىدىڭ؟ ھەر قانچە دا موللا بولۇپ كەتسەڭمۇ بىكار، ماڭا ۋەز ئېيتمەن دەپ ئاۋارە بولما.

ـــ ئاڭلىمساڭ مەيلى، دۇمبەڭدىن تۆڭلۈك ئاچسىمۇ ئىچىڭگە ئىمان نۇرى كىرمەيدىغان گۆيكەنسەن...

ـــ شۇڭا چاتىقلىق بولمىسۇن، نېمە بولسام ئۆزەمنىڭ ئىشى، مەن سەندەك ھېچ ئىش قىلالماي تۆگۈلۈپ ياشمايمەن. ئوينىغۇم كەلسە ئوينايمەن، پۇخادىن چىقىۋېلىپ نېمە بولسام مەيلى!

ـــ ياسىن لاۋبەننى مۆت دوراپسەن، ئەمدى ئۆزنى تىللىساڭ ئۆزەڭنى تىللىغاندەكلا بولسەن.

ـــ ئۆزنى ماڭا ئوخشاتما، ياسىن لاۋبەن بىر خوتۇن بىلەن بىر مېدە ئىشەكنى ئالدىغا ئەكىلىپ قويسا، قايسىسى قىزكەن دەيدىغان پاشۋاز.

ـــ سەنچۇ؟! ـــ دېدى ساۋۇت ئۆزنى جىلە قىلىپ.

ـــ بىز ھېچ بولمىغاندا قاراپ باقىمىز.

ساۋۇت بۇ گەپتىن كۆلۈپ يېتىپ قالدى، ھاشىم مېيىغىدا كۆلۈپ قويدى.

شۇ كۆنى كېچىسى ياسىن گۆلشەن بىلەن كونا ھۇجرىسىدا، كونا كارىۋىتىدا ياتتى، قاپىقى زادى ئېچىلمىدى. گۆلشەن ئۇنىڭ رەيھاندىن ئۆچىنى ئېلىۋاتقاندەك قىلىۋاتقان ئەسەبىي قىلىقلىرىدىن بىزار بولسىمۇ، چىشىنى چىشلەپ ياتتى. ئۇ گۆلشەننى نېمە دەپ ئويلاپ قالدى؟ رەيھانغا بولغان ئاچچىقىدا ئۆز-ئۆزىنى پاراكەندە قىلىپ، خىيالىدا ئىككى خوتۇننى ئالماشتۇرۇپ يۇرەمدىغاندۇ؟ ... گۆلشەن ئۇنىڭ غەلىتە تۇسكە كىرىپ قالغان چىرايىغا، ئازاب ياكى ھاياجاندىنمۇ ئەيتاۋۇر يۇمۇلۇپ كەتكەن كۆزىگە قاراپ، ئۆزىنى باشقا بىر ئەرنىڭ ئاستىدا ياتقاندەك، خورلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ھەر ئىككىسى ئىچ-ئىچىدىن ھالسىراپ تۆگىشىپ كېتىۋاتاتتى.

ياسىن ھەر قېتىم شۇ ئىشتىن كېيىن كارىۋاتقا يۆلىنىپ گۈلشەننىڭ مۇرىسىنى سىلىغاچ تاماكا چېكىۋالاتتى، ئەمدى بولسا ئۇنى بىر ياقتا ئىتتىرگەندەك قىلىپ پەسكە چۈشۈپ، تاماكىسىنى چىشلىگىنىچە خالاغا كىرىپ كەتتى، ئۇ يەردە ئۇزۇن ئولتۇردى، تاماكىسىنى شۇ يەردە چەكتى. گۈلشەن بولسا ئۇخلىيالماي ھەسرەت چەكتى: ياسىن بۇ ئۆيدىكى مۇشۇ ئادىتى ئارقىلىق يەنىلا ئاشۇ كونا خوتۇنغا بولغان سېغىنىشىنى ئىپادىلەۋاتامدىغاندۇ؟ خالادا شۇنچە ئۇزاق ئولتۇرۇپ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ؟ خوتۇنىنىڭ نەدىلىكىنى ئۇقىدىغان بولسا بۇ ئەپتىدە كۇسارچان چىقىپلا ئۇنى ئىزدىگۈدەك... دېمەك، رەيھان ئۇنىڭغا يەنىلا مۇھىم ، رەيھان ئۇنىڭ غۇرۇرى، رەيھاننى كىم چەيلىسە ئۇنىڭ ئىززەت-غۇرۇرىنى چەيلىگەندەك بولىدۇ... رەيھاننىڭ چىرايىدا قېتىپ قالغان پەرىشانلىق، روھسىزلىق بىلەن ياسىننىڭ چىرايىدىكى قايغۇ-ئەلەم بىر-بىرىگە نەقەدەر يېقىن-ھە! مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنى بىر يەرگە يىغسا نېمىگە ئايلىنىدۇ، ساراڭلىقىقا!

ياسىن بىر ئۇزۇندا چىقىپ، گۈلشەننىڭ يېنىغا كىردى.

ـــ تېخىچە كۆزۈڭنى پارقىرىتىپ ياتىسەنغۇ، ئۇخلىمامسەن؟

ـــ ئۇخلىيالمىسام... يەنىلا ئاشۇ ئۆيي، ئاشۇ كارىۋات ياخشىكەن، بۇ يەرگە پەقەت كۆنەلمىدىم.

ـــ ھەممىسى ئوخشاش، ئەمدى مۇشۇ ئۆيدە كۆپرەك تۇرىمىز.

ـــ نېمىشقا؟ ئا ئۆيدە تۇرمامدۇق؟

ـــ ئەمدى ئۇ ئۆينى قايتۇرۇۋەتسەكمۇ بولىدۇ.

ـــ ياق، مەن ئاشۇ ئۆينى ياخشى كۆرىمەن.

ـــ بۇ قانداق گەپ؟ ساڭا مەن لازىممۇ، ئۆيمۇ؟

ـــ ھەر ئىككىلىسى لازىم، ئۇ ئۆينى قايتۇرماي تۇرايلى، خوتۇن-بالىڭىزنىڭ نەدىلىكىنى تاپماي تۇرۇپ ئالدىراپ كەتمەڭ.

ـــ خوتۇن-بالىغا بۇ ئۆينىڭ ئەمدى لازىمى يوق ـــ دېدى ياسىن ئاچچىق تىنىپ،ـــ بۇ خوتۇن بىر بولسا مەندىن يوشۇرۇن تىقىپ ساقلىغان پۇللىرىنى خەجلەپ يۇرتقا كەتتى؛ بىر بولسا غېنى شاڭجاڭ ئۇنى يولغا سېلىپ قويدى.

ـــ خوتۇنىڭىز شۇنداق قىلالىغانمىدۇ؟

ـــ ئۆيدىن قاچالىغان خوتۇن ماشىنا-پويىزغا ئولتۇرۇپ كېتەلمەي قالارما؟

ـــ شۇنچە تېز كېتىپ قالارمۇ دەيمەن، ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.

ـــ بۇرۇنلا تەييارلىق قىلىپ قويغان گەپ، بىر ياقتىن يىغلاپ، بىر ياقتىن مەندىن يۈز ئۆرۈشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ بولغان گەپ. بۇ خوتۇن ئۇنداق بوش خوتۇن ئەمەس.

ـــ سىزگە ئۆزىنى بىر كۆرستەي دەپتۇ، قارىسام راستىنلا ئۇنىۋمى بوپتۇ، ھازىرغىچە چىرايىڭىزدا قان يوق.

ـــ نەدە قان يوق؟ يوق گەپنى قىلما، ئۇ كەتسە مەيلى، بالامدىن ئەنسىرەيمەن-دە!

ـــ راست گەپ قىلىڭە بىر، بالا دېگەن ئانىسىنىڭ قېشىدا تۇرسا نېمىدىن ئەنسىرەيتتىڭىز؟! خوتۇنۇمدىن ئەنسىرەۋاتىمەن دەپ دېيەلمەيۋاتىسىز-ھە؟ يالغان سۆزلىسىڭىزمۇ تۈزۈك سۆزلەڭ.

ـــ ئۇمۇ يوق ئەمەس، ئۆيدىن بىر مۆشۈك قاچسىمۇ، خەق تۇتۇۋالغانمىدۇ، ئۆلتۈرۈۋەتكەنمىدۇ دەپ ئەنسىرەيدىغان گەپ. ئۇ دېگەن مەن بىلەن بەش يىل ئۆي تۇتقان خوتۇن-دە!

ـــ مۆشۈك دېگەن مۆشۈك، خوتۇن دېگەن خوتۇن، يەنە كېلىپ مەندىن ئۆتە چىرايلىق خوتۇن، يېنىڭىزدا بار چېغىدا كۆزىڭىزگە كۆرۈنمىگەن خوتۇن، يوق چاغدا كۆزىڭىزدىن ئۈچقان خوتۇن!... مەن ئوبدان بىلەمدىكەنمەن،

ھە، ئۆزىڭىزنى ئۇنچىلىك يوشۇرۇپ كەتمەڭ، مۇشۇنداق قىلغانچە ئۆزىڭىزنى چاندۇرىسىز، ئۇنى ياخشى كۆرىمەن دەپ ماڭا دېيەلمەيۋاتىسىز، لېكىن مەن بۇنچىلىك ئالامەتلەرنى بىر قاراپلا بىلۋالىمەن، مەن قاچان سىزگە ئۇنى ياخشى كۆرسىڭىز بولمايدۇ دېدىم، قاچان سىزگە ئۇنى ئۇرۇپ خارلاپ ئۆزىڭىزگە ھەم ماڭا ئۆچ قىلىۋېتىڭ دېدىم. ئەمدى كېلىپ خوتۇنىڭىز قاچقاندا ماڭا گۈلىيىپ، ئۆچىڭىزنى مەندىن ئېلىۋاتقاندەك بىر ئىشلارنى قىلىۋاتىسىز، بۇنداق قىلىۋەرسىڭىز، مەن راستىنلا چىدىمايمەن... ___ گۈلشەن مىچچىدە يىغلاپ سالدى.

ياسىنغا ئۇنىڭ يىغلىشى غەلىتە تۇيۇلدى، ئىچى پۇشۇپ قاراپ قويدى، بۇنىڭ كۆلكىسى راست، يىغىسى يالغان، ياسىننى يالغاندىن تەسرلەندۇرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. يېقىندىن بېرى نازۇكلىشىپ قالدى، كۈنچىلىكى باشلاندى. بۇرۇن ھېچ ئىش يوق ئىدى، خوتۇن بولغاندىن كېيىن گەپى چىقتى. دېمەك، ئويناپ-كۈلۈپ يۈرۈيدىغان قىز پەقەت شۇ قىز ۋاقتىدىلا جەلپ قىلىدىكەن، ئەرگە تەگكەندىن كېيىن چوڭ ئايال، يامان ئايال بولغۇسى كېلىپ، بارا-بارا خۇلقىنى يوقىتىپ تۈگىشىپ كېتىدىكەن...

___ نېمىگە يېشىڭنى ئېقىتىپ كەتتىڭ؟! ___ دېدى ياسىن كىنوخانىدا كىنو كۆرۈپ يىغلاپ كەتكەن بىر قىزنى كۆرۈپ كۈلگىسى كەلگەندەك ئەلپازدا، ___ ساڭا دەخمىزە بولىدىغان خوتۇنمۇ كەتتى، بۇنىڭدىن خوش بولساڭ بولىدۇ؛ بۇ كارىۋاتمۇ ساڭا قالدى، ئېغىناپ ياتساڭ بولىدۇ. ئارتۇق ئويلاپ نېمە قىلىسەن !! مېنىڭ ئاچچىقىم كەلگىنى، ئۇ ماڭا تۇيدۇرمايلا قاچتى، مېنى ئەخمەق قىلدى، بالامنى مەندىن ئايرىۋەتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن مانچە يىل ئۆيى تۇتقان ئەر تۇرسام، ئەدەمنى مۇشۇنداقمۇ يەرگە ئۇرسا بولامدۇ؟ سەن تېخى مېنى ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ دەيسەن، ئۇنى ياخشى كۆرسەم سېنى خوتۇن قىلىپ نېمە قىلىمەن؛ بۇمۇ خوتۇن تۇرسا، كۈندە كەچتە سېنىڭ يېنىڭغا كېتىپ قانداق قىلىمەن؟!

___ ياق، سىز ئۇنى ياخشى كۆرگەچكە ئۇنىڭدىن قورقىسىز؛ مېنى ياخشى كۆرمىگەچكە مەندىن قورقمايسىز، مېنى خالىغانچە باشقۇرالايسىز؛ خوشىڭىز كەلسە ۋاي دەپ، ئاچچىقىڭىز كەلسە سەتلەيسىز. كۆڭلەرنىڭ بىردە زېرىكىپ قالسىڭىز، مېنى تىللاپ تاشلاپ كېتىسىز...

ــــ نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ،ــــ ياسىن جىلە بولۇپ،ــــ بىر كىمدىن قورقسام ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان سارائىمىدىم مەن؟!  ئەمىسە، دەپ باقە، سەن جىندىن قورقامسەن؟ ئۇنى ياخشى كۆرەمسەن؟!

ــــ خوتۇنىڭىز جىن ئەمەس-تە! ئۇنى بەك چوڭ بىلىسىز، ئەيمىنىسىز، شۇڭا يېقىن كېلەلمەيسىز. بولمىسا ئۇنى بۇ چاغقا بويسۇندۇرۇپ خوتۇن قىلىپ بولاتتىڭىز. خوتۇنىڭىزنى چىن كۆڭلىڭىزدىن ياخشى كۆرمىسىڭىز ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىنىڭىزغا خوش بولۇپ هاراق ئىچەتتىڭىز،  ئازادلىققا چىقتىم دەپ مېنى چىڭ قۇچاقلايتتىڭىز. ئۇنداق قىلمىدىڭىز، تېخى دەردىڭىزنى مەندىن ئالدىڭىز، كىچىك بالىنى سىلىكىشلىگەندەك سىلكىشلىدىڭىز، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا مەن هېچنېمە ئەمەسكەنمەن، پەقەت سىزنىڭ تەلۋىڭىزنى قاندۇرۇپ تۇرۇشقا يارايدىكەنمەن، مەن هازىر سىزنىڭ ئاچچىقىڭىزنى، ئىچ-پۇشۇغىڭىزنى چىقىرىدىغان بىر نېمىگە ئايلىنىپ قالدىم...

ــــ ۋاي-ۋۇي، بولدى قىل،  قۇم زاغۇنىڭ ئۆزى بوپسەن! ــــ دېدى ياسىن سەپرالىشىپ، ــــ  دەپ تۇرسام يەنە ئۆزەڭنىڭ گېپىنى قىلىسەنغۇ!  خوتۇن خەقنىڭ بىرسىمۇ ساق ئەمەسكەن جۇمۇ...

ــــ مانا مەن گەپ قىلىپ بولغىچە ئاچچىقىڭىز كەلدى، ئەگەر شۇ خوتۇنىڭىز بىلەن دېيىشىپ قالغان بولسىڭىز ماڭا قىلغان بۇنداق مۇئامىلىنى قىلمايتتىڭىزغۇ دەيمەن؟!

ــــ شۇ خوتۇنمۇ شۇنداق كوتۇلداپ، مەن بىلەن گەپ تالىشىپ ئاخىر تايىقنى يېگەن ئۇقتۇڭمۇ؟! سەن ئۇنى دورايمەن دېمە، مەن سېنىڭ ماڭا بويسۇنىدىغان مۇشۇ يېرىڭنى دەيمەن، ئەگەر شۇ ئاچاڭنى دورايمەن دەپ چىشىمغا تەگسەڭ، سەنمۇ تايىقىڭنى يەيسەن!

گۈلشەن بۇنى ئاڭلاپ جىمىپ قالدى، ياسىننىڭ دەۋاتقانلىرى توغرىدەك قىلاتتى. ئاما ئاخىرقى گېپى ئۇنىڭغا يەنىلا ئېغىر كەلدى.

ــــ شۇ خوتۇنىڭىزنى ئۇرغاندا يۈرىكىڭىز ئېچىشقان بولغىيدى، مېنى ئۇرۇپ قالسىڭىز كۆزىڭىنى مىت قىلمايسىزغۇ دەيمەن.

ــــ يوق گەپنى قىلما، مەن خوتۇن خەقنى ئۇرمايمەن، ئامال بولمىغاندا قولۇم تېگىپ كېتىدۇ. سەنمۇ شۇنى بىلىپ قال، ئېرىڭ گەپ قىلىۋاتقاندا ۋاتىلدىما، گەپ تالاشما، گەپ ياندۇرما، ئېرىڭ بىلەن تەڭ تۇرما، بولمىسا شاپىلاق يەيسەن، زۇۋانىڭ تۇتۇلىدۇ. سەن شۇنداق بولۇشنى خالامسەن؟! جاھاندا ئەڭ تاياق قېپى، ئۇسال خوتۇن ئېرى بىلەن گەپ تالىشىدۇ، ئېرىگە گەپ ياندۇرىدۇ. ئېرىنى بويسۇندۇرىمەن دەپ ساراڭلىق قىلىدۇ، بۇنداق خوتۇن ئەرنىڭ كۆزىگە جىندەك سەت كۆرۈنىدۇ. ئاشۇ خوتۇن، سەن ھازىر كۈنلەۋاتقان ئاچاڭ مېنى شۇنداق تويغۇزۇۋەتكەن. شۇڭا ئۇنى ياخشى كۆرمەيمەن، شۇڭا خاتىرەڭنى جەم قىلىپ ماڭا خوتۇن بول. مېنىڭ سىزغان سىزىقىمدىن چىقما، نېمە دېسەم ماقۇل دە، گەپ ياندۇرما؛ نېمە قىلسام ماقۇل دە، بوينۇڭنى تولغىما. بولمىسا سەندىنمۇ ئىككى كۈندە زېرىكىمەن. بۇ جىك گەپ!

گۈلشەن بۇنى بىلەتتى، ماقۇل دەيتتى، ئەمما ھازىر چىن كۆڭلىدىن قايىل بولمىدى، قوبۇل قىلمىدى، بەلكى نارازى بولدى، " مەن نېمىشقا بۇنداق ئۆتىۋېرىدىكەنمەن؟" دەپ ئويلىدى. ياسىننىڭ گېپىگە جاۋاب بېرىشنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قايتا باھا بەردى. ئەجىبا بۇ نوچىنى بۇرۇنقىدەك ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قالدىمۇ؟ رەيھاننى مەغلۇب قىلىشتىن ئىبارەت ئالىي مەقسىتىگە يېتىپ بولغاندىكىن ، ئىشنىڭ قىززىقى تۈگىدىمۇ؟ داۋاملىق"جەڭ" قىلىشتىن رايى يېنىپ كەتتىمۇ؟ بولمىسا ياسىنغا نېمىشقا بۇرۇنقىدەك قىزغىنلىق، جان پىدالىق كۆرسىتەلمەيدۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقىدەك ئەسەبىيلىك بىلەن ياشىيالمايدۇ؟ خوتۇننىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى بىلمەيدىغان، خوتۇننى بويسۇندۇرۇشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان بۇنداق ئەركەك بىلەن قانداق ئۇزاق ياشىغىلى بولسۇن؟!

ياسىن ئۇنىڭ گەپ قىلماي ياتقىنىنى كۆرۈپ چىرايىغا قارىدى، گۈلشەن نارازىلىقىنى چاندۇرماي تۇرۇۋالدى.

ــــ سەن ھەرگىز رەيھانغا ئوخشاپ قالما، ئوخشاپ قالساڭ مەندىن يامانلىما...

ياسىن چىراغنى ئۆچۈرۈپ ياتتى، گۈلشەننىڭ كۆزلىرىدە چاقنىغان ئەلەملىك ئۇچقۇنلارنى كۆرەلمىدى.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، قارىماققا ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئىشلار ئەسلىدىن مۇشۇنداق بولۇشى كېرەكتەك كېتىۋاتاتتى. ھەر كۈنى ئېغىر قوپىدىغان ياسىن ئەتىگەندىلا ئىچىۋېلىپ، كۈنبويى پەرىشان يۈرەتتى. گۈلشەن ئۇنىڭ قولىدىن بىر دەممۇ تاماكا چۈشۈپ باقمىغانلىقىنى كۆرگىنىدە ئۇنىڭ خوتۇنىغا بولغان ھېسسىياتىنىڭ ئاشۇ تاماكا چوغىدەك كۆيۈپ تۈرۈۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. ياسىن ھەر قانچە قىلسىمۇ ئۆزىنى يوشۇرالمايتتى، ھەم گۈلشەندىن يوشۇرمەن دەپ تىترەپ يۈرمەيتتى. گۈلشەن مالايدەك ئىشلىگەنچە ئۆزىنى شۇنچە قەدىرسىز، بەختسىز ھېس قىلدى. كۆلىغا چىققان ھەر قانداق ئادەم، ھەتتا ئەر-خوتۇن بولسىمۇ، ئىشلىگەنچە چۈشلۈق ھەق ئېلىشنى كۆڭلىدە پىلانلاپ تۇرىدۇ. "كىچىك خوتۇن" بۇ يەردە قاچانغىچە بىكارغا ئىشلەيدۇ؟ بەش يىللىق خوتۇنىغا پۇل بەرمىگەن ئەر تۇنۇگۈن ئېلىۋالغان خوتۇنىغا پۇل بېرەمتى؟... ئۇنى ھورۇنلۇق باستى، ياسىنغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆرەلمىلىك قىلىشقا باشلىدى، ئۆزىمۇ ئۇقمىغان ھالدا تاۋى نازۇكلىشىپ كەتتى، ياسىننىڭ بۇرۇنقىدەك نوچىلىقى، بۇيرۇقۋازلىقى، ھاكاۋۇرلۇقىغا قارشى نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى، ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرسىمۇ كۆڭلى باشقا بىرسىگە چۈشۈپ قالغاندەك پەرۋاسىز ئىدى. ھەر قېتىم قاچا توشۇپ، قاچا يۇيۇپ ھېرىپ كەتكەندە غېنى شاڭجاڭنىڭ رېستۇراندا باشقۇرغۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان رەيھاننى ئويلىسا ئىچى ئاچچىققا تولۇپ، ياسىنغا ھەممىنى دەۋەتكۈسى كېلەتتى. ئەمما باشتا يوشۇرغاننى ھازىر دەپ ئىشنى بۇزغۇسى كەلمەيتتى. ئۇ بۇ كۈنلەرنىڭ باشقىچە بولۇشىنى، ياسىن بىلەن رەيھاننىڭ تۇزۇك ئادا-جۇدا بولۇپ، ھەقىقىي مۇھەببەت-نەپرەتنىڭ ئېنىق ئايرىلىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. ھاشىم بىلەن ساۋۇتقا ئادەتتە زۆرۈر بولمىسا گەپ قىلمايتتى. خېرىدار كەلسە بۇرۇنقىدەك چىراي ئاچمايتتى، چاينى دەملەپ ئالدىغا تاراققىدە قويۇپ، تاماق تىزىملىكىنى تاشلاپ بېرەتتى.

بىر ھەپتە ئۆتتى، ياسىن گۈلشەننىڭ گېپىگە ئىشىنىپ ئۇ ياققا ئۆتمىدى، گۈلشەن كۈتۈۋاتقان ئىشنىڭ ھېچ قايسىسى بولمىدى. رەيھان ھەرگىز ئۆزىنى مەلۇم قىلمايدۇ، غېنى شاڭجاڭمۇ بىر قېتىم يوق دەپ بولۇپ، ئەمدى " خوتۇنۇڭ بار ئىدى، كېلىپ كۆرۈپ كەت" دېمەيدۇ. ياسىن كەلسە دەيدىغان گەپلىرى تەييار، ئۇلار گۈلشەننىڭ ئۇنى يوشۇرغانلىقىنى بىلسە نېمە دەپ ئويلاپ قالار؟ مەيلى ئۇلار تىللىسۇن، خوش بولسۇن، بەربىر؛ ھېچكىم گۈلشەننى خەۋەر يەتكۈز دەپ ئېنىق بۇيرۇمىدى.

ياسىن بۇ بىر ھەپتىدە رەيھانغا ھەر كۈنى دېگۈدەك تېلېفون قىلىپ ئالالمىدى، ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ قارىم ئاكىسىدىن ئەھۋال سورىغان بولۇپ تېلېفون قىلدى، يالغان گەپ قىلمايدىغان قارىمنىڭ گېپىدىن قارىغاندىمۇ رەيھان يۇرتقا قايتمىغانىدى. ياسىن ئەمدى ئەنسىرەشكە باشلىدى، رەيھاننىڭ ئۇنچە تېز، ئۇنداق ئاسان يۇرتقا كېتەلەيدىغانلىقىغا ئۆزىمۇ ئانچە ئىشەنمىگەنىدى، ئەمىسە نەگە كېتىدۇ؟ بالىنى سۆرەپ نەگىمۇ قاچار؟ غېنى شاڭجاڭدىن باشقا كىم ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ؟... ياسىننىڭ گۇمانى غېنى شاڭجاڭغا قايتا مەركەزلەشتى. شۇ كۈنى كەچتە ياسىن ئېلىنماي قالغان تېلېفون خاتىرىسىگە قاراپ، رەيھاننىڭ نومۇرىنى كۆرۈپ دەرھال قايتۇرۇپ ئۇردى، يەنە ئېتىك چىقتى. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە يەسلىدىن ئۇنىڭغا تېلېفون كەلدى، بۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ تۇرغاندا " بالاڭلارنى ئەكەتكىلى قاچان كېلىسلەر؟" دېگەن گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى، رەيھان تېلېفوننى دائىم ئېتىپ قويغاچقا ئۇلار بۇرۇنقى نومۇرنى تېپىپ ياسىنغا خەۋەر يەتكۈزگەنىدى.

ئۇ تېلېفوننى ئېتىپ، ئالدى-كەينىگە قارىماي مېڭىشقا تەمشەلدى. گۇلشەن ئۇنىڭ بىر خەۋەر ئاڭلىغانلىقىنى پەملىدى.

ـــ نەگە ماڭدىڭىز؟

ـــ بالا يەسلىدىكەن، بېرىپ باقاي.

ـــ كىم تېلېفون ئۇرۇپتۇ؟

ـــ رەيھان ئۇرۇپتۇ، رەيھان! سەن ئاشخانىغا قارىغاچ تۇر، بېرىپلا كېلىمەن.

ياسىن يەسلىگە بارغاندا تەربىيىچى خانىم بايىلا تېخى ئانىسىنىڭ ئۇنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

ـــ بالا قاچان كىردى يەسلىگە؟

ـــ ئىككى كۈندەك بولدى، ـــ دېدى خانىم.

ــــ بالىنى ئەكەلگەندە ئۆزى كەپتىكەنمۇ يا بىرسى بىللە كەپتىكەنمۇ؟

ــــ ئۇنى ئۇقمايمەن، تىزىملىتىشقا مەن مەسئۇل ئەمەس.

ياسىن غېنى شاڭجاڭ بىلەن قەتئىي كۆرۈشۈش نىيىتىگە كېلىپ، تاكسى توسۇپ ئۇنىڭ رېستۇرانىغا قاراپ ماڭدى. شاڭجاڭنىڭ ھۇزۇرىنى بۇزۇش ئۇچۇن، ئاللىقانداق بىر رەسۋاچىلىق ئۇستىدىن چۇشىدىغاندەك تۇيۇقسىز كىرىپ، شاڭجاڭنى كۆرۈپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئەگەر ئۇ بۇرۇنىراق كەلگەن بولسا مېھمانخانىلارنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىدەك ئېسىل بېزەلگەن باتەيدە ئايروپىلان خانقىزلىرىدەك ئۆلچەملىك ئىش كىيىمى كىيىپ ئولتۇرغان رەيھاننى كۆرگەن بولاتتى.

غېنى شاڭجاڭ ئۇنىڭ ئوساللىق، چارىسىزلىكتە قېتىپ قالغان چىرايىغا قاراپ ھەممىنى چۇشەندى، مۇشۇنداق بولۇشنى ئالدىن بىلىدىغاندەك تەمكىنلىك بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــــ نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، جۆرە، گەپ بولسا ئايرىم دېيىشىمىز...ــ دەپ ئايرىمخانىغا باشلاپ ماڭدى.

ياسىن ھامان ھېساب ئالىدىغان نوچىدەك ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

ئاۋۋالقىدەك جوزا راستلاندى، سەيلەر چىقتى، ھاراق كەلتۈرۈلدى.

ــــ ھارىقىڭنى كېيىن قۇي، ــــ دېدى ياسىن قاپىقىنى تۈرۈپ،ــــ ئاۋۋال ماڭا جاۋاب بەر، خوتۇن-بالام نەدە؟

ــــ ئاۋۋال بىرنى ئىچكىن.

ــــ ياق، مەن ئاۋۋال شۇ خوتۇنىنىڭ چىرايىنى بىر كۆرەي...

ــــ خوتۇن-بالاڭدىن ئەنسىرىمە، ھەممىسى سالامەت.

ــــ دېگىنە، بۇ زادى نېمە قىلغىنىڭ؟ مېنى ماز كۆرۈۋاتامسەن؟

ـــ بۇ يەرگە كەلگەندىكىن چىرايلىق پاراڭ قىل،ـــ دېدى غېنى شاڭجاڭ جىددىي تۇستە،ـــ سېنى ئىنىمدەك كۆرىمەن، ئەمما قىلىقىڭغا قاراپ سېنى شۇنداقراق ئويلاپ قالدىم.

غېنى شاڭجاڭنىڭ بۇگۇنكى ئەلپازىمۇ بوش ئەمەستەك قىلاتتى، ياسىن تاماكا ئىسلىرى ئارىسىدا ئۇنىڭغا دۇشمەنلىك بىلەن قارىدى.

ـــ ئۇنى سەن ئەكىلىۋالدىڭمۇ يا ئۆزى قېچىپ كەلدىمۇ؟

ـــ مەن ئەزەلدىن ئاكتىپلىق بىلەن ئىش قىلىدىغان ئادەم، شۇڭغا ئىشەنسەڭ بولىدۇ. ئەمما مەن ئۆز بۇرادىرىمگە ئۇنداق خۇمسىلىق قىلمايمەن، مېنى ھەرگىز يامان نىيەتتە دەپ ئويلاپ قالما.

ـــ ئەمىسە بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟

ـــ خاتا چۈشەنمە، قارىسام بىر ئوبدان خوتۇن-بالاڭنى خارلىغىلى تۇرۇپسەن، ئىككى خوتۇنۇڭغا تەڭ كۆزدە قارا دېسەم گېپىمگە كىرمەيسەن. ئۇنداق خارلاۋەرسەڭ خوتۇن خەق تۆگەشمەمدۇ؟ يەنە تېخى ئۇنىڭغا ئۆمەرنى ئۆزەڭ ئېلىپ چىق دەپسەن، خوتۇنۇڭ يىغلاپ تىلىغون قىلىپ مەندىن ياردەم سورىدى. مەن بىكارغا ياردەم قىلمايمەن، كېلىپ ئىشلەپ بېرىڭ دېدىم.

ـــ شۇنداق قىلىپ، بۇ دۆت خوتۇننىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتتىم دېگىنە.

ـــ سەن ئۇنداق قىلىۋەرسەڭ ساق خوتۇنمۇ ساراڭغا ئايلىنىدۇ-دە، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ خوتۇنۇڭ ھېلىمۇ بىر ھەپتە ئويلاندى، شۇ بىر ھەپتىگىچە سەن نېمە ئىش قىلدىڭ؟ خوتۇنۇڭنى ئۇنداق تاشلاپ قويساڭ، ھېلىغۇ ئايال كىشىكەن، ئىت-مۈشۈك بولسىمۇ ئۆيۈڭدە تۇرمايدۇ.

ـــ ئۇ خوتۇننى تولا ئاقلىما، سېنىڭ زادى نېمە مەقسىتىڭ بار؟ خوتۇنۇمغا كۆزۈڭ چۈشكەن بولساڭ، مەندىن سوراپ ئالامسەن؟ نېمشقا ئوغرىلىقچە ئەكىلىۋالىسەن؟!

ــــ ما گېپىڭ پەقەت بولمىدى،ــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ كىچىك بالىنى مەسخىرە قىلغۇاتقاندەك، ــــ خوتۇنۇڭ كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈندۇ، بۇنى يالغان دېمەيمەن. شۇنداق بىر خوتۇنۇم بولسا دەپ ئويلايمەن، لېكىن ئۇنىڭغا ئېرىشمەن دەپ ئىززەت-ھۆرمىتىمنى ساتمايمەن. ئادەم ئەسكىلىشەي دېسە بىر دەملىك، ئەمما مەن بەزىلەردەك نامەرت، ھېچقىز ئەمەس، خوتۇن ئالسام ئۆز رازىلىقى بىلەن ئالىمەن، ھەرگىز خەق تاشلاپ بەرگەننى ئالمايمەن. بىز خوتۇن قارىسى كۆرمىگەن ئادەم ئەمەس، ئالغان خوتۇنلىرىمىزمۇ بىر-بىرىدىن چىرايلىق. بىزنىڭ ئۇ ئىشنى قوغلىشىدىغان زامانىمىز كەتتى، ھازىر ئېرىشمەكچى بولغىنىمىز ئەركەكلىك ھۆرمەت. سەن بۇنى چۈشەنمەيسەن، كاللاڭدا شۇ ئىشتىن باشقىنى ئويلىمايسەن، ھەممە ئادەمنى ئۆزەڭدەك پاشۋاز كۆرىسەن، مۇشۇ يېرىڭ پەقەت بولمايدۇ.

ــــ ۋاھ، ما گەپنى، خوتۇنپۇرۇشلۇقنى ئۆگەتكەن سەنغۇ؟! ئەمدى بىر دوملاپلا چەتكە چىقىۋالدىڭغۇ؟! مەن سېنىڭ قانداق ئادەملىكىڭنى، خوتۇنۇمغا كۆز تىكىپلا كەلگەنلىكىڭنى بىلمەي قالامدىم؟

ــــ نەپسى بار ئادەمنىڭ ھەممىسى چىرايلىق خوتۇنغا كۆز تىكىدۇ، "خۇدايىم شۇ خوتۇننى ماڭا بەرسىچۇ" دەپ ئويلىغىلىمۇ قويمامسەن؟ خوتۇنۇڭنى بۇنچىلىك كۆنلىگەن ئادەم ئۇنى نېمىشقا خارلايسەن؟!

ــــ نېمە قىلسام ئۆزەمنىڭ ئىشى، سەن ئارىلاشما، مەن بۇ خوتۇننى قەستەن خارلايمەن دېمىدىم، ئۆزىنىڭ شۇنداق ساراڭ بولغۇسى كەلدى، مەن بىلەن تولا ئېتىشىپ كەتتى، دۇمبىسى قىچىشىپ تاياق يېگۈسى كەلدى. ئوتتۇرىمىزدا بولغان ئىشلارنى سەن بىلمەيسەن، شۇڭا ئاز سۆزلەپ ئۇنى چىقىرىپ بەر، ئەكتىپ ئوبدان ئادەم قىلىمەن.

ــــ ئۇنى ئۇرىمەن دېگىچە خېتىنى بېرىۋەتسەڭ بولمامدۇ؟ خوتۇن خەقنى مۇشۇنداقمۇ قىينىغان بارمۇ؟

ــــ سەن ئۆزەڭنى بىل، نېمە قىلسام قىلىمەن.

ـــ ئۇنى  هازىر ئەكتەلمەيسەن، خوتۇنۇڭ بىلەن تۇزۇشكەن  توختام بار، ئاز دېگەندە ئىككى ئاي ئىشلەيدۇ...

ـــ نېمە؟! نېمە توختامكەن ئۇ، ئېرى يوق تۇرۇپ تۈزىدىغان قانداق توختامكەن ئۇ؟  ھەممىسى ئەتكەس!

ـــ ياسىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

ـــ ئولتۇر، ئولتۇرۇپ سۆزلە،ـــ دېدى غېنى شاڭجاڭ قولىنى پەسكە شەرەتلەپ،ـــ خوتۇنۇڭ ئۆمەرنى ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئىشلەۋاتىدۇ،  سېنىڭ ئىنىڭ ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟!  ئەگەر ئۇنى ئەكەتسەڭ، ئىنىڭنى ئۆزەڭ ئېلىپ چىقالامسەن؟

ـــ مەن دېگەندە ئەجەپ ماتاڭ چىشلىۋالغانتىڭ، خوتۇنۇم دېگەندە ماقۇل دەپسەنغۇ، مەقسىتىڭ ئېنىقتۇ، شۇ ئارقىلىق خوتۇنۇمنى ئىندەككە كەلتۈرۈشتۇ؟!  ئاغىنە دېگەنمۇ سەندەك بولامدۇ؟

ـــ ئاغىنەڭ دېگەن مەندەك بولىدۇ، مەن شۇ بالىنى، ئۆزەڭنىڭ ئىنىسىنى ئېلىپ چىقاي دەۋاتىمەنغۇ، خوش بولماقتا يوق، تېخى تېرىكىۋاتامسەن؟! قارىغاندا تېخى ئادەم بولماپسەن.  مەن ئەزەلدىن ئەر كىشى دېگەنگە ياردەم قىلمايمەن، ھەتتا ئىنىلىرىم بولسىمۇ كارىم يوق. ئايال خەق دېگەن ئاجىز، ئايال كىشى يىغلىسا ئانام يىغلىغاندەك تەسىر قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار  ياردەم سورىسا ماقۇل دەيمەن، ئاچا-سىڭىللىرىم  پۇل دەپ قالسىمۇ "ئېرىڭلار بەرسۇن" دېمەي پۇل بېرىمەن. ئەمدى چۈشەنگەنسەن؟!

ـــ سېنىڭ بۇ ئىشلىرىڭغا قاراپ ئۆمەرنى ئەچىقىدىغىنىڭغا ئىشەنمەيمەن، قارىغاندا سەن شۇ كالۋا خوتۇنىنى ئالداپ ئىشلىتىۋاتقان ئوخشايسەن. يەنە قانداق نىيەتلىرىڭ بار، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ.

ـــ ماڭا قارا ئۇكا، ـــ دېدى غېنى شاڭجاڭ سالماق، قەتئىي تۇستە،ـــ ئەمدى خوتۇن كىشىدەك بۇنداق گۇمانخورلۇق قىلىۋەرمە، بۇزۇقنىڭ كۆزىگە كوچىدىكى ئاياللىڭ ھەممىسى بۇزۇق كۆرۈنىدۇ دېگەندەك ئىش قىلما. ئەگەر  نىيىتىمنى بۇزىدىغان بولسام  جاھاندا مەندەك ئەسكى ئادەم يوق، يامان ئىشنى  ھېچكىمدىن قورقماي

قىلىۋېرىمەن، مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئېلىۋېرىمەن. رەيھان مەشەگە كەلمەي تۇرۇپلا شەرت قويۇشقا باشلىغان، بىر قىز بىلەن بىللە يېتىپ قوپىدۇ، ئوغلۇڭ دائىم قېشىدا، ھېچقانداق ئايال بالىسى بار يەردە ئۇنداق ئىش قىلمايدۇ، يەنە كېلىپ، سېنىڭ خوتۇنۇڭ نامازخان خوتۇن، ئۇنداق ئىشنى ئۆلسىمۇ قىلمايدۇ، شۇنچە يىل ئۆي تۇتقان خوتۇنۇڭنى چۈشەنمەمسەن؟ ئۇنىڭ ئەخلاقىغا ئىشەنمەمسەن؟!

___ جاھاندا خوتۇن خەققە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ساڭىمۇ بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ،___ دېدى ياسىن ھاراقنى قولىغا ئېلىپ،___ قورسىقىڭدا جىن بولمىسا ماڭا نېمشقا يالغان سۆزلەيسەن، نېمشقا بىر ھەپتىگىچە ئۇچۇر بەرمەيسەن؟ مېنى قاپاققا سېلىپ كولدۇرلىتىمەن دېمە...

___ گۈلشەن بىلەتتىغۇ؟! ساڭا ھېچنېمە دېمەپتۇ-دە!

___ ئۇ ماڭا ھېچنېمە دېمىدىغۇ؟!

___ سېنىڭ كاللاڭنىڭ چاتاقلىقىنى بىلگەچكە، سېنى گۇمانلىنىپ قالمىسۇن دەپ گۈلشەنگە رەيھاننىڭ ئۆيىنى كۆرسەتتىم، ئامانگۈل ئىككىسنى ئۆيىنى تازىلاشقا بۇيرۇپ رەيھانغا خىزمەت قىلدۇردۇم. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ساڭا دېمىدىما؟ ئامانگۈلدىن ئاڭلىشىمچە، ئىككىسى خېلى ئوبدان مۇڭدىشىپتۇ.

ياسىن ھەيران قالدى، ئەزەلدىن ھېچقانداق گېپىنى يوشۇرماي سۆزلەپ تۇرىدىغان گۈلشەن نېمىشقا بۇنى يوشۇرىدىغاندۇ؟

___ قارىغاندا سېنى رەيھانغا بەرگۈسى كەلمەپتۇ-دە،___ دېدى غېنى شاڭجاڭ يەنە ھاراق قۇيغاچ،___ بۇمۇ بوپتۇ، خوتۇنلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ...

ياسىن ئارتۇق گەپ قىلماي ئاچچىق ھاراقنى ئارقا-ئارقىدىن ئىچىپ، بىر دەمدە تەڭشىلىپ قالدى.

___ رەيھان قېنى... ر...رەيھان.. ، رەيھاننى تاپ...___ دەيتتى ئۇ غېنى شاڭجاڭغا قولىنى جۇنۇپ، مەستلىكتە ئاغزىمۇ گەپكە قولاشماي، " ر " تاۋۇشىنى ئىلمەك تەلەپپۇز قىلالاتتى.

غىنى شاڭجاڭ دەرھال ھاشىمغا تېلېفون قىلدى، بىر دەمدىن كېيىن ھاشىم يېتىپ كېلىپ ياسىننى تاكسىغا بېسىپ ئېلىپ كەتتى.

ياسىننىڭ ھالى خاراپ ئىدى، ئاشخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بولالماي يەرگە ئېڭىشىپ قۇسقىلى تەمشەلدى، ھاشىم ئۇنى دەرھال لاۋبەن سەتەڭنىڭ دۇكىنى ئالدىغراق ئېلىپ باردى، ”قۇسە، قۇس، مۇشۇ پاسكىنىلارنىڭ دۇكىنى سېسىپ كەتسۇن، كۆچۈكلىرى يالىۋالسۇن، ئاچچىقى كەلسە ھەممىسى قانجۇقتەك تالىۋالسۇن...“ ئىچىدىكى زەرداپنى چىقىرىپ بولالماي قىينىلىپ كەتكەن ياسىننىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى، ئادەتتە ياش تۆكمەيدىغان ئەركەك مۇشۇ باھانىدە يېشىنى تۆكۈۋالدى... ھاشىم ئۇنىڭغا قاراپ سەسكىندى، ئىچىنى ھەرگىز ئاغرىتمىدى، سەتەڭنىڭ قايسى بىرى چىقىپ قاۋايدىغاندەك ئەنسىزلىكتە دۇكانغا قاراپ-قاراپ قويدى. مەيدىسىنى بوشاتقان ياسىن سەل ئوڭشىلىپ قالغاندەك بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، ئەمما ھېلىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك قىلاتتى، ھاشىم ئۇنى يۆلەپ ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىردى، كەينىدىن گۈلشەن كىردى. ھاشىم ياسىننىڭ بۇ ھۇجرىسىغا تۇنجى قېتىم تەپسىلىي قاراپ چىقتى، ”بۇ ئۆي ئەمەس، ئىشرەتخانا“ دەپ ئويلاپ ھەۋەستىن ئۆرتەندى، ياسىننىڭ ئېغىز-بۇرنىنى ئادالاش بىلەن بولۇپ كەتكەن گۈلشەنگە كۆز ئۇزمەي قارىدى. گۈلشەن ئۇنىڭغا قاراپ قويغاندىلا، ئۆزىنى بىلىپ چىقىپ كەتتى، كېتىۋېتىپمۇ گۈلشەننىڭ ساغرىسىغا ئاچكۆزلۈك بىلەن نەزەر تاشلىدى. ”لوبەن گۈيلار ئىچىدۇ، قۇسىدۇ، ئوينايدۇ...مەدىكارلارنىڭ كۈنى ئېشەكتىن بەتتەر...“، شەھۋەتلىرى ئىسيان كۆتۈرگەندە جېنى قىينىلىدىغان ھاشىم پۇخادىن چىقىۋېلىپ ئۆلۈشنى يەنە ئويلاپ قالدى، گۈلشەننى ھېلىلا پوكىنىغا باسىدىغان ياسىننى ئۆزىدەك تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئۇ ئادەمنىڭ يەنىلا ئۆزى ئەمەسلىكىنى ئويلاپ ھەسرەتلەندى.

كەچ سائەت توققۇز بولال-بولمايلا ئاشخانا چۆلدەرەپ قالدى، ھاشىم خېرىدار كەلمىسە، قولى بوشاپ قالسا خوش بولاتتى، گۈلشەنمۇ ياسىننىڭ يېنىغا بىر كىرىپ كەتكەنچە چىقماي قويدى، ساۋۇت خۇپتەن نامىزى ئوقۇغىلى كىرىپ كەتتى. ھاشىم ئەرزان باھالىق تاماكىسىنى ئالدىرىماي چېكىپ، بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە تالاغا قاراپ ئولتۇردى، سېرىق سەتەڭلەر بۇرۇنقىدىن كۆپىيىپ، يېڭىلىنىپ قالغاندەك قىلاتتى. ”ھەۋەس قۇترىمىسا مەيلى، قۇتراپ كەتسە پايلىماق تەس“ دەيتتى ھاشىم ۋە بۇ يەردە گويا ئۇسسۇزلۇقتىن تىلى ساڭگىلاپ قالغان ئىتتەك ھاسراپ

ئولتۇراتتى، بويىننى باغلاپ تۇرغان ”زەنجىر“ نى ئۈزۈپ تاشلاپ، غالجىرلىشىپ، نەپسىنى قاندۇرۇۋېلىپ، خۇشال تاقلاپ سەكرىگۈسى كېلەتتى. گۈلشەننىڭ ساغرىسىغا كۆز تىككەندىن باشلاپ ئۇنىڭ كاللىسى چۆرۈلدى، شۇ بىر نېمە ئۇنىڭ ئىچىگە قۇرتتەك كىرىۋېلىپ سەزگۈلىرىنى غىدىقلايتتى، نەپسىگىنى بېسىقتۇر دەيتتى، ئويلايتتى ”گۈلشەن ئۇنىڭ خوتۇنى ئەمەس، ئاشنىسى، رەسۋانى رەسۋا قىلىشقىتسە ھېچنېمە بولمايدۇ…“، ” ئەگەر ئۇنداق قىلسا ياسىندىن پىچاق يەيدۇ، بىر رەسۋانى دەپ ئىككى ئادەم خۇن دەۋاسىغا قالامدۇ؟…“ .. ئۇنىڭ تاماكىدەك خۇمارلىق خىياللىرى كاللىسنى ئىسلاشتۇرۇپ، روھنى تۇتۇنغە ئوخشاش لەرزان ئۇچۇرۇپ باراتتى، شۇ ئەسنادا گۈلشەن پەيدا بولۇۋىدى، ئۇ ئەندىكىپ ئورنىدىن قوپۇپ كەتكىلى تاس قالدى. گۈلشەن” ئاشخانىنى بىر دەمدىن كېيىن تاقىساق بولىدۇ“ دەپ قويۇپ كىرىپ كەتتى. بۇ گەپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. گۈلشەننىڭ كەينىدىن ھاياجان، ئەسەبىيلىك، قورقۇنچ بىلەن قاراپ قالدى. ئۇ ئىشتىھالىق، دەھشەتلىك خىياللىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قېلىپ ھېچ چىقالمىدى، بىر دەم ئولتۇرۇپ بېقىپ ئاشخانىنى تاقاپ يولغا چىقتى؛ مەيدىسىنى تۇتۇپ بېقىپ بىر دەم ئىككىلەنگەندىن كېيىن، بېشىنى بۇراپلا باشقا بىر ساتراشخانىغا كىرىپ كەتتى.

ياسىن ئەتىسى ساراڭدەك قوپتى، تۈنۈگۈنكى ئىشلارنى ئويلاپ ئاچچىققا تولدى، گۈلشەن غېمىدە يوق ئۇخلاۋاتاتتى، ياسىن ئۇنىڭ پاچاقلىرىغا قاراپ، ”بۇ بىر نېمىمۇ قېرىپتۇ“ دەپ ئويلاپ قالدى. رەيھاننىڭ تاتلىق كۈلۈمسىرەپ ئۇخلىشىنى ئەسلىدى، پەستە ياتىدىغان ئوغلىنىڭ چوڭ ئادەمدەك تەمكىن ئۇخلىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى…شۇ خوتۇننىڭ ئىلگىرىكىدەك بەختىيارلىق جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان شەھلا كۆزلىرىنى كۆرمىگىلى، ئوغلىنىڭ دادام دەپ ئېسىلىشلىرىدىن سۆيۈنمىگىلى قانچە زامانلار بولۇپ كەتتى؟ بەك ئۇزاق ۋاقىت بولدى… خۇددى يەنە بەش يىل ئۆتۈپ كەتكەندەك بولدى. ئىككىسى خۇددى ئاجرىشىپ كەتكەندەك، رەيھان خەقنىڭ خوتۇنى بولۇپ كەتكەندەك، بالىسىمۇ ساقلاندىغا ئايلىنىپ كەتكەندەك بولدى.

ئۇ ئاچچىق ھاراقنى قۇيۇپ بەرسە ئىچىپ، خوتۇن-بالىسنى تاشلاپ كەلگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ دەرت-ئەلەمدە تولغاندى. غېنى شاڭجاڭنىڭ رەيھان بىلەن تۇزگەن توختىمنى، ”خوتۇنۇڭغا چېقىلمايمەن، ئۆمەرنى قاماقتىن بوشىتىمەن“ دېگەن ۋەدىلىرىنى ئالدامچىلىق دەپ ئويلىدى، ئەمما قايتا بارسا يەنىلا غېنى

شائىجاڭ بىلەن كۆرۈشۈشى كېرەك، خوتۇننىڭ قولىدىن تارتىپ مېڭىشتىن ئاۋۋال غېنى دېگەن شۇ پور كۆتەكنىڭ بەدىنىدىن دەسسەپ ئۆتۈشى كېرەك. غېنى تاز بوش ئادەم ئەمەس، رەيھانغا بۇرۇندىن كۆز تىكىپ كەلگەن ئادەم ئۇنى ئۇنداق ئاسان قويۇپ بەرمەيدۇ. ''خوتۇن خەقنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا''، ''چىرايلىقنىڭ ھەممىسى دۆت'' دېگەننى غېنى تاز ئوبدان بىلىدۇ، شۇ كالتە پەملىك خوتۇننىڭ چېچىدىن تولاپ ئۆزىگە باغلىۋېلىشنىڭ يوللىرىنى پىششىق بىلىدۇ. ئۆتۈپ كەتكەن قاقۋاش تاز، جىنسىي ھەۋىسى كۈچلۈك تاز، چىرايلىق خوتۇنلارنىڭ يۈزىنى ئەينەك قىلىپ ئۆز رەڭگىنى كۆرىدىغان تاز! ياسىنەك شوركىلارنى دەريا بويىغا ئاپىرىپ سۇغارماي كېلىدىغان تاز، خەقنىڭ يۈرىكىنى كاۋاپ قىلىپ يەپ، كۆز ياشلىرىنى ھاراق بىلەن قوشۇپ پەيزى قىلىپ ئىچىدىغان تاز...

ياسىن زەرداپ بولۇپ ئولتۇرالماي قالدى، ئۆيىنى بىر دەمدە ئىسلاپ گۈلشەننى ئويغىتىۋەتتى.

ــــ قوپە ئەمدى، تەخەيدەك ياتماي!

ــــ نېمە ئىس بۇ ئادەمنى تۇنجۇقتۇرۇپ!...ــــ دېدى گۈلشەن كۆزىنى ئېچىپلا تۇمۇشۇقىنى تۈرۈپ،ــــ ئەتىگەندىلا قوپۇۋاپسىزغۇ؟

ــــ سەت خاقىراپ ئويغىتىۋەتتىڭ، ئاغزىڭ شالدام...

ــــ مەنمۇ سىزمۇ؟ ئەتىگەندە سەت كۆرۈنۈپ قاپتىمەنغۇ ئەمدى؟!

ــــ دېگىنە، رەيھان نەدە؟

ــــ تۈنۈگۈن بېرىپ كۆرۈپ كەلگەنسىز ئۆزىڭىز...

ــــ ماڭا نېمىشقا دېمەيسەن؟ مېنى مۇشۇنداقمۇ ئەخمەق قىلامسەن؟

ــــ مەن سىزنى ئەخمەق قىلاي دېمىدىم، رېستۇرانغا بېرىپ جېدەل تېرىشىڭىزدىن قورقتۇم...

ــــ يەنچۇ؟

— سىزدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقتۇم...

— پاھ ما چىرايلىق گەپنى كۆرۈڭ، نېمە دېسەم گەپ دېگەن تەييار-دە!

— ئىشقىلىپ، مەن سىزنىڭ خەق بىلەن خوتۇن تالىشىپ يۈرۈشىڭىزنى خالىمايمەن.

— سېنىڭچە مەن شۇنداق قىلارمەنمۇ؟ غېنى شائجاڭ مېنى بىر نېمە قىلىۋېتەرمۇ؟

— ئۇقمايمەن، ئىشقىلىپ ئۆزىڭىزگە پەخەس بولۇڭ.

— خوتۇننى خەققە تارتقۇزۇپ قويسام خوش بولامسەن؟

— ئۆزىڭىز بىلىڭ.

— سەنغۇ تىلەپ تۇرسەن، خوتۇن خەقنىڭ ئىچى ئەزەلدىن تار.

— سىزنىڭ ئىچىڭىز بەك كەڭمۇ؟ كەڭ بولسا خوتۇنىڭىزنى خەققە تاشلاپ بېرىپ يۈرىۋەرمەمسىز؟

— ئاغزىڭنى يۇم، مەن ئۇنداق ھېچقىز ئەمەس.

گۈلشەن يەنە ئاغزى ئېتىكلىك قىلسا تاياق يەيدىغانلىقىنى پەملەپ، ھازىرلا يىغلىۋەتكۈسى كەلدى.

— ئەتىگەندە ماڭا بۇنداق ھەيۋە قىلماڭ،— دېدى ئۇ پەسكە چۈشۈپ،— خوتۇنىڭىزنى ئەكىلەلمىسىڭىزمۇ ماڭا تووۋلامسىز؟ خوتۇنىڭىزدىن ئالالمىغان ئاچچىقىڭىزنى مەندىن ئالامتىڭىز؟

— ماڭا قاراپ گەپ قىل، سەن ئۇنى كۆرگەن ئادەم ماڭا نېمىشقا دېمەيسەن؟ بىر ھەپتىگىچمۇ مېنى ئالدامسەن؟ بىر ھەپتىگىچە ئۇ خوتۇنغا بىر ئىش بولسا سەن ئىگە بولامسەن؟

ــــ خوتۇنىڭىزدىن چاتاق چىقسىمۇ مەندىن كۆرمەكچىما، توۋا ما گەپنى، بۇزۇلمايدىغان خوتۇن ئاي-يىللاپ بۇزۇلمايدۇ، بۇزۇلغۇسى كەلگەن خوتۇن بىر ئاخشامدىلا بۇزۇلىدۇ. ئۇنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ...

ــــ غېنى تازىنىڭ دېيىشىچە، سەن ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپتىكەنسەنغۇ؟ بىر قىز بىللە تۇرۇپتىكەنغۇ؟

ــــ كۆرگىنىم راست، غېنى شاڭجاڭ مېنى كۆرسۇن دەپ ئەكىرگەن.

ــــ بۇ ئوغرى ئۆزىنى يېپىش ئۈچۈن قەستەن شۇنداق قىلغان گەپ، ئۇنىڭ كەينىدە بىر گەپ بار. سەن مۇشۇنى بىلىپ تۇرۇپ دېمەيسەن، غېنى تازمۇ ساڭا ھەيران قالدى. ھەممىدىن قاقۋاش، ھەممىدىن ئەسكىسى سەن بوپسەن..

ــــ نېمە دېسىڭىز دەڭ، مەن ئۆزەم توغرا دەپ قىلغان ئىشنى ھېچكىمدىن مەسلىھەت سورىماي قىلىۋېرىمەن. ئىشقىلىپ، ئۇ خوتۇنىڭىز سىزنى تاشلاپ كەتتى، ئەمدى ئۇنىڭغا ئىشىنەلمەسىز-ئىشەنمەمسىز؛ يېنىڭىزغا ئەكىلەمسىز-ئەكەلمەمسىز، چاتىقىم يوق.

ــــ كىچىك بولغىنىڭ بىلەن ئىلگىرىكىن يامان نېمىكەنسەن!ــــ دېدى ياسىن ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئىچى تىتىلداپ.

ــــ سىزنىڭ ئالدىڭىزدا چوڭ-كىچىك خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى يامان، ئەسكى، شۇنداقمۇ؟ ئەمسە جېنىڭىزنى بۇنداق قىينىغىچە ھەممىسنى تالاق قىلىپ قويۇۋەتسىڭىز بولمامدۇ؟

ــــ ئوھ، ما گەپنى! خوتۇن بولماق تەس كەلدىما؟

ــــ بۇنداق قىلىۋەرسىڭىز كىم چىدايدۇ؟! ئۇنداق ئەدەم باشتىلا شۇ خوتۇننى ياخشى كۆرىمەن دېسىڭىز بولمامدۇ؟ ھازىر ئەمدى ھەممە بالاغا مەن قالدىم، ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا ئاچچىقىڭىزنى مەندىن ئالىسىز، ئەتە-ئۆگۈن تېخى ئۇرىدىغاندەكمۇ قىلىسىز. مەن سىزگە دەپ قوياي، توشقانمۇ ئاچچىقى كەلسە چىشلەيدۇ، ئەمدى مېنى بۇنداق بوزەك قىلمەن دېمەڭ! ــــ گۈلشەن يىغلىمىدى، غەزەپلەندى، چۈنكى يىغلاپ پايدا ئالالمايدىغانلىقىنى بىلدى.

ـــ ماقۇل، توشقان، ئەمدى چىشىڭغا تەگمەي، خېلى مۇلايىم توشقان ئىدىڭ، ئەمدى بىر دەمدە چىشى يولۋاسقا ئايلاندىڭ، بۇرۇن قىلغانلىرىڭ يالغانكەن، ئەمدى ئۇقتۇم، خوتۇن خەق ئەسلىدىنلا مۇشۇنداق ساراڭكەن، تېخى غېنى تازنى ئالدامچى، قاقۋاش دەپ يۈرۈپتىمەن، خوتۇن خەق ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتە ئالدامچىكەن...ـــ ياسىن ئېغىز-بۇرنىدىن چىقىۋاتقان تاماكا ئىسىغا ھەسرەت بىلەن قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى.

شۇ كۈنى چۈشتە غېنى شاڭجاڭ ياسىننىڭ ئاشخانىسىغا قەدەم بېسىپ، ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇۋەتتى.

ـــ كەپقاپسەنغۇ؟ـــ دېدى ياسىن ئۇنىڭغا غەلىتە قاراپ.

ـــ كەلسەم بولمامدىكەن؟!

ياسىن ئاچچىقنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۇنى جوزىغا باشلىدى، گۆلشەن، ھاشىملار پايپېتەك بولۇشۇپ كەتتى.

ـــ سېنىڭدەك ئايرىمخانام، ئېسىل ھارىقىم يوق، نېمە بولسا شۇنى ئىچسەن!ـــ دېدى ياسىن قاپىقىنى تۈرۈپ، ئەگەر مەست بولۇشۇپ قالسا، مەشەدىلا ئۇنىڭ تاز بېشىنى يېرىۋېتىشنىمۇ ئويلىدى.

ـــ گەپ ھاراقتا ئەمەس، كۆڭۈلدە، ئارتۇق جۈۋاپ كەتمە.

سەي چىقماي تۇرۇپلا ياسىن بىر رومكا ھاراقنى قۇيۇپ بولدى، كۆڭلىدە ''بۇ ھاراق ئەمەس، زەھەر بولۇپ قالسىچۇ...'' دەپ ئويلىدى.

ـــ ھە دېگىنە، نېمىگە كەلدىڭ؟

ـــ سەندىن ئەنسىرەپ بولمامدۇ، كېچىدىن ساق كېلىۋالغانسەن؟

ـــ قۇرۇق گېپىڭنى قوي، تاماشا كۆرگىلى كەلدىم دېگىنە!

___ ئاچچىقلىق تازا كەلدى-دە، كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن...___ دېدى غېنى شاڭجاڭ هاراقنى قولىغا ئېلىپ،___ تۈنۈگۈن گەپ تۈگەپ بولغىچە كاللاڭدىن كېتىپ قالدىڭ، بۈگۈن ئاخىرىنى دېيىشەيمىز.

___ سەن كەلمىگەن بولساڭمۇ ئۆزەم باراتتىم...

___ يەنە شۇ ئاچچىقىڭدا مەست بولۇپ يېتىپ قالساڭچۇ؟! شۇڭا بۈگۈن قېشىڭغا ئۆزەملا كەلدىم...

غېنى شاڭجاڭنىڭ مۇشۇنداق چاغدىمۇ چاقچاق قىلىپ ھجىيىپ ئولتۇرۇشى ياسىنغا ھار كەلدى، شاڭجاڭنىڭ ئۈتتۈر چىشىنى تۆكۈۋەتكۈسى كەلدى.

___ سەن بەك ناچارلىق قىلىۋاتىسەن،___ دېدى ياسىن ئۇنىڭغا جىددىي تىكىلىپ،___ مېنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ مېنى قەستەن ئەخمەق قىلىۋاتىسەن...

___ سەن ئېسىل يىگىت، ئوغۇل بالا ئەركەك!___ دېدى غېنى شاڭجاڭ زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك،___ خوتۇنىنى كۆنلىمىگەن ئەرنى ئەر دېمەيمىز. ئادەم تۇرماق، هايۋان جىنىدا ئۆز جۈپتىنى كۆنلەيدۇ، پەقەت چوشقا ئۇنداق ئەمەس، چوشقا ھەرگىز كۆنلىمەيدۇ، قالايمىقان جۈپلىشىۋېرىدۇ، شۇڭا ئۇ نىجىس هايۋان. بىز خەق خوتۇنىغا قاش ئاتقاننىمۇ يامان كۆرىمىز، بۇ جەھەتتىن سېنىڭ قىلغىنىڭ توغرا، مېنى ئۇرۇپ يەرگە ياتقۇزۇۋەتسەڭمۇ، سېنىڭ قىلغىنىڭنى توغرا دەيمەن. بىراق، مەن خوتۇنۇڭغا يامان نىيەتتە بولۇپ باقمىدىم. خوتۇن قىلاي دەپ ئويلىغىنىم راست، لېكىن رەيھان بۇنىڭغا ھەرگىز ئۇنىمايدۇ. مېنىڭ شۇنىڭغا ئىچىم پۇشىدۇ، سەن ئۇنى شۇنچە خارلاپ تاشلىۋەتسەڭمۇ، ئۇ يەنىلا ساڭا تارتىشىدۇ، بىز مىڭ ياردەم قىلساقمۇ قاراپ قويمايدۇ...

غېنى شاڭجاڭ ھە دەپ سۆزلەۋاتقاندا ياسىن ئۇنىڭ چىرايىدىن سەممىيلىك، راستچىللىق ئىزدىدى، بىر ئىشنىپ بىر ئىشەنمىدى.

___ سەن رەيھاننى نېمە دەپ ئويلايسەن، جاھاندا خوتۇن بولار، ئۇنىڭدەك ئېسىل خوتۇن بولماس. ئۇنىڭ چىرايىغا قارىغان ئادەمنىڭ ھەرگىز ئۇنىڭغا ئەسكىلىك قىلغۇسى كەلمەيدۇ. ئەسكىلىك قىلىشقا بولىدىغان خوتۇننى بىز

بىر قاراپلا بىلىۋالىمىز، قىچىقى باركەن دەيمىز، كۆزىگە قاراپلا نىيەتنى بۇزىمىز، تومۇرىنى تۇتۇپ باقىمىز، ئىپپى كەلسە جۆندەيمىز، بىر بۇلۇڭغا سۆرەيمىز... سەن رەيھانغا ئىشەن، ئۇمۇ سېنىڭ ئىشەنچىڭنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، بولمىسا ئاللىبۇرۇن ماڭا تېگىپ بولاتتى، ما گەپ چاقچاق-هە.. خاتا چۈشىنىۋالما...

ياسىن ئۆزىنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويدى، بۇ تازدا ئىشەنچ يوق ئىدى، ئەگەر ياسىن چېكىنسە ئاندىن ئىشەنچى پەيدا بولاتتى.

— تۈنۈگۈن سېنىڭ بارغىنىڭنى رەيھان ئۇقتى، ئەسلىدە ئۇنى يېنىڭغا باشلاپ كەلمەكچى بولغان، لېكىن ئۆمەر چىققىچە ساقلايمەن دېدى. ئۆزىگە ئىشەنگەچكە تۇرۇپ قالدى، سېنىڭ يەنە خارلاپ قويۇشۇڭدىن ئەنسىرىگەچكە تۇرۇپ قالدى، قارىغاندا ئۇنى بەك بوزەك قىلىپسەن، ئۆزەڭگە ئىشەنگۈسىز قىلىۋېتىپسەن. ئۇ سېنىڭ گۇمانخورلۇقۇڭنى، مۇشتۇمزورلۇقۇڭنى ئوبدان بىلىدىكەن، قاچان مۇشۇ يامان ئادىتىڭدىن قول ئۈزسەڭ ئاندىن كېلىپ خىزمىتىڭنى قىلىدىكەن...

— ئۇ سېنى ۋەكىل سايلاپ ئەۋەتتىما؟ مەندىن نېمىشقا قورقىدىكەن؟ مەن بىلەن نېمىشقا يۈز تۇرانە كۆرۈشەلمەيدىكەن؟

— خوتۇن خەقنىڭ كۆڭلىنى نېمىشقا چۈشەنمەيسەن، يامانلاپ كەتكەن ھەر قانداق خوتۇننىڭ ئاچچىقى بىر-ئىككى كۈندە يانمايدۇ؛ بۇنداق چاغدا ئېرى ئەۋلىيا بولۇپ كەتسىمۇ، كېلىپ مېنى ئەكىتىڭ دېمەيدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ تېخى ھازىر سېنىڭ چىرايىڭنى كۆرگۈسى يوق، گېپىڭنى ئاڭلىغۇسى يوق. سېنىڭمۇ ھەم شۇنداق، ئاچچىقىڭ يانمىدى، خوتۇنۇڭنى كۆرسەڭلا غەزىپىڭ تاشىدۇ، قاراس-قۇرۇس ئۇرۇپ بېرىسەن، شۇنىڭ بىلەن ئىش تېخىمۇ يامانلىشىدۇ، ئاڭغىچە تەخىر قىل، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتسۇن...

ئىككىسى ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ قىززىشىپ كەتتى، غېنى شاڭجاڭ ئۆمەرنى چوقۇم ئېلىپ چىقىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بەردى.

ــــ مەن بۈگۈن ئاساسلىقى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كەلدىم، ــــ دېدى ئۇ قەددىنى رۇسلاپ،ــــ هاراق دېگەننى ئالدىرىماي ئىچۋالىمىز، ئەمدى ماڭا قايسى تۇرمە، شۇنى ئېنىق دەپ بەر. مەن تونۇيدىغان سوجاڭ ئۇلارنىمۇ چوقۇم تونۇيدۇ. يەنە ماۋۇ سېنى قارىغا قويغان تەتەي بىلەن مېنى كۆرۈشتۈرۈپ قوي، ئىشنى ئۆزەم جۆندەيمەن...

ــــ بۇ شاۋچى پۇل دەيدۇ.

ــــ پۇل دېسىمۇ مەيلى، بۇ تەتەي مۇهىم، ئۇنىڭمۇ چوقۇم تونۇشلىرى بار، بولمىسا ئۇنداق ئاسان تۇرمىگە سولتىۋېتەلمەيدۇ، يولنى ئاسانىراق ماڭىمىز.

ــــ مۇشۇ ئۇدۇلدىكى پاھىشىخانىغا كىرسەڭ بولىدۇ...

ــــ ئەمسە مەن ماڭاي، شۇ يەردىن ئۇدۇللا كېتىمەن، ئۇزۇتۇپ چىقما.

ــــ تەتەيخان بىلەن بوپ كېتىپ، يېتىپ قالساڭ كارىم يوق.

ــــ هە ... ما گۇينى، مېنى دائىم ئۆزەڭدەك بۇزۇق چاغلايسەن-دە...

ياسىن ئۆزىمۇ بىلىپ بىلمەي غېنى شاڭجاڭنى مەمنۇنىيەت، چاقچاق بىلەن ئۇزۇتۇپ قويغىنىنى ئويلاپ، غەلىتە بولۇپ قالدى. بوتۇلكا بىلەن كاللىسىنى يارىمەن دېگەن خىياللىرىمۇ بىر ياقتا قالغانىدى. "ھەممىنى قىلغان مۇشۇ هاراق...كاللىنى ساراڭ قىلغانمۇ مۇشۇ هاراق، ئاۋۋال ساز، ئاندىن ماز قىلغانمۇ مۇشۇ هاراق..." دەپ ئويلاپ، يېرىم قالغان بوتۇلكىغا بىچارىلەرچە قاراپ قويدى.

ئۆمەر قاماقتىن چىقتى، غېنى شاڭجاڭ نوچىلىقنى يەنە بىر قېتىم كۆرسەتتى، ئۇنىڭدىن كەتكىنى ئۈچ تۈمەنمۇ ئەمەس، نەچچە ۋاقىتتىن مۇۋاپىق باهادا ساتالماي يۈرگەن بىر قاشتېشى بولدى، مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرگە يېدۈردى، ئىچۈردى، لاۋبەن سەتەڭنىمۇ ئۆز لايىقىدا رازى قىلدى. شاڭجاڭنىڭ كوچىدا ماڭسا خەقلەر كەينىدىن قاراپ قالغۇدەك بوي-بەستى، سالاپىتى، باشلىق چىراي تەلئەتى، پارقىراپ تۇرغان بېشى، قارا كۆزەينەكى... خەنزۇچىدىمۇ خېلى ۋايىغا يەتكەن زۇۋانى، رېستۇرانى، ماۋتەيدىن قېلىشمايدىغان ئىلى ئالاهىدە هارىقى، خوتەننىڭ

ئۆزۈم ھارىقى، تونۇ كاۋىپى، قولىغا سېلىنۋالغان قىممەت باھالىق قارا ياقۇت ئۈزۈكى... ئىشقىلىپ ھەممە نېمىسى ئىشنىڭ ئالدى-كەينىدە مۇھىم رول ئوينىدى. تەسىر كۈچ دېگەن ئەنە شۇ! ئىقتىدارىڭ، جاسارىتىڭ، پۇلۇڭ، كۈچۈڭ بولسا ھېچكىم سېنى ئالدىراپ كەمسىتەلمەيدۇ، دۇنيادا ئاجىز مىللەت يوق، ئاجىز ئىنسان بار. مانا بۇ شاگجاڭ دائىم تەكىتلەيدىغان ياشاش مىزانى.

رەيھان ئۆمەرنى كۆرۈپ ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى، كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى، بېشىنى سىلاپ پىشانىسىگە سۆيدى. غېنى شاگجاڭغا ئالەمچە مىننەتدارلىق، سۆيۈنۈش بىلەن قاراپ قويدى. قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئەركەك گەرچە تاز بولسىمۇ پىشانىسى ئوڭ، نۇرانە كۆرۈنەتتى. ئۆمەر ئورۇقلاپ كىچىككىنە قالغان بولۇپ، ئويناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن چارىسىزلىك، دېلىغۇللۇق بالقىيتتى، تېخىچە گۇناھ تۇيغۇسىدىن قۇتۇلالمىغاندەك سالپىيىپ تۇراتتى، ئەركىنلىككە چىققىنىغا تېخىچە ئىشەنمىگەندەك قاماقخانا دەرۋازىسىغا ئەنسىز قاراپ قوياتتى. ئازاب ۋە قورقۇنچتىن زادى ئېچىلىپ باقمىغان چىرايى رەيھاننى كۆرگەندە ئېچىلدى، ئانىسى بولغان بولسا قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ تازا يىغلىۋالغان بولاتتى، شۇنداقتىمۇ رەيھاننىڭ مېھرىبانلىقى ئالدىدا ئۆزىنى ئاران-ئاران تۇتۇپ تۇردى، كۆزىگە ياش ئالدى، يەرگە قاراپ ئۆمچەيدى.

غېنى شاگجاڭ ئىككەيلەننى تاكسىغا سېلىپ، رېستورانغا ماڭدى. ئۆمەر يولدا بارغىچە تارتقان كۈلپەتلىرى ھەققىدە جىق گەپ قىلمىدى، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ئويغا چۆمۈپ تۇراتتى.

ـــ شۇنداق قىلىپ بۇ يەرنىمۇ كۆرۈپ باقتىڭ-دە يىگىت، ـــ دېدى ئالدىدىكى ئورۇنغا ئاران پېتىپ ئولتۇرغان غېنى شاگجاڭ كەينىگە قاراپ قويۇپ، ـــ ھېلىمۇ ۋاقتىدا چىقىۋالدىڭ، بولمىسا ساقىلىڭ سۈرۈلۈپ قالغاندا ئەچىقاتتۇق سېنى!

ـــ بەك ئاتىدارچىلىق قىلدىڭىز، بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمىز، ـــ دېدى رەيھان چىن كۆڭلىدىن تەسىرلىنىپ.

ــــ بۇنچىلىك دېيىش كەتمەيدۇ، ياخشىلىق قىلساڭ ياخشىلىق يانىدۇ دېگەن گەپ بار، بۇ بالا بىزنىڭ ياخشىلىقىمىزنى بىلسە، كېيىنچە خەققە ياخشىلىق قىلىشنى بىلىدىغان بولىدۇ.

ئۆمەر گەپ قىلماي ئولتۇراتتى، رەيھان ئۇنىڭغا كۆز ئۇزمەي قارايتتى، پات-پات بېشىنى سىلايتتى، گەپ سورايتتى. ئۇ بىر ئېغىز گەپكە بىر ئېغىز جاۋاب بېرىپ يەنە شۈك تۇرۇۋالاتتى. ياسىن ئاكىسىنىڭ ئورنىغا غېنى شاڭجاڭنىڭ ئالمىشىپ قالغىنىدىن ئەجىلىنىۋاتقان بولسا كېرەك، ئالدىغا قاراپ ئولتۇرغان شاڭجاڭغا ھەيرەت كۆزىدە قارايتتى. رەيھان بۇنى سەزدى، ئەمما ھازىرقى ۋاقىتتا نېمە دەپ چۈشەندۈرۈشنى ئۇقالمىدى. ئۆمەرمۇ ئۇنى سورىمىدى، ئاكىسى ئەزەلدىن ئۇنىڭغا رەيھان ئاچىسىدەك كۆڭۈل بۆلۈپ باقمىغانىدى.

غېنى شاڭجاڭ ئىككەيلەننى ئۆيىگە كىرگۈزۈپ قويۇپ كەينىگە ياندى، رەيھان ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم مىننەتدارلىق، شادلىق ئىلكىدە باقتى، بىر نەرسە دەي دەپ دېيەلمىدى، ئەمما ئۇنى ھېچ ۋاقىتتا كۆرۈلمىگەن خىجىللىق، ئەدەپ-ھايا بىلەن ئۇزاتتى.

"نېمىدېگەن چىرايلىق ئايال!... ــــ دەپ ئويلىغاچ كەينىگە ئۆرۈلدى غېنى شاڭجاڭ،ــــ مۇشۇنداق ئايالنىڭ گۈزەل بېقىشلىرىغا ئېرىشسەممۇ بەخت... ئېست، شۇ گۈيغا، مۇشۇنداق خوتۇنغىمۇ خىيانەت قىلامدۇ؟ ئاز دېسە شۇنداقمۇ ئازامدۇ؟ شۇنىڭغا قارىغاندا، ئېشەك خۇيلۇق ئادەملەرنىڭ خۇمارى چاتاقكەن، گۈل پۇرىماي تېزەك پۇرايدىكەن...

شاڭجاڭ ياسىننى ئەيلەۋاتقاندا ئۆزىنىڭمۇ ئەيىبلىك ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىدى، گۈلشەننى ئەۋەتىشتىن باشلاپ ئۇنى خوتۇن قىلىپ بېرىشقىچە قايسى بىر ئىشتا ئۇنىڭغا يانتاياق بولمىدى؟ نېمە مەقسەتتە شۇنداق قىلدى؟ رەيھاننى ئۇنىڭدىن ئايرىپ ئۆزى ئېلىۋېلىش ئۈچۈنمۇ؟ قىلغىلى ئىش تاپالماي ياسىننى ساز قىلىپ تاماشىنى كۆرۈش ئۈچۈنمۇ؟ ئىلگىرى دادۇيجاڭلىقتىن قالغان خۇمارى بويىچە ھەر ئىشنى بىر قوللۇق پىلانلاپ نەتىجىسىنى كۆرۈش ئۈچۈنمۇ؟... ھەممىسى بار، شاڭجاڭ ئەزەلدىن شۇنداق كاللا ئىشلىتىپ كۆنۈپ قالغان، كىچىككىنە بولسىمۇ بىر ئىشنى تەۋرىتىپ يۈرمىسە ياشىغاندەك بولمايدۇ، باشقىلارنى ئۆز دېپىغا ئانچە-مۇنچە ئۇسسۇل ئوينىتىپ تۇرمىسا،

رەھبەرلىك خۇمارى قانمايدۇ. مانا، بىر ھېسابتا ئۇ غەلىبە قىلدى، ياسىننى ئۆزىنىڭ سەنىمىگە دەسسەتتى، رەيھاننىمۇ ئۇنىڭغا قارشى ئۇسسۇلغا سالدى. بىر يوتقاندىن چىقمايدىغان ئامراق ئەر-خوتۇن ئاۋۋال مۇزدەك قاتتى، ئاندىن چاك-چاك يېرىلدى... مانا بۇ كارامەتلەر غېنى شاڭجاڭنىڭ قولىدىن چىقتى، راست شۇنداق بولدىمۇ؟ شۇنچە ئەقىللىق ئەر-خوتۇن بىلىپ تۇرۇپ قاپقانغا چۈشتىمۇ؟ شاڭجاڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتەلەيدىغان جىنكەش داخانمىدى؟ ئۇلارنىڭ روھى نېمشقا ئۆز ئىلكىدە تۇرمايدۇ، بۇنىڭ ھەممىسىگە شاڭجاڭ سەۋەبچىمۇ؟...

غېنى شاڭجاڭ ئۆيىگە كىرىپ سافاغا ئۆزىنى تاشلىدى، تېلۋىزورنى ئېچىپ بېقىپ يەنە ئۆچۈرۋەتتى، بايا ئويلىغانلىرىغا قايىل بولمىدى، ئۇ ئۆزىنى ھەرگىز ئەۋلىيا چاغلىمايتتى، مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان رەزىللەرگە ئوخشاپ قېلىشنى خالىمايتتى. ئۇ ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ھەر ۋاقىت ئۆزگىرىش، رىقابەت، مەنپەئەت ئىچىدە تۇرۇشنى قوغلىشاتتى، ھەر كۈنى يېڭى-يېڭى ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، كۈندىلىك خەۋەرلەرنى قالدۇرماي كۆرەتتى. جەمئىيەتتىكى يېڭىلىقلارنىڭ ھەممىسىگە قىزىقاتتى.

دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئويۇن-تاماشىنىڭ ئۆزىلا ئىدى، شاڭجاڭ گويا بۇ يەردىكى ئالاھىدە تۇرمۇش سەھنىسىدە بىر جۈپ ئەر-خوتۇننىڭ رولىغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان رېژىسورغا ئوخشايتتى، بۇ ئەر-خوتۇنلار يالغاننىمۇ راست، راستنىمۇ راست قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ، ئۆزلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشتى، نەچچە ۋاقىتتىن بېسىلىپ قالغان بالىق ھېسسىياتى، كەيپىياتى،تۇرمۇش قارىشى، تاللىشى... ھەممە نېمىسىنى ئاشكارىلىدى، ئۆزلىرىنىڭ تەبئىي ھېسسىياتىغا شۇنچىلىك كىرىشىپ كەتتىكى، بىر چەتتە ھەيرەتتە قاراپ ئولتۇرغان ”رېژىسور“نىمۇ پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىۋېتىشتى...

ئويۇن ئەمدى چېكىگە چىققاندا شاڭجاڭ ئەنسىرەپ قالدى، ئۇنىڭ بۇ ئەر-خوتۇننى ئويىنىتىپ، رەسۋا قىلىپ، ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىۋەتكۈسى يوق ئىدى. ئويۇننى ئىككىسى ئوينىغان بىلەن، بالىسى تالادا قالاتتى. شاڭجاڭ ھەر قېتىم شۇ بالىنى ئويلىغاندا ئۆزىنى ئەيىبكار سانايتتى، ئەمما كىم ئۇلارنى شۇنچىلىك سەتلىشىپ يامانلىشىپ كەتسۇن دەپتۇ؟ ياسىن بۇزۇلدى، ئەمما ئۇنىڭ ئۈستىدە غېنى شاڭجاڭ قاراپ تۇردىمۇ؟ ئۇنىڭ پاك ياشاشنى تاللاش ئەركىنلىكى بار ئىدىغۇ؟ نەپسىنى يىغىپ ياشىسىمۇ ياشىيالايتتىغۇ؟ چىرايلىق خوتۇنىدىن زوقلىنىپ

ھەم ھۇزۇرلىنىپ يۈرسە يۈرەلەيتتىغۇ؟ رەيھان ئېرىدىن بىسوراق قاچتى، ئەمما ئۇنىڭمۇ كەلمەسلىك تاللىشى بار ئىدىغۇ؟... دېمەك، ئۇلار بەربىر سەھنىدىكى ئارتىس ئەمەس، كونۇپكا بىلەن باشقۇرىدىغان ئويۇنچۇق ياكى قونچاق ئەمەس. شۇڭا ئۇلارمۇ غېنى شاڭجاڭنىڭ سەنىمگە دەسسىگىنىنى كۆڭلىدە تۇيسىمۇ، غۇرۇرى يول قويمايدۇ، ئويىنتىلغانلىقىنى ھەرگىز ئېتىراپ قىلمايدۇ، "ئۆزىمىز قىلغان ئىشقا ئۆزىمىز ئىگە" دەپ مەغرۇر يۈرىۋېرىدۇ، ئادەم دېگەن شۇ...

شاڭجاڭ ئۆزىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئاقلاپ، ئېغىر خىياللىرىنىڭ قۇيرۇقىنى لەگلەكتەك ئۇچۇرتۇپ خاتىرجەم يېتىپ قالدى. چۈشلۈك ئۇيقۇ ئۇنىڭ خان ئۇيقۇسى ئىدى، بۇنداق چاغدا ھېچكىم ئۇنىڭغا دەخلى قىلالمايتتى.

كەچقۇرۇن سودا باشلانغاندا غېنى شاڭجاڭ ئىش ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان رەيھاننىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىكنى سېزىپ قالدى، ئۇ يەنە ئاشۇ ۋاپاسىز ئېرىنى كۈتتۈۋاتاتتى، ئەمدى بۇ يەردىن كېتىشنى ئويلاۋاتاتتى. ئۇچمەن دېگەن كەپتەنى قەپەزگە سولاپ قويۇشتىن ھۇزۇرلانغىلى بولامدۇ؟ شاڭجاڭ بۈگۈنلا ئۇنى يولغا سېلىۋېتىشنى ئويلىسىمۇ، يۈرىكى تارتىشىپ قالدى، ئۇ "چىن يۈرەكتىن سۆيگەن ياردىن ئايرىلىشقا قانداق چىدىغىلى بولار؟ كۆيۈك ئوتى تېخى ئۆچمىدىمۇ؟! ئۆچمىسە قاچانغىچە يانار؟" دەپ يۈرۈيدىغان مەجنۇنلاردىن بولمىسىمۇ، بۇ "مەشۇق" بەخش ئەتكەن غۇرۇر، خۇرسەنلىكتىن ئايرىلىپ قېلىشنى پەقەت خالىمايتتى... ئۇ ئۇشتۇمتۇت ھەسرەتلەندى؛ رەيھان كەتسە مۇھەببەت يوقايدۇ، كۆندە كۆرۈپ تۇرىدىغان گۈزەللىك غايىب بولىدۇ، بۇ يەرنى خۇنۇكلۇق، پەرىشانلىق بېسىپ كېتىدۇ...

ئۇ رەيھانغا يىراقتىن يوشۇرۇن كۆز تاشلاپ قاراپ قوياتتى، ئويلىناتتى، ئىچى پۇشۇپ تولغىناتتى؛ ئۇ تالاغا چىقىپ بىر تال تاماكا چېكىۋەتكەندىن كېيىن روھلىنىپ، رەيھاننىڭ ئالدىغا كەلدى:

ــــ ئۆمەر ئۆيدە قالدىما؟

ــــ ھەئە، تېخى ئۇيقۇدىن ئويغانمىدى، پەقەت ئۇخلاپ باقمىغاندەكلا قىلىدۇ بۇ بالا...

ــــ تۈرمىدە بىر كۈن يېتىشتىنمۇ خۇدايىم ساقلىسۇن، بۇ بالا مۇشتۇمدەك جېنىدا ھېلىمۇ چىداپتۇ.

ــــ ھە نېمە بولسا ياردەم قىلدىڭىز، قانچە رەھمەت ئېيتساممۇ ئازلىق قىلىدۇ سىزگە.

ــــ ئەمدى بۇ گەپنى قىلماڭ، ئۆمەر چىقتى، ياسىنغا خەۋەر قىلامسىز؟

ــــ قانداق قىلسام بولىدىكىن...ــــ دېدى رەيھان بۇنى تېخى ئويلاپ باقمىغاندەك.

ــــ خەۋەر قىلسىڭىز، كېلىپ ئەكەتسىمۇ مەيلى، مەشەدە تۇرۇپ قالسۇن دېسىڭىزمۇ مەيلى؛ ياكى ئۆزىڭىز.. بىللە ئېلىپ كەتسىڭىزمۇ مەيلى...

رەيھان غېنى شاڭجاڭنىڭ ئاخىرقى گەپنى ناھايىتى تەستە ئېيتقانلىقىغا دىققەت قىلدى. ئۇنىڭغا ھەيرانلىق، خۇشاللىق بىلەن لەپپىدە قاراپ قويۇپ، گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى.

ــــ ياسىن كېلىپ سىزنى ئېلىپ كەتسۇن، قايسى كۈنى ئۆمەر چىققاندىلا كۆرۈشسىلەر دەپ ئۆزىڭىزمۇ دېگەن...

ــــ ئاياللىرىڭىز كەلگىچە ئىشلىمەمدىم؟

ــــ ياق، بولدى... ئۇنىڭمۇ كېلىدىغان ۋاقتى بوپ قالدى.

ــــ ئۇنداقتا مەن سىزنىڭ ياردىمىڭىزنى قانداق قايتۇرىمەن؟

ــــ بۇ گەپنى ياسىن دېسۇن، سىز ھېلىمۇ جىق كۆچەپ كەتتىڭىز، خوتۇن كىشى مۇشۇنچىلىك قىلسا بولار.

غېنى شاڭجاڭ بۇنداق دەپ تۇرغان بىلەن چىرايىدىن غەمكىنلىكى، ئامالسىزلىقنى ھە دېگەندىلا چاندۇرۇپ تۇرۇۋاتاتتى. رەيھان تەڭقىسلىقتا قالدى، دەرھال كېتىپ قېلىشنى ئېغىر كۆردى:

ـــ بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى ياسىن بىلەن تېخى كۆرۈشۈپ باقمىدىم، مېنى ھازىرلا بۇنداق ئەكەتكەن بىلەن ماڭا قانداق مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇقمايمەن. شۇڭا بىر-ئىككى كۈن قاراپ باقسام بولامدىكىن...

ـــ ئۇنىڭغا نېمىشقا ئىشەنمەيسىز؟

ـــ ئىشەنمەيمەن ئەمەس، ئەنسىرىشىم بار، ئۇنىڭ سارالىقى نەدىن چىقىدۇ ئۇقمايمەن، ئايال كىشى دېگەن شۇ سەل قورقۇنچاق بولىدىكەن.

ـــ قورقماڭ، نېمىشقا قورقىسىز؟ ئۇنىڭ ئالدىدا قورققىدەك بىر ئىش قىلغانمىدىڭىز؟ بىلمەن، مەشەگە كەلگەندىن بېرى قورقۇپلا كەلدىڭىز، سىزگىمۇ ئاسان ئەمەس، بالىغا تېخىمۇ تەس... بۇ يەردە قانچە ئۇزاق تۇرسىڭىز شۇنچە قورقىسىز، ئۇنىمۇ ساراڭ قىلىسىز. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى، ۋاقتىدا بىر-بىرىڭلارنى تېپىشىڭلار.

رەيھان ئۇندىمەي تۇرۇپ قالدى، غېنى شاڭجاڭ يەنىلا خاپا چىراي ئىدى، رەيھاننى قولدىن بېرىپ قويۇشتىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ كەلگۈسىدىن غەم قىلىپ قوشۇمىسىنى تۈرۈۋالغاندەكمۇ قىلاتتى. رەيھان شۇنداق بولۇشنى ئۈمىد قىلدى.

غېنى شاڭجاڭ تالاغا چىقىپ ياسىنغا دەرھال تېلېفون قىلدى:

ـــ كېلىپ رەيھان بىلەن ئۆمەرنى ئېلىپ كەت، گۈلشەننى بۇرۇنقى جايىڭغا كەتكۈزۈۋەت!

ـــ قالتىس ئىش قىلدىڭ-دە، خۇدايىم بۇيرۇسا ئايرىم كۆڭلۈم بار ساڭا...

ـــ رەيھاننى يېنىڭغا بېرىشقا تەستە كۆندۈردۇم، ما گېپىمنى ئاڭلا، ئەگەر ئۇنى بۇرۇنقىدەك خارلايدىغان بولساڭ جېدەلىم سەن بىلەن...ـــ رەيھانغا ئىچ كۆيەرلىك قىلىپ كېلىشۋاتقان شاڭجاڭ سەل قوپال گەپ قىلىشۋەتتى؛ ياسىننىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى، ئەمما چاندۇرمىدى:

ـــ سەن تۇرساڭ، ئۇنى قانداق بوزەك قىلغىلى بولسۇن، خاتىرجەم بول...

ــــ ئىشقىپ، ئۇنىڭغا ياخشى قارا، ھەرگىز بوزەك قىلىش خىيالىدا بولما؛ خوتۇن خەقنىڭ كۆڭلى بىر قېتىم ئازار يېدىمۇ، بولدى، ئېرىگە باشقىچە قارايدىغان بولىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلىنى بەك ئاۋايلا.

ــــ خوتۇنۇمنى قانداق قىلىشنى ئۆزەم بىلمەن، ... ئۇنى چوقۇم ئوبدان خوتۇن قىلىمەن.

كەچتە ياسىن رەيھان بىلەن ئۆمەرنى ئەكەتكىلى كەلدى. غېنى شاڭجاڭغا قۇرۇق رەھمەتتىن يەنە بىرنى ئېيتتى، ئۇنىڭ بىلەن بىر رومكا ھەم ئىچىشمىدى، شادلىقنى بىللە تەبرىكلەپ كۆلۈشمىدى...رەيھان چامادىنىنى ئېلىپ، بالىسىنى يېتىلەپ گەپ قىلماي ماڭدى. ياسىن تاكسى توسۇپ ئالدىغا چىقىپ ئولتۇردى، ئەينەكتىن غېنى شاڭجاڭنىڭ رەيھاننى قىيالماسلىق بىلەن ئۇزاتقانلىقىنى، رەيھاننىڭمۇ كەينىگە قاراپ-قاراپ قويغانلىقىنى كۆردى. يولدا بارغىچە ئەر-خوتۇن تۈزۈك گەپلەشمىدى، ئۆمەرمۇ ياسىنغا تۈزۈك گەپ قىلىپ بەرمىدى.

ئۇلار ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە گۈلشەن ئاللىبۇرۇن كەتكەن، ھاشىم بىلەن ساۋۇت ئىشنى تاشلاپ ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغانىدى. ياسىن ماشىنىدىن چۈشۈپ، رەيھانغا ئىشىك ئېچىپ بەردى، ساۋۇت چامادانىنى ئالدى، ئۆمەر ماشىنىدىن چۈشۈپلا بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ھاشىمنى پالاق-پۇلۇق يىقىتىپ، ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە تەپكىلى تۇرىۋىدى، ھەممىسى ھەيران قالدى... ئۆمەر ئۇنى ۋاقىلدىتىپ تېپەتتى، تۈكۈرەتتى. ياسىن كېلىپ ئاجرىتىۋالدى، ئۆمەر بوي بەرمەي تېپىچەكلەيتتى.

ــــ ھەي... ھەي.. بولدى قىل، ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ نېمىگە ئۇرىسەن ئۇنى؟!

ئۆمەر گەپ قىلمايتتى، ئىنجىقلايتتى، ھاشىمغا نەپرەت بىلەن قارايتتى.

ــــ ماڭە گۈي ئاشخانىغا، تۈرمىنىڭ تاياقلىرى تېتىمىدىمۇ ساڭا؟!

ــــ قويىۋەت مېنى... قويىۋەت

ــــ ھېلى قولاق تۈۋىڭگە يەيسەن گۈي، ھەددىڭدىن ئاشما!

ــــ قويۇۋەت... دەيمەن، سەن مېنىڭ ئاكام ئەمەس!

ــــ ھېلى ما شۇمنى، بىكار تۇرمىگە ئاپىرىپ بېرىمەن سېنى!

ــــ بولسا شۇنداق قىلىڭ! ــــ دېدى رەيھان ئۆزىنى باسالماي،ــــ بولسا مېنىمۇ ئاپىرىۋېتىڭ!

ــــ سەن ئاز گەپ قىل، دەيدىغان گەپنى ھېلى دېگۈزىمەن.

ــــ گېپىڭ بولسا مەشەدە –دە، مېنىڭ ئۇنداق ئۆيگە كىرگۈم يوق.

ــــ ۋاھ، نوچىغۇ سەن، غېنى تازدىنمۇ چوڭ گەپ قىلىدىغان بولۇپ كېتىپسەنغۇ ئەمدى، گەپنى ئاز قىلىپ كىرە ما ئۆيگە، قالغان گەپنى شۇ يەردە دېيىشىمىز.

ئىككەيلەن ئاشخانىغا كىردى، ئۆمەر ئۇكىسىنى يېتىلەپ دالان ئۆيگە كىرىپ تېلېۋىزورنى ئاچتى، ساۋۇت چامادانىنى ئەكىرىپ قويۇپ ياتىقىغا كىرىپ كەتتى، ھاشىم يىقىلغان يېرىدىن تەستە قوپۇپ، خورلۇق ۋە ئىزا-ئاھانەتتىن تىترەپ كەتتى، ئۇ شۇمنى تازا قويۇپ ئاندىن بۇ يەرنى تاشلاپ كېتىش قارارىغا كەلدى.

ياسىن بىر ئورۇندۇقنى سۆرەپ، پۇتنى ئالماپ ئولتۇرۇپ تاماكا تۇتاشتۇردى، بۇنداق مەغرۇرلۇق ۋە سەپرالىقتا ياخشىلىق يوق ئىدى.

ــــ گەپنى ئاشخانىدىلا تۈگەت، مەن سېنىڭ مۇئامىلەڭگە قارايمەن، ياخشى بولساڭ مەنمۇ ياخشى، ئەسكىلىك قىلساڭ مەنمۇ بارار جايىمغا بارىمەن،ــــ دېدى رەيھان گەپ قىلىشقا مەجبۇر قالغىنى ئۈچۈنلا گەپ قىلىۋاتقاندەك ھالسىز، پەرىشان ھالدا.

ــــ نەگە بارىسەن؟ يەنە شۇ تازنىڭ يېنىغا بارىدىغانسەن تايىنلىق؟!

ــــ سەن شۇنداق ئويلامسەن؟ ئەگەر مېنى بۇنداق قىيناۋەرسەڭ شۇ يەردە ئىشلەپ جېنىمنى باقىمەن.

ــــ شاڭجاڭنىڭ ئۆي ئەجەپ يىقىپ قاپتۇغۇ ساڭا، بۇرۇن ئەجەپ تىللايتتىڭ ئۇ ئوغرىنى، تىللاپ تۇرۇپ بېرىۋاپسەن، بۇرۇندىن مۇناسىۋىتىڭ بولمىسا نېمەدەپ ئۇ يەرگە بېرىۋالسەن؟ ئۆمەرنى چىقىرىپ بەرگەنگە نېمە بەردىڭ؟

ــــ ئەگەر ماڭا ئىشەنمىسەڭ، بۇنداق ئۆي تۇتقاننىڭ پايدىسى يوق.

ــــ ساڭا نېمە دەپ ئىشەنگۈدەكمەن؟

ــــ دېدىمغۇ، ئىشەنمىسەڭ خوتۇن قىلما.

ياسىن رەيھاننىڭ چىرايىدىن قەتئىي ئىشەنچ ۋە بىزارلىقنى كۆرۈپ توختاپ قالدى، ئەمما پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشنى زادى خالىمايتتى. خوتۇنىغا ئىشىنىپ تۇرۇپ گۇمانلاندى، ئەمدى بولدى قىلاي دەپ تۇرۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى:

ــــ دەپ باقە، ئون كون خەقنىڭ يىنىدا يۈرگەن خوتۇنغا مەن قانداق ئىشىنىمەن؟ مەن سېنى ئۇرۇپ تىللاپ ھەيدەپ چىقىرىۋەتتىمۇ؟! تالاق قىلىپ باشقا ئەر تاپ دېدىممۇ؟ ياكى كوچىغا چىقىپ نومۇسۇڭنى سات دېدىممۇ؟ غېنى تازىنىڭ ئۆيىدە سوۋۇتۇپ قويۇپتىكەنمۇ؟ قاچىدىغان ئادەم ئۇ يەرگە بارماي ئۇدۇل ئاتاڭنىڭ قېشىغا كەتسەڭ بولمامدۇ؟

ــــ ماڭا ناھەق گەپ قىلما، پېشانەڭنى سىلاپ بىقىپ گەپ قىل، سەن ماڭا بىر سىنت پۇل بەرمىسەڭ، كېتەي دېسەم كەتكىلى قويمىساڭ، مەن قانداق قىلىمەن؟ كوچىغا چىقامدىمەن؟ مېنى شۇنداق قىلىشقا قىستىغان سەنغۇ؟ شۇنداق كېتىۋەرگەن بولسام، سېنىڭ ئالدىڭدا خوتۇن دېسە خوتۇن ئەمەس، سېسىق گۆش تاغىرىنىڭ ئۆزىلا بولاتتىم، بۇنداق ياشىسام يا ساراڭ بولاتتىم، يا ئۆلۈپلا تۈگىشەتتىم. ھېلىمۇ ئون كۈندە ئۆزەمنى ئوڭشىۋېلىپ كەلدىم، ئەمدى يەنە مېنى ساراڭ قىلىدىغان بولساڭ، بۇ ئۆيىنى ئۆزەڭ تۇت، مەن ئۆمەرنى ئېلىپ يۇرتقا كېتىمەن!

__ قارا، قارا، تېخى ما گەپلىرىنىڭ نوچىلىقىنى! قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ تېخى مەندىن چوڭ تېگىشىۋاتسەنغۇ؟! مۇشۇ ھاكاۋۇرلۇقۇڭغا بىر كۈنى تويغۇزىمەنغۇ سېنى، ئاناڭ ئۆلۈپ كەتكەندىن بېرى مەن بىلەن ئېتىشىپلا كېلىۋاتىسەن، قايسى يۈزۈڭ بىلەن ماڭا چوڭ گەپ قىلىسەن؟ مەن تېخى بىر نېمە دېمەي تۇرۇپ، نېمىگە غەلۋە قىلىسەن؟

رەيھان ياسىننىڭ غەزەبلىك چىرايىغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ گەپ قىلمىدى، ناھەقچىلىكتىن ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى، بۇنداق ئېشەك قۇلاققا گەپ قىلغاندىن تامغا گەپ قىلغان ياخشى دەپ ئويلىدى. ئۇ شۇنچە ئەسكىلىكلەرنى قىلسا ئۆزىنى ھەقلىق دەپ ئويلايتتى، خوتۇنى سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسا ھەرگىز كەچۈرمەيتتى. رەيھان بۇنى بىلەتتى، بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلدى، بۇ ئەردىن ئاجرىشىشنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ قويۇپ شۇنداق قىلدى. ئەمما ياسىن قويۇۋەتمەيمەن دېسە ئۇنىڭ ئەسكىلىكلىرىگە داۋاملىق سۈكۈت قىلىپ ياشاش كېرەكمۇ؟ نەچچە يىلدىن تۈزۈك ئەر بولۇپ كەلگەن بۇ ئىنسان نېمىشقا ئەمدى غەيرى مەخلۇق، غۇرۇرى يوق رودىپايغا ئايلىنىپ قالدى؟!... رەيھاننىڭ بۇنىڭغا كاللىسى يەتمەيتتى، ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى پەقەت زېدىلەنگەن قەلبىنى تېخىمۇ زېدە قىلماسلىق، بۇ ئەر ئۆزىنىڭ كۆزىگە تېخىمۇ بەدبەشىرە، رەزىل كۆرۈنۈپ كەتمەستە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىش... ئىدى. بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىش، ھەممىنى يېڭىدىن باشلاشنى شۇنچىلىك ئويلاپ باقسىمۇ بۇنىڭغا ھېچ كۆزى يەتمەيتتى.

__ ئون كۈندىن بېرى زادى نېمە ئىش قىلدىڭ، دېگىنە! مېنى ئويلىمىساڭمۇ، مۇشۇ بالىنى بولسىمۇ ئويلىساڭ بولمامدۇ؟ غېنى تازىنىڭ ئالدىدا مېنى شۇنچە شەرمەندە قىلامسەن؟ ئۇ ئوغرىنىڭ ئالدىدا مېنى شوۋىچى قىلدىڭ، ئۆزەڭنىمۇ رەسۋا قىلدىڭ، مۇشۇنداق قىلىپ ئۆچۈڭنى ئالدىڭ، پاقاڭ قاندىمۇ؟

__ توۋا! توۋا! __ دەۋەتتى رەيھان چىداپ تۇرالماي،__ بۇنداق ماز گەپ قىلغىچە تايىنلىق مېنى ئۇرۇپ قوغلاپ چىقار، يا بولمىسا ئاغزىڭنى يۇم، ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى!

__ يىغلاپ ۋاقىراپ قورقۇتمەن دېمە، مەسلەڭنى ئېنىق تاپشۇرغاندىن كېيىن قالغان ئىشنى ئويلىشىمىز،__ ياسىن ئورنىدىن تۇرۇپ تاماكىسىنى دەسسەپ مىجىۋەتتى.

ـــ مېنىڭ كاللام زادى ئىشلىمەيدىكەن، سەندەك ئەرنىمۇ ئېرىم دەپ يۈرگەندىكىن ئۆزەمگىمۇ ئاز. ئۆتكەندە غېنى شاڭجاڭنىڭ يېنىغا بارغاندا غىڭ قىلالماي كېتىپ قاپسەنغۇ؟! شۇمۇ سېنىڭ ئەركەكلىكىڭ؟! ئالدىمغا كەلدى دەپ كۆرەڭلەپ كەتكىنىڭمۇ بۇ؟!

ـــ گەپنى ئاز قىلىپ مەسلەڭنى تاپشۇر!

ـــ ئاۋۋال سەن تاپشۇر، ئاندىن تۇزۇك دېيىشىمىز،ـــ دېدى رەيهان يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ،ـــ خۇدايىم ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، سەن خۇدادىن قورقماي رەسۋالىق قىلغان بىلەن، مەن قىلالمايمەن. نەچچە يىل خوتۇن قىلىپ مېنى شۇنچىلىك بىلمىگەن بولساڭ، ئەقلىڭگە ئىشەك تېپىۋەتكەن ئوخشايدۇ.

ياسىننىڭ زەردىسى ئۆرلىدى، قوللىرى قىززىپ كەتتى، غېنى شاڭجاڭنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئۆز-ئۆزىدىن تېرىكىپ بوغۇلۇپ كەتتى:

ـــ زۇۋانىڭغا ھېلى، مەن خوتۇن خەقنى ئوبدان بىلىمەن، سەن ئاشۇ ساراڭلىقىڭدا ھەممە ئىشنى قىلىسەن، ماڭا دېمەي قاچالىغان ئادەم باشقا ئىشنىمۇ قىلىسەن، يالغانچىلىق قىلىپ قۇتۇلالمايسەن، بۇ ئىش ھامان ئاشكارىلىنىدۇ...

ـــ مەن سېنىڭ ئالدىڭدا ئەمەس، خۇدايىمنىڭ ئالدىدا پاك ياشسام بولدى. خۇدا ئالدىدا قەسەم قىلسامىمۇ ئىشەنمەيسەن، ئىمانسىز ئادەم ھېچنېمىگە ئىشەنمەيدۇ، شۇڭا ساڭا ئارتۇق گېپىم يوق، پاك خوتۇنغا تۆھمەت چاپلىساڭ گۇناھى ئۆزەڭگە!

ـــ يالغانچى قەسەمخور كېلىدۇ دېگەن مانا شۇ...

ـــ بۇ گەپنى ئۆزەڭگە دە

ـــ شۇنداق قىلىپ، سەن ئاپئاق خوتۇن بولۇپ ئالدىمغا كەلدىڭ، شۇنداقما؟

ـــ خۇدانىڭ ئالدىغا پاك بارسام بولدى، سەن نېمىتىڭ؟!

بۇ گەپ ياسىننىڭ غۇژژىدە نېرۋىسىغا تەگدىيۇ، رەيھاننىڭ شۇ تاپتىكى ئىشەنچى، غۇرۇرى ۋە قورقۇمسىزلىقىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. دېمىسىمۇ دەيدىغان گەپنى غېنى تازغا دېيەلمىگەن، خوتۇننى ئۇنىڭ يېنىدىن ھەيدەپ كېلەلمىگەن، مانا ئەمدى خوتۇنى ئۆزى كەلسە بېشەم خوتۇندەك ۋاتىلدىغان ئەر قانچىلىك نېمىتى؟!
رەيھاننىڭ "نوچىلىقنى ماڭىلا قىلامسەن؟" دەپ باياتىن دەۋاتقانلىرىمۇ شۇ، ئەمدى رەيھانغا ھەيۋە قىلىۋەرسە راستىنلا مازلىشىدۇ، ئۇرۇپ سالسا ئىش چاتاق، رەيھان يەنە قاچىدۇ، قاچما دەپ پۇتنى ئۇرۇپ چېقىۋەتكىلى بولمايدۇ، غېنى تاز بۇنى بىلسە ياسىنغا "خوتۇنۇڭنى بۇنداق خارلىغىچە قويۇۋەت" دەپ قىستايدۇ، رەيھاننى تۆتىنچى خوتۇن ياكى ئونىنچى ئاشنىسى قىلىپ يېنىغا ئەكىرىۋالىدۇ، تېخى، بالىچۇ بالا؟!...

ياسىن پەيلىدىن ياندى، ئۆتكەندە غېنى شاڭجاڭنىڭ يېنىغا بارغاندا ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ تامغا نىقتاپ "خوتۇنۇمنى تاپ ئوغرى" دېگەن بولسا، ئاندىن رەيھاننىڭ كاچېتىغا ئىككىنى سېلىپ ئۆيگە ياندۇرۇپ كېلەلىگەن بولسا، بۇ ئەركەكلىك بولاتتى... خوتۇننى خوتۇن قىلىپ تۇرۇپ ئاندىن نېمە دېسە ئاقىدۇ؛ بولمىسا ئۆزى ئوسال بولىدىغان گەپ... رەيھاندەك خوتۇنلارغا ساختا نوچىلىق ئەمەس، ھەقىقىي ئەركەكلىك كېرەك...

"بىراق بۇ خوتۇن شۇ ئەركەكلىكنى تۆگەشتۈرۈۋەتتى... دەپ ئويلىدى ياسىن ، بۇ خوتۇن "كاجلىق" قىلمىغان بولسا ئىشلار جايىدا كېتىۋېرەتتى، ھەر ئىككىسى بۇرۇنقىدەك ئىناق ياشاۋېرەتتى؛ چىدىماس خوتۇن ئېرىگىمۇ قىلدى، ئۆزىگىمۇ قىلدى، ئېرىنى ئەسلىدىنلا كۆزىگە ئىلمىغاچقا ئۇنىڭ شىرىن چۈشىنى بەربات قىلىۋەتتى؛ ئېرىگە بولغان ئۆچمەنلىكى بىر كۈنىمۇ توختاپ قالمىدى، ئېرىگە ئالايدى، قاپاق تۈردى، ئاغزىنى بۇزۇپمۇ سالدى، ئاندىن قاچتى، ئېرىنى تېخىمۇ ئوسال قىلدى، ئۇنىڭدا يۈز دېگەن نەرسىنى قويمىدى...مانا ئەمدى"سەن نېمىتىڭ، سەن قانچىلىك ئادەمتىڭ؟" دەۋاتىدۇ... بۇ خوتۇننىڭ بۇنچە ئاينىپ ئۆزگىرىپ كېتىشى ئۇنىڭ ئەسلىدىلا خوتۇن بولۇشقا يارىمايدىغانلىقى، ئۆز چىرايىغا ئىشىنىپ ھاكاۋۇرلۇق قىلىدىغانلىقى، كۆڭلىنىڭ باشقا ئەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىدىن ئەمەسمۇ؟! غېنى تازنىڭ شاپائىتىنى كۆرۈپ قالغان بۇ خوتۇن ياسىندەكلەرنى ئەمدى كۆزىگە ئىلامدۇ؟

__ سېنىڭ ئالدىڭدا مەن ھېچنېمە ئەمەس، شۇنداقمۇ؟! شۇنچە سەتچىلىكنى قىلىپمۇ تېخى خىجىل بولۇشنى بىلمەيسىنا؟!

__ سەن بىلەمسەن خىجىل بولۇشنى؟! خوتۇن دېگەن ئېرىگە بېقىپ خوتۇن بولىدۇ.

__ مېنى يامانغا چىقىرىپ ئۆزەڭ يامان بولماقچىما؟ كالالىڭنىڭ زادى بىر چاتىقى بار سېنىڭ!

__ كاللام ساق بولغاچقا ساق ياشاۋاتىمەن، ھېلىمۇ سېنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىڭگە چىداپ كېلىۋاتىمەن. ئوڭشىلىپ قالار دەۋاتىمەن، ئەمدى ئا پاسكىنىنى كۆزۈمگە كۆرسەتمە، ئەگەر يەنە ئۇنىڭ يېنىغا سوكۇلدايدىغان بولساڭ مېنى ئىككىنچى خوتۇن قىلمەن دېمە، ما گەپ ئوچۇق بولسۇن!

__ ما گەپىڭنىڭ چوڭلۇقىنى! ئىككىنىڭ بىرىگە تۇر دېمەكچىمۇسەن؟ قاچانغىچە تۇگمەيدۇ بۇ جاھىللىقىڭ؟! مەن سېنىڭ ئىشلىرىڭنى بولدى قىلاي دەۋاتسام، سەن تېخى ماڭا شەرت قويىۋاتامسەن؟!

__ ئەقلىڭ بولسا، مېنى، بالاڭنى باشتا ئويلا! بىرگە بىر بولدۇق دەپ خام خىيال ئەيلىمە، ماڭا تۆھمەت قىلىپ تۇرۇپ ئەيىۋىمنى ياپىمەن دېمە، سېنىڭ قېشىڭدا يا مەن تۇرىمەن، يا ئاشۇ پاسكىنا تۇرىدۇ.

__ بولدى قىل، ئۆزەڭگە قاراپ بېقىپ گەپ قىل، __ دېدى ياسىن ئىچىگە پاتمايۋاتقان ئاچچىق ۋە ئامالسىزلىقتا بەس كېلەلمەي،__ ئۆزەڭنى نېمە چاغلايسەن سەن؟ گۈلشەننى پاسكىنا دېيىشتىن ئاۋۋال ئۆزەم قانچىلىك دەپ ئويلاپ باقتىڭما؟ شۇنچە ئىشنى قىلىپمۇ پېتىڭدىن چۈشمەيسىنا؟!

__ ئۇ پاسكىنا بولماي نېمكەن؟ يولدىن تېرىۋالغان ئاشناڭنى مەندىن چوڭ كۆرەمسەن؟ سەن مېنى ناھەق قارىلاپ، ھەممىنى پېشانەمگە تاقاپ ئاندىن خوتۇن قىلماقچىما، ئۇخلاپ چۈشۈڭ! سەن ئەردەك ئەر كىشى بولساڭ مەن ساڭا خوتۇن، ۋىجدانىڭ بولسا مېنى خوتۇن قىل، بولمىسا ئىشىڭنى قىل!

__ ئەجەپ چوڭ سۆزلەيدىغان بوپ كېتىپسىنا، ئارقا تېرىكىڭ كۈچلۈك ئوخشىمامدۇ؟ بارىدىغان جايىڭنى تەييارلاپ قويۇپ ئاندىن ئالدىمغا كەلدىڭ دېگىنە، يوتقان-كۆرپەڭنىمۇ يىغماي كەلگەنسەن تايىنلىق!

___ بولدى قىل، ئەمدى سەن بىلەن سوقۇشۇپ يۈرگۈم يوق، مەن سېنى ئوبدان بىلىمەن، گەپكە چىدىمىغانلىدا مۇشت كۆتۈرۈپ قوپىسەن، ئىككىلىمىزگە پايدىسى يوق، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ئەر كىشىدەك راۋۇرۇس گەپ قىلىپ، ئىپادەڭنى بىلدۈر. مېنى خوتۇن قىلىمەن دېسەڭ، مانا مەن ئالدىڭدا، خىزمىتىڭنى قىلىمەن. ئەگەر گۈلشەنمۇ مېنىڭ خوتۇنۇم دەپ بۇزۇقچىلىق قىلشۇپىرىدىغان بولساڭ، سۆزۈمنى بېرىپ يولغا سال.

ياسىن رەيھاننىڭ بۇ قەتئىيلىكىنى كۆرۈپ بوشىشىپ كەتتى، بۇ خوتۇن بۇرۇنقى رەيھان ئەمەس ئىدى، شۇنداقتىمۇ ياسىن ئۇنىڭغا تەسىر قىلىپ قالار دەپ كۆڭلىنى ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

___ گۈلشەن سېنىڭ نەرىڭگە تاقىشىدۇ دەيمەن، مەن ئىككىڭنى خوتۇن قىلىشقا لايىق ئەمەسما؟ مەن سېنىڭ نەزەرىڭدە شۇنچىلىك چۈپرەندىما؟ غېنى شاڭجاڭ مەندىن نوچىما؟  مېنى بۇزۇقچىلىق قىلدى دەيسەن، سېنىڭ ئون كۈن يوقاپ كېتىشىڭ نېمىگە ھېساب؟ سەنمۇ مەن بىلەن غېنى شاڭجاڭنىڭ ئارىسىدا قاتراپ ئاران-ئاران قېلىۋاتىسەنغۇ؟ ئادەمنىڭ كۆڭلى دېگەن شۇ، بىرىدىن زېرىكسە بىرىگە قىزىقىدۇ. مەن تېخى سەندىن زېرىكىپ گۈلشەننى تاپقىنىم يوق، ھەر ئىككىڭلارغا كۆڭلۈم بار، ھەر ئىككىڭلار مېنىڭ ئامراق خوتۇنۇم، لېكىن سەن مېنى يېقىن كەلتۈرمىگەچكە نەچچە كۈن تاشلاپ قويدۇم، لېكىن كۈندە سېنى ئويلىدىم، سېنى سېغىندىم. ئەمما  كۆڭلۈمنى قەتئىي چۈشەنمىدىڭ، ساراڭلىق قىلىپ قاچتىڭ. ئەمدى  "بوپتۇ، ئازمايدىغان ئىنسان يوق، ئەمدى ياخشى ئۆتۈپ كېتەرمىز" دەۋاتسام، سەن يەنە مەن بىلەن قېرىشىۋاتىسەنغۇ؟! غېنى تازىغا كۆڭلۈڭ چۈشۈپ قالدىمۇ نېمە؟ مەندىن ئاجرىشىپ ئۇنىڭغا تەگمەكچىما؟ ئۇنىڭ نەچچە خوتۇنى بار، بىلەمسەن؟ ئۆزەڭ نەچچىنچىسى بىلەمسەن؟! جاھاندا سېنىڭدەك دۆت خوتۇن بولماس!

___ شۇ، دۆتلۈكىمدىن ساڭا تېگىپتىكەنمەنمۇ  دەيمەن، مېنى ئەمدى بىلگەن بولساڭ سەنمۇ تايىنلىقكەنسەن، كاللاڭ ئىشلىسە ما ئۆيىنى چىرايلىق تۇتالايسەن، بولمىسا ۋەيران قىلىسەن. مەن شۇنچە سەۋر قىلدىم، تۇزۇلۇپ قالار دېدىم، يىغلىدىم، قاقشىدىم، ئەمدى بولدى قىلمايمەن. مېنى خارلايمەن دەيدىكەنسەن، ئۆلسەممۇ ساڭا خوتۇن بولمايمەن!

ـــ ۋاھ، گەپ قىلمىسام يەنە چوڭ سۆزلەيسىنا! مەشەگە كەلمەستىلا خوتۇن بولماسلىقنىڭ قازىنىنى ئېسىپ بولغان دېگىنە، غېنى تاز "سىزنى ئالاي" دېگەن بولسا، ئۆزەڭنى بىلەلمەي قېلىۋاتامسەن نېمە؟

ـــ سەن تولا چىددىماسلىق قىلما، غېنى شاڭجاڭ تېخى سېنىڭ يۈزۈڭنى قىلىپ مەرتلىك قىلدى، بولمىسا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ يەنە ساغرىپ، ھارىقنى ئىچىپ يۈرەتتىڭ! مەن ئالدىڭغا چىرايلىق كەلدىم، دەيدىغاننى دېدىم، قالغىنىنى ئۆزەڭ بىل!

ـــ غېنى شاڭجاڭنىڭ ھەممە نېمىسى ساڭا ياراپ كېتىپتۇ-دە، مانا قارا، گېپىڭدىنلا چاندۇرۇپ تۇرىسەن ئەمەسمۇ! خوتۇن خەق دېگەن... زادى نومۇسسىز!

ـــ نومۇسسىز دېگەن ئۆزەڭ! ـــ رەيھان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى،ـــ غېنى شاڭجاڭنى مەرت دەپ قويسام ئىچىڭگە ئوت كەتتىمۇ؟! ئۇ سەندەك نامەرت، پىخسىق ئەمەسكەن، ئۇقتۇڭمۇ؟

ـــ ما گۈيىنىڭ خوتۇنى، نېمە دەپ پوق چاينايدۇ...ـــ ياسىن دەرغەزەپ بولۇپ رەيھاننىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ تەستەكتىن ئىككىنى سىلىۋەتتى، ئاندىن بۇقىدەك ھۆكىرىدى:

ـــ ئەتىدىن يول قويسام ئەجەپ ھەددىڭدىن ئاشىسىنا رەسۋا؟! ماڭا قاراپ تۇرۇپ گەپ قىلە، مەن كىم؟ ئېرىڭمۇ ئەمەسمۇ؟ ـــ ياسىن رەيھاننىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىگە قاراتماقچى بولۇۋىدى، رەيھان سىلكىۋەتتى، ياسىن يەنە ئۇنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈردى، رەيھان يەنە سىلكىپ چۆشۈرۈۋەتتى، ياسىن ئۇنىڭ يۈزىگە يەنە بىر شاپىلاق سالدى.

ـــ مەن ئېرىڭمۇ نېمەڭ؟

رەيھان ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن تىغدەك قادالدى:

ـــ سەن بىر ھايۋان...

— مەن نېمەڭ؟

— ئەقلى يوق ئېشەك...

رەيهان سۆزنى تۈگىتىپ بولغىچە يۈزىگە يەنە بىر تەستەك تەگدى، ئاڭغىچە ئۆمەر ئۇلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ قالدى، ساۋۇتمۇ ياتىقىدىن چىقىپ ئاجرىتىپ قويۇشقا كەلدى.

ياسىن ئۇلارنى كۆرۈپ قولىنى يىغىۋالدى، رەيهانغا ئۆچمەنلىك، ئۈمىدسىزلىك بىلەن تىكىلىپ:

— سەن ئەسلى مەن بىلەن سوقۇشۇپ ئاجراشقىلى كەلدىڭ، شۇنداقمۇ؟ بوپتۇ، مۇرادىڭغا يەتكۈزەي، هازىردىن باشلاپ سەن تالاق، نەگە يوقالساڭ يوقال! — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ رەيهاننىڭ يۈرىكى مۇجۇلغاندەك بولدى، ۋۇجۇدى سوغۇق شامالدا قالغاندەك تىترەپ مۇزلاپ كەتتى. چىرايلىق خوتۇننىڭ هاڭۋېقىپ قالغىنىنى، شەهلا كۆزلىرىنىڭ كۆز ياشتىن تىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ياسىنمۇ ئېچىگە كىرىپ كەتكەن بىر ئاغرىقتىن ئىنجىقلاپ تۇرۇپ قالدى، بارلىق ئاچچىقى، ساراڭلىقىنىڭ ''تالاق'' دېگەن گەپتە توختاپ قالغانلىقىنى هېس قىلىپ ئۇجۇقۇپ كەتتى. ''تالاق'' دېگەن سۆزدىكى ''ق''تاۋۇشى گويا قىلىچ بولۇپ ئۇنىڭ يۈرەك بېغىشىنى ئۈزۈۋەتكەندەك ئىدى... رەيهاننىڭ هاڭۋېقىشلىرى، ياسىننىڭ هالسىز چەكچىيىشلىرى ئەمدى بۇ تۇرمۇشنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. ساۋۇت ئەمدى بۇ جېدەلنىڭ ئۆزلۈكىدىن بېسىققانلىقىنى كۆرۈپ، ئېچىنىش ئىلكىدە ئارقىسىغا بۇرۇلدى. ئۆمەر تېخىچە ئاكىسىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ تۇراتتى، ''ئاچامنى ئەمدى ئۇرىدىغان بولسا قاراپ تۇرمايمەن'' دەپ ئويلايتتى، لېكىن بارلىق جېدەلنىڭ بىرلا سۆز بىلەن ئاياغلاشقانلىقىنى بىلمەيتتى.

رەيهان بايا ئولتۇرغان جايىدا ئولتۇرۇپ قالدى،ئەجىبا ئۇ راستىنلا ئېرى بىلەن سوقۇشۇپ ئاجرىششقا كەلگەن بولغىيمىدى؟! ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتۇش ئىشەنچى ئاللىبۇرۇن يوقالغان بولغىيمىدى؟! نېمىشقا ياسىن بىلەن سوقۇشۇپ توختىمايدۇ؟ يول قويغان بولسا نېمە بولار ئىدى؟! بىرەر ئېغىز گەپتىن قالغان بولسا نېمە بولار ئىدى؟ ''هايۋان،

ئېشەك" دېگەن گەپ قانداق چىقتى؟!... ئەزەلدىن بۇنداق ھاقارەتنى ئاڭلاپ باقمىغان ياسىنغا بۇ سۆزلەر يۈرىكىگە پىچاق سانچىلغاندەك تۇيۇلماسمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئېغىزىدىن "تالاق" دېگەن گەپ چىقماي قالامدۇ؟

رەيھان تاياق يېگەن ئاچچىقدا ئېغىزىنى بۇزۇپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلدى، شۇ ئاچچىقتا، شۇ ھاقارەتكە بۇ نومۇسسىزنىڭ ئۆزى سەۋەبچى بولغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ پۇشايمان قىلدى، ئازابلاندى... ناھەقچىلىككە پايلىمايدىغان مىجەزى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى زىبالىقى، مۇلايىملىقى، شىرىن سۆزلىكىنى يوقىتىۋەتكەنلىكى راست، ياسىن بۇزۇلغاندىن بېرى شۇ مىجەزىنىڭ "كاجلىق، جاھىللىق" دەپ ئاتىلىپ، ئۆزىنى سەت كۆرسىتىۋەتكەنلىكىمۇ راست... ئەمىسە قانداق قىلسا بولاتتى؟ ياسىن نېمە ئىش قىلسا ساراڭدەك ھىجىيىپ، نېمە دېسە بويسۇنۇپ ياشاۋەرسە بولامتى؟ ئاللىقاچان بۇلغىنىپ بولغان كارىۋاتتا بۇلغىنىپ كەتكەن ئېرى بىلەن يېتىۋەرسە بولامتى؟ پاك، سەبىي بالىسىنى بۇزۇقلارنىڭ يېنىدا بىچارىلەرچە بېقىپ چوڭ قىلسا بولامتى؟ بۇنداق ياشاش نەقەدەر ئازاب، ئۇنىڭدىن كۆرە تالاق قىلىنغىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟!

ئەمما رەيھان يەنىلا ئازابلاندى، چۈنكى ئۇ ياسىنغا ئىشىنەتتى " يا مېنى خوتۇن قىل، يا گۆلشەننى، ئىككىنىڭ بىرىگە تۇر" دېگەن چېغىدىمۇ ياسىنغا بولغان ئۈمىدىنى، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى يوقاتمىغانىدى. ئەمدى نېمە بولدى؟! ئېرىنىڭ كۆڭلىدە ئاشۇ پاسكىنا قانجۇقچىلىك بولالمىدى. ئېرىگە ئەقىدە قىلغان پاك ئايالغا بۇنىڭدىن ئارتۇق ھاقارەت، كۆتۈرۈلۈپ قويغۇسىز ئازاب بولماس، ئۇ "ئېشەك" ھېچ بولمىسا "بالامنىڭ ئانىسى مۇھىم" دەپ ئويلىيالمىدى... رەيھان كۆڭلىدە يەنە ياسىننى شۇنداق ھاقارەتلەشكە باشلىدى، ئۇنىڭدىن باشقا مۇۋاپىق سۈپەتنى ئويلاپ تاپالمىدى.

رەيھان قانچە ئازابلانغانچە ياسىندىن ئەسلىدە شۇنچە ئۈمىدۋار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. "مېنى بۇنداق خارلىغىچە قويۇۋەتسەڭ بولمامدۇ؟" دېگەن بىلەن، ئۇنىڭ چوقۇم شۇنداق قىلىشىنى ھەرگىز ئۈمىد قىلمايتتى، ئۆزگىرىپ قالار، ئادەم بولۇپ قالار، قەدىر-قىممىتىمنى بىلىپ قالار دەپ ئويلايتتى. ئەمما ئاقىۋەتتە بۇ قۇرۇق ئارزۇلا بولۇپ قالدى، ياسىن پەقەت "ماڭا بويسۇنساڭ خوتۇنۇمسەن، بولمىسا دۈشمىنىمسەن" دەپ تۇرىۋېلىپ، بىر ئوبدان

خوتۇنىنىڭ مىجەزىنى بۇزۇپ ئاخىر ئۇنى سەپرا، ئېغىزى يامان خوتۇنغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. گۈزەل خوتۇنىنى سەتلەشتۈرۈۋېتىپ مانا ئەمدى ئۇنى تالاق قىلدى... بۇنىڭ ئۇۋالى كىمگە!

ــــ ئېغىزىڭدىن چىققان گەپ راستمۇ؟!ــــ دېدى رەيھان ياسىننى پۇشايمان قىلدۇرماقچى بولۇۋاتقاندەك ھەسرەت بىلەن، ئەمدى بولغۇلۇق بولغاندا ياش تۆكۈپ زارلىنىشنى خالىمىدى؛ چۈنكى گۈناھنىڭ چوڭى كۆز ئالدىدا چەكچىيىپ تۇرغان بۇ قارا گەدەندە ئىدى.

ــــ سەن شۇنداق بولۇشنى تىلەيتتىڭغۇ؟ مۇرادىڭغا يەتكەنسەن ئەمدى؟! بېرىپ غېنى تازغا خۇشخەۋەر يەتكۈز، سۆيۈنچە بېرىپ قولۇڭغا ئالتۇن ئۈزۈك تاقاپ قويار...

رەيھان ئاچچىق كۈلدى، ئىچ-ئىچىدىن قاپساپ كېلىۋاتقان دەرت-ئەلىمنى باسالمىدى:

ــــ ئىست، مەن تېخى سېنى مۇشۇ ۋاققىچە ئېرىم دەپ يۈرۈپتىمەن.

ــــ مەن سېنى يېنىمدىن قاچقان چاغدىلا خوتۇنۇم ئەمەس دەپ بولغان.

ــــ ئەمىسە بوپتۇ، شۇ پاسكىنىنى خوتۇن قىلىپ ئۆتتۈۋەرگىن، مەنمۇ سەندىن قۇتۇلغىنىمغا خوش... ــــ رەيھان پەسكە قارىۋالدى، يىغلىماي دېسىمۇ كۆز ياشلىرى ئىختىيارىغا بويسۇنمىدى.

رەيھان ھۇجرىغا كىرىپمۇ قويمىدى، ئۆمەرگە چامادانىنى ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇدى، ئۆمەر كىرىپ كېتىپ چامادانىنى ۋە بالىنى ئېلىپ چىقتى. ئۇۋىسىغا بۆرە تەگكەن قويلاردەك پىتىراپ كېتىۋاتقان بۇ بىچارىلەرگە قاراپ ياسىن نېمە قىلارىنى بىلمەي ئولتۇرۇپ قالدى، بايىقى ئىشلارنى بىر يامان چۈشتەك ئەسلىدى، ئىشەنمەي دېسە ئامالى يوق، ھەممىنى كەينىگە قايتۇرالايدىغان كۈچ نەدە؟ بۇ خوتۇنمۇ ئاران تۇرغاندەك كەتكىلى قوپتى، دېمەك، ئەسلىدىنلا ئاجرىشىش نىيىتى بار، ''ئىككى خوتۇنلۇق'' ئېرىنى ۋەيران قىلىشۇەتكۈسى بار...

شۇ تاپتا ئۇ ھالسىز، پەرۋاسىز ئولتۇرغان بىلەن ئىچى غەزەپ تىنتىلدايتتى، ھەممىنى ئۇرۇپ كۆكۈم-تالقان قىلىشۇەتكۈسى كېلەتتى. بىراق، ئەركەكلەرگە ئۇششۇقلۇق يارىشامدۇ؟! سۆز دېگەن ئاتقان ئوق، ئېغىزدىن چىققان

گەپنى قايتۇرۇۋالغىلى بولامدۇ؟! خوتۇن تالاق گۇيلار ''تۆكۈرگەن تۆكۈرۈكنى ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدۇ'' دېيىشىدۇ، ئېغىزىدىن چىقىپ كەتكەن شۇ بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئىلكىدىن چىقىپ كەتكەن خوتۇنىنى نېمە قىلالايتتى؟ غېنى تازنى نېمە قىلالايتتى؟

رەيھان ئاشخانىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا ئۇ زادىلا چىداپ تۇرالمىدى:

— بالىنى سۆرەپ يەنە نەگە ماڭىسەن؟!

— بارىدىغان يېرىمگە بارىمەن.

— غېنى تازنى بەك سېغىنىپ كەتكەن ئوخشىمامسەن؟!

— ئۆزەڭ تالاق قىلىۋېتىپ ئەمدى چىدىماسلىق قىلىۋاتامسەن؟

— چىدىمىغۇدەك سەن قانچىلىك نېمىتىڭ؟ مەن ماۋۇ بالامنى نەگە ئاپىرىسەن دەۋاتىمەن ساڭا!

— ئانىسى نەدە بولسا بالىسى شۇ يەردە بولىدۇ، بۇ بالىنى سېنىڭ قانجۇقۇڭ بېقىپ بولالمايدۇ... — رەيھان ئېغىزىنى بۇزماي دېسمۇ ئاچچىقىدا سېسىق گەپلەر چىقىپ كېتىۋاتاتتى.

— زۇۋانىڭنى ئەمدى باس، مەنمۇ بالامنى غېنىدەك شوۋا گەدەن تازغا تاشلاپ بەرمەيمەن!

— بالىنى قويۇۋەت.

— نېمە دەيسەن، بالا مېنىڭكى، — ياسىن ئوغلىنى قۇچىقىغا ئېلىۋالدى، بالىسى تېپىچەكلەپ ئانىسىغا تارتىنىپ يىغلاشقا باشلىدى.

رەيھان بالىسىغا قاراپ چارىسىز تۇرۇپ قالدى، ئېرى بىلەن بالا تالىشىپ ئۇرۇشۇش نىمىدېگەن نومۇس! بالا بىر ياقتا، ئانا بىر ياقتا يىغلايتتى، ئۆمەر ئاكىسىنىڭ نومۇسسىز چىرايىغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. ياسىن ئۆزىنى يەنىلا مازلىق قىلىۋاتقاندەك، خوتۇن-بالىسىنى خارلاۋاتقاندەك ھېس قىلىپ پەيلىدىن ياندى:

ــــ سەن مۇشۇ بالىنى سۆرەپ يەنە غېنى تازنىڭ قېشىغا بارماقچىما؟

ــــ ئەمىسە سەن بىزنى مەشەگە ئىتتەك باغلاپ قويۇپ خارلىماقچىما؟ ئۇخلاپ چۈشۈڭ! مەن ئەشەدە ئىشلەپ پۇل تېپىپ، يۇرتقا كېتىمەن!

ــــ شۇ تازغا تېگىمەن دېگىنە تايىنلىق، كۆڭلۈڭنىڭ پەسلىكىنى كىم بىلمەيدۇ...

ــــ مېنى ئۆزەڭدەك چاغلاۋاتامسەن؟ تولا گەپ قىلماي بالىنى بەر.

ــــ غېنى تازنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى قوي، ئەتە مەن ئۆمەر ئىككىڭنى ئۆزەم يولغا سېلىۋېتىمەن!

رەيھان ياسىننىڭ ئالا-تاغىل بولۇپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ ئەجەبلەندى:

ــــ گېپىڭ راستمۇ؟

ــــ راست.

رەيھان يەڭگىللەپ قالدى، ئەمما پەقەت خوش بولالمىدى. ياسىن بالدۇرراق مۇشۇنداق ئەقلىگە كەلگەن بولسا قانداق ياخشى بولاتتى؟ "تالاق" دېگەن سۆزنى ئېغىزىدىن چىقارمىغان بولسا، بەلكى ئۇنى گۆلشەن دېگەن ھارام خوتۇنغا دېگەن بولسا قانداق ياخشى بولاتتى؟...

بىراق بۇ خىياللار رەيھاننىڭ كۆڭلىدە ئاپتاپتەك يورۇپلا ئۆتۈپ كەتتى. ياسىن ئۇنى غېنى شاڭجاڭغا تارتقۇزۇپ قويماسلىق، ئۆزىنىڭ بۇزۇقچىلىقىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلماقچى ئىدى...مەيلى، نېمىلا قىلسا شۇنچىلىك قىلالىدى، رەيھاننى بۇرۇنقىدەك يا قويۇپ بەرمەي، يا تۇزۇك خوتۇن قىلماي ئېسىپ قويۇپ توخۇ

پوقلىق قىلمىدى، ئۆمەر قاماقتىن چىققاندىن كېيىن رەيھاننىڭمۇ تارتىشقۇدەك ئىشى قالمىدى، قالدى دېسە، پەقەت غېنى شاڭجاڭغا ئادىمگەرچىلىك قەرزى قالدى... رەيھان ئەمدى بۇ ئازاب، سىقىلىشلاردىن پاتراق قۇتۇلسا بولاتتى، كۆڭلى شۇنى ئىستەپ قالدى.

رەيھان ئاشخانىغا قايتىپ كىردى، ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ كەتتى، ئۆزى تۇتقان چىرايلىق ئۆي ئىدى، نەدە قالدى پاكىزلىق؟ ئەمدى بۇ ئۆيىنى يەنە مەينەتچىلىك بېسىپ كېتىدۇ. ئىست شۇ يوتقان-كۆرپىلەر، گىلەملەر، دېرىزە پەردىلىرى...

ياسىن ئاشخانىدا ئۆزى يالغۇز ھاراق ئىچىپ، ئاشخانىنى تېشىدىن قۇلۇپلاپ گۈلشەننىڭ يېنىغا كەتتى، ''تالاق'' دېگەن سۆزنى ھەر بىر ئويلىسا بىئارام بولاتتى، '' تۆگۈرگەن تۆكۈرۈكنى ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدۇ''دېگەن گەپ كاللىسىغا كېلىۋالاتتى، يەنە كېلىپ گۈلشەن بىلەن بىللە رەيھاننى خوتۇن قىلىشقا زادى كۆزى يەتمەيتتى، گۈلشەندىن ئەسلا كېچەلمەيتتى.

ياسىن گۈلشەن تۇرغان بىناغا ئاز قالغاندا غېنى شاڭجاڭدىن تېلېفون كەلدى:

___ قانداقراق، ئەپلىشىپ قالدىڭلارمۇ؟

___ ئەپلىشىپ قالدۇق، ھازىر خېلى تۈزۈلۈپ قاپتۇ.

___ ئىشقىلىپ خوتۇنۇڭنى رەنجىتمە، خوتۇن كىشى ئاجىز...

___ بۇنى بىلمەن، خاتىرجەم بول.

___ ئۇكاڭنى ئەچىقىپ بەرسەم بىرئېغىز رەھمىتىڭمۇ يوققا؟

___ رەھمەتنى ئايرىم قىلىۋالىمەن، كۆڭلۈمدە بار، ئۇنتۇپ قالمايمەن.

___ ئەمسە كەپ تۇر، يوقاپ كەتمە...

ـــ ماقۇل، بېرىپ تۇرىمەن.

ياسىن تېلېفوننى ئېتىپ غىنى شاڭجاڭنى تىللاپ غۇدۇرلاپ تۇرۇشىغا يېنىدىن بىر ماشىنا ئۆتۈپ كەتتى، ياسىن بۇ ماشىنىنىڭ نوچىلىقىغا قاراپ شوپۇرىغا ئىختىيارسىز دىققەت قىلدى، بۇ ھېلىقى چاغدا گۈلشەن تۇرۇۋاتقان ئۆينى ئىجارىگە بەرگەن ياش خەنزۇ ئىدى. بۇ ئۆينىڭ ئىجارىسى توشۇپ قېلىۋاتاتتى، ياسىن ئەتە خوتۇن-بالىسىنى يولغا سېلىۋېتىپ، گۈلشەننى يېنىغا ئەكىلىۋېلىشنى، بۇ ئۆينى قايتۇرۇۋېتىشنى ئويلىدى.

گۈلشەن ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى، ياسىن لەيلەپ بارغىنىچە كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى.

ـــ دۇم يېتىڭە، دۈمبىڭىزنى تۇتۇپ قوياي.

ـــ كىيىمڭنى سېلىپ يوتقانغا كىر، بۇ كېچە قانغۇدەك ياشايمىز...

ـــ نېمە بولدى، يەنە ئىچىپسىزغۇ، خوتۇنىڭىز بىلەن بىر نېمە دېيىشىپ قالمىغانسىز؟

ـــ ئۇ خوتۇنىنىڭ گېپىنى قوي، تالاق قىلىپ خېتىنى بېرىۋەتتىم، ئەتە يولغا سالىمەن.

ـــ ۋۇي، ئەجەپ چاققانغۇ؟!

ـــ ھەممىسى سەن ئۈچۈن، خوش بولغانسەن...

ـــ ماڭا بەرىبىر، بۇنىمۇ مەندىن كۆرۈپ ماڭا دوق قىلمىسىڭىزلا بولدى...

ـــ ئۆزەم قىلغان ئىشقا ئۆزەم ئىگە... بولە چاققان، كىيىمڭنى سال.

ـــ ما گېپىڭىز جايىدا، ئەر كىشى دېگەن مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك!

بۇ كېچە رەيھان ئىزتىراپ ئىچىدە ياتتى، بەش يىلدىن ئارتۇق بىللە ياشىغان ئەردىن ئەتە ئايرىلىدۇ، خۇشاللىق ئۇنتۇلۇپ، ئازاب، ھەسرەت ئۇنتۇلمايدىغان بولدى. ئېرىگە باش ئەگكەن بولسا تالاق قىلىنماسمىدى؟! خۇدانىڭ

ئەمرىنى ئورۇنلىمايدىغان بۇ هاراقكەشنىڭ تالاق قىلىشى ئىناۋەتكە ئۆتەمدۇ؟ ئۇ بۇنى مەست ئەمەس، ساق چېغىدا دېدى، ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ بىلسە ئېغىزىدىن چىققان گەپ هېساب. دەپ بولۇپ ئۆزىمۇ چۆچۈپ كەتتى، بىر قارىسا چىرايىدا پۇشايمان قىلغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ، ئەمما رەيھان كەتكەنىدىن كېيىن هەرگىز پۇشايمان قىلمايدۇ. بىر قېتىم تالاق قىلغانىدىكىن ئىككىنچى يالۋۇرۇپ كەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاجراشقان بولىدۇ، بالا يېتىم بولىدۇ...

رەيھان بالىسىغا قاراپ ئىچى ئاغرىپ كېچىچە ئۇخلىيالمىدى، گاهىدا كۆزىگە ياش ئالدى، گاهىدا خەپ دەپ لېۋىنى چىشلىدى. ئەمما خەپ دەپ تاپتىن چىققىلى، كۆڭۈل تارتمىغان ئىشنى قىلىشقا بولمايتتى.

غېنى شائىجاڭ ياسىنغا تېلېفون قىلغاندا ماشىنا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالغاچقا، ئۇنى سىرتتا دەپ ئويلاپ رەيھانغا تېلېفون قىلىۋەردى.

ــــ هازىرچە ياخشى، ئۆمەرمۇ ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ، ــــ دېدى رەيھان قىسقىچە ئەھۋاللاشقانىدىن كېيىن،ــــ سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلىۋەتتىم...

ــــ ئۇنداق دېمەڭ، هەر قانداق ئىشىڭىز بولسا ماڭا دەڭ.

ــــ بولىدۇ، ئىش بولسا سىزنى ئىزدەيمەن.

رەيھان تېلېفوننى ئېتىۋېتىپ ئويغا چۆمدى، شائىجاڭغا بولغان ئەھۋالنى ئېيتمىدى، ئەتە خوشمۇ دېمەي كېتىدۇ. ياسىن هەر قانچە ئەسكىلىك قىلسىمۇ بەش يىللىق ئېرى، ''غېنى تازىنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى قوي...'' دەپ يېلىنىپ كەتتى، ئەر كىشىگە يۈز-ئابرۇي خوتۇنىدىن مۇهىم، مۇشۇ ۋاقىتچە ئۇنىڭ ئەركەكلىكىنى ۋەيران قىلىپ، يۈزىنى تامامەن تۆكىدىغان ئىشنى قىلمىدى، ئېرى خىيانەت قىلسىمۇ ئۇنىڭغا خىيانەت قىلمىدى، شۇنداق قىلىشنى ئويلاشتىنمۇ قورقتى. خوتۇن كىشىنىڭ ئەر خەققە ئوخشىمايدىغان ئېسىللىكى مانا مەشەدە، خۇداغا شۈكرى، هېلىهەم بولسىمۇ ئېرىنىڭ يۈزىنى ئاياپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، ياسىن ئەقلى بولسا بىلەر، بىلمىسە هوشىنى تاپقاندا بىلەر...

ئەتىسى ياسىن ئەتىگەندە ئاشخانىغا كىلىپ، ھەممە نەرسىسىنى تەقلەپ تەييار بولغان رەيھاننى ئۆمەر ۋە ئوغلى بىلەن بىللە ماشىنىغا سىلىپ، پويىز ئىستانسىسى تەرەپكە قاراپ كەتتى. رەيھان ھەممە ئىشنى تۆگىتىپ بولۇپ سەپەرگە ئاتلىنىشۋاتقاندەك خاتىرجەم كۆرۈنەتتى، ياسىن ئۇنىڭغا ئوغرىلىقچە پات-پات قاراپ قوياتتى، غېنى شاڭجاڭ كەيىندىن كىلىپ قالىدىغاندەك، ياكى رەيھان ئۈرۈمچىگە چۈشۈپلا غېنى تازنىڭ گېپى بىلەن كەينىگە يېنىپ كىلىدىغاندەك ئەنسىز خىياللاردا بولۇپ قالاتتى. ئۇ پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ ھايانكەشلەرنىڭ قولىدىن شۇ كۈنلۈك بېلەتنى يۇقىرىراق باھادا سېتىۋالدى، ئۆمەرنىڭ ئىش ھەققى ۋە بالىنىڭ بېقىلىش ھەققى ھېسابىدا رەيھانغا ئىككى مىڭ يۈەننى تۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىق ئۈزلىشىپ كەتكەن بولدى. رەيھان ئىككى بالىنى ئېلىپ پويىزغا چىقىپ بولغاندا تاكى پويىز مىڭىپ كەتكىچە قاراپ تۇردى، رەيھان ئۆيگە قايتىش خۇشاللىقىدا تۇرغان ئۆمەرگە ۋە دادىسىغا قاراپمۇ قويماي ئۆمەر بىلەن ئويناۋاتقان بالىسىغا قارايتتى، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ياسىننىڭ كۆلەڭگىسى ئەلەڭگىيتتى، پويىز ماڭغاندا ئاندىن ياسىنغا لەپپىدە قاراپ قويدى، كۆزىگە غىللىدە ياش كەلدى.

ياسىن خوتۇنىنىڭ كەشنى توغرىلاپ يەڭگىللەپ قالغان بىلەن كۆڭلى يەنىلا پاراكەندە ئىدى، غېنى شاڭجاڭ رەيھان بىلەن تېلېفونلىشىپ، ئۈرۈمچىدە كۆرۈشىدىغانغا دېيىشىۋالىدىغاندەك ئەنسىز خىياللاردا بولۇپ قالاتتى. شاڭجاڭ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە چۈشۈپ، خوتۇنىنىڭ خېتىنى بېرىۋېتىپ، رەيھاننى نىكاھىغا ئالسا ئېلىۋېرەتتى. ئۇنداق بولمىغان تەقدىردىمۇ رەيھان يۇرتىغا بارسا بىر مەزگىلدىن كېيىن ئەرگە تېگىشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ بىرىنچىدىن، چىرايلىق؛ ئىككىنچىدىن، ياسىنغا ئۆچ؛ ئۈچىنچىدىن، قارىم ئاكىسى ئەمدى ئۇنىڭغا ھاراق ئىچمەيدىغان، تەقۋا بىرەيلەننى سايە قىلىدۇ...

رەيھان ئۈرۈمچىگە چۈشىدىغان كۈنى ياسىن ئۇنىڭغا تېلېفون قىلدى، ئېلىنمىدى؛ ئارقىدىن غېنى شاڭجاڭغا تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭ بىر ياقتا ماڭمىغانلىقىنى ئۇقۇپ خاتىرجەم بولدى.

ــــ نېمىگە تېلېفون ئۇرۇپ قالدىڭ؟ــــ دېدى غېنى شاڭجاڭ توساتتىن.

ــــ ئەھۋال سوراپ بولمامدۇ، نېمە دەپ ئويلاپ قالدىڭ ئۆزەڭچە؟

ــــ مېنى تىك-تىگلاپ باقاي دەۋاتسەن-ھە؟!

ــــ قىززىق گەپ قىلىسەنغۇ، ساڭا تېلېفون قىلغىلىمۇ بولمامدۇ ئەمدى؟

ــــ بىر ئىشنى مەندىن يوشۇرۇۋاتىسەن، سەن دېمىسەڭمۇ مەن بىلىمەن.

ــــ بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا سورايسەن؟ــــ دېدى ياسىن جىلە بولۇپ،ــــ ھەممە ئىشىمنى ساڭا دوكلات قىلىشىم كېرەكما؟

ــــ خوتۇنۇڭنى نېمىشقا تالاق قىلىپ ھەيدىۋەتتىڭ؟

ــــ بۇنىڭ سەن بىلەن نېمە ئالاقىسى؟

ــــ ئەمىسە نېمىشقا ماڭا تېلېفون قىلىسەن؟! مەندىن نېمىشقا گۇمانلىنىسەن؟

ياسىن غېنى شاڭجاڭنىڭ تايغاندەك سەزگۈرلۈكىگە قول قويدى، ئۆزىنى شۇ تايغانغا تۇتۇلغان توشقاندەك چارىسىز، بىچارە ھېس قىلدى.

ــــ خوتۇن خەقتەك زىللىشىپ كېتىپسەن غېنىكا، سەندىن نېمىشقا گۇمانلىنىمەن؟

ــــ مېنى ئۆزەڭدەك بۇزۇق كۆرىسەن ئەمەسمۇ، دېگىنە، خوتۇنۇڭنى نېمىشقا تالاق قىلدىڭ؟ ئۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىمىزدا ھېچ ئىش بولمىسا نېمىشقا گۇمانلىنىسەن؟

ــــ ۋاي، ئۇ خوتۇننى تالاق قىلىشىم بىلەن سېنىڭ قىلچە مۇناسىۋىتىڭ يوق، ئۆزىنىڭ ئاجراشقۇسى كېلىپ ئاران تۇرۇۋېتىكەن، كېلىپ مەن بىلەن سوقۇشتى، ئېغىزىنى بۇزۇپ تىللىدى، شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئاچچىقتا پايلىماي تالاق قىلدىم. بولغان ئىش مۇشۇ!

ــــ شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قوغلىۋەتتىم-دە، قالتىسقۇ سەن؟

ــــ ئەمسە قانداق قىلسام بولاتتى، ئۇنى سىنىك يېنىڭغا ئاپىرىپ قويسام بولامتى؟ــــ دېدى ياسىن ئەركەكلىكىنى كۆرسىتىپ، ئۇ بۇ گەپلەرنى تېلېفوندا دېيەلىگەن بىلەن شاكىجاكنىڭ ھارىقىنى ئىچىۋاتقاندا دېيەلمەيتتى.

ــــ بىر ئوبدان خوتۇننى ۋەيرانە، سەرسانە قىلىۋەتتىڭ –دە! بىچارە خوتۇن ئەمدى كىملەرگە ساغرىپ يۈرەر، بۇنداق ناچارلىق قىلىدىغىنىڭنى بىلگەن بولسام ئۇنى قېشىمدا ئەپقالاتتىم …

ــــ بۇ نىيىتىڭنى بىلەتتىم، لېكىن چۆچۈرىنى خام ساناپسەن…

ــــ دېمەك، سەن قەستەن شۇنداق قىلدىڭ. خوتۇن تالاق گۈيلار زادى نامەرت كېلىدۇ..

ــــ كىم نامەرتكەن، تۈزۈك گەپ قىلاۋا ئاكا، ھۆرمەت قىلغاننى بىلمەيدىكەنسەن!ــــ دېدى ياسىن ئاچچىقتىن تىترەپ.

ــــ كۆتەر ئۇنداق لاتا قاسقاس ھۆرمەتنى، سەن ئاغىندارچىلققا يارىمايدىكەنسەن!

ياسىن غېنى شاكىجاكنىڭ ئەلپازىنىك بۇنداق يامانلىشىپ كېتىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى، ئۇنىڭ بىلەن ئېتىشىپ قېلىشنى خالىمايتتى.

ــــ كۆڭكۆلدۈزدە ئىچىۋاپسەندە…ــــ دېدى ئۇ ئېغىر تىنىپ،ــــ بولدى سەنمۇ بۇ گەپلەرنى دېمىگەن بول، مەنمۇ ساڭا تېلېفون قىلمىغان بولاي. گەپ مەشەدە تۈگىسۇن.

ــــ خوتۇنۇڭ باشقا خەققە خوتۇن بولۇپ كەتسە چىدايسەن، ماڭا چىدىمايسەن، مەن ساڭا نېمە يامانلىق قىلدىم؟

ــــ غېنىكا، سۆپىتىڭنى چۆشۈرمە…

**ــــ مەن قىلغان ئىشىمغا مىننەت قىلمايمەن، لېكىن سەن شۇ ئىش ئۈچۈن مەندىن گۇمانلىنىپ، رەيھانگا قاراپ چاپلاپ، مېنىمۇ ئۇنىڭغا سەت كۆرسىتىۋەتكەندەك قىلىسەن.**

**ــــ ئۇنداق ئىش يوق، خاتا چۈشىنىپ قاپسەن.**

**ــــ مېنى بىكارغا ئىش قىلمايدۇ دەپ ئويلاپ قالدىڭ، شۇنداقمۇ؟**

**ــــ مەن سېنىڭ مەرتلىكىڭنى بىلىدىغان تۇرسام، نېمىشقا ئۇنداق ئويلىغۇدەكمەن؟!ــــ ياسىن گەپنى چىرايلىق تۈگىتىشنى ئويلاۋاتاتتى.**

**ــــ كېلە ئىچىشىمىز، بۇ گەپنى تۈزۈك دېيىشىمىز.**

**ــــ ئەتە-ئۆگۈن باراي، ھازىر بەك ئالدىراش...**

**ــــ كۈندۈزدە يوتقانغا كىرىۋالمىغانسەن، خوتۇن خەق دېگەن ئاشۇنداق بەلەن نېمە، ئەمدى بىر خوتۇن بىلەن قالدىڭ، مېنىڭ رەيھانەدەك بىرلا خوتۇنۇم بولغان بولسا كۈندە قۇچىقىغا بېشىمنى قويۇپ ياتاتتىم. تالاق قىلدىم دەپ نوچىلىق قىلىۋاتىسەن، ئەتە-ئۆگۈن كۆزۈڭگە كۆرسىتىپ خوتۇن قىلسام نېمە دەيسەن؟!**

**ــــ بىگىسىڭ بولسا شۇنداق قىل!ــــ دەۋەتتى ياسىنمۇ گەپتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن،ــــ ئەمما ئۇ ساڭا خوتۇن بولمايدۇ.**

**ــــ ئەگەر خوتۇن بولسىچۇ؟ تويۇمدا سېنى ئىشقا سالىمەن، كاۋاپ پىشۇرۇپ چاي توشۇيسەن.**

**ــــ ئاۋۋال ئۆزەڭنى بىل،ــــ دېدى ياسىن قىزىرىشىپ،ــــ قۇشناچىمنىڭ قاپىقى يامان دەپ ئاڭلايمەن، ئۇرۇمچىدىن قايتىپ كېلىپ تاپىنىڭدىن ئېسىپ قويسا، مېنى توۋلىساڭمۇ ئاڭلىمايمەن...**

**ــــ ئاكاڭنى بوش چاغلاۋاتامسەن؟ خوتۇن دېگەننى ئەپلەپ-سەپلەپ باشقۇرىمىز، غەلۋە قىلسا تەلۋىنى قاندۇرىمىز، غىدىك-پىدىك قىلسا بېسىقتۇرىمىز.**

بۇ گەپلەر ياسىنغا ۋاقتى ئۆتكەن مالدەك ناچار تۇيۇلدى، غېنى شاڭجاڭ ئادەتتىن تاشقىرى سۆزلەپ قالغانىدى، باشقىلارنى ئويىنتىمەن دەپ ئۆزى ئويىنلىپ كەتكەن بۇ ئادەم ئىچ پۇشۇقىغا چىدىماي ئىچپىلا يۇرۇۋاتقاندەك، ياسىن بىلەن رەيھاننى قوشۇپ تىللاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئەسلىدە رەيھاننىڭ تالاق قىلىنغىنىغا خوش بولسا بولاتتى، ئەمما مەقسىتىگە يېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن خۇددى نەچچە يۈز مىڭ يۈەن قويۇلۇپ كەتكەن ئوقەتچىدەك ئاھ چېكىپ، كۆتىنى ئۇۋۇلاپ قالغانىدى.

ياسىن غېنى شاڭجاڭ بىلەن خېلى ئۇزۇن تەگەشتى، گاھ سىپسىق گەپ، گاھ چاقچاق، گاھ تۇز گەپ بىلەن جەڭ قىلىشتى. شاڭجاڭ مۇشۇ پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغاندەك قورساق كۆپۈكىنى بوشىتىۋالدى، ياسىنمۇ "ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس" دېگەندەك، ئىچىدىكىنى دەۋالدى؛ ئەگەر هاراق سورۇنىدا يۈزلەشكەن بولسا بىر-بىرىنىڭ بېشىنى بوتۇلكا بىلەن يېرىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. نىهايەت، ياسىن ئۇنىڭ نازۇ نىيمەتلىرىنى كۆپ يېگەن، هارىقىنى ئىچكەن، تونۇشتۇرغان قىزىنى "خوتۇن" قىلغان، ئىنىسىنى تۇرمىدىن چىقىرىپ يولغا سالالىغان بولغاچقا شاڭجاڭغا بولغان هۆرمىتىنى ساقلاپ قالدى؛ ئۇنىڭ پەيلىنى ۋە نوچىلىقىنى بىلگەچكە ئۇنىڭ بىلەن يامانلىشىپ قېلىشنى خالىمىدى؛ ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىگە تەن بەرمەيدىغان، مەقسەتكە يەتمىگىچە ئاسانلىقچە بولدى قىلمايدىغان كۆرەڭ جاهىللىقىدىن ئەنسىرەپمۇ قالدى. ئۇ نېمىلا قىلسا قىلىپ رەيھاننى ئىندەككە كەلتۈرۈپ خوتۇن قىلىۋالسا ياسىنغا قاتتىق ئەلەم بولاتتى؛ ئەگەر خوتۇن قىلالمىسا ياسىنغا ئوخشاشلا بېسىم بولاتتى.

ياسىن تېلېفوننى ئېتىپ، كۆڭۈلسىزلىككە پاتتى. بىر دەمدىن كېيىن هۇجرىسىغا كىرىپ گۈلشەنگە ئاچچىقلىدى:

ـــ غېنى شاڭجاڭغا سەن نېمە دېدىڭ؟

ـــ نېمە دەپتىمەن؟

ـــ رەيھاننى تالاق قىلىپ يولغا سېلىۋەتكىنىمنى دەپسەنغۇ؟

___ مەن نېمىشقا دەيدىكەنمەن، خوتۇنىڭىز ئۆزى دېگەندۇ، بۇنداق خۇشخەۋەرنى ئۇ دېمەي قالامدۇ؟

رەيهان ئۆزىنىڭ تالاق قىلىنغانلىقىنى خۇشخەۋەر قىلىپ يەتكۈزگەن بولسا، غېنى تاز ئۇنچىلىك ئاچچىقلاپ كېتەرمىدى؟

___ سەن دەپسەن، غېنىكاڭ ئۆزى ئاشكارىلاپ قويدى، تېنۋالمەن دېمە!___ دېدى ياسىن كەسكىنلىك بىلەن.

گۈلشەن گەپ قىلالماي قالدى، بۇنىڭغا قاراپ ياسىننىڭ سەپرايى تۆتتى:

___ ساڭا بۇ ئىشپيۇنلۇقنى كىم قويدى؟

___ كىم ئىشپيۇنكەن، ماڭا تولا بەتنام چاپلىماڭ!

___ ئەمىسە نېمىشقا دەيسەن؟ دېگەنگە نەچچە پۇل بەردى؟

___ ئەھۋال سوراپ تېلېفون ئۇرۇپتىكەن، دەپ سايتىمەن. مەن دېمىسەممۇ هامان ئۇقىدىغۇ، يوشۇرۇپ كەتكىدەك ئىش يوققۇ؟

___ ئۇنداقتا ھەممە گەپنى دەۋەرگىن، خالاغا كىرىپ-چىققىنىمدىن تارتىپ ھەممىنى دوكلات قىل! غېنىكاڭنىڭ بىرەر ئىشنى ماڭا دەپ باقمايسەن، ئەجەپ مېنىڭكىنى دېيىشكە ئالدىرايدىكەنسىنا، بۇنىڭدىن كېيىن ئېغىزىڭنى يىغىپ يۈر، سەن غېنى تازنىڭ غالچىسى ئەمەس، مېنىڭ خوتۇنۇم!

___ ماڭا بۇنداق ھۆكىرىمەڭ، مەنمۇ سىزنىڭ غالچىڭىز ئەمەس،___ دېدى گۈلشەن ئاچچىقتىن قىزىرىپ،___ غېنىكام سىزگە نېمە يامانلىق قىلدى؟ ئەگەر ئۇ "تاز"دېگىنىڭىزنى ئاڭلاپ قالسا بوش قويمايدۇ.

ياسىنغا بۇ گەپ تولۇمدىن توقماق چىققاندەك تۇيۇلدى، تېرىكىپ توۋلىدى:

___ يامان بولسا كېسىۋېتەر، بېرىپ ھەممىنى دە!

ـــ مەن چېقىمچى ئەمەس، تولا ماڭا زەھرىڭىزنى سانچىماڭ، خوتۇنىڭىزغا چىدىماي قالغان بولسىڭىز بېرىپ قايتۇرۇپ كېلىڭ، بولمىسا ئەدەمنى بۇنداق قىينىماڭ، مەن خالىغاندا ئۆيىنتىپ خالىغاندا تېپىدىغان ئىت، مۈشۈكىڭىز ئەمەس!…

ـــ سېنى كىم شۇنداق قىلدى؟ ساڭا پەقەت گەپ قىلغىلى بولمامدا؟! خوتۇننى قويۇۋەتسەممۇ يەنە نېمە گېپىڭ تۈگمەيدۇ، سەن ئۈچۈن خوتۇن-بالىدىن كەچتىم، يەنە نېمە قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟ ماڭا نېمانداق چوڭچىلىق قىلىسەن مۈشۈ كۈندە!؟

ـــ تېخى مەن ئۈچۈن شۇنداق قىلدىڭىزما؟ــــ دېدى گۈلشەن سوغۇق كۈلۈپ،ــــ ئۆزىڭىزگە قاراپ بېقىپ گەپ قىلىڭ، خوتۇنىڭىز مەندىن يامانكەن، غېنىكامنىڭ تەمنى تېتىپ قالغاندىن كېيىن سىزدىن ئاجرىششنى نىيەت قىلغاندۇ تايىنلىق، خوتۇن خەقنى بوش چاغلىماڭ، ھېلىمۇ سىزگە بەش يىل خوتۇن بوپتۇ، شۇنىڭغا ھەيران قالدىم.

ياسىن گۈلشەنگە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى، خوتۇن خەقنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىسى نېمانچە زەھەرلىك، نېمانچە قورقۇنچلۇق… ئۇنىڭ گېلى قۇرۇپ، دېمى سىقىلغاندەك بولدى:

ـــ سەن نېمە دېمەكچى، غېنى تازنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقىنى بىلەمسەن؟

ـــ ئۇقمايمەن، ئىشقىلىپ خوتۇنىڭىز شۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ئۆزگىرىپ كەتتى.

ياسىن رەيھاننىڭ ئۆزى بىلەن تىغمۇ تىغ تىل تەڭلىشىپ، سەتلىشىپ ئۇرۇشۇپ كەتكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى، ئۇ ھەقىقەتەن بۇرۇنقىدىنمۇ جاھىل، ئاغزى يامان بولۇپ كەتكەنىدى.

ـــ سەنمۇ يامانلىشىپ كەتتىڭ، ھازىر سېنىڭمۇ بۇرۇنقى ئەپتىڭ يوق!ــــ دېدى ياسىن رەيھان توغرۇلۇق بىر نەرسە دېيىشنى خالىماي،ــــ سەن خەققە راستىنلا قول قويدۇم.

شۇنىڭدىن كېيىن ياسىن سولۇشۇپ كەتتى، ھۇجرىدا يالغۇز قالغانلىرىدا تۆت بۇلۇڭغا قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى، قولىدىن تاماكا چۈشمەيتتى، پەرىشان ئىسلار ئاغزى-بۇرنىدىن موردىدىن چىققاندەك چىقىپ

تۇراتتى. رەيھاننىڭ كېتىشى بىلەن غېنى شائىجاڭ ئۆنى يارىماس ئاغىنە قاتارىغا چىقىرىۋەتتى، مۇناسىۋەتكە دەز كەتتى، ئۇ بىردىنبىر هاراق سورۇنىدىن ئايرىلىپ قالدى. گۈلشەن رەيھاننىڭ كېتىشىدىن خوش بولماقتا يوق، بارلىق جاپا-مۇشەققەتكە ئۆزى قالغاندەك كۆڭۈلسىز، هارغىن ئىدى. ئۆزى ياسىننىڭ يېنىدا بولسىمۇ، خىيالى باشقا يەردە، گاللۋاڭدەك يۈرەتتى، قورسىقىدا جىن باردەك قىلاتتى. بۇ هالدا ياسىنمۇ ئۆزىنىڭ خىيالىدىكىدەك ياشىيالمىدى، بۇرۇنقىدەك ئەركىن-ئازادە بولالمىدى. مۇلايىملىقى، رايىشلىقى تۈگىگەن "كىچىك خوتۇن" بارا-بارا ئۆزگىرىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى ماهىيىتىگە قايتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئاشخانىنىڭ سودىسى يامان ئەمەس كېتىۋاتاتتى، ئەمما گۈلشەن ئۆزىنى ئايال خوجايىندەك هېس قىلمايتتى، ئاشخانىنىڭ ئىشىغا بۇرۇنقىدەك چەبدەس ئەمەس ئىدى، خېرىدار كەلسىمۇ تۇزۇك مۇئامىلە قىلمايتتى، بىكار بولسا تالادىكى ساتراشخانىغا قاراپ خىيالغا چۆكەتتى: ئاشۇ پاسكىنىلار جېنىدا كىيىمنىڭ نوچىسىنى كىيىدۇ، بوينىغا ئالتۇن زەنجىر ئاسىدۇ. بىر قېتىم نومۇسنى ساتسا مانچە پۇل ئالىدۇ، ئويناپ-يېيىشكە خوشى تۇتۇپ كەتسە ئۇلارغا بىر-ئىككى يۈز كوينى ئارتۇق بېرىۋېتىدۇ. گۈلشەنگۇ ئۇلاردەك بۇزۇق ئەمەس، ئەمما ياسىن گۈلشەننى كىچىسى خوتۇن، كۈندۈزى مالاي قىلغانغا يارىشا تۈزۈك بىر نەرسە ئېلىپ بېرىپ باقتىمۇ؟ نىكاهىمغا ئالدىم دېگەن چاغدىمۇ ئۇزۈك چاغلىق بىر نەرسە ئالمىدىغۇ؟ غېنى شائىجاڭ ئاددىي بولسىمۇ قىزلارغا مىللىيچە كىيىم تىككۈزۈپ بېرەتتى، بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى " باغچىغا بېرىپ ئويناپ كېلىڭلار" دەپ ئاز بولسىمۇ پۇل بېرەتتى، "توپلىشىپ مېڭىڭلار، ۋاقتىدا يېنىپ كېلىڭلار" دەپ ئالاهىدە جېكىلەيتتى. ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا بېرەتتى، كىمكى كېتىمەن دەپ قالسا ئالاهىدە سورۇن تۈزۈپ ئۇزىتىپ قوياتتى...

گۈلشەن ياسىندىن هەم ئۇنىڭ بۇ ئاشخانىسىدىن بارا-بارا زېرىكىشكە باشلىدى، ئىلگىرى ئۇ ياسىننى ئۆزىگە قارىتىۋالغىنىدىن پەخىرلەنگەن بولسا، هازىر بۇنىڭ قىلچە هاجىتى قالمىغان، بەلكى ئۆزىگىمۇ بىمەنە تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ رەيھاننى ياسىنغا سەت كۆرسىتىۋەتكەن بىلەن، رەيھان يەنىلا ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى، غۇرۇرى بىلەن غېنى شائىجاڭنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشتى، هەم غېنى شائىجاڭدەك باي ئادەمنى تاشلاپ يۈرتىغا كەتتى، ياسىننى كېرەك قىلمىدى، خوتۇن بولۇش مەجبۇرىيىتى ۋە بارچە مەينەت ئىشنى گۈلشەنگە تاشلاپ بېرىپ كەتتى. گۈلشەن ئۆز

خىيالىدا رەيھاننى تۇگەشتۈرۈۋەتتىم دەپ ئالدىراپ خوش بولغان بىلەن، ئاقىۋەتتە ئۆزى بۇ يەردە سىقىلىپ تۈگىشىپ كېتىۋاتاتتى، بۇ يەردە قاچانغىچە جاپا تارتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

ياسىن بىنا ئۆينى قايتۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتۇىدى، ئۇ قارشى قوپتى:

ــــ مەن ئۇ ئۆيگە كۆنۈپ قالدىم، قايتۇرساق بولمايدۇ.

ــــ مۇشۇ ئۆي بولسا بولدى، ئەمدى ئۇ ئۆينىڭ نېمە كېرىكى؟

ــــ بۇ ئۆيىڭىزگە پەقەت مېھرىم چۈشمىدى، مەن ئاشۇ ئۆيگە ئامراق.

ــــ ئىجارىسىنى سەن تۆلەمسەن؟

ــــ سىز تۆلەپ بېرەرسىز ئەر كىشى بولغاندىكىن... ــــ گۈلشەن ياسىننىڭ چىرايىغا مەھكەم تىكىلدى.

ــــ ئۇششاق باللىدەك غەلۋە قىلما، ئۇ ئۆينى ئەمدى قايتۇرمىساق بولمايدۇ.

ــــ ئەمسە ماڭا ئايلىق بېرىڭ، ئۆزەم ئىجارە تۆلەپ ئولتۇراي.

ــــ نېمە؟ نېمە دەۋاتىسەن؟

ياسىننىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن پارقىراپ كېتتۇىدى، گۈلشەنمۇ ئۆكتىدى:

ــــ ماڭا ھېچنېمە قىلىپ بەرمەي مۇشۇنداق خوتۇن قىلماقچىمىدىڭىز؟

ــــ ئەمدى گەپ چىقىۋاتىدىغۇ ئاغزىڭدىن، كاللاڭغا نېمە جىن كىردى؟

ــــ قارىغاندا مېنى مۇشۇنداقلا خوتۇن قىلماقچىكەنسىز-دە!؟ راست، مېنىڭ كاللامغا جىن كىردى، بۇرۇن دېمىگەن بولسام ئەمدى دەيمەن، ھازىر ھېچنەدە بىكارلىققا مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ.

ـــ دېمىسەڭمۇ سەن مۇشۇلىك، بۇ نىيىتىڭنى بۇرۇن مەندىن يوشۇرۇپ كەپتىكەنسەن-دە!

ـــ كىمنىڭمۇ بىكارلىق خوتۇن بولغۇسى بار، مەن ھېلىمۇ سىزگە گەپ قىلماي كەلدىم.

ـــ مۇنداق دە، ماڭا نەچچە كۈن خوتۇن بولغىنىڭنى دەپتىرىڭگە يېزىپ قويۇپسەن-دە!

ـــ مەن دېمىسەم بولاتتى، لېكىن ئۆزىڭىزنى بىلمەيدىكەنسىز ئەمەسمۇ؟! دەپ بېقىڭە، ماڭا مۇشۇ ۋاقىچە نېمە ئېلىپ بېرىپ باقتىڭىز؟ قولۇمغا بىرەر ئۈزۈك چىقىپ باقتىمۇ؟ نېمىشقا مەن بۇ يەردە بىكارغا ئىشلەۋېرىدىكەنمەن؟

ياسىن تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى، كۆز ئالدىدىكى بۇ "كىچىك خوتۇن" ياسىننى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈپ ئەمەس، بەلكى نەپ ئۈندۈرۈش ئۈچۈن تەگكەن ئاچكۆز سەتەڭدەك بىلىنىپ كەتتى.

ـــ سەن زادى نېمە بولدۇڭ؟ـــ دېدى ياسىن يامان چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك ئەندىكىپ،ـــ گەپلىرىڭ غەلىتىلا تۇرىدىيا؟! سەن مېنىڭ خوتۇنۇممۇ يا كوچىدىن كېلىپ قالغان ئىشلەمچىمۇ؟

ـــ ئىشلەمچى بولغان بولسا ئايلىقىمغا مانچە پۇلدىن ئېلىپ ئىشلەيتتىم، ھازىر بىكارغا ئىشلەۋاتىمەن، كېچە-كۈندۈز ئارامچىلىق يوق ماڭا، سىزگە خوتۇن بولغان ئادەم شۇنچىلىك جاپاكەش بولامدا؟ خوتۇن بولغان گۇناھىمغا ئۆلگىچە مۇشۇنداق ئىشلەپ ئۆتىدىغان گەپما؟!

ـــ ئەمىسە سەن ماڭا نېمە دەپ تەگكەن؟ قايسى خوتۇن ئۆزىنىڭ ئېرىگە قىلغان ئىشنى ساناپ ئولتۇرىدۇ؟ كېچىدە مانچە ۋاق خوتۇن بولغىنىڭغىمۇ پۇل ئالامتىڭ يا؟ ئۇنىڭدىن كۆرە تايىنلىق كوچىغىلا چىقساڭ بولمامدۇ؟

گۈلشەن ياسىننىڭ غەزەپلىك چىرايىغا قاراپ، گېپىدە چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىيۇ، تەن بەرمىدى، يانغا ئۆتۈپ غۇدۇرلىدى:

ـــ خوتۇن دېگەنمۇ ئېرىنىڭ قىلغىنىغا قاراپ خوتۇن بولىدۇ...

___ ئاپاڭ شۇنداق دېدىما؟! تويلۇق ئۈزۈكنى ئالمىغانلار يېرىم بارغۇ، ئېلىپ بەرسەم بولىدىغۇ؟

___ مەن دېمىسەم ئېسىڭىزگە كەلمەيتتى، قاچان ئېلىپ بېرىسىز؟ ئادەتتىكىسى بولسا بولمايدۇ، ئالماس كۆزلۈكتىن ئالسىز، دۇكانغا ئۆزەم بىللە بارىمەن. ئاندىن ئۈچ-تۆت قۇر مودا كىيىم ئالسىز. قاراپ بېقىڭە ئۇچامغا، سەيچى تەتەيىنىڭ كىيىمىمۇ مېنىڭكىدىن ياخشىراق. يۈزۈم ما ئاشخانىدا ئىسلىشىپ كەتتى، داڭلىق يۈز مايدىن ئېلىپ بېرىڭ؛ ئايىغىمنىڭ تايىنى قالمىدى، ياخشىراق ئاياغتىن ئىككى-ئۈچنى...

___ ۋاھ ، تاغادا بىر تۈكۈۋەتتىڭغۇ؟ خوتۇن خەق دېگەننىڭ زادى كۆزى تويمايدۇ، تويلۇق ئۈزۈكنى مەن پۇل تاپقاننىڭ ئەتىسىگە چوقۇم ئالىمەن، قالغىنىغا ئەھۋالغا قاراپ باقارمىز... ئۆزەڭ كۆرۈۋاتىسەنغۇ، يېقىندىن بېرى تۈزۈك سودا يوق، سەنمۇ سۆرەلمىلىك قىلىپ تۈزۈك ئىشلىمەيۋاتىسەن، ئىشلىسەڭ پۇل بار، ئۈزۈك بار، بولمىسا يوق...

___ مەن زادى سىزنىڭ شۇنداق دەيدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم، كۆڭلۈمنى ياساپ بولسىمۇ ئېلىپ بېرىمەن دېيەلمىدىڭىز، سىزگە خوتۇن بولغان ئادەمنىڭ جېنىغا ۋاي، ماڭا ئۇنىمۇ ئېلىپ بەرمەڭ، بۇنىمۇ ئېلىپ ئېلىپ بەرمەڭ، ئۆزەم ئالاي، ھەر ئايدا ئىش ھەققىمنى بېرىڭ.

___ ئېرى خوتۇنىغا ئىش ھەققى بەرگەن نەدە بار؟ قورسىقىڭنى كىم بېقىۋاتىدۇ، ئۆيىنى كىم تەمىنلەۋاتىدۇ؟ گەپنى ئازقىلىپ ئوبدان ئىشلە، ئاشخانىمىزنىڭ سودىسى ياخشى بولسا ھەممە نېمە بولىدۇ، بولمىسا ھېچنېمە يوق...

___ ھازىر كىم ئاچ قاپتۇ؟ كىم تالادا قاپتۇ؟ غېنى شاڭجاڭنىڭ رېستۇرانىغا كەتسەم بۇ يەردىن ياخشىراق ئۆتىمەن، زېرىكمەيمەن. ماڭا تولا ئاقمايدىغان گەپ قىلماڭ. ھېچ نېمە قىسىپ بېرەلمىسىڭىزمۇ، شۇ ئۆيىنى ماڭا كىرالاپ بېرىڭ، قالغىنىغا كېيىن بىر گەپ بولار.

___ غېنىكاڭ ساڭا گەپ ئۆگەتكەندەك قىلىدۇ، بولمىسا مەن بىلەن بۇنداق قېرىشمايتتىڭ...___ دېدى ياسىن سالپىيىپ،___ ئويلاپ باق، ئىككىمىزگە بۇ ئاشخانا قالدى، باي بولساق تەڭ باي بولىمىز، شۇ چاغدا نېمە

دېسەڭ ئېلىپ بېرىمەن. ئەمما ھازىر بۇنىڭغا   تېخى بالدۇر، مېنى ھازىر بۇنداق قىستىما...ئۇ ئۆينى قايتۇرمىساق بولمايدۇ.

___ غېنى شاڭجاڭ مېنىڭ دادام ئەمەس، ماڭا ھەم گەپ ئۆگەتمەيدۇ، مېنى مۇشۇنچىلىكمۇ كاللىسى يوق دەپ قالدىڭىزما؟ ھەر قانداق دۆت خوتۇنمۇ بۇنچىلىك ئىشنى چۈشىنىدۇ. مەن نەچچە ۋاقىتتىن سىزگە ئىشىنىپ گەپ قىلمىغان، ئەمدى دېمىسەم بولمايدۇ.  ھازىرچە ئاشۇ ئۆينى كىرالاپ بېرىڭ، مېنىڭ ئۇ ئۆيگە جىق پۇلۇم، ئەجرىم كەتتى.  مەن ئۇ نەرسىلىرىمنى بۇ قاراڭغۇ ئۆيىڭىزگە ئەكىلىشنى خالىمايمەن. بۇ ئۆيدە تۇرۇۋېرىسىڭىز بۇرۇنقى خوتۇنىڭىز ئېسىڭىزگە كېلىپ قالىدۇ، مېنىڭ راستىنلا بۇ ئۆيدە تۇرغۇم يوق...

___ ئاشخانا نەدە بولسا، ئۆي شۇ يەردە بولامدۇ؟ بۇ ئۆي ئەپلىك ئەمەسمۇ؟ بىر ياقتىن پۇل تېپىپ بىر ياقتىن مۇشۇنداق بۇزساق قانداق پۇل يىغقىلى بولىدۇ؟___ دېدى ياسىن چىچىلىپ،___بۇ ئۆي نېمىشقا كۆزۈڭگە سىغمايدۇ؟  بۇرۇنقى خوتۇنىنى مەن ئەسلىمىسەم، سەن نېمىشقا ئەسلەپ قالىسەن؟

___ تولا يالغان سۆزلىمەڭ،   قاپىقىڭىز كۆن-كۆنلەپ ئېچىلمايدۇ. تاماكىنى بۇرۇنقىدىن جىق چېكىدىغان بولدىڭىز، مۇشۇ ئۆيدىن قۇتۇلۇپ بىنادا ئۆيدە ياشىساق ئەركىن بولىمىز. بولمىسا مەن بۇ يەردە سىقىلىپ ئۆلۈپ قالغۇدەكمەن.

___ رەيھاندىنمۇ ئۆتە جاھىل نېمىكەنسەن!___ دەۋەتتى ياسىن،___ خوتۇن خەقنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولامدۇ يا؟!  مېنى بۇنداق جاھىللىق قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بولالمايسەن، ئۇ ئۆيگە مەن ئەمدى پۇل تۆلىمەيمەن. شۇ پۇلنى يىغىپ ساڭا  ئۈزۈك ئېلىپ بېرىمەن.  گېپىم شۇ!___ ياسىن شۇنداق دەپلا تاماكا بىلەن چاقمىقىنى كۆتۈرۈپ خالاغا كىرىپ كەتتى.

گۈلشەن تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ قالدى، نېملا بولسۇن كۆڭلىدىكىنى دەۋالغىنىغا خوش ئىدى، گويا  قېتىپ كەتكەن مۇزنى چوقۇپ تەشنالىقنى باسقاندەك بولدى ،  ھېچ بولمىسا بۇ پىخسىقنى ئالماس ئۈزۈك ئېلىشقا كۆندۈردى.

ئاشخانا سودىسى بىر ئىزدا توختاپ قالدى، ياسىننىڭ كۆڭلى پاراكەندە ئىدى، ئاشخانىسىنى بېزەپ، سودىسىنى جانلاندۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ مەبلىغى بولمىغاچقا تۇرۇپ قالدى؛ ئۇنىڭغا كېلىۋاتقان بېسىممۇ بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى: سودا-سانائەت ۋە باج ئىدارىسىنىڭ چاپارمەنلىرى پات-پات كېلىپ رەسمىيەت سۈرۈشتۈرەتتى، سەھىيە تارماقلىرىنىڭ ئادەملىرى ئاشخانىدىن قۇسۇر ئىزدەپ پاگەن قويۇپ تۇرۇۋالاتتى. ئۇلار بۇرۇنقىدەك بىكارلىق مېهمان بولۇشنىمۇ خالىمىدى، يۈز-خاتىرە قىلمىدى، ئالىدىغانىنى ئېلىپ، قويىدىغان تەلەپلىرىنى قاتتىق قويۇپ، يەنە داۋاملىق كېلىپ تەكشۈرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېتىپ قېلىشتى.

هاشىم بۇ ئاشخانىنىڭ ئەمدى ئاقمايدىغانلىقىنى، بۇ يەردىكى كۈنلىرىنىڭ ئۇزاققا بارمايدىغانلىقىنى كۆڭلىدە تۇيۇپ تۇراتتى. ئىش ھەققىنى ئېلىۋالسىلا ئىشى پۈتەتتى، بۇ يەردىن ئالدى-كەينىگە قارىمايلا كېتەتتى. ئەمما ياسىناخۇن ئىش ھەققىنى بېرىدىغاندەك، بېرەلەيدىغاندەك تۇرمايتتى. ئىش ھەققىنى سۆرىگەچكە هاشىم بىلەن ساۋۇتقا بۇرۇنقىدەك يۈقىرى تەلەپ قويالمايتتى، قاتتىق-قۇرۇق گەپ قىلالمايتتى. ”بېشىمغا كەلگەن ئىشلار بەك تولا، ئازراق تەخىر قىلىڭلار“ دەيتتى. جاھاندىكى دەرت-ئەلەم، مۇشەققەتنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىلا يۈدۈۋالغاندەك كۈنبويى ئىچىپ-چېكىپ، ئېزىلىپ يۈرەتتى، مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى بىچارە كۆرسىتىشكە تىرىشۋاتقاندەك، ئىش ھەققىنى بەرمەسلىكنىڭ قازىننى ئېسىۋاتقاندەك قىلاتتى.

بىر كۈنى چۈشتە ئاشخانىغا تېخىمۇ جۈدەپ كەتكەن ئىككى ئەرۋاھ كىرىپ كەلدى، ھەر كۈنى ئاشخانىسىنى چۆگىلەپ، كاۋاپ سېتىپ يۈرگەن ياسىن بۇ كۈتۈلمىگەن مېهمانلارنى ھەيرانلىق بىلەن قارشى ئالدى. پەرھاتنىڭ كۆزى تېخىمۇ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندى، بىر ئاي ئاۋۋال سورۇندا ياسىنىنى گەپتە چېقىۋالغان، پەرھاتتىن زادىلا ئايرىلمايدىغان ياقۇپ يىلان ئەزەلدىن ياسىننى رەنجىتىپ باقمىغاندەك تەمكىنلىك بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇلار ئاق چەكمەيدىغانلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئادەتتىكى كەيىپ قىلىۋاتقاندەك ھۈزۈر، خاتىرجەملىك ئىچىدە بەسلىشىپ تاماكا چېكىپ، ئاشخانىنى بىردەمدىلا ئىسلاپ بولدى.

ـــ ھە، نېمە يەپ، نېمە ئىچىسلەر؟ـــ دېدى ياسىن تەنە قىلىۋاتقاندەك.

ـــ كېلەۋا، سەن بىلەن بىر دەم مۇڭدىشايلى دەپ كەلدۇق، كۆڭلۈڭ بولسا ياق دېمەيمىز، بولمىسا خاپا بولمايمىز.

ياسىن ئۇلارنى غېنى شاڭجاڭنىڭ ۋەكىللىرى دەپ ئويلاپ، جوزىنى سەي، كاۋاب بىلەن تولدۇردى؛ خېرىدارغا ئاتاپ قويغان هاراقلىرىنى ئوتتۇرىغا تىكلىدى.

ـــ ئاشخاناڭدىكى هەممىسنى چاقىرە، ـــ دېدى پەرهات تەپتارتماستىن ياسىنغا بۇيرۇق سوقۇپ،ـــ هەممىسى كەلسۇن، قاچانغىچە بىللە ئولتۇرۇشمايمىز!

ياسىن ئۇنىڭغا ئىككىلىنىپ قالغاندەك قارىدى.

ـــ ئەنسىرىمەۋا، خېرىدار كەلمەيدىغان ئاشخاناڭغا قانچىلىك زىيان بولماقچى؟ زىيان بولسا مەن تۆلەيمەن.

ئۇنىڭ نوچىلىقىغا ياسىننىڭ قورسقى كۆپكەن بولسىمۇ، مېهماننىڭ هۆرمىتى دەپ ئويلاپ هەممىسنى جوزىغا يىغدى.

پەرهات گۈلشەنگە مەغرۇر نەزەردە پات-پات قاراپ قوياتتى، گۈلشەن بۇ سورۇندا دەسلەپتە سەل ئوڭايسىزلانغان بولسىمۇ، ئەرلەرنىڭ مەست بولۇشنى، ئاندىن ئەركىن هاۋادىن نەپەسلىنىشنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ساۋۇتتىن باشقىسى دەردى ئېغىر زابويلاردەك ياندۇرماي ئىچىشتى، ساۋۇتنىڭ ئىچمەسلىكى پەرهاتنىڭ كۆزىگە سىغمىدى:

ـــ ئىچمەيدىغان ئىشڭ بولسا بېرىپ خېرىدار كۈت!

ـــ ياق بولدى، ياتىقىڭغا كىرىپ ئارام ئال،ـــ دېدى ياسىن ساۋۇتقا ئىچى ئاغرىغاندەك قاراپ قويۇپ.

ئىچى سىقىلىپ ئولتۇرغان ساۋۇت ياتىقىغا كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭغا بۇنداق سورۇن ئەمدى تېتىمايتتى، هاراق بىلەن تاماكىلا هەممە نېمىنى لاۋزا، مەنىسىز قىلىشقا يېتىپ ئاشاتتى. ئېغىزنى ئاچسىلا تۆكۈلۈپ چۇشىدىغان، ئاندىن

مەينەتلىككە سىڭىپ كېتىدىغان قۇرۇق گەپ، غەيۋەت-شىكايەت خۇددى نېمە دەۋاتقىنىنى بىلمەيدىغان ساراڭلارنىڭ جاۋغىيىدىن ئېقىۋاتقان شۆلگەيدەك يىرگىنىشلىك ئىدى. بۇنى كۆرۈشنى خالىمايدىغان ئادەمنىڭ زورمۇ زور ئۇ يەردە ئولتۇرۇشى ئېچىنىشلىق بىر ئىش ئىدى.

ساۋۇت ئۆزىنىڭ كۆڭۈلچەك، ئەخمەق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى؛ ئۇنداق سورۇندىن قوپۇپ كېتىشى، بولسا ئۆلارغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇنداق قىلالمىدى، ياتقىغا كىرىپ غىرىبسىنىپ ياتتى، يۈرىتىنى سېغىندى. بۇ يەردىن پات ئارىدا كېتىشنى ئويلىدى.

ھاشىم ئۆزۈندىن بىرى سورۇنغا ئېچىرقاپ كەتكەندەك كۈلۈپ ئېچىلىپ ئولتۇراتتى، ئۆزى قورىغان سەيلەرنى چاكىلدىتىپ يەپ، ھاراقنى ياندۇرماي ئىچىپ تۇراتتى. دەسلەپتە پاراڭلار قولاشمىدى، كېيىن پەرھات ئۆزىنىڭ بۇ بىر ئايلىق كەچمىشلىرىنى سۆزلەپ ھەممىنى ئاغزىغا قاراتتى، ياقۇپ بىر چەتتىن ئاغىنىسىنىڭ گەپلىرىنى تەستىقلاپ تۇراتتى. بۇ ئىككىسى يۇننەننىڭ رۇيلى دېگەن يېرىگە بېرىپ كەلگەنىدى.

ـــ ياشايمەن دېسەڭ ئالامەت يەركەن دەيمەن، ئىچىمەن دەمسەن، چېكىمەن دەمسەن، ئوينايمەن دەمسەن، ھەممىسى ئالدىڭدا تەيياركەن؛ جېنىڭ يايراپ كېتىدىكەن...ـــ پەرھات قالتىس ياشىۋەتكەندەك ھاياجاندا سۆزلەيتتى. ھاشىم ئۇنىڭغا ھەۋەستىن چەكچىيىپ قارايتتى. گۈلشەن چايغا ماڭغان بولۇپ ئورنىدىن قوپۇپ نېرى كەتتى.

ـــ بىرمىنىڭ دەمدۇ، تايلاندنىڭ دەمدۇ، ئەيتاۋۇر بىر-بىرىدىن كىچىك قىزلىرىنى دېمەيسەن، ـــ دېدى پەرھات ھاشىمنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك، ـــ ئالدىڭنى توسۇپ تۇرىدۇ، ئەڭ چىرايلىقىنى تاللاپ ئوينايسەن...

ـــ بۇنى ساراڭ قىلما، ـــ دېدى ياسىن مەسخىرىلىك كۈلۈپ، ـــ نېمە دېسەڭ ئىشىنىدىغان نېمە بۇ، ئوينايدىغان ئىش بولسا ئەتىلا ئىشنى تاشلاپ ماڭىدۇ.

ـــ راست شۇنداق قىلامسەن ھاشىم؟!

هاشىم تەمتىرەپ كەتتى:

ــــ ياقەي، ياسىنكام چاقچاق قىلىۋاتىدۇ...

ــــ لاۋبىنىڭدىن قورقۇۋاتامسەن؟ ئۇنداقتا سەن ئۇ يەرگە بولمىغۇدەكسەن! ئۇ يەرگە بىزدەك ئىش كۆرگەن، قارام ئادەم بارىدۇ.

ــــ مەن ئاڭلىغان، ئۇ يەرگە جىنىدىن تويغان ئادەم بارىدۇ،ــ دېدى ياسىن هاشىمغا قاراپ،ــ ئەڭ يامان ئاقچى، قاراقچى، سولامچىنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە! بارىمەن دېسەڭ مەيلى، لېكىن شۇ يەردە ئۆلۈكۈڭ قالسا كۆمىدىغان ئادەم چىقماي قالامدىكىن.

ــــ ئاڭلىغان ھېساب ئەمەس، كۆرگەن ھېساب،ــــ دېدى پەرھات ياسىنغا مەغرۇرلۇق بىلەن تىكىلىپ،ــ مانا بىز بىر ئاي تۆرۈپ كەلدۇق، قانغىچە ياشىدۇق، يەنە ساپساق يېنىپ كەلدۇققۇ!

ــــ سىلەر ئۇ سودىغا پىشىپ كەتكەن؛ لېكىن بۇ دوغىلاق ھېچنېمىنى ئۇقمايدۇ، ئۇنى بالاغا تىقماڭلار.

ــــ قارا مانىڭ گېپىنى! ــ دېدى ياقۇپ يىلان سوغۇق كۈلۈپ، ــــ بىزنى نېمە دەپ ئويلاپ قالدىڭ؟ ئۆزەڭنى لاۋبەن دەيسەن، سودا قىلىشنى بىلەمسەن؟ قىلالايدىغان ئادەم قىلىدىغان ئىش ئۇ! قورساق ئاچىدۇ، شۇڭا ئاشخاناڭنىڭ بازىرى چىقىدۇ. خەقنىڭ خۇمارى تۇتىدۇ، شۇڭا بىزدەك ئادەمنى ئىزدەپ تاپىدۇ. خەق ئاق چېكىمىز دېمىسە بىزمۇ ئۇ ئىشنى قىلمايمىز. بىز ھېچكىمگە ئاق چېكىشنى ئۆگەتمىدۇق، ھەممىسى ئۆزلىرى ئۆگەنگەن، ھېچكىم زورلىمىغان. ھەممە ئادەم ئۆز كاللىسى بويىچە ياشايدۇ، بەزىلەر ئۆزىنى ئاۋايلاپ ئۇزۇن ياشايمەن دەيدۇ؛ بەزىلەر خۇماردىن چىقىۋېلىپ ئۆلسەممۇ مەيلى دەيدۇ؛ مۇشۇنداق ئادەملەر قارام كېلىدۇ، ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ.

ــــ نوچى گەپ قىلدىڭ،ــ دېدى پەرھات ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ، ــ بىزنىڭ بۇ ئاغىنىمىز ئادەتتە مۆرىمەيدۇ، ئەمما گەپ قىلىدىغان بولسا بۇقىدەك ئۆسىدۇ، ئۆلۈشكۆن سورۇندا غېنى ئاكىمىزنىمۇ قاتلاپ قويدى.

ــــ تۆيۈقسىز ئۆسىدىكەن-دە،ــ دېدى قىززىۋالغان ياسىن ئۆتكەنكى ئاچچىقىنى چىقىرىپ.

ـــ بىز ساڭا ئوخشاش كەلسە-كەلمەس ئۇسمەيمىز.

ـــ كەلتۈرۈپ ئۇسسىمىز دېگىنە، تۇرقۇڭغا قارىسىغۇ مۆرەشكىمۇ ماغدۇرۇڭ يەتمەيدىغاندەك كۆرۈنىدۇ.

ـــ بىز ئۇسكەندە ھوشۇڭنى بىلمەي قالىسەن.

ـــ ھوشىمىزنى ساڭا ئوخشاش بىر دەمدىلا يوقاتمايمىز.

ـــ گېپىڭ ماز پۇراپ كەتتى، بولدى قىل…

ـــ ساڭا تېگىپ كەتكەن گەپ ئەلۋەتتە ماز پۇرايدۇ-دە!

ياقۇپ يىلان جىم بولۇپ قالدى، ئەگەر يەنە بىر نېمە دېسە ياسىن ئۇنى كەلتۈرۈۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. پەرھات ياسىننىڭ گەپتە چاققانلىقىنى ھېس قىلدى.

ياقۇپ ئالدىدىكى ھاراقنى كۆتۈرۈۋېلا ئىچىۋەتتى، ياسىننىڭ ئاغزى قىچىشتى:

ـــ جانغا چۇشلۇق ئىچ، ئاشقازىنىڭدىكى گۆش كەمپۈت ئېرىپ كەتمىسۇن!

ـــ بۇ چاقچىقىڭ بولمىدى!ـــ دېدى پەرھات چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ،ـــ بىز ئۆزىمىزگە ئۇنداق چاتاق سالىدىغان ئىش قىلمايمىز.

- سەن جىم ئولتۇرە ـــ دېدى ياقۇپ يىلان ئۆزىنى ئوڭشاپ، ـــ گۆش كەمپۈتتەك گەپلىرىنى دەۋالسۇن، بولمىسا ھېلى ئىچىدىن قان كېتىدۇ…

ـــ نەق گېپىڭنى قىلدىڭ-دە، ئاشقازىنىڭ بۇزۇلۇپ، چىرايىڭدا قان دىدارى قالماپتۇ.

ـــ يوق ئىشنى دەۋەرمە، چېنىپ قالىسەن.

ـــ سەنمۇ كەمپۈت بەرسە يەۋەرمە، قان سىيىپ يېتىپ قالىسەن..

ياسىن ئۇنى گەپتە ئوسال قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار ھالەتتە ئىدى، ھاراقمۇ ئۇنىڭ كەيپىنى ئۆرلىتىپ، ئاغزىنى ئېتىكلىتىپ، خۇشاللىقنى ئاۋۇتۇپ بارماقتا ئىدى.

ـــ ئادەمنىڭ غورۇرىغا تېگىدىغان گەپ قىلما ئاداش! بىز قورسىقىمىز ئاچ قېلىپ كەلمىدۇق بۇ ئاشخاناڭغا !ـــ دېدى پەرھات تېرىكىپ.

ـــ خوتۇن-بالاڭنى كەتكۈزىۋېتىپ ئەجەپ نوچىلىشىپ كېتىپسىنا!ـــ دېدى ياقۇپ چىرايىنى ئۆزگەرتمەي.

ياسىننىڭ ھەزىكەشلىك ئويناپ تۇرغان چىرايى بىردىنلا جىددىي تۈسكە كىردى:

ـــ چاقچاقنى كۆتۈرەلمىسەڭلار چاقچاق قىلماڭلار ئاغىنىلەر، بىكاردىن بىكار رەنجىشىپ قالىمىز.

ـــ بىزنى چىدىماس كۆرۈۋاتامسەن؟!ـــ دېدى پەرھات،ـــ ئۆزەڭچە كېرىلىپ كەتمە، گەپتە يېڭىۋالساڭمۇ ئارقاڭدىن كۈلۈپ قويىمىز، سورۇن كۆرگەن ئادەم مانا بىزدەك بولىدۇ...

ـــ گەپ قىلغاندا ئېتەك ھاسرايدىغان خۇيۇڭ باركەن، چاقچاقنى ئۆپكەڭنى بېسىپراق قىلارسەن،ـــ دېدى ياقۇپ يىلان يەنە زەھەر سانچىپ.

ـــ سېنىڭمۇ تۇيۇقسىز چاقىدىغان خۇيۇڭ باركەن، ئۆزەڭنى چاغلاپ گەپ قىلارسەن.

سورۇن كۆتۈلمىگەن بىر دۈشمەنلىك كەيپىياتىغا كىرىپ قالدى، ھېچكىمنىڭ ئېغىزىدىن ياخشى گەپ چىقمايدىغاندەك قىلاتتى، ھاراق ئۇلارنى خۇشال قىلالمىغاندا ئىچ-قارنىنى چوقۇم زەرداپ قىلاتتى. ياسىن كۆڭلىدە بۇ پەسەندىلەرنىڭ پاتراق كېتىشىنى تىلەپ قالدى، يەنە گەپ تالىشىپ قالسا جېدەللىشىپ قالىدىغاندەكلا قىلاتتى. نىھايەت، پەرھات غېنى ئاكىسىدىن تەلىم ئالغاندەك ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئىككىسىنىڭ كەيپىياتىنى جىمىقتۇردى. ياسىن ئەمدى ئۇلارنى كۈتمەيدىغاندەك بىزارلىق، خاپىلىق بىلەن ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى، كارىۋاتتا

ياتقان گۈلشەننى كۆرۈپ ناتونۇش بىر يەرگە كىرىپ قالغاندەك ئىككى يېنىغا قارىدى، بۇ ئۆيىنىڭ رەيھان بار ۋاقىتتىكىدىن بەك يېقىمسىز، سوغۇق بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. گۈلشەن بۇنداق بىر خىل ياشاشتىن زېرىككەندەك، سورۇندىن بىرەر يېڭىلىق، بىرەر جېدەل، ياكى ئاللىقانداق بىر پالاكەتنىڭ چىقىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك، تورۇسقا قاراپ خىيال سۈرۈپ ياتاتتى.

—— يېتىشىڭ ئىسسىقتىنمۇ سوغۇقتىنمۇ؟

—— ئەمسە قانداق قىلىمەن، سورۇندا سەت گەپ ئاڭلاپ، ھاراق پۇراپ ئولتۇرىمەنمۇ؟

—— ئۇلار ھازىر ماڭىدۇ، چىقىپ جوزىنى يىغىشتۇرۇۋەت!

—— نېمىشقا كەپتۇ بۇلار؟ ئەگەر ئاق ساتىلى دېسە ئۇنىماڭ.

—— ساراڭمۇ مەن بۇ گۆيلارنىڭ كەينىگە كىرىپ! پۇۋلىسە ئۇچۇپ كېتىدىغان پاشا گۆيلار بۇ، قان شوراپ تويغاندا شاپىلاقتىن بىرنى يەيدۇ، ئۆلىدۇ.

ياسىن قايتىپ چىققاندا ئىككىسى ھاشىم بىلەن گەپ سېتىشىپ، بىر-بىرىنىڭ تېلېفون نومۇرلىرىنى يېزىشقىلى تۇرغانىدى.

—— بىز قايتىلى،— دېدى پەرھات ئورنىدىن تۇرۇپ، —— يوقاپ كەتمەي ئىزدىشىپ تۇرىلى، كۆلچىلىقتا بىر-بىرىمىزگە ھامان ئەسقاتىمىز، تېلېفونومنى ھاشىمغا دەپ بەردىم، بىرەر ئىش بولسا دەپ قويارسەن.

—— بولىدۇ، سىلەرگىمۇ رەھمەت!— دېدى ياسىن ئىككىسىگە تەڭ بېقىپ،—— ھەممە گەپ سورۇندا قالدى، كۆڭلىمىزدە كىر قالمىسۇن.

ياسىن ئۇلارنى تالاغىچە ئۇزىتىپ چىقتى، ئاشخانىغا چىققان گۈلشەن دېرىزىدىن ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى. خېرىدار يوق ئاشخانا تولىمۇ مەيىنەت، كۆڭۈلسىز ئىدى، چىۋىنلار ئۇچۇپ يۈرەتتى، گۈلشەن جوزىنى يىغىشتۇرۇپ بولغىچە

قولى نەچچە قېتىم ئىشتىن توختىدى، كۆزلىرى بىر نۇقتىدا قېتىپ قالدى. بىر ئوبدان بولدۇرۇلغان خېمىر ئىسسىقتا قېلىپ بوزۇلۇپ ئېچىپ قالغاندەك، بۇنداق تۇرمۇشتىن سوۋۇغان گۈلشەنىنىڭ كۆڭلىمۇ بۇ يەردە بىخسىپ تۈگىشىپ كېتىۋاتاتتى. پەرھاتنىڭ ئىچ ئاغرىتىشلىرى، مەسخىرە قىلىشلىرى گويا ئۇ پۈۋلىگەن سىپسىق تاماكا ئىسلىرىدەك لەيلەپ، گۈلشەنىنىڭ كۆز ئالدىنى تۇمانلاشتۇرۇپ، دىماغلىرىنى ئېچىشتۇرۇپ تۇراتتى. گۈلشەن ئۇ ئىچىپ ئېشىپ قالغان چاينى بىر يۇتۇم ئىچىپ كەينىدىن قاچىغا تۆكتى. قاچىلارنى تاراقشىتىپ بىر ئۇزۇندا يۇيۇپ بولدى.

هاشىم بۇ ئاقسالار بىلەن ئوبدان مۇڭدىشىپ، تېلېفونلىرىنى يېزىشىۋالغىنىدىن خۇشال ئىدى، بۇ ياققا كەلگەنىدىن بېرى ھېچكىم ئۇنى تۈزۈك سوراپ قويمىغان، بىللە ئولتۇرۇپ ئىچىشكۈدەك ئاغىنىلىرى بولۇپ باقمىغانىدى. ئۇلارنىڭ رولىي ھەققىدە ئېيتقانلىرى قارامىلىقتا ھەۋەسلىنىدىغان، كەيپ دېسە پۈتۈن ئەزايى ھاياجاندىن تىترەيدىغان ھەر قانداق "ئەركەك"نى جەلپ قىلاتتى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ھاشىمنىڭ ئىچى پۇشۇپ، پىغانى ئۆرلەپ قالدى. "يىگەن ئېغىز ئۇيۇلىدۇ" دەپ، ھاشىم ئەمدى شۇ ئاقسالارنىڭ باھانىسىدە بىر دەم ئولتۇرۇپ ئىچىپ قويغىنىغا نەچچە ئايلىق ئىش ھەققىنى ياسىن لاۋبەندىن ئالالماسمۇ؟ قاچانغىچە بۇ لاۋبەنىنىڭ پەس كۆڭلىنى ئاياپ، قارانچۇق خوتۇنىغا ھەۋەسلىنىپ، ساتراشخانىدىكى تەتەيلەرگە شۆلگىيىنى ئېقىتىپ يۈرىدۇ؟ ئۇمۇ ئاشۇ پەرھاتلاردەك تەۋەككۈل قىلىپ، ئەركىن دۇنيانىڭ ئەركەكلىرىدەك راۋرۇس ياشىمامدۇ؟

ئۇ ياتاققا كىرگەندە ساۋۇتمۇ ئېغىر خىيالغا چۆكۈپ ياتاتتى. ساۋۇت ئۇنىڭ ھاراق پۇراپ كىرگىنىدىن يىرگىنىسىمۇ ھازىرقى ئەھۋالدا ھېچنېمە دېيەلمەيتتى. ھاشىممۇ ئۇ بىر نېمە دېسە ھازىر بىر نېمە دەيدىغاندەك ئەلپازدا ئىچى تىتىلداپ، ئاغزى مىتىلداپ تۇراتتى.

ـــ كېتىشتىمۇ ئۇلار؟! ـ دېدى ساۋۇت ئۆرە ئولتۇرۇپ،ـــ مەن تېخى كېچىچە ئولتۇرىدىغان ئوخشايدۇ دەپتىمەن.

ـــ ما ئاداش چاقچاق قىلدىم دەپ نەدىكى سىپسىق گەپنى قىلىپ سورۇننى بۇزدى، ئادەم دېگەن بۇنداقمۇ چىدىماس بولامدۇ؟! ئاي-يىللاپ مېھمان كۈتمەيدۇ، ئۆزى بېرىپ خەقنىڭكىنى ئوبدان يەيدۇ، خەق كەلسە

چىدىمايدۇ… قوي جۇمۇ، بۇنداق ناچار گۈينىڭ قولدا ئىشلىگىچە، ئاستا كەتكەن ياخشى…كېتەي دېسە يا ئىش ھەققىمىزنى بەرمەيدۇ، ئويلاپ باق، بىر پۇل ئالماي ئىشلەۋاتقىلى قانچىلىك بولدى؟ مۇشۇ ۋاققىچە بېرەيمۇ دېمىسە…

ـــ سۆزلەپلا كەتتىڭغۇ، باشقا نېمە ئىچىپ سالمىغانسەن-ھە؟

ـــ ئاھاي، ئاداش، مېنى مەست دەپ قالما، مەن راست گەپ قىلىۋاتىمەن.

ـــ سېنى سۆزلەتكىنى ھاراق دېگەن شۇ نجىسقۇ تايىنلىق، گېپىڭ بولسا ئۆزىگە بېرىپ دە، مۇشۇ ۋاقىتتا دەۋالمىساڭ باشقا چاغدا دېيەلمەيسەن.

ـــ دېسەم دەۋېرىمەن، لېكىن ئىككىمىز دېسەك ياخشى ئىدى، سەن دائىم بېشىڭنى ئىچىڭگە تىقىۋالىسەن، ئۆزىڭغا ياخشى كۆرۈنىمەن دەيسەن، لېكىن بۇنىڭ پايدىسى يوق. ئىككىمىز تەڭ دەيلى، ئاندىن بۇ يەردىن كېتەيلى.

ـــ كېتىپ نەگە بارىمىز؟ ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى سائىتى بار، ئالدىراپ قىززىپ كەتكەن بىلەن بولمايدۇ.

ـــ سەن كەتمىسەڭ مەن كېتىمەن، بۈگۈن بولمىسا ئەتە، ئەتە بولمىسا ئۆگۈن، ئىشقىلىپ مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە كېتىمەن.

ـــ نەگە بارماقچى؟ پۇلۇڭ بولمىسا ھېچ نەگە مىدىرلىيالمايسەن.

ـــ ئىش ھەققىمنى ئالالمايدۇ دەمسەن؟ ئۇرۇشۇپ بولسىمۇ ئالىمەن، غېنىكامغا تېلېفون قىلىمەن. بۇ گۆيغا ئەمدى يۈز-خاتىرە قىلمايمەن.

ـــ پەيلىڭ يامانغۇ؟! ھاراقنىڭ كۈچى دېگىنە، بىر ئۇخلاپ ئويغانساڭ يوق بۇ گەپلىرىڭ!

ـــ قاراپ تۇر، مەن سەندەك تولگۈلۈپ يېتىۋەرمەيمەن.

ساۋۇت كۈلۈپ قويۇپ گەپ قىلمىدى. ھاشىم بىر دەم ئولتۇرۇپ يېتىپ ئۇيقىغا كەتتى.

هاشىم مەستلىكتىن يېشىلگەندە دەرۋەقە ‹‹شىر يۈرەك ئەزىمەت››تىن توخۇ يۈرەك بىر نېمىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ ئاشخانىدىن كېتىشكە نەچچە قېتىم نىيەت قىلىپ يەنە يېنىۋالدى، ساۋۇتمۇ ئۇنىڭ بۇ مىجەزىنى بىلگەچكە نورمال ئىشتەك ھېسابلاپ ئۇنىڭ زىتىغا تېگىدىغان گەپنى قىلمىدى. ئەمما ساۋۇتنىڭ مۇشۇنداق جىم تۇرىشىلىشى ھاشىمنىڭ ئىچىنى سىقتى، ‹‹ئاي توشۇشقا ئون كۈن قالدى، ئون كۈندىن كېيىن ئىش ھەققىمنى ئېلىپ بۇ يەردىن كېتىمەن، كەتمىسەم ئوغۇل بالا بولماي كېتەي›› دەپ ئويلىدى، ئەمما ۋاقتى كەلگەندە كېتەلمەي قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ساۋۇتقا ھېچنېمە دېمىدى. ئۇ ياسىن لاۋبەننى ئىچىدە تىللىغان بىلەن ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ مەلۇم ئورتاقلىقى باردەك ھېس قىلاتتى، يەنى ھەر ئىككىسى جان بېقىش بىلەن شەھۋەتتىن باشقىنى چوڭ بىلمەيتتى. ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن كۈلشەنگە ۋە تالادىكى سىرىق سەتەڭلەرگە تولا قاراپ كۆنۈپ قالغانىدى، بۇلاردىن ئايرىلىپ قېلىشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇلارنى كۆرۈپ ھۇزۇرلانغان بىلەن نەپسى قانمايتتى، ئەمما ھامان بىر كۈنى قېنىپ قالىدىغاندەك خام خىياللاردا بولاتتى، ئويلىماي دەيتتى، بىراق چۈشىنىدەك بېزەڭ خىياللىرىدىن قۇتۇلالمايتتى.

پەرھات بىلەن ياقۇپ ئەمەلىيەتتە بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئەلپازىغا قاراپ بېقىش، پىششىقمۇ توخمۇ چېكىپ بېقىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. ياسىن لاۋبەن ئۇلارغا قىزىقمىدى، ھاشىم ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەۋەسلەنگەن بىلەن، ئاق سودىسىغا ئارىلىشىپ قېلىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ تۇرۇپ قالدى. ياسىن لاۋبەنمۇ ئارىلىقتا ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويدى. ئەمما كېتىشنى نىيەت قىلغاندىن باشلاپ ھاشىمنىڭ كاللىسىغا تەۋەككۈلچىلىك ئىدىيىسى كىرىۋالدى، باشقا جايغا بېرىپ جاھان كۆرۈش، نېمىلا قىلسا كۆپ پۇل تېپىش، پۇت سىغقۇدەك ماكانغا ئېرىشىش، بۇ يەردە قانمىغان ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇش خىياللىرى ئىشتىھالىق كېسەلدەك چاپلىشىپ، ئىچىنى قىززىتتى. غېنى شاڭجاڭ بىلەن پەرھات ئۇنىڭغا ياردەم قىلالايتتى، ھېچ بولمىسا بىر ئىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويالايتتى. كۆلىغا چىقىشقا تەۋەككۈل قىلالىغان ئادەم كۆلنى شەھەرمۇ شەھەر كېزىشكە نېمىشقا جۈرئەت قىلالمىغۇدەك؟ بىراق يامان ئىشقا ئارىلىشىپ قېلىش خەتەرلىك، ئۇ ئاق چېكەلمەيدۇ، يا ساتالمايدۇ؛ ئۇ ئىشقا قاراملىق، ھېيلىگەرلىك، چىۋەرلىك كېرەك؛ ئۇنىڭدا بۇنداق ئالاھىدىلىك كەم. ‹‹ باشقا كەلگەندە باتۇر›› دەپ قاراملىق قىلغان بىلەن تۈيۈقسىز پالاكەت باسىدىغان، ھەتتا جاننى سىلىپ بېرىدىغان ئىش چىقىشى مۇمكىن. ياسىن لاۋبەنمۇ 50 گىرامدىن ئارتۇق خىرئىن بىلەن تۇتۇلۇپ قالغان گۇيلارنىڭ ئېتىلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە تاپىقىنىغا شۈكرى قىلىپ ياشاۋاتىدۇ. ، ئەگەر

هاشىمنىڭ كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلىسا ئۇ" سەن شۇ گۈيلارنىڭ كەينىدىن ماڭماقچىمۇ؟" دەپ تۇرىۋېلىشى مۇمكىن، بۇمۇ هاشىمنىڭ دەرھال كېتمەن دېيەلمەسلىكىدىكى بىر سەۋەب. ئەمما ۋاقتى كەلگەندە هاشىم ئۇنداق قىلماسلىقى ۋەدە بېرەلەيدۇ. ئاق تاماكىغا چېپىلىپ قالماي غېنى لاۋبەننىڭ رېستۇراندا ياكى رۇيلىدىكى بىرەر ئاشخانىدا ئىشلىسىمۇ بولىۋېرىدىغۇ؟!

هاشىم ئۆزىگە ئۈمىد، ئىشەنچ بېرىدىغان ئىشلارنى كۆپرەك ئويلاشقا تىرىشتى؛ بۇنداق تاللاش پەيتىدە پىلانلىرى ئۆزگىرىپ تۇراتتى، ئۆز ۋاقتىدا ھەرىكەتكە ئۆتۈش خىيالى گاھ شۇنچە كۈچلۈك بولسا، گاھى ئاجىزلاپ قالاتتى. خېمىرىغا يېنىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ھەر كۈنى، ھەر سائەت ئۆزىگە مەدەت بېرىپ تۇراتتى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى خېرىدار يوق، بوش ۋاقىتنىڭ كۆپلۈكىدىن ئىچى پۇشۇپ، ئۇخلاپ ھېرىپ كېتەتتى؛ ئەمدى بۇ كۈنلەردە ئوي- خىياللىرى ئاۋۇپ كەتكەندە خېرىدارلارمۇ غولداپ قالدى، ئاشخانا لىق ئادەمگە ۋە ۋاراڭ-چۇرۇڭغا تولدى، ياسىن لاۋبەننىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى، هاشىممۇ قىزغىنلىق بىلەن ئىشلىدى، سودا ياخشى، كىرىم ئوبدان بولسا ئەلۋەتتە ياسىن لاۋبەنگىمۇ پۇل دېگىلى بولاتتى.

بىر كۈنى چۈشتە لاۋبەن سەتەڭ ئۆڭسىلى ئۆچكەن ھالدا ئاشخانىغا كىرىپ هاشىمنى چاقىردى. ئالدىراش ئىشلەۋاتقان هاشىم قولىنى پەرتۇققا سۈرتكىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. لاۋبەن سەتەڭ ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ تالاغا سۆرەپ ماڭدى، ئەلپازى يامان ئىدى، ياسىن كاۋابدانىنى تاشلاپ سەتەڭنىڭ ئالدىغا كەلدى:

—— نېمە ئىشىڭ بار؟

—— بارغاندا بىلىدۇ، ئالدىمنى توسما.

—— بۇ مېنىڭ ئادىمىم، نېمە ئىش بولسا دېمەمسەن؟

—— بۇ ئىشقا ئارىلاشما، نېمە بولغىنىنى ھېلى كۆرسىتىمەن.

هودۇقۇپ كەتكەن هاشىم ئوڭ-سولنى تېپىپ بولغىچە ئۆزىنى تالادا كۆردى، سەتەڭنىڭ ئاپئاق بىلىكى ئۇنى چىرماپ تۇراتتى؛ ئاڭغىچە سىرتتا توختىتىپ قويۇلغان ماشىنىدىن قارا كۆزەينەك تاقىغان ئىككى ئەر چۈشۈپ ئۇنى ئىككى ياندىن تۇتىۋېلىپ ماشىنىغا زورلاپ چىقاردى، بۇلارنى كۆرگەن ياسىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

ـــ ئەنسىرەپ كەتمە! بىز ئۇنى ھېچنېمە قىلمايمىز، ــ دېدى لاۋبەن سەتەڭ، ـــ سوداڭغا زىيان بولسا مەن تۆلەپ بېرىمەن.

ماشىنا تېزلىك بىلەن قوزغىلىپ شەھەر مەركىزىگە يۈرۈپ كەتتى. ئاشخانىدىكى ئادەملەر كۆپكۈندۈزدە يۈز بەرگەن بۇ ئىشقا ھەيران قېلىشتى.

هاشىم ئىككى ئەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىترەپ ئولتۇراتتى، كاللىسىدا خىلمۇ خىل ۋەھىمە ئەگىيتتى. لاۋبەن سەتەڭ ماشىنىسىنى بىر دوختۇرخانىنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ توختاتتى. ئىككى ئەر هاشىمنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ، لاۋبەن سەتەڭنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. دوختۇرخانىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ بولغاندا سەتەڭ ئۇ ئىككىسىنى ئامبولاتورىيە زالىدا قويۇپ، هاشىمغا باشلاپ، كەڭ كارىدورغا كىردى:

ـــ يۇۋاشلىق بىلەن ماڭ، قېنىڭنى تەكشۈرتىمىز، ئەگەر ماڭما ماسلاشمايدىكەنسەن، ئەدىۋىڭنى بېرىمىز.

سەتەڭنىڭ رەھىمسىزلىك، ئەسەبىيلىك يېغىپ تۇرغان خۇنۇك چىرايىنى كۆرۈپ هاشىم شۈركىنىپ كەتتى، ئېسىدىن چىقىپ قالاي دېگەن "ئەيدىز" ۋەھىمىسى قايتىدىن پەيدا بولدى. بۇ ۋەھىمە ئۇنى كونا كېسەلدەك قىيناپ كەلگىلى ئۇزاق بولغانىدى، نەپسىنى ھەر قېتىم قاندۇرۇپ بولغاندا پات-پات تۇتۇپ قالاتتى. بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزلۈكىدىن قان تەكشۈرتۈپ ۋەھىمىدىن بىر يولىلا ئازاد بولۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، دوختۇرخانىغا بېرىشقا زادىلا جۈرئەت قىلالماي كەلگەنىدى، مانا ئەمدى مەجبۇرىي تۇتۇپ كېلىندى. سەتەڭنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا دۆكىنىدىكى بىرەرسى ئەيدىزدىن يۇقۇملانغان ياكى ئۆزى... ئۇ كېسەلدىن يۇقۇملىنىپ جىنىدىن تويغان، ئۆزىنى ئويىنىغانلاردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىۋاتقانىدى...

ئۇ چۆچۈپ كەتتى، سەتەڭ ئۇنىڭغا يۇقتۇردىمۇ ياكى ئۇ سەتەڭگە يۇقتۇردىمۇ؟ ئىشقىلىپ، ئىككىنىڭ بىرى؛ ياق، بۇ پاسكىنا ھاشىمدىن باشقا نەچچە يۈز ئەر بىلەن بىللە بولغان تۇرسا، باشقىلىرىدىن يۇقماي قالارمىدى! خەقتىن يۇقتۇرۇپ ئاندىن ھاشىمغا كېلىپ ئۇسەمدىكەن؟! ... ھاشىم ئۇنىڭ بېشەملىكىگە غەزەبلەندى، بىراق ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا يۇقتۇرۇپ قويۇشى ئېھتىماللىقىنىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى، سەتەڭ مانا مۇشۇ ئەجەللىك يەرنى تۇتۇۋالغانىدى؛ ئەگەر ئۇ راستىنلا ئەيدىز چىقىپ قالسا سەتەڭ ئۇنى بوش قويمايدۇ، ئۆلتۈرۈۋەتمىگەن تەقدىردىمۇ ھايۋاننى ئۇرغاندەك ئۇرىدۇ، ياكى بىر تۆھمەتنى ئارتىپلا تۈرمىگە سولىتىۋېتىدۇ. بۇغۇ ئۆتۈپ كېتەر، ئەڭ يامىنى ئۇ مەرەزنىڭ ئاقىۋىتى يامان، بالدۇر ئۆلىدۇ، ئۆلگەندىمۇ ئىتنىڭ ئۆلۈمىدە خارلىنىپ ئۆلىدىغان گەپ... بۇ دەھشەتلىك ۋەھىمە ۋە مۇدھىش خىيالدىن ھاشىم بەزگەكتەك تىترىگىلى، پۇت قولىدا جان قالمىغىلى تۇردى.

لاۋبەن سەتەڭ ئۇنى قان تەكشۈرۈش بۆلۈمىگە ئېلىپ كەلدى، قان تەكشۈرتىدىغانلار نۆۋەت بىلەن تىزىلىپ تۇراتتى، ھاشىمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قېتىلدى، پۈتۈن بەدىنىدە بۇزۇق قان ئېقىۋاتقاندەك بىئارام بولدى. بىلىكىدىن قان ئېلىۋاتقاندا كۆزىنى يۇمۇپ، مۇشۇ قانلىرىنىڭ ساق چىقىشىنى خۇدادىن تىلىدى؛ لاۋبەن سەتەڭ " ئۈچ سائەتتىن كېيىن نەتىجىسى چىقىدىكەن، ئاڭغىچە مىدىرلىمايسەن" دېگەندە مەڭدەپ قالدى، بۇ ئۈچ سائەتتە ھەر تۈرلۈك قورقۇنچ، غەم-ئەندىشىدىن جىددىيلىشىپ، تىتىلداپ ئولتۇردى؛ ۋاقىت توشۇشقا ئاز قالغانچە يۈرىكى بېغىشىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشىدىغاندەك پۇلاڭلاپ كەتتى. لاۋبەن سەتەڭ ئادەتتىن تاشقىرى سەۋرچانلىق، تەمكىنلىك بىلەن ئولتۇراتتى، بۇ ھال ھاشىمنى تېخىمۇ قورقۇتتى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى، ئەمما ئەڭ يامان ئەھۋالنى خىيال قىلماي تۇرالمايتتى: لاۋبەن سەتەڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئالغاندا دۇمبىقى يېرىلىدۇ، كۆزلىرى چەكچىيىدۇ، غەزەپكە تولىدۇ، ئاندىن چىقىرايدۇ، ئاندىن ھاشىمنى خەقنىڭ ئالدىدا ئۇرۇپ تىللاپ رەسۋا قىلىدۇ...

ھاشىم ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدىغان جىنايەتچىدەك جىددىيلىشىپ، ئەتراپىغا ئۈمىدسىزلىك بىلەن قاراپ قويدى؛ قورقۇنچتىن ھېلىلا جان بېرىدىغاندەك قىلاتتى. باغلاقلىق قويمۇ پىچاقنى كۆرگەندە پۇتلىرىنى مىدىرلىتىپ

باقىدۇ، ئەجىبا ئۇ شۇ قويچىلىكمۇ بولالماسمۇ؟ مۇشۇ يەردىن قوپۇپ قېچىپ كەتسىلا جىمى قورقۇنچ ۋە دەھشەتتىن قۇتۇلىدۇ، ھېچنېمنى كۆرمەيدۇ، ئاڭلىمايدۇ...

ئۇ قېچىپ كېتىش نىيىتىگە كەلدى، قايتا ھوشىغا كەلدى، پۇت-قوللىرىغا جان كىردى. لاۋبەن سەتەڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى قولىغا ئېلىپ كۆزلىرى راستىنلا چەكچىيىپ كەتكەندە ھاشىمۇ جېنىدىن تويدى، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، تېقىمدا جان قالمىدى؛ سەتەڭ ئۇ قەغەزنى كۆتۈرۈپ ئېتىلىپ كەلگەندە ئالۋاستىدىن قورققاندەك چۆچۈپ كەينىگە بۇرۇلۇپلا قاچتى، سەتەڭ «阳性»(مۇسبەت) دەپ چىققان قان نەتىجىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى، ئادەملىرىگە تېلېفون بەردى. ھاشىم بىر ياقتىن مۆكۈنگەچ، بىر ياقتىن قېچىپ دوختۇرخانىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن چىقىپ كەتتى. سەتەڭنىڭ "توختا ھۇي ئىپلاس، ئۆلگۈر..." دېگەن چىقىراق ئاۋازى قۇلىقىدىن كەتمەيتتى، بۇ قورقۇنچلۇق ئاۋاز ئەجەل سىگنالىنى چېلىپ ئۇنى جان جەھلى بىلەن قېچىشقا سەپەرۋەر قىلدى، جېنىدىن تويۇشنىڭ چىدىغۇسىز ئازابلىرى ئۇنى غەزەپ ۋە باتۇرلۇققا ئىگە قىلغانىدى، ئۇ شۇ قاچقانچە قېچىپ ئۇدۇل غېنى شاڭجاڭنىڭ رېستورانىغا باردى.

غېنى شاڭجاڭ بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولۇپ، پەرھات بىلەن ياقۇپ يىلان دېرىزە يېنىدىكى جوزىدا خېرىدارلاردەك پاراڭ سوقۇپ، يەپ-ئىچىپ ئولتۇراتتى. پەرھات ئۇنى كۆرۈپلا يېنىغا چاقىردى، ھاشىم روھى چىقىپ كەتكەندەك ھالسىز، پەرۋاسىز ھالدا ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، دەرۋەقە بايىقى ئىش ئۇنىڭ دۇنياسىنى پۈتۈنلەي ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەن، كەلگۈسى ئۆي-پىلانلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتكەن بولۇپ، بارلىق غەم-قايغۇسى قاچان، قانداق ئۆلۈشتە قالغانىدى، خالىي يەرنى تېپىپ ھۆكىرەپ قانغۇدەك يىغلىۋالسا يەڭگىللەپ قالاتتى، شۇنچىلىك پۇرسەتمۇ بولمىدى، شۇ تاپتا ئۇ كەلگۈسى پاجىئەلىرىنى ھەر ۋاقىت مىنۇت كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئىچ-ئىچىدىن زارلانماقتا، تەقدىرىگە ئاھ ئۇرۇپ نالە قىلماقتا ئىدى.

—— نېمە بولدۇڭ ھوي، كۆزۈڭ پارقىراپلا قاپتىغۇ؟!—— دېدى پەرھات ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ ھەيران بولۇپ.

ھاشىم جاۋاب بەرمەي ئېغىر تىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

ـــــ نېمە ئىش بولغان بولسا ئېيت، ھەممە گەپنى قويۇپ ئەمدى سېنىڭ دەردىڭنى تىڭشايمىز ـــ دېدى ياقۇپ.

ھاشىم قېتىپلا ئولتۇراتتى، كۆزىدىن ياش ئەگىيتتى.

ـــ ۋاي-ۋاي، جېنىم تۇغقىنىم، ئوغۇل بالىدەك گاڭگۇڭ بولساڭچۇ!ـــ دېدى پەرھات جوزىدىكى قەغەزدىن بىرنى سۇغۇرۇپ ئۇنىڭغا ئۇزىتىپ،ـــ ياسىن لاۋبەن ئۇرۇپ ھەيدىۋەتتىمۇ، يا نېمە ئىش بولدى، دېمەمسەن؟

ـــ نېمە ئىش بولسا دېگىن، بىز ياردەم قىلىمىز،ـــ دېدى ياقۇپ ئۇنىڭ يېشىنى كۆرۈپ تەسىرلىنىپ.

ھاشىم گەپ قىلمىسا زادى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ بېشىنى كۆتۈردى، ئەمما گەپنى نەدىن باشلاشنى ئۇقالمىدى، گەپ قىلاي دېسە بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك زۇۋانى چىقمىدى، ئېغىزىغا ھېچ گەپ كەلمىدى، شۇ تاپتا نېملا دېسە قارا بېسىپ قالغان ئادەمدەك بىر نەرسىلەرنى جۆيلۈيتتى، ئۆزىمۇ ئۇقالمايتتى... ئەيدىزدىن ئەمەس، باشقا كېسەلدىن ئۆلگەن بولسا چىرايلىقراق ئۆلمەسمىدى؟ بۇ گەپنى دېيىش كېرەكمۇ، دېمەسلىك كېرەكمۇ؟... ھېچ بىلمىدى.

پەرھات بىلەن ياقۇپ بىر-بىرىگە ئەجەبلىنىپ قاراپ قويۇشتى.

ـــ بۇنىڭ جاجىسى ھاراق، بىرنى ئىچكەندىن كېيىن زۇۋانغا كېلىدۇ،ـــ دېدى پەرھات ھاراق قۇيغاچ.

ھاشىم شۈنى كۆتۈپ تۇرغاندەك ھاراقنى قولىغا ئېلىپلا ئىچىۋەتتى، كۆزىدىن ياش قۇيۇلۇپلا تۇراتتى، ئۇنىمۇ ھاراق بىلەن قوشۇپ ئىچىۋەتتى. ئىككى رومكا ئىچىپلا ئارقىدىن ياندۇرۇۋەتتى، كۆتكۆچى قىزلار كېلىپ تازىلىدى، بۇ قىزلارنى كۆرۈپ ئۇ ساراڭدەك جىلە بولدى، بىر دەم كالچىيىپ كۈلسە، بىر دەم يىغلىدى. ئۇنىڭ راستىنلا مەست ياكى ساق تۇرۇپ ساراڭ بولۇپ قالغىنىنى ھېچكىم بىلەلمىدى.

ـــ ياسىن لاۋبەنگە تېلېفون قىلامدۇق؟ ـــ دېدى پەرھات، ـــ نېمە ئىش بولغىنىنى بىر ئۇقايلى!

ــــ بولىدىلا، ھازىرچە ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇپ تۇرايلى، ئەتە ئۆزى ئوڭشالغاندا بىر نەرسە دەيدۇ.

ئىككەيلەن ئۇنى يۆلەپ ئىشلەمچى باللارنىڭ ياتىقىغا ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويدى.

ھاشىمنى قاچۇرۇپ قويغان لاۋبەن سەتەڭ زالدا مۆگدەپ ئولتۇرغان ئىككى ئادىمنى تارتقۇشلاپ ئويغاتقاندىن كېيىن دوختۇرخانىدىن ئالدىراپ چىقىپ، يېقىن ئەتراپنى بىر نەچچە رەت ئايلانغاندىن كېيىن ياسىننىڭ ئاشخانىسى ئالدىغا كەلدى.

ــــ ھاشىم قېنى؟ ــــ دېدى لاۋبەن سەتەڭ كىرىپلا، ــــ ئۇنى ماڭا تېپىپ بەر!

ياسىن سىرتتا تاماكا چېكىپ تۇرغان ئىككى ئادەمگە قاراپ قويدى.

ــــ بۇ ئىككىسى يەنە كەپتىغۇ، سەن زادى نېمە قىلماقچى؟

ــــ ھاشىم قېچىپ كەتتى، بۇ يەرگە كەلمىسە نەگە باردۇ؟

ــــ مەن نەدىن بىلەي، ئۇنى سەن تۇتۇپ كەتتىڭ.

ــــ ئۇ ئەبلەخ ماڭا زىيانكەشلىك قىلىپتۇ!

ــــ بۇ نېمە گەپ، ئۇ نېمە قىلىپتۇ؟ بىر نېمەڭنى ئوغرىلاپتىمۇ؟

ــــ ئۇ ئىپلاس ماڭا ئەيدىز كېسىلىنى يۇقتۇرۇپتۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟ بۈگۈن بىرىپ ساقچىغا مەلۇم قىلىمەن...

ياسىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھاڭ-تاڭ قالدى، لاۋبەن سەتەڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــــ ئۇ ئىپلاس مۇشۇ دۇكانلارنىڭ ھەممىسگە كىرىپ، گاندون ئىشلەت دېسە ئۇنىماي، جىق قىزلارغا كېسەل يۇقتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان قىزلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلماقچى...

ـــ بۇ نېمە دېگىنىڭ، بۇنى قانداق ئىسپاتلايسەن؟

ـــ شىنجاڭلىقتا ئەيدىز ئەڭ كۆپ، مېنى بىلمەيدۇ دېمە! بۇ ئىشتا سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭمۇ بار.

ـــ كىم سېنى ئەيدىز قىلسا شۇنى تاپ ـــ دېدى ياسىن ئاچچىق كۈلۈپ، ـــ ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئىشىغا ئۆزى ئىگە.

ـــ ھەممىگىدە مەسىلە بار، ھاشىمنىڭ ئەيدىز ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى، سەنمۇ تەكشۈرتۈپ باق، ھاشىمدىن ئاشقاننى ئويناپ سالغان بولۇشۇڭ مۇمكىن.

ـــ مەن ئۇنداق مەينەتلەرنى كۆرسەم قۇسىمەن، ـــ دېدى ياسىن يەرگە چىرتتىدە تۈكۈرۈپ قويۇپ،ـــ ئادەمنى ئاشۇنداق دومىلە باسىدۇ.

ـــ ھاشىم كەلسە بىزگە دەپ قوي، ئەگەر ئۇنى يوشۇرساڭ ياكى قاچۇرۇۋەتسەڭ جىنايەتچىنى يوشۇرغان ھېسابلىنىپ، جازاغا تارتىلىسەن.

ـــ سەن ئۇنى قانۇنسىز تۇتۇپ كەتتىڭ، ئۇ تېخىچە قايتىپ كەلمىدى، ئۆلۈكمۇ تىرىكمۇ ئېنىق ئەمەس. ئەگەر ئەتىگىچە قايتىپ كەلمىسە مەنمۇ ساقچىغا مەلۇم قىلىمەن، قالغان گەپنى شۇ چاغدا دېيىشىمىز.

ـــ مەلۇم قىلساڭ قىل، بىز ئۆز ھوقۇقىمىزنى قوغدايمىز.

ـــ بۇ گېپىڭ ئاقمايدۇ، سەن ئۇنى تۇتتۇن قىلدىڭ، بۇ بىر جىنايەت. سەن ھېچ ئىش بولمايدۇ دېگەن، مانا ئۇ قېچىپتۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا بىر ئىش بولسا بۇنىڭ ئاقىۋىتىگە ئۆزەڭ مەسئۇل.

ـــ بۇلار دېگەن پۇقراچە كىيىنگەن ساقچى، بىز قانۇنلۇق ئىش قىلىمىز، ئىسپات تاپالاپ ئاندىن ھاشىمنى تۇتىمىز.

ــــ ساقچى بولسا كېنىشكىسىنى چىقارسۇن، بولمىسا يالغان ساقچى بولۇۋالغان لۈكچەك دەپ ھازىرلا ساقچى ئىدارىسىگە بارىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ لاۋبەن سەتەڭ پەيلىدىن ياندى، گېپى ئۆزگەردى:

ــــ ئىشقىلىپ، ئۇ ئىتنىڭ بالىسىنى تاپمىغىچە بولدى قىلمايمەن.

ــــ ھاشىم بولمىسا ئاشخانامغا بىر مۇنچە زىيان بولدۇ، بۇنى قانداق قىلىسەن؟

ــــ سەن ئاشخاناڭنى ئەمەس، ئۆزەڭنى ئويلا. بۇ ئاشخاناڭنى ھامان تاقايسەن، ئاۋۋال ئۇ ئىپلاسنى تېپىپ ئاندىن سەندىن ھېساب ئالىمىز.

لاۋبەن سەتەڭ قوڭنى چۆرۈپ چىقىپ كەتتى، ياسىن ئەيدىز كېسىلىنىڭ بۇ سەتەڭنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ، چىرايىدىن ئۆچمەنلىك چىقىپ تۇرىدىغان يىرگىنچلىك مەخلۇققا ئايلاندۇرۇۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. سەتەڭنىڭ ۋاتىلداشلىرىنى يېقىندىن ئاڭلاپ تۇرغان ساۋۇت بىلەن گۈلشەنمۇ ھاشىمنىڭ ئەيدىز كېسىلى بولۇپ قالغىنىغا ئىچىندى، ئۇ ئەمدى قايتىپ كېلەلمەيتتى، ئىش ئاقسايتتى، سودا ئاقمايتتى. ئەمما تىجارەتنى داۋاملاشتۇرماي بولمايتتى. ياسىن ھاشىمغا نەچچە قېتىم تېلېفون ئۇردى، بىراق ئۇنىڭ تېلېفونى ياتىقىدا قالغانىدى. كەچتە خېرىدارلار كېلىشكە باشلىدى، ئامالسىز قالغان ياسىن ساۋۇتنى ئىشقا سېلىپ، ئەپلەپ-سەپلەپ سەي چىقىرىشقا مەجبۇر بولدى. ساۋۇت ھاشىمدىن كۆرۈۋالغىنى بويىچە سەي قورۇپ، بىر ياقتىن چۆپ سوزۇپ، ئالدىراش ئىشلىدى.

كەچ سائەت 10 بولا بولماي ئاشخانا خېرىدارسىز قالدى، ئۆچەيلەننىڭ ھەممىسىنىڭ كەيپىياتى ئېغىر، چىرايلىرى تۇتۇق ئىدى. گۈلشەن لاۋبەن سەتەڭنىڭ ياسىنغا دېگەن گەپلىرىنى ئويلايتتى،" ياسىن راستىنلا ھاشىمدىن ئاشقان بۇزۇقلا چېپىلىپ قويغانمىدۇ؟ مەن ساق دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ يۈرگەن بىلەن، كىم بىلىدۇ، ئۇمۇ ھاشىمدەك كېسەل چىقامدۇ تېخى! ئۇنداقتا ئۇنىڭ كېسىلى گۈلشەنگىمۇ يۇققان بولىدۇ... ". گۈلشەن بىردىنلا

ئەنسىزلىككە چۈشۈپ قالدى، ياسىن بىلەن ھۇجرىغا بىللە كىرگەندە ئۇنىڭغا يات، سوغۇق نەزەردە قارىدى، ئىچى مۇشۇك تاتىلىغاندەك بىئارام بولۇپ سۆزلەپ چۈشتى:

— توۋا، ئەر كىشى دېگەن نېمانداق تويمايدىغاندۇ؟! بېشىنى يەيدىغان بولدى بۇ ھاشىم!

— خەققە شۇملۇق تىلىمە، ئۇ تەتەينىڭ گېپىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ.

— ئۇنىڭ ئەيدىز چىققانلىقى راست، ئۇنداق قېلىن ئېشەك چوقۇم ئەيدىز بولىدۇ.

— نېمانداق بەزەپ گەپ قىلىسەن؟ — دېدى ياسىن گۈلشەننىڭ كوچىدا تاماكا چېكىپ ماڭىدىغان ئاقسا قىزلاردەك ھاكاۋۇرلۇقى، جىلخورلۇقىغا ئەجەبلىنىپ.

— تەتەينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ سىزدىنمۇ گۇمانلىنىپ قالدىم، ئەتە بېرىپ تەكشۈرۈتۈپ كەلسىڭىز بولامدىكىن؟

— نېمە دېدىڭ؟! — ياسىننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، — سەنمۇ شۇ تەتەينىڭ پوقىنى يەپسەن دېگىنە، ئەتىدىن نېمىگە تۇتۇلۇپ، ئالجوقا سۆزلەيدىكىن دەپتىمەن تېخى!

— ئەر خەق دېگەنگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، مەن يوق چاغدا كىرىپ ئويناپ چىققانسىز تايىنلىق!

— ئىشەنگىنى قىل، ئوينىسام ئوينىدىم دەيمەن؛ ئوينىسام ساڭا قارىتىپ قويۇپ ئويناۋېرىمەن. لېكىن مەن ئۇنداق قىلمايمەن، ئۇنداق مەينەتلەرگە ئۆزەمنى بۇلغىمايمەن، ئۇقتۇڭمۇ!

— خۇدايىم ئۆزى بىلىدۇ، ئەگەر ئەيدىز بولسىڭىز ماڭىمۇ يۇقتۇرغان بولىسىز...

— ساراڭدەك گەپ قىلما، بەك گۇمانلىنىپ كەتكەن بولساڭ ئەتە ئۆزەڭ بېرىپ تەكشۈرتۈپ كەل، ئەيدىز چىقساڭ شۇ چاغدا بىر گەپ بولار، ئۆلسەك تەڭ ئۆلىمىز.

گۈلشەن يوتقانغا تەستە كىرىپ، ياسىنغا تەتۈر قاراپ يېتىۋالدى.

ــــ ۋاي نېمانداق قىلىسەن دەيمەن ئۆزەڭنى قورقۇتۇپ!

ــــ مەن بەك شور پېشانىكەنمەن، ھېچ خوۋلۇق كۆرمەيلا ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم...

ــــ ئەنسىرىمە، سەن ئۆلۈپ كەتكىچە سېنى خوش قىلىمەن، جېنىڭ چىققىچە!

ــــ مېنى ئەمدى كىچىك بالىدەك ئالدىماڭ.

ــــ سەن كىچىك بالىمۇ تېخى، قېرى قاقۋاش سەن!

ــــ مېنى قېرىتىپ بولغانمۇ سىز!

ــــ زاكىسىدىن قېرىپ قالغاننىڭ گېپىنى كۆرۈڭ تېخى!

ــــ مەن قېرى بولسام ئەمسە قويۇۋېتىڭ.

ياسىن گۈلشەننىڭ تۇرگۈن چىرايىغا قاراپ كەيپى ئۇچتى:

ــــ بۇ گەپنى راست دەۋاتامسەن؟

ــــ راست دەۋاتىمەن.

ــــ ئەرگە تېگىپ ئاجرىشىش ساڭا شۇنداق ئاسانما؟ سەن بۇ يەردە ئويۇن ئويناۋاتامايدىغانسەن؟

ــ ئويۇن دېگەننى سىزدىن سورايمىز، ئاخشىمى مېنى ئويۇنچۇق، كۇندۇزى قارانچۇق قىلىۋاتىسىز. مەقسىتىڭىز، كۇندۇزى تازا ئىشلىتىش، ئاخشىمى بولسا نەپسىڭىزنى قاندۇرۇشقۇ؟!

ــــ سەن ماڭا نېمە دەپ تەگكەن؟ ساراڭمۇ سەن؟ ــ دېدى ياسىن تېرىكىپ،ــــ بۇگۈن ماڭا ئارتۇق گەپ قىلما، ھېلى بىكار تايىقىڭنى يەيسەن!

گۈلشەن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ پەسكە چۈشتى:

—— مېنى ئۇرىدىغان بولساڭ ئۆيۈڭنى ئۆزەڭ تۇت! مەن سېنىڭ خوتۇنۇڭمۇ ئەمەس، ئاشناڭمۇ ئەمەس، مالىيىڭمۇ ئەمەس! ھېچنېمەڭ ئەمەس!

ياسىن گۈلشەننىڭ بۇ ئەلپازىغا داڭقېتىپ قاراپ قالدى، ھەيرانلىقى دەستىدىن غەزەبلىنىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى، ئۇرۇش ئەسلا خىيالىغا كەلمىدى.

—— مەن بۇنداق ئۆتتۈپىرىشتىن تويدۇم!... مەن... مەن ئاجرىشىمەن!

بۇ ئەسنادا گۈلشەن ياسىننىڭ قاتتىق غەزەبلىنىشىنى، ئورنىدىن قوپۇپلا ئىككى كاچات ئۇرۇشنى كۈتكەنىدى، مۇشۇنداداق بولغاندىلا ئاندىن ئاجرىششقا، ئادا-جۇدا بولۇشقا يول ئېچىلاتتى. ياسىن ئۇنداق قىلمىدى، شۇ ئولتۇرغانچە ھەيكەلدەك قېتىپ ئولتۇردى، ئاندىن ئاچچىق كۈلدى، كۈلگەنىدىمۇ ئۇزاق كۈلدى.

—— مەن بۇ يەردە تۆرىۋەرسەم تۆگىشىپ كېتىمەن، ئەڭ ياخشىسى مېنى قويۇۋېتىڭ!

—— قويۇۋەتسەم كىمگە تېگىسەن؟

—— ئىككىنچى ئەرگە تەگمەيمەن!

—— ئەمىسە كوچىغا چىقىپ جالاپ بولامسەن؟!

—— نېمە بولسام بولىمەن!

ياسىن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ گۈلشەننىڭ چېچىدىن تولاپ كارىۋاتقا ئەكىلىپ تاشلىدى، ئاندىن قورسىقىغا مىنىۋېلىپ يۈزىگە بىر تەستەك سالدى:

—— كوچىغا چىقىپ نېمە بولىسەن؟!

ـــ سېنىڭ نېمە كارىڭ؟! ئىشقىلىپ مەن پۇل تاپىمەن.

ـــ پۇل دېگەنگە تويغۇزىمەن سېنى!!!

ـــ ئەمدى قۇرۇق گېپىڭگە ئىشەنمەيمەن، سەن مېنى ئالدىدىڭ!

ياسىن ئۇنىڭ يۈزىگە يەنە بىر تەستەك سالدى:

ـــ مەن سېنى ئالدىدىممۇ يا سەن مېنى ئالدىدىڭمۇ؟ كىم كىمنى ئالدىدى؟ گەپ قىلە!

ـــ سەن مېنى ئالدىدىڭ!

ـــ سەن ماڭا قارا چاپلىماقچىما؟ مانا ئەمسە ئالدىغان بولسام... ـــ ياسىن شاپىلاقتىن يەنە بىرنى سالدى.

ـــ ئەر كىشى دېگەن سەندەك بولامدۇ، ۋۇي نامەرت!

ئۇ "نامەرت" دېگەن گەپنى ئىككىنچى قېتىم ئاڭلاپ تىرىكتى، بىرىنچى قېتىم رەيھان شۇنداق دېگەنىدى.

ـــ ئاغزىڭنى يۇم، تاياق قېپى شۇم! ئەر كىشى دېگەن مانا مەندەك بولىدۇ!

ـــ خوتۇن كىشىنى ئۇرغاننى ئەر كىشى دېمەيمىز، ئۆتۈپ كەتكەن ماز...

ـــ ئاغزىڭنى يۇم دەيمەن، ھېلى بىكار ئاغزى-بۇرۇنۇڭنى يالاق قىلىۋېتىمەن!

ـــ كاللىسى ئىشلىمىگەن ئادەم سەندەك بولىدۇ، گەپنى ئوڭلاپ قىلالماي مۇشتنى تەڭلەيدۇ.

ـــ ئاغزىڭنى يىغىۋال دەيمەن شۇم ئىغىز، ھېلى بىكار سەت ئۇرىۋېتىمەن...

ياسىن گۈلشەننى تارتقۇشلاپ سىلكىپ بىر يانغا مۈشۈكنى ئاتقاندەك ئاتتى، ئاندىن ئۆزى ئوڭدا يېتىپ تاماكا چېكىشكە باشلىدى.

— ئۇرۇپ بولدۇڭمۇ؟ قولۇڭدىن كېلىدىغىنى شۇنچىلىك!

— تاياق يېگۈڭ كېلىپ تۇرۇپتىكەن، ھېلىمۇ ئايىغاننى بىل!

— ئايىمىساڭ قانداق قىلاتتىڭ؟ مەن سەندىن قورقۇپ قالمايمەن!

— گەپنى ئاز قىل، كۆزۈمگە بەك سەت كۆرۈنۈپ كەتتىڭ!

— مەن سەت كۆرۈنسەم، كۆزۈڭگە ئاشۇ بۇزۇقلار چىرايلىق كۆرۈنىدۇ دېگىنە، سەن چوقۇم ئەيدىز! مەن ئەيدىز بىلەن ياتمايمەن، سەندىن ئاجرىشىمەن...

— ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، مەن قاچان قويۇۋەتسەم شۇ چاغدا يوقىلىسەن!

— مەن ساڭا سېتىلىپ كەتكەن مالاي ئەمەس! مېنىڭمۇ ئەركىنلىكىم بار. سەن مېنى پۇل خەجلەپ ئالغانمىدىڭ؟ ھېلىمۇ بىر تىيىن پۇلۇڭنى كۆرمەي مۇشۇ كۈنگە كەلدىم، بولمىسا سەن بىر نېمىدىن قۇتۇلغىلى بولماسكەن!

— قارا ماۋۇ داپپىۇزنى، ئۆينى ساڭا كىم كىرالاپ بەردى، باشقا ۋاقىتتا خەجلىگەن پۇللىرىمچۇ؟ كۆزۈڭنى مۇشۇكتەك يۇمۇۋېلىپ غىڭشىۋەرمە!

— قارا ماۋۇ چۈپەيلىكىڭنى، مۇشۇ گېپىڭدىنلا سېنىڭ پىخسىقلىقىڭ چىقىپ تۇرىدۇ...

— مەن بىلەن ئارتۇق تاكاللاشما، مۇشۇنداق ساراڭلىق قىلىدىغان بولساڭ ساڭا پوقمۇ يوق!

— بەرمىسەڭ سىقىپ يالا، مەنمۇ سېنىڭ نامەرتلىكىڭنى كۆرۈپ قويدۇم! لېكىن مەن ساڭا بۇرۇنقى خوتۇنۇڭدەك بوزەك بولمايمەن. ئەتە چىقىپ دېگىنىمنى ئېلىپ بېرىسەن، ئاندىن چىرايلىق يارىشىپ قالسام قالىمەن، بولمىسا ئاجرىشىمەن.

ـــ سەندەك نېمىگە پۇل خەجلەپ ساراڭمۇ مەن!؟ بىر چاغدا ماڭا ناز قىلىپ " ھېچنېمىڭىزنىڭ كېرىكى يوق، پەقەت سىز بولسىڭىزلا بولدى" دەۋاتاماتتىڭ! ئىلگىرىكىن يالغانچى، ھىيلىگەر نېمىكەنسەن، سەندەك نېمىگە ئالدىنىپ بىر ئوبدان ئۆيۈمنى بۇزغاندىكىن، مەنمۇ ئەخمەق!

ـــ كىم سېنى ئۆيۈڭنى بۇز دېدى؟ بۇرۇنقى خوتۇنۇڭنى پۇل بەرمەي قوغلىۋەتتىڭ، ئەمدى مېنىمۇ شۇنداق قىلماقچىما؟ مەن ھەققىمنى ئالماي قويمايمەن، يېگەن تايىقمىنىڭ ھەققىنىمۇ تۆلىتىمەن تېخى!

ـــ نېمانداق پەسلىشىپ كەتتىڭ، مۇشۇنداق ئۇششۇقلۇق قىلىشتىن خىجىل بولمامسەن؟! ـــ دېدى ياسىن ھەيرانلىق ۋە ئېچىنىش بىلەن.

ـــ سەن مېنى كېچە-كۈندۈز قۇلدەك ئىشلىتىشتىن نومۇس قىلمايسەنۇ، مەن ساڭا ئۇ گەپنى دېيىشتىن نېمىشقا خىجىل بولغۇدەكمەن؟ خوتۇن دېگەنگە پۇل خەجلەپ تۇرۇشنى ئۇقماتتىڭ؟

ـــ سەن ماڭا ئەمەس، پۇلغا ئامراق بولغاندىكىن، باشتىلا نەق گېپىڭنى قىلساڭ بولمامدۇ؟

ـــ سېنىڭ بۇنچىلىك پىخسىقلىقىڭنى كىم بىلدى؟

ـــ پۇل دېگەننى خەجلەيدىغان يەردە خەجلەيمىز، سەندەك تاماخور، ئاچكۆز نېمىگە پۇل يوق.

ـــ تويلۇق ھەققىمنى بەرمەي قۇتۇلالمايسەن!

ـــ سەندەك پەس نېمىگە ھېچنېمە ئېلىپ بەرمەيمەن! مەن بىلەن قېرىشقانغا تويسەن! قاراپ باقە ئەپتىڭگە، كوچىدىكى نېملەرگە ئوخشاپ قالدىڭ!

ـــ شۇلارمۇ مەندىن ياخشىراق، ئۆزى پۇل تېپىپ خەجلىيەلەيدۇ.

ـــ ئۆزەڭنى پەسلەشتۈرمە! قىز بالا دېگەن مۇشۇنداق قىلىپ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ...

ئىككىسى خېلى ئۇزۇن تاكاللاشتى، گۈلشەن نەچچە ۋاقىتتىن يىغلىپ قالغان ئاچچىقىنى چىقاردى، تاياق يېسىمۇ كۆڭلىدىكىنى دەۋالدى. ياسىن "بۇ ساراڭ ئەيىدىزدىن ئۆزىنى ئۆزى قورقۇتۇپ مۇشۇنداق ئېلىشىپ قالدى" دەپ ئويلىدىمۇ، ئەيتاۋۇر، غەزىپىنى ئىچىگە يۇتتى، قايتا مۇشتۇمزورلۇق قىلمىدى. ئاخىرىدا ئىككىسى خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىر كارىۋاتتا يېتىشتى.

ـــ ئەمدى بۇنداق ساراڭلىق قىلما، ـــ دېدى ياسىن ئۇنى يېنىغا تارتىپ، لېكىن گۈلشەن ئۇنى سىلكىۋەتتى:

ـــ ماڭا ئىككىنچى يېقىن كەلگۈچى بولما، مەن سېنىڭ خالىساڭ ئۇرۇپ، خالىساڭ ئويناپدىغان ئويۇنچۇقۇڭ ئەمەس!

ـــ ئېرى دېگەن خوتۇننى ئۇرۇپ تۇرسا ياخشى، تاياق يېمىگەن خوتۇن خوتۇن ئەمەس، سەنمۇ ئاران تۈزۈۋېتكەنسەن ئەمەسمۇ!

ـــ بۇ سەندەك نامەرتلەرنىڭ گېپى!

ـــ ما گەپنى ئىككىنچى قىلما، بولمىسا بۇ قېتىم ئاياپ قويمايمەن.

ـــ ھەيۋەڭدىن قورقۇپ قالمايمەن، خوتۇن كىشىگىلا كۈچى يېتىدىغان قاپاق نوچىغۇسەن!

ـــ بوشراق ۋىتىلدا، بولمىسا كۆتۈكۈڭگە تېپىپ چىقىرىۋېتىمەن.

ـــ مەن سېنىڭ ئالدىڭدا ئىت-مۈشۈك ئەمەس قوغلىسا كېتىدىغان، مېنى بۇرۇنقى خوتۇنۇڭدەك بوزەك چاغلاپ قالدىڭما؟! مەن ئۇنداق دۆت ئەمەس، ئالدىغىننى ئېلىپ ماڭىمەن. ئۆزەم خالىغاندا كېتىمەن، ئەمدى مېنى بۇرۇنقىدەك مالاي قىلىمەن دەپ خام خىيال قىلما!

ـــ قېنى كۆرەرمىز، ئەمدى زۇۋانىڭنى يىغىپ جىم يات.

گۈلشەن يەنە بىر نەرسىلەرنى دەپ غوتۇلدىۋىدى، ياسىن پەرۋا قىلمىدى. ئۇ ھەقىقەتەن گۈلشەنگە مۇھتاج ئىدى، بىر كېچە ئۇخلاپ ئويغانسا ئەتىسى كۆڭلىنى ئېلىۋالىمەن دەپ ئويلايتتى. ئەمما گۈلشەن قۇرۇق گەپكە گول بولمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنى داۋاملىق خوتۇن قىلىش، ئاشخاندا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ماددىي تەلەپلىرىنى قاندۇرمىسا بولمايتتى. ياسىن ئۇنىڭ قاچاندىن بېرى بۇنچە ئاچكۆزلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقالماي قالدى، ئۇنى قانچىلىك رازى قىلىپ، قاچانغىچە خوتۇن قىلالايدىغانلىقىنى ھېچ بىلەلمىدى؛ ئىشقىلىپ، بەدەل تۆلىمەي تۇرۇپ ھازىرقى تۇرمۇشنى ساقلاپ قالالمايتتى، ئارتۇق چىقىمدىن، زىياندىن، تۆگمەس باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلالمايتتى؛ ئىلگىرى خوتۇن-بالىسىغا خەجلەشكە كۆزى قىيمىغان پۇللىرىنى تۇم-تۇم خەجلەشكە مەجبۇر بولاتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ياسىن گۆش ئالغىلى كەتتى، قايتىپ كېلىپ گۈلشەننىڭ يوقلۇقىنى كۆردى، ھۇجرىدا ئۇنىڭ كىيىملىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ياسىن دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ پۇل قويغان چامادانىنى ئاختۇرۇپ باقتى، پۇل جايىدا ئىدى؛ ياسىن قوپقورۇق ئاشخانىغا كىرىپ، ئەمدى بۇ ئاشخانىنى ماڭدۇرۇپ بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. كېچىدىكى جېدەللىرىنى ئويلاپ، گۈلشەننى ئۇرۇپ خاتا قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ سېسىق گەپلىرىنى ئېتىۋارغا ئالماي، كۆڭلىنى ياساپ، ئالداپ-سىلاپ ئەيۋەشكە كەلتۈرگەن بولسا، بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بەرمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئىچى پۇشتى؛ بىر تۇرۇپ" ئۇنىڭ قورسىقىغا جىن كىردى" دەپ ئويلىدى؛ بىر تۇرۇپ، "ئۇنىڭغا غېنى تاز ئىش ئۆگىتىۋاتامدۇ نېمە؟!" دەپ ئويلاپ قالدى. ئاشخاندا ئاز دېگەندە يەنە ئىككى-ئۈچ ئادەم بولمىسا يېتىشىپ بولغىلى بولمايتتى. ياسىننى غەم باستى، بۇرۇن ھەر قېتىم قىينچىلىققا يولۇققاندا غېنى شاڭجاڭدىن ياردەم، مەسلىھەت سورايتتى. ئەمدى بۇنداق قىلىشى تەس، كۆڭۈلدىكى كىر-داغنى يوقاتمىقى ئاسان ئەمەس ئىدى. ئەمما كۈتۈلمىگەندە غېنى شاڭجاڭ ئۆزى تېلېفون ئۇرۇپ قالدى:

ـــ قانداقراق ئەھۋال؟!

ـــ يامان ئەمەسقۇ!ـــ دېدى ياسىن سوغۇققانلىق بىلەن.

ـــ يامان ئەمەس دېگىنىنى، ھاشىمغا نېمە بولدى؟

ياسىن بولغان ئەھۋاللارنى بىر قۇر سۆزلەپ ئۆتتى.

ــــ بۈنىڭ زۈۋانى تۇتۇلۇپ قاپتۇ، ئاغزىغا پەقەت گەپ كەلمەيدۇ. ھېچنېمىسىنى ئۇقالمىدۇق، شۇڭا سوراپ باقايلى دەپ تېلېفون قىلغان.

ــــ بىرىپ ئەكىلىۋالسام بولاتتى، لېكىن ما تەتەينىڭ ئەلپازى يامان، پۈتۈن ساتراشخانىدىكى ئەيدىزلەرنى يىغىپ ئۇنى ساقچىغا تۇتۇپ بېرەمدىكىن دەيمەن.

ــــ ئەمدى ئۇ قېشىڭغا بارمىسۇن، نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قالغاندەكمۇ قىلىدۇ، ئوڭشالغاندا بىر گەپ بولار.

ياسىن بۈنىڭغا بىر نەرسە دېيەلمەي قالدى، غېنى شاڭجاڭ " ئۇنى ئەمدى ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ داۋالات " دېگەن بولسىمۇ، غىڭ قىلالمايتتى.

ــــ ئادىمىڭ يوقاپ كەتسىمۇ كارىڭ يوق يۈرەمسىنا؟ بىز بىلەن ئەمدى ئالاقە قىلماس بولدۇڭما؟

ــــ ئۇنداق ئەمەس، تېلېفون ئۇرىمەن دەپ ئۇرۇپ بولالمىدىم.

ــــ ئۇنداق قىلىشىپ كەتمەيلى، خوتۇن خەقتەك قېيدىغاننىڭ پايدىسى يوق.

ــــ قېيدىمىدۇققۇ؟ پەرھاتلاردىن سالام ئېيتتىم، ساڭا دېمىدىما؟

ــــ دېدى، ئوبدان كۆتۈۋاپسەن. بۇ تەرەپلەرگىمۇ كەلگىن.

ــــ بولمىسا كەچ تەرەپتە باراي.

ياسىن بۇ كۈنى ئاشخانىسىنى ئاچماسلىقنى ئويلىغان بولسىمۇ زىيانىدىن ئەنسىرەپ يەنىلا ئاچتى، ئاشخانا بىر كۈن تاقالسا خېرىدار تېزىپ كېتەتتى. ساۋۇت ئىككەيلەن بۇ كۈنى پۇت-قولىغا تەگمەي ئىشلەپ خېرىدار كۈتتى، ئارىلىقتا ياسىن گۈلشەنگە نەچچە قېتىم تېلېفون قىلىپ ئالالمىدى، ئۇلانغاندا قارشى تەرەپ بىسۇۋېتەتتى.

كەچتە خېرىدارنىڭ ئايىغى بېسىققاندا ياسىن غېنى شاڭجاڭنىڭ رېستۇرانىغا ماڭدى. شاڭجاڭ ئۇنى بۇرۇنقىدەك قىزغىن كۈتۈپ كەتمىسىمۇ، ھۆرمىتىنى جايىدا قىلىپ جوزا راستلىدى. پەرھات بىلەن ياقۇپلارمۇ ھاشىمنى ئېلىپ كېلىپ ياسىن بىلەن كۆرۈشتى. ھاشىم راستىنلا غەلىتە بولۇپ قالغانىدى؛ ھېچنېمىگە ئالدانمايدىغاندەك، تەسىرلەنمەيدىغاندەك، ئۆلۈمدىن باشقا ئىشنى تاماشا، بىمەنىلىك دەپ ئويلايدىغاندەك قىلاتتى؛ ياسىنغا گويا ئۇنى تونۇمايدىغاندەك ياكى ئۇنىڭ خوجايىنلىقىنى مەنسىتمەيدىغاندەك ئەلپازدا ھالسىز، پەرۋاسىز قاراپ قويىدى. ياسىنمۇ ئەيدىز كېسىلنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولغاندەك ھاشىمغا يېقىنلاشتىن سەپسالدى، ئېچىندى، غەزەبلەندى:

ـــ مېنىڭچە، بۇنى ئەيدىز دەپ بەك قورقۇتىۋېتىپتۇ، كاللىسىغا قاتتىق ئۇرۇۋېتەلىدەكمۇ قىلىدۇ...

ـــ ياق، ئۇرماپتۇ، ئۇرسا بىلىنىدۇ. تونۇگۈن كېلىپلا يىغلاپ كەتتى، كېسەلدىن بەك قورقۇپ كېتىپتۇ...ـــ دېدى پەرھات ھاشىمغا قاراپ قويۇپ،ـــ ئەتىدىن بېرى جىق گەپ قىلدۇق، ''ئۇ تەتەي ساڭا ئۆزىنىڭ كېسەل قەغىزىنى كۆرسىتىپ قورقۇتۇپتۇ، سەن خەنزۇچە خەتنى تونۇمىساڭ، ئەيدىز چىققىنىنى نەدىن بىلىسەن؟'' دېدۇق، مۇشۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل ئوڭشالدى، بولمىسا ھوشىنى پەقەت بىلمەيتتى بۇ ...

ـــ شۇنى دەيمەن، تۇتۇپ كېتىپ تەكشۈرگەندىكىن، بۇنىڭدا بىر يالغانچىلىق بار،ـــ دېدى ياقۇپ يىلان،

ـــ بۇنى قەستەن قورقۇتۇۋەتكەن گەپ!

ـــ ئادەم تۇتۇپمۇ شۇنداق قىلغان بارمۇ؟ ھەقىقەتەن يامان نېمىكەن،ـــ دېدى غېنى شاڭجاڭ ياسىنغا قاراپ،

ـــ قايتىپ بېرىپ ساڭا تەھدىت سېپتۇ-دە!

ـــ مەنغۇ قورقۇپ قالمىدىم، داۋلى سۆزلىدىم، لېكىن ئۇ دېگىنىنى قىلىدىغان بىر نېمە، ئۆمەرنىمۇ شۇنداق قىلىپ تۈرمىگە سولىتىۋەتكەن!

ــــ دېمەك، ئۇنىڭ ھاشىمدا ئەمەس، سەندە بىر ئۆچى باركەن، ــــ دېدى غېنى شاكجاڭ،ــــ ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغان ئوخشىمامسەن؟!

ــــ نەدىكىنى، بۇرۇن چىقىشىپ ئۆتەتتۇق، دائىم كىرىپ كاۋاپ يەيتتى، چىرايلىق گەپ قىلاتتى. كېيىن نېمە بولدى، ئۆزىچە قېيداپ قالدى؛ ئۆمەر ئىش تېرىپ قويۇپلا، مەن بىلەن قاتتىق قېرىشتى...

ــــ چۈشەندىم، سەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى ئۇقمىغان گەپ.

ــــ يېگۈزمىگەن گەپ، ئىچكۈزمىگەن گەپ!ــــ دېدى پەرھات گەپ قوشۇپ.

ــــ دېمىسەڭلارمۇ شۇ، بۇرۇنقى خوتۇننىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، ئىشنى جايلاپ قىلالمىغان!ــــ دېدى ياسىن ھاراقنى قولىغا ئېلىپ، ــ جاھاندا خوتۇن خەقتەك يۈزسىز نېمە يوقكەن، ياخشىلىق قىلسا بىلمەيدىكەن، بۇنداق چاغدا تاياقتىن باشقىسى بىكار!

ــــ ئاڭلىدىم، گۈلشەننى ئۇرۇپسەن...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ياسىننىڭ قاپىقى تۈرۈلدى:

ــــ ئاغزىنى بۇزسا ئۇرۇپ قويۇش كېرەك، بۇنداق خوتۇنغا تاياق دورا...

ــــ سەن كۆڭۈل ئاياش دېگەننى ئۇقمايدىكەنسەن-دە!؟

ياسىن قېيناتىسىنىڭ ئىستەك-سورىقىغا دۇچ كەلگەن ناچار كۆيئوغۇلدەك جىلە بولدى:

ــــ ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلايدىغان بولساڭ، يىگەن تايىقنى ھەقكەن دەيتتىڭ. قاراپ تۇرۇپ مېنى ئەيدىزگە چىقاردى، ھېچ گەپتىن ھېچ يوق ئاجرىشمەن دېدى...

—— سەنمۇ مۇشۇ ۋاققىچە ئۆزۈڭگە ھېچنېمە ئېلىپ بەرمەپسەن، ئازراق بىر نېمە ئېلىپ بېرىپ كۆڭلىنى ئالساڭ بولمامدۇ؟!

—— سەنمۇ شۇنى دەيدىكەنسەن، مەن ئېلىپ بېرەي دېدىم، "ئالماس ئۈزۈك دېگەن قىممەت نېمە، ئاشخانىنىڭ سودىسى ياخشى ئەمەس، بىر ئاز پۇل تېپىپ ئېلىپ بېرەي" دېدىم؛ يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنمىساق بولمايدۇ-دە!

—— ھېچنېمەڭ يوق قەلەندەر بولۇپ كەتمىگەنسەن؟ سەن يا قىمار ئوينىمساڭ، يا ئاق چەكمىسەڭ، نېمەڭگە پۇلۇڭ قالمايدۇ؟ خوتۇن خەقنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ ئاندىن ئىشەكتەك ئىشلەتسەڭمۇ مەيلى ئەمەسمۇ؟!

—— مەسىلە پۇلدا ئەمەس، ئۇ ماڭا راستىنلا خوتۇن بولىدىغان بولسا ماڭا بويسۇناتتى، بارنى تەڭ يەپ تەڭ باي بولاتتۇق. لېكىن ئۇ ئۆزگىرىپ كەتتى، ھازىر ئۇنىڭ مەقستى مەندىن نەپ ئۇندۇرۇش...

—— دېمەك، سەندە پۇل جىقكەن! —— دېدى غېنى شاڭجاڭ سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ،— پۇل دېگەننى خەجلەپ تۇرساڭ ئاندىن يانچۇقتا كىرىدۇ، تاپقىنىڭنى خوتۇنۇڭغا خەجلىمەي كىمگە خەجلەيسەن؟ شۇنداق قىلىپ بۇ خوتۇنىڭنىمۇ قاچۇرىدىغان بوپسەن-دە!

—— قاچسا ئۆزىگە، مەن ئەزەلدىن خوتۇن خەققە يالۋۇرۇپ بارمايمەن.

—— ئۈچىنچى خوتۇنلۇقتا بىرسىنى كۆزلەپ قويدۇڭ دېگىنە،—— دېدى پەرھات ھجىيىپ،— لېكىن رېستۇراندىكى قىزلار بولمايدۇ.

—— ئەمدى ساڭا بىكارلىق خوتۇن يوق!— دېدى ياقۇپ يىلان.

ياسىن ئاچچىقتىن تولغاندى، زەردىسى چىرايىغا چىقتى.

—— يەڭگەمدەكلا گەپ قىلدىڭ — دېدى ئۇ ياقۇپ يىلانغا مەسخىرىلىك تىكىلىپ،—— قىممەت خوتۇندىن بىرنى تېپىپ قويغان ئوخشىمامسەن؟! ياخشى خوتۇن بولسىلا مەيلى جۇمۇ، ئاشخانىنى سېتىپ بولسىمۇ ئالىمەن.

—— خوتۇنىمۇ ساڭا مەن تېپىپ بېرەمتىم؟

—— ئەمىسە ئەر كىشىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما...

بۇ گەپلەر چاقچاق ئەمەس، ھەربىرىدە چېقىش ئىدى. ھاراق ئۇلارنىڭ ئىچ-باغرىنى قىززىتىپ، بىر-بىرىگە بولغان ئالىللقانداق ئۆچمەنلىك ئوتىنى تۇتاشتۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

ياسىن بۇ سورۇندا كۆڭۈللۈك ئولتۇرالمىدى، غېنى شاڭجاڭ ئاق كۆڭۈللۈك قىلىپ رەيھاننى قولدىن بېرىپ قويغىنىغا تېخىچە پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك پەرىشان، غەمكىن كۆرۈنەتتى؛ ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسا ياسىنغا تەنبىھ بېرىشكە، ھەتتا مەسخىرە قىلىشقا ئاران تۇراتتى. ئىككى گۇپپاڭچىمۇ گەپتە يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەي، ياسىننى چۆشۈرۈشكە، چېقىۋېلىشقا، تېرىكتۈرۈشكە قەستلەيتتى. ياسىن بۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ھاشمغا پات-پات قاراپ قوياتتى، ھەر قارىسا ئىچى پۇشاتتى. ئىچىپ بىر يەرگە بارغاندا ئۇ ئورنىدىن قوپتى:

—— غېنىكا، مەن ماڭاي، ئاشخاندا ساۋۇت يالغۇز قالدى.

—— گۈلشەننى قانداق قىلسەن؟

—— ئەتىگىچە بىر گەپ بولار.

—— ھاشمنى مۇشۇنداق تاشلاپ قويساڭ بولامدۇ؟

—— ئەمىسە قانداق قىلىمەن، بايا دېيىشتۇققۇ، ئۇ يەرگە بارسا چاتاق!

—— ساراڭغا سوت يوق، تۈرمىگە سولىمايدۇ.

—— ئەمىسە مەن ئەكىتەي، نېمە ئىش بولسا شۇ چاغدا كۆرەي!—— دېدى ياسىن جىلە بولۇپ.

—— بولدى قالسۇن، ئاۋۋال ئۆزەڭنىڭ ئىشىنى ئوڭشاپ كەل.

ــــ هاشىمغا بىز قارايمىز،ــــ دېدى پەرھات،ــــ ساڭا قالسا كۈنى تەس.

ياسىن ئارتۇق تېرىكمىدى، هاشىمغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ ماڭغىلى تەمشىلىۋىدى، ئۇ تۈيۈقسىز ئورنىدىن قوپۇپ ياسىننىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى:

ــــ نەگە... ئىش ھەققىم... ئىش ھەققىمنى...

ياسىن گەدىنىگە بىر شاپىلاق يېگەندەك جىممىدە تۇرۇپ قالدى.

ــــ ئىش ھەققىمنى بەر دەۋاتىدۇ،ــــ دېدى ياقۇپ يىلان،ــــ سەن تېخىچە ئۇنى بىكىرىغا ئىشلىتىپ كەپسەن-دە! ئەڭ ياخشىسى پۇلىنى ھازىر بېرىۋەت!

ــــ دېمىسىمۇ بېرىمەن، مەن خەقنىڭ ھەققىنى يەيدىغانلاردىن ئەمەس!ــــ دېدى ياسىن ئۆكۈپ،ــــ ئەتىلا كېلىپ بېرىۋېتىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ هاشىم ئۇنىڭ بىلىكىنى قويۇۋەتتى، ياسىن ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قاراپ قويۇپ سىرتقا ماڭدى، غېنى شاڭجاڭ تالاغا چىقىپ ئۇزاتمىدى.

قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى، ياسىننىڭ كەيپى ئۆرلەپ قالدى، بۇرۇن شىر كەيپىلىكتە لەيلەپ قايتاتتى، ئەمما بۇ قېتىم سەپرالىقتىن بېشى قايدى. شۇ ماڭغانچە ئۆدۈل گۈلشەن تۇرۇۋاتقان بىنانىڭ يېنىغا كەلدى. دەرۋازىدىن كىرەي دەپ تۇرۇشىغا بىر ماشىنا ئۇنىڭ يېنىدىن سىپاپ دېگۈدەك دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى-دە، بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى، بىنا ئالدىغا كېلىۋاتقان ياسىن ماشىنىدىن چۈشۈۋاتقان گۈلشەننى كۆرۈپ جايىدىلا تۇرۇپ قالدى. گۈلشەنگە ئىشىك ئېچىپ بەرگەن ئادەم دەل ئۆيىنى ئىجارىگە بەرگەن خەنزۇ ئىدى. بۇ ئۆينىڭ ئىجارە ۋاقتى توشۇپ كەتسىمۇ، گۈلشەن داۋاملىق ئولتۇرۇۋاتاتتى.

ئىككىسى بىناغا بىللە كىرىپ كەتتى، ياسىن بىناغا چىقىپ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۆيىنىڭ ئىچىدە پاراڭلار باشلىنىپ كەتكەنىدى. "بوپتۇمۇ؟" دەيتتى گۈلشەن. " ئۆزىڭىزدەك چىرايلىق قىلشىپتىپسىز،ـــ دەيتتى ئۇ خەنزۇ زوق-شوخ بىلەن،ـــ قاچانغىچە ئولتۇرىمەن دېسىڭىز ئولتۇرۇۋېرىڭ..."

ياسىن تاقەت قىلالماي ئىشىكنى چەكتى، "كىم؟" دېدى گۈلشەن ئەنسىز تۈۋلاپ.

ـــ مەن! ـــ دېدى ياسىن غەزەپ بىلەن،ـــ ئاچە ئىشىكنى!

ھايال ئۆتمەي ئىشىك ئېچىلدى، گۈلشەن كۆزىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇراتتى، ئەمما ياسىندىن قورقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

ـــ ئىككىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن بۇ يەردە؟!

ـــ ئۆي كۆرۈۋاتىمىز.

ـــ ئۆي كۆرۈۋاتىمىز؟ ئۇنى باشلاپ كىرىپ نېمە قىلماقچى؟

ـــ كىم نېمە ئىش قىپتۇ؟ ئۆيىنىڭ ۋاقتى توشتى دەپ كەپتىكەن، مەن يەنە ئولتۇرىمەن دەپ بۇنىڭ بىلەن دېيىشىۋاتىمەن.

ـــ بۇ گېپىڭنى كۆندۈزى دېمەي، ئاخشىمى دەمتىڭ؟

ـــ بۇنىڭ قاچان ۋاقتى چىقسا شۇ چاغدا دېمەمدىمەن؟

ـــ ۋاي ما يۈزى قېلىننىڭ گېپىنى، بايا ماشىندىن بىللە چۈشتۈڭغۇ، كۈندۈزى ئويناپ قانمىغاندا ئاخشىمى بىللە ياتماقچى، شۇنداقمۇ؟!

ـــ كىم ئۇنداق قىلمەن دەپتۇ، ئادەمگە تولا قارا چاپلىماڭ.

ــــ ئەمسە نەچچە ۋاقىتتىن كۆچ دېسەم نېمشقا كۆچمەيسەن؟! يا بۇ خەنزۇنى ئاشنا تۇتۇپ ئولتۇرماقچىمىدىڭ؟!

گۈلشەن چەكچىيىپ تۇرۇپ قالدى، ئەپتى-بەشرىسىنى بىراقلا ئاشكارىلاش ياكى يوشۇرۇپ قىلىش ئارىسىدا ئىككىلىنىۋاتقاندەك، بۇ چاتاقتىن قۇتۇلۇشقا كاللىسى دەماللىققا ئىشلىمەيۋاتقاندەك قىلاتتى.

ــــ بۈگۈن نېمشقا غېپىيدە قاچتىڭ، نەگە باردىڭ؟ نەدە ئويۇنىدىڭ؟

ــــ غېنىكامنىڭ رېستۇرانىغا باردىم، قايتىپ كېلىۋاتسام بۇ خەنزۇ ئۇچراپ قالدى، ئۆيىنىڭ ئىشىنى دېيىشىپ ئاندىن بۇ يەرگە كەلدۇق...

ــــ يالغان سۆزلىمە، نەچچە سائەتتىن بېرى مەن شۇ يەردە، غېنىكاڭغا هازىر تېلېفون قىلدىغان بولسام رەسۋايىڭ چىقۋۇلىدۇ.

گۈلشەن سەل هودۇقتى، ئەمما ئۆزىنى دەرهال ئوڭشاپ جاۋاب بەردى:

ــــ سېنى مېهمان قىلسام دېدى، سىرتتا تاماق يېدۇق شۇ...

ــــ كۆدە-كۆرپەڭنى ئېلىپ مەن بىلەن ماڭ، بۇ ئۆيىنى ئەمدى قايتۇرىمىز.

ــــ مەن بۇ ئۆينى قايتۇرمايمەن! ــ دېدى گۈلشەن تەتۈر قاراپ.

ــــ نېمشقا قايتۇرمايسەن؟ قايسى پۇلۇڭغا ئولتۇرىسەن بۇ ئۆيدە؟! بىر ئاخشام يېتىپ بەرگەنگە بېرىۋەتتىمۇ يا بۇ ئۆينى ساڭا، گەپ قىلە!!

ــــ نېمە قىلسام ئۆزەمنىڭ ئىشى!ــــ دېدى گۈلشەن تەرىنى تۈرۈپ،ــــ مەن خەقنىڭ سېتىۋالغان قۇلى ئەمەس!!

ئاڭغىچە ئۆي ئىگىسى خەنزۇ تازىلىق ئۆيىدىن چىقىپ، " نېمە ئىش! " دېگىنىچە ئىككىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ بۇنداق جېدەلنىڭ چىقىشىغا ھەيران قېلىۋاتقاندەك، گۈلشەن ئۇچۇن ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويغۇسى باردەك ئىنتىلىپ تۇراتتى.

ـــ ماڭا قارا ـــ دېدى ياسىن ئۇنىڭغا،ـــ بىزنىڭ ئۆيىمىز بار، بۇ ئۆيىنى قايتۇرىمىز.

ـــ مەن مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرىمەن!ـــ دېدى گۈلشەن قەتئىيلىك بىلەن، ـــ بىز توي قىلمىغان، توي خېتىمۇ ئالمىغان، سەن ماڭا ھېچنېمە ئالمىغان، ھازىرغىچە ھېچنېمە ئېلىپ بېرىپ باقمىدىڭ، مالايدەك ئىشلەتتىڭ، ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، قېشىڭغا ھەرگىز بارمايمەن، ئۆز ئالدىمغا ياشايمەن!

ـــ سەن مېنىڭ خوتۇنۇم، بۇنداق قارا يۈزلۈك قىلما!

ـــ خوتۇنۇم دەيدىغان ئىسپاتىڭ قېنى؟ بىر تال ئۈزۈك چاغلىق نەرسەڭمۇ يوققۇ؟!

ـــ ئەمدى ئېلىپ بېرىمەن دېدىمغۇ؟! نېمانداق ساراڭلىق قىلىسەن؟!

ـــ ئەمدى لازىمى يوق، ماڭا خەجلەشكە چىدىمىغان شۇ پۇللىرىڭنى چېكەڭگە قىسىۋال!

ئىككىسىنىڭ جېدىلىگە ئارىلىشىپ قېلىشنى خالىمىغان خەنزۇ " نېمە گەپ بولسا چىرايلىق دېيىشىڭلار، مېنىڭ ئازراق ئىشىم بار، ماڭغاچ تۇراي " دەپ كىتىپ قالدى.

زەردىسى قايناپ تۇرغان ياسىن گۈلشەننى ئىتتىرىپلا ئۆيگە ئەكىرىپ ئىشىكنى تاقىۋالدى.

ـــ گەپ قىلمىسام نېمانداق ھەددىڭدىن ئاشىسەن، ۋۈي رەسۋا!

ـــ ئەركىشى بولساڭ ماڭا قول تەڭلىمە!

ـــ ئۆتەپ بارە يۈزىسىز شاۋچى،ـــ ياسىن "پاس-پۇس" قىلىپ تەستەكتىن ئىككىنى سېلىۋەتتى.

ــــ ئۇرە، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەڭمۇ سەندەك نىمىگە خوتۇن بولمايمەن!

ــــ سەن ئۆلسەڭ ئۆلۈكۈڭنى ئىتمۇ يېمەيدۇ ۋۇي پاسكىنا!

ــــ يەنە ئۇرىدىغان بولساڭ غېنىكامغا تېلېفون قىلىمەن، تونۇگۈنمۇ ئۇردۇڭ، غېنىكام ھەممىنى بىلىدۇ؛ مېنى ئىگىسى يوق چاغلاپ قالما!

ــــ رەسۋالىقىڭنى بىلسە غېنىكاڭمۇ ئەدىۋىڭنى بېرىدۇ.

ــــ مەن رەسۋا بولىدىغان بولسام ئاللىبۇرۇن كوچىغا چىقاتتىم، سەندەك قەلەندەرگە خوتۇن بولمايتتىم، ئۇقتۇڭمۇ!؟

بۇ گەپ ياسىننىڭ جان-جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى، بىر چاغلاردىكى ئەقىللىق، چىرايلىق، مۇلايىم قىز مۇشۇ ئەمەسمىدى؟ ياسىننى ئۆزىگە خۇمار قىلىۋەتكەن مەپتۇنكار ”خوتۇن“ مۇشۇ ئەمەسمىدى؟ ئۇنىڭ ئەقلى ھىيلىگەرلىك بىلەن، چىرايلىقلىقى ئاچكۆزلۈك بىلەن، مۇلايىملىقلىقى ياسالمىلىق بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەچكە، ياسىناخۇن ئۇنىڭ ئىچ مىجەزىنى بىلەلمىگەن گەپ؛ كونىسىدىن بىزار بولغانچە يېڭىياچە خوتۇننىڭ ھەممە يېرى گۈزەل تۇيۇلۇپ كەتكەن گەپ. رەيھان دېگەندەك، ”كۆزىگە ئىشتان كىيىۋالغان“ گەپ!

ــــ دېمەك، مەن قەلەندەردىن زادى قۇتۇلمىساڭ بولمايدۇ، شۇنداقمۇ؟ مۇشۇ ئۆينى دەپ مەندىن يۈز ئۆرۈيسەن، شۇنداقمۇ؟! بۇ ئىشنىڭ ھەممىسىنى غېنىكاڭ ئۆگەتتى، شۇنداقمۇ؟

ــــ غېنىكامنىڭ بۇ ئىش بىلەن چاتىقى يوق، مېنىڭمۇ كاللام بار.

ــــ شۇ، كاللاڭ ئېشەكتەك ئىشلەپ قويىدىكەن؛ ئەمەلىيەتتە سەن ئىلگىرىكىن دۆت نېمە، شۇ تازنىڭ گېپىگە كىرىپ ماڭا تەگدىڭ، ھەستەن سوقۇشتۇڭ، ھەستەن يۈز ئۆرىدىڭ... غېنىكاڭغا ”بۇ قەلەندەردىن نەپ چىقمايدىكەن“ دېگەنسەن ھەقچان؟

ـــ مەن دېمىسەممۇ ئۆزى بىلىدىغاندۇ سېنىڭ قانداقلىقىڭنى؟!...

ياسىننىڭ گۈلشەنگە بولغان بارلىق ھېسسىياتى، زوقمەنلىكى، ئۈمىد-تاماسى سىپىدىن ئۈزۈلگەن غورىدەك تېزلا سولاشتى، كەينى-كەينىدىن دەسسەپ مىجىلدى.

ـــ ماڭاۋە يۈزسىز شاۋچى! بۇگۈندىن باشلاپ سەن ئۈچ تالاق! ئەتىدىن باشلاپ كوچىغا چىقامسەن، ساتامسەن، ياتامسەن، ئۆلەمسەن، كارىم يوق!

گۈلشەن مېيىغىدا كۈلۈپ قويدى، بۇ كۈلكىدە ئازراق ھەسرەت بار ئىدى، ئۇ ئىلگىرى ياسىننى ئىختىيارسىز ياقتۇرۇپ، قەستەن ياخشى كۆرگەن بولسا، ئەمدى ئۇ ئىشلىرىنى ئۆتمۈشتىكى بىمەنە ئويۇنلىرىدەك ھېس قىلىپ مەسخىرە قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتاتتى.

ياسىن بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىش ئالدىدا ئاخىرقى قېتىم گۈلشەنگە زورلۇق قىلغۇسى كەلدى، ئاچچىقى بىلەن تەڭ پەيدا بولغان شەھۋىتى ھەدەپ ئۇنى شۇنىڭغا كۈشكۈرتەتتى. ئەمما ئۆزى بايا "پاسكىنا" دەپ تىللاپ بولغان بۇ رەسۋا خوتۇننىڭ ئالدىدا ئەرلىك غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلغۇسى كەلمىدى. بۇ "خوتۇن" ئېرىنىڭ ئاخىر سۆزىنى بېرىۋەتكىنىدىن خۇشال بولۇپ، نېمىلا قىلسا بۇ ئۆيگە ئېرىشىپ بەخت سۈرىدىغاندەك ئۈمىدلىنىپ ئولتۇراتتى، ياسىن ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن بىر قاراپ قويۇپ، تالاي "شېرىن" ئەسلىملىرى قالغان بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ياسىن ئاشخانىغا كەلگەندە ساۋۇت قوپقورۇق ئاشخانىدا ھوقۇشتەك ئولتۇراتتى.

ـــ كىرىپ ئۇخلا،ـــ دېدى ياسىن ئىشكنى ئىچىدىن تاقاپ،ـــ ھاشىم پۇتۇنلەي سارالڭ بوپتۇ، بۇ ئاشخانىنى قانچىلىك ماڭدۇرساق شۇنچىلىك ماڭدۇرۇپ تۇرايلى، ئاقماي قالسا ئىجارىسىنى ئېلىشقا سېتىپ شىنجاڭغا چىقىپ كېتىمىز...

ئەتىسىدىن باشلاپ ئاشخانىدا ئىككەيلەن كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئىشلەپ باققان بولسىمۇ تۈزۈك سودا بولمىدى. ئۇدۇلدىكى لاۋبەن تەتەي كۈندە دېگۈدەك ئاشخانىغا كىرىپ ھاشىمنى سورايتتى، ساقچىلارمۇ پات-پات

كېلىپ قاراپ قويۇپ كېتەتتى. ياسىن بۇ ئاشخانىنى ئېچىۋېرىشتىن يالتىيىپ قالدى، ئۇنىڭ ئەسلى كەسپى كاۋاپچىلىق ئىدى، ئاشخانىنىڭ جاپاسىغا باققاندا كاۋاپچىلىق ئاسانراق ئىدى ھەم كۆپ پۇل تاپقىلى بولاتتى. ياسىن ئىككى كۈن ئويلىنىپ بۇ ئاشخانىنى بىرسىگە ئۆتكۈزۈۋېتىش قارارىغا كەلدى. ھاشىمنىڭ ئىش ھەققىنى ئاپىرىپ بەرگەچ غېنى شاڭجاڭنىڭ رېستۇرانىغا بېرىپ ئۇنىڭغا مەسلىھەت سالماقچى بولدى، ئەمما گۈلشەننى ئۈچ تالاق قىلغانلىقىنى بىلسە غېنى شاڭجاڭ ئاچچىقلاپ كېتەرمۇ؟! ئەگەر گۈلشەن ئۆزىنىڭ رەسۋاچىلىقىدىن ئەنسىرەپ شاڭجاڭغا ھېچنېمە دېمىگەن بولسىچۇ؟

ياسىن نېمىلا بولسۇن غېنى شاڭجاڭغا تېلېفون ئۇرۇپ ئۇنى تىلك-تىڭلاپ باقماقچى بولدى.

—— مەن ئۆتكۈزۈۋالسامغۇ بولاتتى، لېكىن ماڭا بولمايدۇ، مەن ئاچسام چوڭىنى ئاچىمەن —— دېدى غېنى شاڭجاڭ تېلېفوندا، ئۇ مۇشۇ باھانىدە ياسىننى قەستەن چۆشۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى ،— ئالىدىغان ئادەم چىقىدۇ، كۈتۈپ باق.

—— سېنىڭ تونۇشلىرىڭ بار، ئاچىدىغانلار بولسا ئۇقتۇرۇپ بەرسەڭ ...

—— ئۆزەڭ بىلىسەن، بىز خەقتىن بۇ يەردە ئاشخانا ئاچىمىز دەيدىغانلار يوق، ئاقچى-يانچۇقچىلارغا بەرگىلى بولمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى"جۇەنراڭ" دېگەن خەتتىن بىرنى چاپلاپ قويۇپ ئاشخانانىڭ ئېچىۋەر، دۇكان ئاچىدىغانلار ئۆزى كېلىدۇ.

—— بۇمۇ بولىدىكەن، ھاشىم قانداقراق؟

—— بۇرۇنقىدەكلا تۇرىدىغۇ بۇ! گەپ قىلسا بەزگەكتەك تىترەيدۇ...

—— ئىش ھەققىنى ئاپىرىپ بېرىمەن دەپ ھېچ بېرىپ بولالمىدىم، ئاشخانىدا ھازىر ساۋۇت ئىككىمىزلا قالدۇق، ئاشخانىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەندە ئاپىرىپ بېرەي ئەمدى!

—— گۈلشەننى قانداق قىلدىڭ؟ ھازىر يېنىڭدا ئەمەسما؟

— ۋاي ئۇنىڭ گېپىنى قىلما، ھېلىقى ئاخشىمى بولغان ئىشنى دېمەيسەن، سەن بىلەن خوشلىشىپ ئۇنى چىرايلىق ئىزدەپ باردىم، بىنا ئالدىغا كەلسەم فاكۇدۇڭ خەنزۇنىڭ ماشىنىسىدىن چۈشۈۋاتىدۇ. قاراپ تۇرسام ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئارقىسىدىن بېرىپ "بۇ نېمە ئىش؟" دېسەم، مەندىن يوغان تېگىدۇ. ئاچچىقىمدا ئىككى تەستەك ئۇرۇۋەتتىم. ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى، شۇ ئاچچىقىمدا تالاق قىلىۋېتىپ ئاشخانىغا يېنىپ كەلدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن بولغان ئىشنى ئۇقمايمەن...

— خوتۇنۇڭغا ئۆزەڭ ئىگە بولالمساڭ خەقنىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ شۇ!

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟! — دېدى ياسىن ئاچچىقتىن تىترەپ،— ئۇنىڭ خوتۇن بولغۇسى بولمىسا زورلاپ خوتۇن قىلامدىمەن؟

— نېمە قىلىشنى ساڭا ئۆگىتەلمەيمەن؟ ئۆزەڭنى ئەر كىشى دېسەڭ، خوتۇن خەقتىن ھەرگىز يامانلىما!

— بولدى، بولدى، بۇ گەپلەرنى ساڭا دېمىدىم!— دېدى ياسىن غەزەپ بىلەن.

— خوتۇن خەقنى ئوڭشايدىغانمۇ، بۇزىدىغانمۇ ئۆزەڭ، بۇندىن كېيىن خوتۇن ئالساڭ ئۆزەڭگە چۈشلۇق خوتۇن ئالارسەن...

ياسىن بۇ سېسىق گەپلەردىن تۇنجۇقۇپلا قالدى،" ئاناڭنى تاز، نېمە قىلسام چاتىقىڭ نېمە" دەپ ئاغزىنى بۇزغىلى قىل قالدى، ئەمما تېرىكىش ئۆزىنىڭ مازلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ئىدى؛ ئاچچىقىنى زەھەر يۇتقاندەك چىداپ يۇتۇۋەتسە بۇرۇنقى نوچىلىقىنى ساقلاپ قالالايتتى؛ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنىڭ تاماقلىرىنى يېدى، ھاراقلىرىنى ئىچتى، ئەڭ چىرايلىق كۆتىكۆچىسىنى خوتۇن قىلدى، بۇلارنىڭ يۈزىنى قىلىشى كېرەك؛ ئۇنىڭ سېسىق گەپلىرى رەيھانغا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىنكى ئاچچىقنى چىقىرىشتىن باشقا ئىش ئەمەس. رەيھانغا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن ئەمدى گۈلشەننىڭ ياسىنغا خوتۇن بولۇش-بولماسلىقى بىلەن نېمە چاتىقى، ھەر قانچە چىرايلىق قىز بىر قېتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن پېتىدىن چۈشىدۇ، تۆگىشىدۇ، غېنى شاڭجاڭ ئۇنىڭ نېمىسگە قىيالمايتتى؟ تاشتەكتىكى گۈلنى

ئاسرىغاندەك ئاساراپ نېمە قىلاتتى؟ ئۆزى غاجاپ قويۇپ ياسىنغا سوۋغا قىلغان ئالمىنى ياسىن تاشلىۋەتسە، ئۇنىڭغا قانداق ئىچى ئاغرىسۇن؟!

ياسىن غېنى شاكىجاكنى ئىچىدە بىر ھازا تىللىدى، ئىلگىرى ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىغانلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى، ئەمدى ۋاقتىدا ھوشىنى تېپىپ، ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئاشخانىسىنىڭ ئەينىكىگە «جۇەنراڭ»(ئىجارىسى ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ) دېگەن خەتنى چاپلاپ قويۇپ، كاۋاپچىلىقنى قىلىۋەردى. خېمىر يۇغۇرىدىغان ھاشىمنىڭ ئەمدى بۇ يەردە ئىشى قالمىغانىدى، شۇڭا بۇ يەردىن كەتمەكچى بولدى. ياسىن ئۆزى ئىچىپ-چېكىپ يۈرگىنى بىلەن ساۋۇتتەك ناماز ئوقۇيدىغانلارنى، كەيپ-ساپادىن يىراق تۇرالايدىغانلارنى ھۆرمەتلەيتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ھەققىنى تولۇق بەردى، ساۋۇتمۇ رازى بولدى.

— ئەمدى نەگە باراي دەيسەن؟ يۇرتقا كېتەمسەن؟

— ھەئە، ئۆزۈن بولدى بارمىغىلى، — دېدى ساۋۇت ئىنتىزارلىق بىلەن،— چوڭلار قېرىپ قالدى، قېشىدىراق تۇراي دەيمەن.

— ئىش-ئوقەتنىڭ تايىنى بولمىسا يېنىپ كېلەرسەن.

— قاراپ باقارمەن، رىسقىمىز بولسا كۆتۈرۈلۈپ قالارمىز.

شۇنداق قىلىپ ھاشىم كەتتى، ياسىن ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ غېرىبلىقتا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. قاچانغىچە بۇ قۇرۇق ئاشخانىغا باغلىنىپ ئۆتىشىپرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. بىرەر ئىجارىكەش كەلگىچە قالدۇق دەسمايىسىنى ساقلاپ، ئىش-ئوقىتىنى قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇ غېنى شاكىجاك بىر چاغدا "قول بازىرى" دەپ كۆرسىتىپ قويغان ئىشلەمچىلەر بازىرىغا بېرىپ، بىر خەنزۇ ئايالنى باشلاپ كېلىپ، كاۋاپ ئۆتكۈزگىلى سالدى، بىر زىخ كاۋاپ ئۆتكۈزسە ئىككى مو بېرىدىغان بولدى، كۈنلۈك ئىش ھەققىنى كۈندە ھېسابلاپ بەردى. ئاشخانىسىدا كۈندە ئىككى-ئۈچ يۈز زىخ كاۋاپ، ئىككى-ئۈچ بېشىك پىۋا تۈگەپ تۇراتتى، بۇنىڭدىن تەخمۇتەك پايدا قالاتتى.

ياسىن بۇ كۆنلىرىگىمۇ شۈكرى قىلدى، ئەمما كەچلىرى يالغۇزلۇقتا چىدىماي قالاتتى. گۈلشەننى دەپ ھەيدىۋەتكەن خوتۇن-بالىسىنى ئويلاپ كۆڭلى غەش بولاتتى، رەيھان بىلەن ئۆتكەن خۇشال كۈنلىرىنى، ئۇنىڭ ھايالىق، جۇلالىق كۆزلىرىنى ئەسلەيتتى؛ ئۇنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقان چاغدىكى پاك، گۈزەل، مۇلايىم، ئىتائەتكار تۇرقىنى ئەسلىگىنىدە مۇشۇنداق خوتۇننى خارلىغانلىقىم ئۈچۈن خۇدايىم مانا كۆزۈمگە كۆرسىتىۋاتىدۇ دەپ ئويلايتتى. ئەمما نېمىشقىدۇر گۈلشەننى سېغىنىپ قالغىنىدا ئۆزىنىڭ گېلىنى بوغۇۋەتكۈدەك جىلە بولاتتى، "ئۇ ئېپلاستا نومۇس دېگەن نېمە قالمىدى، شۇڭا ئۇنى ئويلاشمۇ نومۇس، ئىزدەپ بېرىشمۇ نومۇس، ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولسام مەندىمۇ نومۇس دېگەن نەرسە قالمىغان بولىدۇ، غۇرۇرۇمغا ئېشەك تېپىۋەتكەن بولىدۇ" دەپ ئويلاپ، ئاچچىقىنى باساتتى.

بىراق، ئۆزى ئايرىم ئىككى سەر قېقىۋالغان بىر ئاخشىمى ئۇ يالغۇزلۇقتا چىدىمىدى، ئويلىمايمەن، قىلمايمەن دېگەن ئىشنى قېرىشقاندەك كۈچەپ ئويلاۋەردى، ئەسەبىي ئىستەكلىرىگە بەس كېلەلمەي بۆرىدەك سىلكىندى، قاپلاندەك سەكرەپ قوپتى، غەزەپ-نەپرەت بىلەن ھاۋايى ھەۋەس ئۇنىڭ ئىككى قولىدىن، ئىككى پۇتىدىن تارتىپ تالاغا سۆرىدى.

ئۇ گۈلشەن تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئۆزىدە بار بىر تال ئاچقۇچىنى تېپىپ ئۇدۇل شۇ بىناغا ماڭدى، تاكسىدا ئولتۇرۇشنىڭ راھىتى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ خوجايىنلىقىنى، پۇلدارلىقىنى، ئاز-تولا پۇل تاپقاندىن كېيىن ھۇزۇرلىنىش كېرەكلىكىنى ئېسىگە سالدى؛ كۈلچىلىقتا ئىشلار نېمىدېگەن تولا، ئۆزگىرىش نەقەدەر تېز-ھە! تىنچ جان باقمەن دەيدىغانلارمۇ تىنچ ياشيالمايدۇ، ھەر كۈنى ھەر خىل ئىشلارغا يولۇقۇپ تۇرىدۇ، ئۆز ئىچىدىن ۋەيران بولۇپ تۈگىشىپ كېتىدىغانلار ساماندەك، بۇنداقلارنى ياسىن ئىلگىرى بىپىجىڭدا جىق كۆرگەن؛ ياسىن ئەگەر ھازىر شۇ شەھەردە بولىدىغان بولسا بۇ ئەپتى بىلەن ھەرگىز تىرىكچىلىك قىلالمايدۇ، كىچىك شەھەرنىڭ ئۇششاق ئادەملەرنى سىغدۇرىدىغان مۇشۇنداق ئەۋزەللىكى بار؛ ياسىن بۇ شەھەردە خاتىرجەم، باياشات كۈن كەچۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، ئەمدى نېمە بولدى؟ خوتۇن-بالىسىدىنمۇ ئايرىلدى، ھەممىسى كېتىپ ئۆزى قالدى، بىر ھېسابتا ۋەيران بولدى، ۋەيران بولدىمۇ؟ ئۇ ئۆزىدىن بۇ سوئالنى سوراپ باقتى، ئۇ ئاق چېكىپ، قىمار ئويناپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ ۋەيران بولغانلارنى ھەقىقىي ۋەيران بولغان دەپ ئويلايتتى، شۇڭا ئۆزىنى ئۇ قاتاردا ھېسابلىمىدى. پۇل دېگەننى

تاپقىلى بولىدۇ، خوتۇن دېگەننىمۇ تاپقىلى بولىدۇ، ئاشخانىسى ھېلىمۇ مەزمۇت تۇرۇپتۇ، فاتىدۇلى خەنزۇ ''پۇل تاپالمىساڭ بۇ يەردىن كەت'' دېمىدى، ئۇنىڭ بۇرۇنقىدەك پۇل تېپىش ئىشەنچى تېخى يوقالمىدى، ئاشخانىنى ئۆتكۈزۈۋەتسە كاۋاپچىلىق قىلىدۇ، يەنە ئادەم ئىشلىتىپ خوجايىنلىق قىلىدۇ، ئۆزىنى قەلەندەر دېگەنلەرگە ھامان بىر كۈنى نوچىلىقنى كۆرسىتىپ قويىدۇ...

ئۇ ئاچقۇچنى تىقىپ ئۆيگە كىرىۋىدى، گۈلشەن ئوغرىنى كۆرگەندەك چۆچۈپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ بۇ ئۆيىنىڭ قۇلۇپىنى ئالماشتۇرۇۋەتمىگىنىگە پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك، دۈتلۈكتە ئۆزىنى ئەيىبلەۋاتقاندەك، ئەمدى بۇ رودىپايغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلەلمەيۋاتقاندەك تەمتىرەپ تۇراتتى.

ـــ چەكچىيىپ تۇرىسەنغۇ، ئۆيگە بىر كىمنى سولىۋالمىغانسەن؟

ـــ نېمە قىلسام كارىڭ نېمە، ئۆزەمنىڭ ئۆيى بۇ!

ـــ فاتىدۇلى خەنزۇغا خوتۇن بولغان ئوخشىمامسەن؟

ـــ نېمە بولسام ئۆزەمنىڭ ئىشى، ماڭا ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ!

ـــ شۇڭا بۇ ئۆيىنى ماڭا بېرىۋەتتى دېگىن، ئەجەپ مەرت نېمىكىنا ئۇ! مەرت بولغاچقا ساڭا ياراپ كېتىپتۇ-دە!

ـــ دېمىسەڭمۇ شۇ...

ـــ خوتۇن بولدۇم-دە، بىر دەمدىلا بۇ ئۆيىنىڭ ئىگىسى بوپسەن ئەمىسە...

ـــ ئۆزەڭچە مېنى يەنە مالاي خوتۇن قىلاي دېگەنمىدىڭ؟

ـــ خوتۇنمىش تېخى، ھا-ھا، ئاشنىسى دېگىنە، سەندەك نېمىنى خوتۇن قىلسا ئۆزىنىڭ خوتۇنىغا قانداق قارايدۇ، شۇنداق قىلىپ پۇلغا سېتىلدىڭ دېگىنە، سەن رەسۋانىڭ بۇ غەرىزىنى بۇرۇن ئەجەپ بىلمەپتىكەنمىنا!

ـــ بۇرۇن بىلمىگەن بولساڭ ئەمدى بىلىۋال.

ـــ ماڭا بىر قارىغىنە، قارا يۈزۈڭگە ئوبدان بىر قاراپ باقاي!

ـــ مەن ئەمدى سېنىڭ خوتۇنۇڭ ئەمەس، ماڭا چېقىلغۇچى بولما!ـــ دېدى گۈلشەن ياسىنغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ.

ـــ بوشراق سەكرە،ـــ دېدى ياسىن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ،ـــ مەن گەپ قىلغاندىكىن يۇۋاشراق بول، سەن شاۋچىغا پەقەت چىددىمىدىم، كېچىسى ئۇيقا يوق ماڭا، مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟!

ـــ مەن قانداق قىلىمەن؟! ـــ دېدى گۈلشەن چىرايىنى ھېچ ئۆزگەرتمەي،ـــ مەندەك پاسكىنا ساڭا ئەمدى كېرەك ئەمەس. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى، بۇرۇنقى خوتۇنۇڭنى تېپىۋال.

ـــ بۇرۇنقى خوتۇننى سەن بەزدۇرۇۋەتتىڭ، شۇڭا ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزەڭ خوتۇن بولىسەن!

ـــ مېنى قويىۋەت، مەن ساڭا ئەمدى خوتۇن بولمايمەن.

ـــ مەن چىرايلىق گەپ قىلىۋاتىمەن ساڭا، تولا ھەددىڭدىن ئاشما!

ـــ بۇ گەپلىرىڭنىڭ ئەمدى لازىمى يوق، سەن مېنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەن، ئەر كىشى دېگەن قىلغان ئىشىغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

ـــ خوتۇنۇم بولمىساڭ ئاشنام بولارسەن، بۇرۇنقى گۈلشەن سەن شۇغۇ...ئۇنداق جاھىللىق قىلما! خەققىمۇ بېرىدىغىنىڭنى بېرىپسەن، مەندىن نېمەڭنى ئايايسەن؟ ھە.. گەپ قىلە.

ـــ بەك مازلىشىپ كەتتىڭ، مەن ھەرگىز ئاشنا بولمايمەن، نېمەڭگە ئاشنا بولاتتىم...

ـــ زۇۋانىڭنى يىغىپ چاققان بول، بولمىسا مۇشۇ ئاچچىقىمدا سېنى بىر نېمە قىلىۋېتىمەن.

ــــ ئەگەر ماڭا باسقۇنچىلىق قىلمەن دەيدىكەنسەن، ۋاقىرايمەن، ساقچىغا تېلېفون قىلمەن.

ــــ ئەگەر ۋاقىرايدىكەنسەن گېلىڭغا پىچاق، كۆردۈڭمۇ مانى!

گۈلشەن پىچاقنى كۆرۈپ چۆچىدى، ئىچۋېلىپ كەلگەن ياسىن شۇ تاپتا زەردىسى قايناپ تۇرغاندا نېمە قىلسا قىلۋېتەتتى، گۈلشەن غۇرۇرىنى دەپ ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىپ ئۆلسۇنمۇ؟ ئۇ ئۆزىدە قانچە غۇرۇر بار دېگەنچە ياسىن شۇنچە غەزەبلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ نەزەرىدە گۈلشەن ئاللىقاچان غۇرۇرىنى ساتقان بىر پاسكىنا.

گۈلشەن تامدەك تاتىرىپ، كارىۋاتقا چىقىپ ھەيكەلدەك ياتتى.

ھاشىم ئىچكە كىرىۋالغان قورقۇنچتىن قۇتۇلالمىدى، ئۆزىگە ھەسرەتلىنىپ، ئۆزگىلەرگە ھەۋەسلىنىپ ياكى ھەسەت قىلىپ ئىچى پۇشۇپ يۈرەتتى؛ غېنى شاڭجاڭ ''ئىشلىسە كاللىسى ئوڭشىلىدۇ'' دەپ ئۇنى يۆگۈر-يېتىم ئىشلارغا سالدى، ئۇ بېشىنى ئىچكە تىقىپ كالىدەك ئىشلەۋاتقان بىلەن كاللىسى جايىدا ئەمەس ئىدى، قاچا يۇيۇۋاتقاندا چىنە-قاچىلارنى پات-پات چېقىپ قوياتتى، كۆتكۆچى قىزلارنىڭ چىشىغا تېگىپ سالاتتى، پۇت-قوللىرىنى سۇنۇپ ياتقان ۋاقىتتا گەرچە ئىچىۋالمىغان بولسىمۇ ئۆلۈمنىڭ ئاچچىق پۇرىقىنى ھىلتىن سېزىۋاتقاندەك بېشى قېيىپ كېتەتتى، ئۆلۈمنى ئويلىماسلىققا تىرىشىپ باقاتتى، ئەيدىز كېسەللىرىنىڭ تۆت-بەش يىل، بولمىسا ئون يىل ياشايدىغانلىقىنى، قالغان ئۆمرىنى بولسىمۇ ياخشىراق ياشاپ ئۆتكۈزۈشنى ئويلاپ قالاتتى، ئەمما بۇ تۆت-بەش يىل ۋە ئون يىل دېگەنلەر ئۇنىڭغا تۆت-بەش كۈندەك تۇيۇلاتتى؛ بۇ ۋاقىت ئىچىدە كېسەل تارتىپ ئورۇقلاپ قىينىلىپ كەتمەمدۇ، باشقىلارغا پاسق مەخلۇقتەك كۆرۈنۈپ، لەنەت-نەپرەت ئىچىدە ئۆلمەمدۇ؟...

بۇلارنى ئويلىسا ئۇنىڭ پۇت-قوللىرى سىقىراپ، تېخى قانمىغان ھاۋايى ھەۋەسلىرى چوشقىدەك چىقىراپ كېتەتتى.

پەرھات ئۇنىڭغا ھەر كۈنى دېگۈدەك ئىچىشىپ بەردى، كۆڭلىنى توختىماي ياسىدى، ئەمما ھېچقايسسى ئۈنۈم بەرمىدى.

ــــ ئەمسە ئاق چەك، ھامان ئۆلىدىغان بولغاندىكىن بالدۇرراق ئۆل،ــــ دېدى پەرھات بىر كۈنى ياتاقتا ئۈنىڭغا.

ــــ ئۈنى ئۈنىڭغا ئۆگەتمەيلى،ــــ دېدى ياقۇپ يىلان،ــــ نېمىسگە چېكىدۇ ئۈنى!؟

ــــ ئەمسە قانداق قىلىمىز بۇ گۆيىنى؟!

ــــ ئوڭشىلىدۇ، ئوڭشالمىسا ئۆزىمىز ئوڭشايمىز.

ــــ قانداق ئوڭشايمىز؟!

ــــ ساتراشخانىلارغا ئاپىرىمىز، زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرىمىز.

ــــ ساقچىلار بۇنى ئىزدەپ يۈرۈۋاتسا، ئۆزىمىزگە ئىش تاپمايلى ئاداش.

ــــ ھەممە يەرگە ئەيدىز دەپ بۇنىڭ رەسىمنى چىقىرىپ قويمىغاندۇ؟

ــــ ئۈنداق قىلمىغان بىلەن، بۇ ئۆزىنى چاندۇرۇپ قويىدۇ.

ھاشىم بۇ ئىككىسگە قاراپ، نېرۋىسىغا تەگكۈدەك بىر گەپ ئاڭلاشنى تىلەپ ئولتۇردى؛ شۇنداق بولغاندا كاللىسى سەل ئارام تاپاتتى.

ــــ ئەتە ئۆلىدىغان ئىشىك بولسىمۇ بۈگۈن قورقماي ياشىماسەن دەيمەن؟!ــــ دېدى پەرھات ئۈنىڭغا ئاچچىقلاپ،ــــ مۇشۇنداق يۈرىدىغان بولساڭ ئەجىلىڭدىن بۇرۇن ئۆلىسەن قاراپ تۇر..

ــــ بىرسى قاتتىقراق ئوسۇرۇپ سالسىلا جېنى چىقىپ كېتەمدىكىن دەيمەن بۇنىڭ!ــــ دېدى ياقۇپ يىلان.

ئىككىسى كۈلۈشۈپ كەتتى، ھاشىمنىڭ ئاچچىقى كەلدى، نېرۋىسى ئوڭشالغاندەك بولدى.

ــــ ھە، گەپ قىلە، زادى نېمە دەردىڭ بار؟ دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۆزىمىز ئېنىقلاپ باقمىزمۇ يا؟ ــــ دېدى پەرھات كۆلكىدىن دەرھال توختاپ.

ــــ ياق...ــ دېدى ھاشىم.

ــــ تەتەيىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا ئىشتىنىغا چىقىرىۋەتكەن گەپ، ئەمدى بارسا بىزگە ئۆلۈپ بېرىدۇ...

ــــ بۇنىڭغا قاراپ مەنمۇ قورقۇپ قېلىۋاتىمەن،ــــ دېدى پەرھات ياقۇپقا قاراپ،ــــ قاراپ باقە ئۇنىڭدا ئادەم چىرايى بارمۇ!

ــــ ئۆزىنى ئۆزى قورقۇتۇپ ساراڭ قىلىۋېتىپ بارغان گەپ، ئوخشىلىدۇ، پەقەت بولمىسا ئۆزىنى قورقۇتۇپ ئۆلتۈرىدۇ، جازاسىنى ئۆزى بېرىدۇ...

ــــ سىلەر... ئۇقمايسىلەر،ــــ دېدى ھاشىم تۈيۈقسىز ئېغىز ئېچىپ،ــــ مەن ... مۇشۇنداق بولۇشتىن بەك قورقاتتىم، دەل ... مۇشۇنداق بولدى.

ــــ قورققان يەردە جىن بار دېگەن شۇ ــــ دېدى پەرھات ،ــــ ئۇنى بىلگەن ئادەم پاشۋازلىق قىلغاندا نېمىشقا قورقمىغان؟!

ــــ ئۇ چاغدا بۇ بۇقىغا ئايلىنىپ كەتكەن تۇرسا، نېمىدىن قورقىدۇ؟ــــ دېدى ياقۇپ يىلان مەسخىرىلىك كۈلۈپ،ــــ ئەمدى بۇنىڭدىن ئاشۇ بۇقا نوچىراق بولۇپ قالدى، بۇقا دېگەن قورقۇشنى بىلمەيدۇ.

ــــ ھازىر بۇ بۇقا ئەمەس، بۇقىنىمۇ دورىيالمايدۇ، قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىدۇ-دە.

ــــ پۇشايمان قىلامسەن ھاشىم،ــــ دېدى ياقۇپ يىلان،ــــ ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلە قېنى؟!

ھاشىم نېمە دېيىشنى بىلەلمەي مەنىسىز ئىلجىيىپ قويدى، قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلمىسا نەچچە ۋاقىتتىن ئاھ ئۇرۇپ، زارلىنىپ يۈرەمتى؟ كۆڭلىدە "ئوغۇل بالا دېگەن قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلمايدۇ" دەپ

ئۆيلىسىمۇ، بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىگە ھەرگىز تەسەللىي بېرەلمەيتتى؛ تەلىيى كېلىپ بالا-قازادىن ئامان قالغان بولسا شۇنداق دېيەلەيتتى، لېكىن ھازىرچۇ؟ ئۆز بېشىغا كەلگەن بۇ پالاكەتتىن ئۇنى كىم قۇتۇلدۇرالايتتى؟!

ــــ بۇنى سۆزلەتكەننىڭ پايدىسى يوق، چىرايىڭدىنلا چىقىپ تۇرمامدۇ؟ــــ دېدى پەرھات،ــــ قىلىدىغاننى قىلىپ بولدۇم، پۇشايمان قىلسامۇ بىكار، بولۇشۇم شۇ، تۇرۇشۇم شۇ، نېمە دېسەڭلار دەڭلار... دەيدۇ.

ــــ پېشانەڭگە مۇشۇنداق ئىش پۈتۈلگەن بولسا، بېشىڭنى مىڭ تاشقا ئۇرساڭمۇ بىكار!ــــدېدى ياقۇپ يىلان ھاشىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ،ــــ بىر كۈن بولسىمۇ نوچىراق ياشاي دەپ ئويلا، بىز رۇيلىدە سەندەك ئەيدىزلەرنى تولا كۆرگەن، ئۇلار ھەر چوڭ سودىنى پۈتتۈرىدۇ، قانغۇدەك ياشايدۇ، سەندەك بۇنداق قورقۇپ تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇۋالمايدۇ.

ــــ بەك بولمىسا سېنى رۇيلىگە ئەكىتىپ شۇ يەردە ئوڭشايمىز، ئۇ يەردە ئۆزەڭنى ئادەتتىكى ئادەمدەك ھېس قىلىسەن. ئەيدىزنى نوچىلىرىغا قېتىلىپ پەيزى ياشايسەن، قانداق؟!

ھاشىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۈمىدلىنىپ قالدى، ئەمما ئۇلار قىلىدىغان چوڭ سودا چوقۇم خىرويىن سودىسى، ئەيدىزلەر ئەڭ خەتەرلىك سودىغا ماڭىدۇ، چۈنكى ساق ئادەملەر ئۇزاقراق ياشىسام دەيدۇ، ئەيدىزلەر بولسا نەچچە يىللىق ئۆمرى قالغاندىكىن ئۆلۈمدىن ئانچە قورقۇپ كەتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ قورقىدىغىنى باشقىلارنىڭ كەمسىتىشى ۋە ئۆلۈشتىن ئاۋۋال خارلىنىپ قېلىش، نەپسىنى قاندۇرالماسلىق. مۇشۇ چاغدا ھاشىم ئۆزىنىڭمۇ ئۆلۈمدىن ئەمەس، خارلىنىپ ئۆلۈشتىن، ئۆلۈشتىن ئاۋۋال نەپسىنى قاندۇرالماسلىقتىن بەكرەك قورقىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ياقۇپ يىلان ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ چىققاندەكلا سۆزلىدى:

ــــ ساڭا ئەڭ ياخشىسى شۇ يەر بولىدۇ، پۇل تېپىشنى ئۆگىتىمىز، چىرايلىق قىز دېگەننى ئالدىڭغا تىزىۋېتىمىز، پۇخادىن چىققۇدەك ياشايسەن، جېنىڭ يايراپ كېتىدۇ، ئۆمرۈڭمۇ ئۇزۇن بولىدۇ.

ـــ باياتىن ساڭا ئۈنى-بۈنى دەپ سالدۇق، لېكىن ساڭا ياخشى بولسۇن دېدۇق، سىنى ئوڭشايمىز دېدۇق، ـــ دېدى پەرھات ئەستايىدىللىق بىلەن،ـــ كۆڭلۈڭدە نېمە بولسا دېگىن، بىرەرسىدە ئۆچلۈك بارمۇ، يا بىرەرسىگە كۆڭلۈڭ بارمۇ؟ ھەممىنى ئېيت، قولىمىزدىن كەلسە مەقسىتىڭگە يەتكۈزىمىز. ئىشقىلىپ، بۇ يەردە تارتىشىدىغان ھېچنېمەڭ قالمىسۇن.

ھاشىم بۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئەجەبلىنىپ قالدى، بىر قارىسا غەمخورلۇقتا ئېرىشىۋاتقاندەك، بىر قارىسا مەسخىرە قىلىنىۋاتقاندەك...

ـــ ياسىندا پۇلۇڭ قالغان بولسا تېلېفون قىلساق ئەكىلىپ بېرىدۇ، بولمىسا ئۆزىمىز بارىمىز، ئۇنىڭدا باشقا ئۆچ-ئاداۋىتىڭ بارمۇ-يوق!؟

ـــ يوق،ـــ دېدى ھاشىم پەس ئاۋازدا.

ـــ ئۇنىڭ چىرايلىق خوتۇنىغا كۆز تاشلىغانمۇ؟!

ـــ قايسى خوتۇنىغا دەيسەن؟! ـــ دېدى ياقۇپ يىلان.

ـــ بۇرۇنقىسىنى دەيمەن.

ـــ يوق گەپنى قىلىشمايلى، ھاشىم ئۆزى دېسۇن.

ھاشىمنىڭ گەپ قىلماي ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ پەرھات سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـــ بۇنىڭ دەردىنى چۈشىنىپ قالدىم، ياسىن ئىككى خوتۇنىنى خوتۇن قىلىپ يۈرگەندە بۇ بىچارە كۆندە ئۇلارنىڭ نەغمىسىنى تىڭشاپ چىدىمىغان گەپ، ئاندىن ساتراشخانىدىكى بۇزۇقلارغا چېپىلىپ، ئۆزىگە كېسەل تېپىۋالغان گەپ. بۇ ئۆزى گەپ قىلمىغان بىلەن ياسىنغا قاتتىق ئاچچىقى بار؛ ئۇنىڭدا ئۆچۈم يوق دېگەن بىلەن تازا ئۆچى بار.

___ بولدىلا ئاداش، ئاقمايدىغان گەپ قىلمايلى،___ دېدى ياقۇپ يىلان گەپنى يىغىشتۇرۇشقا ئالدىراپ،___ ياسىننىڭ ئۆزىمۇ ۋەيران بوپتۇ، ساۋۇتمۇ كېتىپتۇ، گۈلشەننىڭ نېمە بولۇپ كەتكىنىنى ئۆزەڭ بىلىسەنغۇ...

___ گۈلشەن... نېمە بوپتۇ؟___ دېدى ھاشىم ئۆندەرەپ.

___ سوراپ قالدىڭغۇ؟ ئۇنىڭدا نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟!

___ مەن دېمەي تۇرۇپ گەپنى ئۆزى چىقاردى مانا!___ دېدى پەرھات كۈلۈپ،___ بۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى مانا مەن بىلىمەن، كېچىسى "گۈلشەن...مەنمۇ بىر " دەپ جۆيلۈپ قويىدۇ بۇ!

ھاشىم بوش ھىجىيىپ قويىدى، ئۇنىڭ ھىجىيىشلىرىمۇ غەلىتە ئىدى، كۆزى جىم تۇرۇپ، جاۋغايلىرى تارتىشىپ كېتەتتى.

___ جۆيلىسە جۆيلىمەمدۇ، رۇيلىغا بارغاندا گۈلشەننىمۇ سەتەڭ نېملەرنى ئويناپ نەپسى قانىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئىككەيلەن ھاشىمنى رۇيلىگە ئاپىرىپ ئوقۇشايدىغان بولدى، بىر ھېسابتا ئۇنىڭغا كەلگۈسىنىڭ پىلان-خەرىتىسىنى سىزىپ كۆرسەتتى؛ ئۈمىدۋارلىق، تەمەگەرلىك، ياشاش ئىشەنچى، ھۇزۇرلىنىش ئارزۇسى بەخش ئەتتى. بۇنىڭدىن ئاۋۋال ھاشىمنىڭ كاللىسىدا ئۆلۈمدىن باشقا ھەممە ئىش دىققەت قىلىشقا، كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەرزىمەيدىغان ئۇششاق ئىشلاردەك، يا بولمىسا بۇ ئىشلار ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىسى يوقتەك كۆرۈنگەنىدى. ئەمدى بولسا قانغۇدەك ياشاش، ھەۋەسنى قاندۇرۇپ ياشاش چوڭ ئىشتەك بىلىنىپ قالدى؛ بىردىنبىر قۇتۇلۇش يولى ئەگەر مۇشۇ بولسا، ھاشىم ئۇلار باشلىغان يولدا ماڭىدۇ، ئوتقا كىر دېسە ئوتقا كىرىدۇ. بېشىدا بىكاردىن بىكار دېۋەيلەپ تۇرغان، ئازابتىن باشقىنى ئېلىپ كەلمەيدىغان ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن كۆرە ھەقىقىي خەۋپ-خەتەر، تەۋۋەككۈلچىلىك ئارقىلىق بۇ ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ يېڭىش ياخشىراق ئەمەسمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېرىشىدىغان راھەتچۇ تېخى! بۇ يەردە بىكاردىن بىكار قورقۇپ يۈرگەندىن ئۇ يەردە جېنى چىققۇدەك

تەۋەككۇل قىلسا ھۇزۇرلىنىدۇ، ئەگەر خەتەردىن ئامان قالسا ئۆلۈم گىرداۋىدىن قۇتۇلغان ھېسابلىنىپ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ...

ھاشىمنىڭ كاللىسى ئانچە ئىشلىمگەن بىلەن كۆڭلى بۇنداق نازۇك تۇيغۇلارغا باي ئىدى، شۇڭا ئۆزىنىڭ بىردىنبىر قۇتۇلۇش يولىنىڭ قاراملىق ئارقىلىق ھۇزۇرلىنىش ئىكەنلىكىنى، قانچە قورقسا شۇنچە بۇرۇن ئۆلىدىغانلىقىنى ھېس قىلالىدى. بۇ تۇيغۇغا ئېرىشكەندىن باشلاپ روھىغا تىرەك بولىدىغان بىر نەرسىگە، بىر باھانىگە ئېرىشتى.

رۇيىلگە ماڭمىز دەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە پەرھات ھاشىمنى چاقىرىپ ئايرىمخانىدا سىرداشتى.

ــــ سەن گۈلشەننىڭ ساغرىسىنى سىلاپ باقمىغان، شۇنداقمۇ؟

ــــ ياق...ــــ دېدى ھاشىم بۇ قېتىم تۈزۈك ھجىيىپ.

ــــ قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتۇپ باقمىغان دېگىنە!

ھاشىم مۇشۇنچىلىكمۇ قىلالمىغىنىغا ئۆكۈنگەندەك بېشىنى چايقىدى.

ــــ ياسىن ئۇنى خوتۇن قىلىشتىن ئاۋۋال بىزنىڭ خوتۇن ئىدى. ھازىرمۇ خالىسام خوتۇن قىلىۋېرىمەن، نەچچە قېتىم ئۆيىگە بېرىپ قونۇپ كەلدىم. لېكىن ھازىر كۆڭلۈم كۆتۈرمەيدىغان بولۇپ قالدى، بۇرۇنقىدەك پەيزى يوق، ھالىمۇ سەل يوغىناپ قاپتۇ...

ھاشىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ باشقىچە جانلىنىپ، ئىگىسىدىن بىر پارچە گۆش تەمە قىلىپ شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىۋاتقان ئىتتەك ھاسىراپ ئولتۇرالماي كەتتى.

ــــ قايسى كۈنى ئاخشىمى ئەمدى كارىۋاتقا چىقىۋاتسام ''ئاشنامدىن تېلېفون كېلىپ قالدى'' دەپ مېنى ئۆيىدىن قوغلىدى، ماڭا بەك ھار كەلدى، كەتكىچە ئۇنىڭ ئەدىۋىنى بەرمىسەم مەنمۇ ساراڭ بولۇپ قالىمەن.

ھاشىم ئۇنىڭ سۆزىنىڭ داۋامىغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى.

ــــ تۇنۇگۈن ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى، بىزگە نۆۋەت تەگمىدى، ئۇ ئۆزىچە بىزنى كۆزگە ئىلمىغان بىلەن بىزمۇ ئۇنى ئېلىۋەتكەن تىرماقتا تەڭ قىلمايمىز، لېكىن چاندۇرمايمىز. شۇڭا بۈگۈن ئۆتكۈزۈپ بېرەي دېدىم. ئۆيىگە بارمايمەن، مېھمانخانىدىن ياتاق ئاچتۇرىمەن، دەنگاۋ ئاپارمايمەن، توخۇ پاچىقىنى يېگۈزۈپ، قىزىل ھاراقنى تازا ئىچۈرۈپ غەرق قىلىمەن...

ھاشىم نېپىز كالپۇكىنى يالاپ قويدى، كۆزىدىن ئىنتىزارلىق، تەمەگەرلىك چىقىپلا تۇراتتى.

ــــ ياسىن لاۋبەن پۇلۇڭنى بەردىمۇ؟ ھە، ئەمدى شۇ پۇلۇڭنى خەجلەيدىغان يەرگە كەلدۇق. مەن ياتاق ئالغاندا سەنمۇ بىللە بېرىپ قوشنا ياتاقتىن ياكى شۇ قەۋەتتىن بىر ياتاق ئالسەن. گۈلشەن سېنىڭ بۇ يەردىلىكىڭنى بىلمەي قالىدۇ. مەن ئىشنى توغرىلاپ بولغاندىن كېيىن ساڭا تېلېفون ئۇرۇپ قويۇۋېتىمەن، قالغىنىنى ئۆزەڭ جۆندەيسەن. ئەمما قاراپ تۇرۇپ ئۇنى ئەيدىز قىلىپ قويساڭ بولمايدۇ، ئۇنىڭغا بىر چارە قوللان...

ــــ بۇنى بىلمەن، شۇنداق قىلىمەن...ــــ دېدى ھاشىم ھاياجانلىنىپ.

ــــ بىزنىڭ مەقسىتىمىز گۈلشەننى ئەيدىز قىلىش ئەمەس، سېنى ئارزۇيۇڭغا يەتكۈزۈپ، يۇرەك كېسىلىڭنى داۋالاش.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن پەرھات ھاشىمنى باشلاپ، يېقىن ئەتراپتىكى ياخشى مېھمانخانىلارنى ئارىلاپ، مۇۋاپىق بىرسىنى تاپتى، ياتاقلارنى كۆزدىن كەچۈردى.

ــــ بۇ يەر بولىدىكەن، ــــ دېدى پەرھات كارىۋاتلارغا قاراۋېتىپ،ــــ سەن مەندىن بۇرۇنراق كېلىپ ياتىقىڭدا ساقلاپ تۇرارسەن؛ نەغمە-ناۋا ئاڭلاپ قالساڭ چىداپ ياتارسەن.

پەرھات چىرايلىق ياسانغان، زىبۇزىننەت تاقىغان گۈلشەننى باشلاپ ياتاققا كىرگەندە ھاشىم تامنىڭ ئۇ تەرىپىدە بولغۇسى ئىشلارنى خىيال قىلىپ ئولتۇراتتى، گۈلشەننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ جىددىيلەشتى، ئۇلارنىڭ تېڭىشىغا قۇلاق سالغاچ ئۆزىنىڭ يۈرەك سوقۇشلىرىنى تىڭشاپ ياتتى. ئۇلار كونا ئاشىق-مەشۇقلاردەك ياكى رومانتىك

ئەر-خوتۇنلاردەك قىزغىن پاراڭلىشىپ، كۈلۈشۈپ بىر نەچچە سائەتنى ئۆتكۈزدى، ھاشىم تېلېۋىزورنى پەس ئاۋازدا ئېچىپ قويغان بىلەن دىققىتى ئۇلاردا ئىدى، قاچانلاردا تېلېفون كېلىپ قالار دەپ تېلېفونغا پات-پات قاراپ قوياتتى. كېچە سائەت 11 گىچە تېلېفون سايرىمىدى، ئۇ ئۇيقۇسىنى ئېچىش ئۈچۈن تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ يۈزىنى سوغۇق سۇدا يۇيۇپ چىقتى. بىر چاغدا ئۇلارنىڭ زۇۋانى جىمىقىپ، ئەسەبىي تىنۋشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى، ھاشىم ئۇنىڭغا پۈتۈن دىققىتى بىلەن قۇلاق سالدى، نېرۋىسى چىڭقىلىپ، كاللىسى بىر نۇقتىدا قېتىپ قالدى. بىر دەمدىن كېيىن بۇ ئاۋازلارمۇ يوقالدى. تېلېفون يەنە سايرىمىدى، ھاشىم ئۆزىنى ئەخمەق قىلىنغاندەك ھېس قىلىپ، ئىچى تىتىلداپ ئولتۇرالماي كەتتى، ئۇيقۇسى قاچتى. ئاشقان-تاشقاننى ئويناپدىغانلىقى ئۇنىڭدا ئەمدى ھاياجان ئەمەس، بەلكى ئاچچىق پەيدا قىلىۋاتاتتى؛ گۈلشەننى چوڭ بىلىپ كېتىشتىن شەكلەنگەن قورقۇنچ، ئەنسىرەش دېگەنلەر قالمىغانىدى. نەپسى تاقىلداپلا تۇراتتىكى، مەقسىتىگە يېتەلمىسە ساراڭ بولۇپ، غالجىرلىشىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئەمما ئۇ ئۇزاقتىن بېرى تەلمۈرۈپ، ئويلاپ يۈرگەن نەرسىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئويلاپ سەۋر قىلدى. يېرىم سائەت شۇنچە تەستە ئۆتتى. ئۇلار مەستلىك ۋە ھارغىنلىقتىن ئۇخلاپ كەتكەن بولسىچۇ؟... ئۇ ئاچچىقىدا قوپۇپ كەتتى، پەرھاتقا ئۆزى تېلېفون قىلسا گۈلشەن ئويغىنىپ كېتىدۇ-دە، ئىش بۇزۇلىدۇ. ئەمىسە قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئۇ جىلە بولۇپ ئىككىلىنىپ تۇرغاندا تېلېفونى بىر سايراپلا توختاپ قالدى. ئۇ ياتىقىدىن ئالدىراپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ياتىقى ئالدىغا كەلدى؛ پەرھات ئىشىكنى ئېچىپ ھاشىمنى كىرگۈزۈۋەتتى-دە ئۆزى ھاشىمنىڭ ياتىقىغا كىرىپ يېتىپ قالدى.

ھاشىم ئۆپكىسىنى سەل بېسىۋېلىپ گۈلشەننىڭ يېنىغا كىرگەندە ئۇ يالىڭاچ ھالدا ھېچنېمىنى تۇيماي ياتاتتى. ھاشىم ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان ھاراق پۇرىقىنى خاتىرجەملىك بىلەن پۇرىدى، " بۇنچە مەست بولۇپ كەتكەن نېمىنىڭ يۈزى ئەلۋەتتە قېلىن بولىدۇ، ئۇيقۇلۇقتا ئەمەس، ئويغاق ۋاقتىدىمۇ نېمە ئىش بولغىنىنى بىلمەيدۇ..." دەپ ئويلىدى؛ گۈلشەننىڭ مەست ۋە ئۇيقۇلۇق چىرايى ئۇنىڭغا شۇنچىلىك يات، غەلىتە كۆرۈنۈپ كەتتىكى، شۇمۇ ئەمەسمۇ دەپ سىنچىلاپ قاراپ باقتى، ئۆزى كۆرگەن ۋاقتىدىكىگە ھېچ ئوخشىتالمىدى. ئەمما بۇلارنى بەك ئويلاپ كەتمىدى...

گۈلشەن ئۇيقۇلۇق ۋە مەستلىكتە چوش كۆرۈۋاتقاندەك قىلاتتى، شۇنداقتىمۇ ھاشىم ئۇنىڭ ئويغىنىپ كېتىپ ئۆزىنى تونۇپ قېلىشىنى، قەلبىدە ئۆلگىچە يوقالمايدىغان ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىپ قويۇشنى خالىمايتتى. ئۇ يوتقاننىڭ بىر ئۇچىنى ئۇنىڭ يۈزىگە ئارتىپ قويۇپ، قورقۇنچ ۋە ھاياجان بىلەن جىنايى ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇردى، ئېغىر غەپلەتتە قالغان گۈلشەن خۇددى يۈزى يېپىپ قويۇلغان ئۆلۈكتەك ياتاتتى...

ھاشىم ياتىقىغا كىرىپ پەرھاتنى ئويغاتتى.

ــــ قانداق بولدى؟ ــــ دېدى پەرھات خۇددى چۈشىدىمۇ مۇشۇ ئىشنى ئويلاپ تۇرغاندەك.

ــــ بولدى، گۈلشەن شۇمۇ ئەمەسمۇ، بىلمەي قالدىم.

ــــ ماشاۋە كالۋا، ئەتىدىن چۈش كۆرمىگەنسەن؟

ــــ ئۇقمىدىم... كۆزىنى ئاچمايلا ياتتى.

ــــ ھاراقتا ئازراق بىر نېمە ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن، بولمىسا مەست بولسىمۇ ساڭا يېتىپ بېرىدىغان گۈلشەن ئەمەس ئۇ!

ــــ ساڭا رەھمەت، ئىشقىلىپ پەيزى بولدى.

ــــ كېسىلىڭنى ئۇنىڭغا يۇقتۇرۇپ يۈرمىگەنسەن-ھە.. مەن دېگەنەدەك قىلدىڭمۇ؟

ھاشىم پەرۋاسىزلىق بىلەن جاۋاب بەردى:

ــــ بىر قېتىمغا كېسەل يۇقمايدۇ.

ــــ ھوي كالۋا، مەن ساڭا نېمە دېگەن؟ قاراپ تۇرۇپ ئۇنى ئەيدىز قىلىۋەتسەڭ قانداق بولىدۇ؟

ــــ مەن ئەيدىز ئەمەس، ئۇمۇ ئەيدىز بولمايدۇ.

ــــ كاللاڭ ئەمدى ئويغاندىمۇ نېمە، دېمەك، مېنىڭ داۋالىشىم ئۈنۈم بېرىپتۇ ساڭا!

ــــ ساڭا رەھمەت، ئەمدى سەن نەگە دېسەڭ شۇ يەرگە بارىمەن.

ــــ رۆيلىگە كېتىمىز، بۇ يەردىن ئېسىل ياشايمىز.

ئەمما پەرھاتنىڭ بۇ پىلانى غېنى شاڭجاڭنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلار بىلەن توختاپ قالدى. شاڭجاڭنىڭ ئۆزۈمچىلىك خوتۇنى رېستورانىدىكى قىزلاردىن ئېرىنىڭ ئىشلىرىنى ئاڭلىغاچقا تېخى كۆرۈپ باقمىغان رەيھاننى كۆنلەپ تېلېفوندىلا شاڭجاڭ بىلەن غىرىلدىشىپ يۈرۈۋاتاتتى. ئەسلىدىنلا كەيپى ئۇچۇپ يۈرگەن غېنى شاڭجاڭ ئۇ خوتۇننى تېلېفوندىلا تىللاپ،خېتىڭنى ئال دەپ تەھدىت سالدى. خوتۇنى كېلىپ ئالىدىغان ھەققىنى ئېلىپ كەتتى. غېنى شاڭجاڭ شۇندىن كېيىن كۈن-كۈنلەپ تۈزۈك گەپ قىلمايدىغان، جاھاندارچىلىق ئىشلىرىغا ئانچە ئارىلىشمايدىغان، نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى، كۆپ ھاللاردا غەمكىن، خاپا يۈرەتتى. ئەمەلىيەتتە توساتتىن بېيجىڭغا كېسەل داۋالاتقىلى بارىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ــــ نېمە كېسەل؟ قاچان يېنىپ كېلىسەن؟!ــــ دېدى پەرھات ھەيران قېلىپ.

ــــ چوڭ چاتاق يوق، بېرىپ تەكشۈرتۈپلا كېلىمەن؛ مەن كەلگىچە رېستورانغا قارىغاچ تۇرغىن.

غېنى شاڭجاڭ بېيجىڭغا يالغۇز كەتتى، بىر چاغلاردا ياسىنغا ماختىنىپ تۇرۇپ ئېيتقان ئۈچ خوتۇنىنىڭ ھازىر بىرسىمۇ يوق ئىدى.

ياسىن ئىككىنچى قېتىم ئاچقۇچنى تىققاندا قۇلۇپ ئېچىلمىدى، مۇشۇنداق بولۇشنى پەرەز قىلغانىدى، ئەگەر ئېچىلسا گۈلشەننىڭ ھېلىمۇ ئۇنىڭغا مەيلى بارلىقىنى، زورلىسىمۇ رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. ئەمدى بۇ پۈتۈنلەي خام خىيال بولۇپ چىقتى. ياسىن لىفتتىن چۈشۈپ پەستە كۈچۈكلىرىنى يېتىلىۋالغان خەنزۇلارنى كۆرۈپ" كۈچۈل ياتقان يەردە ئىت ياتمايدۇ" دېگەننى ئويلىدى، شۇ پەس كۆڭۈلنى دەپ مازلىشىۋاتقىنىغا ئىچى پۇشتى. "بۇ شاۋچېنىڭ ئالدىدا خارلىشىپ يۈرگىچە رەيھانغا يېلىنسام بولمامدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا قانچە

كۆچۈكلەنسەمىۇ مەيلى ئەمەسمۇ؟“ دېدى ئىچىدە. ئەمما ئۇنىڭ ئالدىدا گۈلشەنگە قىلغاندەك غىلجىڭلىق قىلىدىغان بولسا نومۇسقا قالاتتى، رەيھان ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كېتەتتى. رەيھان ئۇنىڭ خوتۇن خەقتەك ئەۋرىشىملىكىنى ئەمەس، ئەر كىشىگە خاس تۈزلۈكىنى ياخشى كۆرەتتى.

ئۇ نەچچە قېتىم تېلېفون قىلىپ بالىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. رەيھان ھەر قېتىم يېرىم-ياتا، سوغۇق گەپ قىلىپ گەپنى تۈگەتتى. ئۇنىڭ قىزغىنلىقى رەيھانغا ياسالمىلىقتەك، شىرىن گەپلىرى لاۋزىلىقتەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ھەر قېتىم قىزغىن بولاي دېگەندە رەيھان ئۇنىڭ بۇنداق بولۇشىنى كۈتمەيدىغاندەك، ئەگەر شۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرىسا بىئارام بولىدىغاندەك تۈزلا پاراڭ قىلىپ گەپنى تۈگىتەتتى؛ ھەر ۋاقىت ”سەن ئەر كىشى بولغاندىكىن سۈپىتىڭنى ساقلا“ دېمەكچى بولاتتى، ئەمما ياسىن ھەر قېتىم مۇشۇ ئەرلىك سۈپەتكە پۈتلىشىپ، كۆڭلىدىكىنى دېيەلمەي جىلە بولاتتى.

ئۇ ئىككىلا خوتۇننى قولدىن بېرىپ قويغىنىدىن ئۆكۈندى، ئىككىلىسىنى تالاق قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۆز تۇرمۇشىدىن ئۆزىنى قوغلاپ چىقارغانىدى؛ بۇ خوتۇنلارنى كۆزدىن يىراق قىلىپ تۇرمۇشنى يېڭىدىن باشلايمەن، تۈزۈك ياشايمەن دېگەن بىلەن بۇنداق قىلىش تۈگۈل، بۇرۇنقىدەك ياشيالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. يالغۇزلۇق ئۇنىڭ جېنىغا پېتىپ ئارام بەرمەيتتى، ئۇقەت قىلىپ تۆمەنلەپ پۇل تاپقان بىلەن خەجلىمىسە نېمە پايدىسى؟ خوتۇنسىز تۇرمۇشنىڭ نېمە لەززىتى؟ ئەمما خوتۇنلىرى يېنىدا چاغدا نېمىشقا پىخسىقلىق قىلدىۇ؟ بۇ چۈپەيلىك نەدىن كەلدى؟ پۇلنى خەجلىمەي پەقەت يىغىش ئارقىلىق باي بولغىلى بولامدۇ؟ بۇنداق باي بولغاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟!… ياسىن ئۆزىگە پۇل خەجلەپ ھۇزۇرلىناي دەيتتى، ئەمما قانداق ھۇزۇرلىنىشنى بىلمەيتتى. ھاراق دېسە ئۆزىدە بار، كاۋاب دېسە تەييار. ئويناي دېسە ئالدىدا سەتەڭلەر پۈتنى چىقىرىپ ئولتۇرىدۇ، لېكىن ھەممىسى مەينەت، كېسەل. دوستلىرىنى مېھمان قىلىپ ماختىناي دېسە بىرسىمۇ يوق. ئەڭ ئالىي مېھمانخانىدا يېتىپ باھاسى قىممەت سەتەڭلەرنى ئويناي دېسە ئۇنىڭغا چىدىغۇدەك پۇلدار ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ… سۈرىدىغان لەززىتى ھاراق، تاماكىدىن ئىبارەت ئەڭ ئادەتتىكى، ئەڭ زىيانلىق، ئەڭ سېسىق، ئەمما خۇمارى كۈچلۈك كەيىپ-ساپاغا

مەركەزلىشىپ قالدى... مۇشۇنداق ياشايدىغان گەپمۇ؟ بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى مەست قىلىپ، پەس قىلىپ، چۈشكۈنلىشىپ ياشاش كېرەكمۇ؟!

ئۇنىڭ بۇ كۆنلەردىكى مەنىسىزلىكىنى بىلگەندەك غېنى شاڭجاڭ تېلېفون ئۇرۇپ قالدى.

__ ئاشخاناڭنى ئۆتكۈزۈۋەتتىڭمۇ؟__ دېدى شاڭجاڭ قىسقىچە ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن.

__ ياق تېخى، تۈزۈك ئادەم چىقمايۋاتىدۇ.

__ ئۇنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ مېنىڭ رېستورانىمدا كاۋاپچىلىق قىلساڭ بولاتتى.

__ مەن ساڭا كاۋاپچىلىق قىلمايمەن.

__ ئاندىن ساڭا رېستوراننى ئۆتكۈزۈپ بېرەتتىم.

__ ئادەمنى ساز قىلما، بىز ئۇنداق چوڭ ئوقەتنى قىلالمايمىز.

__ سەن ئاچساڭ ئاچالايسەن، مەن چاقچاق قىلمىدىم.

ياسىن بۇ گەپكە يەنىلا ئىشەنمىدى، ئەمما شاڭجاڭنىڭ بۇنداق گەپ قىلمىقى ئاسان ئەمەس ئىدى.

__ بىر ئوبدان مېڭىۋاتقان رېستوراننى نېمىشقا ساتماقچى بولۇپ قالدىڭ؟

__ كېسەل داۋالاتقىلى بېيجىڭغا كەلگەن، مەن كېتىپلا ئىشتىن چاتاق چىقىپ، ئاشپەزدىن ئىككىسى يۇرتىغا كېتىپتۇ، قىزلاردىن بىر نەچچىسى يوقاپ كېتىپتۇ... پەرھاتنىڭ ھېچقانداق ئىش بىلەن كارى بولماپتۇ. مەن بۇ گۇيغا ئامالنىڭ يوقىدىن رېستوراننى تۇتقۇزۇپ قويغان، ئۇزەمنىڭ تۇغقىنى دەپتىكەنمەن، ئەمدى بېشىمغا سىيگىلى تۇرۇپتۇ. ئاقچىلىق قىلىدىغان نېمىلەردىنغۇ زادى ياخشىلىق كەلمەيدۇ، ئاشخانا ئېچىشنى ئەسلى بىلمەيدۇ. شۇڭا ھازىر سەن

بىرىپ باشقۇرۇپ تۇرساڭ، مەن بىر باسقۇچلۇق داۋالىنىشىمنى تۈگىتىپ قايتىپ بارىمەن. قالغان گەپنى بارغاندا دېيىشىمىز.

ــــ مەن بېرىپ قارىشىپ بەرسەم بېرەي، لېكىن ھازىرچە باشقۇرالمايمەن،ــــ دېدى ياسىن غېنى شاكىجاكىنىڭ ئۆزىگە شۇ قەدەر ئىشەنگەنلىكىگە ھەيران قېلىپ،ــــ ئۆزەڭ بىلىسەن، مەنمۇ ئۆز ئالدىمغا جان بېقىۋاتىمەن.

ــــ كۆچۈكىنىڭ يېتىشچە قاراپ تۇر، مەن تېلېفوندا پەرھاتقا دەپ قويدۇم، ئۇنىڭ ماڭا قارشى چىقىدىغان ھەددى يوق، تاپقان پۇلنى كۆنده يەپ تۈگەتسىمۇ مەيلى، رېستۇراننى قەرزگە بوغۇپ قويمىسىلا بولىدۇ، سەن بۇنىڭغا كۆز-قۇلاق بولۇپ تۇرارسەن.

ياسىن بۇنىڭغا ۋەدە بەردى، ئۆزىنى غېنى شاكىجاڭ بىلەن تەڭ ئادەمدەك ھېس قىلىپ روھلىنىپ كەتتى. ئەمما رېستۇرانغا بارغاندا ئۇ ھېچقانداق ئىشقا ئارىلىشالمىدى، پەرھات بىلەن ياقۇپ يىلان بىرلىشىۋېلىپ، ئۇنى ھېچقانداق ئىشقا قول تىققۇزمىدى. رېستۇران بەكلا چۆلدەرەپ قالغانىدى. ئامالىنىڭ يوقىدىن ئىشلەپ قالغان ئىشلەمچىلەر كۆنلەرنىڭ بىرىدە چىقىش يولى تاپسا بۇ يەردىن كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ھاشىم خېلىلا ئوڭشىلىپ قالغان بولۇپ، پەرھات بىلەن ياقۇپنىڭ سايىسىدىن چۆچۈمەي، بىللە ئىچىپ-چېكىپ يۈرەتتى. ياسىن بۇلارنىڭ ئىشىغا بەكرەك ئارىلىشاي دېسە ئوتتۇرىدا جېدەل چىقاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جان پىدالىقى ئۈچۈن نېمىلەرگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

غېنى شاكىجاكىنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى رەيھانغا تېلېفون ئۇرۇپ يۈرگەنلىكىنى ياسىن ئۇقمايتتى. رەيھان دەسلەپتە ئۇنىڭ تېلېفونىنى ئالمىغان بولسىمۇ ئەمما ياسىن ھەققىدە ئۇچۇر ئاڭلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ــــ ئۇ يەنە كاۋاپچىلىق قىلىۋاتىدۇ،ــــ دېدى غېنى شاكىجاڭ دوختۇرخانىنىڭ كىچىك باغچىسىدا ئايلانغاچ،ــــ ئاشخانىسىنى ئۆتكۈزۈۋالىدىغان ئادەم چىقمايۋاتىدۇ.

ــــ گۈلشەن دېگەن پاسكىنىنى يەنە ئىزدەپ يۈرۈۋاتقاندۇ؟!

ــــ فاڭدۇڭغا ئاشنا بولدى دەپ تالاق قىلىۋەتكەن تۇرسا يەنە ئىزدەپ بارامدۇ؟!

ــــ ئۇققىلى بولمايدۇ، ئەر خەقنىڭ كۆڭلى ھەممە نېمىنى كۆتۈرىدۇ.

ــــ سىز ئۇنداق ئويلىماڭ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئۇنچىلىك پەس ئەمەس.

ــــ شۇ چاغدا سىز گۈلشەننى داملاپ خوتۇنلۇققا ئېلىپ بەرمىگەن بولسىڭىز مۇشۇ ئىشمۇ يوق!

ــــ شۇ چاغدا نېمە ئويلىغىنىمنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، بۇلارنى سىزگە دەپ ئولتۇرغۇم يوق.

ــــ ماڭا ھازىرمۇ بەك ھېيلىگەر كۆرۈنىسىز، خەقنى ئۆز دېپىمغا ئۇسسۇل ئويناتساملا دەيدىكەنسىز، لېكىن ئويلاپ باقسام سىزمۇ ئۆتۈپ كەتكەن بىچارىكەنسىز.

ــــ راست دەيسىز، مانا مۇشۇ تاپتا دوختۇرخانىدا يۈرۈپتىمەن، ئۆزەم تىكەندەك يالغۇز، دوختۇرلار ياتاقتا يات دەيدۇ، "مەن ھېچكىم ماڭا ھەمراھ بولمىسا يالغۇز ياتالمىدىمەن" دەيمەن. ئويلاپ بېقىڭ، مەن بىچارە بولماي كىم بىچارە ؟!

ــــ زادى نېمە كېسەللىكەن؟

ــــ ئاشقازان راكى دەيدۇ، مۇشۇ ۋاققىچە نەدە يۈردۈڭ دەپ سۆزلەپ كەتتى. مەن تېخى ئاشقازان يارىسى دەپ يۈرۈپتىمەن، نەدىن بىلەي بۇنداق كېسەلنى! ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، داۋالانسام بىر يىل، بولمىسا بىر نەچچە ئاي ياشايدىكەنمەن.

ــــ ۋاي خۇدايىمەي، نېمە دەيدىغانسىز ئەمدى!

ــــ ئۆمرۈم شۇنچىلىككەن، جاھاننىڭ ئىشلىرىمۇ شۇنچىلىككەن، بايا بىر دەم ئولتۇرۇپ ھەممىنى چۈشەندىم. ئادەمنىڭ بېشىغا ئۆلۈم كەلگەندە قىلمىغان خىياللىرى قالمايدىكەن. ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەپ باقتىدىكەن، قىلغان ئىشلىرىدىن خۇلاسە چىقىرىدىكەن. ئويلاپ باقسام تېخى تۈزۈك ياشىماپتىمەن. نۇرغۇن پىلانلىرىم سۇغا چىلىشىپ قاپتۇ. مەن كىچىكىمدىن شۇنداق پىلان بويىچە ئىش قىلىشقا ئامراق، كىچىككىنە بولسىمۇ بىر ئىشلارنى تەرتىپكە ئۇرۇنۇپ باقىمەن. قۇرۇپ باقىمەن، چۇۋۇپ باقىمەن. ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسىكەن، بىر قولىدا ياسىغاننى بىر قولىدا بۇزۇشقا تەييار تۇرىدىكەن؛ بىر دۆلەتمۇ بىر ياقتىن قۇرۇپ بىر ياقتىن بۇزۇپ ئىسلاھ قىلىپ تۇرىدىغۇ! لېكىن بىر ئادەمنىڭ كۈچى يەنىلا ئاجىز بولىدىكەن، پۈتۈن ئۆمرىنى قۇرۇش ھەم بۇزۇش بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتسە ئاقىۋەتتە ھېچ ئىش قىلمىغاندەكلا بولىدىكەن، بۇنداق ياشىغاننىڭ نېمە پايدىسى! مانا مەن تولا خوتۇن ئالدىم، ھەممىنى قويۇپ بەردىم. نەچچە باللىق بولدۇم، ھەممىسى خەقنىڭ بولدى. مىڭ جاپادا ئوقەت قىلىپ پۇل تاپتىم-دە كېسەل بولدۇم، تاپقان پۇللىرىم بىر نەچچە ئاي داۋالانسامىلا تۈگەيدۇ، رېستۇراننى مەن ئاچقان بىلەن ئۆي-زېمىن مېنىڭ ئەمەس، ئىجارىسى ۋاقتىلىق؛ چىقىمنى چىقىرىۋەتسە تاپقان پۇلىمىز تايىنلىق. ئاقىۋەت نېمە قالدى؟ ئىسسىق جان قالدى، بۇ جانمۇ چىقىپ كەتسە قۇرۇق تېنىمىز قالىدۇ. مەن شۇنداق ئويلايمەن، ياراتقۇچى ئاللاھ ئەسلىدە ئەڭ چوڭ پىلانلىغۇچى، ئۇ توختىماي يارىتىپ پىلانلاپ تۇرىدۇ. بىز ئۇنى-بۇنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇپ باقساقمۇ، يەنە ئۇنىڭ پىلانىدىن چىقالمايمىز...

غېنى شاڭجاڭنىڭ بۇ سۆزلىرىنى رەيھان زېرىكمەي ئاڭلىدى، ئۆلۈم ئالدىدا ھەر كىم بېشى چىڭقىلىپ كەتكۈدەك ئويلىنىدۇ، ئازابلىنىدۇ، تەن بېرىدۇ، سەۋر قىلىدۇ، ئامانەت جاننىڭ ئىگىسى ئاللاھنى ياد ئېتىدۇ، تەقدىرى، بارىدىغان قارارگاھى ھەققىدە ئىزتىراپلىق خىياللارغا چۆكىدۇ...

ــــ گەپلىرىڭىز توغرا، ــــ دېدى رەيھان ئېغىر تىنىپ،ــــ ئادەم ئۆز بېشىغا كەلمىگىچە بەزى ئىشلارنى چۈشەنمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ــــ ئۆزەمنىڭ تولىمۇ كۆرەڭلەپ كەتكەن ۋاقتلىرىمنى ھەر بىر ئويلىسام ئاچچىق كۈلىدىغان بولۇپ قالدىم.

__ ئۇنداق دېمەڭ، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئەسكىلىشىپ قالىدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ.

__ مېنى ئەسكى دەپ ئويلىسىڭىز بولىدۇ، سىزگە كۆزۈم چۈشكىنى راست، ياسىننى ئازدۇرغىنىم راست، سىزگە ئېرىشمەكچى بولغىنىمۇ راست... لېكىن شۇ كۆزلىرىڭىزدىن ئەيمىنىپ ئاخىر بولدى قىلدىم. كۆڭلىڭىزنى ئۇتىمەن دەپ ئويلىغان، لېكىن قارىسام كۆڭلىڭىزنى ياسىنغا بېرىپ بوپسىز، ئۇنىڭدىنمۇ ئۈمىد ئۈزدۈم...

رەيھان بىر دەم جىمىپ كېتىپ، گەپنى ئەپقاچتى:

__ ياسىننىڭ ئۇنداق قىلىشنى پۈتۈنلەي سىزدىن كۆرگىلى بولمايدۇ، بايا ئۆزىڭىز دېدىڭىزغۇ، ئاۋۋال ياراتقۇچى ئالLاھ، ئاندىن قالسا بەندە. ياسىننى ئاۋۋال شەيتان ئازدۇرغان، ئۆزىدىمۇ ئىمان بەك ئاز. ئۇ ئىمانىنى يوقىتىپ قارا كۆڭۈل بىر نېمە بولۇپ كەتمىسىلا، باشقىسىدىن ئەنسىرەپ كەتمەيمەن.

__ ئۇنىڭغا يەنىلا سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ بىلەن يارىشىپ قېلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز مەنمۇ خاتىرجەم بولىمەن.

__ يارىشىپ قالىمەن، لېكىن مۇناسىۋىتىمىز بۇرۇنقىدەك بولمايدۇ.

__ بۇرۇنقىدىن ياخشى بولۇپ كېتەمسىلەر تېخى، ئۇققىلى بولمايدۇ.

__ شۇنداق بولسا ياخشى، بولماي قالسا ئۇنى كۆرەرمىز.

__ مەن رېستۇراننى ياسىنغا ئۆتكۈزۈپ بېرەي دەيمەن، ئەگەر ياسىن بولمايدىغان بولسا سىزگە ئۇنى شۇنداقلا قالدۇرۇپ قوياتتىم، ئۆمرۈمدە قالغان ئېسىل نەرسە شۇ كۆڭلۈم بولۇپ قالاتتى.

__ بۇ كۆڭلىڭىزگە رەھمەت!__ دەۋەتتى رەيھان تەسىرلىنىپ،__ ئەمما بۇ رېستۇراننى بىز ئېچىپ بولالماسمىزمىكىن.

ــــ سىلەر ئاچمىساڭلار باشقا ئادەم ئېچىپ بولالمايدۇ، مەن جىق نەرسە تەلەپ قىلمايمەن، ئەگەر پۇلۇڭلار بولمىسا قەرز ئېلىشقا مەن ياردەملىشەي.

ــــ قېنى بىز ئويلىنىپ باقايلى.

ــــ ياسىن بىلەن پاتىراق يارىشىپ قېلىڭ.

ــــ ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا كەلمىسە مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بارمايمەن.

ــــ ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە قاچانغىچە قېيداپ، ئۆچمەنلىشىپ يۈرۈيسىلەر. بۇنىڭ كىمگە، نېمىگە پايدىسى بار؟

ــــ بىز شۇنداق خەق ئىكەنمىز، بىلىپ تۇرۇپ خاتا قىلىمىز، ئۆزىمىز بىلەن دۈشمەندەك قېرىشىمىز.

غېنى شاڭجاڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق داۋالىنىشنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىپ ياسىن بىلەن كۆرۈشتى. ياسىن ئۇنىڭ ياداپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ چاقچاق قىلدى:

ــــ ئورۇقلىتىش مەركىزىگە بېرىپ داۋالىنىپ كەلدىڭمۇ نېمە؟

ــــ ھەئە، ئاجايىپ تېز ئۈنۈم بېرىدىكەن.

ــــ يوقلاپمۇ بارالمىدۇق، قانداق، سالامەت كېلىۋالدىڭ؟!

ــــ خۇداغا شۈكرى، مۇشۇنچىلىك تۇرۇپتۇق. ئۆزەڭچۇ، دۈكىنىڭنى قانداق قىلدىڭ؟

ــــ ئەتە بىر خۇيىزۇ كەلمەكچى، ئازراق ئەرزان بولسىمۇ ئۆتكۈزۈۋېتىپلا قۇتۇلاي دەيمەن.

ــــ شۇنداق قىل، ئاندىن قەرز ئېلىپ بۇ رېستۇراننى ئۆتكۈزۈۋال.

ــــ راست ئاچامدىمەن؟

ــــ ئەركىشى بولساڭ تەۋەككۇل قىل.

ــــ ئۆزەڭچۇ، باشقا ئىش-ئوقەت قىلاي دەمسەن؟

ــــ مەن ئۆرۈمچىگە كېتىپ داۋالىنىمەن، ئىش-ئوقەتنى ئاندىن ماي قىلۋالارمىز.

ــــ نېمانداق تۆگىمەيدىغان داۋالىنىش ئۇ، قەن سىيىش كېسىلىگە قالمىغانسەن؟!

ــــ شۇنداق دېسەڭمۇ بولىدۇ، قارنىمىزغا تولا يەپ كېسەل تاپتۇق.

ئەتىسى ياسىن كونا ئاشخانىسىنىڭ ئىجارىسىنى ئۇنىڭ ئىچىدىكى تەئەللۇقات بىلەن بىراقلا 40 مىڭ يۈەنگە ئۆتكۈزۈۋېتىپ، غېنى شاڭجاڭنىڭ يېنىغا كۆچۈپ كەلدى؛ غېنى شاڭجاڭ ئۇنىڭغا بۇ شەھەرلىك لاۋبەن ئاغىنىسىدىن 150مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ بەردى. ئىجارىسى، بېزەكلىرى، تەئەللۇقاتلىرى قوشۇلۇپ 300 مىڭ يۈەنگە يارايدىغان بۇ رېستۇراننى ياسىن 240 مىڭ يۈەنگە ئۆتكۈزۈۋالدى، نېسى قالغان پۇلنى كېيىن بېرىدىغان بولدى. غېنى شاڭجاڭ بىر ھەپتە ئىچىدە رېستۇراننىڭ بارلىق رەسمىيەتلىرىنى ياسىننىڭ نامىغا بېجىرىپ بېرىپ، 150 مىڭ يۈەننى نەق ئالدى؛ قالغىنىنى ياسىنغا ئىشلىتىپ تۇرۇشقا بەردى، ئىشلەمچىلىرىنىڭ ئىش ھەققىنى بېرىۋەتتى. پەرھات بىلەن ياقۇپ يىلان بۇ ئىشلارغا لېۋىنى چىشلەپ قالدى. ئۇلارنىڭ بەربىر بۇ يەردە تۇرغۇسى يوق ئىدى، شۇڭا ھاشىمنى ئېلىپ رۇيلىگە كېتىشتى.

ياسىننىڭ سەھەر قوپۇپ كەچ يېتىپ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلىشى نەتىجىسىدە رېستۇراننىڭ سودىسى بارا-بارا ئەسلىگە كەلدى. گەدەنگە بىر مۇنچە قەرزنى ئارتىۋالغاندىن كېيىن جان پىدالىق كۆرسەتمەي بولمايتتى؛ ئۇ ئىككى خىزىۇ ئاشپەزنى تەكلىپ قىلىپ كەتكەنلەرنىڭ ئورنىنى تولۇقلىدى. كۈتكۈچىلىككە خەنزۇ قىزدىن ئىككى ئالدى. خېرىدارلارنى كۈندۈرۈپ بولغىچە كاۋابنى ئۆزى بىر قوللۇق تەييارلاپ ئۆزى پىشۇردى. سودا كۈندىن كۈنگە ياخشى بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ياسىندا ئىشەنچ ۋە خاتىرجەملىك پەيدا بولدى؛ رەيھان بىلەنمۇ بۇرۇنقىدىن قىزغىن پاراڭلىشىدىغان، تېلېفوندا ئوغلىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايدىغان بولدى.

ـــ ئۆزەم ئالدىڭغا بارسام بولاتتى، ئەھۋال مۇشۇنداق بولۇپ قالدى.

ـــ ئالدىمغا كەلمىسەڭ يەنە خارلىشىپ يېنىڭغا بارامدىمەن؟

ـــ ئەمدى خوتۇن، ئوقەتنىڭ بېشىنى تۇتۇپ قالدۇق. ئۆزەڭ كېلىپ بۇرۇن ئىشلىگەن جايىڭدا تۇرۇپ بەرمىسەڭ بولمايدۇ.

ـــ چوڭ لاۋبەن بولدۇم دەپ ئەمدى نوچىلىق قىلمايدىغانسەن؟

ـــ ۋاي قويە، قانچىلىك لاۋبەن بىز، شۇ تاپتا كۆيىدەك قارىداپ ئىشلەۋاتىمەن.

ـــ پۇل تاپقاندا بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغانسەن؟

ـــ ئوڭشايدىغان سەن بار ئەمەسمۇ!

ـــ چاقچىقىڭنى قويۇپ تۈزۈك گەپ قىل.

ـــ ئىللا بىللا، ھەرگىز بۇزۇلمايمەن، ئالدىڭدا قەسەم ئىچىپ بېرەي.

ئۇ رەيھانغا بىر مۇنچە ۋەدىلەرنى بەردى، بۇ ۋەدىسىدە چوقۇم چىڭ تۇرىدىغانلىقىغا ئۆزىمۇ ئىشىنەتتى.

رەيھان ئوغلىنى ئېلىپ ئاخىر كەلدى، ياسىن بېكەتكە چىقىپ ئۇلار بىلەن خۇشاللىق ۋە ھاياجان بىلەن كۆرۈشتى، ئوغلىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ مەڭزىگە سۆيدى. رەيھاننىڭ بۇرۇنقىدەكلا چىرايلىق، لاتاپەتلىك تۇرقىنى كۆرۈپ، ئىنتىلىپ قارىدى، خىجىللىقتىن بېشىنى ئەگدى...

ياسىن بىر نەچچە كۈن ئائىلە ھۇزۇرىغا چۆمۈلۈپ دۇنياغا قايتا تۆرەلگەندەك ھېسسىياتتا كەلدى، ئاداۋەتلەر، قاباھەتلەر بارا-بارا يوقالدى. كۈنلەر ھەر كۈنى ئالدىراش ئۆتمەكتە ئىدى، بەختىيارلىق تۇيغۇسى خۇددى گۈلگە ئوخشايتتى، پەرۋىش قىلمىسا سولىشىپ قالاتتى. ئەر-خوتۇن نۆۋەتلىشىپ بۇ تۇيغۇنى قەدىرلەشكە، ئۇنىڭدىن

ھۆزۈرلىنىشقا مۇھتاج ئىدى. ھېسسىيات قانچە نازۇك بولسا ئۇنى شۇنچە ئاۋايلاشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا رەيھان بۇ قېتىم ئۇرۇمچىدىن كېلەشىدە غېنى شاڭجاڭنى يوقلاپ ئۆتكەنلىكىنى، ھاياتلىق شامى ئۆچەي دەپ قالغان شاڭجاڭنىڭ كۆزلىرىدىن بالقىغان مۇھەببەت، تەشنالىق ئۇچقۇنلىرىنى كۆرۈپ كۆزىگە ياش ئېلىپ يەرگە قارىۋالغانلىقىنى ياسىنغا تىنمىدى. ياسىنمۇ قايسى كۈنى گۈلشەندىن تېلېفون كەلگەنلىكىنى رەيھانغا ئېيتمىدى، گۈلشەن تېلېفوندا ئۆزىنى بىر مۇنچە چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئۆتكەندە ئۆزىنىڭ كىچىكلىك، ئەخمەقلىق قىلىپ قويغانلىقىنى، ياسىن بىلەن بىللە بولغان شىرىن كۈنلىرىنى ئۇنتۇيالمىغانلىقىنى، ئەگەر ياسىن قاچان خالىسا ئۇنىڭغا ھەر ۋاقىت ئىشىكى ئوچۇق ئىكەنلىكىنى ناز بىلەن، يۈزى قېلىنلىق بىلەن ئېيتىۋىدى، ياسىن كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە پەيدا بولغان ۋەسۋەسىدىن چۆچۈپ ئۇنىڭغا قاتتىق تەگدى ۋە ئەمدى ئىككىنچى تېلېفون قىلماسلىقنى ئېيتىپ گەپنى ئۈزدى.

ئەر-خوتۇن بىر-بىر-بىرىگە ئىناق-ئىجىل بولۇشتى. رەيھان ياسىننىڭ بىر كۈنلەردە ئايىنىپ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى جۈمەگە بېرىشقا، ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇدى. ياسىن دەسلەپتە خوتۇنىغا يۈز كېلەلمەي ناماز باشلىغان بولدى، كېيىن كۆنۈپ قالدى، ئۆزىنى پالاكەتتىن قۇتقۇلدۇرۇپ مۇشۇ كۈنلەرگە ئۇلاشتۇرغان رەببىگە تائەت-ئىبادەت بىلەن باش ئېگىشنىڭ قەرزلىكىنى، پەرزلىكىنى تونۇدى، ئىماننىڭ ھۆزۈرىنى ھېس قىلغانچە تەقۋالىق بىلەن ياشاش ئانچە ئېغىر كەلمەيدىغان بولدى، پاكىز ياشىغانچە ئۆزىنى باشقىچە روھلۇق ھېس قىلدى، ئائىلىسىنى، خوتۇن-بالىسىنى تېخىمۇ قەدىرلەيدىغان بولدى.

(تۈگىدى)

مەنبە: ئەرتۈرك ئەسەرلىرى بلوگى http://www.erturk.cn